ئۆمەرجان سدىق

# بەرگىن ۋەدىسىز ۋەدە



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۆمەرجان سىدىق

# بەرگەن ۋەدىمىز ۋەدە

(فېلىيەتون ۋە ئەدەبىي خاتىرىلەر)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

一言为定：维吾尔文 / 吾买尔江·斯地克著. —
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社；新疆电子音像出版社，
2009.12
ISBN 978-7-5469-0599-0

Ⅰ.①一… Ⅱ.①吾… Ⅲ.①报告文学—中国—当代
—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①I25

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第000029号

书　　名　一言为定
作　　者　吾买尔江·斯地克
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　巴力江·扎帕尔
责任校对　古丽巴哈尔·托合塔木
特约校对　阿布都热依木·阿布都热合曼
装帧设计　艾克拜尔·达吾提
摄　　影　阿不力孜·胡加穆尼亚孜　阿布都许克尔·司马义　艾克拜尔·达吾提
　　　　　吾买尔江·斯迪克
绘　　画　买合木提江·图尔迪尼亚孜　吾斯曼江·阿不力孜　艾尔西丁·努尔
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆翼百丰印务有限公司
开　　本　787×1092mm　1/16
印　　张　24
插　　页　12
版　　次　2009年12月第1版
印　　次　2010年2月第1次印刷
印　　数　1 — 3000册
书　　号　ISBN 978-7-5469-0599-0
定　　价　48.00元

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）



ئاپتور «تۇرپان گېزىتى» 1993 - يىلى ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىدا ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولات، شائىر ئوسمانجان ساۋۇتلار بىلەن بىللە.



ئاپتور قاراماي شەھىرىنىڭ تۇنجى نېفىت قۇدۇقى بويىدىكى سېلىم بوۋاينىڭ ھەيكىلى ئالدىدا. ئوڭدىن: مۇختەر، مۆمىن ئابدۇرېھىم، ئوسمان قاۋۇل، ئۆمەر ئابدۇللا، مۇھەممەت راخمانلار بىلەن بىللە. (2005 - يىلى ئۆكتەبىر)



ئاپتور بورتالا شەھىرىدە ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرە بىلەن بىللە. (2007 - يىلى، ئۆكتەبىر)



ئاپتور ئاقسۇدىكى ئابدۇرېشىت بارات ئويغاق، ئابلىز ئوسمان، تۇرسۇن زۇمۇدۇن قاتارلىق بىرقىسىم يازغۇچى، شائىرلار بىلەن بىللە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قەبرىسى ئالدىدا.



ئاپتور قۇمۇلدا دوستلىرى بىلەن بىللە. ئالدى رەت ئوڭدىن: تۇرسۇن نورۇز، ئىسكەندەر سەمەت، ئەنۋەر ئابدۇگۇل، ئىبراھىم گالى، ئاپتور، ئىسكەندەر غوپۇر، جۈرئەت مۇتەللىپ، ئەخمەت مۇھەممەت، مۇھەممەت ياسىن، ئابلىز ئۆمەر ھاجى، ئابدۇۋايىت. ئارقا رەت ئوڭدىن: مۇھەممەتجان، ئەخمەت. ئابدۇللا، يۈسۈپ، بەكرى، ھۈسىيىن، ئەمەتجان، سەمەتجان، ئابدۇرېھىمجان، پەرھات، ئىسمايىل، ئابدۇگۇل، ئەركىن كېرەم. (2008 - يىلى يېڭى يىل)




مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم گېڭ شىمىن ۋە ئابدۇمىجىت مۇھەممەت (ئوڭدا)، ئابدۇلھېكىم ئابدۇلئەھەتلەر بىلەن بىللە. (2004 - يىلى، بېيجىڭ)



ئاپتور مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى، ئالتاي تىللىرى مۇتەخەسسىسى، تىلشۇناس لېتىپ توختى(ئوتتۇردا)، دوكتور ئەركىن ئارىز، ئامېرىكىلىق تىلشۇناس جېررىي نورمانلار بىلەن بىللە. (2004 - يىلى نويابىر)




تېببىي پەنلەر ئالىمى، دوكتور زەپەر ئابلىز (ئوڭدا)، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى پەرھات يۈسۈپلەر بىلەن بىللە. (2004 - يىلى، بېيجىڭ)



ئاپتور مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىكى بىرقىسىم دوستلىرى بىلەن بىللە. ئوڭدىن: بەختىيار تۇردى، ئابۇقادىر ھاشىم، پەرھات يۈسۈپ، ئىمىنجان ئىسمايىل. ئارقا رەت ئوڭدا: ئابدۇللا موللا. سولدا: ئابدۇروسۇل ئابدۇرېھىم. (2004 - يىلى دېكابىر، بېيجىڭ)



ئايالى مېھرىگۈل، چوڭ قىزى نۇزۇگئاي، كىچىك قىزى تۇغلۇقئايلار بىلەن بىللە



ئايالى مېھرىگۈل بىلەن سەددىچىن سېپىلىدا. (2006 ـ يىلى ئىيۇن)



شاڭخەيدە




مالايسىيادا



چىڭداۋدا




تايلاندتا



گۈيلىندا





سىنگاپوردا




ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، مىجىت ناسىر قاتارلىقلار بىلەن بىللە. (ئالدى رەت ئوڭدىن: روزى مۇھەممەت، دىلشات قىيۇم نۇر، خالىقجان سىيىتنىياز. ئارقا رەتتە: ئىبراھىم قۇربان، ئەلقەم مۇھەممەت، ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت، ئادىل ساتتار. (2009 - يىلى ئىيۇن، بۇيلۇق)



ئاپتور تونۇلغان سەنئەتكار نىجات نىياز خوجا ۋە مەخمۇتجان تۇردىنيازلار بىلەن بىللە.



گۇچۇڭنىڭ بەنجياگو يايلىقىدا خىزمەتداشلىرى بىلەن بىللە. ئوڭدىن: ئاپتور، تىيماگۈل، پەتتارجان مۇھەممەت ئەرقۇت، مېھراي مۇسا، ساتتار ئەيسا، سالامەت مەخمۇت، مەريەمگۈل، رەيھانگۈل، مۇھەممەت ياسىن. (2008 - يىلى ئىيۇن)



ئاپتور تونۇلغان سەنئەتكار ئەسقەر رېقىپ بىلەن بىللە.



ئاپتور لوپنۇردا ئۆتكۈزۈلگەن «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېزا تېمىسى» ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان شائىر يازغۇچىلار بىلەن ئۇردەك ئۇماقنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا. توختى باقى ئارتىشى، ئىمىنجان، ئەختەم ئۆمەر، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران، قۇربان مامۇت، مويدىن سايىت، ئابدۇۋەلى ئەلى. (2003 - يىلى)

ئاپتور تۇرپان شەھرىنىڭ سىڭگىم ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە. ئوڭدىن: مۇتەللىپ ئەتى، ھوشۇر ئەمەت، ئابلەت مۇھەممەت، ئوسمان مەڭنىك، ئەنۋەر ئابدۇگۇل، ئەخمەت قېيۇم، سىدىق رىشىت، ئالىم جىنايىت، ئەخمەت مۇھەممەت، غېنى سەيدۇللا، ئەنۋەر رەجەپ، ئەخمەت زىپەر، رىشىت مۇھەممەت. (2006 ـ يىلى)





ئاپتور تۇرپان شەھرىدىكى بىر قىسىم پېشقەدەم رەھبەرلەر، زىيالىيلار بىلەن بىللە. ئالدى رەت ئوڭدىن: مەھمۇد روزى، مۆمىن رۇستەم، ئابدۇللا يۈسۈپ، تۇرسۇن خېۋىر، ھىمىت نىياز. ئوتتۇرا رەت ئوڭدىن: ئەكبەر داۋۇت، توختى روزى، قېيۇم ساتتار، مۇھەممەت شاھنىياز، ياسىن روزى، مۇھەممەت راخمان. كەينىدە ئابلىز روزىمەت، ھەسەن باقى. (2007 ـ يىلى 11 ـ ئاي)

ئاپتور تۇرپان شەھرىدىكى بىر قىسىم ياش قەلەمكەشلەر بىلەن بىللە. ئوڭدىن: ھەسەن مۇئەللىم، ئوسمانجان ئابلىز، مۇھەممەتجان مەخمۇت، ئابدۇلېتىپ ئىمىن، ئەكبەر داۋۇت، مەتىمىن ئابدۇقېيۇم، ھۇسەنجان نەبى، بارىجان زەپەر، ئالىمجان قاسىم، مۇھەممەت ئابدۇرېھىم، ئابلەتجان مەخمۇت، ئۆمەرجان ئۇلمايىت، ئابدۇخالىق ئابلىمىت، مۇرات ناسىر.





ئاپتور 2008 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۇرپان شەھرىنىڭ «سەلتەنەت» رېستورانىدا ئۆتكۈزۈلگەن نورۇز بەزمىسىدە بىر قىسىم رەھبەرلەر ۋە چولپانلار بىلەن بىللە. ئالدى رەت ئوڭدىن: ئادىل ئېلى، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، ئالىم قېيۇم، ئابلەت ئابدۇرېھىم، زاھىر بۇرھان، پەرھات. ئارقا رەت ئوڭدىن: ئەركىن مۇھەممەت، ئابدۇقادىر يارئېلى، ئەكبەر داۋۇت، ئابدۇشۈكۈر ئابدۇكېرىم، ئەنۋەر راخمان.



تۇمۇر ئەدەيتۇللا، ئەركىن مۇھەممەت، مۇھەممەت ساۋۇت، مۇمىن رۇستەم، پەرھات ئىبراھىم، مۇمىن ئابدۇرېھىم، ليۇ شىنگوي


ئاپتورنىڭ «ئەدىقۇت ئوغلانلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر. سۈرەتتە: ئاپتورغا تون كىيگۈزۈلمەكتە. (2004 - يىلى 3 - ئاي)


ئابدۇقادىر جالالىددىن، يالقۇن روزى، ئابدۇللا ئەرپان، ئىبراھىم مۇتىئى


ئاپتور مەخسۇت مۇھىتى قەبرىسى ئالدىدا. ئالدى رەت ئوڭدىن: دىلمۇرات، ئەنۋەر بارى، شىرئەلى ھوشۇر، ئابلەت مۇئەللىم. ئارقا رەت ئوڭدىن: مۇھەممەت نىياز، ئابلىز ياقۇپ، ياسىن نىياز، ئەكبەر داۋۇت، ئۆمەر ئابدۇللا، مۇھەممەت شاھنىياز، ئابدۇرېشىت ئىبراھىم، گايىت مۇھەممەت.


ئاپتور ئوڭدىن: ئەنۋەر ناسىرى، مەمتىمىن ھوشۇر، جاڭ خۇڭچياۋ، ئوسمانجان ساۋۇت، ئابدۇلئەتىپ مامۇت، ئالىمجان ئىسمايىل قاتارلىق ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر، ئەدەبىي تەرجىمانلار بىلەن بىللە پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسىدا. (2007 - يىلى)



ئاپتور 2007 - يىلى پىچاندا ئېچىلغان «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتناشقان ئەدىبلەر بىلەن بىللە پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسىدا. ئارقا رەت ئوڭدىن: يۈسۈپ ئىسھاق، قۇربان مامۇت، ۋاھىتجان غوپۇر، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇراخمان قاھار، بۇغدا ئابدۇللا، مەھمۇت زەيدى، ئارسلان تالىپ، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەكبەر غۇلام. ئالدى رەت ئوڭدىن: ئابدۇرېھىم زۇنۇن، ئابدۇرېشىت بارات ئويغاق، ئابلىز ئوسمان، ئىبراھىم نىياز، تۇرسۇنجان مۇھەممەت.



ئاپتور خوتەندە ئېچىلغان «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنى»دا بىرقىسىم ئەدىبلەر بىلەن بىللە. ئالدى رەت ئوڭدىن: ئوبۇلقاسىم مەتنىياز، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، روزى سايىت، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، مەتسېلىم مەتقاسىم، ئەسقەر ياسىن. ئارقا رەت ئوڭدىن: ئىسمايىل ئىبراھىم، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، ئەكبەر نىياز پەتتارى، ئاپتور، ئەخمەتجان تۇرۇپ، ئابدۇلېكىم ئابدۇلئەھەت. (2001 - يىلى ئاۋغۇست)



ئاپتور لۈكچۈن بازىرىدىكى بىر قىسىم قەلەمكەشلەر، مۇقامچىلار بىلەن بىللە. ئالدى رەت ئوڭدىن: ئوسمانجان ھامۇت، ئابلىكىم، ئاپتور، ئەخمەت ئىمىن، ئەرشىدىن نۇر، ئۆمەرجان ئولمايىت. ئارقا رەت ئوڭدىن: ئەكبەر نىياز، ئېلى مۇھەممەت، مۇھەممەت مەتنىياز دانىش، تۇرسۇن ئىسمايىل، ياقۇپ ئىسمايىل قۇرۇلچى، تۇرغۇن جالالىدىن، ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت. (2008 - يىلى 2 - ئاي)



ئاپتور كۇچا ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم ئەدىبلەر بىلەن بىللە. ئوڭدىن: ئۆمەر سايىم، ئەخمەت تۆمۈر، ئابلىكىم ئەبەيدۇللا، ئەخمەت كىبىر، ئەھەت داۋۇت، ئەكبەر نۇرۇللا، ئۆمەر ھوشۇر. (2008 ـ يىلى 5 ـ ئاي)



ئاپتور گۇما ناھىيىسىدىكى قەلەمكەشلەر بىلەن بىللە. ئوڭدىن: ئەنۋەر پازىل، ئابدۇقادىر سادىر، ئابلىكىم ئابلىمىت، مۇھەممەت نىياز، ئاپتور، ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت، مۇھەممەت كامال خۇشخۇي، ئەكبەر داۋۇت، ئەخمەتجان تۇرۇپ. (2002 ـ يىلى ئىيۇل)



ئاپتور يەكەن ناھىيىسىدە ياسىنجان سادىق، توختى مۇھەممەت ئارىش، نۇرمۇھەممەت ئايۇپ قاتارلىق ئەدىبلەر بىلەن بىللە. (2003 ـ يىلى ئىيۇل)



ئاپتور قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە قۇربان ئەمەت، ئابابەكرى توختى، ئابدۇكېرىم ھاپىز، خۇدابەردى ئابىخان، ھۈسيىن ئۆمرھەسەن قاتارلىق ياش ئەدىبلەر ۋە مائارىپچىلار بىلەن بىللە. (2002 ـ يىلى ئىيۇل)



ئاپتور باللىق مەزگىلىدە. ئارقىدا: ئاكىسى ئەنۋەر، ئايلىسى رىزۋانگۈل. ئالدىدا: سىڭلىسى ھەلىمەلەر بىلەن بىللە. (1980 ـ يىلى، تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى جايغوجام كەنتىدە)



ئاپتور ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە. ئوڭدىن: مەرھۇم ئاكىسى ئەنۋەر سىدىق، مەرھۇم ئاتىسى سىدىق باقى، مەرھۇم ئاپىسى ھاۋاخان مۇقىيىت، ئايلىسى ئايشەمگۈل. (1990 ـ يىلى، تۇرپان شەھىرى)



ئاپتور مەرھۇم ئاكىسى ئەنۋەر سىدىق، ئالدى رەت سولدىن: ئايلىسى رىزۋانگۈل، رەيھانگۈل، سىڭلىسى ھەلىمەلەر بىلەن بىللە. (2005 ـ يىلى تۇرپان شەھىرى)



ئاپتور تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسىدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە. (2006 ـ يىلى، سىڭگىم قەستۇر)

ئاپتور سىڭگىم ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە. (ئالدى رەت ئوڭدىن: گۈلجەننەت، ئادالەت، گۈلنىسا، زۇراخان مۇئەللىم، زۆھرە، رەيھانگۈل، ۋاڭ لى. ئىككىنچى رەت ئوڭدىن: ماخمۇت مامۇت مۇئەللىم، ھۆشۈر ئەمەت مۇئەللىم، ئابلا ئىمىن مۇئەللىم، غېنى سەيدۇللا مۇئەللىم، ماخمۇت ئابدۇللا مۇئەللىم، مۇھەممەت ئىسمائىل مۇئەللىم، ئابلىم مۇئەللىم، ئابلا رەھىم مۇئەللىم، سۇلايمان مۇئەللىم، كېرەم ساۋۇت مۇئەللىم، ئەخمەت مۇئەللىم. ئۈچىنچى رەت ئوڭدىن: ئۆمەر ھامۇت، ئۆمەر ماخمۇت، ئەنۋەر غوپۇر، پەرھات لىتىپ، ياسىن ھەبىبۇللا، ئابلا رىشىت، ئابدۇراخمان رازاق، ئەخمەت قادىر، ئاپتور، ئۆمەر ئالىم، ئابدۇرېھىم جېلىل مۇئەللىم. ئارقا رەت ئوڭدىن: ئەخمەت زىپەر، پەتتار جاپپار، قاھار رازاق، ئەنۋەر مۇقىيىت، ئابلىمىت ھەبىبۇللا، مۇھەممەت ياسىن، ئىمىنىياز ئېلى، ئەخمەت مۇھەممەت، ئەكبەر نۇرۇللا، ۋاڭ داچياۋ مۇئەللىم. (1988 ـ يىلى، سىڭگىم)





ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 1988 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپىدىكى بىر قىسىم ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە. ئالدى رەت ئوڭدىن: ئەسقەر ئوسمان، ئابدۇغېنى ئابلىمىت، ئەنۋەر ئەخمەت، تەلئەت ئاتاۋۇللا، ئۆمەر سىدىق، دوستمۇھەممەت. ئارقا رەت ئوڭدىن: نۇرمۇھەممەت توختى، ئامىنە يۈسۈپ، گۈلقىز قاسىم، ئاپتور، رەيھانگۈل ئەخمەت، ئامىنە ئەخمەت، ئالىم ياۋا، غەيرەت تاجىك، ئەنۋەر سەمەت، ھۈسىين ئىمىر ھەسەن. (1990 ـ يىلى قەشقەر)



ئاپتور مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار ماتارىپ ئىنستىتۇتى 2004 ـ يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە. ئالدى رەتتە: مەۋجۇدە، ئاپتور، زۇلپىيە، خېي زېچىن (ئوقۇتقۇچى)، نۇرىمان. ئارقا رەت ئوڭدىن: ماھىرە، گۈلشەن، مۇھەممەت تۇرغۇن، پەرھات، ئابلىمىت، ماھىرجان، ئۆمەرجان. (2004 ـ يىلى، بېيجىڭ)




ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئاخبارات ـ نەشرىيات كەسپى 2008 ـ يىللىق ئاز سانلىق مىللەت تاياننچ كادىرلىرىنى تەربىيىلەش سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە. ئالدى رەت ئوڭدىن: سارىنگوۋا، جيا جيالې، تۇردالى، يېربول، ئاپتور، ئېلىيار، ئۇلار غازى، مۇھەممەت ھەبىبۇللا. ئارقا رەت ئوڭدىن: مەمتىلى، ئاينۇر، دىلمۇرات، ئەسقەر ياسىن، روشەنگۈل، گۈلباخت، ھۆرنىگۈل، گۈلى، سابىرجان، تۇرسۇنجان، ئەنۋەر ئەزىز، مۆيەسسەر. (2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي، ئۈرۈمچى)



ئاپتور ساخاۋەتچى دوستلىرى بىلەن بىللە. ئالدى رەت ئوڭدىن: ئاپتور، مۆمىن ئابلىز، ئەنۋەر ئابدۇگۇل، ئەكبەر داۋۇت. ئارقا رەت ئوڭدىن: ئەلقەم مۇھەممەت، ئابلىمىت غوپۇر، خالىقجان سىيىتنىياز، ئەنۋەر رەجەپ.



ئاپتور دوستلىرى بىلەن ئۈرۈمچى شۇيمۇگۇ (سۇ ئوتۇگمىنى جىلغىسى) دىكى قار تېيىلىش مەيدانىدا. خالىق سىيىتنىياز، ھۆرىيەتگۇل، ئابلىمىت غوپۇر، پاتىگۇل، ئۆمەرجان ئىبراھىم، رىزۋانگۇل. (2007 - يىلى 12 - ئاي)



ئاپتور دوستلىرى ئەكبەر داۋۇت تەنھا، ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇتلار بىلەن تەكلىماكان چۆللۈكىدە. (2001 - يىلى، بۈگۈر)



ئاپتور قەدىناس دوستلىرى بىلەن بىللە. ئوڭدىن: ئەكبەر نۇرۇللا، زۆھرە، جۈرئەت مۇتەللىپ، بۇخەلىچە، دىلشات قىيۇم، زۆھرە، ئۆمەرجان سىدىق، مېھرىگۇل، ئەنۋەر ئابدۇگۇل، دىلنۇر، ئالىم ئىسمايىل، پەرىدە، ئەخمەت مۇھەممەت، رىزۋانگۇل، مۇھەممەت ياسىن، رەيھانگۇل، ئابلىز ساتتار، رەيھانگۇل. (2009 - يىلى، قۇربان ھېيت)





ئاپتور شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەدەنىيەت بوستانى»، «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىلىرىدا.




ئاپتور تۇرپان شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە نۇتۇق سۆزلىمەكتە.



ئاپتور شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ رىياسەتچىلىرىدىن نازىگۇل، گۈلشەنلەر بىلەن بىللە 2005 - يىللىق تۇرپان نورۇز بەزمىسىگە رىياسەتچىلىك قىلماقتا.

# مۇندەرىجە


ئەسەرلىرىم يۈرىكىمنىڭ يېشىدۇر ........................................ 1
هاراق زەردابى ........................................................ 16
ئەدەبىيات سېھرىدىن تۇغۇلغان مۇلاھىزىلەر ........................ 21
«ئالتۇن»لارنى بۇلاپ كەتتى رېستوران ................................ 30
خوتەندىكى خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش .................................... 36
بۇلبۇل ئېيتۇر: «گۈلزارىمدىن ئايرىما» .................................. 66
ئەقىدە سەپىرى ۋە ئېھتىرام مەنزىللىرى ................................ 80
دىللار مەنزىللىرىنى بويلاپ ............................................ 123
قىممەتلەردىن چەشلىدىك خامان ........................................ 166
«بەرگەن ۋەدىمىز ۋەدە» ................................................ 188
ياشىسۇن ئۇلۇغ «ئەخمەقلىق» ............................................ 194
ئابىچەشمە مەڭگۈ ئۈزۈلمەي ئاقسۇن .................................... 197
مەڭگۈلۈك ئابىدە، مەنىۋى ئۇستاز ــ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى .... 211
«قالدى رىشتە باغلانغان ماكان» ........................................ 217
قۇمۇل تەسىراتلىرى ...................................................... 223
شۇنداق ياشىسام دەيمەن ................................................ 234
بېيجىڭدىكى خاتىرىلەر .................................................. 258
تويغا تەييارلىنىپ، ئۆلۈم ئۇزاتتۇق .................................... 284
يېڭى يىلغا كىرىش ...................................................... 288
يۈزى قېلىن ئېلانلارغا لەنەت .......................................... 292
مەنىۋىيىتىمىزدىكى يېڭى يۈكسىلىشلەر ................................ 301
يەنە ۋاقىت توغرىسىدا سۆزلەيمەن .................................... 316
ستۇدېنتلارنىڭ يانفونى .................................................. 321
بىزگە قانداق دوستلار كېرەك .......................................... 337
ئوت يۇرتىدىكى ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەر ................................ 351



# ئەسەرلىرىم يۈرىكىمنىڭ پىشدۇر

(«بەرگەن ۋەدىمىز ۋەدە» گە
مۇقەددىمە)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتىرەم ئوقۇرمەن، ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ نۇر-
لۇق چىرىغى بولغان ئەدەبىيات پەقەت بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭلا ئىشىغا
ئايلىنىپ قېلىۋاتقان، كىتاب ئوقۇش، كىتاب سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت
ھاياتىي زۆرۈرىيەت يەنىلا تېگىشلىك دىققەتكە سازاۋەر بولالمايۋاتقان ھا-
زىرقى جەمئىيىتىمىزدە ناگاندا بىر پۇرسەتتە كىتابخانىغا قەدەم تەشرىپ
قىلارسىز. كىتاب تەكچىلىرىدىكى رەت - رەت كىتابلارنىڭ ئارىسىدا تى-
زىقلىق تۇرغان ھەر خىل ژانىردىكى توپلاملىرىمنى كۆرگىنىڭىزدە
مۇنداقلا ۋاراقلاپ قويارسىز. بۇ ئاپتورنىڭ ئىسمىنى قەيەردە كۆرگەنلىكى-
ڭىز ھەققىدە ئويلىنارسىز. كىتابنى سېتىۋېلىش ياكى سېتىۋالماسلىق
ئۈستىدە دېلىغۇل بولارسىز. دەل مۇشۇنداق مەجھۇل مىنۇتلاردا سىزگە
شۇنى دەپ قويۇشنى لايىق تاپتىم: ئەگەر ھاياتىڭىزدا ئەجدادلىرىڭىز باسقان
ئىزلار ھەققىدە تەگسىز ئويلارغا چۆككەن، ئاتا - ئانا، پەرزەنت، دوست -
بۇرادەر ياكى مۇھەببەت جۇدالىقى بىلەن ئازاب ئىلكىدە ئۆرتەنگەن بولسى-
ڭىز، ھاياتنىڭ تەشۋىش، مالامەتلىرىدىن، خەلققە بولغان جاۋابكارلىق تۇي-
غۇسىدىن تېڭىرقىغان، قوۋمىڭىزدىكى ھەر خىل ئىللەتلەردىن ئەپ-
سۇسلانغان، ئېسىل ئەنئەنىلەردىن ئىپتىخارلانغان بولسىڭىز بۇ ئەسەرلەر
چوقۇم سىزنى ھاياجانلاندۇرالايدۇ. ھايات مۇساپىڭىزدە تارىخ، جەمئىيەت،
مۇھەببەت ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن، ئازابنى ھېس قىلغانلا بولسى-

---

*ئاپتور (ئوڭدىن) ئەكبەر داۋۇت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئىبراھىم ھەمدۇللا (دىڭتو)، ھەبى-
بۇللا رەجەپ قاتارلىقلار بىلەن بىللە.*

ىڭىز بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر بۆلۈكى ياكى بىر جۈملىسى سىزنىڭ يۈرەك تارىڭىزنى چېكىپ، ئازابىڭىزغا ئورتاق بولالايدۇ. چۈنكى، بۇ ئەسەرلەر دۇنيادىكى ئەڭ سەمىمىي، مىسكىن، ئېتىقادلىق بىر يۈرەكنىڭ زەررىچە ياسالمىلىق، سۈنئىيلىكتىن خالىي بولغان، ئەڭ پاكىز ھاياجانغا غەرق بولغان مىنۇتلىرىدا تۆككەن بىغۇبار ياشلىرىدۇر.

مۇشۇ قەلب ئىزھارىمنى ئىپادە قىلىۋاتقان مىنۇتلاردا ئۆزۈمنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم: مەن 1971 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ شانلىق مىراسلىرى تا ھازىرغا قەدەر جۇلالىنىپ، كىشىنى پەخىرلىك ھېسسىياتقا چۆمدۈرىدىغان تۇرپان دىيارىنىڭ سىڭگىم يېزىسى جايىغۇجام كەنتىدە مەدەنىي ئائىلىدە تۇغۇلغان ئىكەنمەن. رەتلىك كوچىلىرىغا قويۇق جۈجەم دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان، ئەتراپىنى بۈك-باراقسان تېرەكلەر، تەكلىك، كېۋەزلىكلەر ئوراپ تۇرغان بۇ يېشىل مەھەللە بالىلىق قەلبىمدە ئاجايىپ رومانتىك ھېسسىياتلارنى ئويغاتقاندى. غۇرۇرلۇق، توغرا سۆزلۈك دېھقان ئاتام، كۆيۈمچان، سۆيۈملۈك مۇئەللىم ئاپامنىڭ قوللىشى بىلەن ئاكا، ئاپىلىرىم (ھەدىلىرىم) ۋە سىڭلىمغا ئوخشاشلا مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ، 1988 - يىلى سىڭگىم ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئۆزۈم سۆيگەن، ئارزۇ قىلغان كەسىپكە — قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندىم. 1992 - يىلى ماڭا ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل ھېسسىياتلارنى، كەچمىشلەرنى، مۇھەببەت، ئازابلارنى، بىلىم ۋە ھايات ھەققىدىكى قىممەتلىك ساۋاقلارنى بېغىشلىغان بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدىن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئايرىلىپ، يەنە بىر مەنىۋى ئوچاق — «تۇرپان گېزىتى» ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىندىم. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ئىدارىدە مۇخبىرلىق، ئەدەبىي بەت مۇھەررىرلىكى، بۆلۈم مۇدىرلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەپ كېلىۋاتىمەن. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى گېزىت، ژۇرناللاردا يەتتە يۈز پارچىغا يېقىن شېئىر، ھېكايە، نەسر ۋە ھەر خىل ژانىردىكى ئىجتىمائىي، ئەدەبىي ماقالىلىرىم ئېلان قىلىندى. «يۈرەكسىز سۆيگۈ»، «قەشقەردىكى يەر شارى»، «مېھنەت چېچەكلىرى»، «كۆمۈلمەس ئىزلار»، «يۈرەك سوۋغىسى»، «جەزبىدار گۈلدەستىلەر»، «ئۇيغۇر نەسرلىرىدىن تاللانمىلار»، «ئاپرېلدىكى كۆكۈم پەسلى»، «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئابىدىسى» قاتارلىق توپلاملارغا ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىم كىرگۈزۈلدى. مەن نەشرگە تەييارلىغان (باشقىلار بىلەن بىرگە) «ئاتەش نەپەسلەر»، «پەرۋاز

قىل تۇرپان» ناملىق ئىككى كىتاب 1995 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن، ئۆزۈم يازغان ھېكايە، نەسىرلەردىن تەركىب تاپقان تۇنجى كىتابىم — «قايدىسەن دىلدار» 2001 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن، «بۇ شۇنداق مۇھەببەت، بۇ شۇنداق ئازاب» ناملىق شېئىرلار توپلىمىم 2001 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بىر قانچە يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشىمنىڭ، مېھنىتىمنىڭ مەھسۇلى بولغان چوڭ ھەجىملىك تارىخىي ئوچېرك — «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى» ناملىق كىتابىم 2003 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە جەمئىيەتتىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ئىزدىنىشىمگە بولغان قايىللىقى ۋە ھۆرمىتى يۈزىسىدىن بۇ كىتاب ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ماڭا تون كىيگۈزدى. ئابدۇللا ئىمىن بىلەن بىرلىكتە يازغان «قاناتلىق ئىنسان» ناملىق 4 - كىتابىم 2004 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن، تۇرپان تونۇشتۇرۇلغان «سېھىرلىك زېمىن تۇرپان» ناملىق كىتابىم 2005 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن، «ياغاچچىلىق تېخنىكىسى» ناملىق كىتابىم 2007 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىكى زۆرۈر قوللانما بولغان ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە قوش تىللىق «سۆيۈملۈك يۇرتىمىز» ناملىق يەنە بىر كىتابىم قولىڭىزدىكى «بەرگەن ۋەدىمىز ۋەدە» ناملىق كىتابىم بىلەن تەڭلا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. «توغراقتا ئايلانغان ئادەملەر» ناملىق ھېكايەم 2001 - يىلى 11 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەنىدى، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ‹ئۈچ ئەڭگۈشتەر›» ناملىق ماقالەم بىلەن 2004 - يىلى يەنە بىر قېتىم (دۆلەت دەرىجىلىك ژۇرنال «جۇڭگو مىللەتلىرى» تەرىپىدىن) «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتىم. «يارغول قەدىمكى شەھىرى» ناملىق ئەسىرىم باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4 - يىللىق ئەدەبىيات (1 - مەۋسۇم) دەرسلىكىگە، «ئىدىقۇت ئوغلى» ناملىق تارىخىي ھېكايەم باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 6 - يىللىق ئەدەبىيات (1 - مەۋسۇم) دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى. «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ‹ئۈچ ئەڭگۈشتەر›» ناملىق ئەسىرىم قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە نەشر قىلىنىدىغان «مەرىپەت» (سلاۋيانچە) ناملىق ژۇرنالنىڭ 2007 - يىللىق 8 - ئايلىق سانىدا سۈرىتىم بىلەن ئېلان قىلىندى. «ئىدىقۇتتا باھار»، «مېھنەت

ناۋاسى»، «ئىناق ئايەم، شاد ئايەم» (شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ
2008 ـ يىللىق قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكى) قاتارلىق سېنارد-
يىلىرىم تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى قىلىپ ئىشلىنىپ، شىنجاڭ
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، تۇرپان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن
كۆرسىتىلدى، «ئىدىقۇتتا باھار» فىلىمى VCD پلاستىنكىسى قىلىپ
ئىشلەندى. ئوتتۇز پارچىدىن ئارتۇق ناخشا تېكىستىم ھەر دەرىجىلىك
رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ۋە سەھنىلەردە ناخشا قىلىپ ئېيى-
تىلدى. تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە «ئون مۇنەۋۋەر ياش»، «ئون مۇنەۋۋەر ياش
دائىرىسىگە كىرگەن ياش»، «ئون مۇنەۋۋەر ئاخباراتچى»، «تەشۋىقات، مەدە-
نىيەت خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، «تارىخ، تەزكىرە خىزمىتىدىكى
ئىلغار شەخس» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتىم. شىنجاڭ يازغۇچىلار
جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئى-
يىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى-
نىڭ ئەزاسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رە-
ئىسى، تۇرپان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپە-
لەرنى ئۆتىدىم.

ئويلاپ باقسام كىچىكىمدىن باشلاپ كىتاب ئوقۇشقا، رەسىم سىزىشقا
قىزىقىدىكەنمەن. گەرچە مېنىڭ ئاتا ـ ئانام بىر قىسىم يازغۇچى، شا-
ئىرلارنىڭكىگە ئوخشاش «چۆچەكچى ئانا» ياكى «ئەدەبىيات سۆيەر ئاتا»
لاردىن بولمىسىمۇ، مېنىڭ قىزىقىشىمنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايتتى،
ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن ئىلھام بېرەتتى. ئۆيىمىزدىمۇ خېلى ساندا كى-
تاب، ژۇرناللار بار ئىدى. ئېسىمنى بىلسەملا ئۆزۈمنىڭ رەسىم سىزىشقا،
شېئىرغا قىزىقىدىغانلىقىمنى بايقىدىم، بۇ قىزىقىشنىڭ قانداق شەكىل-
لەنگەنلىكى ماڭا سىر ئىدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان
ۋاقىتلاردىن باشلاپ تاشقى مۇھىتتىن ئالغان تەسىراتلىرىم ئاساسىدا ئاد-
دىي، پىشمىغان نەرسىلەرنى يېزىپ يۈردۈم. يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئە-
گىشىپ ھاياتقا نىسبەتەن يۈزەكى، ئەمما، مۇستەھكەم قاراش — ھاياتتا
پاك ياشاش كېرەك، دېگەن قاراش قەلبىمدە بىخ سۈرۈپ باراقسانلىدى.
ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقلىرىدا قەلبىمگە ياشلىقنىڭ رومانتىك
كۆلەڭگىلىرى ئانچە ـ مۇنچە سايە تاشلىغان بولسىمۇ، ھېسسىياتىمنى
قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ، مۇھەببەت، ھاراق، تاماكىغا ئوخشاش ئۆ-
زۈمنىڭ «پاكلىق مىزانى»غا خىلاپ بولغان بارلىق نەرسىلەرگە نەپرەتلىنىپ
يۈردۈم. مۇشۇنداق ئىشلار كۆزۈمگە چېلىقسا قەلبىم ئاچچىقتىن تىلغى-

نىپ، ئايدىڭ كېچىلەردە مەكتەپ مەيدانىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاسمانغا قارىغىنىمچە ياش تۆكۈپ، «ئاھ رەھىمسىز تۇرمۇش، ئاھ ناپاك ھايات» دەپ پەرياد چەكتىم. ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن قەلبىمدىكى «پاك ياشاش»تىن ئىبارەت مۇستەھكەم قورغان سېھىرلىك، ئازابلىق، ئەمما كىشىنى چەكسىز مەھلىيا قىلىدىغان، دۇنياغا قايتا ئاپىرىدە قىلىدىغان مۇھەببەتنىڭ بىرلا شاۋقۇنى بىلەن بىچىت بولدى. ھاياتىمدا ۋە ھەر بىر مەنىۋى قەدىمىمدە ئەبەدىي ئەستىلىك بولۇپ ساقلىنىدىغان، يۈرىكىمگە مىسلىسىز تارتىملىق تۇيغۇلارنى ھەم شۇنچە ئاچچىق جاراھەتلەرنى قالدۇرغان مۇھەببەت مېنىڭ ھېسسىيات دولقۇنلىرى ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان، ئاجايىپ ھاياجانلىق ۋە چىن ئادەم ئىكەنلىكىمنى قايتا تونۇشۇمغا ئىمكانىيەت ياراتتى. مەكتەپ بېغىدىكى قويۇق ئالما دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدا، نەمخۇش چىملىقلاردا گىتار تارلىرىنى يۈرىكىم بىلەن چېرتىپ، مۇڭلىرىمغا ئورتاقلاشقان كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋالالمىغان ھالدا ھەسرەتلىك ناخشىلارنى توۋلىدىم. بىز ئۈچۈن ئىللىق ماكان بولغان مېھرى ئىسسىق ياتىقىمىزدا ماڭا ئوخشاشلا مىسكىن تەبىئەتلىك، ساددا ساۋاقداشلىرىم بىلەن كېچىلەرنى تاڭلارغا ئۇلاپ، شاراب مەستخۇشلۇقىغا مەپتۇن بولۇپ، ئازابلىق دۇنيانى ئۇنتۇماقچى بولدۇم. «گراف مونتى كرىستو»، «تىنچ دون»، «مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت»، «يۈز يىل غېرىبلىق» قاتارلىق دۇنياۋى ئەسەرلەرگە مەپتۇن بولۇپ، ياتاقداشلىرىم بىلەن بۇ كىتابلار ھەققىدە قىزىرىشىپ مۇنازىرىلەرنى قىلىشىپ، كىتابلاردىكى باش پېرسوناژلارغا ئەگىشىپ، ساماۋى دۇنيالارغا شۇڭغۇدۇم. «ياشانىڭ ئۆزى ئازاب، ئۆزىنى ئۆلتۇرۇۋالغان ئادەملا ئەڭ ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ»دېگەندەك غەيرىي مۇقاملارنى توۋلاپ، گيۇتىنىڭ «ياش ۋېرتىرنىڭ دەردى»ناملىق كىتابىدىكى باش پېرسوناژغا ئوخشاش ئۆزۈمنى ئۆلتۇرۋالماقچىمۇ بولدۇم، دۇنيادىن ئۈمىدسىزلىنىپ، 4 ـ قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن ئۆزۈمنى ئېتىۋېلىش ئىستىكىم ياتاقداشلىرىمنىڭ تۇتىۋېلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىدى... ئالىي مەكتەپ ماڭا ھەقىقىي ئادەملىكنىڭ، ھەقىقىي ئېتىقاد ۋە بۇرچىنىڭ، ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە ئازابنىڭ، ھەقىقىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات ئەخلاقىنىڭ نېمىلىكىنى تونۇتتى. رومانتىك، خىيالچان، ئادەملەر بىلەن ئانچە ئورتاقلىشىپ كەتمەيدىغان كىشىدىن بىردىنلا خۇشچاقچاق، پائالىيەتچان، سۆزمەن ئىجتىمائىي ئادەمگە ئايلاندىم. بىراق، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئىلاھىي مىسكىنلىك ھامان قۇياشتەك نۇر چېچىپ كەلدى...

ھايات مۇساپەمگە نەزەر سالسام، مەن شائىر، يازغۇچى بولۇشتىن كۆرە ھەقىقىي ئادەم بولۇش، خەلق ھەسرىتىگە ئورتاق بولالايدىغان ئىمانى كامىل ئەركەك بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپتىمەن. بۇ خاراكتېرىم ئىجادىيىتىمدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، يەڭگىللەتكىلىك بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىشتىن ساقلاندىم. جېنىم، تېنىم بىلەن ياخشى كۆرگەن، ئېتىقاد قىلغان ئەدەبىياتنى، ئىجادىيەت ھەۋىسىنى تەڭرى قەلبىمگە سالغان ئىشق، مۇقەددەس ۋىجدان ئىشى، خۇددى ئىمانغا ئوخشاش پاك، ئىلاھىي ۋە تەۋرەنمەس تۇيغۇ دەپ بىلدىم. مەن مۇشۇنداق ھەقىقەتنى يەكۈنلىگەن چاغدىلا، بالىلىقتىكى شېئىرغا بولغان قىزىقىشىمنىڭ قانداقتۇر بىرەر سەۋەبتىن ئەمەسلىكىنى، بۇ خىل تۇيغۇنىڭ قەلبىمدە ئەسلىدىلا بار بولغان تەبئىي سەزگۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا، چەكسىز مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئىچىدە، قاتتىق ھاياجانلانغان چېغىمدا، پاكىز ھېسسىياتلار قەلىمىمنى ئىختىيارسىز يېزىشقا ئۈندىگەندە يازدىم. شېئىر يازغاندا ئاز ھەم ساز يېزىشقا تىرىشتىم. باشقىلاردەك بىر ئولتۇرۇشىدا نەچچىلەپ داستاننى يېزىۋېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، خۇددى ئانا تولغاق ئىچىدە پەرزەنتىنى دۇنياغا كەلتۈرگىنىدەك ئازابلىق تۇيغۇلار ئىلكىدە تاڭلارنى ئاتقۇزۇپ ئاران بىر قانچىلىغان مىسرالارنى، كۇپلېتلارنى پۈتتۈردۈم. شۇڭا، يازغانلىرىم پاك ھېسسىيات، سەمىمىي ئازاب ــ قەلبىمنىڭ ھەقىقىي كۆز يېشى بولدى. خۇشلۇقۇمدا يازغانلىرىم يوق دېيەرلىك، ئازاب ئوتىدا كۆيۈپ تۇرۇپ يازغانلىرىم كۆپ بولدى.

يېزىقچىلىقتىن باشقا جەمئىيەتتە پائالىيەتچان ئىجتىمائىي ئادەمگە ئايلىنىپ، ھەر بىر كۇنۇمنى ئالدىراشلىق ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن مول مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزدۈم. «ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆز غورۇرىنى ۋە ئىززىتىنى ساقلاش، ئوچۇق - يورۇق، دادىل، سەمىمىي بولۇش، ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ، باشقىلارغا ئەڭ زور ئىمكانىيەتتە مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش، تىنىمسىز ئۆگىنىپ، ئىشلەپ ۋاقىت ۋە ئۆمۈرنى مەنىلەر بىلەن بېزەش، ئۈمىدۋارلىق، جۇشقۇنلۇق، كەڭ قورساقلىقنى ھەمراھ قىلىش، ئەلنىڭ يارامىلق ئوغلى بولۇپ، ياخشى نام - ئاتاق قالدۇرۇش» تىن ئىبارەت ھايات مىزانىنى ئۆزۈمگە قىبلىنامە قىلدىم. ھەر خىل مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، ساخاۋەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش، تەشكىللەش، ئۇيۇشتۇرۇش، ئىمكانىيەت يار بەرگەن شارائىتتا تىنىمسىز ساياھەت قىلىش ھاياتىمنىڭ ئايرىلماس قىسمىغا ئايلاندى. ھەر قايسى مەكتەپلەردە نۇتۇق سۆزلەش، ئىجادىيەت كۇرۇژۇكلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئەدەبىيات مۇھا-

كىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، پېشقەدەملەرگە، تۆھپىكارلارغا تون يې-
پىش، نورۇز، يېڭى يىل، دوستلار خاتىرىلىرى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى
رويابقا چىقىرىش، ھاجەتمەنلەرگە ياردەم قىلىش، مىللىي كارخانىچىلارغا
ياردەملىشىش قاتارلىق ئىشلار ئۆمرۈمنىڭ ھەر بىر بۆلىكىنى يېڭى - يې-
ڭى مەزمۇنلار بىلەن بېزەپ كەلدى. ھەر خىل ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكى-
مە يىغىنلىرى، سەيلە، ساياھەت، تۇرمۇش ئۆگىنىش قاتارلىق مۇددىئالار-
نىڭ تۈرتكىسى بىلەن بىپايان زېمىنىمىزنىڭ چەت - چۆرىلىرىگىچە، تەك-
لىماكان گىرۋەكلىرىگە يۇلتۇزدەك جايلاشقان ھەممە بوستانلىقلارغىچە زى-
يارەت قىلىش، كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇپ، جاپاكەش خەلقىمىز-
نىڭ يۈرەك رىتىمىغا ھەمنەپەس بولدۇم. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ھەر
قايسى شەھەرلەرگە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرگە
بىر قانچە قېتىم ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە، بىلىم ئاشۇرۇشقا باردىم. بىر
مەنىۋى ئىجادكارغا خاس كۆز بىلەن بۇ جايلاردا كۆرگەن، بىلگەنلىرىمنى
چوڭقۇر كۆزەتتىم، تەھلىل قىلدىم، ھەم ئاچچىق خىياللارغا، ھەم ئىپتى-
خارلىق ئويلارغا غەرق بولۇپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم. مانا بۇ ئىزدىنىشلى-
رىمنىڭ مەھسۇلى بولغان «بەرگەن ۋەدىمىز ۋەدە» ناملىق كىتاب قولى-
ڭىزدا تۇرۇپتۇ.

مەن ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ساياھەت
قىلغۇچىلارغىمۇ ھەۋەس قىلىمەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئوقۇش، ئۆ-
گىنىش، ئېكسكۇرسىيە قاتارلىق ھەرخىل پۇرسەتلەرنىڭ خاسىيىتى ۋە
ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تىنىمسىز ساياھەت قىلىش، يۇرت كۆرۈش
ھاياتىمنىڭ ئايرىلماس قىسمىغا ئايلاندى. ھەر قېتىم يۇرتۇم تۇرپاندا چەت
ئەللەردىن كەلگەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىگە كېلىپ قالغان، ياشان-
غان ساياھەتچىلەرنى، كىچىك بالىلىرىنى يېتىلەپ زىيارەتكە كەلگەن سەي-
ياھلارنى كۆرگىنىمدە ئۇلارنىڭ روھىغا، ياشاش مەنتىقىسىگە ئىختىيار-
سىز ئاپىرىن ئېيتىمەن. بىزدە تاپقان پۇلىغا يەپ - ئىچىپ، پوزۇر كىيى-
نىپ، ھەشەمەتلىك ئۆي بېزەپ، ئىسراپخورلۇق بىلەن تاماشا قىلىپ،
داغۋازلىق بىلەن پۇل سورۇيدىغانلار كۆپ. ئۆگىنىش، ئىدىيە يېڭىلاش
مۇددىئاسى بىلەن ساياھەت قىلىدىغانلار، يۇرت ئارىلايدىغانلار ئاز. ئەمەلى-
يەتتە ساياھەتنىڭ ئۆزى بىر مەكتەپ. ئۇ كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كې-
ڭەيتىدۇ، بىلىمىنى موللاشتۇرىدۇ، ئىلھامىنى ئۇرغۇتىدۇ، روھىي دۇنيا-
سىنى بېيىتىدۇ، پسىخىكىسىنى تەڭشەيدۇ. مەن مۇشۇ خىل مۇددىئانىڭ
تۈرتكىسىدە بىر قانچە يىللاردىن بۇيان خىزمەتداشلىرىم، دوستلىرىم، ئا-

ئەلەمدىكىلەر بىلەن توختاۋسىز ساياھەت قىلدىم. تاغلارغا چىقتىم، باغلارغا كىردىم، چۆللەرنى كەزدىم، كۆللەردە ئۈزدۇم. تايلاندنىڭ پاتايا شەھىرىدىكى پايانسىز دېڭىز بويلىرى، مالايسىيانىڭ گۈزەل كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى قولتۇقلار، شاڭخەي ساھىللىرى، چىڭداۋ، داليەن ئاراللىرى، گۈيلىندىكى لىجياڭ دەرياسى، خۇنەندىكى شياڭجياڭ دەرياسى، قاناس، سايرام، باغراش كۆللىرى نەمخۇش، راھەتبەخش ھاۋاسى بىلەن مېنى قارشى ئالدى. سەددىچىن سېپىلى، ياڭگۈەن قوۋۇقى، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرىدا ئاياغ ئىزلىرىم قالدى. خېشى كارىدورى، قۇربان توڭغۇت، تەكلىماكان چۆللۈكلىرىگە ئىغىر نەپەسلىرىم قوشۇلدى. دۇنخۇاڭ، بېزەكلىك، قىزىل مىڭئۆيلىرىدە، مەھمۇد قەشقەرىي، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، سادىر پالۋان، ئامانىسساخان، شىئەندىكى كومراجىۋا مەقبەرىلىرىدە كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى... كۆرگەن ھەر بىر مەنزىلىمدىن يېڭى ـ يېڭى ھاياجانلارغا چۆمۈلدۈم، ھەر بىر ھاياجانلانغاندا قولۇمغا قەلەم ئالدىم، كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمنى ئىنچىكە خاتىرىلەشكە ئەھمىيەت بەردىم، خاتىرە ماڭا ھەر ۋاقىت ھەمراھ بولدى. ئەينى دەۋرلەردە دىيارىمىزغا كەلگەن ئاۋرېل ستەيىن، سۋېن ھېدىن، فون لېكوك، گۈننار ياررىڭ قاتارلىق چەت ئەللىك سەييارلارنىڭ يازغان ئاددىي خاتىرىلىرى بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ ئەسقېتىۋاتىدۇ. ئەجەبا، يۇرتىمىز ھەققىدە ئۆزىمىز يازساق بولمامدىكەن؟ بۇ خاتىرىلەر كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈنمۇ لازىمغۇ ئاخىر؟ مۇشۇ خىل ئوي بىلەن ئەدەبىيات بىلەن ئاخبارات بىرلەشتۈرۈلگەن ژانىر — ئەدەبىي خاتىرە يېزىقچىلىقىغا ئالاھىدە كۆچ سەرپ قىلدىم. ئەدەبىي خاتىرە يېزىقچىلىقىدا ئەڭ سەممىي بولۇشقا ۋە پىكىرنى بەدىئىي يوسۇندا ئىپادىلەشكە تىرىشتىم.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئانا مەكتىپىم — قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى ئىدى، لېكىن بىر خىل تەبىئىي سەزگۈنىڭ تۈرتكىسىدە پايتەخت بېيجىڭدىكى مەكتەپلەرنى ئاجايىپ ساماۋى تۇستە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم ۋە ئىنتىلەتتىم. شىنجاڭدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى — شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانداق بولغىيتتى، دەپ ئويلايتتىم ھەم بۇ مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانلىقىمغا سەل ـ پەل ئەپسۇسلۇق ھېسسىياتىممۇ بار ئىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئون نەچچە يىل بولغاندا يەنە بىر قېتىم ئوقۇغۇچى بولۇپ بېقىش ئىستىكى قەلبىمدە توختاۋسىز مەۋج ئۇردى. نىھايەت، 2004 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېر-

ستېپتىنىڭ چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئۆز خىراجىتىم بىلەن تىل ئۆگىنىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ يەردە 2005 ـ يىلى 2 ـ ئايغا قەدەر يېرىم يىل بىلىم ئاشۇردۇم. بۇ قېتىمقى ئوقۇشمۇ ھاياتىم ئۈچۈن زور ئۆگىنىش، تۇيغۇ يېڭىلاش جەريانى بولدى. بېيجىڭدا ھەر قاتلامدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تونۇشتۇم، دوستلاشتىم. گاھىدا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇلىدا بولسام، گاھىدا قارا گۇرۇھ كىشىلىرىنىڭ قاباھەتلىك ماجىرالىرىغا ئارىلاشتىم. گاھىدا كاتتا سورۇنلارنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولسام، گاھىدا ئېغىر ئىقتىسادىي بېسىم، تەنھالىق، غېرىبلىق دەستىدىن تەگسىز ئازابلارغا مۇپتىلا بولدۇم. پايتەختتىكى كەسكىن رىقابەتنى، ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا قاينىمىنى ئۆز بېشىمدىن كۆچۈردۇم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتىمنى يېپيېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتى، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىمنى كۆپەيتتى. 2008 ـ يىلى يەنە بىر ئارزۇيۇممۇ ئەمەلگە ئېشىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت تايانچ كادىرلىرىنى تەربىيىلەش پىلانى ئىچىگە كىرىپ، گوۋۇيۈەن، كادىرلار مىنىستىرلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا بەش ئاي بىلىم ئاشۇردۇم. 2009 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئىدارىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جەنۇبىي جۇڭگودىكى گۈزەل شەھەر چاڭشاغا كېلىپ، «خۇنەن گېزىتى» دە ئىككى ئاي ۋەزىپە بىلەن چېنىقتىم. يۇقىرىقى پۇرسەتلەردىن «ياخشى، سەمىمىي ئادەملەرنىڭ تىلىكى ھامان ئىجابەت بولىدۇ» دېگەن ئىرىملىق سۆزنىڭ خاسىيىتىگە يەنە بىر قېتىم ئىشەندىم ۋە ماڭا كەلگەن ئامەتكە مىڭلارچە تەشەككۇر ئېيتتىم.

لېكىن، ئادەمنىڭ ھاياتلىق يولى ھامان ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدىكەن. خىزمەتكە چۈشۈپ كۆپ ئۆتمەيلا، ھاياتىمنىڭ چىرىغى، ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىچىسى مېھرىبان ئاپامدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدىم. مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمدىن ئالەمچە پەخىرلىنىدىغان، مەندىن چىن يۈرىكىدىن ئېپتىخارلىنىدىغان، قەلبىمگە مۇھەببەت، ئېتىقاد ئۇرۇقىنى تېرىغان ئاپامغا مەنۋى مېھنەت مېۋىلىرىمنى تۇزۇك كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا، قەدىردان ئاپام يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بىلەن قىرىق توققۇز يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن، تۇرمۇشنىڭ ھېچقانچە سىناقلىرىغا دۇچ كەلمىگەن ماڭا نىسبەتەن تەسۋىرلىگۈسىز ئېغىر زەربە بولدى. بۇ جۇدالىقتىن گاڭگىراپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدىم، قەلبىمگە چەكسىز قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ھەر تەرەپكە قاراپ بوزلاپ، تەڭرىگە نالە قىلدىم. قېرىنداشلىرىم، دوستلىرىمنىڭ تەسەللىسى بىلەن كۆز ياشلىد-

رىمنى سۈرتۈپ، قەددىمنى رۇسلىغان بولسامۇ، قەلبىمدە مەڭگۈ ئېرىمەس بىر پارچە مۇز قېتىپ قالدى. 2001 ـ يىلى ئىجادىيىتىمدە ئەمدى يېڭى ھوسۇللارنى ئېلىشقا باشلىغان پەيتلەردە ئاتام كېسەل سەۋەبى بىلەن سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا «قايدىسەن دىلدار» ناملىق تۇنجى كىتابىم نەشردىن چىقتى. ماڭا ۋىجدان بىلەن مەردانە ياشاشنى، كەڭ قوللۇق، ساخاۋەتنى مىراس قىلىپ قالدۇرغان قەدىردان ئاتام تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كىتابنى سىلاپ تۇرۇپ، نۇرى ئۆچۈش ئالدىدا تۇرغان ياشلىق، ئەمما ئىپتىخارلىق كۆزلىرى بىلەن مەندىن رازىلىق سورىدى... 2006 ـ يىلى روزى ھېيتتا ئاتا ـ ئانامدىن كېيىن مېنىڭ غەمگۇزار تېغىمغا ئايلانغان مېھرىبانىم، يۆلەنچۈكۈم ئاكام قىرىق تۆت ياشتا يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بىلەن تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. ماتەملەر، كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋاتقان مۇسىبەتلەر يۈرىكىمنى لەختە ـ لەختە قىلدى. ھاياتىمنىڭ ئىلھامچىسى، سۆيۈملۈك ئايالىم ۋە مېھرىبان قېرىنداشلىرىم، ئىچكۆيەر دوستلىرىمنىڭ چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتى بىلەن دەريا ـ دەريا يىغلاۋاتقان يۈرىكىمنى مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ، ھاياتقا دادىل قەدەم تاشلىدىم. چۈنكى، سۆيۈملۈك يۈرەك پارىلىرىم، جانجىگەر دوستلىرىم، مېنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە مەن ياخشى كۆرىدىغان بارلىق ياخشى نىيەتلىك قەدىردانلىرىم، ئەزىز خەلقىم ئۈچۈن مەردانە ياشىمىسام، تەقدىرنى كۈلۈپ تۇرۇپ كۈتۈۋالمىسام بولمايتتى.

دانالارنىڭ «ئېغىلدا تۇرغان ئاتقا ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدۇ، ئۇ بەيگىگە چىقمىغاچقا، مۆدۈرۈپمۇ كەتمەيدۇ، خاتالىقمۇ ئۆتكۈزمەيدۇ. ئېغىلدا بوغۇزىنى كۆشەپ، كۈنىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋېرىدۇ. لېكىن، ھاياتى مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. بەيگىدىكى ئات جاسارىتى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ، ھاياتنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈش بىلەن بىرگە، مۆدۈرۈشتىن، خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. شۇنداقلا سۆز ـ چۆچەكتىنمۇ قۇتۇلالمايدۇ» دېگىنىدەك ئادەمنىڭ نامى چىققانچە، جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنچە ھەر خىل نىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ پىتنە ـ پاسات، ھەسەت ئوقلىرىغا ئۇچراپ تۇرىدىكەن. شىنجاڭدىكى تونۇلغان بىر تەنقىدچى ئاكىمىز بىر يىغىلىشتا «ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سېنىڭ نامىڭ چىقىپ قالغانلا بولسا، سەن بىر كىمگە يامانلىق قىلىش تۇرماق، ھېچكىمگە ئارىلاشمىساڭمۇ، سەن توغرۇلۇق پىتنە ـ پاساتلار خۇددى گەندە قۇرتىدەك مىڭلاپ، تۈمەنلەپ، ئۆزلۈكىدىن كۆپىيىۋېرىدۇ. ھەتتا سېنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپەڭ، باشقىلارغا قىلىپ بەرگەن غەرەزسىز ياخشى ئىش-

لىرىڭ، ئورنۇڭنىڭ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، ئىشلىرىڭنىڭ كۈندىن كۈنگە يۈرۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئۆزىمۇ كۆرەلمەس، ھەسەتخور، ئىچى قوتۇر كىشىلەرنىڭ كېچىلىرى ئوغا يۇتۇۋالغاندەك ئاھ ئۇرۇپ، يىلاندەك تولغىنىپ يېتىپ، سەن توغرۇلۇق پىتنە - پاسات، تۆھمەت ئوقلىرىنى ياغدۇرۇشىنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالىدۇ» دېگەندەك ئىشلار يۈز بېرىدىكەن. لېكىن، مەن «ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر» دېگەندەك بۇ خىل ئىشلارغا يولۇققاندا قەددىمنى كېرىپ، ئالغا چامداپ مېڭىۋەردىم، ھەتتا ئۇلاردىن ئىلھام ئېلىپ، ھەسسىلەپ تىرىشتىم، تىنىمسىز ئۆگەندىم، توختاۋسىز ئىشلىدىم، ئۈزلۈكسىز يازدىم. ئۇلارغا ئۆز غەلىبەمنى نامايىش قىلىش، ھەقىقەتنى ئۆز ئەمەلىيىتىم بىلەن ئىسپاتلاش ئۈچۈن جان تىكىپ مېھنەت قىلدىم. ھەتتا مۇشۇنداق زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن غۇرۇرۇمغا ئېلىپ، «ئوتتۇز ياشقا كىرگۈچە چوقۇم بىر كىتاب چىقىرىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە قاتتىق قەسەم ئىچتىم. نىھايەت، ئوتتۇز ياشقا كىرگەن يىلىم بىر كىتاب ئەمەس، ئىككى كىتابىم نەشىردىن چىقتى. بۇ خىل مېھنەتنىڭ تۈرتكىسىدە دانلار چەش بولدى، چەشلەر خامان بولدى. مانا، قىرىق ياشقا كىرىش ھارپىسىدا نەشرگە تەييارلىغان ئىككى كىتابىمنى قوشقاندا ئون كىتابىمنى خەلقىمگە تەقدىم قىلىپتىمەن. كىتابلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا، كەسىپداشلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇڭا، مېنىڭ مۇشۇنداق تىرىشىشىمغا سەۋەب بولغان شۇ كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتساممۇ ئەرزىيدۇ. شۇنىسى ھەقىقەتكى، مېھنەت ھامان ئېتىراپ قىلىنىدىكەن، دۇنيادا ياخشى كىشىلەر كۆپ ئىكەن. رەڭدار، مول مەزمۇنلۇق ھايات مۇساپەمدە نۇرغۇن ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇم، دوستلاشتىم. دۇنيانىڭ ھەممە جايىغا نۇرلۇق يۇلتۇزلاردەك تارالغان بۇ ئېتىقادلىق دوستلىرىم مېنىڭ ئەڭ چوڭ روھىي بايلىقىمغا ئايلاندى. ئۇلار مېنى توختاۋسىز ئىلھاملاندۇرۇپ، قوللاپ كەلدى، ئىزچىل مەدەتكار بولدى. كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئىدىقۇت ۋادىسىدا مەيلى جامائەت نۇقتىسىدىن بولسۇن، مەيلى خۇسۇسىي نۇقتىدىن بولسۇن نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى، يىغىلىشلارنى، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى تەشكىللىدۇق. ئىقتىسادىي ۋە باشقا قىيىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن رەھبەرلەرنىڭ، ئىدارە، ئورۇن مەسئۇللىرىنىڭ، خۇسۇسىي كارخانىچىلارنىڭ، تىجارەتچىلەرنىڭ، ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىشقا توغرا كەلدى. نىھايەتكى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىزنى قۇرۇق قول، نائۈمىد قايتۇرمىدى. ئۇلار ھامان ھەقىقەت تەرەپتە، ساخاۋەت مەيدانىدا تۇردى. بىر ئېتىقادلىق مېھنەتكەش-

نىڭ غەرەزسىز تىرىشچانلىقىنى، جامائەت ئۈچۈن چېكىنىۋاتقان جاپا ـ مۇ-شەققەتنى چۈشەندى، قوللىدى. شۇڭا، ئۇلارغا هامان قەلب تۆرىمدە هۆر-مەت بىلدۈرىمەن.

مەن ئەسلىدە شېئىر بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شېئىر هازىرمۇ قەلبىمدىكى ئەڭ پاكىز، ئەڭ رومانتىك تۇيغۇ بولۇپ، قەلبىمنىڭ چوڭقۇ-رىدىكى هېسسىيات دېڭىزىنىڭ ئاستىدا سەدەپتەك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. كېيىنچە بېشىمدىن كەچۈرگەن هەر خىل ئازابلىق، هاياجانلىق كەچۈر-مىشلەر، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا يولۇقتۇرغان رەڭگارەڭ تۇرمۇش كارتىنى-لىرى، هاياتلىقتا يەكۈنلىگەن خۇلاسىلەرنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىدىن هېكايە، نەسر يېزىشقا باشلىدىم. ئازاب هىدى قويۇق، شېئىرىي هېسسىيات تۇسىگە تويۇنغان، ئىپادىلەش، ئۇسلۇب جەھەتتىكى قاتماللىقلارنى بۇزۇپ تاشلاش جەھەتتە مەلۇم يېڭىلىقلارنى هازىرلىغان هېكايىلىرىم كىتاب-خانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا نائىل بولدى. ئاخباراتچىلىق كەسپىمنىڭ ئېھتىياجى بىلەن جەمئىيەتكە، كىشىلەر ئارىسىغا، يېزا، مەھەللىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈش، زىيارەت قىلىش داۋامىدا قەلبىمدە ئويغانغان ئاچچىق پىكىرلەر، ئىجتىمائىي هالىتىمىزدا ساقلىنىۋاتقان جاراهەتلىك مەسىلە-لەر مېنى ئىجتىمائىي ماقالىلەرنى يېزىشقا مەجبۇر قىلدى. ئىجتىمائىي ماقالىلەرنى يېزىش، ئېلان قىلىش جەريانىدا مەن خەلقىمىزنىڭ هازىر دەل ئۆز ئەتراپىدىكى مۇشۇنداق ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قىزىقىدىغانلىقىنى، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ خەلقنى تەربىيىلەش، ئىلهاملاندۇرۇش رولىنىڭ زور-لۇقىنى، ئىجتىمائىي ماقالىلەرنىڭ ئەينى دەۋرنىڭ يارقىن كارتىنىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالىدىغانلىقىنى هېس قىلدىم.

مۇقەددەس ماكان تەكلىماكاننىڭ زەر قۇملىرىنى ئوچۇملاپ، يۈزۈمگە ياققىنىمدا، مىڭ ياشلىق توغراقلارنىڭ يېرىك غوللىرىنى ئاستا سىلاپ، قۇچاقلىغىنىمدا قەلبىمدە تەسۋىرلىگۈسىز هاياجان مەۋج ئۇرۇپ، كۆزلى-رىمگە ئىختىيارسىز يىغا ئولاشتى. خۇددى بۇ يەردە قۇم ئاستىدىكى شە-هەرلەرنىڭ شاۋقۇنىنى، ئەجدادلارنىڭ پىچىرلىشىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا يۇرتۇم تۇرپاندىكى يارغول، ئىدىقۇت قەدىمـ-كى شەهەرلىرىنى هەر قېتىم ئارىلىغىنىمدا ئادەمسىز كوچىلاردىن بىر-دىنلا مەغرۇر ئارغىماقلارغا مىنگەن، قىلىچ، نەيزە، دۇبۇلغىلار بىلەن قوراللانغان قامەتلىك شاهزادە ـــ تېكىنلەر چىقىپ كېلىدىغاندەك هېس-سىياتتا بولدۇم. شۇ مىنۇتلاردا يىلتىزىمىزنى ئىزدەشنىڭ، ئۇنتۇلۇپ كې-

تىۋاتقان تارىخنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكى-نى تونۇپ يەتتىم. بىر خىل مەسئۇلىيەت، بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن چولتا قەلىمىمنى ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەسەر يېزىقچىلىقىغا يور-غىلاتتىم.

ئەلۋەتتە، ھاياتلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۇزۇن مۇساپىدە «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان» يوق بولۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ كۆپ يۈز بېرىدىكەن، ھەر خىل دىلخەستىلىكلەردىن ساقلانغىلى بولمايدىكەن. مەن گەرچە كۆڭلىرىمنى ئالدىراشلىق ئىچىدە مېھنەت، ئىزدىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان بولسام-مۇ، يەنە نۇرغۇن پىلانلىرىمنى ئورۇنديالمىدىم. يېزىشقا تېگىشلىك نۇر-غۇن تېمىلار باشلاپ قويغان پېتى قېپقالدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ۋاقىت، مەن ئۆچۈن ئالتۇندەك قىممەتلىك، زادىلا يېتىشتۇرەلمەيۋاتقان ۋاقىت بولدى. خىزمىتىم ۋاقىت قەرەلى ئىنتايىن كۆچلۈك، مەسئۇلىيە-تى ئېغىر ئاخباراتچىلىق، بولۇپمۇ گېزىتچىلىك بولغاچقا، نۇرغۇن ۋاقتىم، زېھنىي قۇۋۋىتىم، ئىجادىي سەرپىياتىمنى بۇ كەسىپكە بېغىشلى-شىمغا توغرا كەلدى.

ئاخباراتچىلىقمۇ بىر خىل ئىجادىيەت جەريانى بولۇپ، بۇ كەسىپتىمۇ خەلققە ناھايىتى مول مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزگىلى، نەزەر دائىرىنى كېڭەيت-كىلى، ئۇنىۋېرسال ساپانى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، تۇرمۇشنى رەڭدارلاشتۇر-غىلى، ئىجتىمائىي ئالاقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. شۇڭا ئاخباراتچىلىقنى ياخشى كۆرىمەن. مەندە ياخشى كۆرگەن كەسىپكە ئۆزۈمنى بېغىشلايدىغان، ئۆزۈمنى بېغىشلىغان ئىش ئۈستىدە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان خاراكتېر بولغاچقا، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان گېزىتنىڭ سۈ-پىتىنى ياخشىلاش، بولۇپمۇ ئەدەبىي بەتنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى يۇقىرى كۆ-تۈرۈش جەھەتتە چامىمنىڭ يېتىشىچە ئىزدەندىم، ئەجىر قىلدىم. ئەجىر-مىزگە يارىشا گېزىتىمىزدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر، يېڭىلىقلار مەيدانغا كەلدى. ھەر كۈنى يېڭى چىققان گېزىتنى قولۇمغا ئالغىنىمدا، مۇشتەرىي-لەر، ئاپتورلارنىڭ ياخشى باھالىرىنى ئاڭلىغىنىمدا سۆيۈنۈش ئىلكىدە ھاردۇقۇم چىققاندەك بولىمەن ۋە يەنە بىر سان گېزىتنى ئىشلەشكە كىرىد-شىپ كېتىمەن. گېزىتچىلىك خىزمىتىمىز خۇددى توختاۋسىز ئايلىنى-ۋاتقان، تارتىلىۋاتقان ئۇن ئۈچۈن تىنىمسىز ئۈگۈت تەلەپ قىلىۋاتقان تۈگمەندەك بىزدىن مەنىۋى مەھسۇلات، زېھنىي قۇۋۋەت، ماقالە ــ ئەسەر تەلەپ قىلىپ ئايلىنىپ كېتىۋېرىدۇ. كۈنلەر مۇشۇنداق ئالدىراشلىق ئىل-كىدە ئۆتۈۋېرىدۇ. «تۈگمەن» نىڭ تۇزۇندىلىرى چاچلىرىمىزغا ئاق بېزەك-

لەرنى تاقايدۇ... ئۇنىڭ ئۇستىگە گېزىتىمىز كۈندىلىك بولغاچقا، ھەر كۈ-نۇم ماقالە يېزىش، ماقالە تەھرىرلەش، ماقالىلەرنى بېكىتىش، بەت نۇس-خىسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق مەشغۇلاتلار بىلەن ئۆتىدۇ. كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا سەككىز سائەت تولۇق ئولتۇرۇپ، بىر كۈنلۈك خىزمىتىمنى ئا-خىرلاشتۇرغاندىن كېيىن «ئۇھ» دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۆيگە قايتىپ ئازراق ئارام ئالىمەن ـ دە، يەنە ئۆيدىكى كومپيۇتېرنى ئېچىپ ئىجادىيەت-كە كىرىشىپ كېتىمەن. بىر تەرەپتىن خەۋەر، ماقالىلەر ئۈچۈن ئىلھام ئىزدىسەم، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۈچۈن تەپەككۇر يۈرگۈ-زۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەشغۇلاتىم بارغانسېرى ئىجتىمائىيلىشىپ، ۋاقتىمنى تېخىمۇ ئالدىراش قىلىۋەتتى. ئەلۋەتتە، قىلىۋاتقان ئىشلىرىم-نىڭ كۆپىنچىسى ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك، باشقىلارغا مېھىر ـ مۇھەب-بەت، ئىللىقلىق يەتكۈزىدىغان ئىشلار بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ رەھمەت ـ ھەشقاللىسىغا، جەمئىيەتنىڭ ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىغا ئېرىش-تىم. نۇرغۇن پائالىيەت، يىغىلىشلارنى تەشكىللەش تەبئىيلا مېنىڭ زىم-مەمگە يۈكلىنىپ قالدى. بىراق، بۇ جەرياندا بارا ـ بارا ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئىگە بولالمايدىغان، ئۆز ۋاقتىمنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرالمايدىغان، كۆپ چارچايدىغان، تەن قۇۋۋىتىم ئاجىزلىشىدىغان ئەھۋاللارغا دۇچار بولدۇم. بىر قانچىلىغان رومان، تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ تېمىسىنى كاللامدا پىشۇ-رۇپ، باشلاپ قويغان بولساممۇ، زادىلا ئاخىرىنى چىقىرىپ بولالمىدىم. بىر قانچە يىللاردىن بېرى ئالدىراشلىق ئىلكىدە تېز، چاققان ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىشلارنى تېز بىر تەرەپ قىلىپ كۆنۈپ قالغاچقا، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن ئولتۇرسام تىت ـ تىت بولىدىغان، ئىلھامنى قاچۇرۇپ قو-يىدىغان، ئاسان چارچايدىغان، ئۇزۇن ئولتۇرۇشقا ۋاقتىممۇ چىقمايدىغان بولۇپ قالدىم، بۇ خىل روھىي ھالەتتىن ئازابلاندىم، تېڭىرقىدىم. ئىلگى-رىكى تەنھا، ئەمما ئازادە، غورىگۇل، ئەمما ئەركىن، ئاددىي، ئەمما رومان-تىك چاغلىرىمنى سېغىنىپ قالدىم. مانا ئەمدى تۇرمۇشۇم تەرتىپكە چۈ-شۈپ، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندە ۋاقىتتىن، ئىلھامدىن، رومانتىكىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتاتتىم، مەنىۋى دۇنيايىم قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتاتتى، دۇنيا ئاشۇنداق قىزىق بولىدىكەن، بىرگە ئېرىشكەندە، بىردىن ئايرىلىدىغان گەپكەن.

تونۇش، بىلىشلىرىم دائىم مەندىن «ئۆزۈڭ شۇنچە خۇش پېئىل، ئىج-تىمائىي ئادەمسەنۇ، نېمىشقا ‹مىسكىن› دەپ تەخەللۇس قويۇۋالدىڭ؟» دەپ

سورايدۇ. مەن ئۇلارغا كۈلۈپلا قويۇپ ئارتۇق جاۋاب بەرمەيمەن، ئىچىمدە بولسا «كۆزلىرىم كۈلۈپ تۇرسىمۇ قەلبىم يىغلايدۇ، كىچىككىنە يۈرىكىم-گە دۇنيامۇ كۆتۈرەلمىگۈدەك ئازابلار يۈكلەنگەن، شاد ـ خۇرام ھالىتىم زاھىرەن كۆرۈنۈش بولۇپ، ئىچ تەبىئەتلىك، رومانتىك، مىسكىن خاراك-تېرىم ھەقىقىي باتىنى ماھىيىتىمدۇر» دەپ پىچىرلايمەن. قاچانلاردىن باشلاپ پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، قەلبىمنىڭ چوڭقۇرىدا تەگسىز بىر خىل مىسكىنلىك، ئازابنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىل-دىم. بۇ بەلكىم ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىڭ يىللاپ داۋاملاشقان غېرىبلىقى-نىڭ، ھەسرىتىنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى بىر تامچىسىدۇر، خەلقىمنىڭ ئاچچىق كەچمىشلىرىنىڭ كىچىككىنە شولىسىدۇر، مۇھەببەت، ھايات، تۇرمۇش جۇدالىقلىرىنىڭ چۆكۈندىسىدۇر ياكى قېرىنداشلىرىم ئالدىدىكى جاۋابكار-لىق، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ تىكىنىدۇر ياكى بولمىسا بىر ساماۋى، يارقىن مۇھەببەتكە، ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىمنىڭ ئۇچقۇنىدۇر. ئەيتاۋۇر مەن ھەر قانداق جاي، ھەر قانداق شارائىت، ھەر قانداق ھېسسىياتتىمۇ بۇ خىل مىسكىنلىك تۇيغۇسىدىن قۇتۇلالماي كەلدىم. قەلبىمنىڭ چوڭقۇرد-نى ئاختۇرسام ئۆزۈمنى شۇ قەدەر يالغۇز، مىسكىن ھېس قىلدىم...

خەير، «پېشانەمنى سىلاپ ـ سىلاپ چوڭ قىلغان» قەدىردان خەلقىم ۋە مەرھۇم ئاتا ـ ئانام، كۆيۈمچان قېرىنداشلىرىم، سۆيۈملۈك ئۇستازلىرىم، زېمىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىكى ئېتىقادلىق، مېھرىبان دوستلىرىم، مەڭ-گۇ قەلبىم تۆرىدە يارقىن نۇرلىنىپ تۇرىدىغان ساۋاقداشلىرىم، مەن ئۇ-چۇن پاكىز مۇھەببىتى، ئېتىقادىنى بېغىشلىغان مېھرىلىك مەھبۇبەم، يۈرىكىمنىڭ پارىسى بولغان ئوماق ئىككى قىزىم يوللىرىمغا رەڭدار، پۇراقلىق گۈللەرنى يېيىتىپ كەلدى. ئۇلارغا قەلبىمدىن مىڭلارچە تەشەك-كۇر. قالغان قەلب سۆزلىرىمنى ئەسەرلىرىم بايان ئەيلىگەي.






# هاراق زەردابى

— مەستلىك ۋە مەدەنىيەت — مۇز ۋە ئوتتەك، نۇر ۋە زۇلمەتتەك ئۆزئارا بىر-بىرىگە مۇتلەق قارىمۇ قارشى چۈشەنچە.

— ح. ئا. سېماشكو

ئالدىمدىكى قىرلىق ئىستاكانغا لىققىدە تولدۇرۇلغان رەڭسىز، سۈپسۈزۈك سۇيۇقلۇققا قاراپ خىيالغا پاتتىم. ئىستاكاندىن تارقىلىۋاتقان، ئۆتكۈر، قاڭسىق پۇراق نېرۋىلىرىمنى غىدىقلاپ، تەسەۋۋۇرۇمنى قالايمىقانلاشتۇرماقتا ئىدى. گويا ئۇلۇغ خەلقىمىزنىڭ بارلىق ھەسرىتى، ئازابى، كۆز يېشى، خۇشاللىقى، بەختى - كۈلكىسى مۇشۇ ئىستاكانغا مۇجەسسەملەنگەندەك، ئەزىز مىللىتىمىزنىڭ قان - ياشلىق تارىخى، رەڭدار قويۇنلىرى ئىچىدىكى بۈگۈنى، تۇمانلىق كەلگۈسى مۇشۇ سۈپسۈزۈك سۇيۇقلۇقتا جىلۋە قىلىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى.

ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى دەۋرلەردە ئۈزۈمنى ئېچىتىپ، كېيىنرەك بۇغداي، قوناقنى خام ئەشيا قىلىپ، شارابنى ئىختىرا قىلغانىكەن. مۇرۇۋۋەتلىك ئەجدادلىرىمىز بەلكىم هاراقنى نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، روھنى ئۇرغۇتۇش، كۆڭۈلنى سەرخۇش قىلىش قاتارلىق ئەزگۈ مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلەپچىقارغان بولسا كېرەك. مىڭ ئەپسۇسكى، ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە مىراس قالغان بۇ تەۋەررۇك «كەشپىيات» بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، سەلبىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ، زېمىنىمىزنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارقىلىپ، بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىزگە، مىللىتىمىزنى نابۇت قىلغۇچى خەتەرلىك ۋاباغا ئايلانماقتا.

دۇنيا بويىچە بىز ئۇيغۇرلاردەك يۇقىرى گرادۇسلۇق هاراق ئىچىدىغان،
ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىچىدىغان، ئەسەبىيلەرچە ئىچىدىغان يەنە بىر مىل ـ
لەت بولمىسا كېرەك. ھاراق زېمىنىمىزغا شۇ قەدەر ئومۇملىشىپ كەتكەن ـ
كى، بارلىق شەھەر، بازار، رەستىلىرىمىزدىن تارتىپ، چەت يېزا ـ
قىشلاق، ئاۋۇللارغىچە، زاۋۇت ـ كان، مەكتەپلەردىن تارتىپ، ھەر بىر ئا ـ
ئىلە، كەپىلەرگىچە ھەممىلا يەردىن ھاراق تېپىلىدۇ. بىزنىڭ ئالىم، ئۆلى ـ
مالىرىمىز، بىلىمدار، يول باشلىغۇچى، كاتتىلىرىمىزدىن تارتىپ، دېھ ـ
قان، چارۋىچى، ساۋاتسىز پادىچىلىرىمىزغىچە، مويسىپىت بوۋايلىرىمىز ـ
دىن تارتىپ، ئەمدىلا ئۆسمۈرلۈك بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان مەسۇم ناتىۋاز ـ
لىرىمىزغىچە ھەممىسى ھاراقنى ئىستېمال قىلىدۇ. بىز ھاراقتا شۇ قەدەر
ئىچىكىشىپ كەتكەنكى، خۇش بولساقمۇ ئىچىمىز، ئازابلانساقمۇ ئىچىمىز؛
بەختلىك بولساقمۇ ئىچىمىز، قايغۇرساقمۇ ئىچىمىز؛ توي قىلساقمۇ ئى ـ
چىمىز، ماتەمدار بولساقمۇ ئىچىمىز؛ ھەتتا ھېچقانداق مەقسەتسىز، قۇ ـ
رۇقتىن ـ قۇرۇق ياكى خۇمار، ئامراقلىق سەۋەبىدىن ئىچىمىز. بىزنىڭ
ئىچىشىمىز سورۇن، ئورۇن، شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. مەي ـ
لى خىزمەت ۋاقتى بولسۇن، مەيلى دەم ئېلىش ۋاقتى بولسۇن، مەيلى
كۈندۈز بولسۇن، مەيلى كەچ بولسۇن، بىزنىڭ ئىچىشىمىزنى ھېچكىم تو ـ
سۇپ قالالمايدۇ. بىز ھەتتا تەلۋىلىشىپ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتۇقكى،
بىز ھاراق ئىچىش ئارقىلىق پەخىرلىنىمىز. ھاراق ئىچىش ئارقىلىق ئۆ ـ
زىمىزنى كۆز ـ كۆز قىلىمىز، ھاراق ئارقىلىق «ئادىمىيلىك، ئەركەك ـ
لىك» نى سىنايمىز، ھاراق ئىچىشتە بەسلىشىمىز. قانچە بوتۇلكا ھاراق
كۆتۈرەلەيدىغانلىقىمىز، بىر قېتىملىق سورۇندا كىملەرنى مەست قىلى ـ
ۋەتكەنلىكىمىز، كەيپىكتە قانداق «قىزىقچىلىق» لارنى قىلغانلىقىمىز
بىلەن ماختىنىمىز. ھاراقتا شورپا قۇيۇپ ئىچىش، ھاراقتا نان چىلاپ ئى ـ
چىش، ھاراقتا جۇۋاۋا سېلىپ ئىچىش، ھاراقنى بوتۇلكا بىلەن ئىچىشتەك
«قەھرىمانلارچە» ئىچىش شەكىللىرىنى ئىجاد قىلالىغانلىقىمىزدىن مەغ ـ
رۇرلىنىمىز. ئاھ خۇدا، مانا تۈگىمەس ئىچىش، ئەسەبىيلەرچە ئىچىش،
تەلۋىلەرچە ئىچىشنىڭ ئاقىۋىتى نۇرغۇن كىشىلەردە زاھىر بولۇپ تۇرۇۋې ـ
تۇ. نۇرغۇن ئۇيغۇر پەرزەنتىدە ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋېتۇ. مانا بىر قىسىملى ـ
رىمىز روھىمىز چۈشكەن، كۆزىمىزنىڭ نۇرى ئۆچكەن، چىرايىمىز سول ـ
غۇن، ئەقلىمىز خىرەلەشكەن، تەپەككۇرىمىز گاللاشقان، تېنىمىز زەئىپ ـ
لەشكەن، ئارزۇلىرىمىز داتلاشقان، ئەقىدىمىز بۇلغانغان ھالەتتە، بۇرۇق ـ
تۇرمىلىق، گاڭگىراش، تېگىرقاش، خامۇشلۇق پاتقىقىغا تىقىلىپ ياشاپ

كېلىۋاتىمىز. مانا بۇ كۆيدۈرگۈچ ئىسپىرتنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن «سوۋغىسى».

دەۋرىمىزدىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئىللەتلەر، جەمئىيەت تەرتىپىگە خىلاپ قىلمىش، جىنايەتلەر — قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، زوراۋانلىق، پارىخورلۇق، ئىسراپچىلىق، بۇزۇپ - چېچىش، قاتناش ۋەقەسى، ھەر خىل خەتەرلىك كېسەللەرنىڭ باش جىنايەتچىسى دەل بىر چوقۇنۇۋاتقان ھاراق بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىلا كۈندە سادىر بولۇۋاتقان نۇرغۇن مىساللار پاكىت بولالايدۇ. تۆۋەندىكى ھېكايەتمۇ يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەشكە كۇپايە قىلىدۇ: بۇرۇنقى زاماندا بىر ياش يىگىتنىڭ ئىخلاس، ئېتىقادىنى سىناپ بېقىش زۆرۈر بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر كوزا شاراب، بىر ئاجىز كىشى ۋە بىر چىرايلىق قىز كەلتۈرۈلۈپتۇ. سىنىغۇچىلار يىگىتكە: «سەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئېغىر گۇناھ بولىدىغان ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى قىلىسەن! ياكى شاراب ئىچىسەن ياكى بۇ قىزغا باسقۇنچىلىق قىلىسەن ۋە ياكى بۇ كىشىنى ئۆلتۈرىسەن، بۇ ئۈچ ئىشتىن خالىغان بىرىنى تاللىۋال!» دەپتۇ. يىگىت ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ: «شاراب ئىچىش باشقا ئىككى خىل گۇناھتىن يېنىكرەككەن» دەپ ئويلاپ بىر كوزا شارابنى ئىچىۋېتىپتۇ - دە، شارابنىڭ كەيپىدىن خۇدىنى يوقىتىپ، قىزغا باسقۇنچىلىق قىلىپتۇ، ھېلىقى كىشىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ ھېكايەتتىن بارلىق گۇناھلارنىڭ يىلتىزى - مەنبەسىنىڭ ھاراق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھاراق سەۋەبىدىن ۋەيران بولغانلىقىنى، ئەسلى - ۋەسلىدىن ئايرىلغانلىقىنى، بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز خوشلاشقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئىچىۋاتىمىز. تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن ھەتتا ھاراقنىڭ كۆرسىمۇ بارغانچە يۇقىرىلاپ بېرىۋاتىدۇ. ھاراق پۇل تېپىشنىڭ، ئابرۇي قازىنىشنىڭ، ھوقۇققا ئېرىشىشنىڭ ئاچقۇچى سۈپىتىدە بارغانچە قەدىرلىنىۋاتىدۇ. دېمەك، بىز ھاراقتىن ئۆزىمىزنى تارتماقتا يوق، ئۇنىڭغا بارغانچە مەپتۇن بولۇپ كېتىۋاتىمىز.

ھەر كۈنى ھەممىلا يەردە كەچلىك بازاردا، ئاشخانىدا، يول بويىدا ھەتتا ھەر خىل قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ قىيقاس - چۇقان ئىچىدە رومكا سوقۇشتۇرۇۋاتقانلارنى ئۇچرىتىمەن. ستولبا تۈۋىدە، يول بويىدىكى ئازگال، ئورەكلەردە قوسۇققا مىلىنىپ سۇنايلىنىپ ياتقانلارنى، ھاراق كەيپىدىن خۇدىنى يوقىتىپ، بىر-بىرى بىلەن ئېتەك تالىشىۋاتقانلارنى كۆرىمەن؛ ھەر كۈنى ئىشقا كېلىپلا بىر قانچە خىزمەتدىشىمنىڭ ئاخشام

ئىچكەن ھاراقنىڭ «چىشلىۋالغانلىقى» سەۋەبىدىن بېشىنىڭ ئېغىر ئىكەن-لىكى، ئىش خۇشياقماي ئۇياتقانلىقى ھەققىدە زارلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلايمەن. گويا ئۇيغۇر ياشاۋاتقان بۇ مۇقەددەس تۇپراقنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاق-لىرىدىن ھاراق پۇراۋاتقاندەك، رومكىلار جاراڭلاۋاتقاندەك، پىيەنچۇكىلەر مەست - ئەلەس ھالەتتە ئەرۋاھتەك لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلىمەن.

ئەجەبا، بىز ياشاۋاتقان بۇ خاسىيەتلىك زېمىن ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان، نۇرغۇن شىر يۈرەك پالۋانلار قىلىچ ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇپ ئۆتكەن، ئېيتقۇسىز دەھشەتلىك ئازابلارغا، سىناقلارغا باش ئەگمىگەن، نۇر چاقناپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن مۇقەددەس تۇپراق ئىدىغۇ؟ ئەجەبا، بىز ھاراققا باش ئەگدۇقمۇ؟ ھاراققا تەسلىم بولدۇقمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە بىز قىلچە ۋىجدانىي ئازاب تارتمىغان ھالدا ئاتا - بوۋىلى-رىمىزدىن قالغان ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى ئۈستىدە مەست - ئەلەس ھالەتتە خۇدىمىزنى بىلمەي ئۇخلاۋاتىمىز...

ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بىز ھاراقنىڭ زىيىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن پاجىئەلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ «ۋاسىتىسى» بىلەن يۈز بەرگەن سەتچىلىكلەردىن يۈزىمىز تۆكۈلۈپ تۇرۇپ يەنە ئىچىۋاتىمىز. ھاراقنى تىللاپ، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ، ئۆلگۈدەك ئۆچ بولۇپ، قاقشاپ، تولغىنىپ تۇرۇپ ئىستېمال قىلىۋاتىمىز. ھاراق ئىچمەيدىغانلارنى ياكى تاشلىۋەتكەنلەرنى قىستاپ، دۈشكەلەپ ھاراق ئىچىشكە مەجبۇرلاۋاتىمىز. ھاراققا كەلگەندە بىزنىڭ ئىرادىمىز شۇنچىلىك ئاجىزكى، بىزنىڭ ئىچ-مەسلىك ئۈچۈن قىلغان قەسەملىرىمىز بىر كۈندىلا، ھەتتا بىر دەمدىلا ئۇنتۇلىدۇ، بەربات بولىدۇ. دېمەك، بىز بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئورا قېزىۋاتىمىز، ئۆزىمىزنىڭ پۇتىغا ئۆزىمىز پالتا چېپىۋاتىمىز، ئۆزى-مىزگە ئۆزىمىز ئۆلۈم خېتى يېزىۋاتىمىز. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئې-چىنىشلىق، ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمىسا كېرەك. بىز ئۆزىمىزنى ئۆزى-مىز قۇتقۇزمىساق باشقىلار بىزگە ياردەم قىلاتتىمۇ؟

بىز ھازىر ئۇچۇر، رىقابەت دەۋرىدە، تەرەققىيات مۇساپىسىدە ياشاۋاتى-مىز. بىر قىسىم ئىرادىلىك قېرىنداشلىرىمىز ئىلىم - پەن ۋە باشقا سا-ھەلەردە ئۇتۇق قازىنىپ، باشقا مىللەتلەرنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇۋاتقان بول-سىمۇ، كۆيدۈرگۈچ ئىچىملىك كۆپ قىسىملىرىمىزنىڭ ئويغاق تەپەككۇرى-نى ئاستا - ئاستا گاللاشتۇرۇپ، بىزنى چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا سۆرەپ كې-تىۋاتىدۇ.

بىر تەرەپتىن كۆيدۈرگۈچ ئىسپىرت ئاشقازىنىمىزنى زەھەرلەپ، يەنە

بىر تەرەپتىن ئۆتكۈر زەھەرلىك نىكوتىن ئۆپكىمىزنى زەھەرلەپ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تېنىمىزدە ساقلىنىپ قالغان جۇشقۇنلۇق، جەڭگىۋارلىق، قەھرىمانلىق گېنلىرىنى بارغانسېرى ئاجىزلاشتۇرماقتا. فرانسىيە يازغۇچىسى بالزاك «ئادەم ئۈچۈن ۋابا قورقۇنچلۇق، ئەمما ئىچىملىك ئۇنىڭدىنمۇ يامان» دەپ ئېيتقان ئىكەن. شۇنى ئېنىق قەيت قىلىش كېرەككى، مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى ساپاسىغا ھاراقنىڭ ئېلىپ كەلگەن زىيىنى ھەرگىزمۇ خىروئىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. پەقەت بۇ ئىككى خىل زەھەرنىڭ تەسىر قىلىش مۇددىتى، شەكلى ئوخشىمايدۇ، خالاس.

ئەجەبا، نېمە ئۈچۈن كىتابلار، گېزىت - ژۇرناللار ھاراقچىلىك ياكى ئۇنىڭ ئۇندىن بىرىچىلىكمۇ ئومۇملاشمايدۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن قانچىلىك يېڭى نەرسە بىلىۋالغانلىقىمىز، قانچىلىك بىر نەرسە ئۆگىنىۋالغانلىقىمىزدىن ماختانمايمىز؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئىجادىيەت، ئىختىرا بەيگىسىدە مۇسابىقىلەشمەيمىز، پەخىرلەنمەيمىز؟ ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، بىز بەزى سەلبىي خاراكتېرلەرنى، ناچار ئادەت، خاھىشلارنى شۇ قەدەر تېز ئۆزلەشتۈرىۋالىمىز ۋە شىددەت بىلەن ئومۇملاشتۇرىۋالىمىزكى، بۇ جەھەتتە بىزگە يېتەلەيدىغان يەنە بىر قوۋم بولمىسا كېرەك. ھەتتا بەزىلىرىمىز ھاماقەتلىشىپ شۇ دەرىجىدىگە بېرىپ يەتتۇقكى، تېخى مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىمىغان نارەسىدە ئوغۇللىرىمىزنى ھاراققا ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ھاراق ئىچەلەيدىغانلىقىدىن، «ھەقىقي ئوغۇل بالا» بولۇپ ئۆسكەنلىكىدىن ماختىنىمىز. مانا ئەمدى پاكلىقنىڭ، لاتاپەتنىڭ، نازاكەتنىڭ، مېھرىبان پەرىشتىنىڭ سىمۋولى بولغان قىز - ئاياللىرىمىز ئىچىدىمۇ قەلبىنى چىرىتكۈچى بۇ سۈيۈقلۇقنى ئىستېمال قىلىدىغانلار بارغانچە ئاۋۇپ، كەلگۈسىمىزگە قاباھەتلىك قارا سايە تاشلىماقتا...

ئالدىمدىكى قىرلىق ئىستاكانغا لىققىدە تولدۇرۇلغان رەڭسىز، سۈپسۈزۈك سۈيۈقلۇققا قاراپ جىمجىت ئولتۇرماقتىمەن. يۈرىكىمنى تىنىمسىز غاجاۋاتقان ئازابلىق، نادامەتلىك، پۇشايمانلىق خىياللار مېنى ئاچچىق قىينىماقتا. شانلىق تارىخىمنى ۋە ئازابلىق تەقدىرىمنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز كۆزلىرىمگە ياش ئۇلاشتى. بىردىنلا چىشلىرىم كىرىشىپ، ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم - دە، ئىستاكاننى يۇلۇپ ئېلىپ، زەرب بىلەن يەرگە ئاتتىم.

1996 - يىلى يانۋار، تۇرپاندا يېزىلدى.



# ئەدەبىيات سېپىرىدىن تۇغۇلغان مۇلاھىزىلەر

مەن ئون نەچچە يىلدىن بېرى چوڭقۇر مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە، يېزىقچىلىققا ئىشتىياق باغلاپ، خەلقىمگە سۇپەتلىك مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تەقدىم ئېتىشكە تىرىشتىم. بۇ يىللاردا ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر سەۋەبى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ياش شائىرلار، يازغۇچىلار، قەلەمكەشلەر بىلەن تونۇشۇش، ئارىلىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ھەر خىل ئۇچرىشىشلاردا ئەقىدىلىك، ساپ كۆڭۈل قەلەمداشلارنىڭ كىشىنىڭ ئىززەت ـ نەپسىنى، مېھ-رىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن تەسىرلەندىم. قەلەمداش دوستلار بىلەن پىكىرلىشىش، ئەسىرلىشىش جەريانىدا، قەلبىمدە ھەر خىل يېڭى تەسىراتلار شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئەدەبىيات، قەلەمكەشلەر ھەققىدە ھېس قىلغان بىر نەچچە نۇقتىنى ئاددىي خاتىرە شەكلىدە يېزىپ چىقتىم. ئەلۋەتتە، ماقالىدىكى قاراشلىرىم پەقەت ئۆزۈمگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ، خالاس.

## ئەدەبىيات ئەقىدىسى

يېقىندا، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، شائىر ئەكبەر داۋۇت بىلەن

---

*ئاپتور بىر قىسىم ئالىم، ئەدىبلەر، ياش يازغۇچى، شائىرلار بىلەن بىللە. ئالدى رەت ئوڭ-دىن: سەلىيوپ، توختى ھاشىم، ئىبراھىم مۇتىئى، ئۇيغۇر سايرانى، ماھىنۇر قاسىم. ئارقا رەت ئوڭدىن: ياسىن نىياز، ئابدۇبەسىر شۇكۇرى، ئاپتور، ھەبىبۇللا رەجەپ، مۇھەممەت راخمان، مۆ-مىن ئابدۇرېھىم، ئابدۇراخمان ئابدۇللا، ئەكبەر نىياز پەتتارى، ئەركىن كېرىمى، نەجمىدىن تە-جەللى، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت.*

ئىككىمىز «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى، يازغۇچى دوستىـ-
مىز ۋەلى كېرەمنىڭ تويىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە چىقتۇق. بۇ تويغا
ئۈرۈمچىدىكى ياش شائىر، يازغۇچىلاردىن باشقا، قەشقەر، كورلا، قاراماي قا-
تارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم قەلەمكەشلەرمۇ كەلگەن بولۇپ، بۇ توي ھەقـ-
قىي مەنىدىكى ئەدەبىيات، ئاخبارات ئەھلىنىڭ سورۇنىغا ئايلانغانىدى. بەزد-
لىرى تونۇش، بەزىلىرى ناتونۇش بولغان، ئەمما قەلەمنىڭ خاسىيىتىدىن
ئاللىقاچان تەقدىرداشقا، سىرداشقا ئايلانغان پاكىز ئەقىدىلىك ئېتىقاد ئىـ-
گىلىرى قىزغىن سۆھبەت، كۆڭۈللۈك كۈلكە - چاقچاقلارنى دولقۇنلىتىپ،
توينىڭ كەيپىياتىنى ئالاھىدە يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى. توي جەريا-
نىدا، مۇھەممەد سالىھ مەتروزى، ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى، ئەكبەر سالىھ،
ۋەلى داۋۇت قاتارلىق دوستلىرىمىز بىزگە ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ،
قەلبىمىزدە چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتىنى چېچەكلەتتى. توي ئاخىرلاش-
قاندا، ئىستېداتلىق ياش يازغۇچى ھۇسەيىن تاش بىلەن شائىر ئىلھامجان
ئابلىز «بۇنداق يىغىلمىقىمىز تەسكە توختايدۇ، شۇڭا بۈگۈن كېچە ياخشىراق
بىر جاينى تېپىپ، تاڭ ئاتقۇچە پىكىرلىشەيلى» دېگەن تەكلىپىنى بەردى.
شۇنىڭغا ماس ھالدا، ليۇداۋان كۆمۈر كان پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى
ئاق كۆڭۈل قەلەمكەش دوستىمىز ئالىمجان رېشىتنىڭ تەكلىپى بىلەن يا-
سىنجان سادىق، ۋەلى داۋۇت، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت، ئېزىزجان خۇدابەر-
دى، ئابلىكىم ئابلەت، ئابدۇۋەلى قاتارلىق ئون بىر كىشى ئالىمجان رېشىت-
نىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئوخشاش ئېتىقاد، ئوخشاش مەسلەك،
ئوخشاش مۇھەببەت، ئوخشاش ئازابتىكى قەلەمكەشلەر يىغىلغان سورۇن شۇ
قەدەر ساپ، شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك، شۇ قەدەر ھاياجانلىق داۋاملاشتىكى، باش-
تىن - ئاخىر قىلچىلىكمۇ كۆڭۈل چىگىلگۈدەك گەپ - سۆز، ئىش - ھەرد-
كەت يۈز بەرمىدى. بىز گاھىدا يازغان ئەسەرلەر، مەتبۇئاتلار ھەققىدە قىز-
غىن پىكىر ئالماشتۇرساق، گاھىدا كلاسسىكلارنىڭ ئىجادىيىتى ۋە پەزىلد-
تىدىن تاكى گۈڭگا شېئىر، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى قاتارلىق تې-
مىلارغىچە قىزىشىپ مۇنازىرىلەشتۇق. گاھىدا ھېچقانداق تەۋەلىكسىز سە-
مىمىي چاقچاقلار بىلەن ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلكە، ھاياجانغا چۆمۈل-
سەك، گاھىدا يۈرەكنىڭ بېغىشىغا ئۈرۈلىدىغان ھەسرەتلىك شېئىرلار بىلەن
سۈكۈت دېڭىزىغا غەرق بولدۇق. شۇ مىنۇتلاردا بىز بىر - بىرىمىزگە ئۇرۇق
- تۇغقاندىنمۇ چارە يېقىن، سۆيۈملۈك ھېسسىياتتا بولدۇقكى، بۇ ئالىيجاناب
تۇيغۇلىرىمىزنىڭ خاتىرىسى يۈرەكلىرىمىزگە مەڭگۈلۈك مۆھۈر بولۇپ بې-
سىلدى. قەلبىمىزدىكى ھەر خىل تەشۋىش، مالامەتلەر ۋە مۇستەھكەم رېئال-

لىق تۇيغۇمىزدىن قاڭقىپ چىقىپ، بارلىق گۈزەل تەسىراتلار مۇشۇ سورۇنىمىزغا، گىرەلىشىپ تۇرغان بارماقلىرىمىزغا جەم بولدى. ساپ، سەمىمىي سورۇنىنىڭ خاسىيىتىدىن تاڭ ئاتقۇچە بىر كىرپىك قاقمىغان بولساقمۇ، ھېچقايسىمىزدا بىنورماللىق زاھىر بولمىدى. تاڭ ئاتتى، ھەممىمىز شۇنچە جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، كۆڭۈللەر تاڭغا ئوخشاشلا ساپ، سۈزۈك ۋە ھەقىقىي ئىدى. ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، بىر ـ بىرىمىزگە قىيىمىغان ھالدا خەيرلىك تىلەپ خوشلاشتۇق.

بۇ قېتىمقى سورۇنىنىڭ زىلزىلىسى خېلى ۋاقىتلارغىچە قەلبىمىنى داۋالغۇتۇپ تۇردى.

بىز قانداقلارچە مۇشۇنداق سەمىمىي، قىزغىن، كۆڭۈللۈك سورۇننى روياپقا چىقىرالىدۇق؟ بۇ دەل ھەممىمىزدە بىر ئوخشاش ئەقىدىنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ئەقىدىسىنىڭ بولغانلىقىدىن بولدى. بارلىق رەسمىي، غەيرىي رەسمىي يىغىلىش، سورۇنلارغا ھوقۇق، پۇل، شۆھرەت، قىز ئارىلىشىپ قالىدىغان، ھېچبولمىسا كىچىككىنە قىستۇرۇلۇپ قالىدىغان بۈگۈنكى كۈندە، پەقەت ئوخشاش ئەقىدىدىكى قەلەمكەشلەرلا مۇشۇنداق ساپ ئولتۇرالايدۇ، ساپ ئازابلىنالايدۇ، ساپ ھاياجانلىنالايدۇ.

ھەيران قالىمەن، سىز ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەتبۇئاتلاردا بىر نەچچە پارچە ئەسەر ئېلان قىلغان بولسىڭىزلا، تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇر تۇپرىقىنىڭ ھەممە يېرىدە سىزنىڭ دوستلىرىڭىز شەكىللەنگەن بولىدۇ. سىز ناتونۇش يۇرتقا بېرىپ، مەتبۇئاتتا نامىنى كۆرگەن بىرەر ئاپتورنى ئىزدىسىڭىز، ئۇ سىزنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. سىزنىڭ مۇشۇ يۇرتقا قەدەم باسقىنىڭىزنى ئاڭلاپ قالسا، شۇ جايدىكى قەلەمكەشلەر سىزگە قىزغىن ساھىبخانا بولىدۇ. سىز بىر قەلەمكەش بولسىڭىز، ھەر قانداق بىر يۇرتتا ھېچكىمنى تونۇمىسىڭىزمۇ بىمالال ھالدا دوست تاپالايسىز، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىسىز. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسىڭىز، كونا تونۇشلاردەك، ئاكا ـ ئۇكىلاردەك شۇنچە قىزغىن كۆرۈشىسىز. مانا بۇ ئەدەبىياتنىڭ، ئەدەبىيات ئېتىقادىنىڭ سېھرىي كۈچى! دۇنيادا ھېچقانداق كەسىپ، ھېچقانداق ساھە كىشىلىرىدە بۇنداق پاكىز تۇيغۇ بولمايدۇ!

## گۈڭگا شېئىر

1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، «گۈڭگا شېئىر» (مەنمۇ مەتبۇ-

ئاتلاردا ئاتالغىنى بويىچە شۇنداق ئاتىدىم) ھادىسىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ھەقتە كۆپ تالاش ـ تارتىش، بەس ـ مۇنازىرە بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بىر قىسىم كىشىلەر «گۇڭگا شېئىرچىلار سۇغا چۆشكەن تاشتەك يوقالدى، گۇڭگا شېئىر مەغلۇپ بولدى» دېيىشتى. مېنىڭچە، گۇڭگا شېئىرنى مەغلۇپ بولدى، دېيىشكە بولمايدۇ، گۇڭگا شېئىر ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى.

ئەسلىدە گۇڭگا شېئىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يېڭى ئۇقۇم ئەمەس ئىدى. 15 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك تىل پېشىۋاسى، يېتۈك شائىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ ئاجايىپ پاساھەتلىك غەزەللىرىدە بىز ھازىر تەبىر بېرىۋاتقان گۇڭگا شېئىرنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى ياراتقانىدى. كېيىنچە بۇ خىل شېئىرىيەت ياۋروپادا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، خەنزۇ ئەدەبىياتى ئارقىلىق 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كىردى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل شېئىرىيەت ھادىسىسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پەيدا بولۇشى ھېچقانداق سەۋەبسىزلا روي بەرگەن ئەمەس.

مۇشۇ ئەسىردە، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، تۈزۈلمىمىزدىكى بېكىكلىك، قاششاقلىق، ئىدىيىۋى ھالىتىمىزدىكى نادانلىق ۋە كەينى ـ كەينىدىن خاتا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەر سەۋەبىدىن، ئەدەبىياتىمىز نۇقۇل ھالدا ھەر خىل ھەرىكەتلەرنىڭ كانىيىغا ئايلىنىپ قالدى. مەتبۇئاتلىرىمىزنى قۇرۇق مەدھىيىۋازلىقنا، ساختا كۆككە كۆتۈرۈشكە تولغان شېئىرلار قاپلاپ كەتتى. پاكىز ھېسسىيات، بەدىئىي تەپەككۇر، ئوبرازلىق تىلدىن ئىبارەت ئەدەبىياتنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيىتىدىن ئايرىلغان، سەۋەب ـ نەتىجە، تۈز سىزىق مۇناسىۋىتىدىكى، تۇرمۇش ھېچقانداق بەدىئىي پىششىقلاش جەريانىدىن ئۆتمىگەن ئەسەرلەر بازار تاپتى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دۇنيا ئەدەبىياتى سەۋىيىسىگە يېقىنلىشىش، كىتابخانلارنىڭ دەۋرگە ماسلىشىپ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەدەبىياتىمىز بىر قېتىملىق ئىسلاھاتقا، ئىنقىلابقا موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. دەل مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، مول ئەدەبىيات تەربىيىسى كۆرگەن، تەپەككۇرى ئۆزگىچە، پىكرى ئىلغار ئابدۇقادىر جالالىدىن. باتۇر روزى، ئەزىزىگە ئوخشاش بىر تۈركۈم ياشلىرىمىز بۇ مۇشەققەتلىك، ئەمما شەرەپلىك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، بۇ قېتىمقى يېڭىلىقنىڭ بايراقدارلىرىدىن بولۇپ قالدى. ئەلۋەتتە، دۇنيادا مۇكەممەل شەيئى بولمى-

غىنىدەك، بۇ قېتىمقى «ئىنقىلاب»تا بەزىبىر سەۋەنلىكلەرمۇ ساقلاندى. بىلىم قۇرۇلمىسى تېيىز، تەربىيىلىنىش ساپاسى تۆۋەن بىر قىسىم ياش ئاپتورلار بۇ ئېقىمغا قارىغۇيۇق ھالدا دورامچىلىق بىلەن ئەگىشىپ، شەكلى قالايمىقان، مەزمۇنى پۇچەك، تىلى دەبدەبىلىك، غەلىتە سۆز - ئىبارىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن نەرسىلەرنى يېزىپ، زوقلانغۇچىلارنىڭ نارازىلىقىغا سەۋەب بولدى. لېكىن، ھازىر قاراپ باقىدىغان بولساق، قايتا - قايتا شاللاش، ئىسلاھ قىلىش، يول ئىزدەش، تالاش - تارتىش قىلىش نەتىجىسىدە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ سەۋىيىسىدە زور دەرىجىدە يۇكسىلىش بولدى. «گۇڭگا شېئىر» ئىنقىلابى ئەدەبىياتىمىزغا بىر قېتىملىق سىلكىنىش، قاسراق تاشلاش، ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش پۇرسىتى ئاتا قىلىپ، ئەدەبىياتىمىزنى يېپيېڭى بىر مەنزىلگە باشلاپ چىقتى. بۇنىڭ تۇرتكىسىدە نۆۋەتتە ئىنسان روھى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەقىقىي بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، ئوبرازلىق تىل، بەدىئىي تەپەككۇرغا تويۇنغان، كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر روياپقا چىقتى ۋە روياپقا چىقىۋاتىدۇ.

بۇ جەرياندا، بىر تۈركۈم ياش شائىرلار مەيدانغا چىقىپ، بەك گۇڭگىمۇ بولمىغان، بەك يالىڭاچمۇ بولمىغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا قەلەم تەۋرىتىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ شائىرلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى، شېئىرلىرىدىكى قويۇق ئاھاڭدارلىق. سەممىمىي ئازاب، چىن كەيپىيات ۋە ھەقىقىي شېئىرىي تۇيغۇ بولۇپ، بۇ خىل شېئىرلار كىتابخانلارغا پاكىز مەنىۋى زوق بەخش ئەتتى. مېنىڭچە، بولغاندىمۇ ھەددىدىن ئارتۇق گۇڭگا، مۇرەككەپ بولغان شېئىرلار كىشىدە بىر خىل روھىي بېسىم پەيدا قىلىپ، نېرۋىنى جىددىيلەشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنداق شېئىرنى ئوقۇش ئۇچۇن كىشى جىمجىت مۇھىتتا بارلىق زېھنىنى يىغىپ، باشقا ھېچقانداق نەرسىنى ئويلىماي، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، مىسرالار ئارىسىدا قۇرتتەك ئۆمىلەشكە توغرا كېلىدۇ. ۋەھالەنكى، شېئىرنىڭ مەقسىتى كىشىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش، ھاياجانلاندۇرۇش، مەنىۋى زوق ئاتا قىلىشقۇ؟ ھەددىدىن ئارتۇق يالىڭاچ شېئىرلارمۇ كىشىگە ھېچقانداق ئېستېتىك تۇيغۇ بېغىشلىيالمايدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەر خىلۋەت ئورمانلىقتىكى بۇلاق سۈيى جىمجىت ھالدا يالپۇزلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتكىنىدەك، كىشى قەلبىگە سىرغىپ كىرىپ، قاغجىرىغان تۇيغۇلارنى ياشارتىشى، يالغۇز ھۇجرىدا تۇيۇقسىز ياڭرىغان گىتار كۈيىگە ئوخشاش يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سېلىشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىياتنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ مۇكەممەل قىلىپى بولمايدۇ. شۇڭا، كىم قانداق شەكىلدە، ئۇسلۇبتا يازسا بولىۋېرىدۇ. بىز «ئەسىرىمىزنىڭ جەمئىيەتتە قانچىلىك تەسىرى، ئىجتىمائىي رولى بولىدى» دېگەنلەرگە باش قاتۇرۇپ ئولتۇرماي، ئۆزىمىز خالىغان ئۇسلۇب، شەكىلدە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قەلەم تەۋرەتسەك بولىۋېرىدۇ. گەپ ئەسەردىكى ئىدىيىدە، بەدىئىي تەپەككۇردا، ئەسەرنىڭ ئوبرازلىق تىلىدا، ئىستېتىك رولىدا، سىزنىڭ ئىجادىيەتتە غۇرۇرلۇق، ئەقىدىلىك، مەسئۇلىيەتچان بولۇشىڭىزدا. سىزنىڭ ئەسىرىڭىز بىرەر ئادەمنى ھاياجانلاندۇرالىسا، ئويغىتالىسا، يىغلىتالىسا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

## بۆركۈت ۋە توخۇ

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن، بىزدە ھەر خىل مەتبۇئاتلار، نەشر ئەپ-كارلىرى كۆپەيدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا قەلەمكەشلەر قوشۇنىمۇ شىددەت بىلەن زورايدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بىر قىسىم قەلەمكەشلەر ئەسەر ئىشلەپچىقىرىدىغان «زاۋۇت» قا ئايلىنىپ، كېچىلەپ ئۇخلىماي ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى چوڭ ـ كىچىك مەتبۇئاتلارغا «سېتىش» قا باشلىدى. بۇ خىل قەلەمكەشلەر قەلەم ھەققىنى ئويلىدىمۇ ياكى ئوقۇر-مەنلەر ئىسمىمىزنى بىر مەزگىل ئۇچرىتالمىسا بىزنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدىمۇ (ئەمەلىيەتتە مۇشۇ خىل قاراشتىنلا بۇ قەلەمكەشنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بو-لىدۇ)، مەيلى مەركىزىي مەتبۇئات بولسۇن، مەيلى يەرلىك مەتبۇئات بول-سۇن ۋە مەيلى كىچىك كەسپىي گېزىتلەر بولسۇن، ھەممىسىدىلا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇچراتقىلى بولىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە، «زاۋۇت» قا بولغان بې-سىم ئېشىپ كەتكەچكە، ھەددىدىن ئارتۇق «مەھسۇلات» ئىشلەپچىقىرىل-غاچقا، بىر قىسىم سۈپەتسىز «مەھسۇلات» لارمۇ بازارغا سېلىنىپ قالدى. ئىزچىل سۈپەتلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان تەقدىردىمۇ، ھەممىلا جايدا ئىسمىنى چېلىقتۇرۇۋېرىش ئوقۇرمەنلەردە باشقىچە تەسىرات پەيدا قىلدى. ئەسەر مەيلى قانداقلا مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ياخشى بولسىلا ئۆز قىممىتىنى تېپىۋېرىدۇ، كىشىلەر يەنە ئىزدەپ، سوراپ يۈرۈپ بۇ ئەسەرنى تېپىپ ئوقۇيدۇ. لېكىن، بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلار ياخ-شىراق ئەسەرلىرىنى چوڭراق مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىپ، ئادەتتىكىچە ئەسەر-

لەرنى كىچىكرەك مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىپ، ھېچقانداق ئەسەرنى ئۆلتۈرۈپ قويمايدىغان، چوڭ - كىچىك دېمەي ھەممىسىنى ھاپ ئېتىدىغان يامان ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەر قەلبىدىكى ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. مەن بۇ جەھەتتە مۇنداق بىر نەرسىنى دېگۈم كەلدى: بۆركۈت بىر يىلدا پەقەت ئۈچ دانىلا تۇخۇم تۇغىدىكەن. ئۇ بۇ تۇخۇملارنىڭ ئارىسىدىكى كىچىكرەك، ھاياتىي كۈچى سۇسراق بىرىنى ئۆزى چوقۇپ چېقىۋېتىدىكەن. قالغان ئىككى تۇخۇمنى باستۇرۇپ چۆجە چىققاندىن كېيىن ئاجىزراق بىرىنى ئۆزى چوقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. ئاخىرىدا قالغان ساغلام، تېمەن چۆجىنى بولسا قاتتىق پەرۋىش قىلىدىكەن. بۇ چۆجە ئاخىرى باتۇر بۆركۈت بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىكەن. توخۇچۇ؟ تۇخۇ يىلىغا يۈزلەپ تۇخۇم تۇغۇپ، نەچچە ئونلاپ چۆجە چىقىرىدىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ يېتىشتۈرگىنى پەقەت توخۇلا بولىدىكەن.

دېمەك، بىزدىمۇ بۆركۈت روھى، ئۆزىمىزنىڭ ئاجىز، ئىمجان ئەسەرلىرىمىزنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرقىپ تاشلاپ، ئەڭ ياخشىسىنى پەرۋىش قىلىپ تاللاپ ئاللايدىغان قاتتىق قول، مەسئۇلىيەتچان روھ بولۇشى كېرەك. شۇندىلا بىزنىڭ ئەسىرىمىز توخۇ ئەمەس، بەلكى بۆركۈت بولۇپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە چىن مەنىدىكى ئىجادىيەت ئانىنىڭ پەرزەنتىنى يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ، تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقىنىغا ئوخشايدۇ. ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇزۇن مۇددەت مۇلاھىزە قىلىش، كاللىدا پىشۇرۇش، يېزىش، قايتا - قايتا تۈزىتىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، مەتبۇئاتقا ئەۋەتىش جەريانلىرى ئانىنىڭ ھامىلدار بولۇش، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈش، تولغاق ئازابى ئىچىدە يەڭگىش، بالىنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈش جەريانلىرىغا تەققاسلىنىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئەسەر ساناقلىق ھالدىكى ئىنسان بالىسىغا ئوخشاش ئۆزگە خاس قەدىر - قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. توخۇ تۇخۇمىغا ئوخشاش ھېچقانداق جەبىرسىز، كۈندە تۇغۇلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئۆمرى پەقەت سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكچىلىكلا بولىدۇ.

ئەسەرنى كۆپ ئېلان قىلىش ھەرگىزمۇ يازغۇچىنىڭ قۇدرىتى، شۆھرىتى، ھۆرمىتىنى بەلگىلىمەيدۇ. گەپ ئەسەرنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىدا. سىز نەچچە ئون پارچە، يۈز پارچە ئەسەر يېزىشقا كەتكەن كۈچىڭىزنى بىر پارچە ئەسەرگە سەرپ قىلىڭ. شۇندىلا، خەلق مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمىغۇدەك نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايسىز. شۇندىلا ئىسمىڭىز مەتبۇئاتلاردىن نەچچە يىللاپ غايىب بولسىمۇ، خەلق يەنىلا سىزنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ نېگىزلىك مەسىلە — ئىجادىيەتكە بولغان

مەسئۇلىيەتچان، سالماق پوزىتسىيىدە، يۈكسەك بۇرچ تۇيغۇسىدا.

## نامۇۋاپىق بىلەرمەنلىك

مەن مۇخبىرلىق قىلىش، يېزىلارنى ئارىلاش جەريانىدا، بىر قىسىم دېھقانلىرىمىزنىڭ، ياشلىرىمىزنىڭ بىزنىڭ ھۆرمەتلىك يازغۇچى، شائىر - لىرىمىزنىڭ نامىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەپ يۈ - رۈپ ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئۆز تەۋەسىدىكى تونۇلغان قەلەمكەشلەرنىڭ ئىس - مىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىپتىخارلاندىم. بۇ ياشلارنىڭ ئىزدىنىش، ئەدەبىياتنى سۆيۈش روھىدىن سۆيۈندۈم. لېكىن، قىسمەن ئەھۋاللاردىن كۆڭلۈم غەشلىككە تولدى.

تۆۋەندە — ناھىيە، يېزىلاردا بىر قىسىم ھەۋەسكار ياشلار بار بولۇپ، ئۇلاردا ئەدەبىياتقا، ئەدەبىيات ئەھلىگە ئوتتەك قىزىقىش. پاكىز ئېتىقاد بار ئىكەن ھەم ئۇلار ئەدەبىيات سورۇنىنى سورلۇك ئورۇندا ئوخشاش سىر - لىق، غايىۋى، مۇقەددەس دەپ بىلىدىكەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ تاق لىنىيىلىك تۇرمۇشى ئۇلارغا ئەدەبىيات پېشىۋالىرى بىلەن ئۇچرىشىش، ئەدەبىي سو - رۇنلارغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتى بەرمىگەچكە. توختام سۇدەك ھاياتىدىن ئىچى پۇشىدىكەن. مەلۇم پۇرسەتلەر بىلەن بىرەر كورسقا قاتنىشىش، بە - رەر ئەدىب بىلەن ئۇچرىشىش شەرىپىگە ئېرىشسە. ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغى - نى ھەقىقىي ئەدەبىيات مەسىلىلىرى بولماستىن. بەلكى ئەدەبىيات سورۇ - نىدىكى ھەر خىل زىددىيەت، كورەشلەر، يازغۇچى. شائىرلار. قەلەمكەشلەر - نىڭ شەخسىي مەسىلىلىرى بولىدىكەن. ئۇلار ئەدەبىيات مەسىلىلىرىدىن كۆرە مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە دىققەت. ئېتىبارىنى بەكرەك مەركەزلەشتۈ - رىدىكەن. ئۇلار يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن. مەھەللىداشلىرىغا يۇقىرىدىكى ئاڭلىغان، بىلگەنلىرىنى مەغرۇرلۇق ۋە پەخىرلىنىش بىلەن سۆزلەپ بې - رىدىكەن. ئۇلار بۇنى ئەدەبىياتتىن خەۋەردار بولغانلىق. ئەدەبىيات ئەھلى بىلەن ئارىلاشقانلىق دەپ بىلىدىكەن ۋە ئۆزىنىڭ بۇ خىل بىلىمىدىن پە - خىرلىنىدىكەن.

بۇ خىلدىكى بىر قىسىم ياشلار مەخسۇس قەلەمكەشلەرنى ئىزدەپ يۈ - رۈپ، مۇشۇنداق ئىشلارنى تىڭ - تىڭلايدىكەن. گەپ توشۇيدىكەن. بۇ خىل گەپلەر تۆۋەنگە بارغانچە نەچچە دومىلاپ، شاخلىنىپ شۇنداق ھالەتكە يې - تىدىكەنكى، مەلۇم قەلەمكەشنىڭ ئىستىلىنىڭ قانداقلىقى، مەلۇم ئەسە - رىنىڭ قانداق مەقسەتتە يېزىلغانلىقى. قەلىمىنىڭ قانداق ئائىلىۋى مۇد -

دىئادا تەۋرىگەنلىكى، ھەر بىر قەدىمىنىڭ نېمە سەۋەب بىلەن بېسىلغانلىقى قاتارلىقلار ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە مۇبالىغىلىشىدىكەن. بۇ گەپلەر ئاخىرى شۇ كىشىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، مەزكۇر قەلەمكەش ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، ئۆزى ھەققىدە كىملەرنىڭ گەپ توشۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيلا قالىدىكەن.

دۇنيادا مۇكەممەل شەيئى بولمايدۇ. يازغۇچى. شائىرلارمۇ قەلەم ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە ھېسسىياتلىق ئادەمدۇر. شۇڭا، ئۇلاردىمۇ باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش يا ئۇنداق، يا مۇنداق نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بۇ يەردە بىزنىڭ نەزىرىمىزنى تارتىدىغىنى ئۇنىڭ ئەيىبلىرى ياكى شەخسىي مەسىلىلىرى بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي قەلەم ساھىبىغا خاس غۇرۇرى، پاكىز ئەقىدىسى، دەۋر ئالدىدىكى ۋىجدانى بولۇشى، خەلققە بەرگەن مەنپەئىتى، تەقدىم قىلغان مەنىۋى مەھسۇلاتى بولۇشى كېرەك. تارىخىمىزدىكى كۆپلىگەن مەشھۇر كىشىلىرىمىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى بىلەن بىللە تارىخ سەھنىسىدە نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇغۇ!

ھەۋەسكارلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزى تىلغا ئېلىۋاتقان يازغۇچى، شائىرلار، قەلەمكەشلەر بىلەن ھېچقانداق زىددىيىتى، ئۆچمەنلىكى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ تونۇشلۇقىمۇ يوق، تېخى ئۇلار بۇ كىشىلەرنى ئۇچرىتىپ قالسا ناھايىتى قەدىرلەپ پايپېتەك بولىدۇ. ئۇلار پەقەت بېكىك ھالدىكى ياشاش شەكلى، بىر قەدەر تۆۋەن بولغان تەربىيىلىنىش ساپاسى ۋە بىر خىل مۇرەككەپ قىزىقىش، روھىي غالىبىيەتچىلىككە ياتىدىغان مەنىۋى ھالەت سەۋەبىدىن ئۆزىمۇ بىلىپ ـ بىلمەي، كەلسە ـ كەلمەس باھا بېرىپ قويىدۇ. شۇڭا، بۇ خىلدىكى ياشلار كۆپرەك زېھنىنى ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىشكە، ئىجادىيەتكە قارىتىشى، تۈكى يوق گەپلەرگە گول بولۇپ، ۋاقتىنى، ئىقتىسادىنى ئىسراپ قىلماي، ھەربىر ئۇچرىشىش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىنى، بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

1999 ـ يىلى ئۆكتەبىر، تۇرپاندا يېزىلدى.



# «ئالتۇن» لارنى بۇلاپ كەتتى رېستوران

«ۋاقىت ــــ ئالتۇندىن قىممەت» دېگەن سۆز بار. دەۋر چاقى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان، رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمى تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە تېزلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ۋاقىتنى ئالتۇندىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشقا بولىدۇ. ئادەمنىڭ زېھنىي كۈچىنى ئادەمنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار ئىچىدىكى ئالتۇن دېيىشكە، ھەتتا ئالتۇندىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشقا ھەقلىقمىز. «تەن ساقلىق زور بايلىق» دېگەن ماقال بار، شۇڭا ساغلاملىقنىڭ ئۆزىمۇ بىباھا ئالتۇندۇر. دېمەك، ئادەمدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قىممەتلىك، باھاسىنى ھېچنەرسىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان، قولدىن چىقىپ كەتسە مەڭگۈ ئورنىغا كەلمەيدىغان «ئالتۇن» لارنى بىر خىل جەلپكار نەرسە ئۈن ـ تىنسىز، ئۈزلۈكسىز، ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن بۇلاپ كەتمەكتە. ئۇ دەل رېستوران.

«رېستوران» ئاتلىق بۇ شەيئىنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق شەكىلدە پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. قىسقىسى، ئۇ رايونىمىزدا پەيدا بولۇشى بىلەنلا يېڭى شەيئىلەرنى، بولۇپمۇ بىزنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلىمىزگە، ئەخلاقىمىزغا، ساغلام ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزگە يات بولغان شەيئىلەرنى شۇنچە تېز قوبۇل قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇۋالىدىغان «يېڭىلىقپەرۋەر» ئادىتىمىز بويىچە، رېستورانىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچىلا تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇردۇق. مانا ھازىر قاراپ باقايلى، شەھەر، بازارلىرىمىزدا، ھەتتا يېزىلىرىمىزغىچە كىشىلەر پائالىيەت قىلىدىغان كۆندىلىك سورۇنلاردىن قايسى ئورۇن ھەممىدىن كۆپ دېسە، رېستوران دەپ جاۋاب بېرىمىز. نەدە ئادەم كۆپ؟ رېستوراندا؛ قەيەر ھەممىدىن قايناق؟ رېستوران؛ ئويۇن ـ تاماشا، كۈلكە ـ چاقچاق قەيەردە ھەممىدىن قىزىيدۇ؟ رېستوراندا؛ پۇل قەيەردە ھەممىدىن كۆپ خەجلىنىدۇ؟ رېستوراندا؛

ئىسراپچىلىق، سۆلەتۋازلىق، شۆھرەتۋازلىق، ئىشرەتۋازلىق ھەممىدىن قە-يەردە ئېغىر؟ رېستوراندا؛ ئادەم قەيەردە مايمۇنغا ئايلىنىدۇ؟ رېستوراندا. يەنە نۇرغۇن يېڭى - يېڭى، ئاجايىپ - غارايىپ، تىلغا ئېلىشقا خىجىل بو-لىدىغان ئىشلار رېستوراندا يۈز بېرىدۇ...

خوش، ئۇنداقتا كۆندىلىك مەنىۋى پائالىيىتىمىزنىڭ ئاساسىي قىسمى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان، بىزنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇۋاتقان رېستوراننىڭ بىز-گە ئاتا قىلغان «سوۋغا» لىرى نېمە بولدى؟ سېمىزلىك، خامۇشلۇق، ئۇيۇ-قۇسىزلىق، يۇقىرى قان بېسىمى، قاندىكى مايىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، قان تومۇر قېتىشىش، ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىش قاتارلىق كېسەللەر، ھاراق، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىش، خىزمەت خۇشياقماسلىق، كەسپتە چېكىن-نىش، خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇش، زېھنىي قۇۋۋەتتى ئاجىزلاش قاتارلىق ئىللەتلەر، غايەت زور دەرىجىدىكى پۇل، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى قاتارلىقلار-دىن ئىبارەت.

ئويلاپ باقسام بىز كۆپىنچە ھاللاردا رېستورانغا شۆھرەتپەرەسلىك نۇق-تىسىدىن كىرىدىكەنمىز. مەيلى ئۆزىمىز ئېتىراپ قىلايلى ياكى قىلمايلى، ئىچىمىزدە روزا تۇتساقمۇ، يۈزىمىزگە مەجبۇرىي كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ياڭ-چۇقلىرىمىزنىڭ بۇلۇڭلىرىغا تىقىۋەتكەن پۇللىرىمىزنى چىشىمىزنى چىشلەپ چىقىرىپ، مۇمكىن بولسىلا ئەڭ ھەشەمەتلىك رېستورانلارغا چا-پىمىز. رېستورانغا كىرگەندىن كېيىن يانچۇقىمىزدىن چىقىپ كەتكەن پۇلنىڭ ئاچچىقى قەلبىمىزنى ئۆرتەپ تۇرسىمۇ، بىمەززە كۈلكىلەرگە جۆر بولۇپ، ئۆزىمىزنى قەستەن خۇشال - خۇرام، چاقچاقچى كۆرسىتىمىز. ھەشەمەتلىك ئۈستەللەردە غادىيىشىپ ئولتۇرۇپ، تىزىلىپ كەتكەن قورۇ-مىلاردىن نەپسىمىز تاقىلداپ كەتسىمۇ، ئۆزىمىزنى مەدەنىي كۆرسىتىپ، ياساپ، تۈزەپ بىرەر چوكا يەپ قويىمىز. ئەتراپتىكى ئۈستەللەرگە مەغرۇر بېقىپ، تونۇش - بىلىشلەر بىلەن سالاپەت بىلەن كۆرۈشۈپ، «ئاخشاملا ئولتۇرغانتۇق، ئاغىنىلەر يەنە مېھمانغا چاقىرىپتىكەن، ئامالسىز كەلدىم» دەپ قويىمىز. ئاچ قورساققا بىر - ئىككى رومكا كىرگەندىن كېيىنلا ئاۋۋالقى پېتىمىزدىن چۈشۈپ، قورۇمىلارنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلايمىز، يېنىمىزدىكىلەرنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، كۆڭۈل چۈشەندۈ-رىمىز. بىرەر ئايالنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، قۇلىقىغا مەدھىيە سۆزلى-رىنى ياغدۇرۇۋېتىمىز. مۇزىكا باشلىنىشى بىلەنلا تانسىغا چۈشۈپ، مەيداندا ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپ، پىرقىراشقا باشلايمىز.

بىر تونۇشۇم بولىدىغان، ئۆزى ساياھەت شىركىتىدە ئىشلەيتتى. خىزمەت قولايلىقى سەۋەبىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ تونۇش - بىلىشلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇ سىرتتىن كەلگەن مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇش، ساياھەت نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈش، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش (بۇ خىزمەتلەرنىڭ داۋامى تەبىئىي ھالدا رېستوراندا ئاخىرلىشىدۇ)، ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ھەر خىل مەرىكە، چاي، مېھمان كۈتۈش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر ھەپتىلىك ۋاقتىنىڭ تۆت - بەش كۈنىنى رېستوراندا ئۆتكۈزەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇن - بالىلىرى بىلەنمۇ بىللە بولالماي، ئائىلە ئىللىقلىقىدىنمۇ بەھرىمەن بولالماي، دائىم خامۇش يۈرۈيدىغان، رېستورانلارغا كىرىشتىنمۇ خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالدى. رېستورانلاردا ئۇچرىغان تونۇش - بىلىشلىرى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ: «خىزمىتىڭنى مۇشۇ يەرگە يۆتكىۋالدىڭمۇ نېمە، بۇ رېستورانغا مۇئاۋىن دىرېكتور بولدۇڭمۇ قانداق؟» دەپ سورايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ماڭا ئۇچراپ قالسا ۋايساپ: «ھەي ئاداش، ئامال يوق، زادى ئامال يوق. بىر كۈنى ئۇ ئىش، بىر كۈنى بۇ ئىش، كۈندە رېستوراندىن بېرى كېلەلمەيۋاتىمەن، خوتۇن - بالىلىرىمنى تۈزۈك كۆرمىگىلىمۇ نەچچە ھەپتىلەر بولۇپ قالدى. مەن يېرىم كېچىدە كىرگەندە ئۇلار ئۇخلاپ قالىدۇ، ئەتىگەندە ۋاقىچە ئورنۇمدىن تۇرسام، ئۇلار ئىشقا ياكى مەكتەپكە كېتىدۇ، تۇرۇپ ئەرلىك مەسئۇلىيىتىمنىمۇ ئادا قىلالمايۋاتقىنىمدىن پۈچىلىنىپ كېتىمەن، يىراق بىر يەرلەرگە قېچىپ كېتىپ جىممىدە يېتىۋالسام، دەپ ئويلاپ كېتىمەن» دەيتتى. دېگەندەك ئۇنىڭغا «يېتىۋېلىش» قىممۇ پۇرسەت چىقىپتۇ: بىر كۈنى ئۇ شەھىرىمىزدىكى ئالىي رېستوراندا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇۋاتقاندا تۇيۇقسىز «دىرىڭگىدە» كەينىگە ئۇچۇپ چۈشۈپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. دەرھال دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتسە، ھەددىدىن ئارتۇق چارچىغان، ئىسپىرتتىن زەھەرلەنگەن دەپ بالنىستقا ئاپتۇ.

مانا بۇ بىزدەك «رېستوران» چىلارنىڭ تەقدىرى، بىز ھەممە ئىشقا مۇشۇنداق «ئامال يوق» دەيمىز. ئۆز - ئۆزىمىزگە كۆيۈنمىسەك، ھەممە ئىشقا، ھەممە ئادەمگە كۆڭۈلچەكلىك قىلساق، ئەلۋەتتە «ئامال يوق» بولىدۇ - دە! ئەمەلىيەتتە، «ئامال يوق» ئەمەس، بەلكى رېستوراندىن ئۆزىمىزنى تارتىشىمىزغا ھەقىقىي رايىمىز يوق. ئاغزىمىزدا ۋايساپ قويساقمۇ، يەنىلا رېستوراندىن، ھەشەمەتچىلىكتىن، ئويۇن - تاماشىدىن، داغۋازلىقتىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمەيمىز.

پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، ھەممە نەرسە يېڭىلىنىۋاتقان، ئەقىل رىقابىتى ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ۋاقىتنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكى ئاللىقاچان ئېتىراپ قىلىندى. لېكىن، شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، بىز بولساق ۋاقىتنى غازاڭدەك ئىسراپ قىلىمىز، ۋاقىتىمىزنى ئۆتكۈزەلمەي، توشقۇزالماي ئاۋارە بولىمىز. تەرەققىي قىلغان ئەللەردە خىزمەتچىلەر بەزى ۋاقىتلاردا تاماق يەيدىغانغىمۇ ۋاقىت يېتىشتۈرەلمەي، تراموايلاردا، يوللاردا كېتىۋېتىپ، خىزمەت ئورنىدا تەييار تاماقلارنى يەپ، خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، تازا ۋاقىت ئاجرىتالىسا تېز تاماقخانىلاردا ئاددىي، تېجەشلىك تاماقلىنىدىكەن. خىزمەت ۋاقتىدا قەتئىي باشقىلار بىلەن كۆرۈشمەيدىكەن، تېلېفون ئۇرۇشمايدىكەن، مېھمان قوبۇل قىلمايدىكەن. باشقىلارنى كۈتۈۋالماقچى بولسىمۇ ۋاقىتنى مىنۇت، سېكۇنت بويىچە ھېسابلاپ، ۋاقىتقا قەتئىي رىئايە قىلىدىكەن. بىز بولساقچۇ؟ رېستورانغا بىر كىرىۋالساق، سائەتنى كۈنگە، كۈننى ئايغا قەدەر ئۇلىۋېتىمىز. بۇ يەردە قىلىدىغان ئىشىمىز يەپ - ئىچىش، قۇرۇق پاراڭ سېلىشىش، ئىسراپچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، رېستوراندا ۋاقىتىمىز شۇنداق تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز رېستوراندا ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا دۇنيادا نەچچە ئونلىغان يېڭى تېخنىكىنىڭ ئىختىرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر قىسمىنىڭ ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئەمەلدىن قېلىۋاتقانلىقىنى، نەچچە مىليونلىغان كىشىنىڭ ۋاقىتنى يېتىشتۈرەلمەي، ئالدىراشلىق ئىچىدە ھاياتلىق ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايمىز. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە پەقەت ۋاقىتلا ئۆزىمىز ئىگىدارچىلىق قىلالايدىغان، خالىغانچە خەجلىيەلەيدىغان بىباھا بايلىق. شۇڭا، بىز ۋاقىتقا بولغان خوجايىنلىق ھوقۇقىمىزنى خالىغانچە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، «ۋاقىت دېگەن كۆپقۇ» دەپ قويۇپ، باشقىلار ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك بولغان ۋاقىتنى ئەڭ قەدىرسىز نەرسە قاتارىدا كۆرۈپ، خالىغانچە ئىسراپ قىلىمىز.

رېستوراندا بولاڭ - تالاڭغا ئۇچراۋاتقان پۇل، زېھنى، تەن سالامەتلىكىمىز ھەققىدە كۆپ سۆزلىمىسەممۇ ھەممىمىزگە ئايان: دۇمبىمىز ئەمدى ئاپتاپ كۆرۈپ، مائاشلىرىمىزمۇ ئۆسۈپ، ئەمدى بىر ئاز پۇل ئېشىنچا قىلايلى دېۋىدۇق، ئۆسۈۋاتقان مائاشقا ماس ھالدا ھەر خىل مەرىكە، چاي، تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈش، مېھمان كۈتۈش قاتارلىق قائىدە - يوسۇنلارمۇ بارغانچە كۆپىيىپ (بۇنىڭغىمۇ ئۆزىمىز سەۋەبچى بولۇۋاتىمىز) ھەم باھاسىمۇ ئۆسۈپ، مائاشىمىزنىڭ ئۈچتىن بىرى، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكى

مۇشۇنداق ھەشەمەت، ئۆز - ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىش مەركىزلىرى ئۇچۇن رېستورانلاردا خەجلىنىپ تۈگەۋاتىدۇ. رېستوراندا بىر كۈن كېچىلەپ ئويناپ قويساق نەچچە كۈنگىچە خۇدىمىزنى بىلمەي، ھارغىن، خامۇش ھالدا يۈرىمىز. بۇ ئىش بىر نەچچە قېتىم تەكرار بولۇپ كەتسە، بىر نەچچە ئايغىچە ئېسىمىزگە كېلەلمەيمىز. زېھنىمىز ئاجىزلاپ، ئېغىر ھاردۇق يېتىپ، خىزمەت خۇشياقمايدىغان، دائىم روھسىز يۈرىدىغان بولۇپ قالىمىز. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ بىلەن تەن سالامەتلىكىمىز، ئەقلىي قۇۋۋىتىمىز، روھىي ھالىتىمىز، تەپەككۇرىمىز، يېڭىلىق يارىتىش روھىمىز ۋە يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلىرىمىز ئېغىر خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ.

مانا، ھەر كۈنى ناغرا - سۇنايلار چېلىنىپ، قىزىل لېنتىلار كېسىلىپ، يېڭىدىن - يېڭى رېستورانلارنىڭ ئېچىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايمەن. تېلېۋىزورلاردا قايتا - قايتا بېرىلىۋاتقان رېستورانلارنىڭ مېھمان چاقىرىش ئېلانلىرىنى كۆرىمەن. يېڭىدىن ئېچىلىۋاتقان كىتابخانا، كۇتۇپخانىلار ھەققىدىكى بىرەرمۇ ئۇچۇرنى ئىشىتمەيمەن. ھەيرانمەن: بىز خۇددى قاچان ئۆلىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر يۈرىدىغان قوي پادىلىرىدەك قىستىلىشىپ، دۇپۇرلىشىپ، رېستورانلاردىن بېرى كېلەلمەيۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە، ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئەقەللىي مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن قورساق توقلاش — ئىنساندىكى ئەڭ ئەقەللىي ھايۋانىي خۇسۇسىيەت بولۇپ، مۇشۇ ھايۋانىي خۇسۇسىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن «جەۋھەر» لىرىمىزنى قۇربان قىلىۋاتىمىز. ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن بىلىم بىلەن قوراللىنىش — ئىنساندىكى ئەڭ ئالىي ئادىمىي خۇسۇسىيەت بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن كىتابخانىلار قۇچاق ئېچىۋاتقان، كۇتۇپخانىلار ھەقسىز خىزمەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەرەپلەرگە بېسىلىۋاتقان قەدەملىرىمىز ناھايىتى ئاز بولۇۋاتىدۇ. ھايۋانىيلىقنى ئالتۇنلارغا سېتىۋېلىۋاتىمىز يۇ، ئادەمىيلىككە ھەقسىز ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قېچىۋاتىمىز. ھەر قېتىم ئادەمسىز كۇتۇپخانىلارنى، قىرائەتخانىلارنى، توپا بېسىپ ياتقان كىتابلارنى كۆرگىنىمدە، رېستورانلاردىكى قىستىلىشىپ يۈرگەن ئادەملەرنى، بۇ يەردىكى قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرىنى كۆرگىنىمدە بۇ ئىككى ئورۇن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، ئىختىيارسىز ئىچىم ئاچچىققا تولىدۇ. ھەر ھالدا بىر ياخشى يۈزلىنىش — كىتاب سېتىۋالىدىغان، كىتابخانىلارغا كىرىدىغان كىشىلىرىمىز كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ. رېستورانلار بىلەن بىرگە يەنە تېز تاماقخانىلارمۇ (گەرچە بۇ تاماقخانىلارنىڭ نامىلا مۇشۇنداق بولسىمۇ) كۆپلەپ ئېچىلىۋا-

تىدۇ. بۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ تاماقا ئاجراتقان ۋاقتىنى، ئىقتىسادىنى، زېھنىنى قىسقارتىپ، ئىنسانىيلىق بەلگىسى بولغان بىلىمگە ئاجراتقان ۋاقتىنى، ئىقتىسادىنى، زېھنىنى كۆپەيتىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاخىرىدا شۇنى ئاگاھلاندۇرىمەنكى، بىز مەستانىلارچە مەپتۇن بولغان رېستوران بىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك «ئالتۇن» لارنى تۇيدۇرماي بۇلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر دەرھال ئۇيقۇمىزنى ئېچىپ، بۇ «شېرىن دۇشمەن» دىن ئۆزىمىزنى تارتمىساق، كەلگۈسى رىقابەت دېڭىزىدا بىزنى قىرغاققا يەتكۈزىدىغان پالاقتىن ئايرىلىپ قالىمىز!

1997 ـ يىلى، تۇرپاندا يېزىلدى.



①






## مۇقەددىمە

11 ـ نۆۋەتلىك «شىنجاڭ خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى تارقىتىش ۋە 7 ـ قېتىملىق يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە مېۋە ـ چېۋىلەر تۆكمە بولۇپ پىشىپ، ھەممە جاي ئەلۋەكچىلىككە تولغان، لاتاپەتلىك سەھرا قىزىدەك ياسانغان خوتەن شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. مەن «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «توغراققا ئايلانغان ئادەملەر» ناملىق ھېكايەمنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىنغا قاتنىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. خوتەن ۋىلايىتى بۇ يىغىنغا پۇختا، ئەتراپلىق، داغدۇغىلىق تەييارلىق قىلغان بولۇپ، تۆت كۈنلۈك يىغىن جەريانىدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن يىغىلغان بىر يۈز ئەللىكتىن ئارتۇق ئالىم، ئەدىب، يازغۇچى، شائىر، تەرجىمان، ژۇرنالىست، مۇھەررىر ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارغا ئىگە بولدى. جۈملىدىن مەنمۇ ئەھمىيەتلىك لېكسىيە، مۇنازىرىلەر، مەنىلىك سەيلە ـ ساياھەتلەر، كۆڭۈللۈك مەشرەپ، باراۋەتلەرنىڭ ھارارىتىدىن

---

*ئايپتور خوتەندە ئابدۇرشات مۇساجان (مۇرات). ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران، ئەسقەر ياسىن، مۇھەممەتسالىھ مەتروزى، ئەكبەرنىياز پەتتارى، ئەنۋەر تاشتۆمۈر قاتارلىق ياش ئەدىبلەر بىلەن بىللە.*

چەكسىز ھاياجانغا چۆمۈپ، بۇ خاتىرىنى يېزىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

## سالام، شەھىدانە خوتەن

مەن ئولتۇرغان ئاپتوبۇس 19 ـ ئاۋغۇست سەھەر سائەت ئالتىلەر بىلەن خوتەن شەھىرىگە كىرىپ كەلدى. مېنى ئەڭ بۇرۇن جەلپ قىلغىنى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قويۇق ھەم ئېگىز ئۆسكەن، بىر قارىغان كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان رەت ـ رەت دەرەخلەر ۋە ئازادە، تۈپتۈز كەتكەن ئاسفالت يول بولدى. مەن يىغىن ئورنى بولغان خوتەن مېھمانخانىسىغا كېلىپ، ئەمدى ياتاققا ئورۇنلىشىپ تۇرۇشۇمغا كەينىمدىن ئېگىز بوي، گەۋدىلىك، كېلىشكەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ كىشى ئاتۇشتىن كەلگەن يازغۇچى نەسرۇللا ئابلەت ئىكەن. نەسرۇللا ئاكا بىلەن تونۇشۇپ بىردەمدىلا چىقىشىپ كەتتۇق.

سائەت توققۇزلار بىلەن يىغىننىڭ ساھىبخانى بولغان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدىكى خادىملار كېلىپ مېھمانلارنى تىزىملاپ، ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى. مەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى (ھازىر مۇئاۋىن باش مۇھەررىر)، يازغۇچى تۇرسۇنجان مۇھەممەتكە تىزىملىتىپ تۇرۇشۇمغا «كىروران» ژۇرنىلىدىكى ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، ئەسقەر ياسىنلار كىرىپ كەلدى، كەينىدىنلا «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىكى ئابدۇرېشىت بارات (ئويغاق) نىڭ باشچىلىقىدا تاھىرجان قاسىم، تۇرسۇن زومۇدۇن قاتارلىقلار كەلدى. بىز ياتاقلارغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن مەن خوتەندىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سىرتقا ماڭدىم.

مەن 1991 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن خوتەن ناھىيىسىنىڭ لوپ ناھىيىسىگە پراكتىكىغا كېلىپ، بۇ يەردە ئىككى ئايغا يېقىن تۇرغانىدىم. ھازىر خوتەن شەھىرىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، يوللار رەتلەنگەن، يېڭىدىن يېڭى بىنالار قەد كۆتۈرگەنىدى. كونا گۈلباغ، كىنو ـ تىياتىرخانىنىڭ ئالدى، شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئالدىدىكى تۆت كوچا قاتارلىقلار پۈتۈنلەي باشقىچە تۈسكە كىرگەن، شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئالدىدىكى تۆت كوچىغا ئورنىتىلغان دېھقان ھەيكىلى پۈتۈن خوتەن شەھىرىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشقانىدى. مەن بىر قولىدا كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ، بىر قولىدا كۆرەك جۇۋىسىنىڭ چىڭ سىقىمدىۋالغان، پۇتىغا قونچىلىق ئۆتۈك، بېشىغا ئۆرە تۇماق كى-

يېتىلغان، مەغرۇر، مەزمۇت قامىتى، جىددىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك چىقىپ تۇرغان چېھرى بىلەن بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالدىغا يۈزلىنىپ تۇرغان دېھقان ھەيكىلىگە ئۇزاق تىكىلىپ، بۇ ھەيكەلدىن ھەقىقي خوتەن دېھقانلىرىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولدۇم ۋە ھەيكەلتىراشقا، ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەھمەدكە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئېيتتىم. بۇ سېھىرلىك ھەيكەل مېنى چوڭقۇر خىياللارغا غەرق قىلدى.

مەن ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، بىز ئىككى ئايغا يېقىن جەمئىيەت پراكتىكىسى ۋە ئوقۇتۇش پراكتىكىسى قىلغان، كونا ئىزلىرىمىز قالغان جايلارنى زىيارەت قىلىش، بۇ جايدىكى ساۋاقداشلىرىمىزنى يوقلاش ئۈچۈن لوپ ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۇيغۇر قىزى ھەيدىگەن تاكسىنىڭ دېرىزىسىدىن يول بويىدىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلغاچ بىر دەمدىلا لوپ ناھىيىسىگە كىرىپ كەلدۇق. ناھىيە بازىرىغا كىرىپ، بۇ يەردىكى ئۆزگىرىشنىڭ تېخىمۇ زور ئىكەنلىكىنى، كەڭ ۋە رەتلىك كەتكەن يېڭىدىن يېڭى كوچىلار ئېلىنىپ، ئېگىز - ئېگىز بىنالارنىڭ سېلىنغانلىقىنى، ناھىيىنىڭ پۈتۈنلەي زامانىۋى شەھەر قىياپىتىگە كىرىپ، ئاۋاتلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدىم. ئىلگىرى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان بىرلا كوچىسى بولغان، كوچا بويلىرىدا يوغان سايىۋەنلەرنى ياسىۋالغان تىجارەتچىلەر بەس - بەستە خېرىدار چاقىرىشىپ، دوغاپ، لەڭپۇڭ، گۆشگىردە ساتىدىغان كىچىككىنە ناھىيە بازىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئىنچىكە كۆزىتىپ يۈرۈپ پەقەت ئىلگىرىكى خەلق كىنوخانىسىنىڭ، كۆتۈپخانىنىڭ، ناھىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئۆستەڭنىڭ، ئۆستەڭ بويىدىكى قاغجىرىغان سۆگەتلەرنىڭ ئۆز ئەينى تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە بۇلاردىن ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن قەدىناس دوستۇمنى كۆرگەندەك سۆيۈنۈپ كەتتىم. گەرچە لوپ ناھىيىسى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر قوچىقىدا يېڭىچە رەڭ تۈزىگەن بولسىمۇ، مېنىڭ قەلبىمدە بۇ بازارنىڭ ئون يىل بۇرۇنقى تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بىر كوچىسى، كېسەكتىن سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك دۇكانلار، ياماق سېلىنغان سايىۋەنلەر ئاستىدىكى گۆشگىردە ساتقۇچىلار، مەكتەپتىكى توپىلىق مەيدانلار مەڭگۈلۈك گۈزەل ئابىدە بولۇپ ساقلىنىپ قالغانىدى. مەن قەلبىمدىكى بىر ساماۋى ئوبراز بۇزۇلۇپ كەتكەندەك ئەپسۇسلۇق، مىسكىنلىك تۇيغۇسى ئىچىدە «بۇ يەرگە كەلمىگەن بولسام، لوپنىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازى ئۆز ئەينى ساقلىنىپ تۇرىۋەرگەن بولاتتى» دەپ ئويلاپ قالدىم ۋە ھاياجان ئىلكىدە ئۆزۈم بىر

ئايدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن قەدەم باستىم.

بىز مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، بىر ـ بىرىمىزگە باقماي، قىزىقىش ۋە ئىنتىزارلىق ئىلكىدە ھەممە تەرەپكە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتۇق. مەكتەپمۇ كۆپ ئۆزگەرگەن بولۇپ، يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى سېلىنغان، ئىلگىرىكى توپىلىق مەيدان قاتتىقلاشتۇرۇلغان، بىز ئىشلىگەن ئىشخانىلار، دەرس بەرگەن سىنىپلار كونىراپ، بىر چەتكە تاشلىنىپ قالغانىدى. بىللە كەلگەن ساۋاقداشلار بىلەن «خۇداغا شۈكۈر، ئىلگىرىكى سىنىپلار ھەر ھالدا چېقىلىپ كەتمەپتۇ» دېيىشىپ، ئالدىراش شۇ تەرەپكە ماڭدۇق ۋە بىر ـ بىرىمىزگە گەپ بەرمەي «مانا ماۋۇ مەن مەسئۇل بولغان سىنىپ»، «ماۋۇ بىز تاماق يەيدىغان ئاشخانا»، «ماۋۇ يىغىن زالى» دېيىشىپ كەتتۇق. سۆيۈملۈك سىنىپلىرىمىز كونىراپ، توپىلىرى سېرىلىپ، دەمچىيىپلا قالغان، ئىشىك، دېرىزىلىرىگە تاختايلار مىخلىنىپ، ئۆمۈچۈكلەر تور تارتىپ، غېرىبانە ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. بۇرۇنلىرىم ئىختىيارسىز ئېچىشىپ، كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. تۇيۇقسىزلا بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئاددىي كىيىنگەن، ئەمما چىرايىدىن ساددىلىق، قىزغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىم سىنىپلاردىن چۇرقۇرىشىپ چىقىپ كېلىدىغاندەك، ساۋاقداشلىرىم بىلەن خۇشال چاقچاقلارنى قىلىشىپ ئاشپىزىمىز موللاخۇن ئۇستامنىڭ لەغمىنىنى يېيىش ئۈچۈن تاماق قاچىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ، ئاشخانىغا ماڭىدىغاندەك تاتلىق تۇيغۇدا بولدۇم. بىراق، ئەتراپ جىمجىت، مۇھىت پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن، پەقەت مۆكۈنۈپ تۇرغان سىنىپلارلا بۇ يەرنىڭ ئون يىل بۇرۇنقى كەچمىشلىرىمىز قالغان جاي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. «شۇ جۇشقۇن، رومانتىك ۋە يارقىن ۋاقىتلارغا قايتقىلى بولسىچۇ كاشكى» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

بىز مەكتەپتىكى زىيارىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، پراكتىكا جەريانىدا ياتاق قىلىپ ياتقان ناھىيىلىك كۈتۈپخانىغا قاراپ ماڭدۇق. مىللىي پاسوندا، ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ، خېلى كۆركەم سېلىنغان كۈتۈپخانا ئەينى يىللىرى ناھىيە تەۋەسىدە ئەڭ زامانىۋى بىنا ھېسابلىناتتى. مانا ئەمدى ئۇ بىر ـ بىرىدىن ھەشەمەتلىك بىنالار قورشاۋىدا قىسىلىپ، مۆكۈنۈپ قاپتۇ. بىز ئالدىراش كۈتۈپخانا ئىشىكىدىن كىرىپ ئون توققۇز ئوغۇل ياتاق قىلغان ئۆدۆلدىكى چوڭ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدۇق. يۈرىكىم دۈپۈلدىگەن ھالدا گويا ئىشىكنى ئاچسىلا ساۋاقداشلىرىم گۇرۇلدەپ چىقىپ مېنى قورشىۋالىدىغاندەك، قارشى ئالىدىغاندەك تۇيغۇدا تۇتقۇچقا قول ئۇزات-

تىم... ئىشىك ئېچىلدى...

ئىشىكنى ئاچتىمىيۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئەينى ۋاقىتتا نەق بىز ياتقان كارىۋاتلارنىڭ ئورنىغا ئەمدى كىچىك - كىچىك كارىۋاتلار قويۇلغان بولۇپ، كارىۋاتلاردا ئون نەچچە مەسۇم بوۋاق ياتاتتى. مەسۇملەرنىڭ ئىككى تەربىيىچىسى بىزگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغانىدى. «ھازىر بۇ يەر يەسلى قىلىپ ئىشلىتىلىۋېتىپتۇ - دە»، بىز كۆلۈشكىنىمىزچە «لوپ ناھىيىسىدە ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپتۇ، تەرەققىي قىپتۇ، چوڭىيىپتۇ، بىراق، كۆتۈپخانىنى ياتاق قىلىپ ياتقان قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 88 - يىللىق 1 - سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كىچىكلەپ بوۋاق بولۇپ قاپتۇ» دېيىشتۇق ۋە 2 - قەۋەتتىكى قىزلار ياتىقىغا قاراپ ماڭدۇق. 17 قىز ياتقان بۇ ياتاقمۇ چوڭ بىر ئۆي بولۇپ، قۇلۇپلانغان ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىغىنىمىزدا ئۆيدە بىر نەچچە كونا پارتا، ئورۇندۇقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن رومانتىك ھەم پىنھان كەچۈرمىشلەرنى دېيىشىپ، بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن پەسكە چۈشتۇق.

ئەينى يىللىرى كەچلەردە كۆتۈپخانىنىڭ 1 - قەۋەت كارىدورىدا، پەلەمپەينىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇۋېلىپ (ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىزنى سىرتتا قالايمىقان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالمىسۇن دەپ، قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا ھەممىمىزنى كۆتۈپخانىغا ئەكىرىۋېتىپ، ئىشىكنى سىرتتىن قۇلۇپلىۋېتەتتى) گىتارغا جور بولۇپ، شۇ چاغلاردا مودا بولغان ئەكبەر قەھرىمان، مەردانلارنىڭ ناخشىلىرىنى پەس ئاۋازدا توۋلايتتۇق. ئۇزۇن كارىدور ئىچىدە ناخشا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ ئاجايىپ مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى. بىر - بىرىگە يۆلىنىشىپ ئولتۇرغان ساۋاقداشلارنىڭ بەزىلىرى ناخشىنىڭ تەسىرىدىن قەلبىدىكى مەخپىي ھىجران سىرلىرىنى يوشۇرۇپ قالالماي، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكەتتى... قەلبىم لەرزىگە كەلدى... قۇلىقىمدا:

«خوش دېدىڭ كېتەر چاغدا،
ياش ئەگىپ كۆزلىرىڭدىن.
لەۋ يېقىپ تۆككەن ياشىڭ،
سىرغىپ چۈشتى مەڭزىمدىن.»

دېگەن ناخشا جاراڭلىماقتا ئىدى. «ھوي، كىملەرنى سېغىنىپ قالدىڭ، بولدى ماڭايلى» ساۋاقداشلىرىمنىڭ تۈرتۈشىدىن ئېسىمگە كەلدىم، كارىدورنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغانىدىم...

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەر بىلەن خوتەن مېھمانخانىسىغا قايتىپ كەلسەم مېھمانخانىنىڭ كارىدورى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم، يازغۇچى، شائىر، مۇھەررىرلەر بىلەن، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار، قىزغىن چاقچاقلار بىلەن تولۇپتۇ. بىر - بىرلەپ يېتىپ كېلىشكەن مېھمانلار كارىدوردىلا توپ - توپ بولۇشۇپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. مەن پېشقەدەملەردىن ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، غازى ئەھمەد، شەرىپىدىن ئۆمەر، توختى سابىر، ئابدۇۋاھىت ئوسمان، تاھىر تالىپ، تۇرسۇن نىياز قاتارلىقلار، ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن مەمتىمىن ھوشۇر، ئوسمانجان ساۋۇت، مامۇت زايىت، ئىدرىس بارات، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم قاتارلىقلارغا ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئابدۇقادىر جالالىدىن، مامبەت تۇردى، يالقۇن روزى، ئەزىزى، ۋاھىتجان ئوسمان، مۇھەممەت سالىھ، ئابلىكىم ھەسەن، زامانىدىن پاكزاد قاتارلىقلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۈم. شۇ ئارىدا خوتەنلىك قەلەمكەشلەردىن مۇھەممەت كامال، ئابدۇرېشىت ئېلى، ئەخمەتجان تۇرۇپ، ئابلىكىم ئابلىمىت، ئابلەت ئەخمەت، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر قاتارلىقلار بىر جايدا يىغىلىپ تۇرۇپتىكەن، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، دوستانە كۆرۈشتۈم. بۇ قەلەمكەشلەر بىلەن بۇرۇن يۈزلەشمىگەن بولساقمۇ، مەتبۇئات يۈزىدە تونۇشقان، غايىۋى دوستلۇق ئورناتقانىدۇق.

## تەنتەنىلىك يىغىن

20 - ئاۋغۇست سەھەردە، مېھمانلار ئالىي دەرىجىلىك بەش ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ۋىلايەتلىك پارتكوم زالىدا ئېچىلىدىغان يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بۇ ئاپتوبۇسلارنى خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچىلار باش ئۆچاستىكىسى تۆت كۈنلۈك يىغىن ئۈچۈن مەخسۇس ئاجراتقان بولۇپ، ھەر بىر ئاپتوبۇستا مىللىي پاسوندا چىرايلىق كىيىنگەن بىردىن مۇلازىمەتچى يىگىت بار ئىدى، ئۇلار ياشانغان مېھمانلارنى يۆلەپ ئەپچىقىش، ئەپچۈشۈش، مېھمانلارنىڭ تولۇق چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. مېھمانلار يىغىن زالىغا كىرگەندە زال ئادەم بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ھەممە كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىن چاۋاك چېلىپ، مېھمانلارنى قارشى ئالدى. چاۋاك چالغاچ بىرگە ھۆرمەت، قىزىقىش ئىچىدە قاراۋاتقان، بىر - بىرىگە «ئاۋۇ ئالىم ئىمىن تۇرسۇنكەن، ماۋۇ يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇركەن» دەپ پى-

چىرىلىشىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ بىردىنلا پەخىرلىنىش ھېسسىياتقا چۆم-
دۈم. بويۇم يەنىمۇ ئۆسۈپ، قەددىم كېرىلىپ كېتىۋاتقاندەك، مەنمۇ مەش-
ھۇر كىشىلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم. يىغىنغا ئاپ-
تونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر، خوتەن ۋىلايەتلىك
پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جىڭچيەن، ۋالىي ئۆمەر ئابدۇللا، مۇئاۋىن ۋالىي
يالقۇن قادىر قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشقان بولۇپ، يىغىن ھەيۋەتلىك دۆ-
لەت شېئىرى ئېيتىش باشلاندى. كانۋا كۆڭلەك كىيگەن ئوغۇللار، ئەتلەس
كۆڭلەك كىيگەن قىزلاردىن تەشكىللەنگەن، قوللىرىدا قىپقىزىل گۈللەر-
نى كۆتۈرۈپ كىرگەن بىر توپ ئۆسمۈرلەر يىغىنغا ئاتاپ تەييارلانغان شې-
ئىرلارنى ياڭراق ئاۋازدا دېكلاماتسىيە قىلىپ، شېئىرلىرى ئارقىلىق ھەر
بىر يۇرتتىن كەلگەن مېھمانلارغا سالام يوللاپ، يىغىن كەيپىياتىنى دەس-
لەپتىلا جانلاندۇرۇۋەتتى. شۇ ئارىدا يىغىن مەيدانىدىكىلەر تۇيۇقسىز ئۆرۈ-
تۆپە بولۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى، قارىساق دۆلەت ئىشلىرى
كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەد كۈلۈمسىرىگىنىچە ھەممەيلەنگە سالام بې-
رىپ، ئىشىكتىن كىرىۋېتىپتۇ. يىغىن ئۆز تەرتىپى بويىچە داۋاملاشقاندىن
كېيىن شىنجاڭ بويىچە ئون ئىككى ژۇرنالدىن كۆرسىتىلىپ، «خانتەڭرى
ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن يىگىرمە يەتتە ئاپتورنىڭ ئەسىرى ئېلان
قىلىندى. ئاپتورلارنىڭ سەھنىگە چىقىپ مۇكاپات ئېلىشى ئۇقتۇرۇلغاندا
بىز «ئادەم بەك كۆپ بولغاندىكىن، ئىككىگە بۆلۈنۈپ چىقارمىز» دەپ ئول-
تۇرۇۋېرىپتىمىز، قارىساق سەھنىگە ھەممىسى چىقىپ بولۇپ، مەن، ئەك-
بەر نىياز پەتتارى، زاماندىن پاكزاد، قۇمۇلدىن كەلگەن ياقۇپ كېرەم قا-
تارلىق بىر نەچچەيلەنلا قاپتۇق. بىر چاغدا ئىسمىمىز تۇۋلىنىۋىدى،
پالاقلاپ سەھنىگە يۈگۈردۇق. سەھنىگە چىقسام، مېنىڭ شەرەپ گۇۋاھنا-
مەمنى مۇئاۋىن رەئىس مەمتىمىن زاكىر تۇتۇپ تۇرۇپتىكەن، ئۇ كىشى
ماڭا چاقچاق قىلدى:

— قارىغاندا مۇكاپاتنى ئاز كۆرۈۋاتقان ئوخشىمامسىز، چىققىڭىز كەل-
مەيدىغۇ؟

— يوقسۇ، بۇ مۇكاپاتنىڭ قىممىتىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بول-
مايدۇ، ھاياجانلىنىپ كېتىپ، سەھنىگە چىقىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، —
دەپ جاۋاب بەردىم مەنمۇ كۈلۈمسىرەپ. مۇكاپاتلانغانلارنىڭ ۋەكىلى شائىر
ئەزىزى سۆزلىگەندىن كېيىن يىغىن ئاخىرلىشىپ، خاتىرە سۈرەتكە چۈش-
تۇق.

## يېشىل كارىدور، بوستانلىق مەھەللەر

چۈشتىن كېيىن ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت قىلىش ئۈچۈن خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچە يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. مەن يىغىن جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، خوتەن ئورمان ئىنتايىن كۆپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى يۇقىرى ماكان بولۇپ، ناھىيە، يېزا يوللىرىنىڭ ھەممىسى ئېگىز - ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ قورشاۋىدا كۈمۈش لېنتىدەك پارقىراپ تۇرىدىكەن، يوللار ئاساسەن ئاسفالتلاشقان، قاتناش راۋان ئىكەن. مەھەللە، كەنتلەر ئارىسىدىكى، ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى يوللار پۈتۈنلەي ياغاچ باراڭ بىلەن ياسالغان ئۈزۈم كارىدورى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۈزۈندىن ئۈزۈنغا سوزۇلغان، رەت - رەت تۇتاشتۇرۇلۇپ ئۆزئارا كېسىشىپ ئۆتىدىغان، قويۇق باراڭلاردا ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بۇنداق كۆپ، ھەم ئۇزۇن ئۈزۈم كارىدورىنى كۆرۈپ، تۇرپاندىكى ئۈزۈم بارىڭىلىق بىر كوچىمىزنى داڭلاپ يۈرگەنلىكىمىزدىن ئۇيىلىپ قالدىم. مەھەللە يوللىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۈزۈم كارىدورى بولۇپ، ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن قولىڭىزنى چىقارسىڭىزلا بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئۈزۈۋالالايدىكەنسىز. ئۈزۈم بارىڭىنىڭ ئارقا تەرىپى تۆت - بەش مېتىر كەڭلىكتىكى ياڭاق ياكى ماتېرىيال دەرىخى بەلبېغى، ئۇنىڭ كەينى سالالاشتۇرۇلغان، ئوتتۇرىلىرىغا ئۈجمە دەرىخى (مېۋە بەرمەيدىغان، پىلە قۇرتى باقىدىغان ئۈجمە) تىكىلگەن كېۋەزلىكلەر، كۆممە قوناقلىقلار ئىكەن. ئېتىزلارنىڭ ھەممىسى ئورمان بىلەن قورشالغان بولغاچقا، كۆز يەتكۈسىز كەتكەن، شاھمات تاختىسىدەك ياپيېشىل ئېتىزلىقلار كىشىگە بىر خىل ئازادىلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدىكەن.

خوتەن يېزىلىرىدا دېھقان ئۆيلىرى كېسەك بىلەن ئەمەس، بەلكى ياغاچ ۋە لاي بىلەن سېلىنىدىكەن. ئالدى بىلەن ئۆي سېلىنىدىغان يەرگە يوغان لىملاردىن تۈۋرۈكلەر تىكىلىپ، ئۆينىڭ ئاساسىي جازىسى قۇراشتۇرۇلىدىكەن، ئاندىن كېيىن ئىشىك، دېرىزە ئورنى قويۇلغاندىن كېيىن، تام قىلىنىدىغان جايلارغا چەپراس ياغاچلار مىخلىنىپ، زەمبىل توقۇغاندەك چىۋىقلار ئارقىلىق تام توقۇلۇپ، ئۆي ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدىكەن. ئاندىن كېيىن ياغاچ ئۆينىڭ ئىچى ۋە تېشىغا لاي چاپلىنىپ، توقۇلغان ياغاچلار تامنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇلىدىكەن، بەزى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىدىن ياغاچلارنىڭ، چىۋىقلارنىڭ ئۇچلىرى چىقىپ تۇرىدىكەن. خوتەندە ئورماننىڭ كۆپ بولۇشى تەبىئىي ھالدا مۇشۇ خىل ئۆي سېلىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن

بولۇپ، بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ تېمى نېپىز بولسىمۇ، چىداملىق ئىكەن، تاملارغا لاي ھەم چاپلانغاچقا يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق بولىدىكەن. ئۆيلەرنىڭ سىرتى كۆرۈمسىز بولسىمۇ ئىچىگە ھەرخىل ياغاچ، لاي نەقىش-لەرنى ئىشلەپ چىرايلىق بېزەيدىكەن. يەنە بىر ئالاھىدىلىكى — ئۆيلەر سەل ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ سېلىنىپ، ھەممە ئائىلىنىڭ ئالدى - كەينىگە بىر نەچچە خىل مېۋە تۈرى بولغان باغ - ھويلا قىلىنىدىكەن. ئۆيلەرنىڭ ئالدى ئۈزۈم، كاۋا، قاپاق، نوغۇچ ۋە ھەر خىل گۈللەرنىڭ بارىگى بىلەن قورشىلىپ، ھويلىلارنىڭ ئىشىكلىرى يايپېشىل باراڭلارنىڭ ئارىسىدا ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ھەر بىر ھويلا خۇددى يايپېشىل ئوت - چۆپ-لەر بېسىلغان، شوتىسى ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان ھارۋىغىلا ئوخشايدىكەن. مەن خۇددى تىزىلغان ئەسكەرلەردەك رەت - رەت كەتكەن ئورمانلارغا مەستلىكىم كېلىپ، بۇ ھەقتە يېنىمدا ئولتۇرغان شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-تىنىڭ مۇھەررىرى مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەتتىن سورىدىم. ئۇ:

— خوتەننىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن ئېيتقاندا، تۇپرىقى قۇمساڭغۇ. سۇ قىس، قۇم - بوران ئاپىتى كۆپ بولغاچقا، تارىختىن بۇيان خوتەن خەلقى ئورمان ئەھيا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئادەتتە بىرەر ئائىلىلىك كىشى ئۆي سالماقچى بولسىمۇ، ئالدى بىلەن ئۆي سالىدىغان جايغا ئورمان تىكىپ، ئەتراپىنى ئورمان بىلەن قورشايدۇ. تىكىلگەن كۆ-چەتلەر ئەي بولۇپ، رەسمىي ئورمان ھالىتىگە كىرگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆي سېلىپ كۆچۈپ كىرىدۇ. بىر تۈپ دەرەخ كەسسە ئون تۈپ كۆچەت تىكىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. مەن خوتەن خەلقىنىڭ ئورماننى قەدىرلەش روھىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. نەگىلا بارسىڭىز ھەر خىل مېۋىلىك دە-رەخلەرگە، رەتلىك ئورمانلارغا ئورالغان خوتەن گويا ماكا جەننەتنىڭ تىم-سالىنى ھېس قىلدۇردى. تۇرپاندىكى «شەھەر قىياپىتىنى ياخشىلايمىز» دەپ بۇ يىل تىكىلگىنى كېلەر يىلى كېسىلىۋاتقان ئورمانلار، سايە چۈ-شۈرگىدەك دەرەخ بولمىغاچقا ئاپتاپتا قاقلىنىپ ياتقان يالىڭاچ كوچىلار ئېسىمگە كېلىپ، قاتتىق ئەپسۇسلۇققا چۆكتۈم.

## سۈزۈك سۇ ۋە ئىككى دەرەخ پادىشاھى

باغچە يېزىسىدا يەتتە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى بار. بۇ ياڭاق پادىشاھىنى قوغداش ئۈچۈن ئەتراپىغا تام سېلىنىپ، باشقا مېۋە كۆچەتلىرىمۇ قويۇلۇپ، باغ بىنا قىلىنغان ئىكەن. «پادىشاھ» دەل

باغنىڭ شىمال تەرەپ مەركىزىدە بولۇپ، ئالتە ـ يەتتە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمىگۈدەك يوغان غولى، ئاسمان ـ پەلەككە تاقىشىپ، بىر ەر مودەك يەرگە سايە تاشلاپ تۇرغان، ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن شاخلىرى ئىنتايىن ھەيۋەت كۆرۈنىدىكەن. ياڭاق دەرىخىنىڭ ئەتراپى رىشاتكىلىنىپ، ياغاچتىن رىشاتكىنى بويلاپ كۆرۈش سۇپىسى ياسالغان، ياڭاق دەرىخىنىڭ غوللىرى كاۋاك بولۇپ كەتكەن، يىللار ئىزنالىرىدىن بۇدۇر ـچوقۇرلىشىپ، پورلىشىپ كەتكەن ئىكەن.

— ھەقىقەتەن پادىشاھ دېيىشكە ئەرزىگۈدەك ھەيۋەت ھەم يېشى چوڭ ئىكەن، — دېدى بىرەيلەن.

— بىراق، پادشاھنىڭ قورسىقى كاۋاك بولىدىكىنا، — دېدى ئابدۇرېشىت بارات دەرھال چاقچاق قىلىپ.

ماشىنىلار بۇ يەردىن قوزغىلىپ، بوزاق يېزىسىغا كىرىپ، سۇ ئۆزگەرتىش خاتىرە مۇنارىغا كەلدى. خوتەن ۋىلايىتى يېزىلىرىدا تارىختىن بۇيان سۇ قىس، بولۇپمۇ ئېچىملىك سۇ قىس بولۇش ھالىتى داۋاملىشىپ كەلگەن بولغاچقا، ئىلگىرى جاپاكەش دېھقانلار قەرەلسىز كېلىدىغان ئۆستەڭ سۈيىنى ئۆز مەھەللىلىرىدىكى كىچىك كۆلچەكلەرگە قاچىلىۋېلىپ، مۇشۇ سۇنى كۆنلەپ، ئايلاپ ئىچەتتى. بۇ سۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سېسىپ، قۇرتلاپ ئادەم كۆرگۈسىز ھالەتكە كېلەتتى. لېكىن، ھاياتلىقنى قامداش ئېھتىياجىدىن بىچارە دېھقانلار بۇ سۇنى داكىدىن ئۆتكۈزۈپ، قايتا ـ قايتا قاينىتىپ يەنىلا ئىچىشكە مەجبۇر بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلىگە ئوخشاش ھەر خىل كېسەللىكلەر ئەۋج ئېلىپ، ھەتتا ئاپەتكە ئايلىنىپ، نۇرغۇن كىشىنىڭ ئۆلۈشى، بوۋاقلارنىڭ مېيىپ، ئەقلى كەمتۈك تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولاتتى. 1995 ـ يىلى شىنجاڭغا خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشكە كەلگەن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن خوتەنگە كېلىپ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن، قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلغان ۋە دەرھال مەملىكەت بويىچە ھەر ساھەنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئوتتۇز مىليون يۈەن ئىئانە توپلاپ، بوزاق يېزىسىنىڭ سۇ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خوتەن ناھىيىسى خەلقىنىڭ كۆل سۈيى ئىچىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلىپ، پاكىز تۇرۇبا سۈيى ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

بۇ يەردە 1991 ـ يىلى لوپ ناھىيىسىگە پراكتىكىغا چۈشكەن ۋاقتىمدىكى بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بىز لوپ ناھىيىسىگە بارغاندىن

كېيىن دەسلەپتە ئون بەش كۈن جەمئىيەت پراكتىكىسى قىلىش ئۈچۈن سامپۇل يېزىسىغا چۈشتۇق. بۇ يەردىكى ياتىقىمىز سامپۇل ئوتتۇرا مەكتەپتە بولۇپ، كونىراپ كەتكەن بىر سىنىپنى ياتاق قىلىپ بەرگەنلىكىدىن، ئەتراپتىكى نامراتلىق چىقىپ تۇرغان مەنزىرىلەردىن روھىمىز چۈشۈپ ئولتۇرساق، بىر كىشى كىرىپ بىزنى ياتىقىمىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تۆت چاسا قىلىپ ئويۇلغان، ئەتراپىنى دەرەخلەر ئوراپ تۇرغان كىچىك بىر كۆلنىڭ يېنىغا باشلاپ چىقتى. كۆلنىڭ ئىچىدە ساپسېرىق لايلىنىپ، ئۈستىدە يوپۇرماقلار لەيلەپ تۇرغان لىق سۇ بولۇپ، ھېلىقى كىشى بىزگە: «سىلەرنىڭ ئىچىدىغان ئون بەش كۈنلۈك سۈيۈڭلارنى كۆلگە قاچىلاپ قويدۇق، ئىقتىساد قىلىپ ئىچەرسىلەر» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. بىز ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدۇق. كۆپىنچىمىز شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن، كىچىكىمىزدىن كارىز ياكى قۇدۇق سۈيى ئىچىپ چوڭ بولغان بولغاچقا، بۇ رېئاللىقنى زادىلا قوبۇل قىلالمىدۇق. «بۇ سۇنى قانداق ئىچكىلى بولىدۇ»، «بۇ سۇنى ئادەم تۇرماق ھايۋانلارمۇ ئىچمەيدىغۇ» دەپ غۇدۇرىشىپ، ياتاقلارغا كىرىپ كېتىشتۇق. لېكىن، بۇ يەردىكى ھەممە كىشىنىڭ كۆل سۈيى ئىچىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدۇق. شۇنداقتىمۇ تۇنجى قېتىم ئىچىشكە ھېچكىمنىڭ كۆڭلى بارماي، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ھاراقنى بولۇشىچە ئىچىپ، مەست بولۇپ، دەلدەڭشىگىنىمىزچە كۆلنىڭ بويىغا كەلدۇق ۋە كۆزلىرىمىزدىن تاراملاپ ياش تۆككىنىمىزچە، يەردە دۈم يېتىۋېلىپ، بېشىمىزنى تىقىپلا سۇنى غورتىلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدۇق. كېيىنچە، «بۇ يەردىكى دېھقانلىرىمىز تارىختىن بۇيان مۇشۇ سۇنى ئىچىپ كەپتۇ، بىزمۇ شۇلارغا ئوخشاشلا ئادەمغۇ، بىز ئىچسەك بولمامدىكەن» دېيىشىپ ئاستا ـ ئاستا بۇ خىل مۇھىتقىمۇ كۆنۈپ قالغاندۇق.

خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ، خاتىرە تاشنىڭ ئاستىغىلا كېلىپ قاپتىمەن. ئاسمانغا ئۇچماقچى بولۇپ تۇرغان تۆت قاناتلىق قۇشقا ئوخشاش ياسالغان بۇ خاتىرە تاشقا سۇ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن ئورۇنلار، شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى ئويۇلغان، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى خاتىرىلەنگەنىدى. بۇ خاتىرە تاشنىڭ ئەتراپىغىمۇ كىچىك ھويلا ياسىلىپ، بىر ئېغىز ئۆيگە بۇرۇنقى كۆل سۈيى ئىچىدىغان مەزگىلدىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى، سۇ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ جەريانى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەر ئېسىلغانىدى. باراڭلىق ھويلىدىكى جۈمەكنى ئېچىۋىدۇق، سۈزۈك تۇرۇبا سۈيى شارىلداپ چۈشتى. بىز نەچچە يۈزلىگەن مەردۇ مەردانلار-

نىڭ، نامىسىز ساخاۋەتچىلەرنىڭ مۇھەببىتى سىڭگەن بۇ خاسىيەتلىك سۇنى ئوچۇملاپ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئاپتوبۇسلارغا چىقىپ، خوتەن ناھە-يىسىنىڭ ئېلىشبېشى توسمىسىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ يەر ئاتاقلىق سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى ۋاڭ ۋېي قان ـ تەر سىڭدۈرگەن، كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئالىدىغان توسمىنى بىنا قىلىپ، خوتەن خەلقىگە بەخت ئېلىپ كەلگەن يەر ئىكەن. پەستىكى باغچىسىمان يۇلغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاڭ ۋېي خاتىرە سارىيى، سارايىنىڭ ئالدىدا ۋاڭ ۋېينىڭ بىر كۇپلېت شېئىرى ئويۇلغان خاتىرە تاش بار ئىدى. بىز خاتىرە تاشنى كۆرۈپ بولغاندىن كې-يىن، خاتىرە سارىيىغا كىردۇق. سارايىنىڭ كارىدورىدا ۋاڭ ۋېينىڭ يېرىم مىس ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغانىكەن. بىز سارايغا كىرىپ، خوتەن خەلقىنىڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جان كۆيدۈرگەن ۋاڭ ۋېينىڭ ئىش ئىزلىرى بىلەن تونۇشتۇق. شۇ ئارىدا مەن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ياش ئەدەبىي تەنقىدچى ئەنۋەر ھوشۇر بىلەن بىللە سەل دۆڭگە جايلاشقان توسمىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. بۇ يەردىكى مەنزىرە ئاجايىپ ھەيۋەت بولۇپ، پەستىكى كەڭرى كەتكەن ئېقىندا يېيىـ-لىپ ئېقىۋاتقان قارىقاش دەرياسى ئالدىمىزدىكى تاش، سېمونتتىن قاتۇ-رۇلغان قىرغاققا، ئۇدۇلىمىزدىكى ــ شىمال تەرەپتىكى تاغسىمان تۆپە-لىككە ئاستا ئۇرۇلاتتى. تۆۋەندە ــ غەرب تەرەپتە ھەيۋەتلىك توسما ياتقان ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ، شوخ كېلىۋاتقان ئېقىننى توسۇپ، ئاستىدىن ئۆت-كۈزۈپ ياۋاشلىتىپ يولغا سالاتتى. سەل ئالدىراق تۆمۈر زەنجىردىن قد-لىنىپ. تاختاي ياتقۇزۇلغان. قارشى قىرغاققا تۇتاشقان بىر ئاسما كۆۋرۈك بار بولۇپ، بىزدىن سەل يۇرۇن كەتكەن زۇلپىيە كۆلتېگىن، رىزۋانگۈل يۈسۈپ قاتارلىقلار كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقىۋېلىشقانىدى. بىزمۇ قۇمۇلدىن كەلگەن ياقۇپ كېرەم بىلەن بىللە كۆۋرۈككە قاراپ ماڭدۇق. ھاۋايى مۇ-ئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان كۆۋرۈك ئادەم ئۈستىگە چىقسا لەپپەڭشىپ، زەنجىرلەر شاراقشىپ، ئاستىدا لايقىپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىسا كىشىنىڭ بېشى قېيىپ، سەل ۋەھىمە پەيدا قىلىدىكەن. بىز كۆۋرۈك بېشىدا تۇر-سۇنبەگ ئىبراھىم قاتارلىقلار بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ قايتىپ چۈشتۇق، ئاندىن خوتەن ناھىيىسىنىڭ لايقا يېزىسىغا كەلدۇق. يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسىدا بىر ئەنجۈر پادىشاھى بار بولۇپ، يېيىلىپ ياتقان بۇ «پادىشاھ» بەش يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن، دائىرىسى بىر مو كېلىدىكەن، ھەر يىلى يىگىرمە مىڭ دانىدىن ئارتۇق مېۋە بولىدىكەن.

## لايقدا مەشرەپ

لايقا يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى ئىچى ياغاق، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلەردىن تەركىب تاپقان بىر نەچچە باغنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، بىرگە شىمال تەرەپتىكى ياغاقلىق باغقا ئورۇن راسلانغانىدى. بىر نەچچە تۈپ قېرى ياغاق دەرىخى بىلەنلا باراڭلىق ھاسىل بولغان مەيدانغا ئوتقاشتەك قىپقىزىل گىلەملەر سېلىنغان، ئەتراپقا ئۇستەل - ئورۇندۇقلار قويۇلغان، ئۈستەللەرگە ھەر خىل نازۇ نېمەتلەر تىزىۋېتىلگەنىدى. مۇھەممەت چاۋارنىڭ رىياسەتچىلىكىدە سورۇن باشلىنىپ، دەسلەپتە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ئۆمەر ئابدۇللا سۆز قىلدى. مەشرەپ باشلىنىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرىنى مېھمانلارغا تەقدىم قىلدى. ئاتاقلىق سەنئەتكارلاردىن سۇلايمان روزى بىلەن سودىيە مەخسۇت جۇشقۇن لەپەر ئورۇندىغاندا سورۇن ئەھلى قىزغىن ئالقىش ياغدۇرۇپ، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈردى. يەتمىش سەككىز ياشلىق پېشقەدەم خەلق سەنئەتكارى شاھ مۇھەممەت، خەلق سەنئەتكارى ئابدۇخېلىل قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەجۋىي قوشاقلارنى، قىزىقارلىق خەلق ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى:

قەشقەر ھاۋاخان،
يەكەن زىياخان.
ۋاي، ۋاي شېرىنجان،
قويمايدۇ بۇ جان.

ئاقسۇغا يول بولسۇن،
قەشقەرگە يول بولسۇن.
ئەكەلگەن ماللىرىڭىز،
قارىقاشتا پۇل بولسۇن.

ئاشنام ئەتتى گۈل شەيدە،
ئاخشام سىزنى كىم سۆيدى.
ئارقىسىدىن ئىزدەپ بارسام،
باينىڭ چاكىرى سۆيدى.

دۇتار چالسام كۆلمەيلا،

يا ئۇسسۇلغا چۈشمەيلا.
بىر سۆيگەنگە ئۆلمەيلا،
ئۇششاق كېسەل بولمايلا.

قىزىل گۈل ئاچىلىپ،
چىۋانە بولدى.
جۇۋانلار جىلمىيىپ،
دىۋانە بولدى.

شائىرنىڭمۇ دەردى بار،
يازغۇچىنىڭمۇ دەردى بار.
دەردى بارلار يىغلايدىكەن،
دەردى يوقلار نەدە بار؟

ئۈزۈم ئۈزۈمنى كۆرسە ئالا بولىدۇ،
ئەر - خوتۇن يېقىن ياتسا بالا بولىدۇ.
...

بۇ ناخشىلار ئېيتىلغاندا مېھمانلار ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگىدەك كۈلۈشۈپ، «ياشاپ كەت، يەنە بىرنى!» دەپ ۋارقىرىشىپ، قىيقاس - چۇقان بىلەن سەنئەتكارلارغا مەدەت بەردى. ھەر بىر نومۇر ئاخىرلاشقاندا شائىرلاردىن ئابدۇللا سۇلايمان، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، ئوسمانجان ساۋۇت، تاھىر تالىپ، ياسىن زىلال قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ يالقۇنلۇق شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، سورۇن كەيپىياتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. بىر چاغدا رەھبەرلەردىن ئىسمايىل ئەھمەد، مەمتىمىن زاكىر، ئۆمەر ئابدۇللا، يالقۇن قادىر، غازى ئەھمەد، ئابلىمىت سادىق، مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىقلار ھەر قايسى ئۈستەللەرگە بېرىپ قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ مېھمانلاردىن ھال سورىدى. جاي - جايلاردىن يىغىلغان ئوخشاش ئەقىدە، ئوخشاش مەسلەكتىكى بۇ كىشىلەر توپ - توپ بولۇشۇپ، سەنئەت نومۇرلىرىدىن ھوزۇرلانغاچ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىز مۇھەممەت نىياز، توختى نەمەتۇللا، ئەكبەر نىياز پەتتارى، زاماندىن پاكزاد قاتارلىقلار بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ، خوتەنلىك قەلەمكەشلەردىن مۇھەممەت كامال، ئابدۇرشات موساجان (مۇراد)، داۋۇت مەتنىيازلار بىلەن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتۇق.

# روزى سايىتقا سالام

خوتەنگە كېلىپلا خەلق قەلبىدىكى ھۆرمەتلىك شائىر روزى سايىتنىڭ دېرىكىنى قىلدۇق. ئۇ ھازىرمۇ ئۆيىدە داۋالىنىۋاتقان بولۇپ، ئەھۋالى تازا ياخشى ئەمەسكەن. بۇرۇنراق كېلىپ روزى سايىت بىلەن كۆرۈشكەنلەر بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. بىزمۇ تۇرپاندىن كەلگەن مۇھەممەت نىياز، توختى نەمتۇللا، ئەكبەر نىياز پەتتارى قاتارلىقلار يىغىن سەل ئارىسالدى بولغاندا بۇ ھۆرمەتلىك زاتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوقلاپ قويۇشنى كېلىشتۇق. دېھ-قانلارنىڭ روزى سايىتقا ئۆي سېلىپ بەرگەنلىكى، كىملەرنىڭدۇر ئالتۇن ئۈزۈك تەقدىم قىلغانلىقى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمايىل ئەھ-مەدنىڭ ئىقتىساد ھەل قىلىپ، روزى سايىت ئەسەرلىرىنىڭ بىر يۈرۈش توپلىمىنى ئىشلەشنى مىللەتلەر نەشرىياتىغا تاپشۇرغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ھېكايىلەرنى ئېيتىشىپ، روزى سايىتنىڭ ھەقى-قىي خەلق سۆيگەن شائىر ئىكەنلىكىگە چىن يۈرىكىمىزدىن قايىل بولۇش-تۇق.

21 ـ ئاۋغۇست ئەتىگەندە، خوتەن مېھمانخانىسىنىڭ ئىككىنچى قەۋەت يىغىن زالىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى رەسمىي باشلاندى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بولۇپ، دەس-لەپىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى غازى ئەھمەد سۆز قىلدى. ئۇ ئەمدى سۆز باشلاپ تۇرىۋىدى، يىغىن ئەھلى تۇيۇقسىز ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى ۋە قىزغىن چاۋاك چېلىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەينىمگە قا-رىسام كەينى ئىشىكتىن — ھەممىمىزنىڭ قەلبىدىكى يارقىن سىيما، ئەل سۆيگەن شائىر روزى سايىت كىرىۋېتىپتۇ. ئەسلىدىنلا ئورۇق بولغان بۇ زات تېخىمۇ ئورۇقلاپ، ئاجىزلاپ كەتكەن، ئىككى قولتۇقىدىن چىرايلىق ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن قىزى بىلەن ئايالى يۆلىۋالغان، كېسەل ئاسارى-تىدە بولسىمۇ، چىرايىدىن خۇشخۇيلۇق، ئۇلۇغۋارلىق نۇرلىرى يېغىپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى. ئۇ ھەممەيلەنگە ئاستا باش لىڭشىتىپ، ئالدىغا كې-لىپ ئولتۇرغاندىن كېيىنمۇ، خېلى ئۇزۇنغىچە چاۋاك ئۈزۈلمىدى. رەئىس غازى ئەھمەد روزى سايىتنىڭ سالامەتلىكى ناچار بولسىمۇ، مېھمانلارنى ئالايتەن يوقلاپ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. روزى سايىت ئاستا، ۋەزمىن ئاھاڭدا مۇنداق دېدى:

— بۇنىڭدىن ئون بەش يىل مۇقەددەم خوتەندە ئەدەبىيات ئەھلىنىڭ بۇ-

نىڭدىن كۆلىمى چوڭراق، بۇنىڭدىن داغدۇغىلىقراق بىر يىغىنى بولغىنى ئېسىمدە. ئەينى ۋاقىتتىكى پېشقەدەملەردىن زۇنۇن قادىرى، قېيۇم تۇردى، ئەلقەم ئەختەم قاتارلىقلار قازا قىلىپ كەتتى، مەمتىمىن ھوشۇر قاتار-لىقلار بار ئىكەن. مەن مۇشۇنداق داغدۇغىلىق يىغىنىنىڭ خوتەندە يەنە بىر قېتىم ئېچىلغانلىقىنى چىن كۆڭلۈمدىن مۇبارەكلەيمەن، ئايىقىڭلار خو-تەنگە ياراشسۇن. يىغىن ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ يازغۇچى، شائىرلارنىڭ كۆ-زى نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ. مەن مېھمانلارنىڭ تۆت كۈندە قىرىق كۈنلۈك نەرسىلەرنى كۆرۈپ، بىز ئورۇنداپ بولالمىغان، ھازىرچە ئورۇنلاش-يالمىغان ئىشلارنى ئورۇندىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شائىرنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى. رەئىس غازى ئەھمەد ئەمدىلا ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى باشلاپ تۇرۇشىغا، مېھمانلار يەنە بىر قېتىم ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ، چاۋاك چېلىشىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇ-رۇشۇپ كەتتى، قارىساق بۇ قېتىم كىرگىنى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەد ئىكەن. ئۇ يىغىن ئەھلىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، كۆ-لۈمسىرىگىنىچە كىرىپ، ئۇدۇل روزى سايىتنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، ئەھۋال سورىدى. ئاندىن كېيىن يېنىدىن كۆر-كەم ئىشلەنگەن ئىككى كىتابنى چىقىرىپ، بۇنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلىۋاتقان روزى سايىت ئەسەرلىرى مەجمۇئەسىنىڭ دەسلەپكى ئىككى تومى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ سوۋغا سۈپىتىدە ئالايىتەن بۇ يىغىن-غا ئۇلگۈرتۈپ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، كىتابلارنى قوش قوللاپ روزى سايىتقا سۇنغىنىدا پۈتۈن يىغىن ئەھلى گۈرۈلدەپ، ھەممەيلەن ئو-رۇنلىرىدىن تۇرۇپ قىزغىن چاۋاك ئۇرۇپ كېتىشتى. بۇ تەسىرلىك كۆرۈ-نۈش روزى سايىتنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل يىغىن ئەھلىنىڭ يۈرىكىنى زىلزى-لىگە كەلتۈرگەن، قاتتىق ھاياجانلاندۇرغانىدى. پېشقەدەملەردىن توختاش بەكرى، ئابدۇساتتار ناسىرى، تۇرسۇن نىياز قاتارلىقلارنىڭ كۆڭلى بۇزۇ-لۇپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى. چاۋاك توختىماي چېلىنماقتا ئىدى. مەن-مۇ قاتتىق ھاياجانلانغانىدىم. ھازىر بىر قىسىم كىشىلەر «شائىر، يازغۇچى دېگەننىڭ تۈزۈك قەدرى قالمىدى» دېيىشىۋاتىدۇ. مەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشتىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ سۆزنىڭ ئاساسى يوق ئىكەن. خەلقىمىز يەنىلا ئۆزلىرى ئۈچۈن يازغان، ئۆزلىرىنىڭ دەردىگە مۇڭداش بولغان شائىرلىرىنى، يازغۇچىلىرىنى قەدىرلەيدىكەن، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدىكەن، ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن بېرىدىكەن. روزى سايىت-نىڭ ئەل قەلبىدىكى ئورنى دەل بۇنىڭ ئىسپاتى. بۈگۈنكى روزى سايىتقا

بولغان ھۆرمەت بارلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا، يازغۇچى، شائىرلارغا بولغان ھۆرمەت بولۇپ، مېھمانلار بىر تەرەپتىن يۇقىرىقى كۆرۈنۈشتىن تەسىرلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئەل قەلبىدە قەدىرلىنىۋاتقانلىقىنى، مۇۋاپىق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاياجانلانماقتا، پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆممەكتە ئىدى. شۇڭا، توختىماي چېلىنىۋاتقان چاۋاكلار پەقەت ھۆرمەتلىك رەھبەر ئىسمايىل ئەھمەد ئورنىدىن تۇرغاندىلا ئاندىن توختىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خوتەندىكى ۋاقتىنىڭ تۇشۇپ قالغانلىقىنى، شۇڭا مېھمانلار بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، مېھمانلارنىڭ خوتەندىكى كۈنلىرى شاد ـ خۇراملىقتا ئۆتسە ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايدىغانلىقىنى، يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، مېھمانلار بىلەن خوشلاشتى. رەئىس غازى ئەھمەد ئىككى قېتىم ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى ئەمدى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇۋىدى، ھاياجانلىنىپ كەتكەن شائىر، ژۇرنالىست تۇرسۇن نىياز ئۆزىنىڭ شائىر روزى سايىتقا بېغىشلاپ يازغان شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىقتى. ئۇ:

ــ بۈنىڭدىن ئون نەچچە كۈن بۇرۇن، يەنى 2 ـ ئاۋغۇست قەشقەردىكى بىر قىسىم قەلەمكەشلەر خوتەنگە روزى سايىتنى يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىدە جەم بولغانتۇق. شۇ چاغدا ھەممەيلەن قايتا كۆرۈشۈش نېسىپ بولارمۇ، دېيىشكەنتۇق. مانا تەقدىرنىڭ مەرھەمىتى بىلەن قايتا كۆرۈشۈش نېسىپ بولدى، ــ دېدى

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، روزى سايىتقا بېغىشلانغان شېئىرىنى ئوقۇدى، ئاندىن شائىر مۇھەممەت كامال شېئىر ئوقۇدى. شۇ ئارىدا روزى سايىت ھەممەيلەنگە تەشەككۈر بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پەستە ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، لېكسىيە ئاخىرلاشقاندا مېھمانلار بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ بولۇپ قايتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، يىغىندىن ئايرىلدى. رەئىس غازى ئەھمەد يۇمۇرلۇق قىلىپ:

ــ مېنىڭ سۆزۈم كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم ئۈزۈلۈپ كەتتى، لېكىن بۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئۈزۈلۈش بولدى، ــ دېدى ۋە يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى ھەققىدە سۆزلىدى.

چۈشكە يېقىنلىشىپ بۈگۈنكى مۇھاكىمىنىڭ مۇشۇ يەردە توختايدىغانلىقى ئېلان قىلىنغاندا ھەممەيلەن روزى سايىت بىلەن سۈرەتكە چۈشۈۋېلىش ئۈچۈن «دۇررىدە» مېھمانخانا كارىدورىغا چۈشتۇق. چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان شائىرنى تاھىر تالىپ قۇچاقلاپ دېگۈدەك يۆلەپ سىرتقا

ئېلىپ ماڭدى. شۇ ئارىدا روزى سايىت:

— هاي، تاھىر تالىپ، مەن سىلىنىڭ خوتۇنۇڭلىمىدىم، نىماندىاق ئەـ دەمنى قۇچاقلايسىلەر، — دەپ چاقچاق قىلدى. بۇ ئىككى قەدىناسنىڭ دوستلارچە چاقچىقى، روزى سايىتنىڭ ئىغىر كېسەل ئاسارىتىدە تۇرۇپمۇ يەنىلا شۇنچە خۇشخۇي، ئۈمىدۋار كەيپىياتتا بولۇشى، ھەممەيلەننى پاكىز كۆلكىلەرگە غەرق قىلدى.

مىڭ ئەپسۇسكى، بۇ بىزنىڭ روزى سايىت بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدارلىشىشىمىز ئىكەنلىكىنى، بۇ ئەھمىيەتلىك، داغدۇغىلىق يىغىننىڭ قەلبلەردىكى ھاراريتى تېخى پەسلىمەي تۇرۇپلا روزى سايىت بىلەن ۋىدالىشىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. خوتەندىكى كەچمىشلەرنىڭ شېرىن تۇيغۇسىغا چۈمۈلۈپ دەل بۇ يازمامنى يېزىۋاتقان كۈنلەردە، يەنى 7 ـ سېنتەبىر روزى سايىتنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلدى. تەقدىرنىڭ ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ھەيرانمەن، روزى سايىتنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە خوتەندە ئاجايىپ داغدۇغىلىق، ئەھمىيەتلىك بىر يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن قەلەمكەشلەر، روزى سايىتنىڭ قۇرداشلىرى، مەسلەكداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، روزى سايىتمۇ مەسلەكداشلىرى بىلەن دىدارى مۇلاقات بولۇپ، قەلبىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، تېخى ئورۇنداپ بولالمىغان خىياللىرىنى بايان قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى.

## قىزغىن مۇنازىرە، ئەھمىيەتلىك لېكسىيىلەر

21 ـ ئاۋغۇست ئەتىگەندىن باشلاپ مېھمانخانىنىڭ 2 ـ قەۋەت يىغىن زالىدا ئەدەبىي تەنقىد ھەققىدىكى مۇھاكىمە، مۇنازىرىلەر باشلىنىپ كەتتى. ھەر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قىزغىن لېكسىيىلەرگە قاتناشساق، چۈشتىن كېيىن زور قۇرۇلۇشلار، زاۋۇت، كارخانىلار، سەيلىگاھ، مۇزېيلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، تۇرمۇش ئۆگەندۇق. كەچتە بىرەر باغقا ئورۇنلىشىپ قىزغىن مەشرەپلەرگە داخىل بولدۇق. بۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن پېشقەدەملەردىن ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىقلار 1950 ـ يىللاردىكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەھۋالى، ئەدەبىي تەنقىدتە ئاپتورنى باھالىماي ئەسەرنى باھالاش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىدى. ئالىم ئىمىن تۇسۇن ئاكا «نەۋائىي ۋە خوتەن» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇدى. 22 ـ ئاۋغۇست ئەتىگەندە نۆۋەت ياشلارغا كېلىپ، ياش ئەدەبىي تەنقىدچى مامبەت

تۇردى «ئەدەبىي تەنقىدنىڭ دەردى» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇدى. نۆۋەت يال-قۇن روزىغا كەلگەندە ئۇ مۇنداق دېدى:

— «ئاپتورنى باھالىماي ئەسەرنى باھالاش كېرەك» دەيدىغان قاراش مې-نىڭچە توغرا ئەمەس، بۇ ئەدەبىياتتىكى دېموكراتىك خاھىشنى باسقانلىق بولۇپ، ئەدەبىيات مۇھىتىغا پايدىسىز ھاۋا ئېلىپ كېلىدۇ. ئەدەبىي تەن-قىدنىڭ مۇقىم ئۆلچىمى بولمىغاچقا، ئاپتورلار ئارىسىدا پىكىر ئىختىلابى سەۋەبىدىن سۈركىلىشنىڭ بولۇپ تۇرۇشى نورمال ئىش. بۇنىڭغا يول قويۇ-غاندىلا ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا پىشاڭ قويغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، ئە-دەبىياتىمىز مۇستەبىت ھاۋا ئىچىدە قالىدۇ. بىزدە ساددا ئىتتىپاقلىقىقا، شەكىلۋازلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەھۋال ئېغىر، ئىتتىپاقسىزلىقنى ئوبزورغا، ئەدەبىي تەنقىدكە دۆڭگەپ قويىمىز. ئەمەلىيەتتە بىزدە ئوبزور بولمىسىمۇ، يۈرتۋازلار، ساۋاقداشلار توپ - توپ بولۇشۇۋېلىپ، بىر - بى-رىگە ئورا كولىشىپ ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋېرىدۇ. بىز ھا-ياتتىكى ئەڭ چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىسىگە سەل قارايمىزكى، بىرەر قە-لەمكەشنىڭ كىچىككىنە مەنپەئەتى تەسىرگە ئۇچرىسا بۇ ئىشقا ئالاھىدە سەزگۈر بولۇپ كېتىمىز. ھاياتنىڭ ئەڭ تۈپ مەسىلىلىرىگە قارىتا پىش-قان، پىشۇۋاتقان قاراش يوق. خېلى ئۇزۇندا ئۇچرىشىدىغان ئەدىبلەرمۇ سورۇنلاردا ناھايىتى ئۇششاق مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىمىز. بىزدە سەزگۈر مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان خاھىش بولۇشى، دېموكراتىك خاھىش بولۇشى زۆرۈر. دېموكراتىيىلا بولسا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تەرەق-قىي قىلىدۇ، تەنقىدچىلەر قوشۇنى زورىيىدۇ. ھەر قانداق ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىگە قارىتا تولۇق ئىشەنچىسى بولسا، بىرەر قېتىم بېرىلگەن ئادىل بولمىغان باھا، ئاخىرقى باھا بولماي قالىدۇ. بۇ ئەسەر ئاخىرى چوقۇم ئا-دىل، ئىلمىي باھاغا ئېرىشىدۇ.

يالقۇن روزىدىن كېيىن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئو-قۇتقۇچىسى، ياش ئەدەبىي تەنقىدچى ئەنۋەر ھوشۇر سۆزلىدى. كەينىدىن ئازاد سۇلتان سۆز قىلدى:

— بىزدە تەنقىدنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەت، پەزىلەت تېخى شەكىللەن-مىدى، شۇڭا، ئەدەبىي تەنقىد نەزەرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە بىرمۇنچە جەريان كېتىدۇ. ئەدەبىياتتا تەبىئىي تاللاننى ئېتىراپ قىلىمىز، شۇڭا مەلۇم خېمىر تۇرۇچ، مەلۇم گېنى بار كىشىلەر ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئەدەبىيات يولىغا كىرىشى كېرەك، ئەدەبىيات يولى ئەنە شۇنداق تار يول. ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تاللاش، شاللاش باسقۇچىغا كىردى. بۇ ياخشى

ئەھۋال، بۇنى ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئەقىدىسى، ئەدە-
بىي ئەسەرلەرگە بولغان قىزغىنلىقى سۇسلىشىپ كەتتى، دېگىلى بولماي-
دۇ. مۇشۇنداق تالالاش، شاللاش بولغاندىلا ئاندىن ئەڭ سەرخىل ئادەملەر
ئەدەبىيات قوشۇنىدا پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ.

23 - ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن ئابدۇقادىر جالالىدىن سۆز قىلىپ
مۇنداق دېدى:

— بىز ھەدەپ ئەدەبىي تەنقىدنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك دەپ جار
سالىمىز، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەرەققىي قىلمايۋاتقانلىقى ھەققىدە تاپا - تە-
نە قىلىمىز. ۋەھالەنكى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان كونكرېت چارىنى
ئوتتۇرىغا قويمايمىز. بىز تاپا - تەنە قىلىۋاتقان، ئاغرىنىۋاتقان زادى
كىم، قايسى ئورگان، بۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئادەمنىڭ تەبى-
ئىتىدىن ئېيتقاندا، تەنقىدنى ھېچكىمنىڭ قوبۇل قىلغۇسى كەلمەيدۇ.
شۇڭا، تەنقىدچىلەر بىلەن يازغۇچىلار ئارىسىدا مەلۇم پىكىر ئىختىلابى
بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ نورمال ئەھۋال. تەنقىدچىنىڭ قەلبىدە باشقىلارغا ياخشى
كۆرۈنۈش ھېسسىياتى بولماسلىقى كېرەك، باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنمەكچى
بولغان تەنقىدچى خۇشامەتچى تەنقىدچى بولۇپ قالىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيەت يولى گۈللەنگەن چاغدا ئەدەبىيات ئاندىن
ئۆزگە زۆرۈر ئوزۇقلارغا ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا، ھازىرقى شارائىتتا ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىغا قارىتا ئەدەبىيات ئۇنداق قىلمىدى، مۇنداق قىلمىدى، دېيىش-
كە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. ئەدەبىي مېتود بىرلا يولدا شەكىللىنىدىغان،
بىر - ئىككى قېتىملىق يىغىن ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئە-
مەس. ھازىر ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات دەرسلىكلىرى دەۋرنىڭ تە-
رەققىياتىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ھازىرمۇ بې-
لىنسكىينىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىلىرىنى ئۆتۈپ يۈرۈۋاتىمىز، لېكىن ھا-
زىرقى رۇس ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى تېز ئىلگىرىلەپ كەتتى. ھازىر ئەدەبى-
ياتىمىزدا شېئىرىيەت تەنقىدچىلىكى يوقاپ كەتتى، شېئىرىيەتتە يىرىك
ژانىر ئۆلدى. ئادەم شېئىر ئارقىلىق ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا بىر ئېس-
تېتىكلىق دۇنياغا، شېئىرىيەت دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ بېقىشى كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن سوئال - جاۋاب شەكلىدە مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىل-
لىپ، ئابلىمىت سادىق، مەمتىمىن ھوشۇر، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابلىز
قېيۇم قاتارلىقلار قەلەمكەشلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىيات مەسى-
لىلىرى، كىتاب نەشر قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە سورىغان سوئاللىرىغا
جاۋاب بەردى.

تۆت كۈن جەريانىدىكى مۇھاكىمە، لېكسىيىلەر، ماقالە ئوقۇش، بەس -
مۇنازىرىلەر ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولدى. ئايدىڭلاشمىغان نۇرغۇن مەسى-
لىلەر ئايدىڭلاشتى، كۆپچىلىك قەلەمكەشلەر بەس - مۇنازىرىلەر ئارقىلىق
ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە يېڭى - يېڭى ئىلھاملارغا ئىگە بولدى.

## «گۈلزار مۇكاپاتى» ۋە مامۇتجان داۋۇت

بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» دىن ئاقسۇ-
دىكى خۇسۇسىي كارخانىچى مامۇتجان داۋۇتنىڭ بەش يۈز مىڭ يۈەن پۇل
چىقىرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۆھپىكار ئەدىب ۋە ياخشى ئەسەرلەرنى با-
ھالايدىغان «گۈلزار مۇكاپاتى» نى تەسىس قىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى
كۆرۈپ، قاتتىق ھاياجانلانغان، «ئاخىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئەدەبىيات-
قا پۇل خەجلەيدىغان ئەركەك چىقىپتۇ» دەپ مامۇتجان داۋۇتقا غايىۋانە
رەھمەت ئېيقان، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشقانىدى. يىغىن-
نىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، تالانتلىق
يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر سۆز ئارىلىقىدا «گۈلزار مۇكاپاتى» نى تەسىس
قىلغان ئەدەبىياتسۆيەر كارخانىچى مامۇتجان داۋۇتنىڭمۇ بۇ يىغىنغا قات-
ناشقانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، مەيداندا يېنىك شاۋقۇن كۆتۈرۈلۈپ، ھەم-
مەيلەن «كىمدۇ؟ كىمدۇ؟» دەپ گۇدۇڭلاشقىنىچە ئەتراپىغا قاراشتى. كەي-
نىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان، مەن دېمەتلىك، ئاددىي كىيىنگەن بىر يىگىت
ئورنىدىن تۇرۇپ بىزگە سالام بەردى. مەنمۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ، مامۇت-
جاننى ياخشىراق كۆرۈۋالماقچى بولۇپ، بوينۇمنى سوزۇپ، كەينىگە قارى-
دىم. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ يىگىت ئاقسۇدىن كەلگەن ئابدۇرېشىت
بارات ئويغاق، ئابباس مۇنىياز قاتارلىقلار بىلەن بىللە يۈرسە مەن بۇ قايسى
قەلەمكەش ئاغىنىمىزدۇ، دەپ ئويلاپ كەتكەنىدىم، ئەسلىدە ئۇ مامۇتجان
داۋۇت ئىكەندە! شۇ كۈنلۈك مۇھاكىمە تۈگەپ، مېھمانلار پەسكە چۈشۈشى
بىلەنلا مەن ئالدىراش چۈشۈپ، مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا مامۇتجان داۋۇت
بىلەن كۆرۈشتۈم. مېنىڭ ئىلگىرىكى تەسەۋۋۇرۇمدىكى مامۇتجان داۋۇت
ئوتتۇرا ياشلاردىن ئاشقان، بېشىغا ئېسىل كەپكە كىيىۋالغان، سالاپەتلىك
كىشى بولغان بولسا، ئالدىمدىكى مامۇتجان داۋۇت ئەمدىلا ئوتتۇز بەش ياش-
قا كىرگەن، ئاددىي - ساددا، خۇش پېئىل، كەمتەر يىگىت ئىدى. ئۇ بۇ
خىل پەزىلىتى بىلەن تەسەۋۋۇرۇمدىكى مامۇتجان داۋۇتنى بېسىپ چۈ-
شۈپ، قەلبىمدە بارغانچە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

ئەتىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلىمىت سادىق «گۈلزار مۇكاپاتى» ھەققىدە مەخسۇس ئىزاھات بېرىپ مۇنداق دېدى:

—— «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇكاپات بولسا، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى «گۈلزار مۇكاپاتى» خۇسۇسىي كارخانىچى مامۇتجان داۋۇتنىڭ ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن مۇكاپات. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن بەش يۈز مىڭ يۈەن چىقىرىپ مۇكاپات تەسىس قىلىش، ھەر يىلى ئەللىك مىڭ يۈەننى مۇكاپاتقا ئاجرىتىش ئاجايىپ زور ئىش بولۇپ، بۇ مامۇتجان داۋۇتنىڭ ئەدەبىياتنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىنى، قوللايدىغانلىقىنى، خالىس قۇربان بېرىش، تەقدىم قىلىش روھىنى، ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەسلىدە مامۇتجان داۋۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن بىر ئەسىرلىك، يەنى يۈز يىللىق مۇكاپات تەسىس قىلماقچى ئىدى، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ جامائەت گۇۋاھلىقى بەلگىلىمىسىدە پەقەت ئون يىللىق گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈش پرىنسىپى بولغاچقا، مۇكاپات دەسلەپكى قەدەمدە ئون يىللىق تەسىس قىلىنىپ، توختاملىشىپ، قانۇن بويىچە گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭدا مامۇتجان داۋۇت «گۈلزار مۇكاپاتى»ئۈچۈن ئاجراتقان بەش يۈز مىڭ يۈەننى ئايلانما مەبلەغ قىلىپ، مەيلى پايدا ئالسۇن ياكى زىيان تارتسۇن توختام بويىچە مۇكاپات ئۈچۈن ھەر يىلى ئەللىك مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىدۇ. خوش، پۇل مەسىلىسىغۇ ھەل بولدى، ئەمدى ئۇنى جايىغا خەجلەش مەسىلىسى بار. ئەگەر پۇل جايىغا خەجلەنمىسە پۇل بەرگۈچى ئالدىدا، خەلق ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان گەپ. شۇڭا، پۇلنى جايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئون ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان «گۈلزار مۇكاپاتى» نى باھالاش كومىتېتى تەسىس قىلدۇق. بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، نىزامنامە تۈزۈپ چىقتۇق. نىزامنامە بويىچە ئىككى يىلنى دەۋر قىلىغان ھالدا بىر تۆھپىكار ئەدىب مۇكاپاتى، ئىككى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى تەسىس قىلدۇق. يەنى، بىرىنچى يىلى ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن بىر ھايات تۆھپىكار ئەدىب مۇكاپاتلانسا، ئىككىنچى يىلى شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتلىنىدۇ ۋە ھەر يىلى مۇشۇنداق تەكرارلىنىپ ماڭىدۇ. ئەدىب ۋە ئەسەرلەر نامزاتىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا

ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق تۆت ئورۇن كۆرسىتىدۇ. نامزاتلار باھالاش كومىتېتىدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش شەكلى بىلەن يىغىنچاقلانغاندىن كېيىن تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئاممىغا ئاشكارا ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ رايىغا ئاساسەن ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىنى بېكىتىپ چىقىمىز.

مەن يىغىن جەريانىدا مامۇتجان داۋۇتنىڭ خەلق شائىرى روزى سايىتقا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن بىر نەسىللىك ئات ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبىياتنى، ئەدەبىيات ئەھلىنى قەدىرلەيدىغان روھىغا يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

## ئېھ، جاپاكەش دېھقان

21 ـ ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ شىمالىي ئېچىش رايونىغا ئېكسكۇرسىيىگە ماڭدۇق. بىزنىڭ ئاپتوبۇس 5 ـ نومۇرلۇق ئاپتوبۇس بولۇپ، بۇ ئاپتوبۇستا ئىمىن تۇرسۇن، غازى ئەھمەد، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، توختى سابىر، تۇرسۇن نىياز، تاھىر تالىپ، مۇھەممەت نىياز قاتارلىق پېشقەدەملەر، ياسىن زىلال، ئابدۇرېشىت بارات، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، ئەسقەر ياسىن قاتارلىق ياشلار بار ئىدى. تۆت كۈن جەريانىدا ئون نەچچە ئورۇنغا زىيارەتكە بېرىش، كەچتە باراۋەتتىن قايتىش، ماشىنىغا چىقىپ ـ چۈشۈش جەريانىدا بىر ـ بىرىمىزگە ئىجىل ـ ئىناق بولۇپ قالغاندۇق. بىرەردىمىز چىقماي قالساق ياكى باشقا ماشىنىغا چىقىپ قالساق، ئىزدەپ، سوراپ ماشىنىغا چىقىرىۋالاتتۇق، خۇشخۇي شوپۇر ئۇستام بىلەن مۇلازىمەتچى يىگىتمۇ بىز بىلەن چىقىشىپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ توختى سابىر، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، غازى ئەھمەد، ئابدۇرېشىت باراتلار نەگە ماڭساق يولبويى قىزغىن چاقچاقلارنى قىلىشىپ، ماشىنىنى كۆتۈرۈۋەتكىدەك كۈلۈشۈپ، بىزنى ئازراقمۇ زېرىكتۈرمىدى.

قاراقاش ناھىيىسىدە بىر نوپۇسقا ئاران 1.3 مودىن يەر توغرا كېلىدىكەن، بۇ ناھىيە تېرىلغۇ يەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يىگىرمە توققۇز مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ناھىيىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقتىن ئون ئۈچ مىڭ مو يەر ئېچىپ بۇ رايوننى بەرپا قىلغانىكەن. ئاپتوبۇس تۈپ-

تۈز ياسالغان ئاسفالت يولدا خېلى ماڭغاندىن كېيىن يول بويىدىكى كۆ-چەتلەر خېلى بوي تارتىپ قالغان، ئەتراپتا قۇم ئۇچۇپ تۇرغان بىر جايدا توختىدى. پايانسىز قۇملۇق بەش مىليوندىن ئوشۇق ئەمگەك كۈچى، يىگىرمە يەتتە دانە ئېتتىرىش ماشىنىسىنىڭ كۈچىدە، ئوتتۇز سەككىز يۈرۈشلەشكەن قۇدۇقنىڭ سۈيىدە چاسا - چاسا ئېتىزلىق ھالىتىگە كىرىپ، دەل - دەرەخ تىكىلىپ، بېدە تېرىلىپ، ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغاندى. ھازىرچە بۇ يەرگە يەتمىش يەتتە ئائىلىلىك دېھقان كۆچۈپ چىقىپتۇ. مەن قۇملۇقتا سوزۇلغان ئېتىزلىقلاردا ياشىرىپ تۇرغان زىرائەتلەرنى، كۆچەتلەرنى كۆرۈپ جاپاكەش خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ئىرادىسىگە، ئەمگەك سۆيەر روھىغا چىن قەلبىمدىن قايىل بولدۇم.

قايتىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان مېھمانلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يىغىن باشقۇرغۇچىسى مۇھەممەت چاۋارنىڭ كىچىك كانايدا سۆزلىگەن گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى ياڭرىدى:

— يولداشلار، بىز بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ قاتناش ئىشى ئۈچۈن مەخسۇس بەش ئالىي دەرىجىلىك ئاپتوبۇس ئاجراتتۇق. بىراق، بىر قىسىم مېھمانلار ئاپتوبۇستا ئولتۇرماي ئۆزلىرىنىڭ پىكاپلىرىدا ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئولتۇرايلى دېسەك، بۇ يەردىكى كۆپىنچىمىزنىڭ مەخسۇس ماشىنىسى بار. ئارىمىزدىكى نى - نى ئالىملار، رەھبەرلەر يىغىن تەرتىپىگە رىئايە قىلىپ، ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇۋاتىدۇيۇ، بىز نېمىشقا تەرتىپكە رىئايە قىلمايمىز؟ خوتەننىڭ يوللىرى تار، بۇنداق كۆپ ماشىنىلار يولغا كىرىۋالسا بىختەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش تەس. يەنە بىرى، شۇنچە ئۇزۇن ماشىنىلار سېپى باغمۇ باغ ئارىلاپ يۈرسە، بۇ دېھقانلارغا قانداق تەسىر بېرىدۇ؟ شۇڭا، ئولتۇرۇپ كەلگەن مەخسۇس ماشىنىلىرىمىزنى مېھمانخانىدا قويۇپ، بىز ئاجراتقان ئاپتوبۇسلارغا چىقايلى.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىلىرىدا ئولتۇرۇۋالغانلاردىن باشقا ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن توغرا تېپىشتى.

22 - ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىن لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزا مالىيە 1 - ئېچىش رايونىغا زىيارەتكە باردۇق. بۇ يەرمۇ يەر قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، دېھقانلارنى كۆچۈرۈپ چىقىپ نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېچىلغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ياردەم بەرگەنىكەن. ئون بەش يىلدا توقسان مىڭ مو يەر ئېچىش پىلانلانغان بولۇپ، 1996 - يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر يىگىرمە يەتتە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يىگىرمە مىڭ مو يەر ئېچىلىپ،

ئون ئالتە مىڭ مو يەرگە تېرىقچىلىق قىلىش باشلىنىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ مىڭ بەش يۈز مو ياڭاق بارىسى، سەككىز مىڭ مىڭ مو ئۆرۈك، قوغۇن-تاۋۇز ... ئۈزۈم مۇداپىئە ئورمىنى بارىسى، بىدە تېرىلغان مەيدانلار بار ئىكەن. سۇ، توك يولى يورۇشلەشتۇرۇلۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە بىر يۈز ئەللىك ئائىلە كۆچۈرۈپ كېلىنىپتۇ.

مەن ئوشۇق بىلەن تەڭ قۇم ئېقىپ تۇرغان تۇپراقتا ئەھيا قىلىنغان ئورمانلارنى، بويۇم بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە ئۆسكەن، جەڭچىلەردەك رەت - رەت تىزىلىپ، مەيىن شامالدا ئاستا شىلدىرلاپ تۇرغان ئۆرۈك، ياڭاق كۆچەتلىرىنى كۆرۈپ، خوتەن دېھقانلىرىنىڭ مۇشۇ پايانسىز قۇملۇقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەللەرنى تۆلىگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالماي قالدىم. يىراقلارغا سوزۇلغان تاختا - تاختا ئېتىزلىقلار، كۆكىرىپ تۇرغان بېدىلەر، ياشىرىپ باراقسانلىشىۋاتقان ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى جاپاكەش خوتەن دېھقانلىرىنىڭ بۇ يەرلەرگە سىڭدۇرگەن ھېسابسىز ئەجرى، قان - تەرى، مېھنەت ياشلىرى ھەققىدە ھەسرەتلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. قايتىشىمدا تاش ئۆستەڭنىڭ بويىدا بىزگە قاراپ قول باغلاپ تۇرغان بىر قانچە دېھقانغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئالدىدىراق تۇرغان قىرىق ياشلاردىكى دېھقان بېشىغا كونىراپ كەتكەن ئاق شاپاق دوپپا، ئۇچىسىغا ئۇزۇن ئاق خەسە كۆڭلەك كىيگەن، بېلىگە بىر تال قارا شوينا باغلىۋالغان، ئوشۇقىنىڭ خېلى ئۈستىدە تۇرغان ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرى لاي بولۇپ كەتكەن، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى قىزىق قۇمغا پېتىپ تۇرغان، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، تىرىكچىلىكنىڭ ئېغىر غېمى ھالسىراتقان كىشىدەك گەۋدىسى سەل مۈكچەيگەن، چىرايلىرى سولغۇن ئىدى. باشقىلارنىڭمۇ كىيىنىشى، روھىي كەيپىياتى ئوخشاش بولۇپ، بىزگە قارىغان نەزەرلىرىدە ھۆرمەتتىن كۆپرەك ئەيمىنىش، ھەيرانلىق ۋە يەنە ئاللىقانداقتۇر كىشىنى ئىختىيارسىز قورۇندۇرىدىغان تۇيغۇلار ئەكس ئېتەتتى. مەن بىئىختىيار قېينانىسىنىڭ ئالدىدا مېڭىشىنى تاپالمىغان يېڭى كېلىندەك، ھودۇقۇش ۋە ئىزتىراپ ئىچىگە چۈشۈپ قالدىم. مۇشۇ زېمىنىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى بولغان، ئەمەلىيەتتە بولسا يەرنى قاتتىقراق دەسسەشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي، يەرگە بېقىپ، قول باغلاپ تۇرغان بۇ بىچارە دېھقانلار پوزۇر كىيىملەرنى كىيىپ، غادىيىپ كېلىپ، ئىشتىنىنىڭ توپا بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يەرنىمۇ ساناپ دەسسەپ، خوجايىنلاردەك كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان بىزگە قارىغىنىدا قانداق ئويلارغا كېلەر؟ توغرا، ئۇلار ئويلايدۇ، ئۇلار ھېچنېمە

قىلالمىسىمۇ، ھېچنېمە دېيەلمىسىمۇ خالىغانچە ئويلىيالايدۇ، باشقىلارنى چەكلىگىلى بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ئويىنى چەكلىگىلى بولمايدۇ.
خۇددى قەلەندەرمۇ ئۆزىنىڭ نامرات كەپىسىدە شاھنىڭ خىيالىنى سۈرەلەيدۇ، دېگەندەك، ئۇلارمۇ بۇ زېمىنغا بىر تامچىمۇ تەر تۆكمىگەن، پەقەت شەكلەن ھادىسىنىلا كۆرۈپ، ماھىيەتنى كۆرمىگەن، دېھقانىنىڭ بۇ تۇپراق ئۈچۈن تۆككەن دەريا ـ دەريا ياشلىرىنى ھېس قىلالمىغان بىزنى «بۇ ئەمەلدارلار دېھقانىنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەن نېمەتلەرنى يەپ ـ ئىچكىلى كەپتۇ» دەپ ئويلايدۇ. توغرا، ئۇلار شۇنداق ئويلاشقا ھەقلىق، يىل بويى كەتمەننى قۇچاقلاپ، جان تىكىپ ئىشلەپ، تۇزۇك ھوسۇل ئالالمايۋاتقان، كىرىم قىلالمايۋاتقان، قورسىقى ئارانلا تويۇۋاتقان دېھقانلار ئازادە رېستورانلاردا ئولتۇرۇپ، خالىغانچە بۇزۇپ ـ چېچىۋاتقان بىزنى شۇنداق ئويلاشقا ھەقلىق!
خوتەننىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار، قۇم ـ بوران كۆپ، سۇ، يەر قىس بولغاچقا، دېھقانلار يىللاپ ھاشارغا ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاشقا مەجبۇر بولىدىكەن. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنىڭ بارغانچە چۈشۈپ كېتىشى، ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىشى بىلەن، بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئازىيىپ، ئارانلا ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك ھالدا ياشايدىكەن. مەن ياپيېشىل بوستانلىقلار، ئادەمنى ئىختىيارسىز سۆيۈندۈرىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەر ئىچىدە سىرتى سۇۋالمىغان، قىيسىيىپ تۇرغان ئۆيلەرنى، لىڭشىپ تۇرغان ياغاچ چاقسا بېكىتىلگەن ۋەيرانە ھويلىلارنى، ھويلىسىنىڭ ئالدىدىكى پۇچۇق تامنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان چىرايىدىن نامراتلىق يېغىپ تۇرغان بوۋاي، مومايلارنى، چوڭ كېلىپ قالغان كونا كىيىملەرنى كىيىۋالغان، يۈز ـ كۆزلىرى قاسماق بولسىمۇ ئادەم سۆيۈندۈرگىدەك ئوماقلىقى چىقىپ تۇرغان يالاڭ ئاياغ بالىلارنى كۆپ ئۇچراتتىم. بولۇپمۇ بىزگە ھەيرانلىق، قىزىقىش بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان، ئۈستىۋېشىنى توپا ـ چاڭ باسقان، ئۇزۇن ـ قىسقا كىيىملەرنى كىيىۋالغان بالىلارنى كۆرگىنىمدە ئىختىيارسىز قەلبىم ئۆرتىنىپ، بۇرۇنلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. ئۇلارمۇ بىزنىڭ بالىلىرىمىزدەك پاكىز، ئازادە، ھەممە نېمىسى تەل، زانۇۋى ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا، بىزنىڭ بالىلىرىمىزدەك شاكىلات، تورت، پىرەنىك قاتارلىق نەرسىلەرنى يېيىشكە، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق، كومپيۇتېر ئويناشقا ھەقلىق ئەمەسمىدى؟ مىڭ ئەپسۇس، بۇ بالىلار بۇ نەرسىلەرنى چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدۇ! ئۇلار بىر بۇردا قاتتىق نانغا، بەك ئېشىپ كەتسە بازار كۈنى ئا-

تىسى ئېلىپ بەرگەن بىر قاچا لەڭپۇڭغا، ئۆزلىرى ياسىۋالغان ۋاللەي كالتەكلىرىگە، لەگلەك، پىلدىرلىغۇچلارغا قانائەت قىلىدۇ، شۇنىڭدىن خوشاللىق تاپىدۇ، ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئاكا، ئاچىلىرىدىن قېپقالغان كىيىملەرنى كىيىدۇ. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ بالىلىرىمىز ھەر كۈنلۈكى، بەش يۈەنلەپ، ئون يۈەنلەپ پۇل خەجلەيدۇ، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇش قوراللىرىنى ئىشلىتىدۇ ۋە خالىغانچە ئىسراپ قىلىدۇ، داڭلىق ماركىلىق كىيىملەرنى كۈندە دېگۈدەك يەڭگۈشلەپ كىيىدۇ، بۇ نېمىدېگەن زور پەرق ـ ھە!

## گىگانت دەرەخ ۋە گىگانت ئادەم

21 ـ ئاۋغۇست قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزىسىدىكى بەش يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە گىگانت دەرەخ — چىنار پادىشاھىنى كۆرۈشكە باردۇق. چىنار دەرىخى قاتتىق غوللۇق، باراقسان يېيىلىپ ئۆسىدىغان، يوپۇرمىقى تەك يوپۇرمىقىغا، غولىنىڭ رەڭگى كۆك تېرەككە ئوخشاپ كېتىدىغان دەرەخ بولۇپ، بۇ چىنارنىڭ ئېگىزلىكى 35 مېتىر، دىئامېتىرى 2.87 مېتىر، ئايلانمىسى توققۇز مېتىر، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1.3 مو كېلىدىكەن، يەتتە ئادەمنىڭ غۇلىچى ئاران يېتىدىكەن. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئاسمان ـ پەلەككە تاقاشقان بۇ گىگانت چىنارنى تاماشا قىلىپ، بەس ـ بەستە سۈرەتكە چۈشۈشتى. بۇ چىنار ھەققىدە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ كۈيئوغلى، پالۋان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇناسىۋەتلىك بىر رىۋايەت بولۇپ، بۇ چىنارنى يەتتە قېتىم ئايلانغان ئادەمنىڭ ھەر قانداق تەلىپى ئىجابەت بولىدۇ، دەيدىغان گەپ بار ئىكەن. بىر قىسىم مېھمانلار كۈلۈشكىنىچە بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن قاتار تىزىلىپ، ئۈنلۈك ساناپ چىنارنى ئايلىنىشقا باشلىدى.

— سەنمۇ ئايلىنىپ تىلىكىڭ بولسا ئېيتىپ باقمامسەن، — دېدى لوپلۇق شائىر دوستۇم ئابدۇلھېكىم ئابدۇلئەھەت چاقچاق قىلىپ.

— ئەگەر بۇ يەردە تىلەك ئىجابەت بولىدىغان ئىش بولسا خوتەن دېھقانلىرى بۇ چاغقىچە ئۇشۇقىغىچە تويا كېچىپ يۈرمىگەن بولاتتى، — دېدىم مەنمۇ.

شۇ چاغدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى مۇختەر بۇغرا بويى ئېگىزرەك بىر نەچچىمىزنى قول تۇتۇشۇپ چىنارنى غۇلاچلاپ بېقىشنى، ئۆزلىرىنىڭ سۈرەتكە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئەزىزى، ۋاھىتجان ئوسمان، ياقۇپ كېرەم قاتارلىق يەتتەيلەن بىر ـ بىرىمىزنىڭ قولىنى تۇ-

تۈپ، چىنارنى غۇلاچلىدۇق. دەرۋەقە، چىنارنىڭ غولىغا يەتتىمىزنىڭ قۇچىقى ئاران يەتتى. شۇ ئارىدا كەينى تەرىپىمدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ قارىسام كىنولاردىكى گىگانت ئادەملەرگە ئوخشاش بىر گىگانت ئادەم مېھمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپتۇ. مەن ھەيران بولۇپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. بۇ گىگانت يىگىتنىڭ ئىسمى ئەنەيتۇللا بولۇپ، مۇشۇ يەرلىك دېھقان ئىكەن، ئېگىزلىكى 2.27 مېتىر ئىكەن، بۇ يىل ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرىپتۇ. ئۇ بېشىغا دوپپا، ئۇچىسىغا قىسقا يەڭ ئاق كۆڭلەك، كۆك ئىشتان كىيگەن بولۇپ، ئېگىز بولۇشىغا قارىماي، گەۋدىلىك ئىكەن. مېھمانلار ئۆزلىرىنى ھەدەپ ئۇنىڭ بويىغا تەڭلەشتۇرۇپ، ئەنەيتۇللادىن ئۇنى - بۇنى سوراشقا باشلىدى.

— سەن توي قىلغانمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاھىتجان ئوسمان ئۇنىڭدىن.

— توي قىلغان، بىر قېتىم توي قىلىپ ئاجرىشىپ، ئىككىنچى قېتىم توي قىلدىم.

— بالاڭ بارمۇ؟

— يوق.

— سەن كىيىملەرنى نەدىن ئالىسەن؟

— ھەممىسىنى تىككۈچىلەرگە، موزدۇزلارغا بۇيرۇتۇپ تىككۈزىمەن.

مېھمانلار بۇ گىگانت ئادەم بىلەنمۇ بەس - بەستە سۈرەتكە چۈشۈشتى. كەچتە ماشىنىلار قاراقاش ناھىيە زاۋۇت يېزا سۇ ئامبىرىنىڭ بېغىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## خوتەن گىلىمى

گىلەم زاۋۇتىنى ئىلگىرى مەن ھەيۋەتلىك زاۋۇت دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. خوتەن تاشقى سودا گىلەم كارخانىسىغا كىرىپ، ئادەتتىكىلا بىر زالدا ئەللىكتەك ئايالنىڭ دەستىگاھنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ گىلەم توقۇۋاتقانلىقىنى، زاۋۇتنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ھەربىر دەستىگاھنىڭ ئالدىدا، ئۈزۈن ياغاچ ئورۇندۇقتا بەشتىن ئايال ئولتۇرۇپ، ئۇدۇلىغا چاپلاپ قويغان گىلەمنىڭ سىزما نۇسخىسىغا قاراپ گىلەم توقۇيدىكەن. ئادەتتە چوڭراق بىر پارچە گىلەمنى بەش ئادەم قىرىق كۈندە توقۇپ بولىدىكەن. گىلەم توقۇش قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىچىدىكى ئەڭ نازۇك ھۈنەر - سەنئەت بولۇپ، بىر تال يىپ خاتا كەتسە قايتا توقۇشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇ ئاياللار كۈنلەپ، ئايلاپ، يىللاپ، ھەتتا ئون نەچچە

يىللاپ دەستىگاھىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ گىلەم توقۇيدىكەن. مەن دەستىگاھقا تىكىلىپ، بىرلىپ ئىشلەۋاتقان گىلەمچى قىزلارنىڭ كەينىدە بىردەم قاراپ تۇرۇپ قالدىم. خۇددى ئەينەك ئۈستىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان يامغۇر سۈيىدەك زىچ ۋە قاتار تىزىلغان ئاپئاق يىپلار، يىپلار ئۈستىدە تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقان چېۋەر بارماقلار، ئاستا ـ ئاستا توقۇلۇپ چىقىۋاتقان گىلەمنىڭ ھەرخىل چىرايلىق گۈللىرى ... بۇنى ھەقىقىي سەنئەت، ھەقىقىي مېھنەت دېيىشكە بولاتتى. بۇنىڭغا قىلچە ساختىلىق ئىشلەتكىلى، قىلچە بىخەستىلىك قىلغىلى بولمايتتى. ئۇقۇشۇمچە، بۇ ئاياللارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى ئاران ئۈچ يۈز ـ تۆت يۈز يۈەنگىچە بولۇپ، ئىش ھەققى يۇقىرى بولسا گىلەمنىڭ تەننەرخى ئېشىپ كېتىپ، ئوبوروتى ياخشى بولمايدىكەن. گىلەمچى ئاياللار مۇشۇ ئازغىنە مائاشقىمۇ رازى بولۇپ، يەنىلا كۆڭۈل قويۇپ، ئەستايىدىل ئىشلەيدىكەن. مەن بىر خىل ئېچىنىش، خەيرخاھلىق تۇيغۇسى ئىچىدە مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتى ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز قۇربان بېرىۋاتقان بۇ ئاياللارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بۇ يەردىن ئايرىلدىم.

## خەير، مېھماندوست خوتەن

«خوتەن ۋىلايىتى بۇ قېتىمقى يىغىننى ھەقىقەتەن ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئىلگىرىكى بارلىق يىغىنلارغا قارىغاندىمۇ ياخشى ئېچىلدى.» تۆت كۈنلۈك يىغىن جەريانىدا مېھمانلار بىردەك شۇنداق ھېسابلاشتى.


بىز يىغىن جەريانىدا خوتەننىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىغا، بىز زىيارەتكە بارىدىغان يېزا، كەنت يوللىرىغا «11 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە 7 ـ نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىغا كەلگەن ۋەكىللەرنى قارشى ئالىمىز» دېگەن ۋىۋىسكىلار ئېسىلغانلىقىنى كۆردۇق. ساقچىلارنىڭ قوغدىشى ئارقىسىدىكى قاتار تىزىلغان ماشىنىلار، دېرىزە ئەينەكلىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ تۇرغان ئاق چاچ كىشىلەر مىغ ـ مىغ ئادەملەر دولقۇنى ئىچىدە بازار بولۇۋاتقان يېزا، بازارلاردىن ئۆتكىنىدە ھەممە كىشى يول بوشىتىپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ، ھەيرانلىق، ھۆرمەت تۇيغۇلىرى ئىچىدە مېھمانلارغا تىكىلىشەتتى. بولۇپمۇ خوتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى مۇھەممەت چاۋار، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مەتقاسىم ئابدۇراخمان، مۇھەررىرلىرىدىن تۇرسۇنجان مۇھەممەت، مەتسېلىم

مەتقاسىم، دىلنۇر ئابلىز قاتارلىقلار تۆت كۈنلۈك يىغىن جەريانىدا ئىنتايىن جاپا چەكتى، چارچىدى. يىغىننى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر دەممۇ ئارام ئالماي ھەر تەرەپكە چاپتى.

مېنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى، خوتەن خەلقى مەن ئاڭلىغاندەك ۋە بىلگەندەك ئاق كۆڭۈل، ساددا، ئوچۇق - يورۇق، قىزغىن، مېھماندوست، ساختىلىق، قۇۋلۇقنى بىلمەيدىغان خەلق ئىكەن. بۇنى مەن بىر ئىشتىن ھېس قىلدىم. بۇ يەردە تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار سىرتقى جايلاردىن كەلگەن كىشىلەرنى ئالداش خىيالىدا بولمايدىكەن، ئادەم تاكسىغا چىقىپ، مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن ئەسلىدىكى مۇقىم باھادىن تۆۋەنرەك پۇل تەڭلىسىمۇ، شوپۇر قىلچە ئاچچىقلانمايدىكەن، پەقەت كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «كەم بولا غوجام، بىزمۇ ماي پۇلىنى ئاران كۆتۈرتىمىز يا ئەينا» دەپلا قويىدىكەن، سىز قانچە تالاشسىڭىزمۇ ئۇ خاپا بولۇپ قالمايدىكەن. باشقا يۇرتلاردا بولسا ئەڭ ئۆكتەملىرى تاكسى شوپۇرلىرى بولۇپ، سىزنىڭ سىرتتىن كەلگەنلىكىڭىزنى بىلىپلا قالسا، بىر ئامال قىلىپ كۆپ پۇل ئۇندۇرۇۋېلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ، بىر تېيىننىڭ ئۈستىدىمۇ تىك تۇرىدۇ، باھا تالىشىپ قويسىڭىز تىللاپ تويغۇزىۋېتىدۇ. قىسقىسى، بىز تۆت كۈنلۈك يىغىن جەريانىدا بۇ ئاق كۆڭۈل خەلقنىڭ شاراپىتىدىن كۆڭلىمىز چىگىلگەندەك بىرمۇ ئىشقا دۇچار بولمىدۇق.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ۋە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى» نىڭ تامغىسىنى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئابلىز قېيۇمغا (كېلەر يىلى «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى ئۆتكۈزمەكچى) تاپشۇرۇپ بېرىشى بىلەن يىغىن تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى.

2001 - يىلى سېنتەبىر، تۇرپاندا يېزىلدى.





# بۇلبۇل ئېيتۇر: «گۈلزار بىلەن ئايرىما»

2002-يىلى 31-مارت باشقا كۈنلەردىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان ئادەتتىكىلا بىر كۈن ئىدى. قۇياش يەنىلا مەشرىقتىن چىقىپ، مەغرىبكە پاتتى. كىشىلەر تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراپ ھەر تەرەپكە چېپىشاتتى. بارلىق مەۋجۇداتلار يەنىلا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ھاياتلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى، بەلكىم بۇ كۈنى دۇنيا مىقياسىدىمۇ ئالاھىدە زور ۋەقە يۈز بەرمىگەن بولسا كېرەك. بىراق، بۇ كۈنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن مىسلىسىز زور يوقىتىش بولغان بىر كۈن بولدى.

بۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت بەشلەر ئەتراپىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىن قەدىمكى مەدەنىيەتلىك يۇرت تۇرپانغا «سانتانا» ماركىلىق بىر تاكسى ئۈچ يولۇچىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئاق كۆڭۈل شوپۇر پىچان ناھىيىسىدىكى ئۆز ئۆيىگە سالامەت يېتىپ بېرىشقا ئالدىرايتتى. باشقا يولۇچىلارمۇ بۇ ماشىنا ئۈچۈن پەقەت ئىككىلا سائەتلىك مۇساپە بولغان بۇ يولنى تىنچ-ئامان بېسىپ بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ماشىنا نورمال سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى، تۇرپان-ئۈرۈمچى-داخۇاڭشەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىدا ئاپتوموبىللار ئۇياق-بۇياققا ئۇچقاندەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. مانا ئۇلار خۇگۇل تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، توقسۇن يول ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، تۇرپان ۋىلايىتىگە قاراشلىق

---

*ئاپتور (ئوڭدىن) مۇھەممەتسالىھ مەتروزى، مامۇتجان داۋۇت، ئەكبەرنىياز پەتتارىلار بىلەن بىللە.*

221 ـ تۆەنگە يېقىنلاپ قالدى. بۇ تۇرپاننىڭ چېگرىسى ئىچى بولۇپ، يولۇچىلارنىڭ يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىنلا ئۆزلىرىنى تۇرپان شەھىرىدە كۆرىدىغانلىقى ئېنىق بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، بارلىق تاسادىپىي ۋەقەلەر، كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر، ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان پاجىئەلەر مۇشۇنداق ئويلىمىغان يەردىن بىر نەچچە مىنۇت، بىر نەچچە دەقىقە ئىچىدە يۈز بېرىدۇ. ئىچكىرىگە كېرەك. دەل مۇشۇ بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە بىز تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدىغان، يۈرەكلەرنى لەختە ـ لەختە قىلىدىغان دەھشەتلىك پاجىئە يۈز بەردى. «سانتانا» ماركىلىق تاكسى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ بويىدا قائىدىگە خىلاپ ھالدا توختىتىپ قويۇلغان چوڭ يۈك ماشىنىسىنىڭ كەينىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇپ، ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى ھاياتلىق، مېھنەت ئۈچۈن تىنىمسىز دۈپۈلدەپ تۇرغان ئۈچ يۈرەك سوقۇشتىن توختىدى. بىر يولۇچى ئېغىر يارىدار بولدى. ئەگەر ئىمكانىيەت يار بەرسە تارىخ مۇساپىسىدىكى مۇشۇ بىر نەچچە مىنۇتنى كېسىپ چىقىرىۋەتكىلى بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە! ۋە ياكى ئىشلار قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلسا، يولۇچىلار بۇ يولدىن ئۆتمىسە، باشقا قاتناش ۋاسىتىسىنى تاللىغان بولسا، ئەتىسى يولغا چىققان بولسا... مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن پەرەزلەر رېئاللىققا ئايلانغان بولسا قانداق بولۇپ كېتەتتى ـ ھە! بىراق، پاكىت رەھىمسىز ئىدى، بۇ تاكسىدا ئەمدىلا ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرگەن، بەش يۈز مىڭ يۈەن چىقىرىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى «گۈلزار مۇكاپاتى» نى تەسىس قىلغان مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى، ئەدەبىياتسۆيەر ئوغلان، ئوت يۈرەك، غۇرۇرلۇق ئەركەك مامۇتجان داۋۇت ۋە ئۇنىڭ خانىمى گۈلشەن بار ئىدى!

## يۈرەككە قادالغان مۇسىبەت خەۋىرى

1 ـ ئاپرېل كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزلەر ئەتراپىدا ئىشخانىدا ئەسەر كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، بىر خىزمەتدىشىم تېلېفون كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. تېلېفون قويۇلغان ياندىكى ئىشخانىغا كىرىپ، تۇرۇپكىنى ئېلىپ «ۋەي» دېيىشىمگىلا قارشى تەرەپتىكى بىر ئەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. «ۋەي، ۋەي، سىز كىم؟» مەن بۇ ئىشتىن جىددىيلىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ جاۋابىنى كۈتتۈم. «مەن ئاقسۇدىكى ئابدۇرېشىت بارات»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، شائىر ئابدۇرېشىت بارات ئويغاق» دېدى قارشى تەرەپ يىغلاپ تۇرۇپ ئارانلا

قىلىپ. «ۋەي، ئابدۇرېشىتكا، زادى نېمە ئىش بولدى؟» دېدىم مەن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي. «ئۇكام ئۆمەرجان، ئاخشام مامۇتجان داۋۇت تۇرپاندا قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا قىپتۇ، ئايالى گۈلشەن تۇرپاندا دوختۇرخانىدا ئىكەن، سىزلەر ...» ئۇ ئېسەدەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. «نېمە...» مېڭەمدىن كىرگەن بىر ئاغرىقتىن ئۇستەلنى تۇتۇپ ئارانلا تۇرۇۋالدىم، ئەگەر ئابدۇرېشىت بارات تېلېفون ئۇرمىغان بولسا بۇ خەۋەرگە ئىشىنىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەرھال خىزمەتدىشىم، شائىر ھەبىبۇللا رەجەپ بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ بالنىست بىناسى 3 ـ قەۋىتىدىكى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە كەلدۇق. كارىدوردا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تارىم ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ئىمىن ئاكا، مامۇتجان داۋۇتنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىگىلىك تىكلىگەن جانجىگەر دوستى تۇرغۇنجان نەمەت، مامۇتجاننىڭ شوپۇرى راخمانجان ئىمىن ۋە مامۇتجاننىڭ بىر قىسىم دوستلىرى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىكرام غوپۇر قاتارلىقلار بار ئىكەن. بىز ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەخمەت ئاكا ۋەقەنىڭ جەريانىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ھەممەيلەننىڭ چېھرىنى ئېغىر ماتەم تۇيغۇسى قاپلىغان بولۇپ، كۆزلەر ياشقا تولغانىدى. بىز بىللە گۈلشەننىڭ يېنىغا كىردۇق، ئۇنىڭ باش ـ كۆزى ۋە قولى ئاق داكا بىلەن تېڭىلغان، يۈزى ئېغىر يارىلانغان، ئاسما ئوكۇل ئېسىلىپ، ئوكسىگېن بىلەن نەپەسلەندۇرۇلۇۋاتاتتى. بىز كارىدورغا چىققاندىن كېيىن، گۈلشەننىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ئەخمەت ئاكا: «دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، گۈلشەننىڭ بېشى يېرىلىپ، قولى بىر نەچچە يەردىن سۇنۇپتۇ، قان بەك كۆپ چىقىپ كەتكەن بولغاچقا، كۆپ مىقداردا قان سېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. ئەھۋالى يەنىلا خەتەرلىك باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، مامۇتجاننىڭ ۋاپاتىنى خېلى بىر مەزگىلگىچە ئېيتماي، ئۇنى شاڭخەيدە داۋالىنىۋاتىدۇ، دېيىشكە كېلىشتۇق. ھازىرچە گۈلشەننى ئورنىدىن قوزغىغىلى بولمايدىكەن، شۇڭا، بىر مەزگىل مۇشۇ يەردە داۋالىنىپ، ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاقسۇغا ئېلىپ كېتىدىغان بولدۇق. مامۇتجاننىڭ بىرنەچچە تۇغقىنى گۈلشەنگە قاراش ئۈچۈن ئاقسۇدىن تۇرپانغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ» دېدى ۋە «ئۈرۈمچىدىن بىر مۇزلاتقۇلۇق ماشىنا چاقىرىپ قويدۇق، چۈشتىن كېيىن مۇشۇ ماشىنىدا مامۇتجاننىڭ مېيىتىنى ئاقسۇغا ئېلىپ ماڭىمىز» دەپ قوشۇپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، گۈلشەن تۇرپان ۋىلايەتلىك

دوختۇرخانىدا يىگىرمە كۈن يېتىپ قالدى. مەن ئىدارىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىچ - ئىچىمدىن قاپساپ كېلىۋاتقان قايغۇنى سىڭدۈرەلمەي، تېلېفون ئارقىلىق بۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى مۇھەممەد سالىھ مەتروزىغا، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى، شائىر تۇرغۇن يىلتىزغا، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىدىكى ئابدۇللا مولىغا، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شائىر ئەنۋەرجان سادىققا، پىچان ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى لۈكچۈن ماي جىقلاش پونكىتىدىكى قەلەمكەش ياقۇپ ئىسمايىلغا يەتكۈزدۈم. بۇ خەۋەردىن ھەممەيلەنلا ھاڭ - تاڭ قېلىشتى، ئىشەنگۈسى كەلمىدى. مەنمۇ كۆڭلۈمدە «‹4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يالغان ئېيتىش بايرىمى› دېگەن گەپ بار، بۈگۈن 1 - ئاپرېل، بۇ خەۋەر يالغان بولۇپ قالسىچۇ» دېگەننى قايتا - قايتا ئويلىدىم.

## مامۇتجان داۋۇتنىڭ تۇرپان سەپىرى

تېخى يېقىندىلا ئاقسۇ شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغان مامۇتجان بۇ قېتىم مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارغان بولۇپ، يىغىن مەزگىلىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، بۇ يىللىق «گۈلزار مۇكاپاتى» نى تارقىتىش ئىشىنى مەسلىھەتلىشىۋېلىش كېرەكلىكىنى، ئۇنىڭ يىغىننى تۈگىتىپ ئۈرۈمچىگە كېلىشىنى ئېيتقان. مامۇتجان يىغىننى تۈگىتىپلا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئابلىمىت سادىق، مەتىمىن ھوشۇر قاتارلىقلار بىلەن تاماقتا بىللە بولۇپ، «گۈلزار مۇكاپاتى» نىڭ تارقىتىش ئىشىنى مۇزاكىرىلەشكەن ۋە ئۆزىنى ئۈرۈمچىدە ساقلاپ تۇرغان خانىمى بىلەن بىللە تۇرپانغا قاراپ يولغا چىققان. ئەسلىدە ئاقسۇ تارىم ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدە چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئوپېرا ئىشلىمەكچى بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرگە بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىشنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتكەن. ئاقسۇنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەر بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتىدىغان مامۇتجان داۋۇت فىلىم ئىش-

لەشكە، تۇرمۇش ئۆگىنىشكە بىللە قاتنىشىشنى پىلان قىلغان. تارىم ناخ-
شا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكىلەر مامۇتجاننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ
بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشىگە ئۇلگۇرۇپ تۇرمۇش ئۆگىنىشنى
ئۈرۈمچىگە يېقىن بولغان تۇرپاندىن باشلىماقچى بولغان. مامۇتجاننىڭ
«قۇملۇق شاھى» تىپلىق ئالىي دەرىجىلىك ماشىنىسى بار بولۇپ، ئاقسۇ-
دىكىلەر مامۇتجاننىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۈرۈمچىگە ئۇنى ئالغىلى
چىقماقچى بولغان. لېكىن، ئاق كۆڭۈل، ئاددىي - ساددا مامۇتجان «ئاۋارە
بولۇپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ، يەنە كەينىڭلارغا يېنىپ تۇرپانغا چۈشۈپ يۈر-
مەيلى. سىلەر ئۇدۇل تۇرپانغا كېلىۋېرىڭلار، ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپاننىڭ
ئارىلىقى ئىككى سائەتلىك يولكەن، مەن تاكسى بىلەنلا باراي، بىز تۇرپاندا
كۆرۈشەيلى» دەپ تۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ تارىم ناخشا - ئۇسسۇل
ئۆمىكى تۇرمۇش ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مامۇتجاننىڭ ماشىنىسى
ۋە باشقا ماشىنا بىلەن تۇرپانغا كەلگەن. مامۇتجان داۋۇتمۇ ئۈرۈمچىدىن
تۇرپانغا بارىدىغان «سانتانا» ماركىلىق كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ يولغا
چىققان. ۋەقە يۈز بېرىشتىن يىگىرمە مىنۇت بۇرۇن ئاقسۇ تارىم ناخشا -
ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەخمەت ئىمىن مامۇتجان بىلەن تېلېفوندا
كۆرۈشكەن بولۇپ، ئەخمەت ئاكا ئۆزلىرىنىڭ تۇرپانغا كېلىپ، ياتاقلارغا
جايلىشىپ بولغانلىقىنى، مامۇتجانغىمۇ ياتاق ئېلىپ قويغانلىقىنى، تۇر-
پاندىكى ئەڭ ئالىي رېستوران «ئاتەش» رېستوراندىن بىر ئۈستەللىك تا-
ماق بۇيرۇتۇپ شۇ يەردە مامۇتجاننى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. مامۇتجان-
مۇ ئۆزلىرىنىڭ خوگۇلدىن چىقىپ، توقسۇن يول ئېغىزىدىن ئۆتكەنلىكى-
نى، كۆپ ئۆتمەيلا ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتقان، بىراق دەل
مۇشۇ دەقىقىلەردە دەھشەتلىك پاجىئە يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇلارغا قارا چاڭ-
گىلىنى سوزغان...

چەكسىز نادامەت ۋە ئېغىر مۇسىبەت ئازابىدىن تېپىرلاۋاتقان يۈرىكىم-
نى بېسىپ تۇرۇپ قاپساپ كېلىۋاتقان گادىرماچ خىياللاردىن سوكۇتكە
چۆكتۈم: نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ، قايسى قارا تەقدىرنىڭ ئارغامچىسى
مامۇتجاننى بۇ پاجىئەگە سۆرەپ كەلدى؟ توغرا، قانلىق مارت ئېيى... بۇ-
نىڭدىن ئاتمىش توققۇز يىل مۇقەددەم مارت ئېيىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت
يۈرەك شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئوتتۇز ئۈچ يېشىدا ئىدىقۇت دىيارىدا بۇ
دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان، ئىسسىق قانلىرى مۇقەددەس زېمىنغا سىڭىپ
كەتكەنىدى. ئاتمىش توققۇز يىلدىن كېيىنكى مارت ئېيىدا ئوتتۇز ئالتە
ياشقا كىرگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك پەرزەنتى مامۇتجان داۋۇت

ئىدىقۇت دىيارىدا بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى، ئىسسىق قانلىرى بۇ مۇقەددەس تۇپراققا سىڭىپ كەتتى، نىھايەتكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ روھى مامۇتجاننى چىللىغان بولسا ـ ھە!

بۇنىڭدىن يەتتە ئاي مۇقەددەم مامۇتجان بىلەن خوتەندە 11 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى تارقىتىش يىغىنىدا كۆرۈشكەن، تونۇشقان، قول ئېلىشىپ تۇرۇپ قىزغىن پاراڭلاشقان ئىدۇق. يىغىنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن «خوتەندىكى خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش» ناملىق ئەدەبىي خاتىرە يېزىپ، خاتىرىنىڭ «‹گۇلزار مۇكاپاتى› ۋە مامۇتجان داۋۇت» ناملىق قىسمىنى مەخسۇس مامۇتجان داۋۇتقا بېغىشلىغان، كېيىن يەنە مامۇتجان داۋۇتقا يېزىلغان خەت شەكلىدىكى «‹گۇلزار مۇكاپاتى› ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يەنىمۇ گۈللەندۇرگۇسى» ناملىق ماقالىنى ئېلان قىلغانىدىم. بۇ ماقالىلىرىمدا مامۇتجانغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت، دوستلۇق ھېسسىياتىم ئىپادىلەنگەن، بۇ ماقالىلىرىم ئارقىلىق تۇرپان خەلقى مامۇتجاننى تونۇش، بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ۋە ئۇنىڭغا غايىۋى ھۆرمەت بىلدۈرگەنىدى. مانا ئەمدى ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپلا مامۇتجانغا مۇسىبەتنامە يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. بۇ قارا قىسمەتنى كىمدىن كۆرگۈلۈك!

## مامۇتجاننى ئاقسۇغا «ئۇزىتىش»

1 ـ ئاپرېل كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىرلەر بىلەن مامۇتجاننى ئۇزىتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن بىر تۈركۈم يازغۇچى، شائىرلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەبىبۇللا رەجەپ بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا كەلدۇق. دوختۇرخانىنىڭ ھويلىسى ئادەم بىلەن تولغان بولۇپ، ئۈرۈمچى ۋە ئاقسۇدىكى يازغۇچى، شائىر، ژۇرنالىستلاردىن قۇربان مامۇت ۋە خانىمى، باتۇر روزى ۋە خانىمى، ۋاھىتجان ئوسمان، يالقۇن روزى، ئەزىزى، ئىمىنجان ئۆمەر قاتارلىقلار، مامۇتجان داۋۇتنىڭ دوستلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كەلگەنىدى. تۇرپاندىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەردىن رازاق تۆمۈر، مۇھەممەت نىياز، رېشىت قاسىم، ئەكبەر داۋۇت، ئۆمەر ئابدۇللا قاتارلىقلارمۇ يىغىلغانىدى. بىز ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھمانلار بىلەن چوڭقۇر مۇسىبەت تۇيغۇسى ئىچىدە كۆرۈشتۇق. ھەممىنىڭ تىلىدا، دىلىدا شۇ بىرلا گەپ تەكرارلىناتتى: نېمىشقا، زادى نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟ نېمىشقا بىر نەچچە ئەسىردە، مىليون ئادەمنىڭ ئىچىدىن

ئاران بىرى چىققان مەردانە، ساخاۋەتلىك ئەركەك بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز
كېتىپ قالدۇ؟ «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇنىڭ ئەدىب، يازغۇچى، شائىرلىرى ئەمدى مۇقىم
ئىقتىسادىي ئاساسقا، زور مەنىۋى رىغبەتكە ئېرىشىۋىدى، رەھىمسىز تەق-
دىر بۇ ئەدەبىيات ھامىيسىنى بىرلا نەرە تارتىپ، ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەت-
تى. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن قانچىلىك زور يوقىتىش، قانچىلىك زور
زەربە ـ ھە!

ئۇرۇمچىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆتكەن يىلى 8 ـ ئايدا
خوتەندە ئۆتكۈزۈلگەن «11 ـ نۆۋەتلىك خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى
تارقىتىش يىغىنى» غا قاتناشقان ۋە يىغىندا مامۇتجان داۋۇت بىلەن
ئەسرارلاشقانلار بولۇپ، چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە مامۇتجاننىڭ
پەزىلەتلىرىنى، بىللە بولغان چاغلىرىنى ئەسلەشتى. سائەت ئۈچلەرگە يې-
قىن ئۇرۇمچىدىن مۇزلاتقۇلۇق ماشىنىنىڭ كېلىشى بىلەن ھەممىمىز تۇر-
پان يېڭى بېكەت رايونىغا جايلاشقان، مامۇتجاننىڭ مېيىتى ساقلىنىۋاتقان
مېيىتنى سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتىغا قاراپ يول ئالدۇق. مامۇتجاننىڭ
مېيىتى سول تەرەپ تۆرگە جايلاشقان ئىسكىلاتتا بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى
ئىسكىلاتنىڭ ئەتراپى ئاق باغلىغان، يىغا ـ زار قىلىشىۋاتقان كىشىلەر
بىلەن تولغانىدى. بۇ مېيىت مامۇتجان بىلەن تەڭ ھادىسىگە ئۇچرىغان
توقسۇنلۇق يولۇچىنىڭ ئىدى. مېيىت ساقلاش ئورنى بولغان بۇ جاي ئەمە-
لىيەتتە چوڭ بىر ھويلا بولۇپ، شەرققە قاراپ تۇرغان دەرۋازىدىن كىرگەن-
دە، ئۇدۇلدا بىر نەچچە ئېگىز ئۆي، سول تەرەپ تۆردە بىر نەچچە ئېگىز
ئۆي جايلاشقان ئىكەن. ئۆيلەر كونا، تاملىرى پاسكىنا، ئەتراپ تاقىر، ئې-
گىز ـ پەسلىك بولۇپ، كىشىگە بىر خىل كۆڭۈلسىز تەسىرات بېرىدىكەن.
بىز ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىۋىدۇق، بىر ساقچى خادىم ئىچكىرى ئۆيدە غۇ-
ڭۇلداپ مېڭىۋاتقان چوڭ توڭلاتقۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى نۇسۇل-
كىنى تارتىپ پەسكە ئالدى. نۇسۇلكىنىڭ ئۈستىدە، سىيرىتمىلىق برې-
زېنت قاپنىڭ ئىچىدە مامۇتجاننىڭ مېيىتى تۇراتتى. مەرھۇمنىڭ نەۋرە
ئىنىسى تۇرغۇنجان نەمەت، شوپۇرى راخمانجانلار يۇم ـ يۇم يىغلاپ مې-
يىتنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، برېزېنت قاپنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويۇلغان
مەرھۇمنىڭ كاستۇمى، كۆڭلىكى، گالىستۇكى، ئايىغىغا تەپسىلىي قاراپ،
مېيىتنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. مۇزلاتقۇلۇق ماشىنىنىڭ
ئىشىكى ئېچىلىپ تەييار بولغاندىن كېيىن ئەكبەر داۋۇت، تۇرغۇنجان نە-
مەتلەر نۇسۇلكىنى كۆتۈردى، مەن بىر نەچچەيلەن بىلەن ماشىنىغا چى-

قىپ، نوسۇلكىنى ئالدۇق. يولدا نوسۇلكىنىڭ چايقىلىپ، مېيىتنىڭ چۇ-شۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نوسۇلكىنى ياخشى جايلاشتۇ-رۇشقا توغرا كەلدى، بىر نەچچەيلەن سىم تېپىپ كېلىپ، نوسۇلكىنى تې-ڭىشقا باشلىدى.

ھەممەيلەن چەكسىز ماتەم تۇيغۇسى ئىچىدە ئۈن - تىنسىز ھالدا ما-مۇتجاننىڭ مېيىتىنى ئۇزىتىش بىلەن پايپېتەك بولۇۋاتاتتى. بۇ كىشىلەر-نىڭ ئىچىدە مامۇتجاننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوستلىرىمۇ، مامۇتجان بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا غايىۋى ھۆرمەت بىلدۈ-رىدىغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. قىسقىسى، بۇ ئۇزىتىش قايغۇلۇق ماتەم تۇي-غۇسى ئىچىدە، لېكىن، ھەم جىمجىت ھەم داغدۇغىلىق، ھەم قايغۇلۇق ھەم تەسىرلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئاخىر بارلىق تەييارلىقلار پۈتۈپ، ماشىنا قوزغىلىشقا تەييارلاندى. ھەممەيلەن ماشىنىنىڭ ئالدىدا سەپكە تى-زىلىپ، باشلىرىمىزنى سېلىپ ئۈنسىز ماتەمدە تۇردۇق. باتۇر روزى مۇڭ-لۇق قىرائەت قىلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك كۆزلىرىمىزگە ياش ئالغان ھالدا دۇئاغا قول كۆتۈردۇق. ماشىنا قوزغالدى، مامۇتجان داۋۇت ئۇ دۇنيا-غا قاراپ ئاستا - ئاستا ئۇزاپ كەتتى...

## شەپقەت ۋە شەپقەتسىزلىك

بىر خىل سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئىچىدە مامۇتجاننىڭ مۇ-رىسىگە بېشىنى قويۇپ، مۈگدەپ قالغان گۈلشەن دەھشەتلىك سوقۇلۇش-تىن ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە بېشىدىن بۇلدۇقلاپ ئاققان قان كۆزلىرىنى توسۇۋالغان، پۈتۈن بەدىنى قاتتىق ئاغرىۋاتقان، سېزىمى بارغانچە خىرەلىشىۋاتقان بولۇپ، قاتتىق چىقىۋاتقان شامال ماشىنىنىڭ چېقىلىپ كەتكەن دېرىزە ئەينەكلىرىدىن توختاۋسىز كىرىپ تۇراتتى. ئۇ قاراڭغۇلۇقتا ماشىنا ئىچىدە ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدى. ئاجىز ئىڭراپ مامۇتجاننى چاقىرىپ بېقىۋېدى، ھېچقانداق سادا بولمىدى. ئۇ «باشقىلارمۇ ھوشىدىن كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ماشىنىنىڭ ئىشكىنى ئېچىش-قا ئۇرۇندى، لېكىن، ھەر قانچە قىلىپمۇ ئىشكنى ئاچالمىدى. ئۇ بۇنداق ئۈلتۈرۈۋەرسە ئەھۋالنىڭ چاتاق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قولىنى دېرىزىدىن چىقارماقچى بولدى. ئۇنىڭ قولى چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتقاچقا، مىد-دىرلىتالماي قالدى، ئۇ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، سول قولىنى ماشىنا دېرىزىسىدىن چىقىرىپ توختىماي پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. نۇر توچكىلىرى

ئالدىدىن ۋە كەينىدىن ئۇچقاندەك يېقىنلاپ كېلەتتىيۇ، يەنە توختىماي ئۆتۈپ كېتەتتى. بىر چاغدا كەينىدىن ئۈرۈمچى تەرەپتىن كەلگەن بىر «سانتانا» ماركىلىق ماشىنا يول بويىدا توختاپ، ماشىنىدىن بىر «پەرىشتە» چۈشتى... بۇ «پەرىشتە» تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ شوپۇرى لياڭ ئەي ئۇستام بولۇپ، ئۇمۇ ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ بىر يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ كەينىگە سوقۇلۇپ توختاپ قالغان ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن پۇلاڭلاۋاتقان قولنى كۆرۈپ توختىغانىدى. قائىدىگە خىلاپ هالدا يۇقىرى سۈرئەتلىك يول بويىدا توختاپ تۇرۇۋالغان يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ كابىنكىسىدىمۇ ئەسلىي ئادەم بار بولۇپ، ئۇلار بىر ماشىنىنىڭ كەينىگە سوقۇلغانلىقىنى تۇيۇپ، كابىنكىدىن چۈشۈپ، ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلگەن، بىر هاياتلىقنىڭ ماشىنىنىڭ ئىچىدە تېپىرلاۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرگەن. بىراق، «ئۇ ماشىنا ئۆزى كېلىپ كەينىمىزگە ئۇرۇلدى، ماشىنىدىكىلەرنى قۇتقۇزىمىز دەپ، يوقىلاڭ ئىشقا چېتىلىپ قالمايلى» دېيىشىپ، جان تالىشىۋاتقان بىرى بىلەن كارى يوق هالدا، كابىنكىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالغان. بۇ روشەن سېلىشتۇرمىنى كۆرۈڭ: ئەسلىي ئۆزلىرى خاتالىق سادىر قىلىپ، قائىدىگە خىلاپ هالدا يول بويىدا توختاپ، پاجىئەگە سەۋەبكار بولغان جاۋابكارنىڭ پاجىئەگە ئۇچرىغان، جان تالىشىۋاتقان ماشىنىدىكىلەر بىلەن كارى بولمىغانۇ، بۇ ئىشقا هېچقانداق مۇناسىۋەتسىز. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر شوپۇر ئادەم قۇتقۇزۇشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم دەپ بىلىپ، ئالىيجانابلىق ۋە پىداكارلىق بىلەن ماشىنىدىكىلەرنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشكەن... هەر قانداق كىشى ئالدىدىكى ماشىنىدىكىلەرنىڭ شەپقەتسىزلىكىگە، باغرى تاشلىقىغا، قارا كۆڭۈللۈكىگە ئىچ ئىچىدىن نەپرەت بىلدۈرسە، لياڭ ئەي ئۇستامنىڭ هەقىقىي پەزىلەتلىك ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل خىسلىتىگە، كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان خالىس ياردەم بېرىش روهىغا، ئاق كۆڭۈل، پىداكارلىقىغا ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ... لياڭ ئەي ئۇستام هەر قانچە قىلىپمۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچالماي، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئالدىدىكى ماشىنىدىكىلەرنى تارتىپ چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا ياردەملەشتۈرگەن. ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن گۈلشەن مىڭ تەسلىكتە مامۇتجاننىڭ يانچۇقىدىن يانفوننى ئېلىپ لياڭ ئۇستامغا ئۆزلىرىنىڭ شوپۇرىنىڭ تۇرپاندا ئىكەنلىكىنى، بۇ تېلېفون ئارقىلىق ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن. لياڭ ئۇستام تۇرپاندا ساقلاۋاتقان مامۇتجاننىڭ شوپۇرى راخمان-

جانغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، راخمانجان دەرھال يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن، لياڭ ئۇستام گۈلشەننىڭ بېشىدىن توختىماي قان ئېقىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ شوپۇرنى ساقلىسا ئەھۋالنىڭ چاتاق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، گۈلشەننى دەرھال كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ، تېز سۈرئەتتە تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلگەن ۋە تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش يارىتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۆيىگە قايتقان. ئەتىسى يەنە دوختۇرخانىغا گۈلشەننى كۆرگىلى كەلگەن، بىراق، ئۇلارغا ئىدارىسى، ئالاقىلىشىش ئادرېسى قاتارلىقلارنى تۇزۇك ئېيتىپ بەرمەي، «ھېچقىسى يوق، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم» دەپ قويۇپلا كېتىپ قالغان. قاراڭ بۇ نېمە دېگەن ئالىيجاناب روھ ـ ھە!

## گۈلشەن دوختۇرخانىدا

گۈلشەن تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بالنىستقا ئېلىنغاندىن كېيىن، دوختۇرخانا ئۇنى داۋالاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىرمۇ تۇرپان ۋىلايىتى رەھبەرلىرىگە بۇ ھەقتە تېلېفون قىلدى، رەھبەرلەر گۈلشەننى داۋالاشقا كۆرسەتمە بېرىپ تۇردى. گۈلشەننى داۋالاشقا مەسئۇل بولغان تاشقى كېسەللىكلەر 2 ـ بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى زېڭ يۈشىن ۋە نىساگۈل قاتارلىق سېستىرالار ھەر كۈنى گۈلشەننىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، بارلىق تېخنىكىسىنى ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى سىڭدۈرۈپ گۈلشەننى داۋالىدى. شۇڭا، گۈلشەن ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. 9 ـ ئاپرېل، گۈلشەننى يوقلاپ كىردىم، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغۇنجان ۋە گۈلشەنگە قاراۋاتقان ئىككى قىز بار بولۇپ، گۈلشەن كارىۋاتتا ياتقىنىچە مېنى ئىللىق چىراي بىلەن قارشى ئالدى، ئەھۋالنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بېشىنىڭ ئوتتۇز بەش يىپ تىكىلگەنلىكىنى، ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە سۆڭەكلىرى سۇنغان ئوڭ قولىنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى ئايالىم مېھرىگۈل يېڭىلا چىققان بېدىدە قىلىنغان تۇگرە بىلەن گۈلشەننى يوقلاپ چىقتى. 17 ـ ئاپرېل، مامۇتجاننىڭ دوستى، ئۇرۇمچىدىكى مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئىمىنجان ئۆمەر خانىمى بىلەن گۈلشەننى يوقلاپ كەپتىكەن، مەن، ئەكبەر داۋۇت قاتارلىقلار گۈلشەننى سىرتقا تاماققا ئېلىپ چىقتۇق. بۇ چاغدا

گۈلشەننىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشى بولۇپ قالغان، بېشى ۋە يۈزىدە جاراھەت ئىزى بار. ئوڭ قولى گىپىس بىلەن قاتۇرۇپ تېڭىلغان بولسىمۇ، كەيپىياتى خېلى ياخشى ئىدى (مامۇتجاننىڭ قازاسى ئۇنىڭغا تېخىچە ئۇقتۇرۇلمىغان بولۇپ، ئۇ مامۇتجاننى شاڭخەيدە داۋالىنىۋاتىدۇ، دەپ بىلەتتى). ئۇزۇن ياتاقتا يېتىپ، سىرتقا چىققان بولغاچقىمۇ خېلى تېتىك كۆرۈنەتتى. ئۇ تاماق ئارىلىقىدا ماڭا: «سىزنى دوختۇرخانىدا تۇنجى كۆرۈپلا بىر يەردە كۆرگەندەك ھېس قىلدىم، ئەسلىسەم سىزنى خوتەندىكى يىغىندا كۆرگەنىكەنمەن، سىز يىغىننىڭ 3 ـ كۈنى يورۇقتاش بازىرىنىڭ بولبۇل ئارامگاھىدا شېئىرنى ئىنتايىن ياخشى دېكلاماتسىيە قىلغانتىڭىز» دېدى. ئۇ مەنجانمۇ مېنىڭ مامۇتجان ھەققىدىكى ماقالىلىرىمنى كۆرگەنلىكىنى قوشۇپ قويدى.

## «مەرھۇم ئىنتايىن ساخاۋەتلىك ئىدى!»

كېيىن بىز تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر قىلىپ، ئاقسۇغا چۈشكۈن قىلغىنىمىزدا مامۇتجاننىڭ جانجىگەر دوستلىرى، قېرىنداشلىرىدىن «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، شائىر ئابدۇرېشىت بارات، «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ مۇھەررىرى، شائىر ئابلىز ئوسمان، مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى ئەخمەتجان ئابدۇللا، ئېزىز قارىي، تۇرغۇنجان نەمەت قاتارلىقلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدۇق. سۆھبەت تەبىئىي ھالدا مامۇتجان ھەققىدە بولۇندى. دەسلەپتە ئابلىز ئوسمان بىزگە ئېھتىرام بىلدۇرۇپ:

— تۇرپاندىكى «تۇرپان» ژۇرنىلى ۋە «تۇرپان گېزىتى» دىن ئىبارەت ئىككى مەتبۇئات مامۇتجاننىڭ ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇش، مامۇتجاننىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈشتە ئاجايىپ زور رول ئوينىدى. مامۇتجاننىڭ پەقەت تۇرپاندا قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرىغانلا يېرى بار. مۇشۇنداق ئەھۋالدا «تۇرپان» ژۇرنىلى مامۇتجان ئۈچۈن مەخسۇس سەھىپە ئاجراتتى، «تۇرپان گېزىتى» مامۇتجان ھەققىدىكى ئەدەبىي خاتىرىنى ئۇدا ئالتە ساندا ئۇلاپ بەردى. تۇرپاندىكى بۇ ئىككى مەتبۇئاتنىڭ پۈتۈن مىللەتنىڭ، ئەدەبىياتنىڭ ئومۇملىقىنى چىقىش قىلىپ بۇنداق مەردلىك بىلەن ماقالە تەشكىللىشى باشقا مەتبۇئاتلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. مامۇتجان گەرچە ئاقسۇلۇق بولسىمۇ، بىز ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنى تۇرپانلىقلاردەك تەشۋىق قىلالمىدۇق، بىز بۇ جەھەتتىن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئىنتايىن خىجىللىق

ھېس قىلىمىز. ماموتجاننىڭ ياخشى سوپەتلىرىنى ساناپ توگەتكىلى بولمايدو، بولوپمو ئو ئىنتايىن مەرد، سېخىي، ساخاۋەتلىك بولوپ، ئونىڭ ياخشىلىق قىلغان، مەنپەئەت يەتكوزگەن، ياردەم قىلغان ئادەملىرى ئىنتايىن كوپ. شوڭا، ماموتجاننى قانچە مەدھىيىلىسەك ئەرزىيدو، — دېدى.

— توغرا، - دېدى ئابدورېشىت بارات، — بىزنىڭ يېزىۋاتقانلىرىمىز ماموتجاننىڭ ياخشى ئىشلىرىنىڭ نەچچە يوزدىن بىرى، خالاس. مەن بىر ئاددىي ئىشنى مىسال كەلتوروپ بېرەي: بىر قېتىم ماموتجان ۋە مەن خوتون - بالىلىرىمىزنى ئېلىپ، ساياھەت قىلغاچ ئورومچىگە باردوق. بىر كونى بىز چوشكون قىلغان مېھمانخانىدا ئارام ئالغاچ قارتا ئوينىدوق. ماموتجاننىڭ تەكلىپى بىلەن ئويوننى قىزىسون دەپ قارتىغا خېلى جىق پول تىكىشتوق. ئادەتتە ماموتجان قارتا ئويناشقا ئوستا ئىدى. شونداقتىمو ئو ئويناۋېتىپ، ھەدەپ خانىمى — قارتا شېرىكى گولشەنگە شەرەت قىلىشقا باشلىدى. مەن خاپا بولوپ ئولارنى توستوم، لېكىن، شونداقتىمو ماموتجان ھەر قېتىم ئوتتورىۋەردى. مەن ھەر بىر قول ئاخىرلاشقاندا ماموتجان تاشلىۋەتكەن قارتىلارنى ئېچىپ كوروپ، ئونىڭ خېلى ياخشى قارتىلارنى ئويىنىماي تاشلىۋەتكەنلىكىنى بايقىدىم. كاللامدا «ماموتجان قارتىغا ئوستا، ئونىڭ ئوستىگە گولشەن بىلەن توختىماي شەرەتلىشىۋاتىدو، يەنە كېلىپ قولىغا خېلى ياخشى قارتىلار چىقىۋېتىپتو، يەنە نېمىشقا ئوتتوروپ قويىدىغاندو؟» دېگەن ئوي ھوكوم سورەتتى. شونداق قىلىپ، ماموتجاندىن خېلى كوپ پولنى ئوتوۋالدىم، لېكىن ھېلىقى ئوي كاللامدا گومان پېتى قالدى. نەچچە كون ئوتكەندىن كېيىن ماموتجان يوق پورسەتتە گولشەندىن بو ئىشنى سورىدىم. دەسلەپتە گولشەن دېگىلى ئونىمىدى، كېيىن مەن قىستاپ تورۇۋالغاندىن كېيىن مونولارنى دەپ بەردى: قارتا ئويناشتىن بورونلا ماموتجان گولشەنگە «ئابدورېشىتلارغا ئورومچىدە خەجلەڭلار، دەپ مونداقلا پول بەرسەك ئالمايدو، شوڭا، قارتا ئوينىغان بولوپ، ئولارغا پولنى ئوتتوروپ بېرەيلى. سەن ماڭا ماسلىشىپ، ناچار قەغەزلىرىڭنى ئوينا، ئىككىمىز شەرەت قىلىشىپ، ئولارغا ئوتتوروپ بېرەيلى» دېگەن. شونداق قىلىپ، مەن نورغون پولنى «ئوتوۋالغان» ئىكەنمەن، قاراڭ، بو ماموتجاننىڭ سېخىيلىقىغا، ئاق كوڭوللوكىگە!

ئابدورېشىتكامنىڭ بو بايانىنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن ھەيران قالدىم، ماموتجاننىڭ بو قەدەر سېخىي، دوستلىرىغا كويومچان، ئاق كوڭول ئىكەنلىكىگە چىن دىلىمدىن قايىل بولدوم. ئابدورېشىت بارات يەنە بىر ئىشنى سوزلەپ بەردى. ئونىڭ دېيىشىچە، ماموتجاننىڭ بالىلىق ۋاقىتلىرىدىكى


بىر ئىش مەڭگۈ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدىكەن، مامۇتجان بالىلىق ۋاقتىلى-رىدا ئاۋات ناھىيىسىدىكى ئۆيىدە يالغۇز قاپتۇ، ئەيتاۋۇر ئاتا - ئانىسى بىر ياققا كەتكەن ۋاقىتمۇ، ئىشقىلىپ، قورسىقى بەك ئېچىپ كېتىپتۇ ۋە چىديالماي يىغلاپ سىرتقا چىقىپتۇ. مەھەللىدە بىر قوشنا ئايال تونۇردىن نان سويۇۋاتقان ئىكەن، يىغلاۋاتقان مامۇتجاننىڭ قولىدىن يېتىلەپ، تونۇر-نىڭ يېنىغا ئەكىلىپ، ئۇنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ، يې-ڭىلا سويۇلغان ئىسسىق ناننى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. ئاچ قورساق ۋاقىتتىكى مەززىلىك، ئىسسىق نان، يالغۇزلۇقتىكى مېھرىبان ئايال ما-مۇتجاننىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قاپتۇ (بۇ خىل خاتىرىنىڭ ساق-لىنىپ قېلىشىمۇ مامۇتجاننىڭ ۋۇجۇدىدا ئەدەبىيات، ھېسسىيات ھۆجەي-رىسىنىڭ تولۇق بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە). يېقىندا مامۇتجان تۇيۇقسىز نەچچە ئون يىللار بۇرۇنقى ھېلىقى مېھرىبان ئايالنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئاۋات ناھىيىسىدىكى بۇرۇنقى ئۆيىگە كەپتۇ. ئۇ بۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە كىرسە ياشىنىپ قالغان، ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئايال داۋالىنىشقا قۇربى يەتمىگەچكە، ئاغرىق ئازابىدا ياتقان ئىكەن. مامۇتجان بۇ ئايالنى دەرھال ئاقسۇغا، كېيىن ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا يۆتكەپ، ئۆز يېنىدىن ئون يەتتە مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل سەرپ قىلىپ، بۇ ئايالنى داۋالىتىپ ساقايتىپتۇ ۋە دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ.

مامۇتجان شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈلكى، قارشى تەرەپنىڭ قەستەن بىر نەرسە ئۇندۇرمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنىدىكەن. مامۇتجاننىڭ بۇ خىل مەردلىكى، ئەدەبىياتسۆيەرلى-كى، سەنئەتخۇمارلىقى، ھەممە ياققا پۇر كەتكەن نامى ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئاۋا-رىچىلىقلارنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۈرۈمچىدىن، باشقا جايلاردىن كەلگەن، ئەدە-بىياتتىن، سەنئەتتىن ئازراقلا خەۋىرى بار كىشىلەر ئۇنىڭ كەينىگە كى-رىپ ھەر خىل يوللار بىلەن ئۇنىڭدىن نەپ ئاپتۇ. ئەلۋەتتە، كۆپىنچە كى-شىلەر مامۇتجانغا بولغان ھۆرمەت، ئىخلاستىن خالىس نىيەتتە كەلسىمۇ، ھۆرمەت، مەدھىيىنى نىقاب قىلىۋېلىپ، ھەر خىل مۇددىئالاردا كەلگەن-لەرمۇ خېلى كۆپ ئىكەن. بىر ئاتاقلىق كومپوزىتور خەلقنى نادانلىقتىن ئويغىتىش مەزمۇن قىلىنغان بىر پلاستىنكا ئىشلەپتىكەن، ئۇ بۇ پلاستىنكىنى سېتىش ئۈچۈن ئاقسۇغا كېلىپ مامۇتجانغا ئۆلتىجا قىپتۇ. تەڭلىكتە قالغان مامۇتجان بۇ پلاستىنكىدىن نەچچە يۈز داننى ئۆزىلا سې-تىۋېلىپ، پۇل قىلىپ بېرىپتۇ. يەنە بىر داڭلىق ناخشىچى مامۇتجان بىلەن

بولغان دوستلۇقىدىن پايدىلىنىپ، پاختا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ (ئەمدى بۇ ئىشلارغا نېمە دېگۈلۈك؟)، مامۇتجان بۇ مەشھۇر دوستىغا يۈز كېلەلمەي، ئۇنىڭ سۈپەتسىز پاختىلىرىنى نۇرغۇن پايدا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. كىتاب يازىمىز، فىلىم ئىشلەيمىز، تەشۋىق قىلىمىز دەپ ۋە يەنە نۇرغۇن ناملار بىلەن مامۇتجاندىن پۇل تەلەپ قىلدىغانلار ئۈزۈلمەيدىكەن، ئاق كۆڭۈل مامۇتجان ھېچقايسىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماي ئۆز لايىقىدا رازى قىلىدىكەن...

شېرىن سۆخەن، مۇلايىم ئېزىز قارىي. تۈز كۆڭۈل تۇرغۇنجانلار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، مامۇتجاننىڭ پەزىلەت - خىسلەتلىرى، ئۆزلىرىگە قىلغان ياخشىلىقلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. مۇشۇ مىنۇتلاردا مامۇتجاننىڭ روھى ئەتراپىمىزدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنى، ئەھدىمىزنى ئالقىشلاۋاتقاندەك، بىزگە مەدەت بېرىۋاتقاندەك قەلبىم بىر خىل يېقىملىق تۈيغۇغا چۆمگەنىدى.

2002 - يىلى ئاپرېل، تۇرپاندا يېزىلدى.



ئاپتور شائىر ئەكبەر داۋۇت بىلەن بىللە مامۇتجان داۋۇتنىڭ قەبرىسى ئالدىدا.



# ئەقىدە سەپىرى ۋە ئېھتىرام مەنزىللىرى

2002 - يىلى 13 - ئىيۇلدىن 27 - ئىيۇلغىچە ھاياتىمىزدا ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇرغان بىر خەيرلىك سەپەر نېسىپ بولدى. بۇ سەپەرنى «تۇرپان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەشكىللىگەن بولۇپ، مۇھەممەت نىياز، ئەكبەر داۋۇت، مەن ۋە ئۆمەر ئابدۇللا تۆتەيلەن مەخسۇس ماشىنا بىلەن تەكلىماكان گىرۋەكلىرىنى بويلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا سەپەر قىلدۇق. بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ مەقسىتى تۇرمۇش ئۆگىنىش، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاپتورلار بىلەن يۈزتۇرا پىكىرلىشىپ، دوستلۇق، ئالاقىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىز سەپەر جەريانىدا بۇ مۇرۇۋۋەتلىك مەقسەتلىرىمىزنى ئۆزىمىز ئويلىغاندىنمۇ يۇقىرى تەلەپتە ئىشقا ئاشۇردۇق. بىز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قايسى بىر ناھىيە، شەھىرىگە، يېزا، بازىرىغا قەدەم باسايلى، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرىنىڭ، ئېتىقادلىق، ئاق كۆڭۈل، سەممىي، ئىخلاسمەن ئەدەبىيات مۇخلىسلىرىنىڭ، يازغۇچى، شائىرلار، قەلەمكەشلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق، بىز پەرەز قىلغاندىنمۇ ئارتۇق ئىلتىپاتىدىن بەھرىلەندۇق. ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ رىشتىنىڭ ئۇيغۇر ماكانىنىڭ ھەر قانداق بۇلۇڭ - پۇچقىقىدىكى ئېتىقادلىق يۈرەكلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان تەۋرەنمەس، مۇقەددەس ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس

ئاپتور دولان مۇقامچىلىرى بىلەن بىللە.

قىلدۇق. تۇنجى كۆرۈشۈپلا سىغىنىش ئىلكىدە قۇچاقلىشىپ، بىر تۇغقاندەك يېقىنلىشىپ كەتكەن قەلەمكەش قېرىنداشلار قەلبىمىزگە چىن دوستلۇقنىڭ مەڭگۇ ئۆچمەس يارقىن تامغىسىنى باستى، كۆڭۈللەردە ئۇلارغا بولغان ئالەمچە ھۆرمەت، مىننەتدارلىق ھېسسىياتى دولقۇنلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا رىشتىمىزنى باغلىغان ئەدەبىياتقا ھەممىمىز بىرلىكتە چوڭقۇر سۆيگۈمىزنى، ھۆرمەت، ئېھتىرامىمىزنى بىلدۈردۇق.

قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان بىزگە ھاياتلىق ۋە ئىشەنچ مەنبەسى بولۇپ كەلگەن، چۈشلىرىمىزدىكى مەبۇدقا ئايلانغان، سېھىرلىك ۋىسالىغا يېتىشكە زارىقىپ، زارىقىپ ئىنتىزار بولغان تەكلىماكان ئانىنىڭ باغرىغا قەدەم باسقىنىمىزدا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك ئىزلىرى كۆمۈلگەن بۇ مۇقەددەس قۇملۇققا باغرىمىزنى يېقىپ، ئۇنىڭ «ۋۇجۇدى»نى تويماي قۇچاقلىدۇق؛ تارىخىمىزنىڭ شاھىتى بولغان، ھازىر قۇرۇپ قاقشال بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان توغراق بوۋىمىزنىڭ يىرىك غوللىرىنى كۆز ياشلار ئىچىدە سىلىدۇق؛ ئەسىرلەردىن بۇيان قەيسەرلىك بىلەن قۇملۇقنى يېرىپ، تالايلىغان قان ـ ياشلارنى بىرگە ئېلىپ، باغرىدىكى يۇلغۇن، توغراقلارنى كۆكەرتىپ ۋەزمىن ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسىنىڭ ئۇلۇغ سۈيىنى مۇقەددەس تۇيغۇلار ئىچىدە ئوچۇملىدۇق. ئەمگەكچان، ئىتائەتمەن، ئاق كۆڭۈل جەنۇب دېھقانلىرىنىڭ نامرات كەپىلىرىدە ئۇلارنىڭ دوغ سۇ ۋە تاتلىق قوغۇنلىرىغا ئېغىز تەگدۇق. دولان دېھقانلىرىنىڭ سەنئىتىمىزدە ئاجايىپ پەخىرلىك ئورۇن تۇتىدىغان مەشرەپلىرىگە، مۇقام، بەزمىلىرىگە داخىل بولدۇق. ئەدەبىيات ئىخلاسمەنلىرىنىڭ، جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خۇشاللىق ۋە ئازابقا، ئىپتىخار ۋە ئەپسۇسلۇققا، ھاياجان ۋە ئۈزكۈنۈشكە تولغان سۆھبەتلىرىگە ئىشتىراك قىلدۇق. قىسقىسى، ھەر بىر قەدىمىمىز بىزگە پۈتمەس ھاياجان بەخش ئەتتى. مىسكىن يۈرەكلىرىمىز، زامانىۋى شەھەرنىڭ جىددىي رىتىمىدىن چارچىغان نېرۋىلىرىمىز ھەر ۋاقىت رازىمەنلىك تۇيغۇلىرىدىن تىپچەكلەپ تۇردى. قىسقىسى، بىزدەك ھېسسىياتقا باي مەنىۋى ئەمگەكچىلەرگە نىسبەتەن بۇ قېتىمقى سەپەر خەلقىمىزنى، زېمىنىمىزنى، ئەدەبىياتىمىزنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىمكانىيەت ياراتتى. بىزنى نۇرغۇن بەدىئىي دېتاللار، مول تۇرمۇش تەسىراتلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. مانا مۇشۇنداق ئىمكانىيەتنىڭ، پۇرسەتنىڭ، ئىلھامنىڭ، ھاياجاننىڭ تۇرتكىسى بىلەن قولىمىزغا قەلەم ئالدۇق. ھۆرمەتلىك كىتابخان، سىزنىڭمۇ بىز بىلەن بىللە تەكلىماكان گىرۋىكىنى بويلاپ سەپەر قىلغۇڭىز، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قويۇق مىللىي ئەنئەنى-

نى ساقلاپ قالغان سىرلىق، سېھىرلىك تۇرمۇشنى كۆرۈپ باقىقۇڭىز، بىز چۆمۈلگەن ھاياجانلارغا غەرق بولغۇڭىز بارمۇ؟ قېنى، ئۇنداقتا بىز بىلەن بىللە مەرھەمەت!

## كورلىدىكى «ئۇيغۇر»

13 ـ ئىيۇل سەپىرىمىزنى قۇتلۇقلىغاندەك ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، سائەت بەشلەر بىلەن سەپىرىمىزنىڭ تۇنجى بېكىتى بولغان كورلا شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. كورلا شەھەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ساۋاقدىشىم قەيسەر بىر خىزمەتدىشى بىلەن بىزنى يېتەكلەپ كورلا شەھىرىنى ئايلاندۇردى.

كەچتە كورلا شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى كەچلىك بازاردا بىر قانچە دوستىمىز بىلەن قىزغىن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇردۇق. بۇ كەچلىك بازاردا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ئارىلاش تىجارەت قىلىدىغان بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەك تۈرلىرى تولۇق ئىكەن، بۇ يەرگە پاراڭلاشقاچ تاماق يېگىلى كېلىدىغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. يۇمۇلاق ئۈستەللەرنى چۆرىدەپ تىقما ـ تىقما بولۇپ ئولتۇرۇشقان مېھمانلار قىزغىن كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن بۇ يەرنى قىزىتىۋېتىدىكەن. بىزمۇ كورلىلىق ئاق كۆڭۈل دوستلىرىمىزنىڭ سەمىمىي ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلىپ، چاقچاقلار قاينىمىغا غەرق بولدۇق. سائەت ئون ئىككىلەر بىلەن ساھىبخانلارغا «كورلىغا كېلىپ، ئۇيغۇرلار تىجارەت قىلىدىغان ئەنئەنىۋى بازارنى ئۇچراتمىدۇق، بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىشتىكى مەقسىتىمىز قەدىمكى ئەنئەنىلەرنى كۆرۈش. مۇمكىن بولسا بىزنى شۇنداق بىر جايغا باشلاپ بارساڭلار» دېگەن تەلەپنى قويدۇق. بىزنى ھۆرمەت تۈرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا چىقارغان پىداكار ساھىبخانلار تەلىپىمىزنى دەرھال بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىسقا مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن بوستان بازىرىغا باشلاپ ماڭدى. «ئەسلىدە مىللىيچە سودا بولىدىغان كونا بازار بار ئىدى، ھازىر يېرىم كېچە بولغاچقا تاقىلىپ كەتتى. بوستان بازىرىمۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتى قىلىدىغان بازارلارنىڭ بىرى» دېيىشتى ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ. بەك كەچ بولۇپ كەتكەچكە بۇ يەردىمۇ تۇزۇك ئادەم قالمىغان، پۈتۈن سودا كوچىسىدا پەقەت ئۆپكە ـ ھېسىپ، كاللا ـ پاچاق ساتىدىغان ئىككى ئۇيغۇر تىجارەتچىلا قالغانىدى. بىز يوغان بورۇت قويغان، تەمبەل كەلگەن قەشقەرلىك تىجارەتچىگە قىزغىن سالاملارنى بېرىپ،

پەقەت ئۇيغۇر بازىرىنى كۆرۈش ئۈچۈنلا مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يول بويىغا توختىتىلغان پاكار، يوغان ئۇستىلىنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. ئالدىمىزغا مۇچ، ئاچچىقسۇلىرى تەڭ-شەلگەن كاللا - پاچاق كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن قىيقاس - چۇقانلار بىلەن سورۇننى قىزىتىۋەتتۇق. بۇ چاغدا ئۆزۈنغا سوزۇلغان كوچىدا پەقەت بىزلا قالغان بولۇپ، بىز كوچىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغاندۇق. دەل شۇ چاغدا قۇلاق تۈۋىمىزدە گۈلدۈرمامىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، يېنىمىزدا ئوتتۇرا بوي، قاتاڭغۇر كەلگەن، شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىۋالغان، تۇرقىدىن غەرق مەستلىكى ۋە كۆكەملىكى چىقىپ تۇرغان بىر ياش پەيدا بولدى:

— ماڭا پىچاق ئاتقان قايسى سولامچى، ئېيتىشە!

ئۇنىڭ قولىدا قاتلىنىدىغان كىچىك بىر بەكە بار بولۇپ، ئۇ قولىدىكى بەكىنى ھەدەپ ئايلاندۇرغىنىچە بىزگە ھەيۋە قىلىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەت-تە ئۇنىڭغا پىچاق ئېتىش تۇرماق، يېنىمىزغا كەلگىنىنىمۇ ھېچقايسى-مىز تۇيمىغاندۇق.

— ماڭا پىچاق ئاتقان قايسىڭ دەيمەن - ھە، نەدىن كەلگەن سولامچىلار سىلەر؟

بىر قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تۇيۇقسىز تىنچىپ قال-غان، يەرگە يىڭنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىققا چۆككەند-دۇق. مەستلىكىمىزمۇ ئاللىقاياقلارغا غايىپ بولغانىدى. (توغرىسى بىز ھەقىقىي مەست بولمىغاندۇق، مەست بولغان بولساق ئېنىقكى، ئۇنىڭ كۆكەملىكىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرمىغان بولاتتۇق). يۈرەكلىرىمىزنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بىز تۇرپاندىن كەلگەن مېھمانلار «بۇ ئۇششۇق نەدىن پەيدا بولدى، ئۇ كىم بولغىيتتى؟» دېگەن ئويلاردا بول-ساق، كورلىلىق ساھىبخانلار «بۇ كۆكەمە بىلەن تەڭ بولۇپ، سورۇننىڭ كەيپىنى ئۇچۇرمايلى، ئۇ قەستەن جېدەل تېرىماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلاشماقتا ئىدى.

— مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىشەمسەن - ھە! ئابلىز جوتاڭ دەپ ئاڭلى-غانمۇ، مەن شۇنىڭ ئوغلى جاپپار جوتاڭ بولىمەن، مۇشۇ كوچىنىڭ غو-جىسى، قانداق، نوچاڭلار بامۇ؟

ئۇ «پىچىقى» نى ئويناتقىنىچە ئەتراپىمىزدا ئايلىنىشقا باشلىدى، ئۇ قايسىمىزنىڭ ئۆدۈلىغا كەلسە، شۇنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كېتەتتى. ئېنىق-كى، ھەممىمىزنىڭ كاللىسىدا بىرلا ئوي ھۆكۈمران ئىدى: بۇ كۆزگە قان تولغان، جېنىدىن تويغان كۆكەمە ئىكەن. ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئېتىشىپ

قالساق، ئالىمادىس كىچىك بەكىسى بىرەيمىزگە تېگىپ كېتىپ قالسا، سەپىرىمىز سۇغا چىلىشاتتى، يامان بىلەن تەڭ بولغاندىن سۇكۇت قىلغان ئەۋزەل ئىدى (كېيىن بىلسەك، ئۇ ھەقىقەتەن مۇشۇ ئەتراپتا داڭقى چىققان، جېدەلنى سېتىۋېلىپ ئۆلۈكىنى ئارتىدىغان ئۇششۇق ئىكەن). شۇ ئارىدا ئۇ تۇيۇقسىز بەكىسىنى ئۇستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارىتىپ ئاتتى. لېكىن، كىچىك بەكە ئۇستەلگە قادالماي، قاڭقىپ چىقىپ، يەرگە چۈشۈپ قاتلىنىپ قالدى. ئارىمىزدىكى بىرەيلەن بەكىنى ئېلىپ ئاستا ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. شۇ ئارىدا ئارىمىزدىكى يۇرەكلىكرەك كەلگەن كورلىلىق بىر دوستىمىز ئورنىدىن تۇردى:

— مەن سېنى تونۇيمەن...

— مەنمۇ سېنى تونۇيمەن، سەن بۇ كوچىغا جىق كېلىسەن، شۇنداقمۇ؟ ھە، تونۇسام نېمە بوپتۇ، گېپىڭ بارمىتى؟ — ئۇ ھېلىقى دوستىمىزنىڭ يېنىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— گېپىمغۇ يوق...

دوستىمىز ئامالسىز ئولتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. ھېلىقى كۆكەمە بىر تېپىپلا ئۇستەلنى ئۆرۈۋەتتى. ئارىمىزدىكى بەكرەك مەست بولۇپ قالغان بىرەيلەن بۇنىڭغا چىدىماي، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى دوستىمىز ئۇنى چىڭ تۇتىۋېلىپ، «بىر ئاز تەخىر قىل، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولمايلى» دەپ ئۇنى تۇرغىلى قويمىدى. شۇ ئارىدا بىر ماشىنا يېنىمىزغا كېلىپ توختاپ، ماشىنىدىن ھېلىقى كۆكەمىنىڭ بىر قانچە دوستى چۈشتى، بىز «ئىم، ئەمدى رەسمىي جېدەل چىقىدىغان بولدى» دەپ تۇرۇشىمىزغا يېڭى كەلگەنلەر كۆكەمە دوستىنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي، سۆرەپ ئېلىپ مېڭىشتى. ئەمدى «ئۇھ» دەپ يېنىك تىن ئېلىپ تۇرۇشىمىزغا، مەست بولۇپ قالغان دوستىمىز ئورنىدىن يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ: «شۇ مەستتىنىمۇ قورقامسىلەر، ئۇنىڭ يېنىغا ئاستا بېرىۋېلىپ، تۇيدۇرماستىن پۇتىنىڭ ئۇچىنى دەسسىۋېلىپ، قاتتىق بىرلا ئىتتىرىۋەتسەك، كەينىگە ئۈچۈپ چۈشىدۇ ئەمەسمۇ؟ مەستنى جايلاش شۇنداق ئاسان» دېگىنىچە ھېلىقىغا قول پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. بۇ ئىشتىن ئەمدى ئورنىغا چۈشۈپ تۇرغان ئەسەبلىرىمىز قايتا قوزغىلىپ، يۈرەكلەر سائەت مايانىكىدەك پۇلاڭلاپ كەتتى ۋە ھەممىمىز ھاپىلا - شاپىلا ھېلىقى دوستىمىزنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، يالۋۇرۇپ يۇرۇپ جايىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدۇق. بۇ دوستىمىز بولسا توختىماستىن مەستنى جايلايدىغان ھېلىقى «چارە» سىنى تەكرارلايتتى. ھېلىمۇ ياخشى ھېلىقى كۆكەمە بۇ دوستىمىزنىڭ

«جەڭ مارشى» نى ئاڭلىماي قالدى. ئۇلارنىڭ ماشىنىسى ئۇزاپ كېتىشى بىلەنلا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق كەيپىيات ئەسلىگە كەلدى. ئالدىمىزدا قاتتىق خىجالەت ھېس قىلغان كورلىلىق دوستلىرىمىز كەينى ـ كەينىدىن ئۆزرە سوراپ، پەقەت ئارتۇقچە كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالماسلىق ئۈچۈنلا سۈكۈت قىلغانلىقىنى ئىپادىلەشتى ۋە قايسىدۇر ساقچى دوستلىرىغا تېلېفون ئۇرۇپ، بايامقى كۆكەمىنى جازالاپ بېرىش ھەققىدە شىكايەت قىلىشتى. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ دېگىنى خاتا ئەمەس ئىدى، مەست بىلەن تەڭ بولۇپ، جېدەللەشكەن بولساق، ئېنىقكى، ھازىرقى خاتىرجەملىكنىڭ بۇنداق تېز ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئارىدىن بىرەيلەن ئاچچىق بىلەن ئورۇننىڭ ئىگىسى، يوغان بۇرۇت قەشقەرلىك تىجارەتچىگە خىتاب قىلدى:

— ئاكاۋۇي، سىزمۇ جوزىڭىزدا ئولتۇرغان مېھماننى قوغدىماسىز، ئاۋۇ لۈكچەك كۆكەمىلىك قىلسا، «غىت» قىلماي ئولتۇرىسىزغۇ؟

— ئۇكام، سىلەر ئون نەچچە تامدەك ئەركەك تۇرۇپ، شۇ ياچۇۋەكتەك پىيەنچۈكنىڭ ئالدىغا بىرىڭلار مەيدەڭلارنى كېرىپ چىقالمىدىڭلار، ماڭا «غىت» قىلىپ نېمە كەپتۇ؟ سىلەر ھارىقىڭلىنى ئىچىپ بولۇپ كېتىسىلەر، مەن ياقا يۇرتلۇق بۇ يەردە يەنە قالىمەن. جاپپار جوتاڭ دېگەن جېنىدىن تويغان ئۇششۇق، ئەتە شايكىسىنى باشلاپ كېلىپ مېنىڭ تاناۋىمنى تارتسا، سىلە ئۆزەڭلىنىمۇ قوغدىيالمايۋاتقان يەردە ماڭا ئارا تۇرالاماسسىلەر ھەقىچان؟

بايا كاللا ـ پاچىقىنى سىتىۋالغۇچە، شېرىن سۇخەن ـ سۆزلىرى بىلەن ئۇششاق تىللىرى چىقىپ كەتكەن تىجارەتچىنىڭ سۆزلىرىمۇ كىنايىلىك تۇس ئالغانىدى.

«ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست تۇرسا»، ھېلىقى ئاغىنىمىز ئاغزىنى تۇتۇپ جىملا بولدى. پەقەت ھەممىمىزنىڭ قەلبىنى بىرلا ئوي تاتىلايتتى: ئۇيغۇر بازىرىنى كۆرىمەن، ئۇيغۇر كۆرىمەن دېگىنىڭگە توي، مانا سېنىڭ كۆرمەكچى بولغان ئۇيغۇرۇڭ! سورۇن «تېپىپ ئۆرۈۋېتىلگەن» بولغاچقا، سورۇننى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. بىر ـ بىرىمىزنى يۆلىشىپ، كورلىلىق دوستلار بىلەن خوشلىشىپ، تاكسىغا ئولتۇرۇپ ياتاققا قايتىپ كەلدۇق.

ئەتىسى سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئاخشامقى كومېدىيىنى ئەسلەشىپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى ھالەتلىرىنى دېيىشىپ، كۈلۈشۈپ، كارىۋاتلاردا يۇمىلاپ كەتتۇق. لېكىن، بىر يەرلىرىمىزنى بولسا بۇ

قېتىمقى «ئۇيغۇر كۆرۈش» ۋەقەسىدىكى بىر دە ئىپادىلەنگەن، كۆپچىلىك زىيالىيلارغا خاس يۈرەكسىزلىك، زىيادە ئېھتىياتچانلىق، ئېنىقراق ئېيتقاندا، قورقۇنچاقلىق كونا جاراھەتتەك ئاغرىتماقتا ئىدى...

ئەتىسى سائەت سەككىزلەر بىلەن يېڭىلا دوختۇرخانىدىن چىققان «كروران» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر ئۆمەر مۇھەممەتئىمىننى يوقلاپ قويۇپ، قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق خوتەنگە بېرىش ئۈچۈن تەكلىماكانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

## تەكلىماكاندىكى ھاياجان

كورلا بىلەن بۈگۈر ئارىلىقىدىكى دۆلەت يولىنىڭ ئىككى يېقىدىمۇ قويۇق توغراقلىقلار بار بولۇپ، ئىلگىرىكى يىللاردا بۇ توغراقلار قۇرۇپ قاقشال بولۇپ، كۆكىرىپ تۇرغانلىرى ئازلا قالغانىدى. بۇ يىل ھۆل - يېغىن كۆپ بولغاچقا، يول بويىدىكى توغراقلار قايتىدىن كۆكلەپ، ياشىرىپ كەتكەن، يول بويىدا ھەر خىل ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ، بۇ يەرنىڭ يېشىللىق مەنزىرىسى قايتا ئەسلىگە كەلگەنىدى. مەيىن شامالدا ئاستا يەلپۈنۈپ تۇرغان تەڭگە يوپۇرماقلىق ياپيېشىل توغراقلارنى كۆرۈپ، قەلبىمىز ئالەمچە سۆيۈنۈشكە تولدى. سائەت ئون ئىككىدە قۇملۇق تاشيولىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا كەلدۇق. بۇ يەرگە بىر ئابىدە تاش ئورنىتىلغان بولۇپ، تارىم قۇملۇق تاشيولى دۇنيا بويىچە كۆچمە قۇمۇقتا ياسالغان ئەڭ ئۇزۇن دەرىجىلىك تاشيول ئىكەن. بۇ تاشيول 1991 - يىلى ياسىلىشقا باشلىغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بەش يۈز يىگىرمە ئىككى كىلومېتىر ئىكەن. بىز يەنە بىر سائەتكە يېقىن ماڭغاندىن كېيىن تالاي ئەسىرلەر مابەينىدە تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى كۆجۈم بوستانلىقلارنى ئابىھايات سۈيى بىلەن ياشارتىپ كېلىۋاتقان مۇقەددەس ئانا دەريا ـــ تارىم دەرياسىغا كەلدۇق. بۇ يىل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، زور سوممىلىق مەبلەغ ئاجرىتىپ، باغراش كۆلىدىن تارىم دەرياسىغا سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغان بولغاچقا، بۇ ئەزىم دەريانىڭ سۈيى خېلى ئۇلغىيىپ قالغان بولۇپ، كەڭرى كەتكەن دەريا قېنىدا لايقىش سۇ ئىككى تەرەپتىكى قۇمساڭغۇ قىرغاققا ئاستا ئۇرۇلۇپ، ۋەزمىن ھالدا ئېقىۋاتاتتى. دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدا توغراق، يۇلغۇنلار، سۆكسۆك ۋە ھەر خىل ئوت - چۆپلەر ياشىرىپ كەتكەن، دەريا سۈيى مۇشۇ ئېقىنىدا ئۆز قېشىدىكى يېشىللىقنى ئەگەشتۈرۈپ، كۆز يەتكۈسىز توغراقلىق، بىپايان قۇملۇق ئىچى-

گە كىرىپ كەتكەنىدى. بۇ مۇقەددەس ئەزىم دەريا بۇندىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا ئۆزىنىڭ شاۋقۇنلۇق، خاسىيەتلىك، قىسمەتلەرگە باي سۈيى بىلەن تەكلىماكان باغرىدا سەلتەنەت سۈرگەن ئاۋات شەھەرلەرگە، كۆز يەتكۈسىز بوستانلىقلارغا، تۇتاش كەتكەن يېزا ـ قىشلاقلارغا ئاسايىشلىق، هاياتلىق بەخش ئەتكەن، بۇ مۇقەددەس تۇپراقتا ياشىغان قورقۇمسىز، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، مەدەنىيەتلىك قوۋملەرنىڭ قەلبىنى ئېتىقاد، غۇرۇر ئۇنچىلىرى بىلەن ياشارتقان، ئۇلارغا شۆھرەت ۋە ئاسايىشلىق ئاتا قىلغان ئەمەسمىدى؟ ئەلهال، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سەلتەنەتلىك شەھەرلەر قۇم ئاستىدا قالدى، باتۇر خەلقلەرنىڭ ۋۇجۇدى توغراقلارغا ئايلاندى. بىپايان، تەلۋە قۇم بۇ يەردىكى ھەممە هاياتلىقنى ئۆزىنىڭ رەھىمسىز تىرناقلىرى ئاستىغا ئالدى. لېكىن، بۇ ئانا دەريا يەنىلا تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەسىرلەرنىڭ ئىمتىهانلىرىدىن ئۆتۈپ، قوۋملارنىڭ هۇجۇمىدىن غالىپ كېلىپ، ۋەزمىن ئېقىپ تۇرماقتا. يىراق مەنزىلگە قاراپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن كېتىۋاتقان نەچچە مىڭ ياشلىق مويسىپىت بوۋايغا ئوخشايدىغان بۇ ئۇلۇغ دەريا نەچچە مىڭ ئەسىرلىك تارىخىدا ئۆز بويىدا يۈز بەرگەن كۆرمىگىلىغان ۋەقەلەرگە، ئۆزىگە قوشۇلغان قانياشلارغا، دەھشەتلىك ئۇرۇشلارغا، قىزغىن ئاشىقلارنىڭ مۇھەببەت تىۋىشلىرىغا، مېھنەتكەش ئەجدادلارنىڭ شادلىق ناخشىلىرىغا شاھىت بولغان بولغىيتتى؟...

تارىم دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشىمىز بىلەنلا كىشىگە ئاجايىپ ساماۋى، سېھىرلىك تۇيغۇلارنى بېغىشلايدىغان پايانسىز توغراقلىق كۆز ئالدىمىزدا قۇچاق ئاچتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يىراق ئۇپۇققىچە سوزۇلغان توغراقلىقلار، توغراقلارنىڭ ھەر خىل هالەتلىرى قەلبىمىزدە پۈتمەس هاياجان دولقۇنىنى پەيدا قىلدى. نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ياشىرىپ، باراقسانلاپ، يوغىراپ، ئاخىرى قېرىپ يىقىلغان، زېمىننى مەھكەم قۇچاقلاپ ياتقان، نەچچە ئادەمنىڭ قۇچىقى ئارانلا يېتىدىغان غايەت زور مويسىپىت توغراقلار؛ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا يىقىلماي مەزمۇت تۇرغان يېڭىلمەس توغراقلار؛ قۇرۇپ كەتكەن ۋۇجۇدىدىن يايپېشىل نوتىلار ئۆسۈپ چىققان خاسىيەتلىك توغراقلار؛ يايپېشىل باراقسانلاپ، ياپراقلىرى مەيىن شامالدا ئاستا چاۋاك ئۇرۇپ، غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىۋاتقان باتۇر توغراقلار مۇقەددەس تەكلىماكانغا ئاجايىپ سېھىرلىك مەنزىرىنى بېغىشلىغانىدى. بىز بۇ مەنزىرىدىن كونىلارنىڭ «توغراق شۇنچىلىك چىداملىقكى، تىك تۇرۇپ كۆكلەپ مىڭ يىل، سۇسىز قالسا قۇرۇپ

كېتىپ، تىك تۇرۇپ مىڭ يىل، ئۆلۈپ يىقىلسا، ئۆلۈكىمۇ يەرنى قۇچاقلاپ مىڭ يىل ياشايدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇق. يىللاپ بىر تېمىم يامغۇر ياغمايدىغان، ئەتراپىدا بىر تامچە سۇدىنمۇ ئەسەر بولمىغان، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە قاتتىق بوران چىقىپ، قۇملار كۆ- چۈپ، قىيامەت دەھشىتى ھۆكۈم سۈرىدىغان، زەررىچە ھاياتلىقتىن ئەسەر بولمىغان بۇ سىرلىق قۇملۇقتا پەقەت قەھرىمان توغراقنىڭلا ياپيېشىل كۆكىرىپ، مەغرۇر قەد كېرىپ، قۇم - بورانغا باش ئەگمەي ياشىشىنى ھەقىقەتەن مۆجىزە دېمەي بولمايتتى. بولۇپمۇ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەت- كەن توغراقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن يەنە ياپيېشىل يۇمران نوتىلارنىڭ ئۆسۈپ چىققانلىقى بىزنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇردى. بىر قاراشتا بۇ يەردىكى بىپايان توغراقلار قانداقتۇر بىر دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىر - بىرى بى- لەن مەھكەم قول تۇتۇشۇپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭگە تەييارلانغان ئېگىز بوي، جەسۇر، چىرايىغا قات - قات قورۇقلار چۈشكەن، ئاپئاق ساقال بوۋايلارغا، قىران، كۈچتۈڭگۈر ئوتتۇرا ياشلىقلارغا، باتۇر ياشلارغا، قەي- سەر بالىلارغا ئوخشايتتى. قىسقىسى، بۇ توغراقلار قۇمدىن ئىبارەت بۇ «دۈشمەن» گە تاقابىل تۇرۇۋاتقان بىر قوۋم كىشىلىرىنى ئەسلىتەتتى. توغرا، ئەينى يىللاردا بۇ يەردە سەلتەنەت سۈرگەن يۇلتۇزدەك شەھەرلەر قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەندە بۇ جايلاردا ياشاۋاتقان باتۇر قوۋملەر توغراققا ئاي- لىنىپ، ئەجدادلىرىنىڭ روھىنى ياشارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ، ئەسىرلەردىن بۇيان ئاتا دۈشمىنى بولغان قۇم بىلەن ئې- لىشىپ ياشاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

تەكلىماكانغا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشىمىز بىلەن تەڭ توغراقلار بارا - بارا ئازىيىپ، بىزنى بىر تال گىياھمۇ بولمىغان بىپايان قۇم دېڭىزى كۈتۈۋالدى. چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان بىپايان قۇملۇق، ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرى كىشىگە پۈتكۈل كائىنات — يەرمۇ، ئاسمانمۇ قۇم بىلەن ئورالغاندەك تەسىرات بېرەتتى. ھالاكەت دېڭىزى بولغان تەكلىماكاننى كېسىپ ئۆتكەن قارا يىپەك لېنتىدەك ئاسفالت يولدا سارغۇچ قۇملار خۇددى سۈزۈك بىر قەۋەت سۇدەك توختىماي ئېقىپ تۇراتتى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ قۇملۇقنىڭ باغرىغا قەدەم باستۇق ۋە قۇم دېڭىزىنىڭ چوققىسىدا ئولتۇرۇپ، يۈزىمىزنى، باغرىمىزنى بۇ سىرلىق ئانا ماكانغا ئاستا ياقتۇق. گويا قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن شە- ھەرلەردىكى قايناق شاۋقۇنلارنى، ئىبادەتخانىلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان مۇنا- جات ئاۋازلىرىنى، قىلىچ - قالقانلارنىڭ بىر - بىرىگە زەرب بىلەن

ئۆرۈلۈشلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇق. نىهايەت، مۇشۇ سىرلىق زېمىن-
نىڭ باغرىغا بىزنىڭ تۆھپىكار ئەجدادلىرىمىز، پارلاق مەدەنىيەت ئىز-
لىرىمىز، شانلىق تارىخىمىز، قىسقىسى، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ
ئېسىل نەمۇنىلىرى كۆمۈلگەن بولسا ـ ھە! خۇددى ئۇلۇغ ئالىم مور-
گان ئېيتقاندەك «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تەكلىماكان قۇملۇ-
قىغا كۆمۈكلۈك، قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلسا، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ
سىرى ئېچىلىدۇ.»

ئىزغىرىن شامالدا قۇملۇق ھاياجانلىنىۋاتقاندەك ئۆركەشلىمەكتە، قەل-
بىمىزمۇ چوڭقۇر ھاياجاندىن قۇملۇققا ئوخشاش ئۆركەشلىمەكتە. تەكلى-
ماكاننىڭ قۇمى ئالتۇندەك سارغۇچ ھەم پارقىراق، شۇنچىلىك پاكىز ۋە
ئېقىشچان بولۇپ، خۇددى يىراقتىن قارىغان كىشىگە قۇمغا زەر ئارىلاش-
تۇرۇۋېتىلگەندەك تەسىر بېرىدىكەن. بۇ تەكلىماكاننىڭ باغرىغا ھەقىقەتەن
بىھېساب «ئالتۇن» لارنىڭ كۆمۈلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. بىز ئاتا ـ
بوۋىلىرىمىزنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ۋە ئۇزۇن ئەسىرلەر ياشاپ،
سەلتەنەت سۈرگەن بۇ ئانا ماكانىمىزغا ئاخىرقى قېتىم مەستانىلەرچە بې-
قىپ، ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. بۇ
يەردە بىز مۇشۇنداق سېھىرلىك ماكاننى ياخشى تونۇش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلغان، تەكلىماكانغا ئوخشاش ھالاكەت دېڭىزىدا تەسۋىرلىگۈسىز
جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، مۇشۇنداق يولنى ياساپ چىققان يول
ياسىغۇچى ئەزىمەتلەرگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدۇق. يولنىڭ ئىككى
تەرىپىگە ئالاھىدە تېخنىكا بىلەن قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش تورى ئورنى-
تىلغان، پاخالدىن قۇم توسۇش «تېمى» ياسالغان، رەت ـ رەت قو-
مۇشلار تىكىلىپ، قۇم تۇراقلاشتۇرۇش بەلبېغى ھاسىل قىلىنغانىدى.
بىز شۇنىڭغا ھەيران قالدۇقكى، بەزى جايلاردىكى قومۇشلار مۇشۇنداق
بورانلىق چۆل ـ باياۋاندىمۇ يىلتىز تارتىپ، كۆكىرىپ كېتىپتۇ.

تەكلىماكاننىڭ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان بولۇپ، بىردەم ئاپتاپ چىقسا،
بىردەم شامال چىقىپ قۇم ئاقىدىكەن، بىر ئازدىن كېيىنلا يامغۇر يا-
غىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، تەكلىماكان ئىچىدە سەككىز سائەتتىن ئار-
تۇق يول يۈرۈپ، سائەت 6:03 دە قۇملۇق تاشيولىدىن چىقىپ، نىيە
ناھىيىسى چېگرىسىغا كىردۇق. بۇ يەرگە كىرىپلا كۆزىمىزگە چېلىققان
ئەتراپتىكى ياپيېشىل ئوتلاقلار، دەرەخزارلىقلار، بىخارامان ئوتلاۋاتقان
پادىلار، ساپ، سالقىن ھاۋا بىردىنلا روھىمىزنى كۆتۈرۈۋەتتى.

# چىرادا مېھمان

15 ـ ئىيۇل سەھەردە بىز چۆشكەن چىرا ناھىيىسىدىكى بىردىنبىر ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى مېھمانخانىدىن چىقىپ، كوچا ئارىلىدۇق. ناھىيە بازىرىنى كېسىپ ئۆتكەن تاش ئۆستەڭ، ئۆستەڭنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى باراقسان ياڭاق دەرەخلىرى، ئۆستەڭ بويلاپ سوزۇلغان يول، تۇپا ئۇچۇپ تۇرغان كوچىلار، كونىراپ كەتكەن بىر قەۋەت، ئىككى قەۋەتلىك بىنالار، قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ كېتىۋاتقان مەپە ھارۋىلار، يېڭى يېزىقتىكى ئۇزۇندىلەر يېزىلغان سەھنە قاتارلىقلار چىرا ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. لېكىن، چىرا خەلقى نامرات بولۇشىغا قارىماي، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، سەممىمىي، قىزغىن، راستچىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، بۇ پەزىلەتلىرى بىلەن كىشىدە چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدىكەن. يېزا يوللىرىنىڭ ئىككى ئەتراپىدىكى ئېگىز ھەم تۈز ئۆسكەن، ئۇچلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن دەرەخلەر، ياپيېشىل باغ ـ ۋارانلار بىلەن ئورالغان سوقما تاملىق ئۆيلەر بۇ يەردە يېشىللىق نىسبىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

سائەت ئون بىرلەر بىلەن ناھىيىلىك پارتكوم بىناسىغا كىرىپ، بۇ يەردىكى قەلەمكەشلەردىن جاپپار ئوسمان، مەمتىمىن ئابدۇۋېلى، ئالىمجان رەجەپ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتۇق. كۆپ ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن چىرادىكى يىگىرمىگە يېقىن يازغۇچى، شائىر، قەلەمكەشلەر بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى ئاڭلاپ بىر يەرگە جەم بولدى. بىز رېستوراندا بىر تەرەپتىن تاماقلانغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن قىزغىن سۆھبەتلەرنى، ئوتلۇق مۇشائىرىلەرنى قىلىشىپ، جۇشقۇن ئۇسسۇل ـ تانسىلارنى ئويناپ، خۇشاللىق دەرياسىغا غەرق بولدۇق. چىرالىق قەلەمكەشلەردىن ئابدۇقادىر مەتسىدىق، ماھنۇر ئىسمايىللار:

قەدەمدىن ئىز قالمىسا ھېساب ئەمەس،
مېھنەتتىن گۈل ئۈنمىسە ھېساب ئەمەس.
مىسالى گۆش قەدرىنى بىلگەن بىلەن،
بىر قوينى سويالمىسا ھېساب ئەمەس.

* *

تۇرپاندىن كېلىپتۇ ئەزىز مېھمانلار،
ئىكرامدا چىرالىق قىز ۋە چوكانلار.

يادلىشىپ ئۆتەيلى ئەسەرلەر بىلەن،
ئىجادنىڭ ئىشقىدىن كۈلسۈن ئارمانلار.

دەپ مۇشائىرە قىلسا، بىز:

كەلدۇق بىز بۇگۈن چىرا دىيارىغا،
مېهنەت ھەم ئىجادىيەت خۇمارىغا.
مېهماندوست قېرىنداشلار سۆيگۈسىدىن،
دىلىمىز تولدى رەھمەت ئىزهارىغا.

قەلەمكەش دوستلار بولدۇق بۇ يەرگە جەم،
پىكىرداش قىلدى بىزنى بۇرچ، قەلەم.
تۇرپان ۋە چىرا بىللە قول تۇتۇشۇپ،
باسايلى ئەتىلەرگە گۈزەل قەدەم.

دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتۇق. ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىك، چۇچۇك ھېكا-يىلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، ھەر قانداق چاغدا بېشىدىن ئالماي ئېگىز قىرلاپ كىيىۋالىدىغان خوتەن تەلپىكى بىلەن كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن پېشقەدەم يازغۇچى مەمتىمىن ئابدۇ-ۋېلى مۇنداق دېدى:

— چىرا ناھىيىسى گەرچە نامرات بولسىمۇ، خەلقى مېهماندوست، قولى كەڭ. سىلەرنىڭ بۇ نامرات، چەت ناھىيىگە كەلگىنىڭلار بىزنى ناھايىتى خۇش قىلىۋەتتى، مۇمكىن بولسا بىر نەچچە كۈن ئارتۇق تۇرۇپ، يېزىلار-نىمۇ كۆرۈپ كېتىڭلار. گۇلاخما يېزىسىنىڭ كۆمىچى داڭلىق، كۆمەچتىن-مۇ تېتىپ بېقىڭلار.

ئۇقۇشمىزچە، گۇلاخما يېزىسى چىرا ناھىيىسى بويىچە كۈچلۈك ئەنئەنىۋى تۇس، قويۇق مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى ساقلاپ قالغان يېزىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە هاراق ئىچىدىغان، كەيپ - ساپا قىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىكەن. بىز مەمتىمىن ئاكىنىڭ قېشىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋال-غان ئېگىز قارا تەلپىكىگە ھەيران قالدۇق. مەمتىمىن ئاكىنىڭ بۇ «سىر-لىق تەلپىكى» ھەققىدە يازغۇچىلار ئارىسىدىمۇ نۇرغۇن چاقچاقلار بار ئى-كەن. شۇ ئارىدا سورۇندىكىلەردىن بىرى بىزگە چاي قۇيۇۋاتقان كۈتكۈچى قىزغا چاقچاق قىلىپ سورىدى:

— سىڭلىم، بىز بىلەن تانسا ئوينىسىڭىز بولامدۇ؟

— مېنىڭغۇ ئوتتەك ئوينىغۇم بار، بىراق تانسا ئوينىساق خوجايىن ما-ئاشىمىزنى تۇتۇۋالىدۇ، — كۈتكۈچى قىز شۇنداق جاۋاب بېرىپ ھەممە-مىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى. چىرادىكى قىزلار ناھايىتى ئوچۇق - يورۇق، ئىلـ-مىي، قائىدە - يوسۇنلۇق ئىكەن، ئۇلارنىڭ قويۇق خوتەن تەلەپپۇزىدىكى، «ر» نى بوزۇپ تەلەپپۇز قىلىدىغان، ئەمما، كىشىگە يۇمشاق تۇيغۇ بې-غىشلايدىغان يېقىملىق خاراكتېرى بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ئەتىسى سەھەردە چىرا مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدىكى قىيسىيىپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا قوپال لەمپىلەر ياسالغان، لەمپىنىڭ ئاستىغا يوغان، كونا ئۇستەللەر، تۆمۈر يۆلەنچۈكلۈك ئۇزۇن ئورۇندۇقلار تىزىلغان، كۆ-رۈمسىز بولسىمۇ، كىشىگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ پۇرىقىنى ئەسلە-تىدىغان كىچىك ئاشخانىلارغا كىرىپ ناشتىلىق قىلدۇق. ئاشخانىنىڭ بىر يۈەنلىك گۆش گىردىلىرى، گۆش نانلىرى، سەككىز يۈەنلىك باچكا شور-پىلىرى ئاجايىپ مەززىلىك ۋە ئەرزان بولۇپ، بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى ئاشخانىدا خېرىدارلار كۆپ بولسىمۇ، شۇنچىلىك تىنچ ۋە جىمجىت ئى-كەن. باشقا شەھەرلەردىكى ئاشخانىلارغا ئوخشاش كۈتكۈچىلەر ھەدەپ خې-رىدار چاقىرىدىغان، خوجايىنلار ۋارقىراپ كۈتكۈچىلەرنى ئىشقا بۇيرۇيدى-غان، خېرىدارلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن تاماق يەيدىغان، ھەتتا قازان - قومۇچلار بىر - بىرىگە تېگىپ جاراڭلايدىغان ئىشلارمۇ زادىلا يوق ئى-كەن. كۈتكۈچىلەر ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى تېپىپ، كەكلىكتەك سىلىق يورغىلاپ، جىمجىت مېھمان كۈتىدىكەن، مېھمانلارمۇ ئۈنسىز ئولتۇرۇپ تاماقنى يەيدىكەن. بىز ئۇنلۇك سۆزلىشىپ كېتىۋىدۇق، ھەممەيلەن بىز-گە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويۇشتى. چىرايىدىن ساددا دېھقان ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان خوجايىن بىزنىڭ سىرتتىن كەلگەنلىكىمىزنى ئۇقۇپ، بىزگە ئەستايىدىللىق بىلەن چىرانى تونۇشتۇرۇپ كەتتى.

## خوتەندە چاقچاق

خوتەن شەھىرى بىلەن چىرا ناھىيىسى ئارىلىقىدىكى يول ياسىلىۋاتقان بولغاچقا، توپىلاڭ، كاتاڭ يوللاردا گاھى ئېزىپ، گاھى كەينىمىزگە يې-نىپ، گاھى كەلكۈن سۈيىگە توسۇلۇپ، توقسەن كىلومېتىر يولنى ئۈچ سائەتتە بېسىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە خوتەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بىزنىڭ كېلىشىمىزدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ئالدىمىزغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى.

خوتەن شەھىرىدىكى تۇتاش كەتكەن لاپاسلار، لەمپىلەر ئاستىغا، قوينىنىڭ ئۇچىيىدەك ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلارغا جايلاشقان، «توخۇ سۇتى» دىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان ئىلگىرىكى داڭلىق «چوقۇ (ئەسلىي چوڭ ـ قۇر بازار) بازار» مۇ «ھۆسن تۈزىگەن» بولۇپ، بۇ يەرگە ئاسفالت يوللار ئېلىنىپ، قەۋەتلىك ئاشخانىلار، سودا سارايلىرى سېلىنىپ، ئىلگىرىكى قەدىمىيلىكىنىڭ ئورنىنى زامانىۋىلىق ئىگىلەپتۇ. لېكىن، بۇ يەردە يەنىلا «توخۇ سۇتى» دىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىكەن. خوتەننىڭ داڭلىق گىلەملىرى، ئەتلەسلىرى، ياغاچلىرى كۆزنى قاماشتۇرسا، ھازىرمۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە ئوخشاشلا ساقلىنىپ قالغان، كوچا بويلىرىدا سېتىلىدىغان، سېرىق ئاشنىڭ ئۇستىگە كۆكتات قورۇمىسى سېلىنىپ تەييارلىنىدىغان بىر يۈەنلىك دېھقان ئاشلىرى، قارا لەڭپۇڭ، ئاق لەڭپۇڭ، نوقۇت، كۇنجۇت قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ، چىنىگە سۇيى بىلەن بېرىلىدىغان يېيىشلىك خوتەن لەڭپۇڭلىرى، باچكا كاۋاپلىرى ئىختىيارسىز ئىشتىھايىمىزنى غىدىقلايتتى. بىز خوتەننىڭ يەرلىك تائاملىرىدىن بىرەر قۇر تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن ياتاققا قايتىپ كىردۇق.

17 ـ ئىيۇل سەھەردە ئاتاقلىق خەلق شائىرى مەرھۇم روزى سايىتنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدۇق. مەرھۇمنىڭ قەبرىسى شەھەر ئەتراپىدا، تامباغدىكى شەمس تەبرىزىم قەبرىستانلىقىدا بولۇپ، قەبرە ئېگىز تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان تار يولدىن ئىچكىرىلەپ كىرىپ، قەبرىستانلىق باشلانغان جايغا، يولنىڭ بويىغا جايلاشقانىكەن. يول بويىدا يېتىش مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسى بولۇپ، قەبرە بۆك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخلەر بىلەن ئورالغان، ئەگمە شەكىل چىقىرىپ چىرايلىق ياسالغان، قەبرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە «مەشھۇر شائىر، جامائەت ئەربابى روزى سايىت، 9. 1943 ـ 9 . 2001» دېگەن خەتلەر يېزىلغان، يان، ئارقا تەرەپلىرىگە مەرھۇمنىڭ ئۆتكۈر رۇبائىيلىرى ھۆسنخەت شەكلىدە چىرايلىق قىلىپ نەقىشلەنگەنىكەن. ھايات ۋاقتىدا ئېغىر دىشۋارچىلىقلارنى، جاپا ـ مۇشەققەت، ئازابلارنى چەككەن، دېھقانلار بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىق ـ قايغۇسىنى، دەرد ـ ھەسرىتىنى، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئۆتكۈر، پاساھەتلىك مىسرالىرىدا، شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق قەلبىدە ئىنتايىن يۇقىرى شان ـ شۆھرەتكە، ھۆرمەت ـ ئىناۋەتكە ئېرىشكەن روزى سايىت بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز خوشلاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەر بىر مىسراسىدا، خەلقنىڭ قەلبىدە، تارىخ قامۇسىنىڭ ئالتۇن ۋاراقلىرىدا مەڭگۈ ياشايدۇ!

چۈش سائەت ئۇن بىرلەر بىلەن شورباغ يېزىسىغا جايلاشقان خۇاڭ چىڭنىڭ بېغىغا جەم بولدۇق. بۇ يەرگە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ ئو-يۇشتۇرۇشى بىلەن خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىكى ئاپتورلارنى ئاساس قىلغان خوتەن شەھىرىدىكى ئون بەشكە يېقىن شائىر، يازغۇچى، قەلەمكەش يىغىلدى. بۇ باغ ئەسلىدە ئەينى يىللاردىكى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خۇاڭ چىڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بەرپا قىلىنغانىكەن، باغدا ئۆزۈم باراڭلىرى بىلەن پۈركەنگەن تار يوللار، ئالما، نەشپۈت، ياڭاق، بادام قاتارلىق ھەر خىل مېۋىلەر، ساياھەتچىلەرنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن ياسالغان كىچىك ئۆيلەر بار بولۇپ، باغنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ ئىكەن. لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ باغ تاشلىنىپ قالغاچقا، بىر قىسىم مېۋىلەر قۇرۇپ كەتكەن، يوللارغا يېيىتىلغان خىشلار بۇزۇلۇپ، توپا ئۆرلەپ كەتكەن بولۇپ، كىشىگە بىر خىل ۋەيرانە، چۈشكۈن تەسىر بېرىدىكەن. 1965 ـ يىلى جۇ ئېنلەي زۇڭلى غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى زىيارەت قىلىپ قايتىشىدا ئالغاچ كەلگەن بادام كۆچىتىنى بۇ باغقا تەقدىم قىلغان بولۇپ، ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى بۇ باغدا ماكانلىشىپ، باراقسانلىشىپ، مېۋە بېرىپ تۇرۇپتۇ.

بىز ئۆزۈم بارىڭى ئاستىغا قويۇلغان يوغان كات ئۈستىدە، يۇمشاق كۆرپىلەرگە جايلىشىپ، قىزغىن چاقچاق، سۆھبەتلىرىمىزنى باشلىدۇق. بىز بۇ يەردە شۇنىڭغا قايىل بولدۇقكى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىكى قەلەمكەش ئوقۇتقۇچىلار گەرچە باشقا ـ باشقا يۇرتلاردىن يىغىلغان بولسىمۇ، ناھايىتى ئۆم ـ ئىناق، سەمىمىي ـ ئىتتىپاق ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس لەقەملىرى بار بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ لەقەملىرىنى كەلتۈرۈپ، ناھايىتى ئىلمىيلىك بىلەن قىزىق چاقچاق قىلىدىكەن، بىر ـ بىرىنى قەستەن چۈشۈرىدىغان، چىشلەپ تارتىدىغان، زىتىغا تېگىدىغان چاقچاقلارنى ھەرگىز قىلمايدىكەن. بىر ـ بىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالى، نەشر قىلىنغان، نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان كىتابلىرى ھەققىدىكى ئىشلارنى تەپسىلىي بىلىپ، ئەقىل كۆرسىتىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدىكەن ۋە قىزغىن ياردەم قىلىدىكەن. قىلچە ياتسىراش بولمىغاچقا، بۈگۈنكى سورۇن ئىنتايىن قىزغىن داۋاملىشىپ، قانغۇچە كۈلۈشتۇق. مۇختەر سۇپۇرگىنىڭ دۇتار بىلەن ئورۇندىغان لىرىك ناخشىلىرى، تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ قىزىق چاقچاقلىرى، ئابدۇلئەھەت قادىرىنىڭ ھازىرجاۋاب شېئىرلىرى، ئابدۇرېھىم زۇنۇن، ئەركىن داۋۇتلارنىڭ يۇمۇرلۇق قوشاقلىرى بىزنى دۇنيانى ئۇنتۇلدۇرغۇچى كۈلكىلەرگە غەرق قىلدى.

## گۈمىدىكى رەستە

چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بىرلەر بىلەن گۇما ناھىيىسىگە كېلىپ بۇ يەردە بىزنى ساقلاۋاتقان ئەخمەتجان تۇرۇپ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىنى ئارىلاپ گۈمىنىڭ كونا بازىرىغا كەلدۇق. بۇ بازار نەق ئوتتۇرا ئەسىر تۈسىدىكى قەدىمكى قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، بۇ يەرگە كەلگەن كىشى چۆچەكلەردىكى سېھرىلىك شەھەرلەرگە كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولىدىكەن. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ياغاچ ۋە كېسەكتىن سېلىنغان ھەر خىل شەكىلدىكى دالانلىق ئۆيلەر، كوچا بويىدىكى ئاشخانىلار، ناۋايخانىلار، چايخانىلار، گۆش، كۆكتات ساتقۇچىلار، ئىشىك ئالدىدىكى قوپال ئۇستەللەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقان، چايدىن ھوزۇر لىنىۋاتقان، ئاپئاق ساقاللىق، ئاق بۆك، ئاق خەسە كۆڭلەك كىيگەن نۇرانە بوۋايلار، تەمبەل كەلگەن بۇرۇتلۇق تىجارەتچىلەر، يۈزىنى يېرىم يېپىۋېلىپ ياكى پۈتۈن چۈمبەل تارتىۋېلىپ، كوچا ئايلىنىۋاتقان نومۇسچان ئاياللار، كوچىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ھەيۋەتلىك، يوغان گۈمبەزلىك، قۇببىلىرى كۆككە ناقىشىپ تۇرغان يېشىل مەسچىت كىشىدە ئاجايىپ بىرخىل ھاياجان ۋە سۈرلۈك كەيپىياتنى پەيدا قىلىدىكەن. قىسقىسى، بۇ تار كوچىدا زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ كىچىككىنە ئىزناسىمۇ، يەنى ئېگىز بىنا، ماشىنا، پوزۇر كىيىنگەن، يالاڭباشتاق ئادەملەر دېگەنلەرنىڭ بىرىمۇ يوق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىم ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى بازارلىرىنىڭ نەق ئۆزى ئىكەن. دەل مۇشۇنداق مۇھىتقا بىز يالاڭباش، ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغان يەتتە - سەككىز ئادەم كىرىشىمىز بىلەنلا بۇ كوچىدىكى ھەممەيلەننىڭ نەزىرى بىزگە ئاغدۇرۇلدى. بىز ھەيرانلىق ۋە ئاللىقانداق تۇيغۇلار ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلەرنىڭ نازارىتىدە ئىختىيارسىز ھودۇقۇپ، ئەركىن قەدەم ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي قالدۇق، بۇ يەردە سۈرەتكە چۈشۈش خىيالىمىز كۆپۈككە ئايلاندى. سۈرەتكە چۈشسەك بىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ قولىمىزدىكى ئاپپاراتنى يۇلۇپ ئېلىپ، يەرگە تاشلىۋېتىدىغاندەكلا بىلىنىپ كەتتى. گۈمىدىكى يوللىرى ئېگىز - پەس، دۇكانلىرى رەتسىز، شەكلى كونا، ئەمما، چوڭقۇر مېھرىلىك قەدىمكى رەستە كۆڭۈل خاتىرىمىزدە ئۇنتۇلماس چۈشكە ئوخشاش مەڭگۈ ساقلىنىپ قالدى. رەستىدىكى كىشىگە ئوت چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلىدىغان، ئەمما، ئادەمدە بىر خىل يېقىنلىق ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدىغان ئىسمى - جىسمىغا

لايىق ھەر خىل ياشتىكى ئۇيغۇرلار، خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى يېمەكلىكلىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى، قىزىرىپ پىشقان گىردىلەر، قەلەي بوتكا ئىچىدىكى لەڭپۇڭچى بوۋاي، دوغاپ سېتىش ئۈچۈن پۇتۈن ئىشتىياقى بىلەن مۇز چوقۇۋاتقان بۇرۇتلۇق ياش يىگىت قاتارلىقلار بىزدە ئىختىيارسىز ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار تۇيغۇسىنى ئويغاتتى.

## يەكەندە شائىر

يەكەندە قەلەمكەش ئابدۇرېشىت سۇلايمان بىزنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن، بىز ياتاقلارغا جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ بىزنىڭ «كەچ بولۇپ كەتتى، بەك چارچاپ كەتتۇق، ئارام ئالايلى» دېگىنىمىزگە قويماي رېستورانغا باشلاپ باردى. بۇ يەردە بىزنى يەكەن ناھىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، يازغۇچى توختى مۇھەممەت، يەكەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى ئۆمەر ئوسمان قاتارلىقلار قىزغىن كۈتۈۋالدى. كېچە سائەت بىرلەردە ساھىبخانلار بىلەن خوشلىشىپ، تاكسى بىلەن ياتاققا قاراپ ماڭدۇق. ماشىنىدا كېتىۋېتىپ ئابدۇرېشىت سۇلايماننىڭ گېپىنى قىلىۋىدۇق، شوپۇر ئىختىيارسىز گەپكە ئارىلىشىپ، «ئابدۇرېشىت شائىرنى دەمسىلەر» دەپ سوراپ قالدى. بىز ئۇنىڭ «شائىر» دېگىنىگە قىزىقىپ، كوچىلاپ سورىدۇق.

— ئابدۇرېشىت سۇلايمان شائىرما؟ — دېدۇق بىز ئۇنى گەپكە قىزىقتۇرۇپ.

— ئىشقىلىپ، ئانچە - مۇنچە شېئىرلارنى يازىدىغۇ، — دېدى ئۇستام ماشىنىسىنى ھەيدىگەچ.

— قارىغاندا شائىرلارنى خېلى بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— بىلىمەن، روزى سايىت، مۇھەممەتجان راشىدىنلارنى بىلىمەن. مەن بوش ۋاقىتلىرىمدا كىتاب، گېزىت - ژۇرنال كۆرۈپ تۇرىمەن، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن، تاكسى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى دېكلاماتسىيە قىلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئاڭلايمەن.

ھەيرانلا قالدۇق، بۇ ئاددىي تاكسى شوپۇرىغا بىردىنلا ھۆرمىتىمىز قوزغالدى.

— باتۇر روزى، ئادىل تۇنىياز دېگەن شائىرلارنىمۇ بىلەمسىز؟ — تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ سورىدۇق.

— بىلمەن. بىراق، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى تازا چۈشىنەلمەيمەن. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ دۇمبىسىدە بوپىسى بار، بۇ بوپىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ بىلەلمەيمەن.

بىز ئۇنىڭ بۇ خىل ئوبرازلىق ئوخشىتىشىدىن ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بىزگە يولۇققان بىر شوپۇرنىڭ شېئىرنىڭ قىزغىن كىتابخانى بولۇپ چىقىشى يەكەندىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى ئاستانە كىشىلىرىنىڭ ساپاسىدىن، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ چوڭقۇرلىقىدىن بىزگە بېشارەت بەرگەندەك بولدى.

ئەتىسى «يەكەن گېزىتى» دىكى ئابدۇكېرىم قادىر بىزنى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پەزىلەت ۋە شىجائەت بابىدا زور ئۇتۇق قازانغان خانلىرىدىن سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان، سۇلتان ئابدۇكېرىمخانغا ئوخشاش ئاقىل ۋە پازىل سۇلتانلارنىڭ ۋە قەشقەر غوجىلىرىغا قورچاق بولغان سۇلتان ئەھمەتخان، سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان يولۋاسخاندەك پەزىلەتسىز، شىجائەتسىز، غاپىل ۋە جاھىل سۇلتانلارنىڭ، مۇقام ئۇستازى، شائىرە ئامانىساخان قاتارلىقلارنىڭ قەبرىسى جايلاشقان ئالتۇنلۇق مازىرىغا باشلاپ باردى. «ئالتۇنلۇق» (ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئادىتى بويىچە خان ـ پادىشاھلارنىڭ، سۇلتان ـ غوجىلارنىڭ جەسىتى قويۇلغان قەبرىستانلىقلار «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن) بازار بولىدىغان كوچىنىڭ بويىدا بولۇپ، باشقا جايلاردىكى مازارلار شەھەر سىرتىغا جايلاشقان، سۆكۈتكە پاتقان بولسا، بۇ يەردىكى ئالتۇنلۇق مازىرى بازار يېنىدا بولغاچقا، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈپ تۇرىدىكەن. بىز بۇ ئەھۋالغا قاراپ «بۇ يەردىكى ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپ، ئۇيقۇغا پاتقان روھلارمۇ توختاۋسىز ئاڭلىنىۋاتقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنىڭ ‹خاسىيىتى› دىن زېرىكىپ قالمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەينى ۋاقىتلاردا ئەلنى ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن سوراپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، خەلقىمىزنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتقان، تارىخىمىزنى ئەھمىيەتلىك ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يازغان مۆھتەرەم سۇلتانلار ئۆزلىرىدىن بەش يۈز يىللار كېيىن ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ئەپسۇسلىنامدىغاندۇ ياكى پەخىرلىنەمدىغاندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدۇق. مازار دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىغا مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىساخاننىڭ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان، گۈمبەز، نەقىشلىك، ھەيۋەتلىك قەبرىگاھى جايلاشقان بولۇپ، مەقبەرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياپيېشىل قارىغايلار ياشناپ تۇرغان، ئالدىدا رەڭدار گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەند-

كەن. بىز مەقبەرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، مىلادىيە 1550 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيەتپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر 2 ـ سۇلتانى ئابدۇرىشىتخاننىڭ خانىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ رەتلىنىشىگە زور تۆھپە قوشقان، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بۇ بىباھا گۆھەرنىڭ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلىشىدە زور رول ئوينىغان بۇ مۆھتىرەم خانىشنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۈكۈتتە تۇردۇق. ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىكتىن كىرگەندە خانلار قەبرىستانلىقىغا چىققىلى بولىدىكەن، بۇ يەرگە ھەر خىل نەقىشلىك، گۈمبەزلىك، ياغاچ، كېسەك قۇرۇلمىلىق قەبرىلەر جايلاشقانىكەن.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى قەيسەر، پاراسەتلىك، خەلقپەرۋەر سۇلتان سەئىدخاننىڭ قانلىق جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈشى بىلەن مىلادىيە 1514 ـ يىلى يەكەندە قۇرۇلغان بولۇپ، تېررىتورىيىسى خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، ئىلى، ئىسسىقكۆل، يەتتە سۇ رايونىغىچە كېڭىيىپ، بىر يۈز يەتمىش يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەن. خانلىقنىڭ سۇلتانلىرى ئىنچىل ئادىل، پاراسەتلىك، خەلقپەرۋەر بولۇپ، ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئاجايىپ زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرگەن، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ شۆھرەتلىك، قۇدرەتلىك، مەدەنىيەتلىك خانلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. بىز ئالتۇنلۇقتىن ئايرىلىپ، شائىرە ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلى جايلاشقان مەدەنىيەت باغچىسىغا كەلدۇق. باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈل ـ گىياھلار بىلەن ئورالغان چەمبەرسىمان دائىرىنىڭ مەركىزىدە ئامانىساخاننىڭ ساتار چېلىپ ئولتۇرغان ھەيكىلى بار ئىكەن. بىز ھەيكەلگە ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغىنىمىزدا بۇ قەدىمكى ئاستانىنىڭ ھەممىلا جايىدىن ئامانىساخان، يۈسۈپ قىدىرخان قاتارلىقلارنىڭ مۇڭلۇق مۇقام كۈيلىرى ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدۇق...

## قۇملۇقتا تەرەققىيات

19 ـ ئىيۇل چۈشتىن كېيىن بىز زور قىزىقىش، تەقەززالىق، سېغىنىش تۇيغۇلىرى ئىچىدە مەكىت ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇنداق تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈشۈمگە مەكىتنىڭ دولان خەلقى ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان، ئەتراپىنى تەكلىماكان قۇملۇقى ئوراپ تۇرغان، سېھىرلىك دولان دەرياسى ناھىيىنى كېسىپ ئۆتىدىغان، دولانلىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئەڭ كۆپ ساقلىنىپ قالغان ناھىيە بولۇش بىلەن بىللە يەنە،

مېنىڭ ئون نەچچە يىل بۇرۇن مەكىتكە بىر نەچچە قېتىم كېلىپ، بۇ يۇرت ھەققىدە قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىراتلارنىڭ قالغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. شۇ ھامان كۆز ئالدىمدا بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن مەكىتكە كەلگەن ۋاقىتتىكى ئەسلىمىلىرىم گەۋدىلىنىشكە باشلىدى: مەن 1991 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە مەكىتنىڭ يانتاق يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ساۋاقدىشىم ھەم يېقىن دوستۇم ئەسقەر بىلەن بىللە مەكىتكە كەلگەنىدىم. بۇ يىللاردا ئېقىنى بىرەر كىلومېتىرغا سوزۇلىدىغان، شىددەت بىلەن لايقىپ ئاقىدىغان، تەلۋە دولان دەرياسىدىن پەقەت كېمە بىلەنلا ئۆتۈش مۇمكىنچىلىكى بولغاچقا، ماڭا ئوخشاش شىمالدا چوڭ بولۇپ دەريا كۆرۈپ باقمىغان ستۇدېنتقا نىسبەتەن بۇ ئىش چۆچەكلەردىكىدەك سىرلىق ۋە ھەيران قالارلىق بولۇپ تۇيۇلغانىدى. ئەسلىدە قارشى قىرغاقتىن بۇ ياقتىكى قىرغاققا بىر پولات سىم تارتىلغان بولۇپ، غايەت زور كېمىنىڭ ھالقىسى پولات سىمغا ئۆتكۈزۈلىدىكەن. كېمە كەلگەندە قىرغاقتا ساقلاپ تۇرغان بارلىق يولۇچىلار، قوي - كالا، تۆمۈر - تەسەك، قىسقىسى، ھاياتلىققا كېرەكلىك بارلىق نەرسىلەر ھەم يولۇچىلار ئاپتوبۇسى كېمىگە چىقىرىلىدىكەن. ئون نەچچىلىگەن بەردەم يىگىت پالاق ئۇرۇپ، كېمىنىڭ ھالقىسى ئۆتكۈزۈلگەن پولات سىمنى بويلاپ، كېمىنى قارشى قىرغاققا قاراپ ھەيدەيدىكەن. دەريانىڭ شىددەتلىك دولقۇنىدا كېمە ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەر، يولۇچىلار ئولتۇرغان ئاپتوبۇس قاتتىق چايقىلىپ، كىشىلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى كېمىنى بىر ئالىدىكەن. ھەر يىلى نەچچە ئونلىغان ئادەم بۇ دەرياغا غەرق بولۇپ، ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىكەن. كېمە قارشى قىرغاققا چىققاندىن كېيىن كېمىدىكىلەرنى چۈشۈرۈۋېتىپ، بۇ قىرغاقتىكى يولۇچىلارنى ئېلىپ يەنە كەينىگە يانىدىكەن. مانا بۇ كۆپىنچە كىشىلەر ئاڭلىسىمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان، يولۇچىلار ئاپتوبۇسى كېمىگە چىقىپ «دەريادىن ئۆتىدىغان» ھەقىقىي رىۋايەت ئىدى. شۇڭا، مەكىتلىك داڭلىق يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر بۇ دەريانى ۋە ئۇنىڭ بويىدىكى كەچمىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ناملىق پوۋېستىنى يازغانىدى. دولان دەرياسىنىڭ ئېقىنى كەڭ ۋە يۆتكىلىشچان بولغاچقا، ناھايىتى ئۇزۇن كۆۋرۈك سېلىشقا، ئىنتايىن كۆپ مەبلەغ سېلىشقا توغرا كەلگەچكە، نامرات ناھىيە بولغان مەكىت ناھىيىسى بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغانىكەن. مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم كېمە بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ ناھىيە بازىرىغا كىرگەنىدىم. مەكىت ناھىيە بازىرى پەقەت بىرلا كوچىسى بولغان، قەۋەتلىك بى-

نالارنىڭ تايىنى بولمىغان، قاراڭغۇ چۇشۇشى بىلەن تۇيۇقسىز توك توختاپ قالسا بارلىق تىجارەتچىلەر شام ياندۇرۇپ تىجارەت قىلىدىغان، يوللىرىدا توپا ئۇچۇپ تۇرىدىغان بولۇشىغا قارىماي، بازىرى مەندە خېلى ئىللىق ھەم يېقىن تەسىرات قالدۇرغانىدى. ناھىيە بازىرىدىن يانتاق يېزىسىغا توققۇز كىلومېتىر كېلىدىكەن، بۇ يولغا يوگرۇك ئاتلار قېتىلغان، قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ ماڭىدىغان مەپە ھارۋىلار قاتنايدىكەن. بۇ يول ئوششۇق قىچە كېلىدىغان قۇم - توپا ئۇچۇپ تۇرىدىغان، بىرەر ھارۋا ئۆتسە ئەتراپنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چاڭ كۆتۈرۈلىدىغان توپىلىق يول بولۇپ، ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ دولانلىقلار تۇرمۇشى يېزىلغان «ئىھ، توپىلىق يول» ناملىق مەشھۇر ھېكايىسىنىڭ دېتالى دەل ئۆزى ئىكەن. زوردۇن سابىر ئەينى يىللىرى مەكتەپتە تۇرمۇش ئۆگەنگىلى كېلىپ، يانتاقتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنى ئىزدەپ بارغانلىرىدا بۇ يول ئۇنىڭدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ۋە مەشھۇر ھېكايىسى «ئىھ، توپىلىق يول» نى يازغانىكەن. بىز مەپىگە ئولتۇرۇپ يانتاق يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. يول بويلىرىدىكى ئېتىزلىقلار، تېرەكلىكلەرنىڭ ئەتراپى قۇم بىلەن قورشالغان بولۇپ، ھەممىلا ياقتىن قۇم ئېقىپ تۇرىدىكەن. يانتاق يېزىسىنىڭ مەركىزىدە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە قېپقالغان ئەگمىلىك چوڭ تاش مۇنار (بۇ تاش مۇنارنى يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر «تاش مۇنار» ناملىق پوۋېستىدا تەسۋىرلىگەنىدى) بار ئىكەن. قۇم ئېقىپ تۇرغان يول بويلىرىغا ئىچىگە ياغاچتىن جازا ياسىلىپ، ئۈستىگە لاي چاپلاش ئارقىلىق سېلىنغان ئۆيلەر جايلاشقانىكەن. پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز ئاپئاق توپىغا پۈركەنگەن ھالدا ئەسقەرلەرنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئۇنىڭ مېھرىبان ئاتا - ئانىسى ئۈستىۋېشىمىزنى قېقىشتۇرۇپ، بىزگە ئىسسىق چاي ئېلىپ كەلدى. چاي توپا سېلىپ قويغاندەك دوغ بولسىمۇ، ھاردۇقىمىزنى چىقىرىپلا قويدى. مەن بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن يۈز - كۆزۈمنى يۇيۇۋېلىش مەقسىتىدە ھويلىنىڭ كەينىگە ئۆتتۇم. پەردىزىمدە بىرەر ئېقىن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم. بۇ يەردە بىر كۆلچەك بولۇپ، كۆلچەكنىڭ ئەتراپىنى سۆگەتلەر ئوراپ تۇرۇپتۇ. كۆلچەكتىكى سۇغا يوپۇرماقلار چۈشۈپ، سارغىيىپ، دۇغلىنىپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا ئەسقەر يېنىمغا كەلدى:

— ئاداش، باش - كۆزۈمنى يۇيۇۋالاي دېسەم، پاكىزراق سۇ تاپالمىدىم، بۇ سۇدا يۇغىلى بولمىغۇدەك، شۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدىم مەن ئەسقەرگە قاراپ. ئەسقەر ئېغىر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن:

— سىزنىڭ بۇ سۆزىڭىزدە ئىچكى بىر قىزىقىش بارلىقىنى بىلىمەن. مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدىم.

— سىزنىڭ بۇ سۆزىڭىزدە يۇغۇرۇلغان يۇيۇشقىمۇ كۆڭلۈك كۆتۈرمەيۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئىچىدىغان سۈيىمىز مۇشۇ شۇ. سەن بايا ئىچكەن چاي دەل مۇشۇ سۇنى داكىدىن ئۆتكۈزۈپ، قايتا - قايتا قاينىتىش ئارقىلىق تەييارلانغان. بىزنىڭ بۇ سۆزدا باش - كۆزىمىزنى يۇيۇپ، ئىسراپ قىلغۇمىز كەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە ئىچىملىك سۇ ئىنتايىن قىس. پەقەت يىلدا بىر نەچچە قېتىملا كېلىدىغان كەلكۈن سۈيىنى مۇشۇنداق كۆلچەكلەرگە قاچىلىۋېلىپ، شۇ سۇنى يىل بويى تېجەپ ئىشلىتىمىز. بەزى ۋاقىتلاردا سۇ ئۇزۇن تۇرۇپ تۇرۇپ كەتكەچكە قۇرتلاپ كېتىدۇ. داڭلىق يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، «قىيامەتتە قالغان سەھرا» پوۋېستلىرى دەل مۇشۇنداق رېئاللىقتىن مەيدانغا كەلگەن، — دېدى.

مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، دەرھال ئەسقەرنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— خاپا بولما ئاداش، مەن بۇ يەردە ئەھۋالنىڭ بۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، شۇنداق دەپ سالىپتىمەن. مەنمۇ دېھقان بالىسى، بۇ يەردىكى دېھقانلىرىمىز ئىچكەن سۇنى مەنمۇ ئىچىۋېرىمەن، — دېدىم.

خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ قوشئېرىق، ئېلىشقۇ، خاڭدى يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ كەتكىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن. تۈپتۈز ئاسفالت يول، جەنۇب يېزىلىرىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكى بولغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېگىز سۆۋادان تېرەكلەر، بىرە - بىرە ئۇچراپ قالىدىغان كالا قوشۇلغان هارۋىلار، «ئېھ، توپىلىق يول» دىكى روزەك بەزگە ئوخشاش يول ياقىسىدا يالاڭ ئاياغ كېتىۋاتقان ئاياللار... مانا مۇشۇلاردىن ھوزۇرلىنىپ بولغىچىلا مەكىت ناھىيىسىگە كىرىپ قالدۇق. كۆزۈمگە ئەڭ بۇرۇن چېلىقىپ، مېنى ھاياجانلاندۇرغىنى يېپيېڭى، لايقىپ ئېقىۋاتقان، ياۋاشلاپ ئىلگىرىكى ھەيۋىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان دولان دەرياسى، دەريا ئۈستىگە سېلىنغان يۇگوسلاۋىيىنىڭ «كۆۋرۈك» ناملىق كىنوسىدىكىگە ئوخشاش چىرايلىق، ئەمما ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇزۇن بولغان توققۇز يۈز يەتمىش ئالتە مېتىر ئۇزۇنلۇق، توققۇز مېتىر كەڭلىكتىكى كۆۋرۈك بولدى. «زەرەپشان چوڭ كۆۋرۈكى» (توغرىسى «يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكى» دېيىش كېرەك) دەپ ئاتالغان بۇ كۆۋرۈك ئوتتۇز يەتتە مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ پۈتكۈزۈلگەن، 1994 - يىلى 1 - ئۆكتەبىردە قاتناش باشلانغان ئۇزۇن دەريا كۆۋرۈكى ئىكەن. كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن ماشىنا بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھەيۋەتلىك دەرياغا قارىغىنىمدا ئىلگىرى ئاپتوبۇس بىلەن بىللە كېمىگە ئولتۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغ ئېقىندىن ئۆتكىنىمنى ئويلاپ ئىختىـ-

يارسىز تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى. ناھىيە ئىچىگە كىرىپمۇ ئىلگىرىكى ئىزنالارنىڭ بىرىنىمۇ تاپالمىدىم. ناھىيە بازىرىغا كەڭرى ئاسفالت يوللار ئېلىنغان، يول بويلىرىغا كۆركەم بىنالار، يېشىل چىملىق مەيدانلار جايلاشقان بولۇپ، بازارنىڭ ئىلگىرىكى ھالىتى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. مەن بىزنى كۈتۈۋالغىلى چىققان ساۋاقدىشىم ئەسقەرگە:

— مۇمكىن بولسا بىزنى يانتاق يېزىسىغا، دولان دەرياسىغا ئېلىپ چىق. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى، ئانا دەريانى كۆرەيلى، — دېدىم.

ئۇ تەلىپىمىزگە ماقۇل بولدى. يانتاق يېزىسى يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر ياشىغان ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئازابىنى چوڭقۇر تېتىغان، شۇ سەۋەبلىك دەردلىك قىسمەتلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئەسەرلىرى بىلەن يۇرتىنى، ئۆزىنى تونۇتقان زېمىن ئىدى. بۇ يەردە بۇرۇنقى توپىلىق يول، مەپە ھارۋىلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، تۈپتۈز ئېلىنغان، بوستانلىق ئاسفالت يولدا تاكسىلار قاتنايدىكەن. ئەمگەكچان مەكىت دېھقانلىرىنىڭ مېھنىتى ئارقىسىدا قۇملارمۇ تىزگىنلىنىپ، بوستانلىق، ئېتىزلىقلارنىڭ خېلى ئىچكىرىسىگە سۈرگۈن قىلىنىپتۇ. دېھقان ئۆيلىرىمۇ خىش قۇرۇلمىلىققا ئۆزگىرىپ، يېزا مەركىزىدىكى بۇرۇنقى تاش مۇنار چېقىۋېتىلىپتۇ. يېزا بازىرى پۈتۈنلەي ئاسفالتلاشتۇرۇلۇپ، تىجارەتچىلەر كۆپىيىپ، ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ. مەن ھاياجان ئىچىدە ھەممە تەرەپكە ئالدىراشلىق ۋە تەقەززالىق بىلەن بېقىپ، ئەسلىمىلىرىمنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە ئۆچمەس مۆھۈردەك ئورنىشىپ كەتكەن بۇرۇنقى مەنزىرىلەرنى، كۆرۈنۈشلەرنى ئىزدەپ، بىرىنىمۇ تاپالمىدىم ۋە قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم. نېمىشقىدۇر قەلب خاتىرەمدە شۇ توپىلىق يول، كونا تاش مۇنار، لاي سېلىپ قويغاندەك دۇغ چاي، تۈزۈك بازىرى بولمىغان، قۇم ئۇچۇپ تۇرغان يېزا مەركىزى سۆيۈملۈك ۋە تارتىملىق ھالەتتە گۈزەل ئابىدىدەك ساقلىنىپ قالغانىكەن. مەن بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ كۆرەلمەي، خۇددى يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىپ، ئۇزۇن يىل زارىقىپ كۈتكەن مەشۇقۇمنى ئۇچرىتالمىغاندەك بىرخىل ئەپسۇسلۇقتا، ئۆكۈنۈشكە تولدۇم.

## «ئاھ، رەھىمسىز دەريا»

بىز يانتاق يېزىسىدىن بىر ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتنى كىرا قىلىپ، دولان دەرياسى بويىغا قاراپ ماڭدۇق. ئەتراپىنى ھەر خىل يېشىل ئۈسۈملۈكلەر، توغراقلار، تېرەكلەر ئوراپ تۇرغان ئېتىزلىق ئارىسىدىكى خىلۋەت

تۇپىلىق يول بىلەن مېڭىپ، دەريا ۋادىسىغا كەلدۇق. دەريا ۋادىسى ياپيې-شىل چىملىق، بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر، بۇك - باراقسان توغراقزارلىق بىلەن قاپلانغان بولۇپ، پادىلار مېڭىپ، دەسسىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن يالغۇز ئاياق يول بىلەن مېڭىپ، دەريانىڭ قىرغىقى كېلىپ توختىدۇق. يىراقلارغا سوزۇلۇپ، ۋەزمىن ھالدا لايقىپ ئېقىۋاتقان مۇقەددەس دولان دەرياسىنى كۆرۈپ چەكسىز ھاياجاندىن ئىختىيارسىز ۋارقىراپ تاشلىدىم. ئىس - تۈتەك، ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ساختا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، جىددىي تۇرمۇش ۋە خىزمەت بېسىمى كىشىگە قىلچە ئارام-لىق بەرمەيدىغان شەھەر تۇرمۇشىدىن قاڭقىپ چىقىپ، بۇ قەدەر ساپ تە-بىئەت قوينىغا شۇڭغۇپ باقمىغىلى ئۇزۇن يىللار بولغانىكەن. ھېلىمدىن ھېلى دەۋرەۋاتقان ھاياجىنىمنى بېسىش ئۈچۈن كۆكرىكىمنى چىڭ بې-سىۋالدىم. ئالدىمدا قارشى قىرغىقىغا كۆز يەتمەيدىغان، سۈيى گاھى جايلاردا تىنچ، گاھى جايلاردا دولقۇن ياساپ، ئەتراپىمدىكى پۈتۈن ۋادىنى ئىگىلەپ ئېقىۋاتقان پايانسىز دەريا؛ دەريا قېنى يۆتكەلگەن ياكى ئېگىزرەك جايلاردا ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ ھاسىل بولغان كىچىك ئارالچاقلار؛ دەريا ئۈستىدە بەس - بەس بىلەن سايرىشىپ، تىنىمسىز ئۇچۇپ يۈرگەن بېلىق-ئالغۇچلار؛ ئاستىمىزدا مەخمەلدەك يۇمشاق چىملىق؛ كەينى تەرىپىمىزدە كۆز يەتكۈسىز توغراق، يۇلغۇنزارلىق؛ گاھى - گاھىدا پالاقلاپ ئۇچۇپ چىقىپ قالىدىغان قىرغاۋۇللار؛ سەكرىشىپ يۈرگەن توشقانلار؛ يىراق ئۇ-پۇقتا، دەريانىڭ كۆز يەتكۈسىز باغرىغا قىزىرىپ پېتىۋاتقان قۇياش؛ پەقەت بىزدىن باشقا ئىنسان بولمىغان خىلۋەت، ساپ ھاۋالىق مۇھىت... مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت كىتابلاردىلا ئۇچرايدىغان، بۈگۈن بىز ئەمەل-يەتتە كۆرۈۋاتقان، ھۇزۇرلىنىۋاتقان جەننەت كەبى گۈزەل ماكان ئىدى. خۇددى يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ناملىق پوۋېس-تىدىكى تۇردى رەزگىگە ئوخشاش دەريا بويىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردۇم. تۇردى رەزگى موچەنلەپ، يۆگەنلەپ كوزىدا ساقلاپ، بىر ئۆمۈر يىغقان ئوتتۇز ئالتە مىڭ يۈەن پۇلنى مۇشۇ دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشقا ئىئانە قىلغان، دەريا بويىدا كۈنلەپ، كۈنلەپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولغانىكەن. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ، ئاشۇنداق نۇرغۇن ئالىيجاناب «تۇردى رەزگى» لەرنىڭ شاپائىتى بىلەن بۇ «رەھىمسىز»، ئەمما، تەكلىما-كان قۇملۇقىدىكى سان - ساناقسىز بوستانلىقلارنى ياشارتقۇچى مۇقەددەس دەريا «بويسۇندۇرۇلۇپ» ئۈستىگە كۆۋرۈك سېلىنىپتۇ.

— بىز كىچىك ۋاقىتلاردا بۇ يەرگە ئوينىغىلى كېلەتتۇق، — دېدى

ئەسقەر، — ئاشۇ يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان قارشى قىرغاقتىمۇ ئۈزۈپ ئۆتۈپ كېتەلەيتتۇق. دەريادا قېيىق بىلەن بېلىق تۇتىدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇ دەريا سۈيىدە ھەر خىل ئوت - چۆپ، دەرەخ ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ يۈرىدىغان بولغاچقا، دەريانىڭ سۈيى يالاپ ئۆتكەن، قېنى يۆتكەلگەن جايلارنىڭ ھەممىسىلا كېيىنكى يىللىرى بوستانلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ئەتراپتىكى يۇلغۇنلۇق، بوستانلىقلار شۇنداق شەكىللەنگەن.

بىز دەريا بىلەن كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ، ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كەلدۇق.

## مەكىتتە سەنئەت

20 - ئىيۇل كۈنى مەكىت ناھىيىسى بويىچە 13 - نۆۋەتلىك دېھقانلار سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىكەن، بىز بۇ ئالتۇن پۇرسەتتە دولان خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتىدىن ھوزۇرلىنالايدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ، كۆرەك ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا كەلدۇق. لېكىن، كۈتكىنىمىزنىڭ ئەكسىچە كۆرەككە قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى «دېھقان» نامى بىلەن سەھنىگە چىققان سەنئەت ئوقۇتقۇچىلىرى ياكى سەنئەتتىن خەۋىرى بار ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، نومۇرلارنىڭ ئاساسىي قىسمىمۇ سىياسىي تۈسى قويۇق بولغان، مەدھىيە خاراكتېرىنى ئالغان، يېڭى زامان نومۇرلىرى بولۇپ چىقتى. بىز بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ يېنىمىزدىكى بىرەيلەندىن سورىۋىدۇق، ئۇ:

— ھازىر دېھقانلىرىمىزنىڭ ناخشا ئېيتقۇدەك ھەپسىلىسى يوق، كېۋەز ئېتىزلىقلىرىدا قۇرت بىلەن جىددىي كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

بىزنىڭ دولان مۇقاملىرىنى ئاڭلاش ئويىمىزنىڭ بارلىقىدىن ۋاقىپلانغان مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ كادىرى، شائىر ئۆمەرجان غوپۇر دەرھال كۆرەككە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن پېشقەدەم مۇقامچىدىن بىرنەچچىنى بىر چەتكە تارتىپ، دولان مۇقاملىرىنى ئورۇنلاتقۇزۇپ بەردى. بۇ مۇقامچىلارنىڭ بىرى بۇرۇتلۇق، تەمبەل كەلگەن دولان راۋابى چالىدىغان يانتاق يېزىسلىق مەشھۇر خەلق سازەندىسى ئەخەت توختى ئاكا بولۇپ، ئۇ ھاياتىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى دولان راۋابى چېلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بۇ جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى سەھنىلەردە كۆپ قېتىم ئويۇن قويغانىكەن. ئۇ بىزگە مۇنداق دېدى: دولان راۋابى ئون توققۇز تارلىق، پەدىسى يوق، چېلىش ئىنتايىن قىيىن ۋە مۇرەككەپ بول-

غان چالغۇ، بۇ خىل چالغۇ پەقەت مۇشۇ دولان رايونىدىلا بار. دولان راۋابىنى ئۆگىنىش تەس بولۇپ، كۆپ يىللار مەشىق قىلغاندىلا ئاندىن سەھنىلەرگە چىقىپ چالغۇدەك سەۋىيىگە يەتكىلى بولىدۇ.

بۇ يەردىكى يەنە بىر مۇقامچى يانتاق يېزىسىدىن چىققان، ئورۇق، بۇرۇتلۇق كەلگەن مەشھۇر قالۇنچى ئابدۇخېلىل روزى ئاكا ئىكەن. قالۇن ئۇلۇغ ئالىم ئەبۇ ناسىر فارابى (مىلادىيە 870 ~ 950) ئىجاد قىلغان، ئوتتۇز ئالتە (ئون سەككىز جۈپ) تارلىق چالغۇ بولۇپ، قالۇننى ئوڭ قولدا زەخمەك بىلەن چېكىپ، ئىچىگە، يەنە ئالدىغا تارتىپ، سول قولدا گوشتاپ بىلەن سىيرىپ چالىدىكەن. ئالدىغا تارتىپ چېلىش قالۇننىڭ باشقا تارلىق چالغۇلاردىن پەرقلىنىدىغان بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى ئىكەن. قالۇن بىلەن راۋابنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭلا ئاۋازى ياڭراق، جاراڭلىق بولۇپ، ئەتراپتا ئالتە ـ يەتتە داپچى ئۇلارغا تەڭكەش قىلىدىكەن.

بىز مەكىت ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى پەرھات بىلەن كۆرۈشۈپ، «مەكىتتىكى ئەڭ يېقىن نۇقتىدىن تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىپ بېقىش، دولان مەشرەپلىرىنى كۆرۈپ بېقىش» تىن ئىبارەت ئىككى تەلىپىمىزنى ئېيتتۇق. ئۇ دەرھال بىزنىڭ ياتاق ۋە باشقا پائالىيەتلىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. چۈش سائەت ئون ئىككىلەر بىلەن ئۆزىمىز ئولتۇرۇپ كەلگەن «سانتانا» ماركىلىق ماشىنىمىزنى ناھىيىلىك پارتكوم قوروسى ئىچىدە قالدۇرۇپ، پەرھات شۇجى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن، قۇملۇقتا بىمالال كىرەلەيدىغان «مىتسۇبىشى» ماركىلىق ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، قۇمقىسار يېزىسىنىڭ تۇمۇرەك كەنتىدىن تەكلىمكان قۇملۇقىغا قاراپ ماڭدۇق.

يولنىڭ تۆت ئەتراپى پايانسىز كەتكەن شورلۇق، قوملۇق، پاكار ـ پاكار قومۇشلۇق بولۇپ، يامغۇر سۇلىرى يىغىلىپ قالغان ھارۋا يولىدا ئالدىمىزغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئالدىمىزنى سۇيى لايقىپ، ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيى ئۇزۇپ قويىدى. بۇ «نوڭسەنسى ئۆستىڭى» (ئەسلى يېزا ئىگىلىك 3 ـ شى ئۆستىڭى) دەپ ئاتىلىدىغان ئۆستەڭ ئىكەن. تۈنۈگۈن يامغۇر ياغقان بولغاچقا، ئۆستەڭدە سۇ ئۇلغىيىپ، كۆۋرۈكنى ئېلىپ كەتكەنىكەن. بۇرۇنقى كۆۋرۈكنىڭ ئورنىغا ياغاچلار بىلەن ئادەم ۋە ئۇلاغلار ئۆتەلەيدىغان ۋاقىتلىق كۆۋرۈك ياساپ قويۇلۇپتۇ.

بىز تۇرغان بۇ جاي بىر پارچە دۆڭلۈك بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ نېرىسىدىلا پايانسىز كەتكەن ئانا تەكلىماكان سوزۇلۇپ ياتاتتى.

— تەكلىماكان قۇملۇقىغا كىرىش ئىغىزى مۇشۇ شۇ، بۇ يەر «داۋۇز قوم» (ئېھتىمال «دەرۋازا قۇم» بولسا كېرەك) دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى يازغۇچى تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم چۈشەندۇرۇپ، — 1996 - يىلى ئەنگلىيە خان جەمەتى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەكلىماكاننى تەكشۇرمەكچى بولۇپ دەل مۇشۇ جايدىن قۇملۇققا كىرگەن.

ۋاقىتلىق كۆۋرۈكتىن ماشىنا ئۆتەلمىگەچكە، بىز پىيادە مېڭىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتتۇق. كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىدە بىر دېھقان كەپىسى قىڭغىيىپ تۇراتتى. «ئەجەبا، يۇرت - مەھەللىدىن قېچىپ بۇ يەرگە چىقىۋالغان قانداق دېھقاندۇ؟» دېگەن ئوي بىلەن كەپىگە قاراپ ماڭدۇق. بۇ دېھقان كەپىنىڭ ئەتراپىنى قاشالاپ، قۇملۇقنى ئېچىپ، تەك تىكىپ، قوغۇن - تاۋۇز تېرىغان، بىر چەتكە ياغاچ قاشا بىلەن ئېغىل ياسىغانىدى. بىز ئىشىك ئورنىدىكى چاقىسدىن ھويلىغا كىردۇق. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ، ئوڭ تەرەپتىكى چالما كېسەك بىلەن سېلىنغان پاكار ئۆيدىن ئورۇق، ئېگىز بوي، ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى، بېشىغا ئاق دوپپا، ئۇستىگە ئۇزۇن يەڭ كۆك مايكا كىيىۋالغان، بېلىگە ئاقۇچ رەختتىن پوتا باغلىۋالغان بىر دېھقان چىقىپ كەلدى. ئۇ بىز بىلەن ھۆرمەت ۋە تەۋەززۇ ئىچىدە كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىزنى ھويلىنىڭ سول تەرىپىدىكى ياغاچ كاتىنىڭ ئۇستىگە باشلىدى. ھويلىغا ئېشەك ھارۋىسى، ئوت - چۆپلەر، ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش مەنقۇلاتلىرى دۆۋىلەنگەن بولۇپ، تىپىك نامرات جەنۇب دېھقانلىرىنىڭ ھويلىسى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. پاراڭلىشىش جەريانىدا مەلۇم بولدىكى، بۇ غازكۆل يېزىسىلىق دېھقان ئىكەن، ئىلگىرى ياغاچچىلىق، تامچىلىق ھۈنەرلىرىنى قىلغانىكەن. كېيىن مال بېقىپ، يۇزدىن ئوشۇق قوي، ئۆچكىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قاپتۇ. ھازىر ئۆزىنىڭ مالىرى بىلەن قوشۇپ، باشقىلارنىڭ ماللىرىنىمۇ بېقىپ بېرىدىكەن، بىر قوينى بېقىپ بەرسە مال ئىگىسىدىن ھەر ئايلىقى ئۈچۈن ئۈچ يۈەندىن بەش يۈەنگىچە ئالىدىكەن (بۇنداق ئەرزان باھاغا بىز ھەيران قالدۇق)، بەزى دېھقانلار ھەتتا مۇشۇ پۇلنىمۇ بېرەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ چىققىنىغا بەش يىل بوپتۇ، بۇ جەرياندا ئۇ كىچىك بىر پارچە يەرنى ئېچىپ، ياندىكى ئۆستەڭ سۈيىدە سۇغىرىپ، تەك تىكىپ، قوغۇن - تاۋۇز تېرىپ كۆكەرتىپ قويۇپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى بېلىدىكى پوتىسىغا نان ۋە چاينى تۇگۇپ جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، مال باقىدىكەن. بىز ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن جاڭگالغا چىقىۋالغانلىقىنى سورىغىنىمىزدا، ئۇ:

— يۇقىرىدىن كېلىۋاتقان سىياسەت ياخشى، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ گېپى

ئوبدان. لېكىن، تۆۋەندىكى دادۇيجاڭ، دۇيجاڭ دېگەندەك ئۇششاق باشلىقلار بەك ئەسكى. مەھەللىدىكى ۋاقتىمدا ھە دېسە ئۆيگە كېلىۋېلىپ، ھاراق قو-يۇپ بېرىسەن، مال ئۆلتۈرىسەن، توخۇ ئۆلتۈرىسەن، دەپ كۈندە دېگۈدەك ئاۋارە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەردىن چىققان دارامەت ھەر خىل باج - سېلىقلارنىمۇ قامدىيالمايدۇ. يىل بويى ھاشارغا چىقمىساق، قورت تۇتمى-ساق تېخى بولمايدۇ. شۇڭا، يەرنى، ئەلە - مەھەللىنى تاشلاپ بۇ يەرگە چى-قىۋالغانىدىم. بۇ يەردە باشلىقلارمۇ يوق، ھەر خىل بۇيرۇق، سېلىقلارمۇ يوق، قۇلىقىم تىنچ بولۇپ قالدى، — دېدى. بۇ يەردە گەرچە توك، تېلېۋى-زور قاتارلىق زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ بەلگىلىرىنىڭ بىرىمۇ بولمىسىمۇ، بۇ دېھقان يەنىلا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ يەنە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— ئىلگىرى بۇ يەرلەردە ياۋا توڭگۇز، مولۇن، تۈلكە، توشقان قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ يەرگە ئۆستەڭ چاپقاندىن كېيىن ياۋا توڭگۇزلار يوقاپ كەتتى. ئۇستەڭدە بېلىقمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى، بىر قىسىم كىشىلەر بىر نەچچە قېتىم موتسىكلىت بىلەن كېلىپ، ئۆستەڭگە دورا چېچىپ، بېلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۇتۇپ كەتتى.

بىز بۇ دېھقان بوۋاي ئۆزى تېرىغان، تەكلىماكان قۇملۇقىدا پىشقان بىشەكشىن قوغۇنغا ئېغىز تەگدۇق، ھەقىقىي مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن كۆچلەنگەن، قۇملۇقنىڭ ھارارىتىدە پىشقان بۇ قوغۇن ئىنتايىن تاتلىق، سۇلۇق بولۇپ، چاڭقاپ كەتكەن ۋۇجۇدىمىزغا يېڭى جان قوشقاندەك بول-دى. دېھقاننىڭ كەپىسىدىن چىقىپ، يۇمشاق قۇمنى ئالقىنىمىزغا ئال-دۇق، يېنىمىزدا كېتىۋاتقان ئۆمەرجان غوپۇر:

— تەكلىماكاننىڭ قۇمى پاكىز، يۇمشاق، شۇڭا، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ كۆڭلىمۇ يۇمشاق، ئۆزلىرى ساددا ۋە مۆمىن، — دېدى.

## دولاندا مەشرەپ

تەلىيىمىز بويىچە پەرھات شۇجى كەچتە قىزىلئاۋات يېزىسىغا مەشرەپ ئورۇنلاشتۇرغانىكەن، سائەت يەتتىلەر بىلەن پەرھات شۇجى باشلىق ئون نەچچەيلەن بۇ يېزىغا كەلدۇق. يېزىلىق ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئەن-جۈرلۈك، ئۈزۈملۈك ھويلىسىدا باراڭ ئاستىغا گىلەم، كۆرپىلەر سېلى-نىپ، سورۇن تەييارلىنىپتۇ. بۇ يەرگە قەشقەردىن كەلگەن يەنە بىر قىسىم مېھمانلار، قىزىلئاۋات يېزىسىنىڭ مەسئۇللىرى، خەلق سەنئەتكارلىرى

بولۇپ، ئوتتۇزدىن ئارتۇق كىشى يىغىلدى.
دولان مۇقاملىرى رەسمىي باشلاندى. سورۇننىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان، ئۇزۇن بۇرۇت، ئاپئاق ساقال قويغان، بېشىغا ئاق بۆك ياكى دوپپا كىيگەن، بېلىنى كۆك پوتا بىلەن باغلىغان، يۈزلىرىگە قات ـ قات قورۇقلار چۈشكەن بۇ سازەندىلەر كۆزلىرىنى يۇمۇپ، باشلىرىنى كەينىگە ئېتىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن «ۋاي ئاللا، ۋاي ئاللا، ۋاي ئاللا، ۋاي ئاللا...» دەپ توۋلىغىنىدا تەنلەر ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ، ئادەم ئۆزىنى سەزمىگەن ھالدا كۈيلەر قاينىمىغا غەرق بولىدىكەن. بىر داپچىنىڭ مۇقامنى باشلاپ بېرىشى بىلەن، قالۇنچى، راۋابچى، ئىسكىرىپكىچى ۋە بەش داپچى رىتىمغا كەلتۈرۈپ، ئىككى يانغا تاشلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ساز چېلىش ۋە مۇقام ئېيتىشقا باشلىدى.

كۆيگىلى كەلدىڭلىمۇ، كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلىمۇ،
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتنى ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ.
...
مەن قاچان چوڭ بولىمەن،
يارىم بىلەن تەڭ بولىمەن.

مۇزىكا رىتىمىغا ماس ھالدا داپقا ئۇرۇلۇۋاتقان قوللار، ناخشىنىڭ كۈچىدىن قىزارغان يۈزلەر، كۆپكەن تومۇرلار، ھەسرەت ئىچىدە يىغلاۋاتقاندەك، بوزلاۋاتقاندەك مۇڭلۇق ئاۋاز... شۇ قەدەر مۇڭلۇق، ھاياجانلىق كەيپىياتتىن يۈرەكلىرىمىز لەرزىگە كەلدى. دولان مۇقاملىرىنىڭ ھەقىقەتەن يەككە ـ يېگانە ھالدا مۇشۇ زېمىنغىلا خاس بولغان، مۇرەككەپ، گۈزەل مېلودىيىلىك سەنئەت گۆھىرى ئىكەنلىكىگە قايىل بولدۇق. ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا كۈيلەر قاينىمىغا غەرق بولۇپ، بۇ گۈزەل مېلودىيىدىن بەھر ئالدۇق. شۇ ئارىدا مەكتەپ ناھىيىسىدىكى تونۇلغان سەنئەتكار رەخىم قادىر ياغلىقنى تولغاپ، داپنىڭ ئىچىدە تۇرغۇزۇپ، خورازنىڭ مەغرۇر تۇرغان بويىنغا ئوخشاش ھالەتكە كەلتۈرۈپ، مەيدانغا چىقتى ۋە: «مېھمانلارغا ياغلىغاچامنىڭ ئوبدان ماخىرىدىن تەييارلىدۇق، بۇنى تالاشساق يېتىشمەيدۇ، شۇڭا بىللە ئوينايلى، ماقۇلما؟» دېدى، مېھمانلارنىڭ «ماقۇل» دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن مەشرەپنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان «دەررە ئويۇنى» باشلاندى. رەخىم قادىر ئاكا ھېلىقى تولغاپ قويۇلغان ياغلىق بىلەن بىر مېھماننى ئۇرۇپ سورۇنغا تەكلىپ قىلدى. تەكلىپ قىلىنغان يىگىت رەخىم قادىردىن دەررىنى ئالغاندىن كېيىن قوشاق ئېيتىپ، بىر قىزنى تارتتى. ئىككىيلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر ـ بىرىگە تازىم بەجا

كەلتۈرگەندىن كېيىن جىددىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئايلىنىپ، بىر - بىرىگە بېقىشىپ، ئويناشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك تېز، رىتىملىق، ماسلاشقان بولۇپ، ئەگەر قارشى تەرەپ ئايلىنىشتا سۇسلۇق قىلسا ياكى تەتۈر ئايلىنىپ قالسا شۇ ھامان دەررە يەيتتى. مەشرەپ مۇشۇ يوسۇندا داۋاملاشتى. ئاندىن ئون نەچچەيلەن بىر - بىرىگە ئەگىشىپ، چەمبەر شەكلىدە ئويناشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا مۇتەللىپ سىيىت بىلەن رەخىم قادىر دولان مۇقاملىرىنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ ئۆتتى. «دولان» بۇ رۇنقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى، مەكىت ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئالتە يۈز يىلدىن ئۇشۇق بولۇپ، ناھىيىنىڭ ئورنى قەدىمكى دەۋرلەردە پۈتۈنلەي توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق ئىكەن. بۇ يەردىكى ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دولانلار بىر - بىرىنى چاقىرىش ئۈچۈن «ۋاي ئاللا، ۋاي ئاللا» دەپ توۋلىشىپ دولان مۇقاملىرىنى ئىجاد قىلغانىكەن. دولان مۇقاملىرى چېكىتمە، سەلىقە، سىيرىلما، تەنتەنە قاتارلىق بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئوۋچىلارنىڭ بىر - بىرىنى چاقىرىشى، قومۇشلارنى قايرىپ ئولجىلارنى ئىزدىشى، ئوۋ ئوبيېكتلىرىغا نەيزە تىقىشى، ئوقيا ئېتىشى، ئولجىلارنى بىر يەرگە يىغىشى، غەلىبىگە تەنتەنە قىلىشى قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە تەقلىد قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن، شۇ خىل مەزمۇنلار ئىپادىلىنىدىغان ئۇسسۇللار ئىكەن.

## قەشقەردە ئۆزگىرىش

قەشقەر ـــ مەملىكىتىمىزدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بىرى. ئۇ تارىختا ئېلىمىزنىڭ غەرب بىلەن سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان. ئالتە شەھەرنىڭ «ئىلىم مەركىزى» دەپ قارىلىپ، تارىخىي ئورنى، تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەن. ھەم دىنىي، ئىلمىي مەركەز، ھەم ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر سۇلالە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان. قەشقەر شەھىرىدە تەرەققىيات ئىنتايىن زور بولۇپ، شەھەر قۇرۇلۇشىدا ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەپتۇ. يېڭىدىن يېڭى قەۋەتلىك بىنالار سېلىنىپ، يوللار كېڭەيتىلىپ، بۇرۇنقى شەھەر ئىچىدىكى مۇھىم قاتناش قورالى بولغان مەپە ھارۋىلارنىڭ ئورنىنى تاكسىلار ئىگىلەپتۇ. خەلق باغچىسىنىڭ ئالدىدىكى ئەينى يىللىرى جەنۇ-

بىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ چىملىق پۇتبول مەيدانى تاپتاقىر سېمونت
مەيدانغا ئۆزگەرتىلىپتۇ. لېكىن، ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، بۇ خىل تەرەق-
قىيات ئەزىزانە قەشقەرنىڭ قويۇق ئەنئەنىۋىلىككە تويۇنغان قەدىمكى شە-
ھەرگە خاس قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، قەدىمكى شەھەر پۈرد-
قىدىكى تۇرالغۇلارنى پەقەت ئارقا كوچىلاردىلا كۆرگىلى بولىدىغان ھالەتنى
پەيدا قىلىپ قويۇپتۇ. ئۆزگەرمىگىنى قەشقەرنىڭ سىمۋولى بولغان ھەيۋ-
ۋەتلىك، نەقىشلىك ھېيتگاھ جامەسى بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەيكىلى ئى-
كەن. ھېيتگاھ جامەسى ھازىر كىشىگە ئەتراپىدىكى قەۋەت - قەۋەت بى-
نالارنىڭ قورشاۋىدا خۇددى ياشانغان بوۋايدەك تەسىرات بېرىدىكەن. ھېيت-
گاھ جامەسى مىلادىيە 1442 - يىلىدىن باشلاپ قۇرۇلۇشقا باشلىغان، كۆپ
قېتىم كېڭەيتىلىپ، رېمونت قىلىنىپ، ھازىرقىدەك ئاتمىش ئىككى مو
كۆلەمگە، سىرتى مۇنار، دەرۋازا، گۈمبەزدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈن-
گەن، شىنجاڭ بويىچە، شۇنداقلا مەملىكىتىمىز بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ
ئەڭ چوڭ مەسچىتى، مەدرىسەسى بولۇپلا قالماي، قەشقەرنىڭ ئىلىم - مە-
رىپەت، ھۈنەر - سەنئەت ماكانى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن
ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ زىيارەت ئوبيېكتى بولۇپ شەكىللەنگەن... ماۋ
زېدۇڭنىڭ غايەت زور ھەيكىلى قەشقەر خەلق باغچىسىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ
ئۇدۇلىدا، چوڭ يولنىڭ بويىدا بولۇپ، ئېگىزلىكى ئۈچ قەۋەت بىنانىڭ
ئېگىزلىكىچىلىك كېلىدۇ. بۇ بېشىغا ھەربىيچە شەپكە، ئۈستىگە ئۇزۇن
پەلتۇ، كىيىۋالغان، بىر قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ خەلققە ئېھتىرام بىلدۈ-
رۈۋاتقان ھالەتتىكى ماۋ زېدۇڭ ھەيكىلى بولۇپ، 1968 - يىلى 8 - ئايدا
ياسالغان. ھازىرقى دەۋردە بۇ ھەيكەل ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگودىكى ئۆز-
گىرىشلەرنىڭ يالدامىسى، جۇڭگو تۇپرىقىدىكى ماۋ زېدۇڭنىڭ غايەت زور
ھەيكىلى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان.
بىز قەشقەرنىڭ قەدىمكى كوچىلىرىدىن مىسكەر، زەرگەر، قەلەيچى، يا-
غاچچى، لەڭپۇڭچى، دوغاپچى قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەر جايلاشقان ئۆستەڭ بو-
يى كوچىسىدىن ئۆتتۇق؛ قوي ئۈچىيىدەك تار، ئۇزۇن، مۇرەككەپ، خاتا
كىرىپ قالغان ئادەم كەينىگە قايتىپ چىقىپ كېتەلمەيدىغان، كېسەك، يا-
غاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى سېلىنىپ، كوچىلارنىڭ
ئۈستى يېپىلىپ ئاجايىپ قەدىمكى مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئوردا ئال-
دى كوچىلىرىنى ئارىلاپ، چاسا دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، تۈمەن دەرياسى بو-
يىغا كەلدۇق.
مۇھەممەت نىياز ئاكا، ئەكبەر داۋۇت، ئۆمەر ئابدۇللار تۈمەن دەرياسى-

نىڭ نامىنى كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، زور ھا- ياجان بىلەن ئىتتىك مېڭىپ كۆۋرۈككە چىقىپ، پەسكە قارىدى. قارىدىيۇ، پەقەت ئادەتتىكى ئېرىقچىلىكلا ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنى، دەريا قېنىدىكى ئەخلەتلەرنى كۆرۈپ «لاسىدە» بولۇپ قالدى ۋە ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىشتى. مەنمۇ مىسكىن ھالدا مۇرەمنى قىسىپ قويدۇم. بىزنىڭ ئانا مەكتىپىمىز قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى مۇشۇ دەريانىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەينى يىللىرى دەريانىڭ سۈيى خېلى ئۇلۇغ (ھەر ھالدا ئۆستەڭچىلىك بار) ئىدى. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى قويۇق سۆگەتلىك بو- لۇپ، بىز ئىمتىھان مەزگىللىرىدە دەريا بويىغا چۈشۈپ دەرس تەكرار قىلات- تۇق. ئۇ چاغدىكى كۆۋرۈك تار، تاختا كۆۋرۈك بولغاچقا، يەكشەنبە بازار كۈن- لىرى كۆۋرۈكتە ئېشەك ھارۋىلىرى تىقما - تىقما بولۇپ، ئادەم ئۆتكىلى بولماي قالاتتى. دەريانىڭ باش ئېقىنىغا ئېرىقچىلەر مەھەللىسى، ۋىلايەتلىك 1 - دوختۇرخانا قاتارلىق ئىدارە، ئورۇن، ئاھالىلەر جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئو- رۇنلارنىڭ ئەخلەت - يۇندىلىرى دەرياغا تۆكۈلىدىغان بولغاچقا، دەريانىڭ سۈيى ئېغىر بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. ھازىر تاختا كۆۋرۈكنىڭ ئورنىغا كەڭرى بېتون كۆۋرۈك سېلىنغان، دەريانىڭ قېشىدىكى سۆگەتلەر تامامەن قىرقىپ تاشلىنىپ، دەريا قىرغىقى بويلاپ يارباغقا چىقىدىغان ئاسفالت يول ئېلى- نىپتۇ. دەريا بويىدىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى زور ئىكەنۇ، دەريا مۇھىتىنىڭ پاسكىنىلىقى يەنىلا ئۆزگەرمەپتۇ. ئەكسىچە، دەريانىڭ سۈيى ئازلاپ ئېرىق- قىلا ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇ «ئېرىق» قا قاراپ تارىختا قەشقەرنىڭ ئەينى يىللىرى «تۈمەن» دىن ئىبارەت بۇ سۈيى ئۇلۇغ، مۇھىتى گۈزەل دەريانى سۈت ئانىسى قىلىپ، شەھەر بولۇپ قۇرۇلۇپ، گۈللەپ ياشنىغانلىقىغا، دەريا سۈيى ئۇل- غىيىپ كېتىپ، كەلكۈن ھاسىل قىلىپ، قەشقەر شەھىرىگە بېسىپ كىر- گەنلىكىگە ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ!

كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ «توخو سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ» دەپ قارىلىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ بازار — «ئوتتۇرا ئاسىيا سودا بازىرى» (ئەينى يىللىرى «يېڭى بازار» دەپ ئاتىلاتتى) غا كىردۇق. بۇ بازارنىڭ دائىرىسى ھەقىقەتەن كەڭ، مال تۈرلىرى تولۇق بولۇپ، نەچچە سائەت ئايلىنىپمۇ بۇ بازارنى تولۇق كۆرۈپ بولغىلى بولمايدىكەن.

## ئارالدا سۆھبەت

22 - ئىيۇل سەھەردە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزىلىق مائارىپ

ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ساۋاقدىشىم ھۆسىيىنىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئارال يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز ھۆسىيىن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن بىرەر مەكتەپنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدە قورغان باشلانغۇچ مەكتىپىگە كەلدۇق. بۇ مەكتەپتە ئون بەش ئوقۇتقۇچى بار بولۇپ، شارائىتى تۇرپاندىكى مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. بىز مەكتەپ مۇدىرىدىن: «ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن چۇشۇپ قېلىش ئەھۋالى ئېغىرمۇ؟»دەپ سورىدۇق. ئۇ: «1996 ـ يىلىدىن بۇرۇن بۇنداق ئەھۋال ئېغىر ئىدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېرىمى ھەر كۈنى مەكتەپتىن چۇشۇپ قېلىۋاتقان باللارنى يىغقىلى چىقسا، يېرىمى ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ھازىر يېزىمۇ مەكتەپتىن چۇشۇپ قېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. شۇڭا، ھازىر بۇ خىل ئەھۋال تۈگىتىلدى» دېدى. بىز بۇ مەكتەپتىن قايتىپ ئارال ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ زالىغا يىغىلدۇق. بىزنىڭ ئارالغا كەلگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تاپقان يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىدىكى قەلەمكەشلەردىن قۇربان ئەمەت، خۇدابەردى ئابخان، ئابابەكرى توختى، ئابدۇكېرىم ھاپىز قاتارلىقلارمۇ ئارالغا چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارال ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ زالىدا سۆھبەت، كۈلكە ـ چاقچاق قىزىپ كەتتى.

ئارال ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ زالىنى يېرىم كۈندىن ئوشۇقراق قىزغىن كەيپىياتقا تولدۇرغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، شەھەر ئىچىدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدۇق. «ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەدەنىيەت، پەلسەپە، ئەدىيە تارىخىدىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇر، شائىر، دۆلەت ئۇستازى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن 1019 ـ يىلى قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ (840 ~ 1212) پايتەختى ئوردۇكەنت قەشقەر يېنىدىكى قوز ئوردۇ ــ بالاساغۇندا دۇنياغا كېلىپ، 1085 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ قەشقەردە بولۇپ، 1989 ـ يىلى قايتا ئىسلاھ قىلىنىپ، زىيارەتگاھ قىلىنغان» .(ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»). يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادىيە 1070 ـ يىللىرى «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يېگانە بەدىئىي ئەسەر، 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى، جۇڭگو مەدەنىيەت خەزىنىسى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىباھا گۆھەر» ــ «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) نى يېزىپ تاماملىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى

قەدىمكى زامان ئۇسلۇبىدا كۆك رەڭلىك ئەينەك خىش بىلەن، گۇمبەزلىك، نەقىشلىك، ناھايىتى ھەيۋەتلىك قىلىپ ياسالغان بولۇپ، دەرۋازىغىچە بولغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇق ئۈزۈم بارىڭى ھاسىل قىلىنغان. دەرۋازىدىن كىرگەنلا جايغا كىچىك كەكە ساقال قويغان، سەللە يۆگىگەن، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان، قولىدا قامۇسنى تۇتۇپ جىددىي قىيا پەتتە تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئۇلۇغۋار ھالەتتىكى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ يېرىم ھەيكىلى ئورنىتىلغانىكەن. بىز ئېھتىيات ۋە ئېھتىرام ئىچىدە بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ «قولللىرى»نى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل - پاراسەت ۋە بۇيۇكلۇكىنىڭ تەپتىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇق. ئوڭ تەرەپ ئىشكتىن چىققاندا چاققانغىنە بىر ھويلا بولۇپ، قەبرە قويۇلغان زالنىڭ ئىگىز پەشتاقلىق دەرۋازىسى ھويلىغا قاراپ تۇرىدىكەن. زالدا ئالىمنىڭ تولۇقلۇق قەبرىسى قويۇلغان، تاملارغا «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئېلىنغان بېيىتلار ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىلغانىكەن. بۇ زالنىڭ كەينى تەرىپىدە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. سىزما رەسىملەر قويۇلغان بولۇپ، بۇ رەسىملەر يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتىدىن خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدىكەن.

بىز ئالىم بىلەن «خوشلاشقان» دىن كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى نەزەرباغ يېزىسىغا جايلاشقان «ئاپاق غوجا مازىرى» غا قاراپ ماڭدۇق. ئىلگىرىكى يىللاردا بىر قىسىم خەلق ئاپاق غوجىنى خاتا ھالدا «ئەۋلىيا»، «پىركامىل» دەپ تونۇپ، ئۇنى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، «ئاپاق غوجا مازىرىنى تاۋاپ قىلسا، كەبىنى تاۋاپ قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ» دېگەن سەپسەتىگە ئىشىنىپ، بۇ مازارغا تۈركۈم - تۈركۈملەپ تاۋاپ قىلغىلى كېلەتتى، مازارغا باش ئۇرۇپ ھەر خىل تىلەكلەرنى تىلەيتتى. كېيىن تارىخىي ماتېرىياللاردا ئاپاق غوجىنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسى ئېچىلغاندىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىدىغانلار ئازىيىپ قالدى. ساياھەتچىلەرمۇ بۇ مازارنى پەقەت تارىخىي نۇقتىدىن، ئۇيغۇر مىمارچىلىق سەنئىتى نۇقتىسىدىن زىيارەت قىلىدىغان بولدى. بۇ مازار 1640 - يىللىرى ياسالغان بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى ئوتتۇز مو ئەتراپىدا، گۇمبەز ئىچىگە ئاپاق غوجا جەمەتىنىڭ بەش ئەۋلادىغا تەۋە بولغان يەتمىش ئىككى كىشىنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان، گۇمبەز ئىچىدە يەنە «ئىپارخان» دەپ نام ئالغان مەلىكىنىڭمۇ جەسىتى بار دېيىلىدۇ (قەبرە ئىچىدە ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ بار - يوقلۇقى نۆۋەتتە تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان مەسىلە بولۇپ، بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ جەسىتى خې-

جېبى ئۆلكىسىگە جايلاشقان چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي قەبرىستانلىقىدىكى خانىشلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان دېيىشىدۇ). ئىپارخانىنىڭ ئەسلىي ئىسمى مەمۇرى ئىزىم خېنىم بولۇپ، 1734 ـ يىلى تۇغۇلغان، تۇغۇلغاندىن كېيىن بەدىنىدىن خۇشبۇي ھىد كېلىپ تۇرغانلىقى مەلۇم بولۇپ، «ئىپارخان»دەپ ئاتالغان. ئۇ ئاپاق غوجىنىڭ ئىنىسى غوجا كارامۇتۇللانىڭ نەۋرىسى (ئاپاق غوجىنىڭمۇ قىز نەۋرىسى) بولۇپ، ئىنتايىن غەيۇر، جاسارەتلىك، نازاكەتلىك، جانبازلىقتا كامىل قىز بولۇپ چوڭ بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى جاۋ خۇي غوجىلار توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن يەكەنگە كەلگەندە، ئىپارخان يىگىتلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، مەنچىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئېلىشىپ، بەختكە قارشى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى چيەنلۇڭغا تەقدىم قىلىنغان. چيەنلۇڭ ئۇنىڭ نازاكىتى ۋە شىجائىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاستىلەرنى ئىشلەتكەن، ئۇنى ئەمرىگە ئېلىپ خانىشلىقتا كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇر بويى ئىپارخانىنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەن. ئىپارخان ھەر دائىم يېنىدا خەنجەر ساقلاپ، چيەنلۇڭ خانغا: «ئەل يۇرتۇم خانىۋەيران بولدى. ئۆلۈشكە رازىمەنكى، قېرىنداشلىرىمنىڭ بىكاردىن بىكار ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە چىداپ تۇرالمايمەن. ماڭا يېقىنلاشساڭ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، سېنى ئۆلتۈرەلمىسەم، ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن» دېگەن. پادشاھ ۋە پۈتكۈل ئوردا ئەھلى بۇ ئۇيغۇر قىزىنىڭ جاسارىتىگە ھەيرانۇ ھەس قالغان. بۇنىڭ بىلەن چيەنلۇڭ خان ئىپارخانغا تېخىمۇ مەستانە بولۇپ قالغان. لېكىن، ئىپارخان ئار ـ نومۇسىنى ساقلاپ، ئوردىدا تۇرغان مەزگىلدە مانجۇ خانغا ھەرگىز تىز پۈكمىگەن. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خان ئانىسىنىڭ ئىپارخانغا قاتتىق غەزىپى كېلىپ، ئاخىرى ئىپارخانغا زەھەر بېرىپ قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىچىدە ئەينى يىللىرى ئىتالىيىلىك رەسسام رومىبېرانت سىزغان بېشىغا دوبۇلغا، ئۇستىگە ساۋۇت كىيگەن، تولۇق ھەربىيچە ياسانغان، قىلىچ ئېسىپ ئۆرە تۇرغان ئىپارخانىڭ ھەيۋەتلىك رەسىمى بار بولۇپ، بۇ رەسىمدىن ئىپارخانىنىڭ جاسارەتلىك، قەيسەر، تىز پۈكمەس خاراكتېرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاپاق غوجا مازىرى قەبرىلەر قويۇلغان چوڭ، نەقىشلىك يېشىل گۈمبەز، مەسچىت، مېۋىلىك باغ، «شەربەت كۆل» قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، دائىرىسى چوڭ، مۇھتەشەم، گۈزەل، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە گۈزەل بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنى-

دۇ. 1692 ـ يىلى ئاپاق غوجا ئاتىسى مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشاننىڭ جەستى قويۇلغان بۇ مازارنى نەچچە ئون مىڭ ھۇنەرۋەن، كاسىپ ۋە دېھقاننى مەجبۇرىي ھاشارغا تۇتۇپ، قايتا ياسىتىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرگەن بولۇپ، پۈتكۈل «ھەزرەت مازىرى» دىكى ھالقىلىق قۇرۇلۇش بولغان چوڭ گۈمبەزنى تولىمۇ مۇشەققەت ئىچىدە پۈتكۈزگەن. بىر تالمۇ تۈۋرۈك قويۇلمىغان چوڭ گۈمبەزنىڭ خىشلىرىنى بىر ـ بىرىگە ياپسالاپ تۇرغۇزۇش جەريانىدا گۈمبەز ئۈچ قېتىم ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، بىر مۇنچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان.

ئاپاق غوجىنىڭ ئەسلىي ئىسمى غوجا ھىدايىتۇللا ئىشان بولۇپ، 15 ـ ئەسىر ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ ھامىيسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى، غوجا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ ئوغلى، «ئاق تاغلىقلار» نىڭ پېشۋاسى. ئۇ 1624 ـ يىلى قومۇلدا تۇغۇلۇپ، 1678 ـ يىلىدىن 1694 ـ يىلىغىچە ئون ئالتە يىل شىنجاڭغا «خانلىق» قىلغان. 1694 ـ يىلى 2 ـ ئايدا زۇلۇمغا چىدىماي ئىسيان كۆتۈرگەن خەلقنىڭ سەردارى، «قارا تاغلىقلار» تەرەپدارى پولات شەيقاۋۇل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئاپاق غوجا 1653 ـ يىلى يىگىرمە توققۇز يېشىدا ئىشانلىق ئېرشادنامىسى بىلەن ئىشقىيە مەزھىپىگە پىر ئەزەم بولۇپ، «ئاپاق غوجا» (ئەسلىي «ئافاق» بولۇپ، «ئۇپۇق»، «ئاپتاپ» دېگەن مەنىلەردە) دەپ ئاتالغان. ئاپاق غوجا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خاندىن ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن، تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ، تىبەتنىڭ پايتەختى لاساغا بېرىپ، بۇتخانىدا توقسان كۈن تۇرۇپ، بۇتقا باش ئۇرۇپ، ئەينى چاغدىكى دالاي بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇنىڭدىن يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنگەن. دالاي لاما ئۆزىنىڭ شاگىرتى، ئىلىدىكى جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانى غالدان سېرىنگە ئاپاق غوجىغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇق قىلغان. 1678 ـ يىلى غالدان ئاپاق غوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا باستۇرۇپ كېلىپ، يەكەن، قەشقەرلەرنى ئېلىپ، ئاپاق غوجىنى قورچاق خان قىلىپ تىكلىگەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدىكى تۇنجى قورچاق ھاكىمىيەت مەيدانغا كەلگەن. «ئاپاق غوجا ھاكىمىيىتى سوپىزمنى ئەبەدىلئەبەد مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان چەكسىز قانۇن ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە يولغا قويۇپ، پەقەت زورلۇققا تايىنىپ كۈن كەچۈرگەن مۇستەبىت ھاكىمىيەت بولۇپ، ئاپاق غوجا ئۆزىگە ئۈچ يۈز مىڭدىن ئارتۇق بىۋاسىتە مۇرىت قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى سوپى ـ ئىشانلىقنى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭەيتىشكە

سەپەرۋەر قىلغان. ئۆزگە تەۋە جايلارنىڭ ھەممىسىدە قۇرئان، ھەپتىيەك-تىن باشقا ئوقۇش - ئوقۇتۇشنى مەنئى قىلغان، بۇنداق كىتابلارنى كۆيدۈرگەن، ئىلىم - مەرىپەت ئورۇنلىرىنى چاقان. مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل، تېبابەت، مەتبەئەچىلىك، خەتتاتلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قەتئىي مەنئى قىلغان، بۇ ئىلىملەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى دارغا ئاسقان، بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگەن. قىسقىسى، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋر بولۇپ، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئېسىل مەدەنىيەت دۇردانىلىرى ۋەيران قىلىنغان، يەكەن خاراب بولغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچ يۈز يىل كەينىگە چېكىنىپ كەتكەن».

## ئىزتىراپلىق ئويلار

بۇ قېتىمقى جەنۇب سەپىرىدە بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەنلەردىكى ناھىيە، يېزىلارنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا بىز يولۇقتۇرغان شىمالىي، شەرقىي شىنجاڭلاردىكى ئىجتىمائىي ھاياتقا ئوخشىمايدىغان بىر قانچە ئىش بىزنى چوڭقۇر ئويلارغا غەرق قىلدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرىنى، مۇقاملارنى ئورۇندايدىغان خەلق سەنئەتكارلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن، بىرەر سورۇن ئۇيۇشتۇرۇلسىلا چوقۇم دېھقان سەنئەتكارلار تەكلىپ قىلىنىپ، ئاۋۋال مۇقاملار ئورۇندىلىپ، مەشرەپ ئوينىلىدىكەن، ئاندىن تاماق تارتىلىدىكەن. بىراق، ئەپسۇسلىنارلىقى، مەشرەپ ئاخىرلىشىپ تاماق تارتىلىش ئالدىدا دېھقان سەنئەتكارلار سورۇندىن چىقىرىۋېتىلىدىكەن. بىز بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقۇپ باقمىغاچقا، بىر بۇردا نان تۇرماق، باشقا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇغا ئېرىشەلمىگەن مۇيەسسەر بولالمىغان سازەندىلەر سورۇندىن چىقىپ كەتكەندە، بۇرۇنقى ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئۆتتەك قىزىپ، مەست بولۇپ كەتكەن كەيپىياتىمىزغا تۇيۇقسىز سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدۇق. باياتىن بىرى ئاچ قورساق ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى، زېھنىي كۈچى بىلەن كۈيلەرنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ مېھمانلارغا ئالەمچە ھاياجان ئاتا قىلغان سازەندىلەر تاماق تارتىلىشى بىلەنلا چاڭ، راۋابلىرىنى قولتۇقلىرىغا قىستىشىپ، مېھمانلارغا چوڭقۇر تەزىم قىلغىنىچە بېشىنى يەردىن ئالماي سورۇندىن ئايرىلىشتى. شۇ مىنۇتلاردا قەلبىمىزدىكى بايىقى زىلزىلىلەرنىڭ ئورنىغا

بىر خىل ئېچىنىش، خىجىللىق تۇيغۇلىرى ئالمىشىپ، بۇ مۆھتەرەم سەنئەتكارلارغا قاراشقىمۇ پېتىنالماي سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدۇق. گەرچە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تەمبۇرچى «ئىشتەي نەغمىسى» قىلىشقا قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمدى تاماق، هاراق، كۆلكە ـ چاقچاقلارغا شۇڭغۇپ كەتكەن مېھمانلارنىڭ مۇزىكا ئاڭلاشقا ھەپىسلىسى يوق ئىدى. لېكىن، بۇ تەمبۇرچى دېھقان ئۆز ۋەزىپىسىنى بىجانىدىل ئادا قىلىپ، ھېچكىم ئاڭلىمايۋاتقان بولسىمۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ناخشا ئېيتماقتا ئىدى. «سورۇندا ناخشا ـ مۇزىكا ئورۇندىلىۋاتسا، مېھمانلار ھەدەپ پاراڭ سېلىشىدىغان» ھالەت، دېھقان سەنئەتكارلارنىڭ بۇ قەدەر قەدىرسىزلىكى بىزنى يەنە بىر قېتىم ئەپسۇسلۇققا چۆمدۈردى. كاللىمىزدا «بۇ كىشىلەرنىڭ مۇشۇ مېھنىتىگە ئىش ھەققى بېرىلەمدىغاندۇ؟» دېگەن ئوي ھۆكۈم سۈرەتتى. بىزنىڭ ھالىتىمىزنى چۈشەنگەن شۇ يەرلىك بىرەيلەن بىزگە مۇنداق چۈشەنچە بەردى: «بۇ يەردە ھەر بىر دېھقاننىڭ بىر ئايدىن ئوشۇق ھاشار ئەمگىكى بار، بىز بۇ دېھقان سەنئەتكارلارنىڭ مۇشۇنداق سورۇنلاردا مۇزىكا چېلىپ بەرگەن ئىش ھەققىنى ھېسابلاپ، ھاشار ئەمگىكىنى نىسبەت بويىچە كەچۈرۈم قىلىمىز. شۇڭا، بۇ دېھقانلارمۇ مۇزىكا چېلىش ئارقىلىق ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكتىن قۇتۇلغانلىقىغا خۇش بولىدۇ. ئەمدى تاماق مەسىلىسىگە كەلسەك، يېزا كادىرلىرى ئۇلار بىلەن بىللە سورۇنلاردا تاماق يېسە، ئۇلار بار ئەھۋالدا ھاراق ئىچسە بۇ ئىشنىڭ دېھقانلارغا بولغان تەسىرى تازا ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا، مەشرەپ تۈگىگەندىن كېيىنلا بۇ سەنئەتكارلار سورۇندىن قايتىدۇ، لېكىن، ئۇلارنى باشقا جايدا تاماققا ئورۇنلاشتۇرىمىز.»

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ناچار، قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن، قۇم ـ بوران ئاپىتى كۆپ بولغاچقا، ئۆستەڭ چېپىش، كەلكۈن مۇداپىئەسى، يول، سۇ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا نۇرغۇن ئەمگەك كۈچى ۋە ئىقتىساد سەرپ قىلىنىدىكەن. شۇڭا، بۇ يەردە قۇرامىغا يەتكەن ھەر بىر دېھقاننىڭ يىلدا قىرىق كۈندىن سەكسەن كۈنگىچە ھاشار ئەمگەك ۋەزىپىسى بار ئىكەن. مۇشۇنداق بولغاندا ئالتە ـ يەتتە ئەمگەك كۈچى بار ئائىلىلەرگە نىسبەتەن بۇ ئائىلىدىكى بىر ـ ئىككى ئادەم يىل بويى ئۆيگە قايتماي ئەمگەككە قاتنىشىشقا توغرا كېلىدىكەن. قەھرىتان قىش كۈنلىرى نەچچە مىڭلىغان ھاشارچى دېھقان تاقىر سايلاردا ۋىشىلداپ چىقىۋاتقان سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ، تاشتەك قاتتىق توڭلاپ كەتكەن يەرنى جوتۇ بىلەن چوقۇپ، ئۆستەڭ چېپىش ئەمگىكىگە قاتنىشىدىكەن.

كۆنبويى ئۆزلىرى پوتىلىرىغا تۇگۇپ كەلگەن قاتتىق ناننى غاجاپ، دالـ-
دىكى چېدىرلاردا يېتىپ قوپۇپ، نەچچە ئايلاپ ئائىلىسىگە قايتالمايدىكەن.
يولدىشى هاشارغا كەتكەن چوكانلار، ئوغلى كەتكەن ئانىلار كۆنلەپ، ئايلاپ
يۈرەك پارىلىرىنى كۈتىدىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسىي قۇرۇ-
لۇشلارنىڭ تولىسى مۇشۇنداق دېھقانلارنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە ئېلىپ
بېرىلىدىغان هاشار ئەمگىكى ئارقىلىق پۈتۈپ چىقىدىكەن.

جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى، بولۇپمۇ خوتەن خەلقى ئاق كۆڭۈل، سەمە-
مىي، ساددا، مېھماندوست، ئىشچان، مۆمىن خەلق ئىكەن، ساختىلىق،
قىزىل كۆزلۈك قىلىدىغان، سىرتتىن كەلگەنلەرنى ئالدايدىغان ئىشلار
كەم ئۇچرايدىكەن. بۇ يەردە كوچا بويلىرىدا، كەچلىك بازارلاردا ۋاراڭ ـ
چۇرۇڭ بىلەن ئولتۇرۇپ، خۇشال چاقچاقلارنى قىلىدىغان، قاقاھلاپ كۈ-
لىدىغان كىشىلەرنى، هالەتلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن. ھەممە كىشى
ئېغىر تۇرمۇش بېسىمى قاتتىق چارچىتىۋەتكەندەك جىمجىت، مۇڭلۇق
قىياپەتتە، ئاستا مېڭىپ، بوش گەپ قىلىپ، ئۆز ئىشى بىلەن ھەلەك بو-
لىدىكەن.

شارائىتى ناچار، نامرات، مەتبۇئات قەھەتچىلىكى ئېغىر بولۇشىغا قا-
رىماي، خوتەندە قەلەمكەش، ئاپتورلارنىڭ ئەدەبىيات قىزغىنلىقى يۇقىرى،
ئېتىقادى كۈچلۈك ئىكەن. هازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە هۆكۈم سۈرۈۋات-
قان ئەدەبىياتتىن ئومۇمىيۈزلۈك سوۋۇش هادىسىسى بۇ يەرنى قىلچە «ئىس-
تېلا» قىلالمىغان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بۇ تۇپراققا
قەدەم باسقان ئەدەبىياتتىن ئازراقلا خەۋىرى بار كىشىلەرنى قىزغىنلىق
بىلەن كۈتۈۋېلىپ، سورۇن، ئولتۇرۇشلاردا ئەدەبىيات ھەققىدە ئوتلۇق مۇ-
نازىرىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، جەڭگىۋار شېئىرلارنى ئوقۇشۇپ، ئىشتىياق
بىلەن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشايدىكەن. بىرەرسىنىڭ بىرەر
پارچە ئەسىرى ئېلان قىلىنسا، تۇشمۇ تۇشتىن تەبرىكلىشىپ، ئىلھام بې-
رىپ، بۇ ئەسەر ھەققىدە مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەدە-
بىياتقا بولغان بۇ خىل قىزغىنلىقى بىزنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈردى.

جەنۇبتىكى ناھىيە، بازارلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىلگىرىكى ئات هارۋىلىق
مەپىلەرنىڭ ئورنىنى ئۈچ چاقلىق كىرا ۋېلسىپىتلىرى ئىگىلىگەنىكەن،
ۋېلسىپىتنىڭ كىچىك كوزۇپىغا تۈپتۈز تاختاينى قويۇپ، ئۈستىگە كۆر-
پىلەرنى سېلىپ، ئادەم توشۇيدىكەن. بۇ خىل قاتناش ۋاسىتىسى ناھايىتى
ئومۇملاشقان بولۇپ، تاكسىلار ناھايىتى كەم ئۇچرايدىكەن. بىر قىسىم نا-
ھىيىلەرنىڭ كوچىلىرى قالايمىقان، تازىلىقى ناچار، قاتناش تەرتىپسىز

بولۇپ، بازار ئىچىدە دائىم توپا ـ تۇمان ئۆچۈپ تۇرىدىكەن. بازارلاردا ھۆل مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، تاماقلىرىنىڭ تۈرى مول، ئەرزان ۋە تەملىك ئىكەن.

## ئاقسۇدا سېغىنىش

بۇ سەپەردە ئاقسۇغا كېلىشتىكى مۇھىم مەقسەتلىرىمىزنىڭ بىرى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى «گۈلزار مۇكاپاتى» نى تەسىس قىلغۇچى، مەرھۇم ئەدەبىياتسۆيەر تىجارەتچى مامۇتجان داۋۇتنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاش، ئائىلىسىنى پەتىلەشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاقسۇ تۇپرىقىغا قەدەم بېسىشىمىز بىلەنلا مامۇتجاننىڭ قېرىنداشلىرى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

24 ـ ئىيۇل سەھەردە گۈلشەننىڭ ئىنىسى ئېزىز قارىي بىلەن مامۇتجاننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى تۇرغۇنجان مامۇتجاننىڭ «نىسسان» ماركىلىق ئاق ماشىنىسىنى ھەيدەپ، بىز چۈشكەن ئاقسۇ مېھمانخانىسىغا كەلدى. ھازىر زاۋۇتنىڭ كونكرېت ئىشلىرىنى بۇ ئىككىيلەن ۋە مامۇتجاننىڭ يېقىن دوستى، مەسلىھەتچىسى ئەخمەتجان ئابدۇللا باشقۇرۇۋېتىپتۇ. ئەخمەتجان ئابدۇللامۇ مامۇتجان بىلەن بىرگە تىجارەت قىلىپ روناق تاپقان قابىل، مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى بولۇپ، ئۇ دوستى مامۇتجاننىڭ بەش يۈز مىڭ يۈەن ئاتاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى «گۈلزار مۇكاپاتى» نى تەسىس قىلغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆز يېنىدىن ئەللىك مىڭ يۈەن چىقىرىپ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بىلەن ھەمكارلىشىپ «مۆلچەر تاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى تەسىس قىپتۇ.

بىز ئېزىز قارىي ۋە تۇرغۇنجاننىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەرنىڭ شىمالىغا، ئاقسۇ بىلەن كوناشەھەرنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدۇق. يولدا كېتىۋېتىپ ئېزىز قارىدىن مامۇتجان قۇرغان « MD شىركىتى» نىڭ ئەھۋالىنى سورىدۇق. «شىركەت ئاساسلىقى پاختا پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بولغاچقا، ھەر يىلى 9 ـ ئايدىن كېلەر يىلى 6 ـ ئايغىچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ. ھازىر زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ، ئىشچىلار دەم ئېلىۋاتىدۇ. بۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاقتىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى، شۇڭا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىمىز. ھازىرقى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، مامۇتجان ئاكام قازا قىلىپ، شىركەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ئۆزگەرگەنلىكتىن تۇرغۇنلىغان توختام، ھۆججەت، ھەر خىل رەسمىيەت، كىنىشكىلەر، بانكا ۋە باشقا ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بىلەن بولغان ئالاقىلارنىڭ ھەم-

مىسنى ئۆزگەرتىشكە ياكى يېڭىدىن ئىشلەشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. هازىر مۇشۇ ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتىمىز» دېدى ئېزىز قارىي.

مانا، مامۇتجان دائىم ئولتۇرىدىغان ماشىنىدا، دەل مامۇتجان ئولتۇردىغان ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتىمەن. قەلبىمدە بولسا ئاجايىپ مۇرەككەپ، هاياجانلىق خىياللار مەۋج ئۇرماقتا ئىدى. مەرهۇم مامۇتجان دەل مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ، تالايلىغان ئەهمىيەتلىك سەپەرلەرگە ئاتلانغان، كۆپلىگەن مەشهۇر كىشىلەر، ئالىملار، ئەدىبلەر، يازغۇچى، شائىرلار بىلەن كۆرۈشۈشكە بارغان، دەل مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى هەققىدىكى ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزگەن بولغىيدى؟ يەنە دەل مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ، ماشىنا دېرىزىسىدىن لىپىلداپ ئۆتۈۋاتقان ئاقسۇ شەهىرىنىڭ مەنزىرىسىگە، ئالدىراش ئادەملەرگە قاراپ چوڭقۇر مەنىلەر يوشۇرۇنغان ئىزتىراپلىق خىياللارنى چەككەن بولغىيدى؟ ۋادەرىخا، مانا هازىر تۈنۈگۈنكى بۇ ئۇلۇغۋار پىلانلارنىڭ، خىياللارنىڭ ئېتىقادلىق ئىگىسى تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ. بىز ئۈچۈن، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن، تالايلىغان هاجەتمەنلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇهىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان مامۇتجان داۋۇت هاياتلىق ئالىمىدىن كېتىپ قالدى. لېكىن، هاياتنىڭ رەهىمسىزلىكى ۋە قاتتىقلىقىدىن هەيرانمەنكى، ئۇنى ئۆز قويىنىدا ئۆستۈرگەن ۋە يەنە رەهىمسىزلىك بىلەن ۋاقىتسىز هالدا ئۆز باغرىغا ئالغان بۇ زېمىن يەنىلا ئۆز پائالىيىتىنى نورمال داۋاملاشتۇرماقتا. قۇياش ئاپئاق نۇرىنى زېمىنغا سەپمەكتە، شەهەر گۈرۈلدىمەكتە، هەممە ئادەم ئۆز هەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش يۈرمەكتە، خۇددى بۇ يەردە هېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك. ئاه خۇدا، ئىنساننىڭ قىسمىتى مۇشۇنچىلىك بولسا - هە! ياق، ياق، مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ قەلبىدە مامۇتجاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن مامۇتجاننىڭ ئورنى هاياتلىق ئالىمىدىن كىشىلەرنىڭ قەلب تۆرىدىكى مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئۇلۇغۋار ئورۇنغا ئالماشتى. بىر ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق زور بەخت بارمۇ؟

تۇپراق بېشىغا كەلدۇق، مامۇتجاننىڭ قەبرىسى ئەمدى ياسىلىشقا تەييارلىق قىلىنىۋاتقان بولغاچقا، چوقچىيىپ تۇرغان ئاددىي بىر دۆۋە توپا بىزنى مامۇتجاننىڭ هەقىقەتەن ئۇ دۇنيادا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىزگە مەجبۇر قىلدى. ياق، بۇ ئاددىي توپىنىڭ ئاستىغا پارتلاش ئالدىدىكى ماگمىدەك قايناپ تۇرغان بىر يالقۇنلۇق يۈرەك كۆمۈلگەنىدى…

تۇپراق بېشىدا چەكسىز جۇدالىق، مۇسىبەت، سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ

قالدۇق. قەبرىنىڭ بېشىغا سانجىلغان ئۇجمىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن بىر تال شېخى مەيىن شامالدا ناله قىلىۋاتقاندەك ئاستا ئىغاڭلايتتى. بۇ شاخمۇ بىر چاغلاردا ماموتجانغا ئوخشاش هاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، خەلقىگە مېۋە بېرىشكە تەييارلانغان، «ئانا دەرەخنىڭ ئەركە بالىسى» بولغىيتتى. مانا هازىر ئۆز قوۋمىدىن ۋاقىتسىز جۇدا بولۇپ، روهلار ئالىمىدە ماموتجانغا هەمراھ بولۇپ تۇرۇپتۇ. تەھقىقكى، ئۇ ماموتجانغا هەمراھ بولغان يۈز نەچچە كۈندىن بېرى بۇ يەرگە توختاۋسىز بېسىلغان ئېتىقادلىق ئاياغلارغا، دەريا ــ دەريا ئاققان كۆز ياشلارغا، تىنىمسىز ئوقۇلغان جۇدالىق، سېغىنىش نەزمىلىرىگە شاهىت. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ زات ئۈچۈن «قۇربان» بەرگەنلىكىگە، ئۇنىڭ روهىغا ئۆمۈرلۈك هەمراھ بولغانلىقىغا ئالەمچە پەخىر هېس قىلغاندۇ!

## كۈچادا كۆلكە

قەدىمكى مەدەنىيەتلىك زېمىن كۈسەن دىيارىغا قەدەم بېسىشىمىز بىلەن تەڭ بۇ يەردىكى قەلەمكەشلەردىن ئەخمەت كىبىر، ئەخەت داۋۇت، قۇربان داۋۇت شاھىدى، ساۋاقدىشىم ئۆمەر هوشۇر قاتارلىقلار بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى.

كەچتە تەبىئىيلا ئەدەبىيات ئىخلاسمەنلىرىنىڭ سورۇنى بولدى، سورۇنىمىزدىكى ساهىبخانلاردىن نىياز قارىي ئىسىملىك ئېگىز بوي يىگىت موتىسىكلىت رېمونتچىسى بولۇشىغا قارىماي، ئەدەبىياتقا چوڭقۇر هەۋەس قىلىدىكەن، كىتاب ــ ژۇرناللارنى كۆپ كۆرىدىكەن. ئەدەبىيات ئەهلىگە ئالاهىدە ئېتىقاد قىلىدىكەن. مۇشۇ مىنۇتلاردا مەن ئاقسۇ ۋادىسىدىكى بۇ خىل ئېسىل ئەنئەنە هەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەي تۇرالمىدىم. ئاقسۇ دىيارىدا كارخانىچىلار، تىجارەتچىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆزى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانمىسىمۇ، ئەدەبىياتنى چۈشىنىدىغان، قوللايدىغان ئېتىقادلىق، ساپالىق تىجارەتچىلەر خېلى كۆپ ئىكەن. بەش يۈز مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، «گۈلزار مۇكاپاتى» نى تەسىس قىلغۇچى مەرھۇم ماموتجان داۋۇت، ئەللىك مىڭ يۈەن ئىقتىساد چىقىرىپ، «مۆلچەر تاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى تەسىس قىلغان ئەخمەتجان ئابدۇللا، ئالدىمىزدا ئولتۇرغان نىياز قارىي قاتارلىقلار مانا مۇشۇنداق ساخاۋەتلىك تىجارەتچىلەرنىڭ ۋەكىلى. ئىقتىسادىي يۆلەنچۈك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاقسۇلۇق يازغۇچى ــ شائىرلار، ئاپتورلارنى هەقىقەتەن بەختلىك دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى بۇ دىياردا

ئۇلارغا مەدەت بېرىدىغان، يۈلەيدىغان مەردۇ مەردانە ئوغلانلار بار. باش- قىلاردىن ھېچقانداق سەۋەبسىز ھالدا بىرەر ئېغىز ياخشى گەپ ئاڭلاشمۇ تەسكە توختايدىغان بۇگۈنكى كۈندە، غايەت زور سالماقتىكى قان - تەرى، جاپا - مۇشەققەتلىرى بەدىلىگە كەلگەن پۈلنى ئۆزىگە ھېچقانداق ئىقتىسا- دىي مەنپەئەت ئېلىپ كەلمەيدىغان بىر ئىشقا ياردەم قىلىش ئىنتايىن ئۇ- لۇغ روھ ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

2002 - يىلى 9 - ، 10 - ئايلاردا تۇرپاندا يېزىلدى.



ئاپتور يازغۇچى ئابباس مۇنىياز، شائىر ئەكبەر داۋۇتلار بىلەن ئاۋات ناھىيىسىدىكى قىرمىش ئاتام مازىرى يولى ئۈستىدە.



ئاپتور يازغۇچى ياسىنجان سادىق چوغلان، توختى مۇھەممەت ئارىش، نۇرمۇھەممەت ئايۇپلار بىلەن يەكەن ناھىيىسىدىكى «غوجامىڭدۇڭ» دە.

# دىللار مەنزىللىرىنى بويلاپ...



ھەر قېتىم «ئەدەبىيات» دېگەن ئاتالغۇنى ئىسمىگە ئالسام. بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىۋى قىممىتىدىن كۆرە كۆڭۈللۈك مۇشائىرىلەر، قىزغىن مۇنازىرىلەر، ئەھمىيەتلىك ئەدەبىي پائالىيەتلەر، قەلەمكەشلەر ئارىسىدىكى سەمىمىي دوستلۇق، ئالاقىلەر، ئەدەبىيات ئەھلى ئارا تىللاردا داستان بولغىدەك ئەھمىيەتلىك ھېكايىلەر كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. بۇ گەرچە زاھىرەن كۆرۈنۈش بولسىمۇ، بۇ كارتىنىلاردىن ئەدەبىيات ئەھلىنىڭ جۇشقۇن، مەسئۇلىيەتچان، مېھنەتكەش، گويا گۇرۇلدەپ يېنىپ تۇرغان يالقۇنغا ئوخشاش قىزغىن ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا مەنمۇ بىر «ئەدەبىياتچى» بولۇپ قالغانلىقىمدىن، مۇشۇ جۇشقۇن، ئېتىقادلىق توپنىڭ بىر ئەزاسى، ئۈزۈلمەس زەنجىرنىڭ بىر ھالقىسى، مۇقەددەس ئوتنىڭ تۇتۇرۇقى بولالىغانلىقىمدىن ئالەمچە بەختىيارلىقتا چۆمىمەن.

ئون بەش يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىمنى ئەسلىسەم، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپتىمەن، خەلقىمگە ئاز بولمىغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تەقدىم ئېتىپتىمەن. لېكىن، يەنىلا ئۆز - ئۆزۈمدىن رازى بولماسلىق، ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى، خەلقىم ئالدىدىكى جاۋابكارلىق ھېسسىياتى مېنى ئىزچىل قىيناپ، بىئارام قىلىپ كەلدى. نىھايەت، بىر نۇقتىدا كۆڭلۈمنى شۇنچە توق،

---

*ئۈستىدىكى سۈرەتتە: ئاپتور ئاتۇشتىكى ياش شائىرلاردىن مۇھەممەتجان سەيدۇللا، ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر، يالقۇنجان ياقۇپ قاتارلىقلار بىلەن بىللە؛ سولدىكى سۈرەتتە: يوسكام ناھىيىسىدە ئابدۇرېشىت سولايمان، ئەكبەر ئۆمەر ۋۇلقانى، ئابدۇغېنى ھۆسەيىن قاتارلىقلار بىلەن بىللە.*

مەنۋى جەھەتتىن شۇنچە باي ـ باياشاد ھېس قىلىشقا، ئىپتىخارلىق ئىلكىدە شۇنى دېيىشكە ھەقلىقمەنكى، مەن چارەك قەرنلىك ئىجادىيەت مۇساپەمدە مۇقەددەس زېمىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە ئاجايىپ تەسىرچان، چىن، ھۆرمەتلىك ۋە سۆيۈملۈك دوستلارغا، قەلەم ئارقىلىق رىشتىمىز مەھكەم چىگىلگەن قېرىنداشلارغا ئېرىشتىم. گەرچە ئارىلىقىمىز يىراق بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن ئازاب، ھەسرەتنى ئورتاق باشتىن كەچۈرۈپ، خۇشاللىق، شەرىپىمىزگە ئورتاق ھەمدەم بولۇپ، ئۆزئارا تەقدىرداش بولۇپ ياشاپ كەلدىم. مەن بۇ دوستلىرىمدىن ئالەمچە پەخىرلىنىمەن، ئۇلارنى مۇھىم روھىي بايلىقىم دەپ بىلىمەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بارلىق قەلەمكەش دوستلىرىمغا چىن يۈرىكىمدىن ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

مەن ئەدەبىياتنىڭ شاپائىتى بىلەن يەنە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى ئايلىنىشقا، سەيلە ـ ساياھەت، زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇ خىل پائالىيەتلەر مېنىڭ تەپەككۇر كۆزۈمنى يەنىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ، پىكىر يوللىرىمنى ئېچىپ، ئىجادىيىتىمنىڭ غايەت زور ئىلھام مەنبەسى بولدى، ھايات تارىخىمغا يېپيېڭى مەزمۇن بەخش ئەتتى.

2003 ـ يىلى 9 ـ ئايدا «تۇرپان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەدەت بېرىشى، تەشكىللىشى بىلەن ئەكبەر داۋۇت ئىككىمىز جەنۇبىي شىنجاڭغا يەنە بىر رەت سەپەر قىلدۇق. بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدە كورلا، لوپنۇر، كۇچا، ئاقسۇ، ئاۋات، يەكەن، پوسكام، قەشقەر، يېڭىشەھەر، ئاتۇش قاتارلىق يۇرتلارنى ئارىلاپ، دوستلار، ئاپتورلار بىلەن سۆھبەتلەشتۇق، ئوچۇقىراق ئېيتساق، دىللار مەنزىللىرىنى سەير ئەتتۇق. سەپەر جەريانىدا زېمىنىمىزنىڭ مۆجىزاتلىرىدىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزلىرىدىن ئىپتىخارلىنىپ، پىكىرداش، تەقدىرداش قەلەمكەش دوستلار بىلەن ئەسرار بولۇپ، چوڭقۇر ھاياجانلارغا چۆمۈلۈپ، ئۆمۈر دەپتىرىمىزگە ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇردۇق.

## ئايروپورتتىكى ئاۋارىچىلىق

2003 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر ئەكبەر داۋۇت ۋە مەن ئىككىمىز ئۈرۈمچىدىن كورلىغا ئايروپىلاندا بارماقچى بولدۇق. بۇنىڭدىكى مەقسىتىمىز بىرىنچىدىن، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ لوپنۇر ناھىيىسىدە 20 ـ سېنتەبىر ئېچىلماقچى بولغان «بۇگۇنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېزا تېمىسى» ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىغا ئۇلگۇرۇپ بېرىش بولسا، ئىككىن-

چىدىن، ئايروپىلاننىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى. يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان ئاۋىئاتسىيە كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭ بازارلىرىغا كۆپلەپ كىرىشى بىلەن ئايروپىلان بېلەتىنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە چۈشكەن بولۇپ، ئۈرۈمچى بىلەن كورلىغا قاتنايدىغان ئايروپىلان بېلىتىنىڭ باھاسى ئاران ئىككى يۈز قىرىق يۈەن ئىدى. بىز بۇ خىل تۆۋەن باھالىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھازىرغىچە ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ باقمىغانلىق تارىخىمىزغا خاتىمە بېرىپ، ئايروپىلاندا ئۇچۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ باقماقچى ئىدۇق. چۈنكى، بىزمۇ بارلىق ئۇيغۇر باللىرىغا ئوخشاش كىچىكىمىزدىن قەغەز ئۇچقۇ، لەگلەك ياساپ ئۇچۇرۇپ چوڭ بولغان، مۆجىزىلىك ئايروپىلانغا، سىرلىق كۆككە چەكسىز قىزىقىش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنىدۇق. بىز ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەنئەن يولىغا جايلاشقان ئايروپىلان بېلىتى سېتىش ئورنىغا كېتىۋاتقىنىمىزدا بىزگە ئوخشاشلا لوپنۇردىكى يىغىنغا بېرىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر پولات ھېۋزۇللا، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، شائىر مۇختەر سۈپۈرگىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. بىز بىرلىكتە 19 ـ سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئەتىسى ئۇچرىشىدىغان جاينى كېلىشىۋېلىپ خوشلاشتۇق.

ئۈرۈمچى ئايروپورتى خېلى چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى، ئايروپىلان كۈتۈش زالىدا يولۇچىلار مىغىلدايتتى. ئۆكتەبىر بايرىمى كېلىۋاتقان بولغاچقىمۇ ئەيتاۋۇر يولۇچىلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، نەچچە ئونلىغان بېلەت تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنىڭ ئالدى ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بېلىتىنى تەكشۈرتۇۋاتقان يولۇچىلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بىز تۆتەيلەن خۇددى چەتئەل كىنولىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە ئوخشاش قوللىرىمىزدا بىر قانچىدىن چامادان، سومكا، كىتاب ـ ژۇرنال، ساندۇقلارنى تۇتقان، مۈرىلىرىمىزگىمۇ بىر قانچىدىن سومكا ئېسىۋالغان ھالدا قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدۇق. ئارىمىزدا سەل تەجرىبىلىك بولغان پولات ھېۋزۇللا بىزنى باشلاپ، بىر ئۆچىرەتنىڭ كەينىگە بېرىپ تۇردى. بىز ئۆچىرەتنى بويلاپ ئاستا مېڭىپ، ئاخىرى پونكىتنىڭ ئالدىغا كەلدۇق ۋە فورما كىيگەن چىرايلىق مۇلازىم قىزغا بېلەتلەرنى ئۇزاتتۇق.

ــ كىملىكلىكلار قېنى؟ ــ دېدى مۇلازىم قىز بىزگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

بىز دەرھال كىملىكلەرنى چىقاردۇق. مۇلازىم قىز كىملىكلەرنى بىرەر

قۇر تەكشۈرۈپ ئەكبەر داۋۇتنىڭ كىملىكىگە كەلگەندە توختاپ قالدى. ئەسلىدە ئەكبەر داۋۇتنىڭ كىملىكى يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ئەكبەر كىملىكنى نۇسخىلاپ كۆپەيتىپ، سۇلياۋ قاپلاپ رەڭلىك بېسىپ چىقىرىپ ئۆزى ياسىۋالغانىدى. بۇ كىملىك ھەم ئالدىنقى يىللاردىكى سەپەردە ئىشلىتىلگەن، مېھمانسارايدا يېتىش، قاتناش ئىشلىرىدا ئىشلەتكەندىمۇ باشقا مەسىلە كۆرۈلمىگەنىدى. تۇنۇگۇن ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋالغاندىمۇ بېلەت ساتقۇچى كىملىكنى تەكشۈرگەن بولۇپ، ئارتۇق ئىپادە بىلدۈرمەيلا بېلەتنى سېتىپ بەرگەنىدى.

— بۇ كىملىك ئىناۋەتسىز، ئايروپىلانغا چىقىشىڭىزغا بولمايدۇ! — قىز كەسكىنلىك بىلەن شۇنداق دېدى - دە، بېلەتنى ئەكبەر داۋۇتقا قايتۇرۇپ بەردى. بىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالدۇق. بىز نۇرغۇن گەپلەرنى دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەكچى بولدۇق: ئۆزىمىزنىڭ يازغۇچى ئىكەنلىكىمىزنى، جىددىي يىغىنغا كېتىۋاتقانلىقىمىزنى، تۇنۇگۈن بېلەت سېتىپ بەرگىچە كىملىك ھەققىدە ئارتۇق گەپ قىلمىغانلىقىنى، بۇ ئىشقا قانداق ئامال بارلىقىنى ۋە يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى ئېيتماقچى ئىدۇق، چۈنكى شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان زارىقىپ كۈتۈپ، ئەمدى ئايروپىلانغا چىقىش پۇرسىتى كەلگەندە يولۇققان بۇ ئاۋارىچىلىق بىزنى قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە پاتۇرغانىدى. لېكىن، ئايروپورتنىڭ مۇلازىمىتى ئىنتايىن ئۆلچەملىك ۋە قەتئىي ئىدى:

— بولمايدۇ، دېگەندىكىن بولمايدۇ، دەرھال چېكىنىڭلار، كەينىڭلاردىكى يولۇچىلار ساقلاپ قالدى!

بىز بىرمۇنچە ساقلاپ ئاران بىر كەلگەن پوكەينىڭ ئالدىدىن سالپىيىپ قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق. بايامقى ئايروپىلانغا تۇنجى چىقىش ئارزۇسىدىكى ھاياجانلار قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتكەنىدى. تىت - تىت بولۇپ نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدۇق. پولات ھېۋزۇللا يەنە ئاۋۋال سۆز قىلىپ ۋەزىيەتنى ئوڭشىدى:

— بۇ ئىشقا بەربىر ئامال يوقكەن، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنداق ئىككىلىنىپ تۇرۇۋەرسەك بولمايدۇ. شۇڭا، ئەكبەر بېلەتنى قايتۇرۇۋېتىپ، نۆۋەتچى ئاپتوبۇستا ماڭسۇن. بىز دەرھال ئايروپىلانغا چىقايلى.

بىر پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن بىز ئەكبەر بىلەن كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ، يەنە ئۆچىرەتنىڭ كەينىگە بېرىپ تىزىلدۇق. بىز ئاستا سۈرۈلۈپ ئاران دېگەندە پوكەينىڭ ئالدىغا كەلدۇق ۋە مۇلازىمەتچى قىزغا

بىلەت، كىملىكلەرنى قايتا سوندۇق. مۇلازىمەتچى قىز تەكشۈرۈپ مۇختەر سۈپۈرگىنىڭكىگە كەلگەندە «كىملىك قېنى؟» دەپ سورىدى.

— كىملىك؟ ھازىر بەرگەندەك قىلىۋېدىمغۇ؟

— ياق، بىلەتنىڭ ئارىسىدا كىملىك يوقكەن!

— نېمە؟ — مۇختار سۈپۈرگى ھودۇققىنىچە قىزنىڭ قولىدىن بىلەتنى ئېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ كەتتى. كىملىك ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق ئىدى. مۇختار سۈپۈرگى ئەمدى يانچۇقلىرىنى ئۆرۈپ، چۆرۈپ قاراشقا باشلىدى. بىزمۇ ساراسىمىگە چۈشتۇق. ئالدىنقى قېتىم تەڭلىگەندىلا بار تۇرسا، بىر دەمدە نەگە كەتكەندۇ؟ بىلەتچى قىز بىزگە سوكۇت قىلىپ تۇ-رۇۋەرمىدى، ئۇلارنىڭ مۇلازىمەتتىن ئىنتايىن ئۆلچەملىك ۋە قەتئىي ئىدى:

— دەرھال چېكىنىڭلار، كەينىڭلاردىكى يولۇچىلار ساقلاپ كەتتى!

بىز سالپايغىنىمىزچە يەنە ئۆچىرەتتىن قايتىپ چىقتۇق. ھەممىمىز يانچۇقلارنى نەچچە قېتىمدىن ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئاختۇرۇپ چىقتۇق. كىم-لىك نەگە كەتكەندۇ؟ ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى بارغانچە قىستاپ كې-لىۋاتاتتى. شۇ ئارىدا مەن:

— ماۋۇ سومكىلارغا چۈشۈپ قالدىمۇ - يە؟ — دەپ يەردە تۇرغان سۇل-ياۋ سومكىنى كۆرسەتتىم. مۇختەر سۈپۈرگى ئېڭىشىپ سومكىنى ئاخ-تۇردى - دە، ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋاھ، مۇشۇ يەردىكەن!

ئۇ خۇددى ھاياتلىق خېتىنى تېپىۋالغاندەك كىملىكنى ئېگىز كۆتۈر-دى، بىزمۇ خۇشلۇقىمىزدىن يەڭگىل نەپەس ئېلىشتۇق. ئەسلىدە كىملىك بايامقى قاتىلاڭچىلىقتا «ئەسلىي ماكانى» بولغان يانچۇققا كىرمەي، ئاداش-قان قوللارغا «ئەگىشىپ» سومكىغا «مۆكۈنىۋالغان» ئىدى. بىز يەنە يۈك - تاقىمىزنى سۆرەشكىنىمىزچە، ئۆچىرەتنىڭ كەينىگە بېرىپ تىزىلدۇق. ئۆچىرەت ئاستا - ئاستا سۈرۈلمەكتە ئىدى، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ۋاقتى يېقىنلاپ قالغاچقا، يۈرەكلىرىمىزمۇ ئەنسىز سوقۇپ، ئالدىغا بويۇنداپ قاراپ، پاتراق پوكەينىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئالدىرايتتۇق. ئاخىرى سۆرىلىپ مېڭىپ پوكەينىڭ ئالدىغا كەلدۇق.

— بىلەت، كىملىك؟ — دېدى مۇلازىم قىز يەنە بىزگە ئىپادىسىز تەرز-دە قولىنى سۇنۇپ.

— نېمە؟ بىز بايامىلا سىزگە بىلەتنى بەرگەنغۇ، سىز بىزگە بىلەتنى قايتۇرۇپ بەرمىدىڭىز؟ — دېدۇق بىز چۇرقىرىشىپ.

— ياق، مەن بىلەتلىرىڭلارنى قايتۇرۇپ بەردىم، — دېدى مۇلازىم قىز

رەت قىلغىلى بولمايدىغان تەلەپپۇزدا، ئۇنىڭ مۇلازىمىتى شۇنچە ئۆلچەملىك ۋە قەتئىي ئىدى. ئەمدى بۇ قىز ماڭا بىز بىلەن قېرىشىۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى، بىرىنچى قېتىم كۆرگەندە شۇنچە چىرايلىق، سىپايە كۆرۈنگەن بۇ قىزنى ئەمدى بىز شۇنچە سۆرۈن ھەم سوغۇق ھېس قىلماقتا ئىدۇق. قارىغاندا بىرەر كىشىگە باھا بېرىشتە تۇنجى تەسىرگە قاراپلا باھا بەرسە بولمايدىكەن. ئەتراپتىكى يولۇچىلار بىزگە تاشقى پلانېتا ئادىمىگە قارىغاندەك قاراشقا باشلىدى، كەينىمىزدىكى يولۇچىلار بولسا ئالدىغا بۇيۇنداپ ھەدەپ غۇدىرايتتى.

— چېكىنىڭلار، كەينىڭلاردىكى يولۇچىلار ساقلاپ كەتتى، — مۇلازىمەتچى قىز مۇزدەك تەلەتى ۋە مۇزدەك تەلەپپۇزى بىلەن ھېلىقى مۇزدەك سۆزنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىدى.

ئەمدى بىزنىڭ سەۋر قاچىمىز تېشىپ كەتتى، چۈنكى ئالدىنقى قېتىم بېلەتنى قىزنىڭ قولىغا بەرگىنىمىز ئېنىق ئېسىمىزدە ئىدى. شۇ مىنۇتلاردا مەن قاراملىق (ئۇلارچە بولسا مەدەنىيەتسىزلىك) بىلەن «لىككىلا» قىلىپ پۇكەيگە يامىشىپ، قىزنىڭ ئالدىغا بويۇندىدىم، قىز چۆچۈپ كەينىگە داجىدى. دەرۋەقە، بىزنىڭ بېلەتلەر بىرمۇنچە ماتېرىياللارنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ ياتاتتى (بېلەتلەرنىڭ بۇرجىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى).

— مانا بۇ بىزنىڭ بېلەتلەرغۇ؟ — دېدىم مەن چاقنانلىق بىلەن بېلەتلەرنى تارتىپ چىقىرىپ، مۇلازىمەتچى قىزنىڭ كۆز ئالدىدا پۇلاڭلىتىپ. بۇنى كۆرگەن قىز ھودۇقۇپ كەتتى ۋە:

— كەچۈرۈڭلار، كەچۈرۈڭلار، مەن دىققەتسىزلىك قىپتىمەن، — دېگىنىچە بېلەتلىرىمىزگە تامغا ئۇرۇپ بەردى. بىز ئەتراپتىكى يولۇچىلارغا مەغرۇر قاراپ قويۇپ، سەپتىن چېكىندۇق. ئاخىرى بېلەتلەرنىمۇ تەكشۈرتۈپ، خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ، ئايرودرومغا كىرىش ئېغىزىغا قاراپ يۈگۈردۇق. تەكشۈرۈش توسقىنىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمىزدە تەكشۈرگۈچى بىزنى يەنە توسۇۋالدى:

— قۇرۇلۇش بېلىتى ئالماپسىلەر، كەينىگە چېكىنىڭلار!

بىز يەنە ئۆچىرەتتىن قايتىپ چىقتۇق، پولات ھېۋزۇللا يۈگۈرگىنىچە قۇرۇلۇش بېلىتى سېتىۋېلىشقا ماڭدى. ئۇ بېلەتنى سېتىۋېلىپ كەلگەندىن كېيىن بىز يەنە ئۆچىرەتكە قىستالدۇق، بۇ قېتىم ئوڭۇشلۇق تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، يەنە بىر تەكشۈرۈشنى، يەنى يۈك - تاقلارنى تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلدۇق. مۇختەر سۇپۇرگىنىڭ سومكىسى تەكشۈرۈش ئورنىدىن ئۆتكەندە تۇيۇقسىز سىگنال ياڭراپ كەتتى. تەكشۈرگۈچى ئۇيغۇر قىز بىز-

نى تۇتۇۋېلىپ، سومكىنى ئاچتى. ئەسلىدە سومكىدا نەپىس ئىشلەنگەن بىر دانە قەلەمتىراچ بار ئىدى.

— ئايروپىلانغا پىچاق ئېلىپ چىقىشقا بولمايدۇ، بۇنى مۇسادىرە قىلىمىز! — مۇلازىم قىز شۇنداق دېگىنىچە پىچاقنى ئېلىۋالدى. مۇختەر سۇپۇرگى ئىچى سىيرىلغان ھالدا:

— پىچاقنى كېيىنمۇ قايتۇرۇپ بەرمەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ياق! — دەپ جاۋاب بەردى مۇلازىم قىز سوغۇققىنا كەيپىياتتا.

چاقچاقچى مۇختەر سۇپۇرگى مۇشۇ مىنۇتلاردا يەنىلا چاقچاق قىلىشنى قولدىن بەرمىدى:

— ئۇبدان تونۇشۇپ قالدۇق، چاقىرغۇ نومۇرىڭىزنى دەپ بەرسىڭىز، مەن كېيىنكى قېتىم ئۇرۇمچىگە كەلگەندە سىزگە چاقىرغۇ قىلىپ، پىچاقنى ئېلىۋالسام بولماسمۇ؟ — دېدى ئۇ قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— بولمايدۇ! — قىز يەنىلا ئىپادىسىز تۇرۇۋەردى.

— بوپتۇلا، ئۇنداق بولسا بۇ پىچاقنى سىزگە سوۋغا قىلىۋېتەي!

مۇلازىم قىز مۇختەرنىڭ كۆزىگە ئاچچىق بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن پۇكەينىڭ ئاستىدىن «شارتلا» قىلىپ يوغان بىر سېۋەتنى تارتىپ چىقاردى:

— كۆردىڭىزمۇ، پىچاق دېگەن مەندە جىق، سىزنىڭ سوۋغا قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق! — دېدى. بىز سېۋەتكە پاتماي دېگۇدەك تۇرغان ھەر خىل، ھەر ياڭزا پىچاقلارنى كۆرۈپ، لام - جىم دېيەلمەي قالدۇق ۋە ئارتۇق گەپ قىلماي، ئايرودرومنىڭ چىقىش ئېغىزىغا قاراپ يۈگۈردۇق. بىر ھازا يۈگۈرۈپ ئاران دېگەندە چىقىش ئىشىكىگە كەلسەك ۋېنجۇ شەھىرىگە بارىدىغان ئېغىزغا كېلىپ قاپتىمىز. كەينىمىزگە يېنىپ، يەنە بىردەم پالاقلاپ ئاندىن ئايرودرومنىڭ ھويلىسىغا چىقتۇق. قارىساق، يولۇچىلارنى ئايروپىلاننىڭ يېنىغا توشۇيدىغان ئاپتوبۇس ئاللىقاچان توشۇپ، بىزنى ساقلاپ، قوزغىلىش ئالدىدا تۇرۇپتىكەن. ھاپىلا - شاپىلا ئاپتوبۇسقا چىقىۋالدۇق. ئاپتوبۇس بىزنى ئايرودرومنىڭ شەرق تەرىپىدە تۇرغان كىچىك تىپتىكى بىر ئايروپىلاننىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى.

مەن چوڭقۇر ئىچكى ھاياجان ئىلكىدە، يۈرەكلىرىم دۈپۈلدىگەن ھالدا ئايروپىلان شوتىسىغا قەدەم باستىم. بۇ كىچىك تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانى بولۇپ، ئايروپىلان ئالدى ۋە ئارقا ئىككى بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان ئىكەن، تەخمىنەن يۈزگە يېقىن يولۇچى سىغىدىكەن. ئايروپىلان كىچىك بولغاچقا، كىشىگە ئاپتوبۇستا ئولتۇرغاندەكلا تەسىر بېرىدىكەن. ئايروپىلان

ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئايرودروم مەيدانىنى خېلى ۋاقىت ئايلاندى، بۇ بەلكىم ماتورنى قىزىتقىنى بولسا كېرەك، بىز «قاچانمۇ ئۇچا» دەپ تەقەززا بولۇشقا باشلىدۇق. شۇ ئارىدا ئايروپىلان تۇيۇقسىز سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، «ۋۇڭڭىدە» ئاۋاز چىقاردى ـ دە، بىردىنلا بوشلۇققا كۆتۈرۈلدى. ئايروپىلان ئورنىدىن ئەتتىك كۆتۈرۈلگەچكە، بىز كەينىمىزگە ئىختىيارسىز قىيسىيىپ، «ۋاي» دەپلا قالدۇق. خۇددى ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك، ئۆپكىمىز ئاغزىمىزغا تىقىلىپ قېلىۋاتقاندەك، تەگسىز بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ۋەھىمىگە چۈشۈپ، يۈرەكلىرىمىز ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئەڭ ھەيران قالارلىقى، ئايروپىلان ھاۋا يولىنى ئىزدەپ قايرىلغاندا، ئېگىزلىگەندە ياكى پەسلىگەندە ناھايىتى ئېغىر لاققىغا (كاتاڭغا) چۈشىدىغان بولۇپ، ئادەمنى خۇددى يەرگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدىكەن. مەن تۇنجى قېتىم ئايروپىلانغا چىققانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، ئىشقىلىپ، تازا ئازادە ئولتۇرالمىدىم، «ئايروپىلان قاتنىشىمۇ ئانچە بىخەتەر ئەمەس ئوخشايدۇ» دېگەن ئوي كاللامدىن كەتمىدى، قارىسام ھەمراھلىرىمنىڭ كەيپىياتىمۇ ماڭا ئوخشاش ئىكەن. مەن جىددىي كەيپىياتنى پەسەيتىش ئۈچۈن پولات ھېۋۇزۇللاغا چاقچاق قىلدىم:

— پولاتكا، بۇ ئايروپىلان نېمانداق لاققىغا (تۇرپان شېۋىسى) چۈشىدۇ؟

— تۇرپانلىقلار چىققاندىن كېيىن ئايروپىلاننىڭمۇ لاققىسىنى كۆرسىتىپ قويىلى، دېگەندۇ، — دېدى پولات ھېۋۇزۇللا كۈلكە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ.

مەن كەيپىياتىمنى تەڭشەش ئۈچۈن ئايروپىلان دېرىزىسىدىن پەسكە قارىدىم. پەستە سەرەڭگە قېپىدەك كۆرۈنۈۋاتقان ئىمارەتلەر، كىچىك ئەينەكتەك بىلىنىدىغان كۆللەر، تۆت چاسا بوستانلىقلار، ئاپئاق قار بىلەن پۈركەنگەن پىچاقتەك ئۇچلۇق چوققىلار ئاستا ـ ئاستا سۈرۈلۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. پاكار تاغلارنى كېسىپ ئۆتكەن چىغىر يوللار كىشىگە ئاق يىپلاردەك، ئەگرى ـ توقاي ئېقىۋاتقان كۆنچى دەرياسى ئۆز ئارا چىرمىلىپ ياتقان يىلانلاردەك كۆرۈنەتتى.

## لوپنۇردىكى قىزغىنلىق

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، كوچىلار كەڭ، ئازادە، پاكىز، ياپيېشىل سېدە دەرەخلىرى ۋە مەجنۇنتاللار بىلەن پۈركەن-

گەنكەن. نوپۇس ئاز بولغاچقا، كوچىلاردا ئادەم ۋە ماشىنىلار ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدىكەن. كىشىگە ھاۋاسى ساپ، مۇھىتى بولغانمىغان، ئازادە، تىنچ تەسىرات بېرىدىكەن. بىز يىغىنغا كەلگەن مېھمانلاردىن توختى باقى ئارتىشى، قۇربان مامۇت، ئابدۇۋەلى ئەلى، ئەختەم ئۆمەر، پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن ئەبەيدۇللا، جورئەت سەيپۇل، مۇختار سوپۇرگى، غالىپ بارات ئەرك، تۇرسۇن مەخمۇت قاتارلىقلار بىر توپ بولۇشۇپ، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن لوپنۇر كوچىلىرىنى ئايلىنىشقا باشلىدۇق. مەن ئاتاقلىق تەرجىمان توختى باقى ئارتىشى بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭدىم. مەن يېشى سەكسەندىن ئاشقان بولسىمۇ، ھېلىھەم تەرجىمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا فېليەتون ژانىرى قىزغىنلىقىنى قوزغىغان بۇ پېشقەدەم ئۇستازنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتىم.

— پېنسىيىگە چىقىپ ئون يىل بىكار يېتىپتىمەن، — دېدى توختى باقى ئارتىشى سۆز باشلاپ، — كېيىن بۇرۇنقى ھەۋىسىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خەنزۇچە فېلىيەتونلارنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرۇش نىيىتىگە كەلدىم. چۈنكى مەن لۇشۈننىڭ فېلىيەتونلىرىنى كۆپ تەرجىمە قىلغان، بۇ خىل ژانىرغا ئالاھىدە مۇھەببىتىم بار ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، فېلىيەتون ژانىرى قىسقا، يىغىنچاق بولغاچقا، كۆپ كۈچ كەتمەيتتى، مەندەك ياشىنىپ قالغان ئادەمنىڭ تەرجىمە قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلەتتى. مانا ھازىر قولۇقۇم ئېغىرلاپ، چىشلىرىم بوشاپ كەتتى. لېكىن، ھازىر مەتبۇئاتلار ئۆزلىرى كېلىپ ئەسەر بۇيرۇتۇپ، مېنى دەم ئالغۇزمايدۇ. بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى. فېلىيەتونلارنى تەرجىمە قىلسام، خۇددى ئىچىمدە يىغىلىپ قالغان گەپلىرىمنى دەۋالغاندەك، ئىچىم بوشاپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولىمەن.

— ھازىر بىزنىڭ مەتبۇئاتچىلىقىمىزدا ئاتالغۇ خاتالىقى ئىنتايىن كۆپ، قالايمىقان ئىشلىتىلگەن ئاتالغۇلار، سۆز - جۈملىلەر ھەممە مەتبۇئاتتا ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ئەھۋالنى ئورتاق مۇزاكىرىگە قويۇپ، تالاش - تارتىش قىلىپ، ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر، بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوبرازلىق، گۈزەل، دەللىكى كۈچلۈك تىل بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكىنى قوغداشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

20 - سېنتەبىر سەھەردە، بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «كرووران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان «بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېزا تېمىسى» ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى لوپنۇر ناھىيىسى-

نىڭ شىڭپىڭ يېزا كۆنچى كەنتىنىڭ يىغىن زالىدا باشلاندى. كۆنچى كەنتى ناھىيە مەركىزى بىلەن تۇتاش بولغان، ناھىيە بازىرىغا پەقەت ئىككى كىلومېتىرلا كېلىدىغان ياپيېشىل دەرەخلىك ئاسفالت يولنىڭ بويىغا جايلاشقان كەنت بولۇپ، كەنت ئىشخانا بىنالىرىنىڭ شارائىتى ناھايىتى ياخشى، زامانىۋى ئىكەن. كۆنچى كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، بېيىغان دېھقانلارنىڭ ۋەكىلى سىدىق مەخمۇت كىتابخۇمار كىشى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللايدىكەن. بۇ كىشى بۇ قېتىمقى يىغىننى ئېچىشقىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن خېلى كۆپ ياردەم بېرىپتۇ.

يىغىن جەريانىدا قۇربان مامۇت، ئابدۇۋەلى ئەلى، ئەختەم ئۆمەر، توختى باقى ئارتىشى، جۇرئەت سەيپۇل قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى. قۇربان مامۇت كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— ھازىر «كىشىلەرنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى سوۋۇپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىمدا خەلق كىتابتىن زېرىكتىمۇ ياكى ساپاسىز كىتابلار خەلقنى زېرىكتۇردىمۇ دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتىمەن. كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا پالانچى بىر كىتابنى قىرىق چارەك بۇغدايغا ساتاپتۇ، پۈكۈنچى بىر موزايغا كىتاب تېگىشىپتۇ، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلايتتۇق. «كىتاب سۆزى» ئاڭلايمىز، دېگەندەك گەپلەرمۇ بار ئىدى، ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ئۆيلىرىگە يىغىلىپ، ئۇگۇتلەرنى، كىتاب سۆزلىرىنى بېرىلىپ تىڭشايتتۇق. بالىلىق چاغلاردا سىڭگەن تەربىيىلەر مەڭگۈلۈك بولىدىكەن، ئەينى ۋاقىتلاردىكى ئەنە شۇ كىتاب سۆزلىرى ئىزچىل تۇردە بىزنىڭ ھايات مۇساپىمىزدىكى نۇرلۇق چىراغ بولۇپ كەلدى. ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كۆن، بۇلغار مۇقاۋىلىق قىممەتلىك كىتابلار كۆيدۈرۈلدى. كىتابلارنى قوغداش يولىدا ھاياتىنى تەقدىم قىلغان مەرىپەتپەرۋەرلەرنىمۇ كۆردۇق. ئەينى يىللاردا نەشر قىلىنغان كىتابلار ناھايىتى ئاز بولغاچقا، «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھرابتىن چايان»، «پۇل» قاتارلىق كىتابلارنى، ھېكايىلەرنى قولدىن قولغا كۆچۈرۈپ ئوقۇپ، تەشنالىقىمىزنى باساتتۇق. ھازىر ئاممىۋى خاراكتېرلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرى كۆپەيگەن بولسىمۇ، چىن مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ۋاستىلەر كىتابلارنىڭ ئورنىنى باسالمىدى ۋە باسالمايدۇ. دېمەك، خەلقنىڭ كىتابقا بولغان قىزغىنلىقى ھەرگىز سۇسلاپ قالمايدۇ. بىر قىسىم كىتابلارنىڭ قايتا ـ قايتا بېسىلسىمۇ ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتقانلىقى، بىر قىسىم ماقالىلەرنىڭ

قولدىن قولغا يەتكۈزۈلۈپ ئوقۇلۇۋاتقانلىقى دەل بۇنىڭ ئىسپاتى.

ئابدۇۋەلى ئەلى سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ كەنتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدا كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال، بىز بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق دېھقانلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەسلىدىنلا مىللىي قان تەركىبىمىزدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان قىزىقىش بار ئىكەن. تارىختا نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويغان بولساقمۇ، ئەدەبىياتىمىزنى يوقىتىپ قويمىغان ئىكەنمىز.

شۇ ئەسنادا «كروران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر مەرىپەتپەرۋەر شۇجى سىدىق مەخمۇتقا بىر لەۋھە تەقدىم قىلدى. لەۋھەگە: «ئىسسىق چاي، ئىللىق چىراي سىزدىن بولدى، كەچۈرۈڭ، قۇرۇق رەھمەت بىزدىن بولدى» دەپ يېزىلغان بولۇپ، سەممىيلىك بىلەن يېزىلغان بۇ ئىككى مىسرا شېئىر ھەممەيلەننىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن يىغىن قاتناشقۇچىلىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. كەچتە سىدىق مەخمۇت شۇجىنىڭ ئوغلى شىرئەلى ئورۇمچى ۋە تۇرپاندىن كەلگەن يىگىرمىدىن ئوشۇق مېھمانغا «توغراق ئائىلىسى» دە چاي بەردى. «توغراق ئائىلىسى» ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى كۆجۈم مەھەللىگە جايلاشقان بولۇپ، ھويلىدا بىر مىڭ بەش يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ھەيۋەتلىك بىر توغراق بار ئىكەن. بۇ يەردىكىلەر مۇشۇ توغراقنى ئاساس قىلىپ، ئائىلە ساياھەتچىلىك نۇقتىسى قۇرغانىكەن. ھويلىنىڭ كەينى تەرىپىدە مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن نەشپۈتلەر، بوككىدە باراڭ ھاسىل قىلغان ھاۋالىق باغ، شەرق تەرەپتە ھەر خىل سۇ قۇشلىرى ئۈزۈپ تۇرغان كىچىك كۆل بار بولۇپ، بۇ باغنى «جەننەتۇل مەئىۋا» دەپ تەرىپلىسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدىكەن. باغ ئىچىدىكى چىرايلىق خىش يېيىتىلغان تار يوللارغا نەشپۈتلەر سايە تاشلاپ، قاراڭغۇ كارىدور ھاسىل قىلغان بولۇپ، يولدا ماڭسىڭىز شىرنىسى ئېقىپ تۇرغان نەشپۈتلەر ئۆز - ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقاندەك يۈزلىرىڭىزگە تېگىپ تۇرىدىكەن.

21 ـ سېنتەبىر سەھەردە لوپنۇر مۇزېيىغا كېلىپ، تارىخىي ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر كۆرگەزمىسىنى زىيارەت قىلدۇق. لوپنۇردا قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىسىدىن ئۈچ ئۈن ئۈچى،

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن ئۈچى، يۈز نەچچە نەچچە خىل مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرى بار ئىكەن. ئىككى مىڭ بەش يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ئوقيا، قەدىمكى تۇر، تۆت مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قۇرۇق تاغ قىيا تاش رەسىملىرى، ئۈچ مىڭ سەككىز يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە قۇياش شەكىللىك گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقى، دۇرال قەدىمكى شەھىرى، يىڭپەن قەدىمكى شەھىرى قاتارلىقلار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا مەشھۇر ئىكەن. 1995 ـ يىلى يىڭپەن قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ياخشى ساقلانغان بىر رەڭلىك جەسەت ساندۇقى، پوزۇر كېيىنگەن بىر ئەرنىڭ جەسىتى چىققان بولۇپ، بۇ 1997 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. ساندۇقنىڭ سىرتىغا رەڭلىك سۈرەت، گۈل ـ گىياھلار سىزىلغان، رەڭلىك گىلەم يېپىلغان، جەسەتنىڭ يۈزى پالاس بىلەن ئورالغان، بېشىنىڭ يېنىغا «ئۆمۈر» دېگەن خەت چېكىلگەن چاسا شەكىللىك دۇردۇن قويۇلغان. كىيىملەرنىڭ توقۇلۇشى سىپتا، نەقىشلەر چىرايلىق، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھايۋاناتلارنىڭ سۈرىتى گرېتسىيە، رىم ئۇسلۇبىغا تەۋە بولۇپ، دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك گۆھەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لوپنۇر كۆلى ئەسلىدە سۇ ۋە ئوت ـ چۆپلىرى تولۇپ تېشىپ تۇرغان، بېلىقلار توپ ـ توپ بولۇپ ئۈزۈپ ياشايدىغان چوڭ كۆل ئىكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆل بويىدا ئولتۇراقلىشىپ، لوپنۇر شېۋىسىدە سۆزلەيدىغان بىر توپ كىشىلەر ياشايدىكەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆلىما شۇ سۇڭ «غەربىي رايوندىكى سۇ يولى خاتىرىسى»دە بۇ جايدىكى ئاھالىلەرنى: «ياۋا غاز پېيىنى يېپىنچا قىلىدۇ، سۇ قۇشلىرى پېيىنى كۆرپە قىلىدۇ» دەپ تەسۋىرلىگەن. ئۇلار توغراقنى ئويۇپ كېمە قىلىپ، چىگە تور ياكى ساشقاق بىلەن بېلىق تۇتقان. توغراق، يۇلغۇندىن ياسالغان ئۆيلەردە ھايات كەچۈرگەن، تۇرمۇشى ئاددىي ـ ساددا بولۇپ، جاپالىق مۇھىت ئۇلارنى چىدامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرگەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن ئۆمۈر چولپانلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان.

مەن بۇ كۆرگەزمىدىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى، قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ مودېللىرىنى، لوپنۇرلۇقلارنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھاياجانغا چۆمۈلدۈم، پارلاق تارىخىمىزدىن، قەھرىمان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى قەلبىمدە بەرق ئۇردى. يۇلغۇندىن ياسالغان ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ھازىرمۇ «لاۋۇلداپ» تۇرغان گۈلخان تۇۋى-

ـدە سۇرەتكە چۈشۈپ، كۆل بويىدا بېلىقچى بوۋاي بىلەن «سىردىشىپ» ئەيـ-
ـنى دەۋر مۆھىتىغا قايتقاندەك بولدۇم. مۇزېيدىن چىقىپ، ئىپتىدائىي
توغراقلىق ئېكولوگىيە باغچىسىغا، كروران قەدىمكى شەھىرىنى بايقىغان
ئۆردەكبايىنىڭ قەبرىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ماشىنىدا كېتىۋېتىپ
چاقچاق باشلىنىپ قالدى. ئەسلىدە مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى ئەتىگەنلىك
تاماقتا كېچىكىپ قېلىپ، ئۇستەلدىكى توخۇملارنى يانچۇقلىرىغا سېـ-
ـلىپلا، زىيارەتكە ماڭغانىدى. بىر قانچەيلەننىڭ يانچۇقىدىن توخۇم چىقىـ-
ـرىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەختەم ئۆمەر چاقچاق باشلىدى:
— ھەممىسى چېتىدىن توخۇم چىقىرىپ يەۋاتىدۇ - يا؟ ئۆزۈڭلارنىڭ
توخۇمىنى ئۆزۈڭلار يەۋاتامسىلەر - نېمە؟
ماشىنىدا «پاراققىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى.
— پولات ھېۋزۇللا جىمىپ كەتتى، «مېنىڭ توخۇمۇم نەدىدۇ؟» دەپ
ئىزدەۋاتامدۇ قانداق؟
— ئۇنىڭ توخۇمى ئاللىقاچان سېسىپ كەتكەن!
— ھوي، قاراڭلار، ئەكبەر داۋۇتنىڭ توخۇمىنىڭ سېرىقى يوقكەن!
— مەن توخۇمۇمنى جورئەتكە ئۇرسام چېقىلىۋاتىدۇ!
— ئەلۋەتتە چېقىلىدۇ - دە، ئۇ غىچلا سۆڭەك تۇرسا!
— ئۆمەر مەتىمىن بىلەن جورئەت سەيپۇلىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ بىر
سىلكىسە، سۆڭەكلىرى تورۇكلاپ تۆكۈلىدۇ!
چاقچاقلار پىلىموتتەك ئېتىلىپ چىقاتتى، خۇشال كۈلكىلەر ماشىنىـ-
ـنىڭ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرگەنىدى. ماشىنا باغچە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا
كېلىپ توختىغاندا بىزمۇ كۈلكە ئىچىدە ماشىنىدىن چۈشۈپ، باغچىغا
قاراپ ماڭدۇق.
لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ ئىپتىدائىي توغراقلىق ئېكولوگىيە باغچىسى
ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، بازار مەركىزى بىلەن
بولغان ئارىلىقى بەش كىلومېتىر كېلىدىكەن. ئومۇمىي كۆلىمى ئون
بەش مىڭ مو بولۇپ، كۆنچى دەريا ئېقىنى، ھىلال ئاي كۆلى، توغراقـ-
ـلىق، ئۆردەكبايىنىڭ قەبرىسى، قۇملۇق، ئېتىزلىق، كىچىك كۆلەملىك
مېۋىلىك باغلاردىن تەركىب تاپقان ئىكەن. ھازىر باغچە رايونى ئېكوـ-
ـلوگىيىلىك ساياھەتنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېچىپ، ئېكولوگىيىلىك
مەنزىرىلەرنى سەيلە قىلىش، ئوۋچىلىق، ساياھەت قىلىش، بېلىق تۇـ-
ـتۇش، سۇ ئۈزۈش، لوپنۇرلۇقلار ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىق تىجارەت
تۈرلىرىنى يولغا قويۇپتۇ. بىز قويۇق توغراقلار سايە تاشلاپ تۇرغان

تار يوللاردىن مېڭىپ، ئۆردەكباينىڭ قەبرىسى ئالدىغا كەلدۇق. ئۆردەكباي («ئۆردەك ئوماق»مۇ دېيىلىدىكەن) 1864 - يىلى لوپنۇر چارىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەرگە يول باشلاپ، دۇنياغا مەشھۇر كروران قەدىمكى شەھىرىنى تېپىپ بەرگەن. 1942 - يىلى يەتمىش سەككىز يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئىپتىدائىي توغراقلىق ئېكولوگىيە باغچىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆردەكباينىڭ زور تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ قەبرىسى لوپنۇر چارىدىن بۇ باغچىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، ھەيۋەتلىك ياسالغان، قەبرە ئالدىغا يېرىم ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان. مەن قەبرە ئالدىدا تۇرۇپ شۇلارنى ئويلاپ قالدىم: «ئەگەر ئۆردەكباي كروران قەدىمكى شەھىرىنى بايقىمىغان بولسا، تارىخنىڭ بۇ قىممەتلىك شاھىتى، بىباھا گۆھەر ئېچىلمىغان سىر پېتىچە قېلىۋەرگەن ياكى قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بولاتتى! مانا ھازىر بۇ قەدىمكى شەھەر ئارقىلىق تارىخىمىزغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن قىممەتلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشتۇق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق مۇساپىسىدىن خەۋەردار بولدۇق، ئۆردەكباينىڭ تۆھپىسى ھەقىقەتەن زور ئىكەن!».

21 - سېنتەبىر، يەكشەنبە چۈشتە «توغراق ئائىلىسى»دە يىغىنىنىڭ ئاخىرلىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن سورۇن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، چاي بېرىلدى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن سەكسەنگە يېقىن يازغۇچى، شائىر چوڭ زالدا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇپ، قىزغىن چاقچاقلارنى قىلىشىپ، ناخشا - ئۇسسۇللارنى ياڭرىتىپ، بۇ سىرلىق زېمىنغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى.

دەسلەپتە بىز خەلق قوشاقچىسى تۇرسۇن توختى بىلەن ئوسمان تۇردى ئاكىدىن سىرلىق لوپنۇر قوشاقلىرىنى ئاڭلىدۇق:

قىزىل گۈلۈم دەردىڭنى تارتقانلارىم،
ئۆز دەردىمنى قوشاق قىلىپ قاتقانلارىم.
يالغۇز ئۆيدە ئارقا ئىشىككە تەلمۈرۈپ،
يار كېلەر دەپ تولغىنىپ ياتقانلارىم.

قىزىل گۈلۈم گۆھەرنى ئۈرماڭ تاشقا،
نېمەم باردۇر بۇ يۇرتتا سىزدىن باشقا.
ئۆز يۇرتۇڭدىن قول سىلىپ كېتەر بولساڭ،
قاراپ تۇرۇپ كۆزلىرىم تولار ياشقا.

قاغا كېلىپ ئىشىك ئالدىغا قونۇپ،
مەن ئاڭلىسام دوستلىرىم دۈشمەن بولۇپ.
شۇ جايلاردا سىزنى دەپلا يۈرسەم،
بۇ يۈرگىنىم ئۆزۈمگە پۇشمان بولۇپ.

كىرىپ كەلدى خۇمارىنى باسقىلى،
بىز بىلمىز ئۇمۇ خەقتىن ئاشقىنى.
بىر ئىش قىلسام، بىر ئىشىم بۇزۇلىدۇ،
ئويلاپ كۆرسەم بۇ ئامەتنىڭ قاچقىنى.

كېسەل يەپتۇ يۈرىكىمنىڭ يېغىنى،
ئۆزۈم باغلاي، بۇ يىكەننىڭ بېغىنى.
كۆچۈپ بېرىپ، كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ،
بېلىق يېسەم يارغا قوياي يېغىنى.

چۈشلىرىمدە كۆرەرمەن قوينۇمدا،
بىلەكلىرىڭ يۆرگىلىشىپ بوينۇمدا.
ئاخشاملىرى شوخ بۇلبۇلدەك ئۈن ئاڭلاپ،
خىيال قىلىپ ياتالمايمەن ئورنۇمدا.

چىرايىڭغا ياغ قويۇپ ياغلىغاندەك،
بەدىنىڭنى ئالتۇن بىلەن سىرلىغاندەك.
بۇ دۇنيادا شۇنداق گۈزەلسەن،
كۆھىقاپتا تۇغۇلغاندەك.

...

بۇ قوشاقلاردىكى قويۇق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك، چوڭقۇر مۇھەببەت ھېسسىياتى، خاسلىقتا ئىگە پىكىرلەر مېھمانلارنى ئىختىيارسىز مەھلىيا قىلىۋالدى. بۇ قوشاقلارنىڭ ئاھاڭىمۇ ئۆزگىچە، مۇڭلۇق بولۇپ، ھەربىر كۇپلېت قوشاق ئاخىرلاشقاندا مېھمانلار قىيقاس - چۇقان بىلەن قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ، قايىللىقىنى ئىزھار قىلاتتى. سورۇن ئارىلىقىدا يەنە مۇختەر سوپۇرگى، ئەيساجان تۇردى (ئاچچىق) لارمۇ شېئىر ئوقۇپ مېھمانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

## كوچادا مەدەنىيەت

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كوچىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بوپتۇ، ئۆتكەن يىلقىغا سېلىشتۇرغاندىمۇ ئۆزگىرىشلەر ناھايىتى زور ئىكەن (مۇئەللىپ ئۆتكەن يىلىمۇ مۇھەممەت نىياز، ئەكبەر داۋۇت، ئۆمەر ئابدۇللا قاتارلىقلار بىلەن كوچادا زىيارەتتە بولغان ۋە ئەخمەت كىبىر، ئەخەت داۋۇت قاتارلىق يازغۇچى قەلەمكەشلەر بىلەن ئەسرارلاشقانىدى). يېڭىدىن ـ يېڭى كەڭ، ئازادە كوچىلار ئېلىنىپ، يوللارغا بوك ـ باراقسان دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلاپ، شەھەر مۇھىتى ناھايىتى گۈزەل تۈسكە كىرىپتۇ، ئېگىز بىنالارمۇ كۆپلەپ سېلىنىپ، چوڭ شەھەرلەرنىڭ مەنزىرىسى مەيدانغا كەپتۇ.

بىز ئەڭ ئالدى بىلەن ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىغا كىردۇق. كىتابخانىغا كىرگەنلا جايغا خادىملارنىڭ سۈرىتى، قىسقىچە ئەھۋالى رامكىغا ئېلىنىپ ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ئادەمدە كىتابخانا ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىنى پەيدا قىلىدىكەن. كىتابخانا ئىچىمۇ پاكىز، ئازادە، رەتلىك ئىكەن. ئوتتۇرىغا يۇمىلاق جازا ياسىلىپ، يېڭى كىتابلار قويۇلغان بولۇپ، قانداق كىتاب لازىم بولسا ئاسانلا تاپقىلى بولىدىكەن. كىتابخانىدا يەنە جازىغا قىسىلغان ھەر خىل گېزىتلەرمۇ بار ئىكەن. كىتابخانىلارغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن كىتابخانا خادىملىرى ئادەتتىكى ئىش ۋاقتىدىن بىر سائەت كېيىن ئىشتىن چۈشىدىكەن. بۇ خىل ئالاھىدە مۇلازىمەت بىزنى ئىختىيارسىز قايىل قىلدى. كىتابخانىدىن چىقىپ ناھىيىلىك كۈتۈپخانىغا قاراپ ماڭدۇق، كوچىدا بىزگە چاپىنىنى كەينىگە ساڭگىلىتىۋېلىپ، ئىككى يېڭىدىن بېلىگە چىگىۋېلىپ كېتىۋاتقان بىر قانچە ياش قىز ئۇچراپ قالدى، ئۇلارنى كۆرگەن ئەخەت داۋۇت قىزىقچىلىق قىلىپ:

— ھازىر ياش سەنئەتچى قىزلار چاپاننى كاسىسىغا كىيىپ، كۆز ئەينەكنى پېشانىسىگە تاقايدىغان بولۇپ قالدى دېسە! — دېدى. بىز ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈپ كەتتۇق، ئۇ يەنە:

— ئىشىك چەكمىگەندىن كېيىن، تاماكا چەككەچ ماڭمامدۇق، — دېدى كەيپىياتىمىزغا ماسلىشىپ.

ناھىيىلىك كۈتۈپخانىدا كىتاب، ماتېرىياللار خېلى تولۇق، مۇھىتى ياخشى، تىنچ، پاكىز ئىكەن، بۇ يەردە گېزىت ـ ژۇرنال كۆرۈۋاتقان كىشىلەر كۆپ ئىكەن. بىزمۇ بىر دەم ماتېرىيال كۆرگەندىن كېيىن كۈتۈپخانىدىن قايتىپ بۇۋھەجەر ئاتلىق قىز ئاچقان شەخسىي كىتابخانا «مەرىپەت

كىتابخانىسى» غا كەلدۇق. بۇ يەردە كىتاب، ژۇرناللارنىڭ تۈرى كۆپ، رەت - رېتى بىلەن تىزىۋېتىلگەن، كىتاب سېتىۋېلىۋاتقان، كۆرۈۋاتقان خېرىدارلارمۇ كۆپ بولۇپ، مەن بۇ مەنزىرىگە قاراپ تەقۋادار ئاياللارغا خاس كىيىنگەن، مۇلايىم قىز بۇۋىھەجەرگە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇدۇم. ئۇنىڭ كىتابلار ھەققىدىكى بىلىمىمۇ چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ كىتابخانىسىدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «تۇرپان» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ سېتىلىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن بۇ كىتابخانىدىن قايتىپ چىقىپمۇ ھاياجىنىمنى باسالماي، كەينىمگە قايرىلىپ، كىتابخانىنىڭ مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ كۆركەم لايىھىلەنگەن ۋىۋىسكىسىغا يەنە بىر قېتىم قارىۋەتتىم.

كۇچادىكى دوستلىرىمىزدىن يازغۇچى ئەخمەت كىبىر ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ سىياسىي مۇنبەردە خىزمەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئەدەبىياتقا بولغان ئېتىقادىنى ئالاھىدە قەدىرلەيدىكەن. جۇشقۇن روھ، قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇنىڭ ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلىرىمۇ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئەخمەت داۋۇت گەرچە كۆپ يازالمىغان بولسىمۇ، يازغان ئەسەرلىرىنىڭ يېڭىلىق تۈسى قويۇق، ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەن. «مەن بىر قانچە يىلدىن بېرى تۇرمۇش، ئائىلە بېسىمىنىڭ سەۋەبىدىن ئىجادىيەتتە ئانچە ھوسۇلغا ئېرىشەلمىدىم، مانا ئەمدى ئىشلىرىم ئىزىغا سېلىنىدى، سىلەردىن ئىلھام ئېلىپ قەتئىي يېزىش قارارىغا كېلىپ، بېلىمنى مەھكەم باغلىدىم» دېدى ئۇ ئۆزرە سوردغاندەك تەلەپپۇزدا. «ئەلۋەتتە قەلەمكەش ئۈچۈن ئىجادىيەت ئىزچىللىقى ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن يەنە گېزى كەلگەندە توغرا پىكىرلىك، ئېتىقادلىق، دوستلارغا ئالەمچە مېھرىبانلىق يەتكۈزىدىغان سىزدەك ئادەم بولۇشمۇ مۇھىم» دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ. بىزنىڭ ئىجادىيەت ھەققىدىكى سۆھبەتلىرىمىز ئەنە شۇ تەرىقىدە داۋام قىلدى.

## ئاقسۇدا پىكىر

2003 - يىلى 24 - سېنتەبىر، ئاقسۇ. بۈگۈن ۋاقچىراق ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئابباس مۇنىياز ئىشلەۋاتقان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلدۇق. بۇ ياپيېشىل گۈل - گىياھلارغا، دەل - دەرەخلەرگە پۈر-

كەنگەن، گوزەل، پاكىز مەكتەپ بولۇپ، بىز تەرپلەپ ئېيتىدىغان «مەرد-پەت باغچىسى» دېگەن نامغا ھەقىقىي مۇناسىپ ئىدى. مېنىڭ كۆزۈم ئىخ-تىيارسىز ئوقۇتۇش بىناسى تېمىغا چاپلاپ قويۇلغان: «سۆنى تېجەڭ! يەر شارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۇ سىزنىڭ كۆز يېشىڭىزدىن باشقا نەرسە ئە-مەس!» دېگەن شوئارغا چۈشتى. چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شو-ئارلىق خۇسۇسىيەتتىن ھالقىپ كەتكەن بۇ ئوبرازلىق ئەقلىيە سۆز مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى.

چۈشتە ياتاقتا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەكبەر داۋۇت ئىككىمىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بەش يۈز مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ، تۇنجى قېتىملىق تەسىرى زور بولغان ئەدەبىيات مۇكاپاتى — «گۈلزار مۇكاپاتى» تەسىس قىلغان، مەرپەتپەرۋەر كارخانىچى دوستىمىز مەرھۇم مامۇتجان داۋۇتنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ قويۇش ئۈچۈن مېھ-مانسارايىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تاكسى توستۇق.

— مامۇت لوبەنىنىڭ قەبرىسىگىمۇ؟ — دېدى بىزنىڭ چۈشەندۇرۇشى-مىزنى ئاڭلىغان ئۇيغۇر تاكسى شوپۇرى ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ. بىز شۇندىلا مامۇتجاننىڭ «مامۇت لوبەن» دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئۇنى ئاقسۇدىكى ئاۋامنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تونۇيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. ماشىنىدا كېتىۋېتىپ چوڭقۇر خورسىنىش، ئازاب، ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە ئېغىر خىياللارغا چۆمۈلدۇق. ئىلگىرىكى يىللاردا ئاقسۇغا كەلسەك، ما-مۇتجان دوستىمىز چېھرىدە قۇياشتەك تەبەسسۇم ئويناتقىنىچە ئالدىمىزدا ھازىر بولاتتى، ئۆتكەن يىلى كەلگىنىمىزدە مامۇتجاننىڭ خانىمى گۈلشەن ماتەم چۈمبىلى ئىچىدە بىزنى كۈتۈۋېلىپ، مامۇتجاننىڭ قەبرىسىگە باشلاپ چىققانىدى. مانا بۇ يىل ئاقسۇغا كەلگىنىمىزدە بىزنى مامۇتجان بىلەن «ئۇچراشتۇرىدىغان» ئادەم يوق، ئۆزىمىز تاكسى كىرا قىلىپ، غېرىبلىق تۇيغۇسى ئىچىدە «مامۇتجاننى ئىزدەپ» كېتىۋاتىمىز...

شەھەر ئەتراپىغىلا جايلاشقان قەبرىستانلىققا تېزلا يېتىپ كەلدۇق. بۇ روھلار دۇنياسى بۇ يىل ئۆتكەن يىلقىغا سېلىشتۇرغاندا زور ئۆزگىرىش ياسىغان بولۇپ، قەبرە بېشىغا قەدەر تۇپتۇز ئاسفالت يول ئېلىنغان، يول-نىڭ ئىككى قاسنىقىغا، قەبرە ئەتراپلىرىغا تىكىلگەن سۆگەتلەر كۆكىرىپ چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. مامۇتجاننىڭ قەبرىسىمۇ يېشىل گۈمبەزلىك قىلىنىپ، چىرايلىق، ھەيۋەتلىك ياسىلىپتۇ. بىز مامۇتجانى «ئويغىتىۋېتىش» تىن ئېھتىيات قىلغاندەك ئاستا مېڭىپ، قەبرىنىڭ يې-نىغا كەلدۇق. قەلبىمىزدىكى سېغىنىش، جۇدالىقتىن ئۆپكىمىز ئۆرۈلۈپ،

كۆزىمىزگە ئىختىيارسىز يىغا ئولاشتى. «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆ-لۈم، دېگەندەك قىسمەت نېمىشقا خەلقىمىز ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك ئەزىز-مەتلەرنى ئۇ دۇنياغا ۋاقىتسىز ئېلىپ كېتىدىغاندۇ؟ ئادەم دېگەن قىزىق بولىدىكەن، يېنىدىكىلا ئادەم ھايات ۋاقتىدا، قەدرىگە يەتمەيدىكەن، بۇ دۇن-يادىن كەتكەندىن كېيىنلا، پۈتۈن ئۈمىدلەرنى شۇ كىشىگە باغلاپ، ئاھ ئۇ-رىدىغان، زار ـ زار قاقشايدىغان ئىشكەن. ئاھ، مامۇتجان، ئەگەر سىز ھايات بولغان بولسىڭىز... » مۆرەككەپ، قايغۇلۇق خىياللاردىن مىسكىنلىكنىڭ تىرەن ھاڭىغا چۈشۈپ كەتتۇق ۋە خۇددى مامۇتجاننىڭ مۇبارەك ۋۇجۇدىنى تۇتماقچى بولغاندەك يېشىل گۈمبەزنى ئاستا سىلاپ، ئۇنىڭغا قەلبىمىزدىن ئۇنسىز پىچىرلىدۇق: « قەدىردان دوستۇم، بىز سىزنى مەڭگۈ ياد ئېتىد-مىز، روھىڭىز ھەر ۋاقىت بىز بىلەن بىللە». مامۇتجاننىڭ چىرايلىق يا-سالغان قەبرىسى ھەر ھالدا بىزگە ئازراق بولسىمۇ تەسەللى بېغىشلىدى.

كەچتە ئاقسۇدىكى يازغۇچى ئاغىنىلىرىمىزدىن ئاbbاس مۇنىياز، ئابلىز ئوسمان، مۇتەللىپ خۇرسەندى، تۇرسۇن زومۇدۇن، ئەنۋەر ئەخمەت قاتار-لىقلار بىلەن دولان بازىرىدىكى بىر ساماۋەر شورپىخانىسىدا ھەمسۆھبەتتە بولدۇق. مانا ئۇيغۇرچىلىق. چۈشتە قەبرە بېشىدا، كەچتە ھاراقدا ھەمراھ بولۇپ، سورۇن بېشىدا!... ئەمدى تاماق يەپ تۇرۇشىمىزغا بىر چىرايلىق ئۇيغۇر قىزى بىز ئولتۇرغان خانىگە كىرىپ، قولىدىكى ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى ماختاپ، بىزنى سېتىۋېلىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ ئەسلىدە ھاراق تونۇشتۇرغۇچى قىز بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ھاراق زاۋۇتلىرىنىڭ ئاقسۇدىكى ۋاكالىتەن سېتىش ئورۇنلىرى مۇشۇنداق قىزلارنى ياللىۋېلىپ، رېستوران، كەچلىك بازارلاردا سەييارە ھالدا ھاراق سېتىشقا سالىدىكەن. ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە ئورۇنلىشالمىغان بىر قىسىم قىزلار ئامالسىز مۇشۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن. ئۇلار ھەر كۈنى تۆت بوتۇلكا ھاراق ساتالىسا، ئايدا تۆت يۈز يۈەن مائاش ئالالايدىكەن، كۆپ ساتسا، شۇنىڭغا يارىشا يەنىمۇ كۆپ پۇل تاپالايدىكەن. ئەلۋەتتە، ھاراق ئى-چىدىغانلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار كۆپ بولغاچقا، ھاراق تونۇشتۇرغۇچىلار-نىڭ ئىچىدىمۇ ئۇيغۇر قىزلار كۆپ بولىدىكەن، ئۇلار ھاراق تونۇشتۇرۇش جەريانىدا مەستلىكتىن ئالىلقاچان خۇدىنى يوقاتقان پىيەنچۈكلەرنىڭ ھەر خىل ھاقارەتلىرىگە ئۇچرايدىكەن...

قولىدىكى سىچۈەننىڭ ھارىقىنى خۇددى ئۆزى ئۆزۈن يىل تەتقىق قى-لىپ كەشىپ ئەھلىگە ئايلانغان شاراب مۇتەخەسسىسىگە، تولا ئىچىپ ئە-

لىم ـ تەلىمىنى بىلىپ كەتكەن كونا هاراقكەشكە ئوخشاش ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ماختاۋاتقان بۇ ئۇيغۇر قىزنىغا قاراپ بىردىنلا ئىچىم ئاچچىققا تولدى. مۇشۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقان چىرايلىق لەۋلەر ئەسلىدە شەرمى ـ هايا، ئەدەپ ـ ئەخلاق ھەققىدە سۆزلىشى، ئالدىدا ئولتۇرغان قېرىنداش ئاكىلىرىغا هاراقنىڭ زىيىنى ھەققىدە نەسىھەت قىلىشى كېرەك ئىدىغۇ!؟ ۋادەرىخا، بۇ قىسمەتنى كىمدىن كۆرگۈلۈك؟

سۆھبەت قىزغىن داۋاملاشماقتا ئىدى، ئەدەبىياتچىلارنىڭ سۆھبىتى تەبىئىي هالدا پاكىز، مېھرلىك، ئۇلۇغ ئەدەبىيات ھەققىدە بولىدۇ. سورۇن شۇنچىلىك قىزغىن، ساپ، تەبىئىي هالەتنى ساقلايدۇ. سۆھبەت تارىخىي ئەسەرلەر تېمىسىغا يۆتكەلدى. چۈنكى، سورۇنىمىزدىكى دوستىمىز ئابباس مۇنىياز بىلەن ئابلىز ئوسمان شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىكى ئەركىن ئىبراهىم ئەپەندى تەشكىللىگەن «تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە هېكايىلەر» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابنىڭ ئىچىدىكى «رىيازەتكار ئەدىب — خاراباتى» بىلەن «پىداكار شائىر — نىمشېھىت» نىڭ ئاپتورلىرى ئىدى. سورۇندا تارىخىي ئەسەرلەرنى يېزىشنىڭ تەسلىكى ھەققىدە كۆپرەك پاراڭ بولدى. بۇ يەردە ئولتۇرغان يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسىلا تارىخىي ئەسەر يېزىشتا، ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان، ھەتتا بەزىدە هاقارەت، خورلۇقلارغا ئۇچرىغانلار ئىدى. توغرا، دۇنيادا شۇنداق ئادەملەرمۇ بار، ئۆزلىرى يازالمايدۇ، قولىدىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال، سۈرەتلەرنى يېزىۋاتقانلارغا بەرگۈسى كەلمەيدۇ. بۇ خىل كىشىلەر قولىدىكى شۇ «بايلىقى»نى يازغۇچىلارغا، باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىپ ماختىنىدۇ، ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، ئۆزىنىڭمۇ «يازماقچى» ئىكەنلىكى، «يېزىۋاتقانلىقى» ھەققىدە داۋراڭ سالىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ خىل كىشىلەر بۇنداق تارىخىي ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغۇدەك بەدىئىي دىتىنىڭ ئۆزلىرىدە ئەسلا يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئاخىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل قىممەتلىك ماتېرىياللار ئۆز ئىگىسىنىڭ نابابلىقى سەۋەبىدىن يورۇقلۇققا چىقىش ئىمكانىيىتى تاپالماي، ئۇن ـ تىنسىز يوقىلىپ كېتىدۇ، بۇ خىل كىشىلەر بولسا ئاقىۋەتتە تارىخنىڭ قاتىللىرىغا ئايلىنىدۇ. يېزىلىۋاتقان تارىخىي شەخسنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئەۋلادلىرىمۇ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يازغۇچىلارنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشكە ئېھتىيات قىلىدىغان، بەرگۈسى كەلمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە قولىدىكى ماتېرىياللار ئەسەر سۈپىتىدە يورۇقلۇققا چىققاندىلا، ئاندىن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مەنىۋى ھەيكىلىنىڭ تىكلە-

نىدىغانلىقىنى، روھىنىڭ خۇش بولىدىغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتىنىڭمۇ يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى، قولىدا توپا بېسىپ يېتىۋەرسە، ئاخىرى كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىدىغانلىقىنى، شۆھرەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىنىڭمۇ تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. ھازىر ئۇيغۇرلاردىمۇ يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر كۆپلەپ نەشر قىلىنىۋاتىدۇ، تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچى، ئەدىبلەرمۇ كۆنسايىن كۆپىيىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىنتايىن ياخشى باشلىنىش ھەم مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە مۇناسىۋەتلىك زور قۇرۇلۇش بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇش ھەر بىر كىشىنىڭ بىر تالدىن «خىش» قويۇشىغا موھتاج. چۈنكى، تارىخ بوگۈننى يارىتىدۇ، تارىخىي ئەسەرلەر ئارقىلىق ئەۋلادلارنى ساغلام روھ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلىگىلى، مىللىي روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ئېنېرتسىيە كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر ئادەم كۆرگەن، ئاڭلىغان تارىخىي ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلىدىغان، مۇشۇ ھەقتە ئىزدىنىۋاتقانلارنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان روھنى يېتىلدۈرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ تارىخ تەتقىقاتىمىز يېپيېڭى بىر سەھەرنى كۈتۈۋالغان بولاتتى.

سورۇندا يەنە غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت، پاتىگۇل تۇربەگ، تۇرغۇن مىجىت، يۇسۇپجان ئەرشىدىن قاتارلىق ياش دېھقان شائىر، قەلەمكەشلەرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقىنىڭ تورتكىسىدە ئاجايىپ قىسمەتلەرنى باشتىن كۆچۈرگەنلىكى، لېكىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئېغىر كۈنلەرگە قالغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەزگۈ نىيەت بىلەن قەلەمگە تايىنىپ پۇل ۋە يول تاپماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايەلەر سۆزلەندى. ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال شۇكى، جەمئىيىتىمىزدە ھازىر قەلەم ساھىبلىرى ھەقىقىي قەدىرلىنىپ، مۇۋاپىق ئېتىباردىن بەھرىمەن بولىدىغان، قەلەم ئارقىلىقمۇ تۇرمۇشنى قامدىغىلى بولىدىغان ھالەت شەكىللەنمىدى. رومانتىكلىق، قىزغىن ھاياجان ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىجابىي رول ئوينىسىمۇ، بۇ خىل ھېسسىياتنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلىساق مەغلۇپ بولۇشىمىز مۇمكىن. مۇرەككەپ، رىقابەتكە تولغان جەمئىيەت ئېقىمى بىزنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشىمىزنى، ھەر قانداق ئىشتا ئەمەلىيەتچىل بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، مانا بۇ بىر قىسىم شائىرلىرىمىزنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشالمىغانلىقىدىكى سەۋەب. خوش، شائىرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە جەمئىيەتتە ياشايدىغان ئوبيېكتىپ ئا-

دەم، ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش كىيىم كىيىشى، تاماق يېيىشى، بىر ئائى-لىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى كېرەك. ھېچ يەردە شائىر بولغانلىقى ئۇ-چۇنلا نامرات بولۇشى كېرەك، دەيدىغان گەپ يوق. بۇ يەردىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە، دەل ئۆزىمىزدە. شۇڭا، بىز ئاۋۋال شائىرلىق «كېبىر» ىمىزنى تاشلاپ، رومانتىك خىياللىرىمىزنى قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇرىدىكى «بىخەتەر ئىشكاپ» تا ساقلاپ قويۇپ (بۇ ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئەڭ زور بايلىقىمىز)، جەمئىيەتكە ئاكتىپ ماسلىشىشىمىز، شائىر بولۇشتىن كۆرە ئالدى بىلەن جەمئىيەتتە مەلۇم ئورۇنغا ئىگە ھەقىقىي ئادەم بولۇشىمىز كېرەك. ئەل-ۋەتتە، ئىرادە قىلغان ئادەم ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن، جاپا - مۇشەق-قەتتىن قۇتۇلۇپ چىقالايدۇ. مۇھىمى بىز چوقۇم شائىرانە ھېسسىيات بى-لەن دەۋر رىقابىتى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن پەرق ۋە زىددىيەتلەرنىڭ بارلىقى-نى تونۇپ يېتىشىمىز، بۇنىڭغا دادىل يۈزلىنىشىمىز، ئۇنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

سورۇندىن قايتىپ كېتىۋېتىپ، كىتابچىلىق سودىگىرى ئەركىن ئىبراھىم ئەپەندى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. ئۇ ئۆزى شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان بولۇش سالاھىيىتى، نەشرىيات ساھەسىدە ئۇزۇن يىل ئىش-لەشتەك تەجرىبىسى بىلەن باللار ئوقۇشلۇقى سۈپىتىدە «تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر» نامىدا ئوتتۇز كىتابنى نەشرگە ئۇيۇش-تۇرۇپ، يورۇقلۇققا چىقارغان بولۇپ، بۇنى ھەقىقەتەن ئۇيغۇر نەشرى-ياتچىلىقىدىكى بىر مۆجىزە دېيىشكە بولاتتى. ئوتتۇز كىتابنى نەشر قىلدۇرۇشقا قانچىلىك ئىقتىساد ۋە مەنىۋى كۈچ كېتىدىغانلىقىنى تە-سەۋۋۇر قىلىش تەس، بۇ ھەم ئۇيغۇر كىتاب سودىسى ساھەسىدىكى تۇنجى قېتىملىق زور سەكرەش بولۇپ، ئەركىن ئىبراھىم ئەپەندىنىڭ بۇ تەۋەككۇلچىلىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. مەيلى نېمىلا بولسۇن، بۇ كىتابلار نەشر قىلىنىشى بىلەنلا، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغى-دى، بۇ كىتابلار ئارقىلىق كىتابخانلار، باللىرىمىز پەخىرلىك بوۋا، مومىلىرىنى تونۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە، قەلبىنى پاكلاش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. يازغۇچىلارمۇ كىتابخانلارنىڭ تارىخىي ئەسەرلەرگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى، ياخشى ئەسەرنىڭ خېرىدارىنىڭ يەنىلا كۆپ بولىدىغانلىقىنى دەڭسەش ئىمكانىيىتىگە ئى-گە بولدى. مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئېيتقاندا، ئەركىن ئىبراھىم ئەپەندىگە چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

# ھاجى خاراباتى ۋە ئابباس مۇنىياز

25 ـ سېنتەبىر، ئاقسۇ. دوستىمىز ئابباس مۇنىياز مەرھۇم مامۇتجان-
نىڭ قېيىنئىنىسى ئېزىز قارىيغا بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى خەۋەر قىل-
دى، ئېزىز قارىي دەرھال ماشىنىسىنى ھەيدەپ يېنىمىزدا ھازىر بولدى.
— كەلگىنىڭلارغا ئىككى كۈن بوپتۇ، نېمىشقا ئەمدى خەۋەر قىلىسى-
لەر؟ — دېدى ئېزىز قارىي بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن رەن-
جىش ئاھاڭىدا. بىز ئەھۋالنى بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ، تۈنۈگۈنكى پائالى-
يەتلىرىمىزنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردۇق. مامۇتجاننىڭ قەبرىسىگە ئۆزىمىز-
نىڭ چىققانلىقىمىزنى ئاڭلىغان ئېزىز قارىينىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ
كەتتى.
— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، سىلەرنى مانا مەن ئاپىراتتىم ئەمەسمۇ؟ —
ھاياجانلىق، خۇش زۇۋان ئېزىز قارىي شۇنداق دەۋېتىپ ئىختىيارسىز كۆ-
زىگە ياش ئالدى. بىزمۇ ئېزىز قارىينى تۈنۈگۈن ئىزدەپ تاپمىغانلىقىمىز-
دىن ئەپسۇسلىنىپ، قەبرە بېشىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئويلىغان مىسكىن
خىياللىرىمىزدىن خىجىللىق ھېس قىلدۇق. ئابباس مۇنىياز، ئېزىز قا-
رىي، ئەكبەر تۆتەيلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئالدى بىلەن ھاجى خاراباتى مەق-
بەرىسىنى زىيارەت قىلىش قارارىغا كەلدۇق. ئېزىز قارىي ئەمدى خېلى
ئېچىلىپ، ماشىنىسىدا بىزنى ئېلىپ، خاراباتى مازىرى جايلاشقان ئاقسۇ
شەھىرىنىڭ ئېگەرچى يېزىسى چوغتال كەنتىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئاخ-
شام يامغۇر ياغقان بولغاچقا، يوللار پېتىق بولسىمۇ ھاۋا ئىنتايىن ساپ،
تازا. ئەتراپ شۇنچىلىك پاكىز بولۇپ، بۇ مەنزىرىلەردىن كۆڭلۈم بىردىنلا
«ۋاللىدە» يورۇپ كەتكەندەك بولدى. بىز ئېتىزلار ئارىسىدىكى قويۇق تې-
رەكلىك يوللارنى، ياغاچلار بىلەن قاشالانغان، قاشالار ياپىيېشىل يۆگىمەچ
ئوتلار بىلەن پۈركەنگەن ئۆرۈكلۈك باغلارنى، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ لايقىپ
ئېقىۋاتقان تارمىقىنى بېسىپ ئۆتتۇق. كىچىك ياغاچ چاقسىلىق، كىشىگە
بىر خىل مېھرىلىك تۇيغۇ بېرىدىغان دېھقان ئۆيلىرى ماشىنا دېرىزىسى-
دىن ئاستا سۈرۈلۈپ ئۆتەتتى.
ئىختىيارىي ھالدا پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقاندا پارىڭىمىز تەبىئىي ھالدا
مامۇتجان ئۈستىدە بولۇپ قالدى.
— رەھمەتلىك مامۇتجان بىلەن بەكمۇ يېقىن ئۆتەتتۇق، — دېدى ئاب-
باس ئېغىر خۇرسىنىپ، — بىر يەردە تاماق يېسەك، ئۆز قاچىسىدىكى تا-
ماقنىڭ گۆشىنى ماڭا سېلىپ بېرەتتى، داۋاملىق «يازغۇچى دېگەنمۇ سەن-

دەك ئاۋاق بولامدۇ، سېنى سەمرىتمىسەم، ئۇ دۇنياغا كەتمەيمەن»دەيتتى. مانا ئەمدى ئۇ يېنىمدا بولغان بولسا «مېنى سەمرىتمەي تۇرۇپلا ئۇ دۇنياغا كېتىۋالدىڭىزغۇ؟» دەپ سورايتتىم. مېنىڭ كۆزەينىكىمنى بەك چاقچاقلا كەلتۈرەتتى.

گەپنىڭ ئاخىرى چۇشۇپ بولغىچە ئاقسۇ شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان چوغتال كەنتىدىكى ھاجى خاراباتى مەقبەرىسى خانىقاسىغا كەلدۇق.

يولنىڭ شەرق تەرىپىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقان بۇ خانىقا مىلادىيە 1732 ـ يىلى كېسەك بىلەن سېلىنغان بولۇپ، خاراباتىنىڭ قەبرىسى، خانىقا، تەلەپخانا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقانىكەن. ئۇيغۇر ئالىمى، تالانتلىق شائىر مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا بىننى خاراباتى مىلادىيە 1638 ـ يىلدىن 1730 ـ يىلغىچە چوغتالدا ياشاپ ئۆتكەن، قەشقەر خانلىق مەدرىسىسى ۋە بۇخارادا ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، مەدرىسە ئېچىپ، مۇددەرىسلىك قىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتقان، خانىقادا ئىمام بولغان، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى، شېئىر، نەزمىلىرى بىلەن خۇراپاتلىق، نادانلىققا جەڭ ئېلان قىلغان زات ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ مازىرىنى مۇقەددەس بىلىپ يىراق ـ يىراق جايلاردىن كېلىپ تاۋاب قىلىدىكەن، تىلەك تىلەيدىكەن.

بىز خانىقانىڭ قۇياشقا يۈزلىنىپ تۇرغان ئېگىز، ئېغىر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، چوڭ بىر سەيناغا كىردۇق. بوسۇغىدىن ئاتلىشىمىز بىلەن تەڭ نەچچە ئونلىغان كەپتەرلەر پۇرۇلداپ ئۇچۇپ، ئەتراپنى لەيلەپ يۈرگەن پەيلەرگە تولدۇرۇۋەتتى.

— بۇ يەرگە تىلەك تىلىگۈچىلەر دائىم كېلىپ تۇرىدىغان، تاۋاپچىلار كەپتەرلەر ئۇچۇن دائىم دانلارنى سېپىپ قويىدىغان بولغاچقا، ئىلگىرى بۇ يەردە كەپتەرلەر ھازىرقىدىنمۇ كۆپ ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇشۇ ئەتراپتا ئىشلەيدىغان ئىشلەمچىلەر كەچلىكلىرى مازارغا ئوغرىلىقچە كىرىپ، كەپتەرلەرنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ يەپ ئازايتىۋەتتى، — دېدى خانىقاغا قاراۋاتقان ئايال شەيخ چۈشەندۈرۈپ. مەن بۇ كەپتەرلەرنى خۇددى ھاجى خاراباتىنىڭ روھىنى ياشارتىش، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش ئۇچۇنلا مۇشۇ يەردە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. بىراق، ئىبلىس قوللار بۇ تىنچلىق ئەلچىلىرىنى مۇشۇ غېرىب ماكاندىمۇ تىنچ ياشىغىلى قويماپتۇ. ئېلىمىپىسىمان سەينانىڭ ئەتراپىغا كىچىك ھۇجرىلار جايلاشقان بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى ۋە بوران، يامغۇرنىڭ زەربىسىدىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ھۇجرىلار ۋە خانىقا پەشتىقى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ

قالغانىدى. «بۇ تارىخىي يادىكارلىقلار بىز ئۈچۈن بىباھا گۆھەر، بۇ قورۇ-لۇشلارنى چوقۇم كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسرىشىمىز، قوغدىشىمىز كېرەك ئىدى» دەپ ئويلىدىم مەن ئىچىمدە.

ئابباس مۇنىياز مازاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەر-دى:

— ئەركىن ئىبراھىم ماڭا خاراباتى ھەققىدە كىتاب يېزىشنى تاپشۇر-غاندىن كېيىن بىر ئاي ماتېرىيال ئىزدىدىم، ماڭا بېرىلگەن ۋاقىت ئىنتا-يىن قىس ئىدى، لېكىن بۇ ھەقتە تۈزۈك ماتېرىيال يوقكەن. شۇنىڭ بىلەن نەزىرىمنى خاراباتىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاغدۇرۇپ، ئەسەرلىرىدىن پىكىر ئىزدەپ ئاخىرى كىتابنى ئىككى ئايدا يېزىپ تاماملىدىم. لېكىن ئۈچ ئاي قاتتىق ئىشلىگەچكە، تېخىمۇ ئورۇقلاپ كەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن تەتىلدە ھېچنەرسە كۆرمەي، ھېچنەرسە يازماي ئارام ئالدىم.

مەن مۇخبىرغا خاس كەسپىي سەزگۈرلىكىم بىلەن ئاباستىن ئاستا-ئاستا سوئال سوراپ، ئۇنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەنمەكچى بولدۇم.

— مەن يازغۇچىلارنى ئەكس ئەتتۈرگۈچىلەر ۋە ئىپادىلىگۈچىلەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىدىم، — دېدى ئاباس سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ، — ئەكس ئەتتۈرگۈچىلەرگە زوردۇن سابىر، ئەختەم ئۆمەر قاتارلىقلارنى، ئى-پادىلىگۈچىلەرگە مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش قاتارلىقلارنى سا-ناشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئىككىلا تۈردىكىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلى-قى، ئۇسلۇبى، قىزغىن كىتابخانلىرى بار. ئىپادىلىگۈچىلەر كۆپرەك پى-كىر ئىزدەپ يېزىقچىلىق قىلىدۇ، مەنمۇ شۇ تۈرگە تەۋە. ئاساسەن ئۆز خىيالىي دۇنيايىمدا پىكىر ئىزدەپ، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىدىيىنى يورۇتىمەن. مەسىلەن، «كويلەر كۆزى»ناملىق پوۋېستتا پەقەت بىر ئەما سەنئەت-كار بار، قالغان پىكىرنى پەقەت تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يورۇتتۇم. (توغرا، مەن ئاباس مۇنىيازنى ئەينى يىللىرى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «كوي-لەر كۆزى» ناملىق پوۋېستى بىلەن تونۇغانىدىم، پوۋېستتىكى كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان بايانلار، ئاپتورنىڭ باش پېرسوناژنىڭ مۇ-رەككەپ پسىخىك ھېسسىياتىنى شۇنچىلىك يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى مېنى ھەيران قالدۇرغان، بۇ پوۋېستقا خېلى مەزگىللەرگىچە مەپتۇن بولۇپ يۈرگەنىدىم.)

— ھاراق ئېغىزىمغا تەگسە قولۇمغا قەلەم ئالمايمەن، — دېدى ئاباس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بەلكىم مۇشۇ ئەمگەككىمۇ ھارام ئارىلاشمى-سۇن دېگىنىم بولسا كېرەك! ھاراق ئىچسەم پىكىرىم چېچىلىپ كېتىدۇ،

تاماكىنىغۇ ئەسلا چەكمەيمەن. بەزىلەر هاراق ئىچمىسەك قانداق ئىلھام كېلىدۇ، دېيىشىدۇ، شۇنداقلار قانداق يازغۇچىلاردۇ، دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

— بىزدە ياخشىلارنى، ياخشى قىلماقچى بولغانلارنىمۇ ياخشى دېگۈمىز كەلمەيدىغان يامان ئادەت بار. يەنە كېلىپ يامانلارنىمۇ «يامان» دېيەلمەي، ئىلمان سۇدەك ياشايمىز. بىزدىن ھېچنېمە كەتمىگەندىكىن، ياخشىلارنى دادىل ياخشى دېيىشىمىز كېرەك. دۇنيادا ئاڭلاپ قويۇشقىلا بولىدىغان گەپ بار، پايدىلىنىشقا تېگىشلىك گەپ بار.

ئاباس مۇنىياز بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا تونۇلغان، ئىستېداتلىق ياش يازغۇچى بولۇپلا قالماي، يەنە ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك، ھەر ئىشقا ناھايىتى ئەستايىدىل، قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان خىسلەت ئىگىسى ئەكەن. ئۇ ئادەتتىكى سۆزلەرنىمۇ خۇددى كىتاب سۆزى قىلىۋاتقاندەك ناھايىتى مەنىلىك، ئۇرغۇلۇق سۆزلەيدىكەن. كىشىگە بىر خىل ساددا، جاپاكەش تەسىر بېرىدىكەن. ئۇنىڭ ھايات يولىمۇ مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى: ئاباس مۇنىياز 1966 - يىلى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئېگەرچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1986 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن بۇيان ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى پەرزەنتى بولۇپ، چوڭ قىزى تولۇقسىزنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇيدىكەن، ئاپىسى 1981 - يىلى قازالاپ كەتكەن، قېيناتىسى پارالىچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن. قىسقىسى، ئىقتىسادىي تەڭقىسلىق ئەچىدىكى ئائىلىدە تۇغۇلغان ئاباس تېخى ياشلىق بوسۇغىسىغا قەدەم باسماي تۇرۇپلا، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولغانىكەن، ھازىرمۇ ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئېغىر ئائىلىۋى، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتلەر يۈكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەي، قىزغىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋېتىپتۇ. بىزدە بېشىغا ئازراقلا كۈن چۈشسە، «ئاھ، ۋاھلاپ» كېتىدىغان، تۇرمۇشتىكى ئانچىكى بېسىملارغا، «ۋاقىت يېتىشمەيۋاتىدۇ» دەيدىغان تۈتامى يوق سەۋەبلەرگە دۆڭگەپ قويۇپ، قەلىمىنى تاشلاپ قويىدىغان، ياكى ئۆمرىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى بوش ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان يازغۇچى، قەلەمكەشلىرىمىز خېلى بار. مېنىڭچە، ئاباس مۇنىياز بۇ جەھەتتە ھەممىمىزگە ئۈلگە بولۇشقا ئەرزىيدىكەن. ئادەمدە ئىرادە، ئەدەبىياتقا بولغان قىزغىن ئېتىقاد بولسىلا، ھەر قانداق قىيىن شارائىتتىمۇ قەلىمىنى ھەرگىز «ئۇخلىتىپ» قويمايدۇ.

خاراباتى مازىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئېزىز قارىي بىزنىڭ

ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي، چوڭ ئۆيگە باشلاپ باردى. ئاقسۇ شەھەر ئەترا-پىغىلا جايلاشقان ئېگەرچى يېزىسىدىكى ئۆستەڭ بويىغا سېلىنغان بۇ كۆركەم، ئازادە هويلىدا ئېزىز قارىي ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە تۇرىدى-كەن. بۇ مېھرىبان ئاتا - ئانا بىزنىڭ كۆيئوغلى مامۇتجاننىڭ دوستلىرى ئىكەنلىكىمىزدىن خەۋەر تېپىپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشتى. چوڭلارنى پەتلەپ بولغاندىن كېيىن ئونسۇ ناھىيىسىگە جايلاشقان قىر-مىش ئاتام مازىرىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. يول بويى بوك - باراقسان دەل - دەرەخلەر بىلەن پۈركەنگەن تۈپتۈز ئاسفالت يولنى بويلاپ، ئونسۇ ناھە-يىسىنىڭ توخولا، شېخىل، تۇمشۇق، ساۋابچى يېزىلىرىنى بېسىپ ئۆت-تۇق. بۇ كۈنى هاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولغاچقا، يىراق - يىراقلاردىكى گۈ-زەل مەنزىرىلەرمۇ ئوپئوچۇق نامايان بولۇپ، بىزنى قاتتىق هاياجانلاندۇرۇ-ۋەتتى. بولۇپمۇ يول بويىدىكى قويۇق مەجنۇنتاللارنى سۆيۈپ ئېقىۋاتقان زۇمرەت سۇلۇق ئۆستەڭ، كۆككە بوي سوزغان رەت - رەت تېرەكلەر، ئور-مان بەلبېغىنىڭ نېرىسىدىكى پايانسىز كەتكەن ساپسېرىق شاللىقلار، خا-مانلارغا يېيىتىلغان، ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان كۆممىقوناقلار، دۆۋە - دۆۋە مەنگەنلەر، ياڭاق، ئالما، ئۆرۈكلۈك باغلار، شاخلىرىنى كۆتۈرۈلمەي، مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن قىزىل، ئاق، سېرىق ئالمىلار بىزنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇردى. بىزنىڭ تەرەپلەردە شال تېرىلمايدىغان، ئالما ئۆستۈرۈل-مەيدىغان بولغاچقا، بۇ مەنزىرىلەر بىزگە ئۆزگىچە بىر خىل هۇزۇر بەخش ئەتتى.

## مامۇتجان داۋۇتنى «ئىزدەپ»...

چۈشتىن كېيىن سائەت بەشلەر بىلەن قىرمىش ئاتام مازىرىدىن ئاق-سۇغا قايتىپ كەلدۇق. ئېزىز قارىي «سىلەرگە مامۇتجانكام تۇغۇلغان مە-ھەللىنى بىر كۆرسەتكۈم بار، هازىر شۇ يەرگە بارساق» دەپ تۇرۇۋالدى. بىر ئەسلىي بۇگۈن كەچتە كېچىلىك ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ، يەكەنگە قاراپ يولغا چىقماقچى، بۇ ئارقىلىق بىر كۈنلۈك سەپەر ۋاقتىنى ئۇتۇۋالماقچى ئىدۇق. لېكىن، ئېزىز قارىي قايتا - قايتا ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇنىڭ ئۆستىگە «مامۇتجاننىڭ تۇغۇلغان يۇرتىنى كۆرمىسەكمۇ بولىدۇ» دېيىشكە كۆڭلىمىز ئۇنىمىغاچقا، ئامالسىز ئېزىز قارىينىڭ ماشىنىسىدا ئاۋات نا-ھىيىسىنىڭ بەشئېرىق يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. بۇ يەر بىلەن ئاق-سۇ شەھىرىنىڭ ئارىلىقى قىرىق كىلومېتىردىن ئوشۇق كېلىدىكەن. بىز

ئاقسۇنىڭ تۇپلۇق، قۇمباش يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ مامۇتجان تۇغۇلغان ئاۋات ناھىيىسى بەشئېرىق يېزىسىنىڭ سوغىچى قاراتال كەنتىگە كەلگىنىمىزدە ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىز ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا كىچە قاراڭغۇلۇقىغا پۈركەنگەن كۆجۈم مەھەللىگە كىرىپ، بىر كونا ياغاچ دەرۋازىلىق ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. دەرۋازىنى بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقان مامۇتجاننىڭ تۇغقانلىرى ئاچتى. بۇ ئۆيلەر 1970 ـ يىللاردا سېلىنغان بولۇپ، يەرلەر زەيكەش بولغاچقا، ئۆيلەر ياغاچ بىلەن لاي ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قۇرما تام قىلىپ سېلىنىدىكەن. ھويلىدىكى ئەينى يىللىرى مامۇتجان تىككەن تەكلەر ھازىر بۈك ـ باراقسان باراڭ ھاسىل قىلىپ، ھويلىنى بىر ئاپتۇ. ۋاسا تاختا قىلىپ يېپىلغان، پېشايۋانلىق مۇشۇ ئۆيلەردە دەل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغان مەرىپەتپەرۋەر ئوغلانىمىز مامۇتجان داۋۇت تۇغۇلۇپ، بالىلىق، ياشلىق مەزگىللىرىدە مۇشۇ كۆجۈم مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغان. ھويلىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆرۈك، ئالما، نەشپۈت، ياڭاق، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەر مەي باغلاپ كەتكەن باغنى ئۆزى ئەھيا قىلغان، شادا پەنجىر قىلىنغان تاملارنى ئۆز قولى بىلەن ياسىغانىكەن. مامۇتجاننىڭ 1986 ـ يىلى ئانىسى، 1989 ـ يىلى دادىسى قازالاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ 1987 ـ يىلى توي قىلغانىكەن. ئۇ ئاقسۇغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ شەنبە، يەكشەنبە كۈنلەردە بالىلىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە كېلىپ، باغدا ئىشلەپ كېتەتتىكەن.

ھويلا ئىچىگە مىسكىن خىياللار ئىلكىدە نەزەر سېلىپ، لامپۇچكا يورۇقىدا گىرىمسەن يورۇپ تۇرغان ئۈزۈم بارىڭىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئېغىللار، شاخ ـ شۇمبىلار، قۇرما تاملارنىڭ ئەتراپلىرىنى ئېغىر خىيال ئىچىدە ئايلىنىپ چىقتىم، ھويلىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، تۈن قوينىدا قارىيىپ ياتقان باغقا، ئادەمسىز كوچىلارغا تەلمۈرۈپ، ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇپ كەتتىم. مۇشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن مامۇتجان تۇيۇقسىزلا پەرىشتىدەك كۈلۈمسىرەپ چىقىپ كېلىدىغاندەك، بىزنى مەھكەم قۇچاقلاپ قىزغىنلىق بىلەن باغقا تەكلىپ قىلىدىغاندەك تۇيغۇغا چۆمۈلدۈم. ئايىغىم ئاستىدا غىرىسلاۋاتقان ھەر بىر پاخال، مەن تۇتقان ھەر بىر شاخ ـ شۇمبا ياكى تام ئېغىر جۇدالىق ئىچىدە مامۇتجاننىڭ نامىنى پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم. توغرا، بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىدە، يولدا، تاملاردا، دەل ـ دەرەخلەردە، ئۆيلەردە مامۇتجاننىڭ پۇرىقى، ئىزى، سىيماسى بار. بىز ئاخىرى مامۇتجاننى، مامۇتجاننىڭ روھىنى ئىزدەپ تاپتۇق، بەلكىم ئۇنىڭ روھى ھازىر بىز بىلەن بىللە ئايلىنىپ يۈرگەندۇ! بىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈ-

روۋاتقاندۇ! ئۇنىڭ روھى دەل مۇشۇ ئانا سەھرادا، باغرى كەڭ تەبىئەتتە، قەلبى تازا دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ قەلبىمۇ سەھرادەك كەڭ، تەبىئەتتەك ساخاۋەتلىك، دېھقان قېرىنداشلىرىنىڭكىگە ئوخشاش ساپ، تازا بولغانىكەن! بىزنى مۇشۇ مۇقەددەس تۇپراققا باشلاپ كەلگەن ئېزىز قارىيغا ئىچىمىزدە مىڭلارچە مىننەتدارلىق بىلدۇردۇق. راستتىنلا بۇ يەرگە كەلمىگەن بولساق، ھەقىقەتەن ماموتجان بىلەن «كۆرۈشەلمەسكەنىمىز!»

بىز بۇ كونا ھويلا بىلەن كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ، ماموتجاننىڭ يېقىن دوستى، ھازىرقى سوغىچى قاراتال كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى مۇھەممەتجان سامۇشنىڭ ئۆيىگە كىردۇق. ئۇ بىزنى قىزغىن كۇتۇۋېلىپ، داستىخان سالغاندىن كېيىن ماموتجان داۋۇت ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى.

— مەن ماموتجان بىلەن بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، ئۇ تىجارەت قىلىپ زاۋۇت قۇرغاندىن كېيىنمۇ مەھەللىدىكى يىگىرمىدەك بالا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئاقسۇغا كىرىپ زاۋۇتىدا بىرگە ئىشلىگەندۇق. ئۇ ھەقىقەتەن بىباھا ئادەمتى. دۇنيادا ئەيىب - نۇقسانسىز ئادەملەر ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ، ئۇ ئاشۇنداق كەم تېپىلىدىغان نۇقسانسىز ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنى ھېچقانداق تونۇمىغان ئادەممۇ بىر كۆرۈپلا، ئاجايىپ ياخشى ئادەمكەن، دەيتتى.

— ماموتجان مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇغانىدى، كىچىكىدىن كىتاب ئوقۇشقا ئامراق ئىدى، بازاردا بىر گىردە ئېلىپ يېگۇدەكلا پۇلى بولسا، قورسىقىغىمۇ يېمەستىن كىتابخانىغا يۇگۇرەيتتى. ناخشا - ئۇسسۇلنى بەك ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، «ئاقسۇدا ئويۇن باركەن» دېسە، موتسىكلىتى بىلەن بەشئېرىقتىن قىرىق كىلومېتىر يولنى بېسىپ، ئاقسۇغا بېرىپ، ئويۇننى كۆرۈۋېتىپ قايتىپ كېلەتتى. ئۇ نامراتلىق سەۋەبىدىن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا توختاپ قالدى ۋە ھارۋىدا ئۈزۈم ساتتى، ئەسكى - تۈسكىلەرنى يىغىپ ساتتى. ماموتجان كىچىكىدىنلا نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتقان، ئاتا - ئانىسىدىن ياش يېتىم قالغان بولغاچقا، ئۆزىدە ناھايىتى ئىرادىلىك، بەردەم، قەيسەرچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان روھنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ ئىككى مىڭ يۈەن دەسمايە توپلىغاندىن كېيىن تراكتور بىلەن قوناق تىجارىتى قىلدى. قەشقەر، يەكەندىن ئاقسۇغا ئاشلىق ئەكېلىپ ساتتى. بۇ يىللاردا ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېز يۈكسىلىپ، خېلىلا بېيىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 2001 - يىلى 7 - ئايدا ئاقسۇدا پاخ-

تا زاۋۇتى قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، 12 ـ ئايدا زاۋۇتنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈردى ۋە پاختا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى.

— مامۇتجاننىڭ ساخاۋەتلىك ئىشلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. مەھەللىدىكى دېھقانلارنى ئىككى يىل ھەقسىز كۆنجۈرە بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. مەھەللىدىكى يىگىرمە ـ ئوتتۇز نامرات دېھقانغا ھەر يىلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرەتتى، نامرات، يېتىم ـ يېسىرلارغا يىلدا بېرىدىغان ياردىمىلا ئەللىك مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كېتەتتى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلانغان سېرىقتال مەزگىلدە دېھقانلارغا نەچچە ئون مىڭ يۈەنلەپ ئۆسۈمسىز قەرز تارقىتاتتى. قىسقىسى، ئۇ ياش تۇرۇپلا مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۆيۈمچان «ئاتىسى» غا ئايلانغانىدى. ئۇ يەتمىش بەش مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ كەنتتىن ئاۋات بازىرىغا بارىدىغان ئۈچ كىلومېتىر يولغا شېغىل ياتقۇزۇپ بەرگەن، يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىرىپ، ھاجەتمەن بۇزرۇكۋار مازىرى جۈمە مەسچىتىنى يېڭىلاپ سېلىپ بەرگەن، بەشئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپنى قايتا سالغاندا بەش مىڭ يۈەن نەق پۇل، ئەللىك مىڭ دانە دەپتەر ياردەم قىلغان، يېزا بازىرىدا رېستوران يوق بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا تۆت يۈز ئاتمىش مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، «ئۇزۇمزار» نامىدىكى رېستوران سېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرگەنىدى. ئۇ تۇغقانلىرىغا ئىنتايىن كۆيۈمچان بولۇپ، 1996 ـ يىلى بىر ئاپتوبۇس كىرا قىلىپ، كەنتتىكى بارلىق تۇغقانلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچى، غۇلجا، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلدۇرۇپ كەلگەنىدى. قىسقىسى، مامۇتجان تاپقان پۇلنى قىلچىمۇ يىغىش خىيالىدا بولماي، ئۇدۇللۇق ساۋابلىق، ساخاۋەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىپ تۈگەتكەنىدى. بۇنداق پەزىلەت ئىگىسى ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ.

بىز مۇھەممەتجان شۇجىنىڭ سۆزلىرىنى سۈكۈت ئىچىدە ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانچە مەرھۇم مامۇتجانغا بولغان قايىللىقىمىز، ھۆرمىتىمىز، سېغىنىشىمىز ھەسسىلەپ ئاشماقتا ئىدى. باغرى يۇمشاق ئېزىز قارىينىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇمۇ ئېسەدەپ تۇرۇپ قوشۇمچە قىلدى:

— مامۇتجان ئاكام ئەمەلىيەتتە مېنىڭ قېيناكام، لېكىن، مەن ئۇنى ئۆز ئاكامدىنمۇ، قېرىنداشىمدىنمۇ چارە كۆرىمەن. چۈنكى ئۇ ماڭا تىجارەت قىلىشنىڭ، ئەڭ مۇھىمى ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتكەن. ئەينى يىللاردا مەنمۇ بەڭباشلىق قىلىپ، كۆپ قېتىم خالتا كوچىلاردا مېڭىپ، مامۇتجان ئاكامنى قاقشاتقانىدىم. لېكىن، مامۇتجان ئاكام مەندىن قىلچە

ئاغرىنماستىن، مېنى تاشلىۋەتمەستىن ئىزچىل تۇردە ماڭا كۆيۈنۈپ، تەر-بىيلەپ، ماڭا ياردەم بېرىپ كەلدى. ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقى، پەزىلىتى بىلەن مېنى تەسىرلەندۈردى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇ-رۇش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە ئۇ بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى.

بىز قېيىنئىنى بىلەن كۆيئوغۇل ئاكا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل مۇھەب-بەتنىلا ماۋتجاننىڭ قانچىلىك پەزىلەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكىنى، ئېزىز قارىينىڭمۇ ۋىجدانلىق يىگىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتۇق.

بەرىبىر قايتىمىساق بولمايتتى، سائەت ئونلار بىلەن ساھىبخان مۇھەم-مەتجان سامۇشنىڭ شۇنچە چىڭ تۇتقىنىغا ئۆزرە سوراپ ئاقسۇ شەھىرىگە قايتىپ كەلدۇق.

## سەپەردىكى ئويلار

26 - سېنتەبىر، سەھەر. ئېزىز قارىي بىزگە ناشتىلىق بەرگەندىن كېيىن بىزنى ماشىنىسى بىلەن ئاقسۇ يولۇچىلارنى توشۇش بېكىتىگە ئې-لىپ بېرىپ، خوتەنگە ماڭىدىغان بىر كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويى-دى. بۇ ئاپتوبۇس بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلگەن، كونا ئاپتوبۇس بو-لۇپ، كارىۋات كىرلىكلىرى كىرلىشىپ كەتكەن، يولۇچىلارمۇ ئاساسەن نامرات دېھقانلاردىن تەركىب تاپقانىدى، لېكىن بىزنىڭ باشقا تاللاش ئىم-كانىيىتىمىزمۇ يوق ئىدى. بىز يەكەنگە تېزراق بېرىشقا ئالدىراۋاتقان بول-غاچقا، يەنە ماشىنا ساقلاۋېرىشنى ماقۇل كۆرمەي، مۇشۇ ئاپتوبۇسقا چىقد-ۋەردۇق. ئاپتوبۇسقا چىقىپ خۇددى چاتقاللارنىڭ ئىچىدە قىزىلگۈل كۆر-گەندەك مودا كىيىنگەن، چىرايلىق بىر قىزغا كۆزىمىز چۈشۈپ قالدى. ئوغۇلنىسا ئىسىملىك بۇ قىز ئەسلىدە شوپۇرنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ ئاتى-سىغا يولدا ھەمراھ بولۇش، ئاپتوبۇسنى يولدا ھەيدىشىپ بېرىش ئۈچۈن ماڭغانىكەن. لېكىن، بۇ قىزنىڭ تۇرقىدىن ماشىنا ھەيدىيەلەيدىغانلىقىغا زادى ئىشەنمىدۇق. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىزنىڭ ئۆيدە ئوغۇل يوق، شۇڭا ئۆيدىكىلەر مەن تۇغۇلغاندا ئوغۇل بولۇپ قالسىكەن دېگەن ئۈمىدتە ئىسمىمنى ئوغۇلنىسا قويغانىكەن. مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىنمى-غاچقا، شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىپ، پراۋا ئالدىم، ھازىر دادامنىڭ ماشىنا ھەي-دىشىگە ياردەملىشىۋاتىمەن، — دېدى. ئۇ بىزنىڭ ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىنكى كەيپىياتىمىزغا دىققەت قىلغانىكەن، خىجىل بولغان ھالدا چۈ-

شەندورۇپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ئاپتوبۇسنى ئائىلىمىز كۆتۈرە ئالغان، ئاپتوبۇس كونا بولغاچقا، كىراسى ئەرزان، شۇڭا، پاكىز تۇتىمىز دېسەكمۇ، ئامال يوق، — ئۇ شۇنداق دېگەچ بىز ياتقان كارىۋاتلارنىڭ ئەدىيال ۋە يوتقانلىرىنى يېڭىغا ئالماشتۇ-رۇپ بەردى. بىزگە ھەر ھالدا يولدا پىكىرلىشىپ ماڭىدىغان ئادەم تېپىل-دى. ئوغۇلنىسا كىتاب - ژۇرنال كۆرىدىغان، خېلى دىتى بار قىزكەن. ئۇ-نىڭ ھايات، تۇرمۇش ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ بىزنى خېلى قايىل قىلىپ قويدى.

مانا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بەش يۈز مىڭ يۈەن ئاتىغان مامۇتجان داۋۇت ئاقسۇدىن چىقتى. ئارقىدىنلا ئاقسۇدىكى مەرىپەتسۆيەر كارخانىچى ئەخ-مەتجان ئابدۇللا ئۆز يېنىدىن ئەللىك مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، «ئاقسۇ ئەدە-بىياتى» ژۇرنىلى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «مۆلچەر تاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلدى. ئۆتكەن يىلى ئاقسۇدىكى مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى گۈلئا-يىم خانىم يۈز مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا «دەۋران ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلدى. ئۆزلىرى ئۇچۇن ھېچقانداق «مەنپەئەت» ئېلىپ كەلمەيدىغان، لېكىن ئانا خەلقىنىڭ پاكىز روھىنى ئۇرغۇتۇش، مەنىۋى قىياپىتىنى ياخشىلاشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى قىلغان ئەدەبىيات ئۇچۇن بەدەل تۆلىگەن، ئىقتىساد سەرپ قىلغان بۇ ئا-لىيجاناب ساخاۋەت ئىگىلىرىنى ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە، ھۆرمەت بىل-دۇرۇشكە ئەرزىيدۇ. مانا، تۇنجى بولۇپ ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە مەبلەغ سالغان ساخاۋەتچى ئوغلان مامۇتجان داۋۇت بەختكە قارشى قازا قى-لىۋىدى، ئەخمەتجان ئابدۇللا، گۈلئايىم ئېرىز، ئامىنە خانىم («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا «ئاقيول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەر مۇسابىقىسى» تەسىس قىلغان مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى) غا ئوخشاش نەچچىلىگەن «مامۇتجان داۋۇت» لار ئىز بېسىپ چىقىپ، ئىقتىسادىي قوللاشقا تەشنا بولۇپ تۇرغان ئەدەبىيات تۈپرىقىنى سۇسىز قويمىدى، بۇ ساخاۋەت ئىگىلىرىنىڭ ئالىي-جاناب روھىغا مىڭلارچە تەشەككۈر! ئۇلارنىڭ تىجارىتى كۈنسېرى روناق تاپقاي!

## بازاردىن كۆپ مازار

27 - سېنتەبىر، يەكەن. تۈنۈگۈن سائەت ئون بىردە ئاقسۇدىن يولغا چىققان ئاپتوبۇس كالا ھارۋىسىدەك ئاستا مېڭىپ، كېچە سائەت ئىككى

بولغاندا ئاران يەكەنگە كىردى. بىز «يېڭى ئەسىر مېھمانسارىيى» غا ئورۇن-لىشىپ، ۋاققىچە ئۇخلىغاندىن كېيىن يەكەندىكى ئەدىب دوستلىرىمىزدىن ياسىنجان سادىق، توختى مۇھەممەت، ئابدۇرېشىت سۇلايمان، نۇرمۇھەممەت ئايۇپ قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئو-رۇنلىرى، مازارلارنى زىيارەت قىلىشقا يۇرۇپ كەتتۇق. كوچىدا ئۇچراشقان پېشقەدەم يازغۇچى ساۋۇت داۋۇتنىڭ: «يەكەندە بازاردىن مازار كۆپ» دەپ ئېيتقىنىدەك يەكەندە ھەقىقەتەن مازارلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. مازارلار-نىڭ كۆپىنچىسى شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقانىكەن. ئەلۋەتتە، تارىختا سەل-تەنەتلىك خانلىقلارنىڭ ئاستانىسى، مەدەنىيەت، گۈللىنىشىنىڭ بۆشۈكى بولغان قەدىمىي دىيار يەكەندە دەل يۇقىرىقى شۆھرەتلىك تارىخنىڭ شاھىـ-تى بولغان مازارلارنىڭ كۆپ بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

بىز ئالدى بىلەن سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان، مەلىكە ئامانىساخانلار دەپنە قىلىنغان مەشھۇر خانلار قەبرىستانلىقى «ئالتۇنلۇ-قۇم» نى كۆرۈپ بولۇپ، قەدىمكى مەشھۇر تاۋاپگاھ — «چىلتەنلىرىم» (ھەپتەئى مۇھەممەدان) مازىرىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ مازار ھەققىدە «ئەس-لىي تارىختا قىرىق چىلتەن (قىرىق مۇھەممەت) بار بولۇپ، ئۇلاردىن يەت-تىسى يەكەنگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۇچۇن ئاسماندىن چۈشۈپ، مۇ-شۇ يەردە قازا قىلغان» دېگەن رىۋايەت بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بەيسى ھېكىمبەگ مازىرىنى، مىرزا ھېكىمبەگ مازىرىنى (بۇلار 19 - ئەسىرلەردە يەكەنگە ھاكىم بولغان كىشىلەر ئىكەن)، مەشھۇر ئۆزبېك شائىرى زاكىر-جان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت (1858 - يىلى قوقەنتتە تۇغۇلغان، 1893 - يىلى يەكەنگە كېلىپ ماكانلاشقان، يەكەندىكى ھاياتىنى ئىلمىي ئەمگەك ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن، ھاياتىدا سەككىز مىڭ مىسرادىن ئارتۇق شېئىر يازغان، 1909 - يىلى بوغۇز ئاغرىقى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن) نىڭ قەبرىگاھىنى، جاللات خېنىمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدۇق. شۇنىڭغا ھەيران قالدىمكى، يەكەندىكى مازارلار ھا-زىرمۇ ئېتىكاپچىلار، تىلەك تىلىگۈچىلەر، تاۋاپچىلار بىلەن ئاۋات بو-لۇپ تۇرىدىكەن. توغ - شەددىلەر لەپىلدەپ تۇرسا، مازارنىڭ شۆھرىتى ئاشىدۇ، دەيدىغان قاراش بويىچە مازارنىڭ ئەتراپىدىكى تېرەكلەرگە، مازار ئىچىگە ھەر خىل توغ - شەددىلەر، لاتا - پۇرۇچلار ئېسىلىپ، مازارنىڭ ئىچىگە قوچقار مۈڭگۈزلىرى قويۇلۇپ، ئادەمدە بىر خىل سۈرلۈك تەسىرات پەيدا قىلىدىكەن. مەن «چىلتەنلىرىم» مازىرىدا چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، قوش چاڭگىسىدەك بولۇپ كەتكەن، چىرايى كىر-

قاسماقنىڭ دەستىدىن تونۇغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالغان، جۇل - جۇل كىيىملىك بىر ەيلەننىڭ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، بىر دىنىي كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر بىر ئولتۇرۇۋالسا، ئون نەچچە كۈنلەپ يۈزىنىمۇ يۇمايدىكەن، تاماقمۇ يېمەيدىكەن، توختىماي ئاللاغا سېغىنىپ، ئۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى تىلەيدىكەن. بۇ خىل ھالەتتىكى كىشىلەرنى باشقا مازارلاردىمۇ، يەكەننىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدىكەن. مەن «چىلتەنلىرىم» دە يەنە ھەر خىل ئاغرىق، ئارزۇلىرى ئۇچۇن تىلەك تىلىگىلى كەلگەن خېلى كۆپ دېھقانسۈپەت، مىسكىن چىراي كىشىلەرنى ئۇچراتتىم. مازارنىڭ ھويلىسىدا كىچىك چالمىلاردىن، ئۇچۇم - ئۇچۇم توپىلاردىن ياسالغان كىچىك ئۇچاق ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ شەكىللىرى بار بولۇپ، تىلەكچىلەر ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشنى، پەرزەنتلىك بولۇشنى، يەنە «ئاللىقانداق ئارزۇلىرىغا يېتىش» نى نىيەت قىلىپ، مۇشۇنداق شەكىللەرنى ياساپ قويۇپ كېتىدىكەن، نېمىنىڭ تىلىكىنى تىلىسە، شۇنىڭ شەكلىنى ياساپ قويسا، تىلەك ئىجابەت بولىدۇ، دەيدىغان قاراش بار ئىكەن. بۇلارنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بىر خىل ئەپسۇسلۇق، ئېچىنىشتىن بوغۇزۇمغا ئىختىيارسىز ئاچچىق زەرداپ كېلىشىپ، ئازابلىق تولغىنىپ كەتتىم. چەكسىز ئىشەنچ، ئۈمىد، قورۇنۇش ئىلكىدە مازار ئىشىكىدە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان مىسكىن چىرايلار كۆز ئالدىمدىن خېلىغىچە كەتمىدى. ئېھ، مېھرىبان خەلقىم، بىز قاچانغىچە مۇشۇ قاقشال قەبرىلەردىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئۇلارغا تەقدىرىمىزنى باغلاپ ئۆتىمىز؟ دۇنيا نەدە كېتىۋاتىدۇ، بىز قەيەردە قالدۇق؟ بۇنداق ھالىتىمىزنى تەڭرىمۇ راۋا كۆرمەيدىغۇ ئاخىر؟ ئەگەر شۇ «قۇتقۇزغۇچى مازارلار» نىڭ توپىسىدا ئېغىناپ، كۈنلەپ، ئايلاپ تىلەك تىلىگەنگە تىلىكىمىز ئىجابەت بولىدىغان، ئارزۇيىمىز چېچەك ئاچىدىغان ئىش بولسا، بىز مۇشۇ كۈنگە قالامتۇق؟ مازارلارنى يۈز يىللاپ، مىڭ يىللاپ ئاۋات قىلدۇق، يۈز يىللاپ، مىڭ يىللاپ تىلەك تىلىدۇق، قېنى شۇ تىلەكلەرنىڭ نەتىجىسى؟ قاچانغىچە نادانلىق، خوراپاتلىقنىڭ قارا پاتقىقىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمايمىز؟!... مۇشۇ خىل ئاچچىق خىياللار جېنىمنى ئىكەكلەپ، كەينىمگە بۇرۇلۇپلا، شېرىن خىياللار ئىلكىدە مۈكچىيىپ ئولتۇرغان تىلەكچى قېرىنداشلىرىمنى ياقىسىدىن سۆرەپلا ئېلىپ ماڭغۇم، ئۇلارغا: «قاچانغىچە ئۇيقۇڭنى ئاچمايسەن؟ دەرھال بېرىپ كەتمىنىڭنى قولۇڭغا ئال، كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ، كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارغا، تېلېۋىزورغا قاراپ باق، دۇنيادا

نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ باق! پەرزەنتىڭنى مەكتەپكە بەر! تىرىكچىلىكنىڭ يوللىرى كۆپ، ئازراق قىيىنچىلىقتىن ۋايساپ، مازارلارغا مۇراجىئەت قىلماي، تىلىكىڭنى ئۆز تىرىشچانلىقىڭدىن، مېھنىتىڭدىن تىلە!» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى.

## قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ جۇلاسى

ئۆتكەن يىلى مۇھەممەت نىياز، ئەكبەر داۋۇت، ئۆمەر ئابدۇللا ۋە مەن تۆتەيلەن جەنۇب سەپىرىگە ئاتلىنىپ، يەكەنگە كەلگىنىمىزدە بىر تاكسى شوپۇرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان، بۇ تاكسى شوپۇرى شېئىرىيەت ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزگە قوشۇلۇپ بىزنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان ۋە «يەكەندىكى شائىر» ئابدۇرېشىت سۇلايماننى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەن شۇ قېتىمقى سەپەر تەسۋىرلەنگەن «ئەقىدە سەپىرى ۋە ئېھتىرام مەنزىللىرى» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىدە بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغانىدىم. ئەمدى بۇ قېتىملىق سەپەردە تەقدىر يەنە شۇنداق بىر خاسىيەتلىك ئىشنى تاسادىپىي ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى: ئابدۇرېشىت سۇلايمان بىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىۋاتقاندا ھېلىقى تاكسى شوپۇرى يەنە تاكسىسىنى ھەيدەپ ئۇنىڭغا ئۇچراپ قاپتۇ. بۇ كىتابخۇمار تاكسى شوپۇرى مەن يازغان «ئەقىدە سەپىرى ۋە ئېھتىرام مەنزىللىرى» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىنى ئوقۇغان ۋە خاتىرىدىكى ئۆزى ھەققىدىكى بايانلارنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ، بىزگە بىر رەھمەت ئېيتىش پۇرسىتى كېلەرمۇ، دېگەن ئۈمىدتە يۈرگەنىكەن. ئۇ ئابدۇرېشىت سۇلايماندىن بىزنىڭ يەكەنگە كەلگەنلىكىمىزنى ئۇقۇپ، قاتتىق خۇشال بولۇپ، ئابدۇرېشىت سۇلايماننى ماشىنىسىغا سېلىپلا، بىزنىڭ يېنىمىزغا كەپتۇ. بۇ ئىشتىن بىزمۇ ھەم خۇشال، ھەم ھەيران بولۇپ، بۇ تاكسى شوپۇرى ئاغىنىمىز ئابدۇغېنى ھۆسەيىن بىلەن رەسمىي تونۇشتۇق، ئۇ بىز يەكەندىكى مەزگىلدە ماشىنىسى بىلەن قىزغىن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ تۇرۇۋالدى.

بىز «تارىم» ئاشخانىسىدا چۈشلۈك تاماق يەپ چىقىپ، ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى موزدۇز بالىنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ئاياغ مايلاتقاچ ئىختىيارسىز تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق ۋە باتۇر روزى بىلەن پەرھات تۇرسۇن ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ كەتتۇق. شۇ ئارىدا مەن موزدۇز يىگىتنىڭ ئايىغىمىزنى تۈجۈپىلەپ مايلاۋاتقاچ گېپىمىزگە قۇلاق سېلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدىم.

— هوي ئاغىنىلەر، — دېدىم مەن سۆھبەتداشلىرىمنى سۆزدىن توختىتىپ، — ئۆتكەن يىلى بىر تاكسىغا چىقساق تاكسى شوپۇرى ئەدەبىياتسۆيەر بولۇپ چىققاندى، بۇ موزدوز ئاغىنىمىزمۇ كىتاب ئوقۇيدىغانلار دىنمۇ نېمە؟

سۆزۈمنى ئاڭلىغان موزدوز يىگىت سۈس كۈلۈمسىرەپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە:

— سىلەرنىڭ بىردەملىك سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولغاندەك بولدۇم. سىلەرگە ئوخشاش خېرىدارلارغا خىزمەت قىلغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، مەنمۇ كىتاب ئوقۇيمەن، ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرىمەن، — دېگىنىچە سايمان ساندۇقىدىن جالالىدىن بەھرامنىڭ «مېھرگىياھ» ناملىق رومانىنى، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنى چىقاردى.

— يا پىرىم، مانا دېمىدىممۇ، — دېدىم مەن ياقامنى تۇتۇپ، — بۇ يەكەن دىيارى ئاجايىپ يۇرتكىنا، ئۇچرىغانلا ئادەم كىتابخۇمار بولۇپ چىقتى، مەن ئۆتكەن قېتىمقى ئەدەبىي خاتىرەمدە بۇنى «يەكەندىن ئىبارەت قەدىمكى پايتەختتىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ چوڭكۇندىسىدىن بىزگە بېشارەت بەردى» دەپ يازغاندىم. بۇ دېگىنىم بۇ قېتىم يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. يەكەندىكى مەدەنىيەت ھاۋاسىنى نېمىلا دەپ تەرىپلىسەك ئەرزىيدىكەن!

يەكەندە توختى مۇھەممەتكام ئاچقان «ئارش» كىتابخانىسى، نۇرمۇھەممەت ئايۇپ ئاچقان «ئابىدە»كىتابخانىسى قاتارلىق شەخسىي كىتابخانىلارنىڭ كۆپلۈكىمۇ بۇ قارىشىمىزنى ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى.

بىز موزدوز يىگىت بىلەن قىزغىن خوشلاشقاندىن كېيىن ئەكبەر داۋۇت، نۇرمۇھەممەت ئايۇپ، ئابدۇرېشىت سۇلايمان قاتارلىق بەشەيلەن ئابدۇغېنى ھۆسىيىننىڭ ماشىنىسىدا خەتتات دوستىمىز ئەكبەر ئۆمەر ۋولقانى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن پوسكام ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئابدۇغېنى ھۆسىيىن كىتابخۇمار بولۇپلا قالماي، يەنە ناھايىتى پاراڭچى، قىزىقچى ئىكەن، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن يۇمۇرلۇق ئىشلارنى قىزىقچىلىق بىلەن سۆزلەپ بېرىپ، بىزنى راسا كۈلدۈردى. كۈلكە - چاقچاق بىلەن قىرىق كىلومېتىر يولنى قانداق بېسىپ تۈگەتكەنلىكىمىزنى تۇيمايلا، پوسكامغا كىرىپ قالدۇق. بىز تېلېفوندا دېيىشكىنىمىز بويىچە تۆت كوچىدا ئەكبەر ئۆمەرنى ساقلاپ تۇردۇق. كاللامدا: «قانداقراق بىرسى كېلەر، قاياقتىن كېلەر؟» دېگەن ئويلار ھۆكۈمران ئىدى. چۈنكى، بىز ئەكبەر ئۆمەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان بولۇپ، بۇمۇ بىر پاكىز

ئىتىقادلىق ئەدەبىيات مۇخلىسلىرىنىڭ ھېكايىسى ئىدى. ئەكبەر ئۆمەر ۋولقانى پوسكام ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدىغان خەتتات ۋە قەلەمكەش بولۇپ، بىز دەسلەپتە تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، پىكىر-لىشىپ تۇردۇق. كېيىن ئاستا ـ ئاستا پىكىرلىرىمىز چوڭقۇرلىشىپ، نەتىجىلىرىمىزنى ئۆزئارا تەبرىكلىشىپ، تېلېفوندىلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. مەن بۇ قېتىم جەنۇبقا ماڭغاندا ئالدىراپ جەنۇبتىكى دوستلارغا خەۋەر قىلمايلا ماڭغاندىم. لېكىن، ئەكبەر ئۆمەرنىڭ كۆڭلى تۇيغاندەك شۇ مەزگىلدە ئىشخانىغا تېلېفون ئۇرۇپ مېنى سوراپتۇ، ئىشخا-نىدىكىلەر مېنىڭ جەنۇبقا كەتكەنلىكىمنى ئېيتقاندىن كېيىن يانفونۇمغا تېلېفون ئۇردى، بۇ چاغدا مەن ئاقسۇغا كەلگەنىدىم. ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، بىزنى چوقۇم پوسكامغا كېلىشكە تەكلىپ قىلغانىدى.

خىياللىرىمنىڭ ئاخىرى چىققۇچىلا، كېلىشكەن بىر يىگىت موتسىك-لىت بىلەن كېلىپ، موتسىكلىتتىن ئالدىراپ چۈشتى ـ دە، قۇچاقلىرىنى كېرىپ بىزگە يېقىنلاشتى. بىز ئەكبەر ئۆمەر بىلەن ئۇزۇن يىل كۆرۈش-مىگەن دوستلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق. مانا بۇ ئەدەبىياتچىلارنىڭ پاك، ھەقىقىي، غەرەزسىز دوستلۇقى ئىدى. پوسكامدىكى يېرىم كۈن ۋاقتىمىز ئەكبەر ئۆمەرنىڭ قىزغىن ساھىبخانلىقى بىلەن ناھايىتى كۆ-ڭۈللۈك ئۆتتى، ئۇ مەكتەپتە ئىشلەش بىلەن بىرگە يەنە «ۋولقانى كومپيۇ-تېر ئېلان بېزەكچىلىكى» دۇكىنى ئاچقانىكەن، سودىسىمۇ ياخشى ئىكەن. بىز ئۇنىڭ جاسارەت ۋە پاراستىگە تەھسىن ئوقۇدۇق. بۇنچە قىسقا ۋاقىت-تا بىر ـ بىرىمىزگە قېنىپ بولالمىغاچقا، ئۇنى كەچتە يەكەنگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ يەكەنگە قايتىپ كىردۇق.

كەچتە يەكەن ناھىيە بازىرىدىكى «نورۇز» رېستورانىدا ناھىيىلىك ئەدە-بىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، يازغۇچى توختى مۇھەم-مەت، يەكەن دەريا باشقارمىسىنىڭ كادىرى، تونۇلغان يازغۇچى دوستىمىز ياسىنجان سادىقلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئەركىن ئابلىز، ئەكبەر ئۆمەر ۋولقانى، مۇھەممەت ئەخمىدى، نۇرمۇھەممەت ئايۇپ، مۇھەممەت تۇرسۇن، ئابلىمىتخان قاتارلىقلار جەم بولدۇق. سورۇندا بولۇنغان مۇلاھىزىلەر مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى: ھازىر كۆپ قىسىم زەردارلار، پۇلى بارلار كىتاب ئو-قۇمايدۇ، كىتاب سېتىۋالمايدۇ، كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ پۇلى يوق. لې-كىن، بۇ زەردار بايلار بىرەر ناخشىچىنى، سەنئەتكارنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنىڭ قولىغا سۆيگەندەك قىلىپ، سورۇن ئۇيۇشتۇرۇپ مېھمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ تېلېۋىزوردا تەكرار ـ تەكرار ئېيتىلىپ كونىراپ كەتكەن بىرەر

ناخشىسىنى ئاڭلىغۋالغانلىقىدىن، بىر سورۇندا ئولتۇرۇۋالغانلىقىدىن ماختىنىپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، شۇ ناخشا ـ مۇزىكىلارنى يېزىپ بەرگەن يازغۇچىلار بىلەن كارى يوق. سەنئەتكارنىڭ قەدىرلىنىپ، يازغۇچىنىڭ بىر چەتتە قېلىشىدەك بۇ ئەھۋال نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ خەلقىمىزدە يەنىلا مەدەنىيەتنىڭ تاشقى پوستىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىر دەملىك ھاياجانغا ئەگىشىپ كېتىدىغان، شۆھرەتپەرەسلىكنى قوغلىشىدىغان، سەنئەتنى قارىغۇلارچە ياخشى كۆرىدىغان خاھىشنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ يازغۇچىلارنىڭلا ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ پاجىئەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ياسىنجان سادىق ۋە «جاللات خېنىم»

28 ـ سېنتەبىر، يەكەن. بۈگۈن سەھەردە توختى مۇھەممەتكام ماشىنىسىنى ئۆزى ھەيدەپ بىزنى يەنە زىيارەتكە ئېلىپ ماڭدى. دوستىمىز ياسىنجان سادىق يۇمۇرلۇق پاراڭلىرى بىلەن بىزنى كۈلدۈرگەچ ساياھەت يېتەكچىلىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، بارغان جايلىرىمىزنى چۈشەندۈرۈپ ماڭدى. بىز «غوجا مۇھەممەت شېرىپ(ھەزرىتى پىر)مازىرى» نى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن «غوجا مىڭدۆڭ» گە كەلدۇق. بۇ يەر ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆنچىلىك كەنتىگە جايلاشقان بىر ئېگىز دۆڭلۈك بولۇپ، دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى ھەر خىل پاكار چاتقاللار، بوران، يامغۇردا ئۇپراپ ئارانلا ئىزى قالغان كونا قەبرىلەر، شامالدا لەپىلدەپ تۇرغان تۇغ ـ ئەلەملەر بۇ يەرنى غېرىب، سىرلىق تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ياسىنجان سادىق بۇ يەرنىڭ ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرگىدەك ۋەھىملىك تارىخىنى سۆزلەپ بەردى ۋە «جاللات خېنىم» ناملىق رومانىنىڭ يېقىندا نەشردىن چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەسلىدە «جاللات خېنىم» دەپ ئاتالغان مۆھتەرەم خېنىم (يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى تۇرپاننىڭ نائىبى ئەمىرى سۇلتان سەئىد باباخاننىڭ قىزى، سەئىدىيە خانلىقىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن مۇھەممەدئىمىن باھادىرخاننىڭ سىڭلىسى، ئاپاق غوجىنىڭ 4 ـ خوتۇنى، 1680 ـ يىللاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، ئاپاق غوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچ يېرىم يىل تەختتە ئولتۇرغان. ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، سەئىدىيە خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىگە تەھدىت دەپ قارىغانلىكى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، «جاللات خېنىم» دەپ نام چىقارغان، 1698 ـ يىلى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.) مۇشۇ دۆڭلۈكتە ئاق تاغلىق مىڭ

ئەللىك ئالتە كىشىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ، قىنىدا تۇگمەن چۆرگەنىكەن.
بۇنى ئاڭلاپ مەن «ئاللا كارامەت» دەپ ياقامنى تۇتتۇم ۋە شۇنچىلىغان نۇرغۇن، زور ۋەقەلەرگە، دەريادەك ئاققان قانلارغا، تاغدەك دۆۋىلەنگەن جەسەتلەرگە، كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان مەدەنىيەت مىراسلىرىغا گۇۋاھ بولغان تەۋەررۇك يەكەنگە قايتىدىن ھۆرمەت نەزىرىم بىلەن تىكىلدىم. دەرۋەقە، كۆپ ئۆتمەيلا بىز ئىقتىدارلىق يازغۇچى دوستىمىز ياسىنجان سادىقنىڭ ئىككى توملۇق يىرىك تارىخىي رومانى — «جاللات خېنىم» نى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇق. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ رومان بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى چوڭ ھەجىملىك تارىخىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيتتى. مەن كىتابنى بىرلىپ ئوقۇش جەريانىدا ياسىنجاننىڭ بۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن ئىنتايىن جاپالىق ئىزدەنگەنلىكىنى، زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم ۋە ياسىنجاننىڭ بەدىئىي ئىستېداتىغا، قەلەم ماھارىتىگە، تارىخىي ۋەقەلەرگە نىسبەتەن شۇنچە ئەستايىدىللىقىغا ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇدۇم. مەن ياسىنجاننى مۇبارەكلەپ تېلېفون قىلدىم:
— كىتابنى ھەقىقەتەن ياخشى يېزىپسىز، تەڭرى زادى سىزگە يېزىقچىلىق جەھەتتە ئاجايىپ تالانتنى بېرىپتىكەن، — دېدىم مەن تېلېفوندا ياسىنجانغا چاقچاق قىلىپ، — لېكىن كىتابىڭىزدىن ئاق تاغلىقلارغا سەل يان بېسىپ كەتكەندەك كەيپىياتنى سېزىپ قالدىم! ئاق تاغلىقلارنى تەتقىق قىلىمەن، دەپ ئۇلارنىڭ جەررە - سامالىرىغا قاتنىشىپ ئايلىنىپ ۋېرىپ، بېشىڭىز قېيىپ قالغانمۇ، قانداق؟ يەنە بىرى جاللات خېنىمنى پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن سۈپەتلەپ، گۈزەللەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ كېتىپسىز، ئۇ - زىڭىز تەسۋىرلەپ يارىتىپ، ئۆزىڭىز ئاشىق بولۇپ قالدىڭىزمۇ، نېمە؟
— توغرا، ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن ئاق تاغلىق سوپىلارنىڭ جەررە - سامالىرىغا خېلى قاتنىشىپ باقتىم، لېكىن كىتابتا ئىككىلا تەرەپكە ئوخشاش باھا بەرگەندەك قىلغانتىمغۇ؟ جاللات خېنىمغا كەلسەك، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىككىلا تەرەپتىكىلەرنى قاتتىق باستۇرۇش تەدبىرىنى قوللانمىغان بولسا، ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرالمايتتى. لېكىنمۇ كاساپەت، ئاجايىپ چىرايلىق، ئۇز ئايالىتىدە، ئۇ! — دەپ جاۋاب بەردى ياسىنجان چاقچىقىمغا جاۋابەن. ياسىنجان ئادەتتە شۇنچە خۇش چاقچاق، قىزغىن، پاراڭخۇمار، سەممىي بولۇپ، بىرلا كۆرگەن كىشىدە يېقىنلىق، ئۆزلۈك تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىكەن، ئادەتتە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغان ئاددىي،

يۇمۇرلۇق سۆزلىرى بىلەن كىشىگە ئاددىي ئادەملەردەك تۇيغۇ بېغىشلايدى-
كەن. لېكىن، قەلەمنى قولىغا ئالسىلا شۇنچە پاساھەت بىلەن يېزىلىۋاتقان
ھېكايىلىرى، مول ھوسۇللۇق نەتىجىلىرى كىشىنى ئىختىيارسىز قايىل
قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ياش تۇرۇپلا ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدە قولغا كەل-
تۈرگەن شۇنچە زور نەتىجىلىرىدىن ھەممىمىز سۆيۈنۈشكە تولدۇق.

چۈشتە بىز يەكەن مەدەنىيەت باغچىسىدىكى ئاممىۋى مەشرەپكە قاتناش-
تۇق. بۇ ھەر يەكشەنبە كۈنى دېھقانلار ئىستىخىيلىك ھالدا يىغىلىپ،
ئۆتكۈزىدىغان مەشرەپ بولۇپ، بۇ كۈنى جاپاكەش دېھقانلار باغچە ئىچىدىكى
مەيداندا جۇشقۇن مۇزىكىلارنى چېلىپ، قىزغىن ئۇسسۇللارنى ئويناپ،
دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى، تۇرمۇشنىڭ قاتتىق بېسىمىنى ئۇنتۇيدى-
كەن. مەيداندا چۆرىدەپ ئورنىتىلغان ئورۇندۇقلاردا، داق يەردە ئولتۇرغان
ئاق دوپپىلىق، ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار، مەيدىسىدە چوپۇر تۈكلىرى كۆ-
رۈنۈپ تۇرغان يالاڭئاياغ ئەرلەر، بېشىغا چېكىملەپ ياغلىق چىگىپ، بوپۇ-
سىنى يېنىغا قويۇۋالغان ئاياللار، كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەن، ساقال-
لىرى مەيدىسىگە چۈشكەن قوغۇنچى بوۋاي، كونا كىيىملەرنى كىيىۋالغان،
داق يەرگە بىر كىچىك پالاسنى يېيىۋېلىپ گازىر سېتىۋاتقان ياشانغان ئا-
يال، قىزغىن قارتا ئويناۋاتقان ياشلار، لەڭپۇڭچى، زاسۇيچىلار بۇ يەردە قە-
دىمكى زامان پۇرىقىنى ئەسلىتىدىغان ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى ھاسىل
قىلغاندى. ئۈستىگە ئۇزۇن كۆك كۆڭلەك، كۆك ئىشتان كىيىۋالغان،
كۆك ياغلىق چىگىپ، ساپما كەش سۆرىۋالغان يەتتە ياشلار چامىسىدىكى
بىر قىز مەيداننى توختىماي ئايلىنىپ، ھەر بىر خېرىدارغا تەلمۈرۈپ
قاراپ، قولىدىكى قىزىلغا بويىۋالغان تۇخۇملىرىنى سېتىۋاتاتتى. مەشرەپ
باشلىنىشى بىلەنلا دېھقانلار بەس - بەس بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ، جۈپ -
جۈپ بولۇپ بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئويناشقا باشلىدى. ئۇلار ئۇسسۇلنى
شۇنچىلىك بېرىلىپ ئوينايتتىكى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پۈتۈن دۇنيا، پۈتۈن
مەئىشەت مۇشۇ مەيدانغا، مۇشۇ دەقىقىلەرگە مۇجەسسەملەنگەندەك قىلاتتى.
ئۇلار دۇنيانى ئۇنتۇلدۇرغۇچى مۇشۇ ئۇسسۇللىرى بىلەن خۇشاللىق تاپات-
تى، بەختكە ئېرىشەتتى. توغرا، قاتمۇ - قات سېلىقلار، تۈگىمەس تۇرمۇش
بېسىملىرى دەستىدىن ھاياتىدا قىلچىمۇ خوۋلۇق كۆرمەيدىغان بۇ بىچارە
دېھقانلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلدىن باشقا يەنە نېمە خۇشاللىقى بولسۇن؟
ئۇسسۇل بەش ئۆزگىرىش بويىچە داۋاملاشقاندىن كېيىن ئاخىرى مەيداندى-
كى ھەممەيلەن ئايلىنىپ ئويناشقا باشلىدى. مەشرەپ قىسمىدا نازىركوم
تېكستى ئېيتىلىپ، ھەر ئىككى ئۇسسۇلچى روبىرو قارىشىپ، بىر - بى-

رىنىڭ قولىرىنى شاپىلاقلاپ، مەيدانىنى قىزىتىۋەتتى. مېنىڭمۇ قانلىرىم قىزىپ، مۇشۇ دېھقان قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاشلا ھاياجانلىنىپ كەتتىم.

## ئاخىرقى تەسىراتلار

مەشرەپ تۈگىگەندىن كېيىن دوستىمىز توختى مۇھەممەت بىلەن يا-سىنجان سادىق بىزنى يېڭى بازارغا ئېلىپ باردى. يېڭى بازار دېگىنى توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان، كىشىگە پۈتۈن يەكەننىڭ ئادى-مى مۇشۇ يەرگە يىغىلىۋالغاندەك تەسىرات بېرىدىغان قاينام - تاشقىنلىق دېھقان بازىرى ئىكەن. بازارنى خېرىدار چاقىرىپ توۋلىغان: «ھە، ما ئۈچ يېرىم كوي! ئەنجۈر يىلىك، تونۇيدىغان مېھمانلار بىلىك!» دېگەندەك ئاۋازلار بىر ئالغان بولۇپ، نەچچە مىڭلىغان ئالامان دېڭىز دولقۇنىدەك داۋالغۇيتتى. كىشىلەرنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭ بازارنىڭ ئۈستىدە بىر قەۋەت قېلىن پەردە ھاسىل قىلغانىدى. بۇ بازار دېھقانلارنى ئاساس قىلغان ھەر خىل كىيىنگەن خېرىدارلار، تۈرلىرى تولۇق ھەم ئەرزان بولغان تاۋارلار، تار يوللارغا بۆلۈنگەن، سايىۋەنلىك بوتكىلار، قو-يۇق يەرلىك تۈس ئىپادىلىنىپ تۇرغان تىجارەت شەكلى بىلەن ئۇيغۇر بازارلىرىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەنىدى.

بازاردىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن قەدىردان دوستلىرىمىز توختى مۇھەممەت، ياسىنجان سادىقلارغا چوڭقۇر تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، ئۇلار بىلەن كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ ئاۋۋال قەشقەرگە، كەچقۇرۇن ئاتۇش شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە بىزنى كۈتۈپ تۇرغان قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىدىكى دوستىمىز رۇقىيە، قەلەمكەش ئا-غىنىلىرىمىزدىن ئەنۋەرجان سادىق، مۇھەممەتجان سەيدۇللالار بىلەن دىدارلىشىپ، قىزغىن سۆھبەتلەشتۇق.

29 - سېنتەبىر، ئاتۇش. بۇ كۈنى دوستلىرىمىز رۇقىيە، تۇرسۇنـ-جانلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان ئۇستۇنئاتۇش يېزىسىنىڭ ئېكساق كەنتىگە كەلدۇق. بۇ-گۈن سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بولۇپ، ماشىنا شىنجاڭ تارىخىدا قو-رۇلغان تۇنجى پەننىي مەكتەپ — ئېكساق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دەرۋازىدىن كىرگەنلا جايغا خەلقىمىز ئارىسىدا تۇنجى مەرىپەت مەشئىلىنى ياققان، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى باۋۇدۇن مۇسابايوف (1851 ~ 1928) بىلەن ھۈسەن مۇسابايوف

(1844 ~ 1926) نىڭ مەشئەل تۇتۇپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئىكساق مەكتىپىنى يەتتە ئەۋلادقىچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان يۇقىرىقى ئىككى ئاكا - ئۇكا قۇرغان بولۇپ، دەسلەپكى ئاساسى 1873 - يىلى سېلىنغان، 1885 - يىلى ياۋروپانىڭ مائارىپ ئەندىزىسى ئاساس قىلىنىپ، رەسمىي پەننىي ئوقۇتۇش يولغا قويۇلغانىكەن. بىر يۈز يىگىرمە يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان بۇ مەك- تەپتە ھازىر ئوتتۇز ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى، ئون تۆت سىد- نىپ، تۆت يۈز ئالتە ئوقۇغۇچى بار ئىكەن.

بىز مەكتەپ ھويلىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە بىر ئوقۇتقۇچى يېنىمىزغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى - دە، بىزنى ئىشخانىغا تەكلىپ قىلدى، ئىشخانىغا كىرگىنىمىزدە مەكتەپنىڭ 28 - قېتىملىق مۇدىرى كامىل ئەنۋەر بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ۋە بىزنى باشلاپ، مەكتەپ تارىخى مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. مەك- تەپ مۇدىرى كامىل ئەنۋەرنىڭ ئاتىسى ئەنۋەر ئەپەندىمۇ 1910 - يىلدىن 1915 - يىلغىچە ئىكساق مەكتەپتە ئوقۇغان، 1915 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە مەكتەپ مۇدىرى بولغان مەرىپەتپەرۋەر زات ئىكەن. بىز بۇ مەك- تەپتىكى مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى، يۇقىرى ساپا- سىدىن ھەقىقەتەن شىنجاڭ تارىخىدا قۇرۇلغان تۇنجى مەكتەپ ئوقۇتقۇچى- لىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئالىيجاناب روھنى كۆرگەندەك بولدۇق. ئىكساق مەكتىپىدىن يېنىپ، سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنى، شىتاچى مەسچىتى- نى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتتۇق. بۇ يەردە بىزنى كۈتۈپ تۇرغان يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرى، ياز- غۇچى دوستىمىز قۇربان ئەمەت بىزنى ئۇدۇل يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە ئې- لىپ چىقىپ كەتتى. بىز ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۆيىنى پەتىلەپ، قۇرباننىڭ ئايا- لى، يازغۇچى ئادالەت ھەبىبۇللا بىلەن دىدارى مۇلاقات بولغاندىن كېيىن ئەدەبىيات ھەققىدىكى قىزغىن سۆھبەتكە چۆشۈپ كەتتۇق.

قۇربان ئەمەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىزمىتى شۇنچىلىك ئالدىراش بولسىمۇ، يەنە ۋاقىت چىقىرىپ توختىماي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. مەن ئۇ- نىڭ يېزىپ تەييار قىلىپ قويغان، نەسر ژانىرىنى ئاساس قىلغان شۇنچە كۆپ قوليازما ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىغا ھەيران قالدىم ۋە بۇ ئەسەرلىرىنى تېزراق كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش تەكلىپىنى بەردىم. قۇربان ئەمەتنىڭ نەسرلىرى كۆپ

بولۇشىغا قارىماي، سۇپەتلىك، ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇسلۇبتا يېڭىلىق ياراتقاندى. مەن شۇنىڭغا قاراپ قۇربان ئەمەتنى ئەدەبىياتىمىزدىكى مەمۇرىي ۋەزىپە بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغان، خىزمىتى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ يەنىلا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچى ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قانچە يىلدىن بېرى زور ھەجىمدىكى بىر ئەسەرگە ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئەسەردە خۇددى مەشھۇر قىرغىز يازغۇچى چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «قىيامەت» ناملىق مەشھۇر رومانىغا ئوخشاش تارىخ، بۈگۈن، كەلگۈسى، ئوغۇزخان قاتارلىق ئەجدادلار ۋە بۈگۈنكى ئادەملەر، رېئاللىق ۋە فانتازىيە، ھاياتلىقنىڭ ھەر خىل قاتلاملىرى، ھەر خىل كەسپلەر ئۆزئارا گىرەلەشمە ھالدا تەسۋىرلىنىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. بىز شارابنىڭ ئېغىر مەستخۇشلۇقى ئىلكىدە بۇ ئەسەرنى قانداق يېزىش ھەققىدە بىر كېچە مۇنازىرىلەشتۇق...

30 ـ سېنتەبىر چۈشتە ئەكبەر داۋۇت ئىككىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان ئۇنتۇلماس، ئەھمىيەتلىك سەپىرىمىزنى تاماملاپ، ئالىي دەرىجەلىك ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بىلەن قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

2004 ـ يىلى 2 ـ، 5 ـ ئايلاردا تۇرپاندا يېزىلدى.



ئاپتور بىر قىسىم يازغۇچى، ئەدىبلەر بىلەن بىللە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەبرىسى ئالدىدا. ئالدى رەت ئوڭدىن: قۇربانجان، ئەكبەر داۋۇت، پولات ھېۋزۇللا، ئابلەت ئابدۇرېھىم، ياسىن نىياز، راخمانجان ئاۋۇت، ئۇمىد غەنى، ئەنۋەر ئابدۇگول، ھەبىبۇللا رەجەپ؛ ئارقا رەت ئوڭدىن: ئەزىزى، يالقۇن روزى، ئىمىنجان، ئەختەم ئۆمەر، ھېمىت نىياز، ئابلىز نىياز، مۇھەممەت باغراش، قاسىم سىدىق، ئىبراھىمجان ئابلەت.



# قىممەتلەردىن چەشلىدىڭ خامان

## — مەرھۇم شائىر، مائارىپچى رېشىت مەخسۇت ھەققىدە خاتىرىلەر

«ئۆلۈپ كەتسە بولدى رەھمەتلىك،
كەلمەيدىكەن كەتمەنلەنگەنلەر ...»

ھەر قېتىم مۇشۇ ناخشىنى ئاڭلىغىنىمدا بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز كەتكەن، ھاياتىمنىڭ قۇياشلىرى بولغان مەرھۇملاردىن ئاتام سىدىق باقى، ئاپام ھاۋاخان مۇقىيىت، ئۇستاز شائىر رېشىت مەخسۇت، مەرىپەتپەرۋەر دېھقان تاغام غوپۇر روزى قاتارلىقلار كۆڭۈل ئېكرانىمدا نامايان بولىدۇ. ئۇلارنى ساناپ تۈگەتكۈسىز پەزىلەت - خىسلەتلىرى، ماڭا ۋە جەمئىيەتكە سىڭدۈرگەن ئەجىر - مېھنەتلىرى، كىشىگە ئاتا قىلىدىغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببەتلىرى بىلەن سېغىنىپ - سېغىنىپ ياد ئېتىمەن. «ئادەم دۇنياغا نېمە ئۈچۈن تۆرىلىدۇ، نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ» دېگەن سوئاللارنى ئويلىغىنىمدا دەل يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ مېھنەتلىك، مەنىلىك ھاياتىدىن بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپقاندەك بولىمەن. بولۇپمۇ مۆھتەرەم ئۇستاز، شائىر رېشىت مەخسۇت ۋاپاتىغا ئىككى يىل تولغان كۈنلەردە ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشىم بارغانچە كۈچىيىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان چاغلاردىكى كۆڭۈللۈك خاتىرىلەر، مەرھۇم ھەققىدىكى ھەر خىل تەسىراتلار، ھېس - تۇيغۇلار، ھۆرمەت، قايىللىق ھېسسىياتلىرى بارغانچە ئۇلغىيىپ، قولۇمغا قەلەم ئېلىشىمغا تۈرتكە بولدى. كۆڭۈل تۇيغۇلىرىمدىن ۋە بىۋاستە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمدىن ئايانكى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تالاي سورۇنلاردا مەرھۇم شائىر رېشىت مەخسۇتنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ، ياد ئېتىشىدۇ. ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى يەنە تالايلىغان كىشىلەر ئېغىزىدىن چىقارمىسىمۇ، كۆڭلىنىڭ پىنھان يېرىدە مەرھۇمغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش، ھۆرمىتىنى مەڭگۈ ساقلايدۇ. يۇقىرىقىلار ھەقىقىي ئادەمىيلىك-

---

*سۈرەتتە ئوڭدىن: مەخسۇت ئەكبەر، ھېمىت نىياز، قاسىم ئابدۇمەت، رېشىت مەخسۇت.*

ننىڭ قىممىتى بولماي نېمە؟ دەۋرلەردىن دەۋرلەرگىچە ئۆلمەس نام قالدۇ-رۇش، ئەل قەلبىدە يادلىنىش ئاسانمۇ؟ بۇنداق شەرەپ ناھايىتى ئاز ساندى-كى كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مەن دەل كۆپچىلىكنىڭ مەر-ھۇم ھەققىدىكى بايانلىرىنى قەلەمگە ئالغۇچىلارنىڭ بىرى، خالاس.

## مەسئۇلىيەتچان شائىر

مەن مەرھۇم شائىر رېشىت مەخسۇت بىلەن 1993 - يىللاردا تونۇشقان ئىدىم. بۇ چاغلار مېنىڭ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، «تۇرپان گېزىتى» ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان، ئەدەبىياتقا ئەھلىگە ئوتتەك ھەۋەس قىلىدىغان، رېشىت مەخ-سۇتقا ئوخشاش تونۇلغان شائىر، يازغۇچىلارنى گويا ئىلاھقا ئوخشاش سىر-لىق ۋە ساماۋى ئورۇندا تەسەۋۋۇر قىلىدىغان ۋاقىتلىرىم ئىدى. شائىر تەھرىر بۆلۈمىگە ئەسەر ئەكىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن پات - پات كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ھەر قېتىم سالماق قەدەملەر بىلەن ئالدىرىماي مېڭىپ، ئىش-خانىغا كىرىپ كەلگىنىدە ھەممىمىز ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتۇق. ئەگەر بىزنىڭ ئىشىمىز ئالدىراش ۋاقىت بولسا، ئۇ ھەممىمىز بىلەن بىرەر قۇر ئەھۋال سورىشىپ بولۇپلا ئەسەر ئورىگىنالىنى بېرىپ قويۇپ، «سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئالدىراش، مەن دەخلى قىلماي» دەپ ئۇتقىنىمىزغىمۇ ئۇنىماي قايتىپ كېتەتتى. ئەگەر سەل بوش ۋاقتىمىز بولسا، ئولتۇرۇپ بىز بىلەن قىزغىن پاراڭلىشاتتى.

شائىر دائىم ئەسەر ئەكەلگەنىدە ھەربىر ۋاراق ئىش قەغىزىگە ئىككىدىن رۇبائىينى (شائىر كۆپرەك رۇبائىي ئېلىپ كېلەتتى) چىرايلىق، رەتلىك كۆچۈرۈپ، ئېلىپ كېلەتتى. ئەسەرنى مۇھەررىرگە بەرگىچە «رۇبائىيلار بەزى نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىدى، قالغىنىنى سىلەر تۈزەپ قويارسى-لەر» دەپ كىچىك پېئىللىق بىلەن ئىپادە بىلدۈرەتتى. ئەسەرنى سۆيلەيدى-غان، «ئەسەرنى ئۆزگەرتىپسىلەر» دەپ ئاغرىنىدىغان ئىشلاردىن خالىي ئى-دى. شائىر 1947 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 2 - دارىلمۇئەللىمىندە ئو-قۇۋاتقان، ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا كىرگەن ۋاقتىدىلا «شىنجاڭ گېزىتى» دە «ئابدۇرېشىت مەخسۇدى» نامىدا شېئىر ئېلان قىلغان بولۇپ، مەرھۇمنى ئەينى يىللىرى تۇرپانلىقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن، يېشى ئەڭ كىچىك شېئىر ئېلان قىلغان، شائىر ئاتالغان كىشىلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شائىر ئازادلىقتىن بۇرۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-

لىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدىكى جاھالەتلىك ۋەزىيەتتىمۇ قىلچە قورقۇپ قالماي، «ئابدۇرېشىت مەقسۇت»، «ئايتولدى» قاتارلىق ئىسىملاردا «تىل»، «ئۆتمۈشتىن كەلمىشكە»، «ئىلىم ئىزدەيلى»، «ئادا قىل» قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭىچە ئىدىيە، ئىلغار پىكىردىكى شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنى نادانلىق، خۇراپاتلىق، جاھالەتتىن قۇتۇلۇشقا، ئىلىم - مەرىپەت ئۆگى-نىشكە چاقىردى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، رېشىت مەخسۇت ۋە ئەينى يىللىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان روزى قادى-رى(روناق)، تۇرسۇن ۋاھىدى، لىتىپ سەمەدى قاتارلىقلارنى ئىلغار، دې-موكراتىك شائىرلاردىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن شائىر تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشتىياق، قىزغىن ھېس-سىيات بىلەن ئىجادىيەتنى داۋاملاشتۇردى. شائىرنىڭ مەسئۇلىيەتچان، غە-رەزسىز، شەخسىيەتسىز روھى شۇ يەردىكى، ئۇ مەيلى ياشلىق مەزگىلىدى-كى ھەر قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق، مەكتەپ مەسئۇللىق ۋەزىپى-لىرىنى ئۆتەۋاتقان چاغلىرىدا بولسۇن، مەيلى ئوتتۇرا ياشقا قەدەم قويغان ۋاقتىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا ئوخشاش ئاپەتلىك يىللاردا تالاي كۆلپەتلەرگە دۇچار بولغاندا بولسۇن، مەيلى ئەللىك ياشتىن ھالقىغان مەزگىلدىكى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى، مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەپ، مۇئاۋىن نا-ھىيە دەرىجىلىك ئورۇنغا ئېرىشكەن ۋاقىتلىرىدا بولسۇن قەلىمىنى بىر كۈنمۇ تاشلاپ قويمىدى. ئۇ يازغاندىمۇ ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئەمەلىي نەپ بې-رىدىغان، مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان ئەسەرلەرنى يازدى. شائىرنىڭ پەل-سەپىۋى قىممەت، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە تويۇنغان ھەر بىر پارچە رۇبا-ئىيسى خۇددى جىددىي ئاغرىق توختىتىش دورىسىغا ئوخشاش قەلبى شى-كەستىلەنگەن ھەر بىر ئوقۇرمەنگە دەرھال ھاياتبەخش تۇيغۇ، تەسەللى بې-غىشلىدى. شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رېئال مەسىلىلەر تېما قىلىنغان، يامان ئىللەت، كەيپىياتلار پاش قىلىنغان، ياخشى ئىش - ھە-رىكەتلەر مەدھىيىلەنگەن، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى تۇيغۇلار ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رۇبائىيلىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يادلىنىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ، تەۋەررۈك مىراس سۈپىتىدە ساقلىنىپ، خەلقنىڭ مە-نىۋى بايلىقىغا ئايلاندى. شائىرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى شۇ يەردىكى، ئۇ ھەرگىزمۇ مەنسەپ، شۆھرەت، پۇل، ئابرۇي تەمەسىدە بولمىدى، بەلكى، شەخسىيەتسىز، تەمەسىز تۇيغۇدا خەلق قايسى ۋاقىتتا نېمىگە ئېھتىياج-

لىق بولسا شۇنى يازدى. باشقارما باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خىزمە-تى ئالدىراش بولۇپ كەتكەن شائىرنىڭ ئىجادىيەتتىنى بىر كۈنمۇ توختى-تىپ قويمىدى. مەن بىر قېتىم شائىردىن: «ئۆزلە ئىزچىل ‹تۇرپان› ژۇر-نىلى ۋە ‹تۇرپان گېزىتى›، گە ئەسەر بېرىپ كېلىۋاتىدىلا، ئېلان قىلغان رۇبائىيلىرى خەلقنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولۇۋاتىدۇ، نېمە ئۇ-چۇن ئەسەرلىرىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەتبۇئاتلارغىمۇ ئەۋەتىپ بەرمەيدىلا» دەپ سورىدىم. شائىر ۋەزمىنلىك بىلەن: «مەيلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەتبۇئات بولامدۇ، مەيلى يەرلىك مەتبۇئات بولامدۇ ئەسەر ئېلان قىلىنىپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشسە، ئۇلار مەنپەئەت ئالسىلا بولدى. مەن تۇرپاندا تۇغۇلۇپ، تۇرپاندا ياشىدىم. جەمئىيەتتە ئارىلىشىش جەريا-نىدا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ئوي - پىكىرلىرى، قەلبىدىكى زىددىيەتلىرىنى رۇبائىيلىرىمدا ئەكس ئەتتۈردۈم. شۇڭا، مەن يۇقىرىقى كىشىلەر بۇ رۇبائىيلىرىمنى كۆرسە قەلبىگە ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد بې-غىشلىنامدىكىن دەپ ئويلايمەن» دېدى. بۇ نۇقتىدىن شائىرنىڭ نەقەدەر مەسئۇلىيەتچان، كەمتەر ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلغىلى بو-لىدۇ. شائىر ھاياتىدا رۇبائىي، پارچە، مەسنەۋىي، غەزەل، مۇخەممەس، مۇختەمىلات ۋە ھەر خىل بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلاردىن بولۇپ، مىڭ پارچىدىن ئوشۇق ئەسەر ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «يۇرتىمىز بوستان بولدى»، «گۈللىگەن تۇرپان»، «بۇيلۇق باغلىرى» ناملىق تېكىستلىرىگە سېلىنغان ناخشىلار كۆپ يىللاردىن بېرى خەلق ئارىسىدا ئىزچىل ئېيتىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ شائىرنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئەڭ زور تۆھپىسى رۇبائىيچىلىق بو-لۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ ئاممىباپ، ھازىر جاۋاب، چوڭقۇر مەنىلىك، جەلپ-كار، تىرەن تۇرمۇش ئاساسىغا ۋە خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بول-غان رۇبائىيلىرى بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا مۇناسىپ ئو-رۇننى ئىگىلەيدۇ.

## مۆھتەرەم ئۇستاز

مەيلى ئۇزۇن يىللىق ئۇستازلىق، يەنى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن بولسۇن، مەيلى پەزىلەت، ھۆرمەت، كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتە باش-قىلارغا ئۇستاز بولۇش نۇقتىسىدىن بولسۇن ۋە مەيلى قەلەمكەشلەرنى، ئە-دەبىي ھەۋەسكارلارنى تەربىيىلەش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بولسۇن رېشىت مەخسۇتنى «ئۇستاز» دېگەن ئۇلۇغ، شەرەپلىك نامغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدى-

غان كىشى دېيىشكە بولىدۇ. 1948 - يىلى 5 - ئايدا ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن رېشىت مەخسۇت شىنجاڭ ئۆلكىلىك 2 - دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئانا مەكتىپى بولغان تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنىدى. 1953 - يىلى 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئالمايلا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە بىۋاستە قاراشلىق نۇقتىلىق مەكتەپ بولغان تۇرپان يېڭىشەھەر باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان 1 - ئوتتۇرا مەكتىپى، ئاستانە ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق، مەكتەپ مۇدىرلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئەلۋەتتە، ئەينى يىللاردىكى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ھازىرقى ۋاقىتتىكىگە سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شارائىت ئىنتايىن جاپالىق، ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىن (ئازادلىقتىن بۇرۇن)، تەمىنات تۆۋەن بولغانلىقى ئۈستىگە بىر ئوقۇتقۇچى ھەممە دەرسنى بېرەلەيدىغان، ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان، ئوقۇغۇچىلارغا ھەممە جەھەتتىن ئۈلگە بولالايدىغان بولۇش تەلەپ قىلىناتتى. دەل مۇشۇنداق شەرتلەرنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغان رېشىت مەخسۇت يىگىرمە نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا ئۆزىنىڭ مول بىلىمى، پەزىلىتى، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدىكى بۈيۈك مەنىۋى ئوبرازغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىچىدىن ناھىيە، نازارەت، ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلار، يازغۇچى، شائىر، پروفېسسورلار، خەلق ئۈچۈن تالاي تۆھپىلەرنى قوشقان مېهنەتكەشلەر يېتىشىپ چىقتى. مەن ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندىكى تالاي سورۇنلاردا خېلى تونۇلغان، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ رېشىت مەخسۇتنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغانلىقىنى، ئۇنى «ئۇستازىم» دەپ ئاتىغانلىقىنى ئاڭلىغان، ئۇستاز رېشىت مەخسۇتنىڭ ھەقىقىي «مۆھتەرەم ئۇستاز» ئىكەنلىكىگە چىن دىلىمدىن قايىل بولغانىدىم.

رېشىت مەخسۇت يەنە ئاپتونوم رايونىمىز، جۈملىدىن تۇرپان ۋىلايىتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇنلىغان ھەۋەسكارلارنى تەربىيىلىگەنىدى. شائىر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان مەزگىللىرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇلارنى يېتەكلەپ، ئەسەرلىرىنى تۈزىتىپ، ئۇلارنىڭ كېيىنكى مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن بولسا، ئوقۇتقۇچىلىقتىن باشقا خىزمەتكە ئالماشقاندىن كېيىنمۇ بۇ خىل «ئوقۇتقۇچىلىق» روھىنى ئىزچىل جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

ئادەتتە شائىرنىڭ نامىنى ئاڭلىغان، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان، ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىش ئىستىكىدە يۈرگەن ھەر خىل كەسىپ، ياشتىكى ھەۋەسكارلار دائىم شائىرنى ئىزدەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇراتتى. شائىر كەلگەن ھەر بىر مېھمانغا قىزغىن، دوستانە، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلاردىكى قورۇنۇشلارنى بىردەمدىلا كۆتۈرۈۋېتەتتى. شائىرنىڭ خانىمى خەلىچخان ھەدىمۇ ئوچۇق چىراي بىلەن مېھمانلارنى قارشى ئېلىپ، داستىخان راسلاپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن پاراڭلىشىۋېلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرەتتى. شائىر ھەۋەسكارلارنىڭ ئەكەلگەن ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ، ئەستايىدىل پىكىر بېرەتتى. ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلاتتى. قىلچە ئېرىنمەستىن ھەۋەسكارلارنى ھەر قايسى مەتبۇئاتلارغا ئۆزى باشلاپ بېرىپ، مۇھەررىرلەرگە تونۇشتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يول تېپىۋېلىشى ئۈچۈن خالىس كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايتتى. شۇڭا، شائىرنى ئىزدەپ كېلىدىغان ھەۋەسكارلار، ئوقۇرمەنلەر، باشقا رايونلاردىن كېلىپ، شائىرغا سالام بېرىش ئۈچۈن ئۆيىگە ئىزدەپ كېلىدىغان يازغۇچى، شائىر، تەتقىقاتچىلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى.

بىر كۈنى شائىر تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىر موزدۇزنى باشلاپ كىردى. بۇ كىشى يېزىقچىلىققا ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ، خېلى كۆپ شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، باشقىلارغا كۆرسىتىشتىن خىجىل بولۇپ يۈرگەن ئىكەن. كېيىن رېشىت مەخسۇت بىر ئۇچرىشىشتا بۇ ئىشنى ئۇقۇپ، ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ، شېئىرلىرىنى بىرەر قۇر كۆرۈپ چىقىپتۇ ۋە بۇ كىشىنى بىز بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئالايىتەن ئۆزى باشلاپ كەپتۇ. مەن شائىرنىڭ بۇ خىل سەمىمىيىتىدىن تەسىرلەندىم ۋە بۇ موزدۇز كىشىنىڭ ياخشى يېزىلغان بىر پارچە شېئىرىنى ئېلان قىلىپ بەردىم.

شائىر خەنزۇ تىلى، ئەرەب، پارس تىلى، چاغاتاي تىللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇ بۇ جەھەتتىمۇ كۆپلىگەن شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەنىدى. ئۇ تۇرپان ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپنىڭ تىل ھەۋەسكارلىرىنى، ياش تالىپلارنى ئوقۇتۇش سىنىپلىرىدا، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا كۆپ قېتىم ئوقۇتقۇچى بولۇپ، تىل ئۆگەنگۈچىلەرگە، تالىپ ۋە دىنىي زاتلارغا ئەرەب تىلىدىن دەرس بەرگەنىدى. ئۇ يەنە خىلمۇ خىل يىغىلىشلاردا دىنىي ئەھكاملارنى، قائىدە ـ يوسۇنلارنى بۇرمىلاپ ئۆزلەشتۈرۈپ، خۇراپاتلىقنى، مۇتەئەسسىپلىكنى تەرغىب قىلىدىغان قىلمىشلارنى پاكىتلار بىلەن تەنقىد قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، دىنىي زاتلار ۋە ئاممىنىڭ ئال-

قىشىغا ئېرىشكەنىدى. دىنىي بىلىملەر جەھەتتىمۇ خېلى - خېلى دىنىي زاتلارغا قارىغاندىمۇ چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇپ، دىنىي سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقانىدى. شۇڭا، يېزىلاردىكى نۇرغۇنلىغان دىنىي زاتلار رېشىت مەخسۇتنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنى «ئۇستاز» دەپ بىلەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن رېشىت مەخسۇت ھەر خىل يىغىلىش، سورۇنلار، مەشرەپلەردىكى ئۇستاز ھېسابلىناتتى. ئۇ ھەر قانداق سورۇندا شۇ سورۇنغا يارىشا قىزىقارلىق، مېغىزلىق، ئەھمىيەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ بېرەتتى، ھېكمەتلەرنى، لەتىپە، چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. شۇڭا، كىشىلەر ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە مەپتۇن بولاتتى، ئۇنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولۇشنى ئىزدەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ھەر قانداق كىشى مەلۇم نەپكە، تەربىيىگە ئىگە بولاتتى. كۆڭلىدىكى تۈگۈنلەر يېشىلىپ كەتكەندەك، ئۆزلىرىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

## مول بىلىملىك ئەدىب

مەرھۇم رېشىت مەخسۇتنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ بالىلىق مەزگىلىدىن باشلاپ تاكى ئاخىرقى تىنىققا قەدەر توختىماي ئۆگەنگەن، ئۆزىدە مول بىلىملەرنى ھازىرلىغانىدى.

شائىرنىڭ ئاتىسى مەخسۇت مۇھىت ئەينى يىللىرى مەدرىسەلەردە كۆپ ئوقۇغان، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن خەۋىرى بار، ئاستانىدە تونۇلغان ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىدى. ئۇ كىشى كىچىك رېشىت مەخسۇتقا دائىم جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋىي» ناملىق كىتابىنى، نەۋائىي، شاھ مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ غەزەللىرىنى، شەيخ سەئدىنىڭ «بوستان»، «گۈلىستان» ناملىق كىتابلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇزۇن تۈنلەردە خەلق چۆچەكلىرىنى، قوشاقلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ خىل مۇھىت رىشىت مەخسۇتتا كىچىكىدىن باشلاپ ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان، ئۆگىنىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىدى. بۇ خىل ئادەتنىڭ تۈرتكىسىدە رېشىت مەخسۇت بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپلا مەشرەپلەردە ئېيتىلىدىغان ناخشا - قوشاقلارنى كۆچۈرۈپ، يادلاپ يۈردى. 1940 - يىلى يېڭىچە پەننىي مەكتەپ بولغان ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. رەسمىي ئۆگىنىش ھاياتى بولغان، شىنجاڭ ئۆلكىلىك 2 - دارىلمۇئەللىمىندە

ئوقۇغان 1946 ـ يىلىدىن 1948 ـ يىلىغىچە بولغان ئىككى يىل، ئۆلكىلىك بيۇرو كادىرلار مەكتىپى (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى) دە ئوقۇغان بىر يىل (1952 ـ يىلى)، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان 1959 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە بولغان ئىككى يىل جەريانىدا ئاررامۇ ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەي، باش كۆتۈرمەي ئۆگەنگەن بولسا، خىزمەت، تۇرمۇش ھاياتىدىمۇ توختىماي ئۆگىنىش ئادىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. مۇشۇنداق ئۆزلۈكىدىن تىنىماي ئۆگىنىش ئارقىلىق شائىر رىشىت مەخسۇت ئەرەب تىلى، پارس تىلى، چاغاتاي تىلى، خەنزۇ تىللىرىدىن بىمالال پايدىلىنالايدىغان، ھەتتا يازالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۆزىگە زۆرۈر كېرەكلىك بولغان ئەدەبىياتقا مۇناسىۋەتلىك بارلىق بىلىملەرنى ئىگىلىگەندىن سىرت، ئۆگىنىشكە تېگىشلىكلا بولغان بارلىق بىلىملەرنى، يەنى دۇنيا، جۇڭگو تارىخى، جۇملىدىن ئۇيغۇر تارىخىنى، جۇغراپىيىسىنى، تەبىئەت بىلىملىرىنى، خەلقئارا ساۋاتلارنى، سىياسىي نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى، تۇرمۇش بىلىملىرى ۋە تېببىي ساۋاتلارنى ئېرىنمەي ئۆگەندى. مەرھۇمنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئۇ ھەر قانداق شارائىتتا يېنىدىن خاتىرە دەپتەرنى ئايرىمايتتى. مەيلى ياز كۈنلىرى بولسۇن، مەيلى قىش كۈنلىرى بولسۇن، مەيلى مەشرەپتە، تويدا ياكى خىزمەتتە، ئائىلىدە بولسۇن بىر خاتىرە بىلەن قەلەمنى دائىم ئېلىپ يۈرەتتى. ھەر قانداق سورۇندا ئۆزىگە تەسىر قىلغان بىرەر يېڭى سۆزنى، ئۇقۇمنى ياكى ئىبرەتلىك ھېكايىنى دەرھال خاتىرىلىۋالاتتى. ئىلھامى كەلگەندە مەيلى قانداق سورۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يېنىدىن خاتىرىسىنى چىقىرىپلا قەلىمىدىن تۆكۈلۈۋاتقان مىسرالارنى يېزىۋالاتتى. يىللار داۋامىدا شائىرنىڭ ھەر خىل بىلىملەرگە توشقان بۇنداق خاتىرىلىرى بىرەر يۈز پارچىغا يەتكەن بولۇپ، بۇ ئاخىرى توپلىنىپ، مول بىلىملەر ئامبىرىغا ئايلانغانىدى. بۇ شائىرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئاقىلانە ئادىتى بولۇپ، بۇنداق ئادەتنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرالايدىغانلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. دەل مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ئادەتنىڭ خاسىيىتىدىن شائىر ھەر خىل بىلىملەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن، ھەر قانداق سورۇندا شۇ سورۇنغا مۇۋاپىق سۆز قاتالايدىغان ھازىرجاۋاب، ئۇنىۋېرسال بىلىملىك ئەدىبكە، مول تۇرمۇش بىلىملىرى ۋە كىتابىي بىلىملەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن زىيالىيغا ئايلانغانىدى. شائىرنىڭ خاتىرە دەپتەر ئېلىپ يۈرۈش ئادىتى ھەققىدە گەپ بولغاندا، ئۇنىڭ يېقىن دوستى، پېشقەدەم مائارىپچى، زىيالىي زۇنۇن تۇردى مۇنداق دەيدۇ:

«رېشىت مەخسۇت خاتىرە يېزىش، خاتىرە قالدۇرۇشنى كۆپ تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ دائىم ‹خاتىرە يازماي ئۆگەنگەن بىلىم گويا يان پېنى يوق ھارۋىغا قاچىلانغان قۇمغا ئوخشايدۇ، ھارۋا مەنزىلگە يەتكۈچە قۇم يول بويى چېچىلىپ، سىيرىلىپ تۈگەيدۇ. خاتىرە دەپتەر دەل قۇمنى مەنزىلگە ساق - سالامەت ئېلىپ بارىدىغان ھارۋىنىڭ يان پېنىغا ئوخشايدۇ› دەيتتى». قاراڭ بۇ نېمىدېگەن ئاددىي، ئەمما ئوبرازلىق ئوخشىتىش - ھە!

مەرھۇمنىڭ ساۋاقدىشى، قەلەمداش، خىزمەتداش دوستى ھېمىت نىياز مۇنداق دەيدۇ: «مەرھۇم بىلەن 1948 - يىلى ئۆلكىلىك 2 - دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە تونۇشقانىدىم، شۇنىڭدىن بۇيان مەرھۇم بىلەن يېرىم ئەسىرگە يېقىن بىللە ياشىدىم. مېنىڭ نەزەرىمدە مەرھۇم شائىرلا ئەمەس، بەلكى، ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىدىن خەۋىرى بار ئالىم، تونۇلغان ئەدىب ئىدى. 1950 - يىللاردا شىنجاڭ رايونىغا كىرگەن يازما ئەدەبىياتتىكى ئەسەرلەر ئاساسەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازان مەتبەئەسىدە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر ۋە چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى. بۇ يىللاردا ھەممىمىز بەس - بەستە رومان ئوقۇيتتۇق. رېشىت مەخسۇت ئالدى بىلەن رۇس ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشقان بولۇپ، ئۇ تولستوي، پۇشكىن، گوگول، لېرمونتوف قاتارلىق رۇس يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيتتى. كىتابلاردا خەتچەك، قەلەم، خاتىرە دەپتەر دائىم قىسىقلىق بولۇپ، ئۇ رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ رومانلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئېرىنمەي، خاتىرىگە يېزىپ ماڭاتتى. ئۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق رومانلارنىڭ ۋەقەلىكىنى، نەچچە يۈزلىگەن پېرسوناژنىڭ ئىسمى، خاراكتېرىنى ئىنتايىن ئوچۇق ئەستە قالدۇرۇۋالالايتتى. ئۇ پۇشكىن ۋە ماياكوۋسكىينىڭ شېئىرلىرىنى كۆپرەك ئوقۇيتتى. رېشىت مەخسۇتقا تەسىر كۆرسەتكەن 2 - مەنبە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىنلا ئەرەب، پارسچىنى ئۆگەنگەن، كېيىنچە بۇ تىللارنى پىششىقلاپ رەسمىي ساۋاتلىق بولغاچقا، شەرق كلاسسىكلىرىدىن شەيخ سەئدى، ئىبن سىنا قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆپ كۆرەتتى.» ئازادلىقتىن كېيىن خەنزۇچە كىتابلارنىڭ كۆپلەپ نەشر قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، رېشىت مەخسۇت خەنزۇچە ئۆگىنىشكە كىرىشتى، بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغاندا قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۆگىنىپ، خەنزۇ ئەدەبىياتى بىلەن مۇكەممەل تونۇشتى. شائىر پەلسەپىنى خېلى بۇرۇنلا ئۆگەنگەن بو-

لۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ قائىدىلىك، لوگىكىلىق بولۇشى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرەتتى. شائىرنىڭ ئەدەبىياتتىن باشقا سەنئەت، تارىخ، تىل، ئارخېئولوگىيە، مۇزىكا قاتارلىقلاردىمۇ خەۋىرى بار ئىدى. شېئىرنىمۇ خىلمۇ خىل شەكىللەردە يازالايتتى. قىسقىسى، بىلىم قۇرۇلمىسى كۆپ قىرلىق ئىدى.

## پەزىلەتلىك ئىنسان

شائىرنىڭ ھاياتىدا كىشىلەرگە قالدۇرغان ئەڭ ياخشى تەسىرلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلىتى ئىدى. شائىر ئالدى بىلەن بىر لاياقەتلىك ئاتا، سادىق جۆرە بولۇپ، ئۇ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى خەلىچىخان خانىم بىلەن 1950 - يىلى توي قىلغانىدى. شۇنىڭدىن بۇيانقى يېرىم ئەسىردە ئۇلار جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇپ، بىر - بىرىنى چۈشىنىپ ۋە قوللاپ، ئىناق - ئىجىل، ئاددىي - ساددا، ئەمما كۆڭۈلنى توق تۇتۇپ ياشاپ كەلدى. شائىرنىڭ ئابدۇللا ۋە تۇرسۇنگۈلدىن ئىبارەت ئىككىلا پەرزەنتى بولۇپ، ئۇ پەرزەنتلىرىنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، خۇشپىچىم، ئىلىم - مەرىپەتنى سۆيىدىغان قىلىپ تەربىيىلىدى. شائىر ھەر قانداق كىشىگە قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق، سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى. بىر كۆرگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى، ئەھۋالىنى يادىدا چىڭ ساقلىۋالاتتى، بۇ كىشىنى ئىككىنچى قېتىم كۆرگەندە ئۇنتۇپ قالىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايتتى. ھەر قانداق ھاجەتمەنگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى.

1993 - يىلى مەن شائىر بىلەن «تۇرپان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىمىزدە تۇنجى قېتىم ئۇچراشقىنىمدا ئىنتايىن ھاياجانلاندىم، بۇ چاغلاردا قىزغىن ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شائىرنى ئالاھىدە چوڭ كۆرەتتىم. شائىر مېنىڭ قايسى مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىمنى، قەيەرلىك ئىكەنلىكىمنى ۋە ئاتا - ئانامنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. مەن ئۇ سورىغان ئەھۋاللارنى دەپ بېرىپ، ئاپامنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «سىز يالقۇنتاغ ئوتتۇرا مەكتەپنى 1963 - يىلى پۈتكۈزگەن، سىڭگىم جايىغوجاملىق ھاۋاخان مۇقىيىتنىڭ ئوغلى بولماڭ يەنە؟» دېدى. مەن قاتتىق ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭ توغرا تاپقانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ: «ھاۋاخان مېنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئوقۇغۇچۇم بولىدۇ، ئۇنىڭ سىزگە ئوخشاش يارامىلىق پەرزەنتنى تەربىيىلىگەنلىكىدىن خۇش بولدۇم، ئاپىڭىز بىلەن كۆرۈشكەندە ‹ئوقۇتقۇچىڭىز سالام

ئېيتتى، دەپ قويۇڭ» دېدى ۋە «يازغان شېئىرلىرىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، ياخشى يېزىۋاتىسىز، يەنىمۇ تىرىشىڭ» دەپ قوشۇپ قويدى. مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھاياجىنىمنى تەسۋىرلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. بىر تەرەپتىن شائىر رېشىت مەخسۇتنىڭ ئاپامنىڭ ئۇستازى ئىكەنلىكىدىن تەسىرلەنسەم، يەنە بىر تەرەپتىن شائىرنىڭ مېنىڭ شېئىرلىرىمنى ماختىغانلىقىدىن (ئەمەلىيەتتە شۇ مەزگىللەردە مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ ئۇ ماختىغۇچىلىك ياخشى بولۇشىمۇ ناتايىن ئىدى، ئۇ پەقەت پەزىلەتلىك ئۇستاز بولۇش سۈپىتى بىلەن مېنى ئىلھاملاندۇرغان ئىدى) قاتتىق خۇش بولدۇم. كېيىن دەم ئېلىش كۈنىدە سىڭگىم يېزىسىدىكى ئۆيىمىزگە بېرىپ، ئاپامغا بۇ ئىشلارنى دەپ بەرگىنىمدە ئاپام ئوقۇتقۇچىسى رېشىت مەخسۇتنىڭ بىر مۇنچە تەرىپىنى قىلىپ بەردى. رېشىت مەخسۇتنىڭ بىر ئېغىز گېپى بىلەن شېئىرىيەتكىمۇ ناھايىتى قىزغىن ئىشتىياق بىلەن كىرىشىپ كەتتىم. دېمەك، مېنىڭ ئىجادىيىتىمگە ۋە ئادىمىيلىك مىزانىمغىمۇ رىشىت مەخسۇتنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولدى.

رېشىت مەخسۇت ئۆز يۇرتى بولغان ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرىغا بارغاندىمۇ كوچىدا ئۇچرىغان ھەر بىر بالا بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى، ئىسمىنى سورايتتى. بالا دەپ بەرگەندىن كېيىن: «ھە پالانچىنىڭ بالىسىمۇ؟» دەپ دەرھال بىلىۋالاتتى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورايتتى، بالىنىڭ ئىسمىنى ئېسىدە ساقلىۋالاتتى. ئۇچرىغان ھەر بىر كىشى بىلەن قىزغىن سالام ـ سائەت قىلىشاتتى. قىسقىسى شائىر باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇۋېلىشقا ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، بىر كۆرگەن كىشىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى. تونۇش ـ بىلىشلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

شائىر يۇقىرى شان ـ شۆھرەتكە، ھۆرمەتكە ئېرىشكەن، بىر نەچچە ئىدارىنىڭ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، شۆھرەتپەرەسلىك، تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان ئىشلاردىن بىر ئۆمۈر خالىي بولدى. ئەمەلگە، پۇلغا ھېرىسمەن بولماي، مائاش، ئۇنۋان دەۋاسى قىلماي، ئاددىي ئۆيلەردە ئاددىي ـ سادىدا، ھەتتا غورىگىل دېگۈدەك ياشاپ ئۆتتى. قولىدىن كېلىدىغانلىكى دائىرىدە خەلققە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. شائىرنىڭ يەنە بىر پەزىلىتى — ئۇ كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان، كىشىگە ئاداۋەت ساقلايدىغان قىلمىشتىن قەتئىي خالىي ئىدى. بۇ ھەقتە پېشقەدەم ئەدىب ھېمىت نىياز مۇنداق دەيدۇ: «شائىر تۇرمۇشتا ھەر قانداق كىشىگە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، بىر

كىمنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلمايتتى، ئاداۋەت ساقلىمايتتى. بەزى سورۇنلاردا بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلارنىڭ يامان گېپى بولۇپ قالسا، شائىر دەرھال ئادەمنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، يامان تەرىپىمۇ بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھېكمەتتىن بىرنى سۆزلەپلا، سۆھبەت ئەھلىنى غەيۋەتتىن دەرھال توختاشقا مەجبۇر قىلاتتى. شائىرنىڭ ئىنسانىي ئەخلاق پەزىلىتى، خۇشخۇيلۇقى بىز ئۈچۈن ئۈمۈرلۈك دەستۇر.» شائىر ھاياتىدا خەلق بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ ياشىدى. مەيلى خىزمەت قىلىۋاتقاندا بولسۇن، مەيلى پېنسىيىگە چىققان مەزگىلدە بولسۇن شائىرنىڭ ئاددىي ئۆيىدە ھەرخىل تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. شائىر ھەر ۋاقىت خەلق قايغۇسىنى ئۆز قايغۇم دەپ بىلەتتى، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ھادىسىلەرگە قارىتا توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ، مەسلىھەت بېرىپ، كەڭ ئاۋامنىڭ مەنپەئىتىگە پاسىبان بولاتتى. بىر قېتىم شائىر مەلۇم سورۇندا ھەج تاۋاب قىلىش ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ كىتابلىرىدا مۇنداق ئىككى مىسرا بېيىت بار:

كىمكى بىر كۆڭلى سۇنۇقنىڭ كۆڭلىنى شاد ئەيلەگەي،
ئانچە باركىم كەبە ۋەيران بولسا ئاباد ئەيلەگەي.

بۇ كىمكى بىر غېرىب، مىسكىنگە، يوقسۇلغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، خۇددى مۇسۇلمانلار تاۋاپ قىلىدىغان مەككە ۋەيران بولسا ئۇنى قايتا قۇرۇپ چىققانچىلىك ساۋاب تاپىدۇ دېگەنلىك، شەرق كلاسسىكلىرى ھەج تاۋاب قىلىشتا مۇشۇنداق ئىلغار ئىدىيىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بىزمۇ ئالدى بىلەن ئۆز قوۋم - قېرىنداشلىرىمىز، قولۇم - قوشنىلىرىمىز نامراتلىقتىن ۋە باشقا ھەرخىل قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ھەج تاۋاب قىلىشنى ئويلىشىشىمىز كېرەك. بۇ نۇقتا دىنىي كىتابلاردىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.» ئۇنىڭ بۇ سۆزى سورۇندا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، قوللىشىغا ئېرىشكەن، ھەممەيلەن بۇ جەھەتتە يېڭى بىر بىلىمگە ئىگە بولغانىدى.

## جامائەت ئەربابى

مەرھۇم رېشىت مەخسۇت تۇرپان دىيارىدىكى تونۇلغان شائىر، بىلىملىك، ئالىي ھۆرمەتلىك زات بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن جامائەت ئىشلىرىغا كۆپرەك ئارىلىشاتتى، بىر قىسىم ئەجايىپ پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشتە باشلامچى بولاتتى، بىر نەچچە ئىدارىنىڭ مەسئۇلى

بولۇش سوپىتى بىلەن جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغان يېڭى ئىشلارنى ۋۇ-
جۇدقا چىقارغانىدى. ئۇ مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن تۇرپان خەلقى،
تۇرپان ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ
بەرگەنىدى.
1972 ـ يىلى تۇرپان سەنئەت ئۆمىكى قايتىدىن تەشكىللەنگەندە، شا-
ئىر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى. يېڭى خىزمەت ئور-
نىغا كەلگەندىن كېيىن شائىر سەنئەت ئۆمىكىنى قايتىدىن تەرتىپكە سې-
لىپ، ئۈچ ناھىيىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، سەنئەت تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان
ياش كۈچلەرنى ئۆمەككە قوبۇل قىلىپ، سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كېيىنكى تە-
رەققىياتىغا ئاساس سالدى. ئۆمەكتىكى خادىملارنى تەشكىللەپ، تۇرپان
خەلق ئاھاڭلىرىنى رەتلەش، قېزىش جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى
ئىشلىدى. 1981 ـ يىلى ئۆمەك ئەزالىرىنى جەنۇبىي جۇڭگو رايونىغا زىيا-
رەت. ئېكسكۇرسىيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا گۇاڭجۇ، نەنىڭ قاتارلىق
جايلاردىكى رىقابەت يۈزلىنىشىنى كۆرسەتتى. بۇ يىللاردا ئىچكىرى ئۆلكى-
لەرگە زىيارەتكە بېرىش ناھايىتى مۈشكۈل ۋە چوڭ ئىش بولۇپ، بۇ ئۆمەك
ئەزالىرىغا زور ئىلھام بولدى. ئۇ يەنە ئېسىل ناخشا تېكىستلىرىنى يېزىپ
ھەم باشقىلارنى يېزىشقا تەشكىللەپ، ئۆمەكتىكى كەسپىي ئىجادىيەتچىلەر-
نى تەمىنلىدى. ئۇنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى نەتىجىسىدە كۆپلىگەن يېڭى ناخ-
شىلار ئىجاد قىلىنىپ، تۇرپان رايونىدىن سەكسەن پارچىغا يېقىن ناخشا
شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئاڭلىتىلدى. 1980 ـ يىلى رېشىت
مەخسۇت تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. ئەينى يىللاردا تۇرپانغا ئوخشاش مۇشۇنداق
قەدىمىي مەدەنىيەتلىك يۇرتتا بىرەرمۇ مەتبۇئات، نەشر ئەپكارى يوق ئى-
دى، بۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شائىر رېشىت مەخسۇتنىڭ ئىچىنى تىتىل-
دىتىۋاتقان مەسىلە ئىدى. ئۇ مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسىغا يۆتكى-
لىپ كەلگەندىن كېيىن باشقارما باشلىقى، تونۇلغان زىيالىي رېشىت توخ-
تى بىلەن بىرلىكتە تۇرپاندا بىر ئەدەبىي ژۇرنالنى يورۇقلۇققا چىقىرىشقا
كىرىشىپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەن-
ئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى پەتتارجان مۇھەممەدى ئۇلارنى يېقىن-
دىن قوللىدى، سودا نازارىتىدىكى تۇرپانلىق ئەدىب دەريا ھەسەن بۇ ئىشقا
ھەمكارلاشتى. نەتىجىدە ئۇلار تۆمۈر داۋامەت، ئابلىز نازىرى قاتارلىق رەھ-
بەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ژۇرنالنىڭ نومۇرى ۋە شتاتىنى ھەل قىلدى. رې-
شىت مەخسۇت ئۆزى بىۋاسىتە ئادەم يۆتكەپ كېلىپ، مۇئاۋىن باش مۇ-

ھەرىرىلىكنى ئۈستىگە ئېلىپ، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ بىرىنچى سانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يورۇقلۇققا چىقاردى. شۇنىڭدىن بۇيان «تۇرپان» ژۇرنىلى تۇرپان رايونىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئەدەبىي مەكتىپىگە ئايلىنىپ، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى-نىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. دېمەك، شائىرنىڭ تۇرپاننىڭ ئە-دەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۆچمەس تۆھپىسى تارىخ بېتىدە ئەبە-دىي نۇرلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

شائىر پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ جامائەت ئىشلىرىدىن بىر كۈن-مۇ قولى بوشىمىدى. 1992 ـ يىللاردا شائىر تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق ئە-دەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈش تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، «تۇرپان خەلق چۆچەكلىرى»، «تۇرپان خەلق قوشاقلىرى»، «تۇرپان خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» قاتارلىق ئۈچ توپلامنى تۈزۈش، نەشرگە تەييارلاش، تەھرىر-لەش ئىشلىرىغا قاتناشتى. 1997 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ قاراغوجا ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ قىرىق يىللىق مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈش ھارپىسىدا شائىر مەكتەپنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مەكتەپ تەزكىرىسىنى يېزىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئىبراھىم ھەمدۇللا، مەرھۇم ھېمىت تۇردى قاتارلىقلار بىلەن مەكتەپتە بىر ھەپتىگە يېقىن يېتىپ ـ قوپۇپ ئىشلەپ، مەكتەپ تەزكىرىسىنى سۈپەتلىك ئىشلەپ پۈتكۈزدى.

1998 ـ يىلى مەن رېشىت مەخسۇتقا «تۇرپان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ بىر مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى بىلەن ھەمكارلىشىپ، مۇ-كاپاتلىق بەدىئىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئويى بارلىقىنى ئېيت-تىم. شائىر دەرھال ئىپادە بىلدۈرۈپ، قاراغوجا يېزىسىنىڭ سابىق باشلى-قى، ئالدىن بېيىغان دېھقان غوپۇر روزىنىڭ ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىياتچىلارغا چوڭقۇر ئېتىقادى بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشنى ئېيتتى ۋە مېنى باشلاپ بېرىپ ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشتۈردى. مەن رېشىت مەخسۇت بىلەن بىرگە بېرىپ غوپۇر روزى بىلەن بىر نەچچە قېتىم سۆزلىشىش، ئەسىرلىشىش جەريانىدا ئۇ كىشىنىڭ ناھايىتى غۇرۇرلۇق، ساخاۋەتلىك، ساپالىق كىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ گەرچە بايلىقى مول كارخا-نىچى بولمىسىمۇ، رېشىت مەخسۇتقا بولغان ھۆرمەت، ئەدەبىياتقا بولغان ئېتىقاد سەۋەبىدىن ئاخىرى دېھقانچىلىق قىلىپ ھالاللاپ تاپقان پۇلىدىن بەش مىڭ يۈەن چىقىرىپ، گېزىتىمىز ئەدەبىي بېتىدە مۇكاپاتلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى ئۆيۈشتۇرۇشقا ماقۇل بولدى. مەرھۇم رېشىت مەخ-

سۇتنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۇرپان رايونىدا شەخسلەر مەبلەغ سالغان تۇنجى ئەدەبىيات مۇكاپاتى مەيدانغا كەلدى.

شائىر يەنە ئىزچىل تۈردە ھەر خىل ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنلىرى، سۆھبەت يىغىنلىرى، ئىجادىيەت كۇرسلىرى، زېھىن سىناش مۇسابىقىلىرىغا ئىزچىل قاتناشتى، تەشكىللىدى، يېتەكچىلىك قىلدى. شائىرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرى، تونۇش - بىلىشلىرى، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ھەقەمسايىلىرىمۇ ھەر خىل ئارازلىق، تۇگۈنلەر، زىددىيەتلەر، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشقا شائىرنى تەكلىپ قىلاتتى، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايتتى. شائىر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىككىلا تەرەپ رازى بولغۇدەك قىلىپ، ئادىل، توغرا بىر تەرەپ قىلاتتى.

## ھۆرمەتلىك شەخس

ئەلۋەتتە، شائىر يۇقىرىقىدەك تۆھپىلىرى، مېھنەتلىرى، خىسلەتلىرى بەدىلىگە ئەل ئارىسىدا، تۇرپان ۋىلايىتى ئىچى - سىرتىدا يۇقىرى شان - شۆھرەتكە، ھۆرمەتكە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىلھامبەخش، ھازىر جاۋاب، دەللىكى كۈچلۈك رۇبائىيلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يادلىنىپ، ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىلىپ، خەلقنىڭ ئۆلمەس مەنىۋى مىراسىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ پەزىلىتى تىللاردا داستان بولۇپ، نامى ئەل قەلبىدە ئۆچمەس تامغا بولۇپ نەقىشلەندى. خەلققە قىلىپ بەرگەن ئەمەلىي ئىشلىرى مەنىۋى ئابىدە بولۇپ تىكلەندى. شائىر ھەممىلا يەردە ھۆرمەتكە، ئېھتىرامغا، ئالقىش، تەشەككۈرگە نائىل بولدى. ئۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان، بالنىستتا يېتىپ قالغان مەزگىللەردە مەيلى تونۇش بولسۇن، مەيلى ناتونۇش بولسۇن شائىرنى يوقلايدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى «تۇرپان ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا، شىنجاڭ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ۋە ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇسابىقىلىرىدا 1 - ، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى، رۇبائىيلىرىغا ئوبزور ماقالىلىرى يېزىلدى، بىر قىسىم ئەسەرلىرى كوللېكتىپ ئەدەبىي توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. 1993 - يىلى «شىنجاڭ سودا گېزىتى» دە شائىرنىڭ قەلەمكەش دوستلىرى بىلەن چۈشكەن سۈرىتى بېسىلىپ، ئۇنىڭ ئاتمىش ياشقا كىرگەنلىكى مۇبارەكلەندى. «تۇرپان» ژۇرنىلىدا شائىرنىڭ سۈرىتى، تەرجىمىھالى ئەسەرلىرى بىلەن

بىرگە تونۇشتۇرۇلدى. «تۇرپان گېزىتى» نىڭ 1996 ـ يىلى 15 ـ ماي سانىدا، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1996 ـ يىلى 16 ـ نويابىر سانىدا شائىرنىڭ هايات پائالىيەتلىرى، ئىجادىيەت مۇساپىسى، پىسخىك كەچۈرمىشلىرى «قەدىمكى مەدەنىيەت يۇرتىدىكى مەرىپەت كۆيچىسى» ناملىق ماۋزۇ ئاستىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى. يۇقىرىقىدەك تۆھپىلىرى بىلەن شائىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ هەيئىتى، «تۇرپانشۇناسلىق» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ هەيئىتى، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ تەهرىر هەيئىتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

1995 ـ يىلى 5 ـ ماي شائىر ئۇچۇن هاياتىدىكى ئەڭ ئۇنتۇلماس، ئەڭ مەنىلىك، ئەڭ هاياجانلىق بىر كۈن بولدى. بۇ كۈنى تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى تۇرپان ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلغان ۋە زور تۆهپە قوشقان شائىر، مائارىپچى رېشىت مەخسۇت ۋە پېشقەدەم يازغۇچى هېلىمنىياز قادىرغا تون كىيگۈزدى. بۇ پائالىيەتتە شائىر رېشىت مەخسۇتنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسى يەكۈنلىنىپ، بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئۇتۇقلىرىغا يۇقىرى باها بېرىلدى. شائىر هۆرمەت توننى كىيگەن، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان هالدا كۆپچىلىك تەقدىم قىلغان دەستە ـ دەستە گۈللەرنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئىشتىن بىر يىل كېيىن شائىر بۇنداق شان ـ شەرەپ ۋە هۆرمەتكە، هاياجانلىق دەقىقىلەرگە يەنە بىر قېتىم نائىل بولدى. 1996 ـ يىلى 12 ـ نويابىر ئۇستاز رېشىت مەخسۇتنىڭ ساۋاقداش، يار ـ بۇرادەرلىرى، مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىلەرنىڭ تەشكىللىشى بىلەن شائىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ ئاتمىش ئۈچ يىللىقى، ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئەللىك يىللىقىنى تەبرىكلەش سۆهبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، شائىرغا يەنە بىر قېتىم تون كىيگۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتنى تۇرپان شەهەرلىك مىللىي بۇيۇملار دوستلۇق شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى بارىجان ئابدۇللا ئورۇن بىلەن تەمىنلىگەن، قاتناشقۇچىلار ئۆز يانلىرىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، مانا بۇ ئىش خەلقنىڭ شائىرغا بولغان چىن ئېتىقادى، يۈكسەك هۆرمىتىنى ئىپادىلەيتتى. پائالىيەتتە هىممەت نىياز، مۇهەممەت نىياز قاتارلىقلار ماقالە ئوقۇپ، شائىرنىڭ ئىجادىيىتىگە يۇقىرى باها بەردى. ئاخىرىدا شائىرغا تون كىيگۈزۈلدى ۋە كۆپچىلىك يىغىش قىلغان، پائالىيەت خىراجىتىدىن ئاشقان ئۈچ مىڭ يۈ-

ەنگە يېقىن پۇل شائىرنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن بېرىلدى.
ئادەتتە جەمئىيەتتە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە، ئىلىم ـ بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، ئاۋامنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، ھايات مۇساپىسىدە شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان كىشىلەرگىلا تون كىيگۈزۈلىدۇ. شائىر رېشىت مەخسۇتقا بىر قېتىم ئەمەس، بەلكى ئىككى قېتىم تون كىيگۈزۈلدى، بۇنىڭدىن شائىرنىڭ خەلق قەلبىدە قانچىلىك يۇقىرى ئورۇندا ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## ئاددىي ئادەم

مەرھۇم رېشىت مەخسۇت تونۇلغان شائىر، پېشقەدەم مائارىپچى، ھۆرمەتلىك ئەدىب بولۇش بىلەن بىرگە يەنە باشقىلارغا ئوخشاشلا ھايات كەچۈرىدىغان ئاددىي ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن قىيىنچىلىق، ئازابلارغا دۇچار بولغان، پۇشايمان ـ ئۆكۈنۈشلەرنى چەككەن، كۆپلىگەن ئارمانلىرىغا يېتەلمىگەننىدى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، تۆۋەندىكى بەش ئىش شائىرنىڭ ھاياتىغا زور بېسىم ئېلىپ كەلگەن، ئۆمرىنى ئىككەكدۈرگەن، شائىرنى نادامەتتە قويغانىكەن. بىرىنچى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق. شائىر بىر ئۆمۈر مال ـ دۇنياغا قىزىقماي ئازغىنە مائاشىغا شۈكۈر قىلىپ ياشاپ كەلدى. ياش ۋاقىتلىرىدا بىر ئادەمنىڭ مائاشى بىلەن تۆت جانلىق ئائىلىنى بېقىپ كەلگەچكە، تۇزۇك پۇل ئېشىنچا قىلالمىدى. ياشىنىپ قالغاندا يېپىشقان، ئۇنى ئۇزۇن يىل قىيىنغان مەرەز كېسەل — دىئابىت ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ھەر ۋاقىت داۋالىنىش ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىم شائىرنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويدى. ئەگەر شائىرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، ئوبدانراق داۋالىنىش شارائىتىغا ئىگە بولالىغان بولسا بەلكىم شائىرنىڭ ھايات مۇساپىسى ئاتمىش يەتتە يىلدىن ئۇزۇنراق بولغان، شائىرنىڭ تارىخى باشقىچە يېزىلغان بولاتتى. شائىرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولغان بولسا ھايات ۋاقتىدا شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئارمىنىغا يەتكەن بولاتتى. ئىككىنچى، كېسەللىك ئازابى. شائىر 1980 ـ يىللاردىن باشلاپلا جاھىل خاراكتېرلىك مەرەز كېسەل دىئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولدى ۋە بۇ كېسەل بىلەن يىگىرمە يىلغا يېقىن ئېلىشتى. ئاخىرى بۇ مەرەز كېسەل شائىرنى بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئېلىپ كەتتى. بۇ يەردە شۇنى قەيت قىلىش زۆرۈركى، شائىر بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ

قەيسەر، تىز پۈكمەس ئىرادىلىك، ئېگىلمەس ـ سۇنماس روھقا ئىگە كىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شائىردا مۇشۇنداق روھ بولغاچقىلا جاھىل كېسەلگە يىگىرمە يىل تاقابىل تۇردى، كېسىلى ئازراق ئېغىرلاپ قالسىلا ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندا دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالاندى، ئازراق ياخشىلانغاندا تېبابەتكە دائىر ھەر خىل ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، ئۆز كېسىلىنى ئۆزى داۋالاپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا پەرھىز قىلىپ، كېسەلگە قىلچە باش ئەگمە-دى. كېسەل ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل ئاغرىقلار، ئازابلار، تۇرمۇشتىكى قولايسىزلىقلار شائىرنىڭ ئىرادىسىنى قىلچە بوشاشتۇرالمىدى. بىر تە-رەپتىن كېسىلىنى داۋالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادىيەت ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاخىرقى تىنىقىغا قەدەر ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. كېسىلى سەۋەبلىك ئەل ئالدىدا ۋايسايدىغان، چۈشكۈنلىشىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمىدى. شائىردا مۇشۇنداق قەيسەر روھ بولمىغىنىدا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپمۇ يەنە يىگىرمە يىل ھايات كەچۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۈچىنچى، ئوغلىنىڭ ۋاپاتى. 1997 ـ يىلى 7 ـ ئۆكتەبىر شائىرنىڭ يۈرەك پارىسى، شائىرنىڭ مىجەز ـ خاراك-تېرى، مېھنىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئوغلى ئابدۇللا كېسەل سەۋەبى بىلەن قىرىق ئىككى يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ياشىنىپ قالغان شائىرغا ئىنتايىن زور زەربە بولدى. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ياشىنىپ قال-غان بىر ئاتىغا نىسبەتەن ئۆز ئوغلىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىشتىنمۇ ئېغىر ئازاب بولمىسا كېرەك. بۇ ئىش سەۋەبلىك شائىرنىڭ باغرى لەختە ـ لەخ-تە قان بولۇپ، كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاپ، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر سۆ-ڭەكلا بولۇپ قالدى. شائىر بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك، قەدىناس موخۇركىسىنى تېخىمۇ ئېغىر چېكىدىغان، بىر ئولتۇرغان يېرى-دە خىيالغا پېتىپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. گەرچە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جۇدالىق ئازابى ئازراق پەسلىگەن بولسىمۇ، بۇ ئىش شائىرنىڭ ھاياتى ۋە سالامەتلىكىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. تۆتىنچى، كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇش ئارزۇسى. شائىر رېشىت مەخسۇتنىڭمۇ باشقا يازغۇچى، شائىرلارغا ئوخشاش ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ھايات ۋاقتىدا بىر شې-ئىرلار توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىشىنى كۆرۈش ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇ مەز-گىللەردە شېئىرلار توپلاملىرىنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ، نەشرىياتلار ئاپ-تور ئۆزى خىراجەت چىقارغان ئەھۋال ئاستىدىلا شېئىر توپلىمىنى نەشر قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالغانىدى. شائىردا بولسا «ھەممىنى ھەل قىلىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ — پۇل» بولمىغاچقا، رۇبائىيلار توپلىمى-

نى نەشرىياتقا تاپشۇرغان.بولسىمۇ بېسىلىپ يېتىۋەردى. ئەلۋەتتە، شائىر
مۇشۇ يۈز - ئابرۇيى، ئۇستازلىق سالاھىيىتى بىلەن بىرەر ئورۇنغا، بىرەر
رەھبەرگە ئېغىز ئاچقان بولسا، مۇقەررەركى، كىتابىنى نەشر قىلىش ئۈ-
چۈن ھەتتا كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىقتىساد ھەل
قىلالايتتى. چۈنكى، ۋىلايەتنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى، كۆپلىگەن باش-
قارما، ئىدارىلەرنىڭ مەسئۇللىرى ئۇنىڭ دوستى ياكى ئوقۇغۇچىسى ئىدى.
بىراق، يۈكسەك پەزىلەتلىك شائىر مۇشۇنداق ئەڭ ئەقەللىي ئىشتىمۇ ئۆز
ئوبرازىنى ساقلاپ قالدى، ئۆز ھاجىتى ئۈچۈن باشقىلارغا ئېغىز ئېچىشنى
راۋا كۆرمىدى. ۋادەرىخا، شۇنداق قىلىپ، شائىرنىڭ بۇ گۈزەل، ئۆمۈرلۈك
ئارزۇسى شائىرنىڭ روھى بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالدى. شائىر
ۋاپات بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇ-
ھەررىرى مۇھەممەت نىيازنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن شائىرنىڭ رۇبا-
ئىيلار توپلىمى نەشردىن چىقىپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بەشىنچى،
ئۆي دەردى. شائىرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۆي دەردىمۇ شائىرغا ئاز
بولمىغان روھىي ئازابلارنى ئېلىپ كەلدى. شائىر 1980 - يىلدىن باشلاپ
تۇرپان ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان بۇ ئىدارى-
نىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۈچ ئېغىز ئۆي، بىر
كىچىككىنە ھويلىسى بار بۇ ئاددىي ئۆيلەردە شائىر ئون سەككىز يىل يا-
شىدى. بۇ ئاددىي ئۆي كۆپلىگەن مەشھۇر كىشىلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت-
چىلەرنىڭ بەيئەت قىلىشىغا نائىل بولدى، تالاي قىزغىن سۆھبەتلەر، مۇ-
شائىرىلەرنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىغا، نەچچە يۈز پارچىلىغان پاساھەتلىك رۇ-
بائىيلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا مۇنبەت تۇپراق بولدى. 1997 - يىلى مائا-
رىپ باشقارمىسىنىڭ ئىچىدىكى كونا بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر چېقىلىپ، ئور-
نىغا ئاھالىلەر ئولتۇراق بىناسى سېلىنماقچى بولدى. شائىرغا بولسا «بۇ
ئىدارىدىن پېنسىيىگە چىقمىغان» دېگەن سەۋەب بىلەن ئۆي تەقسىم قى-
لىنمىدى. شۇنداق قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن ئەللىك يىل مىننەت-
سىز خىزمەت قىلغان ھۆرمەتلىك شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆي - ما-
كانسىز قالدى ۋە مۇكچەيگەن گەۋدىسىنى سۆرەپ ئۆي ئىزدەپ يۈرۈپ، تۇر-
پان شەھەرلىك كىنوخانىنىڭ كەينىدىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشقا
مەجبۇر بولدى. شۇ مەزگىلدە مەن شائىرنى يوقلاپ بارغىنىمدا شائىرنىڭ
قورساق كۆپۈكىنى بېسىۋالالماي ماڭا قاتتىق تەگەپ كەتكەنلىكىنى ۋە
كۆزلىرىگە ياش ئۇلاشقانلىقىنى ھازىرمۇ ئۇنتۇيالمايمەن. ئەلۋەتتە، شائىر
بۇ چوڭ تەڭقىسلىقتا قارىتا «مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار، رەھبەرلەر» نى ئىز-

دىسە ئۆي مەسىلىسى ھەل بولغانمۇ بولاتتى. لېكىن ئەزەلدىن ئۆزى ئۈچۈن بىر قەدەم مېڭىپ باقمىغان پۈتلىرى، ئۆزى ئۈچۈن سۆزلەپ باقمىغان ئېغىزى شائىرنى بۇ قېتىم يەنە توسۇپ قويدى. شائىر «پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرەرمەن» دەپ سۈكۈت قىلدى. بۇ ئىش مېنىڭ قەلبىمنىمۇ قاتتىق ئاچچىققا، ئەپسۇسلۇققا تولدۇردى. دەل شۇ كۈنلەردە مەن تورپان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى كېرەم ئىبراھىم (ھازىرقى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى) بىلەن بىرگە تورپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزىسى چىگىبۇلاق كەنتىگە مۇخبىرلىققا بېرىپ قالدىم. ماشىنىدا پەقەت كېرەم ئىبراھىم، مەن، شوپۇر ئۈچىمىزلا بولۇپ، كېرەم ئاكا بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىۋېتىپ گەپ رېشىت مەخسۇت ئۈستىدە بولۇپ قالدى. مەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، رېشىت مەخسۇتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، ئۆي قىيىنچىلىقىنى بۇ ھۆرمەتلىك رەھبەرگە ئېيتتىم. كېرەم ئاكا بۇ ئىشنى ئۇقۇپ چۆچۈپ كېتىپ: «مەن بۇ ئىشتىن قەتئىي خەۋەرسىزكەنمەن، رېشىت مەخسۇت ئاكا بۇنداق ئەھۋالغا قالسا بولمايدۇ، مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن باشقا رەھبەرلەر بىلەن دېيىشىپ، بۇ ئىشنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپايلى» دېدى. ئەل غېمىنى يەيدىغان، مەسئۇلىيەتچان بۇ رەھبەرنىڭ سۆزلىرى مۇشۇ يەردىلا قالمىدى. ئۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ ئىشنى ۋىلايەتنىڭ باشقا رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلىپ، ھەر خىل ماسلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى ئۆزى بىۋاستە ئىشلەپ، ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئاخىرى رېشىت مەخسۇتقا بىر يۈرۈش ئۆي ھەل قىلىپ بەردى. 1999 ـ يىلى 5 ـ ئايدا رېشىت مەخسۇت ۋىلايەتلىك پارتكوم ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى ئولتۇراق ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. شۇنىڭدىن كېيىن شائىر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ھەيئىتى، ئەمەلىي ئىشلەيدىغان، مەسئۇلىيەتچان رەھبەر كېرەم ئىبراھىمغا قايتا ـ قايتا تەشەككۈر بىلدۈردى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ ئۆتتى.

## خاتىرىلەر

شائىر ئادەتتە ئاددىي ـ ساددا، ئەمما رەتلىك، پاكىز كىيىنىپ يۈرەتتى. كىيىملىرىنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پۇت ئاغرىقىنى داۋالاش ئۈچۈن مەيلى ياز، مەيلى قىشتا بولسۇن پۇتىغا قېلىن كىيەتتى، بېشىغا ئاقۇچ ئاستانە دوپپىسىنى كىيىۋالاتتى. ماڭغاندا ئالدىرىماي،

ئاۋايلاپ ماڭاتتى، بىر كىم بىلەن كۆرۈشكەندە قارشى تەرەپنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ، كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سەمىمىي كۆرۈشەتتى. سو- رۇنلاردا كەيپىياتى بەك ياخشى بولسا بىرەر رومكا ئىچىپ قويغاننى ھېساب- قا ئالمىغاندا ئاساسەن هاراق ئىچمەيتتى. لېكىن، تاماكىنى، بولۇپمۇ مو- خۇركىنى ئېغىر چېكەتتى. شائىرنىڭ دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان تۆت چاسا موخۇركا قۇتىسى بار بولۇپ، قۇتىدا موخۇركا ۋە تىك تۆتبۇلۇڭ شەكلىدە يىرتىلغان گېزىت قەغىزى دائىم تەييار تۇراتتى. شائىر موخۇر- كىنى ئالدىرىماي ئوراپ، چېكىپ يېرىمىغا كەلگەندە تاماكىنى بارمىقى بى- لەن بېسىپ ئۆچۈرۈپ، تاماكا قۇتىسىغا ئاۋايلاپ سېلىپ قوياتتى ۋە بۇ يېرىم تاماكىنى كېيىنكى سورۇندا چېكەتتى. مەن شائىرنىڭ «موخۇركا مېنىڭ كېسىلىمگە پايدا قىلىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. ھەر قانداق سورۇندا كۆپچىلىك شائىرنىڭ سۆزلىرى، لەتىپىلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى. چۈنكى، شائىر ئالدىرىماي، تەمكىنلىك بىلەن بېشىدىن ئۆتكەن، كەچكەن قىزىق ۋەقەلەرنى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ھەر خىل قىزىقچىلىقلارنى، خەلق لەتىپە، ھەزىللىرىنى، ئۆزىنىڭ يۇمۇرلۇق رۇبائىيلىرىنى سۆزلەپ كۆپچىلىكنى ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگىدەك كۈلدۈرەت- تى. بۇ چاغلاردا شائىرنىڭ قورۇقلار ئىز سالغان چېھرىدىمۇ خۇشال كۈل- كە پارلايتتى.

1999 - يىلى 11 - ئايدا شائىرنىڭ كېسىلى يەنە ئېغىرلىشىپ، ياتاقتا يېتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ماڭدى. مېڭىش ئالدىدا مەن شائىرنى يوقلاپ ئۆيىگە باردىم. ئورۇقلاپ خېلىلا ئاجىزلاپ قالغان شائىر مېنىڭ قولۇمنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ: «كېسىلىم بارغانچە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆز ئەھۋالىم ئۆزۈمگە ئايان، قارىغاندا ياخشى بولۇپ كېتەلمەيدىغان ئوخشاي- مەن. سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم زور، ئېلان قىلىنمىغان، رەتلەشكە تې- گىشلىك بىرمۇنچە ئەسەرلىرىم بار ئىدى، سىزگە قالدۇرۇپ قوياي» دەپ ئىككى يۈز پارچىغا يېقىن رۇبائىينى ماڭا بەردى. مەن كۆزلىرىم ياشلانغان هالدا شائىرنىڭ بۇ مۇبارەك مىراسىنى قوش قوللاپ ئالدىم. شائىر ئۈ- رۈمچىگە شۇ چىقىپ كەتكەنچە دوختۇرخانىدا يېرىم يىلغا يېقىن ياتتى. 2000 - يىلى يانۋاردا، شائىر ياتقان ئۈرۈمچى جەنۇبىي قوۋۇقتىكى ئۆپكە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئۇنى يوقلاپ چىقتىم. شائىرغا قىزى تۇر- سۇنگۇل ھەدە قاراۋاتقانىكەن، شائىر بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ قايتىپ كەلدىم. 19 - ئاپرېل شائىرنىڭ بىر ئۆمۈر خەلق ئۈچۈن سوققان يۈرىكى رەھىمسىز كېسەلنىڭ ھۇجۇمى بىلەن

سوقۇشتىن توختىدى...
شائىرنىڭ خانىمى خەلچىخان ھەدە شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ماڭا: «نەزىرلەر ئاياغلىشىپ، كېلىپ كېتىدىغانلار سەل بېسىلغاندا شائىرنىڭ كىتابلىرى، قولىيازما ماتېرىياللىرىدىن رەتلەيدىغىنىنى رەتلەپ، ئېلىپ كېتىشكە تېگىشلىكلىرىنى ئېلىپ كېتىڭ» دېدى. مەن ماقۇل بولۇپ ئۆلارنىڭ خەۋەر قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغىنىمدا تۇيۇقسىزلا بىر شۇم خەۋەر كەلدى: شائىرنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ، ئۇنىڭ بارلىق كىتاب، ژۇرناللىرى، ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ! ھەيرانمەن: شائىرنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە نەچچە تاغارلاپ «گۆھەر» نىڭ، يەنى كىتاب، ماتېرىياللارنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان قانداق ئوغرىدۇ؟ پۇل، مال - مۈلۈك ئوغرىلىماي، يەر ئاستى ئۆيىنىڭ قۇلۇپىنى قايرىۋېتىپ كىرىپ، «قۇرۇق قەغەز» لەرنى ئوغرىلايدىغان قانداق يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوغرىدۇ؟ نادامەتلىك، ئەپسۇسلۇق ئىچىدىكى بۇ ئاچچىق سوئاللار قەلبىمنى قانچە تاتىلىغان بولسىمۇ، بۇ سىرلىق دېلو سىر پېتى قېلىۋەردى...
بۇ يىل 19 - ئاپرېل شائىر ۋاپاتىنىڭ ئىككى يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شائىرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالدى - قاتتى ماتېرىياللىرى: ئېلان قىلىنغان پۈتۈن ئەسەرلىرى چاپلانغان بىر چوڭ خاتىرە، بىر نەچچە خىزمەت، كۈندىلىك تۇرمۇش خاتىرىسى، بىر تۈركۈم قولىيازمىلىرىنى ئېلىپ كېلىۋالدىم. شائىرنىڭ ماتېرىياللىرىنى ۋاراقلىغانچە ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقىم ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى: شائىر بىر چوڭ خاتىرىگە ئەللىك يىللىق ئىجادىيىتىدە ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنى (بەلكىم تولۇق بولمىسا كېرەك) گېزىت - ژۇرناللاردىن قىيىپ چاپلاپ ماڭغان، بۇ خاتىرىگە يەنە ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئۇسلۇبى بىر قەدەر ئۆزگىچە بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، ماقالىلەرنى، تۇرمۇش ساۋاتلىرى ۋە تېببىي ساۋاتلارنى چاپلىغان. خاتىرىنىڭ ئاق بەتلىرىگە بولسا ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىدىكى ھەر خىل ئاتالغۇلار يېزىلغانىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ خاتىرە ئىنتايىن قېلىن، توم بىر قامۇسقا ئايلانغان، شائىرنىڭ باشقا خاتىرىلىرى، قولىيازمىلىرىمۇ شۇنداق رەتلىك بولۇپ، شائىرنىڭ ھەر قانداق ئىشنى تۇجۇپىلەپ، ئەستايىدىل ئىشلەيدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ خاتىرىلەر مېنىڭ شائىر ھەققىدە ئەسلىمە يېزىشىمغا يەنىمۇ تۈرتكە بولدى - دە، چوڭقۇر سېغىنىش، ھۆرمەت ھېسسىياتىم بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

2002 - يىلى ماي، تۇرپاندا يېزىلدى.



# «بەرگەن ۋەدىسىز ۋەدە»

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان «ۋەدە» دېگەن سۆزنىڭ سالمىقى، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى، هازىرقى دەۋردىكى قىممىتى هەققىدە كۆپ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. ئويلانغانچە ئويلىرىم چۇۋۇلغان يىپتەك چىگىشلىشىپ، بۇ يىپنىڭ ئۇچىنى تاپالماي، ئاۋارە بولاتتىم، تۇرۇپلا «بۇ پەقەت مەن بىر ئادەمنىڭلا ئىشىمىدى» دەپ بۇ ئېغىر خىياللاردىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچاتتىم. لېكىن، «ۋەدە» گە مۇناسىۋەتلىك ۋەدىسىزلىكلەرگە يولۇققىنىمدا يەنە ئىختىيارسىز بوغۇلۇپ، بارغانسېرى قىممىتى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان «ۋەدە» هەققىدە قۇرداشلىرىمغا مۇراجىئەت قىلغۇم كېلەتتى.

بىز ئادەتتە جەمئىيەتتە، هەر خىل يىغىلىشلاردا نۇرغۇنلىغان ۋەدىلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. «چاتاق يوق، ئەتە ئىشخانىغا بېرىڭ، بۇ ئىشىڭىزنى مەن بېجىرىپ بېرەي!»، «سىز ئىزدىگەن ماتېرىيال مەندە بار، ئەتىلا سىزگە يەتكۈزۈپ بېرىمەن»، «پۇلىڭىزنى مۇشۇ ئاينىڭ ئىچىدە بېرىۋېتىمەن»، «يېنىڭلارغا يىگىرمە مىنۇتتا بېرىپ بولىمەن»، «ئەنسىرىمەڭ، ئىشىڭىزنى ئەتىلىككە بىر دەمدىلا تۈگىتىۋېتىمەن»، «مەن سىزگە كەچتە تېلېفون قىلىمەن»... بىز بۇنداق ۋەدىلەرنى ئاڭلىغىنىمىزدا ئىختىيارسىز خۇشاللىققا چۆمۈلۈپ، ۋەدە بەرگۈچىگە قايتا - قايتا رەهمەت ئېيتىپ كېتىمىز. ۋەدە بەرگۈچىنىڭ ئوبرازى قەلبىمىزدە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇ بىزگە دۇنيادا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئەتىسى نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلار، تاتلىق خىياللار بىلەن ۋەدە ئىگىسىنىڭ ئىشخانىسىغا بارىمىز، كېلىشىنى كۈتىمىز، ۋەدە قىلغان نەرسىنى بېرىشىنى ساقلاي-

مىز. لېكىن، سىزنى ساقلاپ تۇرۇشقا ۋەدە قىلغان كىشى ئىشخانىسىدا يوق بولۇپ چىقىدۇ، سىزگە بەرمەكچى بولغان نەرسىنى ۋاقتىدا بەرمەيدۇ، كەلمەكچى بولغان ئورۇنغا دېگەن ۋاقىتتا كەلمەيدۇ... سىز بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلىنىسىز، ئاچچىقلىنىسىز، بوغۇلۇسىز... بايامقى شېرىن خىياللىرىڭىز كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. «بىرەر ئىشى چىقىپ قالغاندۇ» دەپ يەنە ئۆزىڭىزگە تەسەللى بېرىسىز.

ئەڭ ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ۋەدە ئىگىسىنى ئىزدەپ تاپقىنىڭىزدا، ئۇ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىدىن قىلچە ئۇيۇلۇش تۇيغۇسىدا بولمايدۇ، ھەتتا سىزگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالغان بولىدۇ. سىز ئۇنىڭ سەمىگە بۇ ئىشنى سالسىڭىز ئۇ يەنىلا ۋەدە بەرگەن چاغدىكى سالاپىتىنى بۇزماي تۇرۇپ: «شۇ كۈنى جىددىي بىر يىغىن بولۇپ قالدى»، «ئالدىراشلىقتا ئۇنتۇپ قاپتىمەن»، «سەن قايسى ئىشنى دەۋاتىسەن...» دەيدۇ. سەن ئۇنىڭ ۋەدىسىدە تۇرالمىغانلىقىدىن قىلچە خىجىللىق ھېس قىلمىغانلىقىغا، ھەتتا ئۇنتۇپ قېلىشقا، ۋەدىسىدە تۇرماسلىققا تېگىشلىك ئىشتەك، ۋەدىسىزلىك نورمال ھادىسىدەك مۇئامىلە قىلغانلىقىغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىسەن. ئەڭ ئېچىنىشلىقى، ۋەدە بەرگۈچى ھېلىقى ۋەدىسىنى يەنە تەكرارلايدۇ يۇ، يەنە ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. شۇندىلا سەن ئىشنىڭ ماھىيىتىگە يېتىسەن، «يالغانچىنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس» ئىكەنلىكىنى، ۋەدىسىزلىكنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەتراپىڭدا ئاللىقاچان نورمال ھادىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، ئۆزۈڭنىڭ ساددىلىق (ئوچۇق ئېيتقاندا ئەخمەقلىق) قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىڭنى ھېس قىلىسەن.

يۇقىرىقىدەك ئىشلار ھازىر جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ زىيالىيلار قاتلىمىدا يامراپ كەتتى. بۇ خىل ئەھۋالنى «مىللەتنى زەبۇنلۇققا سۆرەيدىغان خەتەرلىك ۋىرۇس، جەمئىيەتنى بۇزۇلۇشقا باشلايدىغان ئىجتىمائىي كرىزىس» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ مەسىلىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ مىللەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان زىيالىيلارنىڭ ئارىسىدا بۇ خىل ۋابانىڭ قارا قانىتىنى سۆرەپ يۈرۈشى كىشىنى چۆچۈتىدۇ ۋە چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

خەلقىمىز ئەزەلدىن «لەۋزى ھالال، لەۋزى ھارام» دېگەن سۆزلەر بىلەن ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ياكى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان كىشىلەرنى سۈپەتلەيدۇ. يەنە «گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ» دېگەن ھېكمەت ئارقىلىق ۋەدىنىڭ غايەت زور سالمىقىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ئالاقە، ئادەمگەرچىلىك سەن.

ئىتى جەريانىدا شۇنداق پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەنكى، ئۇلار بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنداش، لەۋزىدە تۇرۇشنى ئىنسانلىقنىڭ ئەڭ چوڭ بەلگىسى دەپ تونۇپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇلار ھەر بىر سۆزنى قىلغاندا مىڭ ئويلىنىپ ئاندىن ئېغىزىدىن چىقىرىدۇ، مەيلى كىچىك ئىش بولسۇن. مەيلى چوڭ ئىش بولسۇن باشقىلارغا لەۋزى قىلغانىكەن. ئېغىزىدىن چىققانىكەن. مەيلى قانداق قىيىنچىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر لەۋزىنى ئورۇندايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا ئىشەنچلىك. مەسئۇلىيەتچان. پەزىلەتلىك دەپ قارىلىپ. يۇرت ئىچىدىكى ئابرۇيى ئۆسۈپ. ئىشلىرى روناق تېپىپ ماڭىدۇ. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر «لەۋزى ھارام»، كاززاپ، قىزىلكۆز. يالغانچى. ساختىپەز دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ، يۇرت ئىچىگە سېسىق نامى تارىلىپ. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز مۇشۇنداق ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەر، ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقىنى تەڭشەپ ماڭغان، توغرا كىشىلىك مۇناسىۋەت. ئىنسانىي پەزىلەت قاتارلىق جەھەتلەردە مەڭگۈ ئۈلگە قىلغۇدەك نەمۇنىلەرنى ياراتقان. تارىخىمىزنى ۋاراقلىساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن بەرگەن قۇربانلىرى، ھەتتا لەۋزىدە تۇرۇش ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغانلىقى ھەققىدىكى كۆپلىگەن ھېكايىلەرنى. رىۋايەتلەرنى ئۇچرىتىمىز.

بىز يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا «ئوغۇلبالىچىلىقتا قىلغان گېپىڭدە تۇر جۇمۇ!» دېگەندەك سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىمىز. بۇ يەردىكى «ئوغۇلبالىچىلىق» نوقۇل ھالدىكى جىنسىي پەرققە قارىتىلماستىن. بەلكى «گېپىدە تۇرۇش» نىڭ شۇ كىشىنىڭ ئىززەت - نەپسى. ئابرۇيى، كىشىلىك پەزىلىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چەت ئەللىكلەر ۋەدىسىدە تۇرۇشنى ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئەقەللىي. ئەڭ مۇھىم پەزىلەت دەپ قارايدۇ. شۇڭا، بەرگەن ۋەدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ. ۋەدىگە ئەمەل قىلماسلىقنى ئەڭ چوڭ نومۇس ھېسابلايدۇ. بۇ خىل قاراش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئۇششاق ھالقىلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلار ۋاقىتقا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. ھەر قانداق ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا بېجىرىدۇ، بالىلارغا بەرگەن ۋەدىسىگىمۇ ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۇششاق ۋەدىلەر يىغىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى، يۇقىرى تەرەققىياتىنى، گۈزەل كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

تارىخقا نەزەر سالساق ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى تەھلىل قىلساق، دەل بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان «ۋەدە» نىڭ يېڭى شەيئى، يېڭى يۈكسىلىش، يېڭى مەنزىللەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىنى، ۋەدىنىڭ تەرەققىياتنىڭ «پىشاكى» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. قەدىمدىن بۇيان نۇرغۇن ئېتىقادلىق كىشىلەر ئۆز ـ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنداش جەريانىدا كۆپلىگەن كەشپىيات، تېخنىكىلارنى، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ياراتقان، نۇرغۇنلىغان ئىدارە، ئورۇن، كارخانىلار جەمئىيەتكە ۋەدە بېرىپ، يېڭى ـ يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان، ئاممىغا ئەلا مۇلازىملىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇشىغا قۇلايلىق ياراتقان. مانا مۇشۇنداق سان ـ ساناقسىز ۋەدىلەر ئېقىنى چوڭ بىر دولقۇننى ھاسىل قىلىپ، بۇ دولقۇننىڭ مېھنەتلىك مەۋج ئۇرۇشلىرى قىرغاقلارغا سان ـ ساناقسىز جاۋاھىرلارنى سوزۇپ چىقىرىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قىممەتلىك پاياندار سېلىپ بەرگەن. دېمەك، «ۋەدە» تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان يېڭى ھامىلە، زور ئىنېرگىيىلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، يېڭى مەنزىللەرگە ئىلھام بەرگۈچى كارۋانبېشى. شۇڭا، ئۇ كىشىلىك ھاياتتا ئوينايدىغان رولىنىڭ مۇھىملىقى، سالمىقىنىڭ چوڭلۇقى، ۋەزنىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئەزەلدىن ئېتىقاد بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ كەلگەن، «ۋەدەڭدە تۇرسالىڭ، ئىماندىن ئاجرايسەن» دەپ تەربىيلەنگەن. بۇ خىل سالمىقى بىلەن جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىدە غايەت زور رول ئوينىغان.

خوش، ئەگەر پۈتكۈل جەمئىيەت ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق قىلىش بىلەن تولۇپ كەتسە، فۇنكسىيىلىك تارماقلار جەمئىيەتكە بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇندىمىسا، ھېچكىم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىسا، ھېچكىم لەۋزىدە تۇرمىسا، يالغانچى، كاززاپ، قىزىلكۆز، ئالدامچى، قويمىچىلار ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتسە، ئۇ چاغدا جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ بۇنداق شارائىتتا ئېنىقكى، تەرەققىياتتىن، يۈكسىلىشتىن، گۈللىنىشتىن، ئىجادىي قىممەتتىن، خالىس مېھنەتتىن، مەنىۋى ساپادىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ. جەمئىيەت غايەت زور داشقايناققا، ئۆز پايدىسى ئۈچۈن پالاقلايدىغان، ھارام لەۋزى بىلەن جان باقىدىغان ئىپلاس كىشىلەرگە تولىدۇ. كىشىلەر قەلبىدە ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك كەيپىياتى ئەۋج ئېلىپ، ھاياتقا، جەمئىيەتكە، ئادەملەرگە ئىشەنمەيدىغان كەيپىيات شەكىللىنىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۆزى رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان «ئاخىر زامان» نىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ بۇنداق كۈنلەردىن تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقـ

لىغاي!

ۋەدە — بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە، جەمئىيەتكە، ۋەدە بەرگۈچىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى، پەزىلىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسئۇلىيەتچان، ئۆز ئىززەت - نەپسىنى ساقلايدىغان كىشىلەر ئالدىراپ ۋەدە بەرمەيدۇ، پەلىپەتىش سۆزلەپ باشقىلارنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدۇ. ۋەدە بەرگەن بولسا، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ، لەۋزى قىلغان ئىشنى چوقۇم ئورۇندايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىناۋىتى يۇكسەك بولىدۇ، خۇددى ئىشەنچلىك داڭلىق ماركىغا ئوخشاش نامى ھەريان تارىلىپ، ھەممە كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر نۇرغۇن ھاجەتمەنلەرنىڭ قەلبىگە باھار ئىللىقلىقىنى بەخش ئېتىدۇ. ئارىمىزدا شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغىمۇ ۋەدە بېرىۋېرىدۇ، ئاممىۋى سورۇنلاردا گەپ ئۇلاردىن ئاشمايدۇ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ پو ئېتىپ، بىر قىسىم ساددا، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ. «چاتاق يوق، ھەر قانداق ئىشىڭغا مەن بار» دېگەندەك قۇرۇق ۋەدىلەر بىلەن ھاجەتمەنلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ پۇلىنى خەجلەپ، ئويناپ كۈلۈپ، ئۆزىنى سەمرىتىدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ھەممە يەردە بۇرنىغا يەپ، ئىناۋىتى خەسكە ئايلانسىمۇ، يەنە قىلچە خىجىل بولماي، «ھۈنىرى» نى ئىشلىتىپ مېڭىۋېرىدۇ، بۇ مۆرەككەپ ۋە پايانسىز جەمئىيەتتە ئۇلارغا ئالدىنىپ قالىدىغانلارمۇ چىقىپ تۇرىدۇ.

ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق، يالغانچىلىق جەمئىيەتكە، ئەۋلادلارغا، كىشىلىك ئەخلاققا، ئىجتىمائىي ساپاغا غايەت زور زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋەدىسىدە تۇرماسلىقى مەسۇم بالىلارغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ نازۇك قەلبىنى جاراھەتلەندۈرىدۇ، بۇ خىل ئىللەتنى بالىلار ئاسانلا يۇقتۇرۇۋالىدۇ. شۇڭا، بالىلارغا قۇرۇق ۋەدە بېرىپ قويۇشتىن، «گوللاپ قۇتۇلىمەنغۇ» دەپ ئويلاپ، يالغان ئېيتىپ قويۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. زىيالىيلار جەمئىيەتنىڭ «چوڭ مېڭىسى» بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر قانداق ئىشتا، جۈملىدىن ۋەدىگە ئەمەل قىلىشتا ئۈلگىلىك، سەركەردىلىك رول ئوينىشى، ئۆزلىرىنىڭ نامىغا، ئەقىل - پاراسىتىگە، سالاپىتىگە يارىشا قىلغان سۆزىگە ئىگە بولۇشى لازىم. بۇ يەردە بوۋىلىرىمىزنىڭ تەۋەررۇك سۆزىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ قويۇش ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇكى، «گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ». يەنە جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئادەم ئەجدادلار-

نىڭ ئىپسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، «لەۋزى ھالاللىق» تىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەرنى چىڭ ساقلاپ، ئۆز ئوبرازىنى، قەدىر - قىممىتىنى يەنە- مۇ نۇرلاندۇرۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئادەملەرنىڭ قەلبى قۇرداش- لىرىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىدىن خۇشاللىققا، سۆيگۈگە تولىدۇ، جەمئىي- يەت گۈزەل تۈسكە كىرىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا تەرەققىيات قەدىمى تېز- لىشىپ، بارلىق ئىشلىرىمىز يۈرۈشۈپ، ھەقىقىي ئىنسانلىق قەدىر - قىممىتىمىزنى نامايان قىلالايمىز، ھەقىقىي ئىنسانلىق شاراپىتىدىن بەھر ئالالايمىز. شۇڭا، بارلىق قېرىنداشلارنىڭ خەلق ناخشىلىرىمىزدىكى مۇنۇ بىر مىسرانى قەلبىنىڭ تۆرىسىگە نەقىش قىلىۋېلىشىنى ۋە بۇ سۆزگە ھەر دائىم ئەمەل قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن: «بەرگەن ۋەدىمىز ۋەدە».



ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى (ئوڭدىن) شېرىن قۇربان، ئوسمان ئۆمەر، ئارسلان ئابدۇللالار بىلەن بىللە.



# ياشىسۇن ئۇلۇغ «ئەخمەقلىق»

ئۆزۈم دېھقان بالىسى بولغانلىقىم، مۇخبىرلىق مۇناسىۋىتى بىلەن داۋاملىق دېھقانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكەنلىكىم ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، سەمىمىيلىكى، مېھماندوستلۇقى ماڭا ئايان ئىدى. يېقىندا، ماڭا تەسىر قىلغان ئىككى ئىش بۇ قارىشىمنى يەنىمۇ كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، دېھقانلارغا بولغان ھۆرمىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى ۋە ئۆزىمىز ھەققىدە ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە ئويلىنىشىمغا سەۋەب بولدى.

يېقىندا، ئائىلەمدىكىلەرنى ئېلىپ، پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق يېزىسىدىكى بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە دەم ئېلىش ئۈچۈن باردىم. بۇ دەل ئۆرۈك پىشقان مەزگىل بولغاچقا، دوستۇم قوشنا مەھەللىدىكى بىر تۇغقانلىرىنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغى بارلىقىنى ئېيتىپ، بىزنى شۇ يەرگە باشلاپ باردى. ئاتمىش بەش ياشلار چامىسىدىكى پاكىز قېرىغان، مېھرىبان ئەر - ئايال ساھىبخان بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۆرۈكلۈك باغنى سەيلە قىلىش بولسىمۇ، ساھىبخانلار ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي ئۆيىگە باشلاپ، چاي تەييارلىدى. بىزنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ، گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ، قەلبىمىزگە بىر خىل مېھىر - مۇھەببەت تۇيغۇسى بەخش ئەتتى. گەپ ئارىلىقىدا ئەر ساھىبخان: «خەلقىمىزدە، ئۆيۈڭگە ئۈچ كۈن مېھمان كىرمىسە ئۇ يەردىن كۆچۈپ كەت دەيدىغان گەپ بار، سىلەرنىڭ ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كىرگەنلىكىڭلاردىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم» دېدى. مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. ئۆرۈكلۈك باغدىكى شەربەتلىك ئۆرۈكلەرگە ئېغىز تېگىپ چىققىنىمىزدا، ساھىبخان بىزنى باشلاپ بارغان دوستىمىز بىلەن تالاش - تارتىش قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئېغىلدىكى پاقلىنىدىن بىرنى سويۇشقا تەرەددۇت-

لەنگەنكەن. بىز مىلىڭ تەستە ساھىبخاننى توسۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا ئۆزرە ئېيتىپ خوشلىشىپ قايتىپ چىقتۇق.

يەنە بىر كۈنى ئۇرۇمچىلىك بىر دوستىمىز ئاپىسىنى ئېلىپ، تۇرپانغا ساياھەت قىلغىلى كەلدى. بىز دوستىمىزنىڭ بۇ مېھرىبان ئانىسىغا تۇرپان يېزىلىرىنى، باغلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بىر تونۇشىمىزنىڭ يول باشلىشى بىلەن تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزىسى بەشبالاكارىز كەنتىدىكى بىر باغقا قاراپ يولغا چىقتۇق. قەدىمكى كارىز بويىغا جايلاشقان كۆجۈم مەھەللىدىكى بىر بۇك ـ باراقسان ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغىنىمىزدا، ياش دېھقان ئەر ـ ئايال ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى تەۋەززۇ بىلەن كۈتۈۋالدى. ئايال ساھىبخان دوستىمىزنىڭ ئاپىسى بىلەن كونا تونۇشلاردەك يۈز يېقىپ كۆرۈشتى ۋە بىزنى ھويلىدىكى سالقىن باراڭ ئاستىغا سېلىنغان كۆرپىلەرگە باشلىدى. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، ساھىبخان تۇتقان سوغۇق چاي تەنلىرىمىزگە ئارام بېغىشلاپ، ھاردۇقىمىزنى چىقىرىپلا قويدى. ھويلىنىڭ كەينىدىكى بىر يېرىم مو كۆلەمدىكى ئۆرۈكلۈك باغ بۇ تىرىشچان دېھقاننىڭ ئەجرى بىلەن ئاجايىپ ياشناپ كەتكەن، باغدا ئالتە ـ يەتتە خىل ئۆرۈك سورتى بار ئىدى. ئۆرۈكلەر مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن، باغنىڭ ئىچىدىن بىر ئېرىقتا كۆپكۆك ئۆستەڭ سۈيى ئېقىپ تۇرغان بولۇپ، كىشىگە ھەقىقىي سەھرا لەززىتىنى، جەننەت ھۇزۇرىنى بېغىشلايتتى. بىز خالىغان ئۆرۈكلەردىن ئۈزۈپ يەپ، ساھىبخانلار بىلەن ئۇرۇغ ـ تۇغقانلاردەك ئازادە پاراڭلىشىپ، ئىنتايىن خۇشال كەيپىياتتا چۈمۈلدۇق. ماڭار ۋاقتىمىزدا ساھىبخان ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي، بىر يەشىك ئۆرۈكنى ماشىنىمىزغا سېلىپ قويدى. يولدا كېلىۋاتقۇچە قەلبىمنى چوڭقۇر ھاياجان، كاللامنى تۈگىمەس ئوي ئىلكىگە ئالدى، يۇقىرىقى ئىككى ئائىلىگە قىلغان زىيارىتىم چاڭ بېسىپ كەتكەن پاكىز تۇيغۇلىرىمنى دولقۇنلىتىپ، سۆيۈملۈك دېھقانلارغا بولغان قايىللىقىم، ھۆرمىتىم، سۆيۈنۈشۈمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. مېنى «ئۇلار ئۈچۈن قانداقلا ياخشى ئىش قىلىپ بەرسەك ئەرزىيدىكەن» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈردى.


بىز بۇ كىشىلەر بىلەن ئەزەلدىن تونۇشمايمىز، بۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئۇچرىشالىشىمىزمۇ مۇمكىن، ئۇلار بىلەن قىلچە پايدا ـ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىمىزمۇ يوق، ھەتتا ئۇلار بىزنىڭ كىملىكىمىزنى، نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىمىزنىمۇ بىلمەيدۇ. بىراق، ئۇلار بىزنى، بوسۇغۇسىدىن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئاتلىغان ھەرقانداق كىشىنى شۇنچە قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ، داستىخاندا بارىنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تۆكىدۇ، شۇنچە ئىز-

زەت ـ ئىكرام، مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان مېھمانىنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنە پارلاپ تۇرىدۇ، «مېھمانلىق ئۆيگە بەرىكەت ياغىدۇ» دەيدىغان قاراش ئۇلارنى مەڭگۇ ئىلھاملاندۇرىدۇ. مانا بۇ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، جاپاكەش دېھقانلىرىمىزنىڭ ئۆزگىچە خىسلىتى، مەڭگۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك بولغان ئۇلۇغ پەزىلىتى.

بىر قىسىملار شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىۋاتقان، جەمئىيەتتە پايدا ـ مەنپەئەت قارىشى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، بۇ خىل سەمىمىيلىكنى ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە، ئۇلۇغلاشقا، مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. لېكىن، بىر قىسىم تۈزكور، نائىنساپ كىشىلەر تەپتارتماستىن ئاشۇ ئەزىز دېھقانلىرىمىزنىڭ بۇ خىل پەزىلىتىنى «ئەخمەقلىق»، «قولىدىكى بار ئەۋزەللىكتىن پايدىلانماي، قاراپ تۇرۇپ باشقىلارغا بىكارغا ئىشلەيدىغان ساددىلىق» دەپ مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەگرى نىيەت كىشىلەرگە لەنەتلەر ياغسۇنكى، تىلى تۇتۇلۇپ قالسۇنكى، مۇشۇ خىل ئېسىل «ئەخمەقلىق» مەڭگۇ ياشىنىسۇن! ھازىر پەقەت دېھقانلىرىمىزدىلا ساقلىنىپ قالغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ خىل ئېسىل پەزىلەتلىرى ئەگەر بىزگە ئوخشاش ئەۋلادلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز سېھرىنى نامايان قىلغان بولسا، جەمئىيىتىمىز ئاجايىپ ئىللىقلىققا، مېھىر ـ مۇھەببەتكە، ئاسايىشلىققا تولغان بولاتتى. بالىلىرىمىز پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق، ۋاپادار، مېھرىبان چوڭ بولغان، بىزمۇ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىن ۋايىم يېمىگەن بولاتتۇق. مىڭ ئەپسۇس، بىز ھازىر بوسۇغىمىزدىن مېھمان كىرىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ قايسى مۇددىئا بىلەن كىرگەنلىكى ھەققىدە تەگسىز خىياللارغا پېتىپ كېتىمىز. بۇ خىياللارنىڭ يېشىمىغا ماسلىشىپ، چىرايلىرىمىزنى مىڭ خىل ئۆزگەرتىپ، سۇنئىي تەكەللۇپلار بىلەن مېھماننى ئۇزىتىشقا ئالدىرايمىز. ۋادەرىخا، «مېھمان كىرگەن ئۆيگە پەرىشتە كىرىدۇ» دېگەن ئۇدۇمىمىز نەگە كەتتى؟ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي دېھقانلىرىمىزنىڭ مېھماندوستلۇقىدىن، پەزىلىتىدىن ئۈلگە ئالايلى، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ «ئەخمەقلىقى» دىن ئۆگىنەيلى، مۇنداق «ئەخمەقلىق» مەڭگۇ ياشىنىسۇن!

# ئابچەشمە مەڭگۇ ئۆزۈلمەي ئاقسۇن



بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئىككى قوۋم كىشلىرى ياشايدىكەن. تاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئىدىقۇت ۋادىسى يازدا قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان، سۇيى قىس زېمىن بولۇپ، بۇ يەردىكى كىشىلەر تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. تاغنىڭ شىمالىدىن سىڭگەن سۇلار جەنۇبىدا نۇرغۇن بۇلاقلارنى شەكىللەندۈرگەچكە، ئىدىقۇت باغرىدىكى قوۋملەر بۇلاق سۇلىرىغا تايىنىپ، ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرىدىكەن. تاغنىڭ شىمالىنىڭ ھاۋاسى سالقىن، سۇيى مول، ئوت - چۆپلىرى قويۇق، يايلاقلىرى پايانسىز بولۇپ، بۇ يەردىكى كىشلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئەسلىدە تاغنىڭ ئىككى يېقىدىكى كىشلەر بىر ئۇرۇقتىن بولۇپ، كېيىن ھەر خىل نىزالار سەۋەبىدىن ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەنىكەن.

ئىدىقۇت ۋادىسىدىكى ئەزىز ئاتلىق پاراسەتلىك، باتۇر، سۇباتلىق يىگىت داۋاملىق ماللىرىنى ھەيدەپ تاغنىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ قوي باقىدىكەن. بۇ جەرياندا ئۇ بۇ يەردىكى زەدىراخۇن ئاتلىق بىر باينىڭ بەختىگۈل ئىسىملىك بەرنا قىزىغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، بەختىگۈلمۇ ئەزىزگە كۆڭۈل بېرىپتۇ. ئىككىيلەن تويلىشىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئەزىز بۇ ئىشنى دوست - يارانلىرى ئارقىلىق ئاتا - ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. ئەزىزنىڭ ئاتا -

ئانىسى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، تاغنىڭ شىمالىدىكى زەدىرا ـ خۇننىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە كەپتۇ. لېكىن، زەدىراخۇن ئىككى يۇرتنىڭ بۇرۇنقى ئۆچمەنلىكىنى پەش قىلىپ ۋە ئەزىزجاننىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى نامرات كۆرۈپ ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ. ئامالسىز قالغان ئەزىز بىر ئاخشىمى تاغنىڭ شىمالىغا ئۆتۈپ، بەختىگۈلنى ئېلىپ قېچىپتۇ. بۇ ـ نىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن زەدىراخۇن تاغ باغرىغا ئېقىپ بارىدىغان بارلىق ئېقىن ـ ئۆستەڭلەرنى باشتىن توسۇپ، جەنۇبتىكى خەلقلەرنىڭ سۇدىن ئىبارەت جان تومۇرىنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى بوپتۇ. دەرۋەقە، تاغنىڭ شىمالىدىكى سۇلار توسۇۋېتىلگەچكە، جەنۇبتىكى بۇلاقلار قۇرۇشقا باشلاپ ـ تۇ ۋە ئىمدىقوت ۋادىسىدا ئېغىر قۇرغاقچىلىق، قەھەتچىلىك ئاپىتى يۈز بېرىپ، ماللار ئورۇقلاپ، ئامبار، تاغارلار قۇرۇغداپ، يەرلەردىن ئاشلىق چىقماس، باغلاردىن يېمىش چىقماس بولۇپ قاپتۇ. بۇ يەردىكى قوۋملەرنىڭ جان بېقىشىمۇ تەسكە توختاپتۇ. خەلقلەر:

زەدىراخۇن باغرى تاش،
بەختىگۈلنى بەرمىدى.
مالغا گىياھ، يەرگە سۇ،
ئوت ـ چۆپ، بۇلاق بەرمىدى.

دېگەندەك قوشاقلارنى توقۇشۇپ، زەدىربايىنىڭ رەھىمسىزلىكىگە لەنەت ئوقۇپتۇ. ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببەت يولىدىكى پىداكارلىقىنىڭ قوۋمىگە ئا ـ پەت ئېلىپ كەلگەنلىكىدىن تەڭقىسلىقتا قالغان ئەزىزجان قەتئىي ئىراد ـ گە كېلىپ، ئۆزى بىلەن تەڭتۇش باھادىر يىگىتلەرنى ئەتراپىغا يىغىپتۇ ۋە يەر ئاستىدىن يوشۇرۇن لەخمە كولاپ، تاغنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، شىمال تەرەپتىكى سۇلارنى مۇشۇ لەخمە ئارقىلىق باشلاپ كەلمەكچى بوپ ـ تۇ. تارىختىكى تاغ يېرىپ سۇ باشلاپ كېلىپ، شېرىننىڭ ۋىسالىغا يەتكەن پەرھاتتىن ئۈلگە ئالغان ئەزىز باشلىق يىگىتلەر ھېرىپ ـ چارچاشتىن، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، لەخمە كولاشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. لەخمە ـ نىڭ توپىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىدىن مەلۇم ئارىلىقتا بىردىن قۇدۇق كولاپ چۈشۈپ، لەخمىگە تۇتاشتۇرۇپتۇ. ئۇلار:

ساي ئاستىدىن سۇ باشلىدۇق،
تەشنا يۈرەككە.
يارنىڭ بەرگەن ياغلىقىنى،
چىگىپ بىلەككە.

ئەجرىمىزنىڭ نام - شەرىپى،
«كار ئەزىز» بولدى.
بىنام ياتقان ئېدىر - سايلار،
باغ، ئېتىز بولدى.

دېگەندەك ناخشىلارنى ئېيتىپ، مۇشۇ تەرىقىدە لەخمە كولاپ، تاغ باغرىغا يېقىنلىشىشى بىلەنلا، لەخمىنىڭ تۆت ئەتراپىدىن، قۇدۇقلارنىڭ باغرىدىن سۇلار پىقىر - مىسكىنلەرنىڭ كۆز يېشىدەك تەپچىرەپ چىقىپ، تامچە - تامچە سۇلار قوشۇلۇپ، تەشمە ئىچىدە شارقىراپ ئېقىشقا باشلاپتۇ ۋە مەھەللە ئىچىدىكى تىلما ئاغزىدىن ئېقىپ چىقىپتۇ. قاتار - قاتار قۇدۇقلارنىڭ تەشمىلىرىدىن ئېقىپ چىققان سۇنى كۆرگەن ئەل - ئاۋامنىڭ خۇشاللىقتىن كۆز ياشلىرى تامچىلاپ كارىز سۈيىگە قوشۇلۇپ كېتىپتۇ ۋە بۇ سۇدىن بىر كۆل پەيدا بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن خالايىق يىغىنى توختىتىپ، «كۇل، كۇل» دېيىشىپ، يىغلىغان بۇ سۇنى «كۇل» (زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆز «كۆل» گە ئۆزگىرىپتۇ) دەپ ئاتىشىپتۇ. يۇرت چوڭلىرى «ئەمدى ھەممىمىز بۇ قۇتلۇق ئەمگەكنى مۇبارەكلەپ، ياخشى كۆرگەن دەرەختىن بىر تۈپتىن ئەكىلىپ، تىلما ۋە كۆل بويىغا تىكىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرايلى» دېيىشىپ، جۇجەم، ئۆرۈك، نەشپۈت، تېرەك، تال قاتارلىق قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالايلا دەپ قالغان دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئەكىلىپ، كۆل ۋە تىلما ياقىسىغا تىكىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كارىز بويى باغ - بوستانلىققا ئايلىنىپتۇ. يۇرت چوڭلىرى يەنە مەسلىھەتلىشىپ، «بۇ سۇنى ئەزىزجان باشچىلىقىدىكى ‹كارى ئەزىزلەر› يەنى مېھنەتنى قەدىرلىك، ئەمگەكچى ئەزىز كىشىلەر باشلاپ كەلدى، شۇڭا بۇ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ‹كارى ئەزىز› دەپ نام قويايلى» دېيىشىپتۇ، كېيىن بۇ ئىسىم ئىخچاملىنىپ، «كارىز» غا ئۆزگىرىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان كارىز ئىدىقۇت ۋادىسىنىڭ ھاياتلىق جان تومۇرى بولۇپ قاپتۇ...

قەدىمكى دەۋردە ئىدىقۇت تېغى باغرىدا بىر كۆجۈم بوستانلىق بار بولۇپ، بۇ يەردە بىر قوۋم كىشىلىرى ئىناق - ئىتتىپاق ياشايدىكەن. ئەتراپىنى تاغلار قورشاپ تۇرغان. قۇرغاق ئويمانلىققا جايلاشقان بۇ زېمىن ياز كۈنلىرى باغرىنى كېسىپ ئۆتكەن ئىدىقۇت تېغىنىڭ يالقۇندەك تەپتى دەستىدىن «ئوت ماكانى»غا ئايلىنىدىكەن. بۇ يۇرتتا سۇ قىس بولۇپ، كىشىلەر بۇلاق سۇلىرىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن، تاغ باغرىدىكى چۆللۈكلەردە مال بېقىپ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ يۇرتتىكى پادىچى بالا قويلىرىنى ھەيدەپ يۇرتنىڭ شىمال

تەرىپىدىكى يانتاقلىقتا پادا باققىلى چىقىپتۇ. بۇ كۈنى ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، ئۇ قاپاقتىكى سۈيىنى بالدۇرلا ئىچىپ تۈگىتىپتۇ ۋە كۆپ ئۆتمەيلا تەشنالىق ئازابى ئۇنى يەنە قىيناشقا باشلاپتۇ. پادىچى بالا يىراقتا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تەڭرىتاغ چوققىلىرىغا، ئاسماندا ئوت پۈركۈپ مىس لېگەندەك ساڭگىلاپ تۇرغان ھارارەتلىك قۇياشقا، ئالىۋۇنلار جىمىرلاپ تۇرغان پايانسىز دالىغا قاراپ نېمە قىلىش ھەققىدە ئويلىنىپتۇ. ئاخىرى بىر ئەقىل تېپىپ، قولىدىكى پادىچى تايىقى بىلەن ئايىغى ئاستىدىكى قۇمساڭغۇ تۇپراقنى كولاشقا باشلاپتۇ. تۇپراق كولانغانچە نەم توپا چىقىپتۇ، بالا بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي، توختىماي كولاۋېرىپتۇ ۋە ھېرىپ كېتىپ، ئۆزىنى تاشلاپ بىر دەم ئارام ئاپتۇ. ئۇ دېمىنى ئېلىۋېلىپ، شۇنداق قارىغانىكەن، ئۆزى كولىغان كۆلچەكتە بىر ئوچۇم سۈپسۈزۈك سۇنىڭ قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ئۇ سۇنى ئوچۇملاپ ئىچىپ تەشنالىقىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، قويلىرىنى ھەيدەپ مەھەللىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى يۇرت ئاقساقاللىرىغا ئېيتقاندىن كېيىن، ئەتىسى يۇرت ئاقساقاللىرى بەردەم يىگىتلەر ئون نەچچىنى باشلاپ، كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى ئېلىشىپ، پادىچى بالا كۆلچەك كولىغان يەرگە كەپتۇ. بۇ كۈنى بۇ كۆلچەكتە تېخىمۇ كۆپ سۇ يىغىلىپ قالغانىكەن. بۇنى كۆرۈپ ھەم ھەيران قالغان ھەم خۇشال بولغان يىگىتلەر ئاقساقالنىڭ باشچىلىقىدا كۆلچەكنى يەنە بىر ئاز كولاپ، ئېرىق چاپقانىكەن، ئېرىقتا كەتمەن سېپىدەك توملۇقتا سۇ ئېقىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان يىگىتلەر ئېرىقنى يۇقىرىسىغا قاراپ چېپىپتۇ. ئېرىق يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ، قازىدىغان توپا مىقدارى كۆپەيگەندىن كېيىن ئۇلار ئېرىق قېزىشتىن تەشمە قېزىشقا ئۆتۈپتۇ. تەشمە تېشىلىپ مەلۇم جايغا بارغاندا لاي چىقىرىش، ھاۋا ئۆتۈشۈش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەشمە ئۈستىدىن قۇدۇق قېزىپ چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قۇدۇقلۇق ئىپتىدائىي كارىز پەيدا بوپتۇ، كېيىنچە باشقا قارىتىپ ئۇزارتىلىپ، قۇدۇق سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ، كۆپ قۇدۇقلۇق كارىزلار مەيدانغا كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئابىھايات كارىزلار مۇقەددەس ئىدىقۇت ئاتىنىڭ سېھىرلىك تېنىدىكى تومۇرلارغا ئوخشاش بۇ زېمىننىڭ ھەممە يېرىگە تۇتىشىپ، بۇ تۇپراقنى زىلال سۈيى بىلەن ياشارتىپ كەپتۇ. ئىدىقۇت تېغى باغرىدىكى بۇ زېمىننى غايەت زور ھاياتىي كۈچكە تولدۇرۇپ، بۇ يۇرتنى ئۈزۈم ماكانىغا، مەئىشەت قۇچىقىغا، مەدەنىيەت بۆشۈكىگە ئايلاندۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ زېمىندىكى كى-

شىلەر كارىزغا ئېتىقاد قىلىپ، يۇرت ـ يۇرتلاردىكى ئەركەكلەر دائىم كا-رىز چاپىدىغان، كارىزلارنىڭ لېيىنى تارتىپ، سۈيىنى ئۇلغايتىدىغان، بې-شىغا ئۇزارتىپ چىېپ، هاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان، كارىز سۈيىنىڭ پاكىزلىقىغا ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىدىغان بوپتۇ. كارىز بويىلىرىدا:

قاتار ـ قاتار كۆرۈنگەنلەر،
كارىز دەرىخى.
بىزنىڭ يارنى كۆرسەتمىگەن،
يولنىڭ يىراقى.
يىراق بولۇپ، يېقىن بولۇپ،
داۋانى يوقتۇر.
مەن يارىمنى كۆرۈۋالسام،
ئارمانىم يوقتۇر.
كارىزلاردىكى تەشمىلەردە،
ئابى زەم ـ زەم ئاقىدۇ.
ئىچىپ باقسام خويمۇ تاتلىق،
يۈرەككە بەك ياقىدۇ.
ئاتام سورىسا، ئانام سورىسا،
كارىزدا دەڭلار.
قولى ئىشتا، كۆزى ياشتا،
يۇرىدۇ دەڭلار.
ئۈچ يۈز ئاتمىش قۇدۇق سۈيى،
بىر بولۇپ ئاقتى.
مەن بالىلىرىمنى كۆرەي دېسەم،
كارىزنىڭ ۋاقتى.
دېگەندەك ناخشىلار جاراڭلاپ تۇرىدىغان بوپتۇ...

يۇقىرىقىلار خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن، كارىز ھەققىدىكى رىۋا-يەتلەرنىڭ بىر قىسمى. 1986 ـ يىلى توقسۇن ناهىيىسىنىڭ كۆرجەي يې-زىسىدىن مىلادىيىدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرىكى قىياتاش سۈرەتلىرى تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەيۋەتلىك، تەكشى يۈزى ئىككى ئېغىز ئۆيچە-لىك كېلىدىغان قىياتاشقا ئويۇلغان بىر تاش خەرىتە بار بولۇپ، بۇ تاش خەرىتىگە ئېقىنلار، كۆللەر ۋە ئىپتىدائىي كارىزلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈ-رۈلگەن. بۇ تاش خەرىتىنى ئالىملار: «قەدىمكى زامان ئۇۋچىلىقىنىڭ گۈل-لەنگەن دەۋرى، يەنى بۇنىڭدىن 4 ~ 6 مىڭ يىللار بۇرۇنقى مەزگىلدىن

تارتىپ، هون ئىمپېرىيىسى دەۋرى — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىر ـ
دىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرلەر ۋە قەدىمكى تۈرك خانلىقى دەۋ ـ
رىگىچە داۋاملاشقان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى»
ژۇرنىلى 1989 ـ يىلى 5 ـ سان) دەپ كۆرسەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن تارىخشۇناس ۋاڭ گوۋېي ئۆزىنىڭ «غەربىي
رايونلاردىكى كارىزلارنى تەكشۈرۈش» ناملىق كىتابىدا «شىنجاڭدىكى كا ـ
رىزلار بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى خەن دەۋرىدىلا بار ئىدى» دەپ
يازغان. «تۈرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 2 ـ سا ـ
نىدىكى «يىپەك يولىدىكى جۇڭگو كارىزلىرى» ناملىق ماقالىدە: «ياپونىيە
مىيازاكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مۇراكامى ريوخارا ئەپەندى
تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ‹جۇڭگودىكى شىنجاڭ كارىزلىرى
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 102 ـ يىلى، يەنى خەن ۋۇدى زامانىسىدا قېزىـ
لىشقا باشلىغان› دەپ قارىدى» دېيىلگەن. پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇ ـ
ھەممەتئىمىن «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق كىتابىدا: «كارىزچىلىق
ئاسىيادىكى قۇرغاق رايونلار ئاھالىسىنىڭ يەر سۇغىرىشتىكى مۇھىم بىر
ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ساك ـ سارماتىن قەبىلىلىرىدە خېلى ئومۇمىي تېخنىـ
كا ئىدى. ‹غار ئىز›، ‹كارىز› دەپ نام ئالغان ۋە ‹غارلار› تۇتاشتۇرۇلىدىغان
بۇ خىل يەر ئاستى كانال سىستېمىسى گەنسۇ كارىدورىنىڭ ياۋچى ـ
ساكلار ياشىغان قىسمىدا، تۈرپاندا، ئالان قەبىلىلىرى ياشىغان كاۋكازدا
ئۆزىنىڭ تىپىك ئۆلگىسىنى كۆرسەتكەن» دەپ يازغان. دېمەك، يۇقىرىـ
قىلاردىن تۈرپان كارىزلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 1980 ـ يىلى ئامېرىكىلىق بىر ئاتاقلىق ئالىم ئۆ ـ
زىنىڭ ماقالىسىدە: «دۇنيادا ئۈچ كەشپىيات بار، ئۇلار: مىسىردىكى ئەل ـ
ئېھرام پىرامىداسى، جۇڭگودىكى سەددىچىن سېپىلى ۋە كارىز. ئالدىنقى
ئىككىسى ئۆز ۋاقتىدا تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغان، ئۇلار ھازىر
ئاسارئەتىقىگە ئايلاندى. لېكىن، ‹كارىز› دىن ئىبارەت بۇ مۆقەددەس قۇرۇ ـ
لۇشنىڭ ۋەزىپىسى تېخى ئاياغلاشمىدى، بەلكى تا ھازىرغىچە تۈرپان بوس ـ
تانلىقىنى كۆكەرتىپ تۇرماقتا» دەپ يازغان.

كارىز — ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ مەھسۇ ـ
لى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش تارىخىدىكى بۈيۈك ئابىدە ھەم دۇنياۋى ئۇلۇغ
كەشپىيات، خەلقىمىز دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۈچمەس
تۆھپە. كارىز قۇرۇلۇشى زور پەم ـ پاراسەت، يۇقىرى تېخنىكا، كۆپ ئەم ـ
گەك كۈچى، كۈچلۈك ئىرادە ۋە سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىنچىكە

قۇرۇلۇش بولۇپ، چوڭقۇر سۇلۇق قانالمدىكى يەر ئاستى سۈيىنى يەر يۈزى
يانتۇلىقىدىن پايدىلىنىپ، يەر ئاستى ئېرىقلىرى ئارقىلىق يەر يۈزىگە ئې-
لىپ چىقىدىغان سۇ ئىنشائاتى سەمەرىسىدۇر. ئۇ تۇرپانغا ئوخشاش ئەترا-
پىنى بوغدا تېغى، تۇزتاغ، قۇمتاغ، چۆلتاغ قاتارلىق تاغلار ئوراپ تۇرغان،
يەر تۈزۈلۈشى قازانغا ئوخشايدىغان، ھاۋاسى قۇرغاق، يەر ئۈستى سۈيى
كەمچىل، ھۆل - يېغىن ئاز، يەر ئاستى سۈيى مول ۋە سۇ تەركىبى ياخ-
شى، يەر يۈزى يانتۇلۇقى بىر قەدەر چوڭ، يەر ئاستى تۇپراق قۇرۇلۇشى
مۇستەھكەم جايلارغا باب كېلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز مۇشۇنداق يەر شارائى-
تىدا تەڭرىتاغ قار - مۇز سۇلىرىنى ئىدىقۇت ئويمانلىقىغا قانداق باشلاپ
كېلىش ھەققىدە نۇرغۇن ئىزدەنگەن. چۈنكى، شىمال تەرەپ ئېگىز، جەنۇب-
قا قاراپ ماڭغانسېرى پەسلەيدىغان، يانتۇلۇق پەرقى چوڭ بولغان شارائىت-
تا تاغ سۇلىرىنى بىۋاسىتە باشلاپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە
بىر تەرەپتىن ئىدىقۇت تېغى باغرىغا ھەر قايسى غوللاردىن ئېقىپ كەلگەن
تاغ سۇلىرى مول يەر ئاستى سۈيى جۇغلانمىسىنى شەكىللەندۇرگەن بو-
لۇپ، بۇ سۇلارنى باشلاپ چىقىشقىمۇ بىر ئىلمىي سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى
بولمىسا بولمايتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئەجدادلىرىمىز ئاخىر كارىزنى
ئىجاد قىلغان.

كارىز چېپىشتا ئالدى بىلەن پېشقەدەم كارىزچىلار كەڭ دالىغا چىقىپ،
كارىزنى قايسى يۆنىلىشتە چېپىشنى بەلگىلەيدۇ. ئاندىن كارىز چاپماقچى
بولغان دائىرىنى تەكشۈرۈپ، كارىزلارنىڭ سۇلۇق قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇ-
قى، دەريا، كۆل قاتارلىق يەر ئاستى سۇ مەنبەلىرىنىڭ يىراق - يېقىنلىقى
ۋە يەر يۈزىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللارغا
ئاساسەن شۇ جاينىڭ يەر ئاستى يوشۇرۇن ئېقىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى مۆل-
چەرلىنىپ، كارىزنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشى بەلگىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن
سۇلۇق قاتلامنى تېپىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن يۆنىلىش بويىچە ئۈچ قۇدۇق
چېپىلىپ، يىغىلغان سۇ كۆزىتىلىدۇ. سۇلۇق قاتلام مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن
كېيىن تۆۋەنگە قاراپ قۇدۇق چېپىلىدۇ، قۇدۇقلار تەشمە ئارقىلىق تۇتاش-
تۇرۇلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا قېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاياغ قۇدۇققا بارغان-
دىن كېيىن تىلما چېپىلىدۇ. سۇ چىقىش يولىنى تاپقاندىن كېيىن باشقا
قاراپ قۇدۇق چېپىلىپ، تەشمە تېشىلىپ، كارىز ئۈستىگە قاراپ ئۇزارتى-
لىدۇ. مۇشۇ ئاساستا بىر تەرەپتىن قۇدۇق چېپىپ، بىر تەرەپتىن تەشمە
تېشىپ، يۇقىرىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ ۋە سۇ مىقدارى كۆپىيىپ كۆز-
لىگەن نىشانغا يەتكەندە قېزىش توختىتىلىدۇ. كارىز ئادەتتە قۇدۇق، تەش-

مە، تىلمىدىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، قۇدۇق تەشمىدىن قېزىلغان توپا ۋە لايلارنى ئۈستىگە چىقىرىش، تەشمىگە يورۇقلۇق ۋە ھاۋا يەتكۈزۈپ بېرىش، كارىزچىلارنىڭ تەشمىگە چىقىپ - چۈشۈشى، تەشمىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ. تەشمە بولسا كارىزنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، ئۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيىنى يىغىش ۋە يەر ئۈستىگە چىقىرىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. تىلما بولسا تەشمە بىلەن كۆلنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. قۇدۇق چېپىشتا بىر كىشى چېپىشقا، بىر كىشى چېپىلىپ چىققان توپىنى غالتەك بىلەن ئارغامچىدا تارتىشقا، يەنە بىر كىشى توپىنى تۆكۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. غالتەك كارىزچىلار قۇدۇقتا چۈشۈپ چىقىش ۋە توپا بىلەن لايىنى تارتىپ قۇدۇق ئاغزىغا چىقىرىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. تەشمە چوڭقۇر يەر ئاستىدىكى قۇرۇلۇش بولۇپ، لىنىيىسى ئۇزۇن، يورۇقلۇق چۈشىدىغان جايى ۋە ھاۋا كىرگۈزۈش ئۈسكۈنىلىرى يوق، قاراڭغۇ بولغاچقا، ئىش شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق بولىدۇ. رېزىنكە ئۆتۈك، مەخسۇس كارىزچىلار كىيىدىغان رېزىنكە كىيىم (بۇرۇن بۇنداق كىيىملەرمۇ يوق ئىدى، ئەلۋەتتە) كىيگەن كارىزچىلار قاراڭغۇ يەر ئاستىدا كارىز چىرىغىنىڭ غۇۋا يورۇقىدىن پايدىلىنىپ، خۇددى سۇغۇرغا ئوخشاش ئۆمىلەپ يۈرۈپ تەشمە تېشىدۇ. ئەتراپ چىلىق - چىلىق سۇ، تۆت ئەتراپتىن سۇ چاچراپ تۇرغان، بەزىدە ئۈستىدىنمۇ يامغۇردەك سۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان شارائىتتا، كارىزچىلار گاھىدا پاتقاق ئىچىدە ئۆمىلەپ، گاھىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھۆلچىلىككە، قاتتىق سوغۇققا، قاراڭغۇ، جاپالىق ئىش مۇھىتىغا تاقابىل تۇرۇپ توپا قازىدۇ. بەزىدە تەشمە يولىغا قورام تاشلار، ھەر خىل قاتتىق جىنىسلار ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ، تەشمە تېشىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى نەچچە ھەسسە ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. سوغۇق، نەم مۇھىتتا سائەتلەپ، كۈنلەپ ئىشلىگەن كارىزچىلار كارىزنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن تومۇز ئىسسىقتىمۇ جالاقلاپ تىترەپ، يوتقانغا مەھكەم ئورىنىپ يېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بولۇپمۇ ھەر قانداق زامانىۋى ئۆلچەش ئەسۋابلىرى بولمىغان شارائىتتا تەشمىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن يانتۇلۇقىنى بەلگىلەش ئىنتايىن قىيىن. ئەمگەك سۆيەر خەلقىمىز ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا كارىز چېپىشنىڭ، جۈملىدىن تەشمە تېشىشنىڭ نۇرغۇن ئىلغار ئۇسۇللىرىنى ياراتقان. ئۇلار قۇدۇقنىڭ بېشىدىكى غالتەكنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تەشمە ئىچىگە تاش ئېسىلغان ئىككى تال تانا ساڭگىلىتىش، بۇ ئىككى تال تانا بىلەن كارىزنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى مەلۇم نىشاننى نۇقتا قىلىپ، تانا

بىلەن نىشاننى بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كەلتۈرۈش، كارىز چىرىغىغا ئاساسەن يۆنىلىشنى بەلگىلەش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن تەشمىنىڭ تۈزلۈكىنى، سۇنىڭ ئېقىش يانتۇلۇقىنى بەلگىلەپ ماڭغان. ئادەتتە قىسقىراق كارىزلاردا يەتمىش - سەكسەن قۇدۇق، ئۇزۇن كارىزلاردا ئىككى - ئۈچ يۈز قۇدۇق بولىدۇ. قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى كارىزنىڭ ئاياغ تەرىپىدە يىگىرمە مېتىر، يۇقىرىسىدا ئاتمىش - يەتمىش مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. تەشمە كەسمە يۈزىنىڭ شەكلى ئات تاقىسىغا ئوخشاش بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.5 ~ 1.7 مېتىر، كەڭلىكى 0.6 ~ 0.7 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن يىگىرمە يىللار ئىلگىرىلا يازنىڭ تومۇز پەيتلىرىدە ئىدىقۇت دىيارىدىكى كۆجۈم مەھەللىلەرگە كەلسىڭىز مۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرەتتىڭىز: مەھەللىنىڭ باش تەرىپىدە ياكى مەركىزىدە بىر كارىز بولۇپ، سۈپسۈزۈك، ئابىھايات كارىز سۈيى تەشمىدىن ئويناقشىپ ئېقىپ چىقىپ، كۆلگە قۇيۇلۇپ تۇرغان بولاتتى. تىلمىنىڭ ئىككى يېقى ۋە كۆلنىڭ ئەتراپى بۈك - باراقسان قارا ياغاچ، سۆگەت، تېرەكلەر بىلەن قورشالغان بولۇپ، تىلمىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە، كۆلنىڭ بېشىدا بىر مۇنچە قىز - جۇۋانلار كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن كىر يۇيۇۋاتقان، كۆلدە بىر - بىرىدىن ئوماق سەبىي باللار قىيقاس - چۇقان بىلەن سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان، تىلما ئاغزىدا ئەپكەش كۆتۈرگەن زىبا قىزلار چېلەكلىرىگە سۇ ئېلىۋاتقان بولاتتى. تىلمىنىڭ سەل ئېچى، تەشمىنىڭ ئىككى يېقى تۈزلىنىپ، تار ئۇزۇنچاق سەينا ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردە ئىسسىقتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن چىققان مويسىپىتلار ئەدىياللارنى سېلىشىپ، سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشەتتى. قىسقىسى، كارىز بويلىرى ياز كۈنلىرى ساپ، سالقىن ھاۋاغا، جۇشقۇن ھايات قاينىمىغا تولۇپ، پۈتۈن بىر مەھەللىنىڭ ئىجتىمائىي ھايات مەركىزىگە ئايلىناتتى. تومۇز ئىسسىقتا چاڭقاپ، ھېرىپ كەتكەن يولۇچى كارىز بېشىغا كېلىپ، مېھرى ئىسسىق، يۈزى تۆۋەن سەھرا قىزى سۇنغان چۆمۈچتىكى مۇزدەك سوغۇق، سۈزۈك ۋە تەملىك كارىز سۈيىنى گۇپۇلدىتىپ ئىچكىنىدە، پۈتۈن ھارغىنلىقى چىقىپ كەتكەندەك بولاتتى. لېكىن، ھازىر كارىزلار قۇرۇپ، سۈيى تارتىلىپ، «ھايات» كارىزلار بارغانسېرى ئازىيىپ، بۇنداق مەنزىرىلەرنى ناھايىتى ئاز ساندىكى مەھەللىلەردىلا ئۇچراتقىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، ھازىرمۇ ئىدىقۇت دىيارىغا قەدەم باسسىڭىز، يولنىڭ ئىككى يېقىدا رەتلىك، ئۇزاققا سوزۇلغان، خۇددى يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مونچاققا ئوخشاش زومچەك - زومچەك جايلاشقان توپا دۆۋىلىرىنى كۆرىسىز. مانا بۇ كارىز

قۇدۇقىدىن چىققان كارىز توپىلىرى بولۇپ، كارىزلار ئىدىقۇت دىيارىنىڭ
ھەممە يېقىغا يۇلتۇزغا ئوخشاش تارالغان. كۆجۇم مەھەللىلەرگە كىرسە-
ڭىز يەنە ئەتراپى بوك - باراقسان دەل - دەرەخلەر بىلەن ئورالغان غايەت
زور ئۆڭكۈرگە ئوخشاش قايىقارائغۇ بىر ئېغىزدىن سۇپسۇزۇك زىلال سۇ-
نىڭ ئېقىپ چىقىۋاتقانلىقىنى، بۇ يەرنىڭ ساپ، سالقىن ھاۋاغا، يېشىلزار-
لىققا پۈركەنگەنلىكىنى كۆرىسىز. مانا بۇ تاغ باغرىلىرىدىن باشلاپ، تەشمە
تېشىلىپ نەچچە ئون كىلومېتىر يولنى بېسىپ ئېقىپ كەلگەن كارىز سۇ-
يىنىڭ چىقىش ئېغىزى بولۇپ، بۇ يەر شۇ مەھەللىنىڭ ئەڭ جۇشقۇن پائا-
لىيەت مەركىزىگە ئايلانغان.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، كارىز ئەقىل - پاراسەتلىك
ئەجدادلىرىمىز ئىختىرا قىلغان سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى تارىخىدىكى بۇ-
يۈك نامايەندە بولۇپلا قالماستىن، يەنە خەلقىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنى-
يەت خەزىنىسىگە قوشقان غايەت زور تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈن-
كى، نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا كارىز زېمىنىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ
ئىجتىمائىي ھاياتى، گۈللىنىش ۋە خارابلىشىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىيا-
تى، مەدەنىي تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، پەقەت كارىز
بولغاچقىلا، كارىزلارنىڭ زېمىننى ياشارتقۇچى ئابىھايات سۈيى ئەسىرلەر-
دىن ئەسىرلەرگە ئۇلىنىپ ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇرغاچقىلا ئىدىقۇت دىيارى-
نىڭ گۈزەل، پاراۋان، باغۇ بوستانلىق، تەرەققىي قىلغان بۈگۈنى بولالى-
غان. ئەسىرلەردىن بۇيان كارىزنى مەركەز قىلغان ھالدا تالاي ئىجتىمائىي
ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلگەن، كارىز ئىدىقۇت خەلقىنىڭ پىسخىك قاتلى-
مىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. كارىز بويلىرى تارىختىن بۇيان تالاي
ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ۋىسال ئارامگاھى، قەھرىمانلارنىڭ جەسۇرلۇق
مەيدانى، مويسىپىت بوۋايلارنىڭ ياشلارغا ئېتىقاد، غۇرۇر تەربىيىسى
بېرىشنى مەقسەت قىلغان مەدداھلىق، مەشرەپ سورۇنى، بالىلارنىڭ
غەرەزسىز ئويۇن - تاماشىلىرىدىكى گۈزەل جەننىتى، خانىم - قىزلار-
نىڭ پاكىزلىق، پاكلىق، قىزغىن سۆھبەت ماكانى بولۇپ كەلگەن.
شۇڭا، خەلقىمىز ئارىسىدا كارىزغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان گۈزەل
رىۋايەت، قىسسىلەر، ناخشا - قوشاقلار مەيدانغا كەلگەن، كۆپلىگەن يەر-
جاي ناملىرى كارىزلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان، كارىزلارنى مەركەز
قىلغان ھالدا يېڭىدىن يېڭى بوستانلىقلار، ئېكىنزارلىقلار، مەھەللىلەر
شەكىللەنگەن. شۇڭا، «يېشىل سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى» بولغان كارىز مىس-
لىسىز ئىشلىتىلىش قىممىتىگە ئىگە ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسى ھەم

ئانتروپولوگىيىلىك، گىدرولوگىيىلىك قىممەتكە ئىگە ساياھەت بايلىقى بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى، تارىخىي قىممىتىنى، ساياھەتچىلىكتىكى مۇھىم ئورنىنى يەنىمۇ جەۋلان قىلىپ كەلمەكتە. كارىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرمۇ ئەۋلادلارنى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىپتىخارلاندۇرۇپ كەلمەكتە.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، سۇ ئىشلىتىش كۆلىمىنىڭ شىددەت بىلەن كېڭىيىپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ كۈنسېرى تۆۋەنلىشى، ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ توختاۋسىز قېزىلىشى(ھازىر تۇرپان ئويمانلىقىدا ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ سانى بەش مىڭدىن ئېشىپ كەتتى)، سۇ سىڭىمەس ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ كۆپلەپ ياسىلىپ، يەر ئاستىغا سىڭىدىغان سۇ مەنبەسىنىڭ ئۇزۇلۇشى نەتىجىسىدە، كارىزلارنىڭ سۈيى ئىنتايىن تېز سۈرئەت بىلەن قۇرۇپ، كارىزلار پەقەت ئاسارئەتىقىگە ئايلىنىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالماقتا. 1957 - يىلىدىكى مەلۇمات بويىچە تۇرپاندىكى كارىزلارنىڭ سانى 1273 بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6000 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. شۇڭا، كارىز جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ قۇرۇلۇش بولغان سەددىچىن سېپىلى، بېيجىڭ - خاڭجۇ قانىلىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇزۇنلۇقى 6700 كىلومېتىرلىق سەددىچىن سېپىلىنىڭ مۇساپىسى بىلەن تەڭلىشىپ قالغانىدى. لېكىن، ئازادلىقتىن كېيىنكى 50 يىلدا كارىزلارنىڭ سۈيى توختاپ قېلىش سۈرئىتى 30 پىرسەنتكە يېتىپ، 53 پىرسەنت كارىزنىڭ سۈيى قۇرۇپ كەتكەن. 1987 - يىلى تۇرپاندىكى سۈيى بار كارىزلار 824 كە، 1990 - يىلى 725 كە، 2000 - يىلى 446 غا چۈشۈپ قالغان. ھازىر سۈيى بار كارىزدىن 404 سىلا قالدى.

كارىز ھەم ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان، ھازىر تەكىتلىنىۋاتقان ئىلمىي تەرەققىياتقا ئۇيغۇن بولغان، ئىناق ئېكولوگىيە بەرپا قىلىدىغان، ھەم ئېكولوگىيىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئالاھىدە سۇچىلىق قۇرۇلۇشى. ئالدى بىلەن كارىز سۈيى يەر ئاستىدا ئېقىپ، سۇنىڭ كۆپلەپ ئۇنۇمسىز پارغا ئايلىنىشىنى ئازايتىدۇ. بۇ نۇقتا يېغىن مىقدارى ئىنتايىن ئاز، پارغا ئايلىنىش مىقدارى ئىنتايىن كۆپ تۇرپان ئويمانلىقىغا نىسبەتەن ناھايىتى زور سۇ تېجەش ئەھمىيىتىگە ئىگە. بۇنىڭدىن سىرت، كارىزدا تېز قاتلامدىن سۇ ئېلىنغانلىقتىن، بۇ رايوننىڭ يەر ئاستى سۈيىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى ئاز، كارىزدىكى قىشتا تۇرۇپ قالغان سۇ قارىماققا ئىسراپ بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تۇرپان

ئويمانلىقىدىكى نۇرغۇن يېپىنچا ئۆسۈملۈكنىڭ سۇ مەنبەسىگە ئېرىشىش-تىكى ئاساسلىق يولى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ، كارىزدىكى قىشتا تۇرۇپ قالغان ئۇچتىن بىر قىسىم سۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئايدىڭكۆلگە قۇيۇلۇپ، ئايدىڭكۆلنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتا ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. ئادەتتە بەش كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر كارىزنى چېپىش ئۈچۈن 500 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئىقتىساد كېتىدۇ، بۇ كارىزنىڭ ئۆمرى نەچچە يۈز يىلغا بارىدۇ. بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىش ئۈچۈن 150 مىڭ يۈەن ئىقتىساد كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى بولسا نەچچە ئون يىلدىلا ئاخىرلىشىدۇ. كارىز سۈيىنىڭ بىر يىلدا ھەر مو يەرنى سۇغىرىش تەننەرخى قىرىق ـ ئەللىك يۈەن ئەتراپىدا بولسا، قۇدۇق سۈيىنىڭ سەكسەن يۈەندىن ئېشىپ كېتىدۇ.

كارىز سۈيىنىڭ ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيىگە قارىغاندا ئەۋزەللىكى كۆپ بولۇپ، كارىز سۈيى يىراقلاردىن، مۇقەددەس تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ خاسىيەتلىك ئېتەكلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان، ھەم تەشمە ئىچىدە ئاقىدىغان، ھەم قۇدۇقلاردىن قۇياش نۇرى چۈشىدىغان «ئەركەك سۇ» بولغاچقا، پاكىز، سۈزۈك، سوغۇق ۋە ساپ بولۇپ، تەركىبىدە مىنېرال ماددىلارمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، كارىز سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان يەرلەر ئاسان ئۇيۇسىمايدۇ، شورلاشمايدۇ، ئادەم ئىچسىمۇ قورساقنى كۆپتۈرۈپ قويمايدۇ، ئادەمگە ئاجايىپ راھەت بېغىشلايدۇ. ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيى سۇ پومپىسى ئارقىلىق يەر ئاستىدىكى سۇنى مەجبۇرىي تارتىپ چىقىرىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭدا يەر ئاستى سۈيىنىڭ خورىشى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ، كارىز سۈيى بولسا ئۆزلۈكىدىن سىرغىپ ئېقىپ چىقىدىغان بولغاچقا، يەر ئاستى سۈيى ئۇدۇللۇق تولۇقلىنىپ، ئانچە زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. ئەڭ مۇھىم تەرەپ كارىز سۈيى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك تاغ يىلتىزىدىن ئېقىپ چىقىدىغان ئەركەك سۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىدىقۇت خەلقىنىڭ باتۇر، ھەققانىيەتچىل، ئەمگەكچان، ئېتىقادلىق، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، يېڭىلىقپەرۋەر خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان، بۇ زېمىندىكى ئەزىمەتلەرنى ھەقىقىي، چىن، ساپ نىيەت ئىنسانلىق خاراكتېرىگە ئىگە قىلغان. دەل مۇشۇ كارىز سۈيىنىڭ خىسلەت ـ كارامىتىدىن بۇ يەردىكى خەلق ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئاجايىپ نادىر مەدەنىيەت، مېھنەت ئۆلگىلىرىنى ياراتقان، سەلتەنەتلىك شەھەرلەرنى بەرپا قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتى، ئۆزگىچە خاراكتېرى، يۇقىرى شان ـ شۆھرىتى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان. شۇڭا، كارىز

خەلقىمىز ياراتقان ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسى، ئۇستى ئۇچۇق مۇزېي، تە-رىك تارىخ بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى، قەدىم-كى دېھقانچىلىق، سۇچىلىق ئىگىلىكىمىزنى، خەلقىمىزنىڭ پىسخىك مۇ-ساپىسىنى، خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا، ياش ئەۋلادلارغا ئەنئەنە تەربىيىسى بېرىشتا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان، باتۇرلۇق خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كارىزلار شىددەت بىلەن قۇرۇپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ھەر دەرىجىلىك سۇچىلىق تارماقلىرى كارىزلارنى قۇتقۇزۇش جەھەتتە ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1989 - يىلى شىنجاڭ كارىز تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي-يەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش تارمىقىمۇ مۇھىم قوغداش قىممىتىگە ئى-گە بولغان كارىزنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە دۆلەت دەرىجىلىك نۇق-تىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قىلىش ئۇچۇن كۈچ سەرپ قىلدى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قايتا - قايتا تەكلىپ بې-رىشى ئارقىسىدا بۇ يىل ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ئاپتونوم رايون نۆۋەتتە ۋە كەلگۈسىدە ئۇنۇملۇك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كارىزلارنى ئومۇميۈزلۈك قوغداش قارارىنى ماقۇللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە بۇ ئىشنى خىزمەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ، كارىزلارنى تەكشۈرۈش، قوغداشنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى تۈزۈپ، دۆلەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىل-دى. نۆۋەتتە، كارىزلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئۈچ يۈز مىڭ يۈەن پۇل ئەمەلىيلىشىپ، كارىزلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى. تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسى تەۋەسىدە سۈيى ئۇلۇغ ئىككى چوڭ كارىزنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان كارىز سەيلىگاھى بىلەن كارىز مۇزېيى ھەر يىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن نۇرغۇن ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالماقتا. دۆلەت ئىچىدىكى كۆپلىگەن ئالىملار كارىز تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا، كارىز سۈيىدىن مىنېرال سۇ ئىشلىنىپ، كارىز سۈيى يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىنماقتا. 2006 - يىلىغا كەل-گەندە كارىز گۇاڭجۇدىكى لىجياڭ توسمىسى قاتارلىق ئۈچ چوڭ قەدىمكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، كارىزلارنى قوغداش دۆ-لەتلىك سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ رەسمىي تەستىقىدىن ئۆتتى. ھەر يىلى يىگىرمە مىليوندىن توققۇز يىلغىچە ئىككى يۈز ئەللىك مىليون يۈەن ئاجرىتىلىپ، كارىزلارنى رېمونت قىلىش، دەسلەپكى قەدەمدە تۆت يۈز

سەكسەن كارىزنى قوغداش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

«مەيلى ئۆتكەن تارىخقا نەزەر سالايلى ياكى رېئال تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىنى تەتقىق قىلىپ كۆرەيلى، بۇلاردىن بىر مۇھىم نۇقتىنى يەكۈنلەشكە بولىدۇكى، ‹كارىز› دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ھەم مۇقەددەس قۇرۇلۇش ئىدىقۇت دىيارىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆچمەس سىمۋولى! يارغول، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھەرلىرى، بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرى تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئىچىدە ۋەيران بولدى، ئۇلاردىن بىزگە پەقەت ئازراق ئىزنالا قالدى. لېكىن، ھاياتى كۈچكە تولغان كارىزلار بولسا، ھېلىمۇ ئويغاق، تىنىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرماقتا. ئۆز باغرىدىن چىققان ئابىھايات سۇلىرى بىلەن ئىدىقۇت بوستانلىقىنى كۆكەرتىپ تۇرماقتا!»

2004 - يىلى، تۇرپاندا يېزىلدى.



*2009 - يىلى تۇرپاندا ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار نورۇز بەزمىسىدىن بىر كۆرۈنۈش. ئوڭدىن: مۇھەممەت، ساتتار قۇربان، تۇرسۇن مۇئەللىم، ئابلاجان توختىنىياز، ئازاد فىردەۋس.*



# مەڭگۈلۈك ئابىدە، مەنىۋى ئۇستاز — مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى

«بۇ ئەسكى تاملىقنىڭ كۆرگۈدەك نەرى بار؟» سىرتتىن كەلگەن بىر قانچە مېھماننى باشلاپ تۇرپاندىكى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى، دۇنياغا مەشھۇر ۋە بىردىنبىر توپا قۇرۇلمىلىق قەدىمكى شەھەر خارابىسى — يارغول قەدىمكى شەھىرىگە كىرگىلىۋاتسام، يېنىمىزدا تۇرغان، مەلۇم ئورگاندا خىزمەت قىلىدىغان بىرەيلەن يۇقىرىقى گەپنى دەپ سالدى. گۆدەكلەرچە پىكىرلەرنى ئاڭلىسام، دەرھال رەددىيە بەرمىسەم چىدىمايدىغان تەبىئىتىم بويىچە ھېلىقىنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ تەنە قىلدىم: «سەن كۆزگە ئىلمايۋاتقان دەل مۇشۇ ‹ئەسكى تاملىق›لار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس پاناھگاھى، بىزنىڭ يىلتىزىمىز بولىدۇ. ئۇلار ئەينى زاماندا دەل مۇشۇ ‹ئەسكى تاملىق›، تا دۇنيانى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى ياراتقان. بۇ يەرنىڭ ھەر چىمدىم توپىسى، ھەر بىر تال تېشىغا ئەجدادلارنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئەقىل - پاراسىتى، قان - تەرى سىڭگەن. شۇڭا، بۇ يەرگە ھەر كۈنى كېلىپ تاۋاب قىلىشىمىز، ‹ئەسكى تاملىق›نى خالىس قوغدىشىمىز كېرەك ئىدى. مىڭ ئەپسۇسكى، سەندەك ئاينىغان، ئاتا - بوۋىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى تونۇمايدىغان ئازغۇنلارنىڭ كاساپىتىدىن بۇ جايلار قوغدىلىش تۇرماق، ئۆز كىشىلىرىمىزنىڭ قولىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. ئەكسىچە، يىراق يات ئەللەردىن كەلگەن كىشىلەر بۇ جايلارنى مۇقەددەس بىلىپ زىيارەت قىلىۋاتىدۇ». مەن قورسىقىمنى بوشىتىۋالغا-

دىن كېيىن ھەمراھلىرىمنى باشلاپ، قەدىمىي شەھەرگە كىرىپ كەتتىم.

مانا قەدىمكى شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىدا، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىدا، بۇتخانا، ساڭراملاردا مېھمانلارنى ئايلاندۇرۇپ، يۈكسەك ئىپتىخار، چوڭقۇر ھاياجان تۇيغۇسى ئىچىدە ھەر بىر تەكچە، ھەر بىر تامنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ كېتىۋاتىمەن. ئۆزۈم قىزىپ سۆزلەپ كېتىۋېتىپ، بىردىنلا ئۆزۈم پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن مۇشۇ تەپسىلاتلار ئىچىگە شۇڭغۇپ كەتتىم. ئەجدادلىرىمىز ئەقىل ـ پاراسەت، ھۈنەر ـ پاساھەت جەھەتتە نەقەدەر يۈكسەك پەللىگە يەتكەن ـ ھە! مانا بۇ سەلتەنەتلىك شەھەر ئىككى ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گويا ئاۋئىماتكىغا ئوخشاش سوزۇنچاق قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان. بۇ تەبىئىي شارائىت سېپىل بولمىسىمۇ دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىشكە، تۆت ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان جىلغىدىكى سۇنىڭ تەسىرىدىن ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەشكە پايدىلىق بولغان. قەدىمكى شەھەرنىڭ گىرۋىكىدىن قارىغاندا جىلغا ئىچىدىكى سۈپسۈزۈك ئېقىنلار، ياپ-يېشىل ئورمانلار كىشىگە ئاجايىپ گۈزەل تۇيغۇلارنى بېغىشلايدۇ.

يەنە شەھەر ئىچىدىكى بارلىق ئىمارەتلەر، ئۈچ ـ تۆت قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلار، بۇتخانىلار توپىنى قېزىش، ئويۇش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، ئىنتايىن ئىنچىكە تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان بۇنداق يۇقىرى سەۋىيىلىك قەدىمكى شەھەرنى دۇنيا قۇرۇلۇش تارىخىدىكى مۆجىزە ۋە بىردىنبىر نامايەندە، دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق قېزىلما قۇرۇلۇشلار سىرتتىن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى يۆتكەپ كېلىش ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلۇشقا، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشقا، تۇپرانىڭ ئوتتەك ئىسسىقىدىن پاناھلىنىشقا مۇۋاپىق كەلگەن. ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئاستىدىكى گەمە قىسمىغا قۇدۇق ئويۇلۇپ، قۇدۇق ئېغىزى ئۈستۈنكى قەۋەتكە تۇتاشتۇرۇلغان، ئۈستۈنكى قەۋەتكە ھازىرقى بىر مېھمانخانا، ئۈچ ياتاقلىق ئۆيلەرگە ئوخشاش ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئۆيلەر جايلاشقان بولۇپ، قۇدۇق تەبىئىي ھالدا بىر ئائىلىنىڭ سوۋۇتۇش سىستېمىسى «ھاۋا تەڭشىگۈچ» ھەم سوغۇق ساقلاش ئىسكىلاتى «توڭلاتقۇ» رولىنى ئۆتىگەن. ھۈنەرۋەنلەر رايونىدىكى ساپال پىشۇرۇش خۇمدانلىرى، مەدەن ئېرىتىش ئوچاقلىرى، بۇت تەكچىسىدىكى نەپىس رەڭلىك رەسىملەر، قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان رەڭدار، كۆركەم رەخت پارچىلىرى، سىپتا ئىشلەنگەن قەدىمكى پۇللار، قەدىمكى يېزىقلاردا خاتىرىلەنگەن ھۆججەتلەرمۇ بۇ يەردە ئەينى ۋاقىتتا يۈكسەك تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ ھۆكۈم سۈرگەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىدۇ. مىڭ ئەپسۇسكى، ھازىرقى دەۋردە بىز ئەجدادلىرىمىز

ياراتقان مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنىڭ مىڭدىن بىرىنىمۇ يارىتىشقا قادىر بولالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، شۇ مۆجىزىلەرنى ئېتىراپ قىلىشقا، قەدىرلەشكە، ئىلھام ئېلىشقا، مەنىۋى ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇشقا يارىمايۋاتىمىز. يېنىمىزدىلا تۇرغان بۇ بىباھا بايلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنى چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، پاكىز مىللىي ئېڭى، يۈكسەك مەدەنىيەت قارىشى، ساغلام ئەقىل، تەخىرسىز رىقابەت قارىشى بىلەن تەربىيىلەيدىغان ئەڭ ياخشى ئۇستاز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايۋاتىمىز.

مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا بىردىنلا بۇ مۇقەددەس قەدىمكى شەھەرلەر بېشىدىن كەچۈرگەن قاباھەتلىك كەچمىشلەر كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. مەدەنىيەت يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ئىقتىسادىي، پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرى قۇرۇلغان، بازار، رەستىلەر زامانىۋى شەھەر ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن، ئاۋام پۇقرا خاتىرجەم، باياشاد ياشاۋاتقان يارغول، ئىدىقۇت شەھەرلىرى ئۆز تارىخىدا قانچە قېتىملاپ ئۇرۇش، يېغىلىقلارنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرىدى. مىلادىيە 1275 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن قايدو بىلەن دۇۋا يۈەن سۇلالىسىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، قىرىق تۈمەن ئەسكەرنى باشلاپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ـــ قوچو (ئىدىقۇت)، يارغول شەھەرلىرىگە بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلدى. باتۇر قوچو خەلقى قەھرىمان ئاتا ـ بالا ئىدىقۇت (ئەينى ۋاقىتتا خانلار «ئىدىقۇت» دەپ ئاتالغان) قۇچقار تېكىن، نۇرىن تېكىنلەرنىڭ باشچىلىقىدا تىز پۈكمەي قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قىرىق يىلغا يېقىن داۋاملاشقان بۇ ئۇرۇش ئوتى ئىدىقۇت، يارغول شەھەرلىرىنى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. مىلادىيە 1393 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان خىزىرخان خوجا ئىككىنچى قېتىم قوشۇن باشلاپ كېلىپ ئىدىقۇت شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، مۇسۇلمان بولۇشقا كۆنمىگەن، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرغان مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ بۇددىست ئۇيغۇرلارنى قانلىق قىرغىن قىلدى. بۇتخانا، ساڭرامىلار، ئىلىم مەركەزلىرىنى ئۇرۇپ چاقتى، كۆيدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئاستانە شەھىرى (ئىدىقۇت)، يەنە بىر قېتىم ۋەيران بولدى. ئالاھەزەل ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قەدىمكى شەھەرلەر، مىڭئۆيلەر «ئېكسپېدىتسىيىچى» تونىغا ئورىنىۋالغان ئەجنەبىيلەرنىڭ تالان ـ تاراجىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنرەك ھەتتا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ خېلى يىللارغىچىمۇ ئۆز قېرىنداشلىرىمىز نادانلىق،

خۇراپاتلىق سەۋەبىدىن قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ تاملىرىنى «كاپىر، دىن-سىزلارنىڭ قالدۇقى» دەپ ئۇرۇپ چاقتى، مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ يۈ-زىنى جىجاپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ، «ساۋاب» تاپماقچى بولدى. تاسادىپىي ئۇچراپ قالغان قەدىمكى قوليازما، ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى كۆيدۈ-رۈپ ۋەيران قىلدى. ۋادەرىخا، ئۇلارنىڭ بۇ قەدەر نادانلىقى مەدەنىيەتتە-مىزگە تولدۇرۇۋالغۇسىز ئېغىر يوقىتىشلارنى، غايەت زور ئۆكۈنۈشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان يېغىلىق، يوقىتىشلار تا-رىختىكى ئاچچىق پاكىتلارنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر تامچىسى، خالاس. شۇ-نىڭغا ھەيرانمەنكى، بۇ تەۋەررۇك مىراسلىرىمىز شۇنچە كۆپ ۋە ئېغىر زەربىلەرگە، ئەسىرلەر ۋە بوران - چاپقۇنلارنىڭ توختاۋسىز تەھدىتىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ھازىرغا قەدەر خېلى مۇكەممەل ھالەتتە ساقلىنىپ، دۇنيا ئەللىرىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ، مەغرۇر قەد كېرىپ تۇرماقتا. بۇ-نىڭدىن ئەجدادلىرىمىز ئەقىل - پاراسىتىنىڭ نەقەدەر بۈيۈكلۈكىنى، ئىككى مىڭ يىللاردىن كېيىنمۇ ئۆز قۇدرىتىنى يوقاتمىغانلىقىدەك ئەبە-دىيلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھەر يىلى تۇرپانغا توختاۋسىز كېلىپ تۇرىدىغان مېھمانلارنى باشلاپ، يارغول، ئىدىقۇت قەدىمكى شەھەرلىرىگە ئون نەچچە قېتىملاپ بارىمەن. ھەر قېتىم قەدىمكى شەھەرگە ئاياغ باسقىنىمدا يېڭىچە ھېسسىياتلارغا چۆمۈلۈپ، يۈرىكىم ھاياجاندىن تىپچەكلەپ كېتىدۇ. «مەن ماڭغان مۇشۇ كوچىلاردا شاھزادە - تېكىنلەر مەغرۇر ئات چاپتۇرۇپ ئۆتكەن؛ تويۇن، باخشىلار (ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئاتىلىشى) ئىلمىي مۇ-تائىلەلەرنى ئېلىپ بارغان» دەپ چەكسىز ئىپتىخارغا چۆمۈلىمەن. قەدىم-كى قېزىلما تاملارنى، ھەيۋەتلىك تەكچىلەرنى ئېھمىيات ۋە سۆيۈنۈش ئىل-كىدە سىلاپ كېتىمەن. تار كوچىلاردىن تۈيۈقسىزلا ئۇزۇن كۆڭلەك كىي-گەن چىرايلىق مەلىكىلەر چىقىپ كېلىدىغاندەك، قۇلىقىمغا قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ جاراڭلاشلىرى، بۇتخانىلاردىكى سۈرلۈك مۇناجات ئاۋازى، ئاۋات بازارلاردىكى سۈرەن - چۇقانلار ئاڭلانغاندەك تۇيغۇلاردا بولۇپ كېتىمەن. ئەگەر مۇشۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان ھەر بىر كىشىدە مۇشۇنداق تۇيغۇ بولسا ئىدى، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئېتىقادى نەقەدەر پاكىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى نەقەدەر مۇستەھكەم بولار ئىدى - ھە! دەپ ئويلاپ كېتىمەن. راست ئەمەسمۇ، رايونىمىزدا ياشاۋاتقان قانچىلىك كىشى ئۆز ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ئۆرپ - ئادەت نۇقتىلىرىغا كىرىپ باققاندۇ؟ يەنە قانچىلىك كىشى بۇ جايلارغا بالىلارنى ئەكىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ

يەتكەندۇ؟ كىرگەن كىشىلەردىن قانچىلىكى بۇ ئورۇنلارنىڭ تارىخى، ھەقىد-
قىي قىممىتىنى ھېس قىلىپ زىيارەت قىلغاندۇ؟ بۇ سوئاللار بىزنى
ئويلاندۇرۇشى، ھەتتا ئويالدۇرۇشى مۇمكىن. بىز ئون قەدەم نېرىدىكى
ئەجدادلارنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈشكە قىزىقمايمىز. «ئەسكى تاملىق» قۇ؟ دەپ
كۆزگە ئىلمايمىز، ئەھمىيەت بەرمەيمىز يۇ، چەت ئەللىكلەر تاغ ئاتلاپ،
ئوكيان ئاتلاپ كېلىپ بۇ جايلارغا ھۆرمەت، تەۋەززۇ بىلەن قەدەم باسماقتا.
چەت ئەللەردە بىزنى، مۇشۇنداق بىباھا گۆھەرلىرىمىزنى تەتقىق قىلىدىغان
جەمئىيەتلەر، ئىلىم مەركەزلىرى قۇرۇلۇپ، بۇ ساھەدىكى مەشھۇر ئالىملار
مەيدانغا كەلدى، توم ـ توم كىتابلار نەشر قىلىندى. گېرمانىيىلىك ئاتاق-
لىق تۇركولوگ، ئۇيغۇرشۇناس، تۇرپانشۇناس ئالىم گابائىن خانىم ئەللىك
يىللىق ھاياتىنى، ئۆمرىدىكى پۈتكۈل مېھىر ـ مۇھەببىتىنى تۇرپاننى
تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىدى. ھەتتا تەتقىقات يولىدا بىر ئۆمۈر توي قىلماي
ئۆتكەن بۇ ئۇلۇغ ئالىم 1982 ـ يىلى تۇرپانغا كېلىپ، بېزەكلىك مىڭئۆ-
يىگە كىرگىنىدە تام رەسىملىرىگە يۈزىنى يېقىپ قاتتىق ھاياجانلىنىپ
كەتكەن، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، «مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاشىقىم
تۇرپانشۇناسلىق» دېگەنىدى. خوش، يات ئەللىكلەر بىزنىڭ مىراسلىرى-
مىزغا شۇنچە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىسۇنۇ، بىز خۇددى بۇ ئىشلارنىڭ
بىز بىلەن مۇناسىۋىتى يوقتەك چەتتە پەرۋاسىز قاراپ تۇرىمىز. ئەمەلىد-
يەتتە، بالىلىرىمىز ئۆز يۇرتىدىكى ساياھەت، مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇق-
تىلىرىغا شۇنچە قىزىقىدۇ، بېرىشقا شۇنچە ئىنتىزار بولىدۇ، تارىختا ئۆت-
كەن تۆھپىكار ئەجدادلىرىغا چوڭقۇر ئىخلاس باغلايدۇ. بۇ ئورۇنلارنى،
شەخسلەرنى كىتابلاردىن، تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ، خىيالىي دۇنياغا غەرق
بولىدۇ. «ئۇلۇغنىڭ كۆچى چەكسىز» دەپ ئېيتىلغىنىدەك، ئوقۇغۇچىلارنى
شۇ يۇرتنىڭ مەدەنىيىتى، شۇ يۇرتتا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر بىلەن
ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ ئۇنۇمى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق قىد-
زىقىش ئىلمىي ھالدىكى ئېكسكۇرسىيە بىلەن قاندۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ ئۆ-
سۈپ يېتىلىشى، ساغلام ئىرادە تىكلىشىگە غايەت زور تۈرتكە بولىدۇ.
چوڭلاردىن ئاڭلىشىمچە، تۇرپان مۇنارى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەردە ئىلگى-
رىكى يىللاردا يەتتە ـ سەككىز ياشقا كىرگەن بالىلىرىنى مۇنارنىڭ ئۈس-
تىگە ئېلىپ چىقىپ (ئەينى يىللاردا مۇنارنىڭ ئىچىدىكى ئايلانما پەلەمپەي
بىلەن ئۈستىگە چىققىلى بولاتتى)، بۇ يەردىكى كىچىك كۆزنەكتىن سىرت-
نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بالىلىرىغا بەخت، ئىرادە تىلەيدىغان ئۆدۈم بار ئى-
كەن. رۇسلاردىمۇ پەرزەنتلىرىنى ۋەتەن ئۈرۈشىدا قۇربان بولغان قەھرى-

مانلار قەبرىستانلىقىغا ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان ئادەت بار. باشقا دۆلەت، مىللەتلەردىمۇ باللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ داڭلىق، پەخىرلىك جايلىرىغا ئېلىپ بېرىپ، ھەر خىل شەكىلدە ئېتىقاد تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان ئادەت بار. خوش، ئۇنداقتا بىزچۇ؟ رايونىمىزدىكى ھەممە شەھەر، ناھىيىدە ئاز بولمىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق، ساياھەت، مىللىي ئۆرپ - ئادەت نۇقتىلىرى، مەشھۇر مازار، مەنزىرىگاھلار، مۇزېيلار بار. بۇ جەھەتتە شىنجاڭ ھەر قانداق جايغا قارىغاندا ئۇستۇنلۇككە ئىگە. مانا مۇشۇ ئۇستۇنلۇك دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۇركۇم - تۇركۇملەپ ساياھەتچى، ئېكسكۇرسىيىچىلەرنى تۇپرىقىمىزغا جەلپ قىلىۋاتىدۇ. بىز بۇ خىل ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، باللىرىمىزنى قەرەللىك ھالدا مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىغا، خاتىرە، مەنزىرە نۇقتىلىرىغا ئەكىرىپ، ئېتىقاد، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۇرسەك، جەمئىيەت، مەكتەپ، ئاتا - ئانىلار بىرلىشىپ بۇ ئادەتنى رەسمىي تۈزۈملەشتۇرۇپ، ئۆلچەملەشتۇرۇپ، ئىزچىللىققا ئىگە قىلساق، ئۇ چاغدا پەرزەنتلىرىمىزنى ساغلام روھتا تەربىيىلەش يولىدا زور بىر قەدەم تاشلىغان بولاتتۇق. بۇ خىل تەربىيە ئۇسۇلى ئىلمىي، ئۇنۇملۇك، ئەمەلىي ھەم ئۆزىمىزگە يېقىن، قولاي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ناھايىتى تېز ئومۇملىششى مۇمكىن ئىدى.

قىسقىسى، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدىلا پېشانىمىزگە تىرىلىپ تۇرغان سەلتەنەتلىك قەدىمكى شەھەرلەر، مىڭئۆي، مۇزېيلار، بىزنىڭ — مۇشۇ تۇپراقنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى بولغان ئەۋلادلارنىڭ كىرىشىنى، بۇ جايلاردا ئەجدادلار ئىزلىرىنى ئىزدىشىنى، بوۋىلارنىڭ پىچىرلىشىغا قۇلاق سېلىشىنى كۈتمەكتە. بىز باشقا ھەر قانداق كىشىگە قارىغاندىمۇ بۇ مۇقەددەس زىيارەتگاھلارغا كىرىشكە ھەقلىق ۋە بۇ بىز ئۈچۈن مۇقەددەس زۆرۈرىيەت. ئۆز ئەجدادىنى، بوۋىلىرىنىڭ كەچمىش، ئەتمىشلىرىنى بىلمىگەن كىشى گۈزەل كېلەچەكنى يارىتالمايدۇ. مۇشۇ زېمىندا ياشاپ تۇرۇپ، مۇشۇ زېمىننىڭ تارىخىنى بىلمىسەك، ئەجدادلار روھىغا يۈز كېلەلمەيمىز، ئەۋلادلار ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ كېتىمىز. مۇشۇ شانلىق تارىخىمىزنىڭ بىر قىسمىنى بىز ئۈچۈن ئاددىيلا كۆرۈنىدىغان ئاشۇ «ئەسكى تاملىق» لار سۆزلەپ بېرىدۇ. قېنى، باللىرىمىزنى يېتىلەپ، مەسئۇلىيەت ۋە ئىپتىخار تۇيغۇسى بىلەن قەدىمكى شەھەرلەرگە قەدەم بېسىڭ!

2006 - يىلى ماي، تۇرپاندا يېزىلدى.




بىر تىزىق مارجان، بىر دەستە گۈلدەك،
ئۆتكەن ئىدۇق ساۋاقداش بولۇپ.
ئەمدى بىز بۈگۈن ئايرىلار بولدۇق،
جۇدالىق يېشى كۆزلەرگە تولۇپ.

قالدى ئەسلىمە ياتاق، سىنىپتا،
قالدى رىشتە باغلانغان ماكان.
كەتسەكمۇ يىراق، يىراق جايلارغا،
بىزلەر ساۋاقداش، ساۋاقداش هامان.
...

مەكتەپتە ئوقۇغانلىكى كىشىنىڭ ساۋاقدىشى بولىدۇ. ساۋاقداش بولۇپ ئۆتكەن ۋاقىت دۇنيادىكى ئەڭ غۇبارسىز، ئەڭ شەخسىيەتسىز، ئەڭ تار-تىملىق، ئەڭ مەنىلىك ۋاقىت بولۇش سۈپىتى بىلەن قەلبلەردە مەڭگۈ ئۆچمەس ئابىدە بولۇپ ساقلىنىدۇ. مەنمۇ دەل مۇشۇنداق ئۇلۇغ ساۋاقداش-لىق مېھرىدىن بەهرىلەنگىنىم ئۈچۈن هەر قېتىم يۇقىرىقى ناخشىنى ئاڭ-لىغىنىمدا، قەلبىم لەرزىگە كېلىپ، سۆيۈملۈك ساۋاقداشلىرىم، مەكتەپ-تىكى ئۇنتۇلماس كەچۈرمىشلەر، يىغا - زار ئىچىدىكى خوشلىشىشلار كۆز ئالدىمدىن كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ، ساۋاقداشلاردىن ئاي-

---

*سۈرەتتە: ئاپتور **قومۇلدىكى** دوستلىرى بىلەن بىللە. ئالدىنقى رەت ئوڭدىن: ئىبراهىم **گاڭ**، ئەركىن كېرەم، ئادىل، **ئىسكەندەر** سەمەت؛ ئارقا رەت ئوڭدىن: ئابدۇۋايىت، ئىسكەندەر **غوپۇر**، ئابلىز ئۆمەرهاجى، **ئابدۇگۈل**.*

رىلىش مىنۇتلىرىنى شۇنچە پاساھەتلىك، تەسىرلىك، چىن ۋە بەدىئىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرگەن ناخشا تېكىستىنى يازغۇچى شائىرغا، بۇ ناخشىنى شۇنچە لىرىك، مۇڭلۇق، ھېسسىياتلىق ئورۇندىغان ناخشىچىغا ۋە مۇزىكا ئىجادىيەتچىسىگە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئېيتىمەن، ھۆرمەت بىلدۈرىمەن.

...

ۋەدىلەر بار ئىدى مەڭگۈلۈك ـ ئەبەت،
گۈللەرمۇ بىزلەرگە قىلاتتى ھەسەت.
ئەمدى سەن مۇڭلىنىپ كۆيدۈرۈپ سۈرەت،
يۈرگەنسەن ئامرىقىم كۆڭلۈڭنى بەزلەپ.

...

باغرىمدا تېپىرلاپ ئۆكۈنۈش، نەپرەت،
يۈرەكنى باغاشلاپ ھىجران، ھەسرەت.
كۆل بولۇپ كەتسىمۇ بىز چۈشكەن سۈرەت،
نېمىشقا ئۇنتۇلماس تۇنجى مۇھەببەت؟

ھاياتلىقتا كۆپلىگەن كىشىلەر تۇنجى مۇھەببەتنى باشتىن كەچۈرىدۇ. تۇنجى مۇھەببەت ئادەمنىڭ پاك، غۇبارسىز، قىزغىن، رومانتىك مەۋسۇمىدىكى يۈرەكلەرگە چوڭقۇر ئىز سالىدىغان تۇنجى مۇقەددەس تۇيغۇسى بولۇش سۈپىتى بىلەن قەلبلەردە مەڭگۈ مەۋج ئۇرغۇچى دولقۇن پەيدا قىلىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا، ھېسسىياتىغا، تەقدىرىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۇنجى مۇھەببەت مۇقەددەس، ئەبەدىي ئۆچمەس تۇيغۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك جاراھەتلەرنى، ئاچچىق ئەستىلىكلەرنى قالدۇرسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئەبەدىيلىك تاتلىق ھاياجانلارنى، شېرىن كەچمىشلەرنى قالدۇرىدۇ. مەنمۇ دەل مۇشۇنداق ھېسسىياتنى باشتىن كەچۈرۈپ باققان بولغاچقا، ھەر قېتىم يۇقىرىقى ناخشىنى ئاڭلىغىنىمدا ئىختىيارسىز تەگسىز مۇڭ، ئەستىلىكلەر قاينىمىغا غەرق بولىمەن، قەلبىمدە بىر پۈتمەس ھاياجان دولقۇن ياساپ، كۆزلىرىمنى يېرىم يۇمۇپ، ئىختىيارسىز ناخشىغا جۆر بولىمەن. تۇنجى مۇھەببەتنى شۇنچە تەبىئىي، چىن ئەكس ئەتتۈرگەن شائىرغا، بۇ خىل تۇيغۇنى كۆڭۈللەرنى بىھوش قىلغۇدەك دەرىجىدە مۇڭلۇق، تەسىرلىك ناخشا قىلىپ ئېيتقان ناخشىچىغا ۋە مۇزىكا ئىجادىيەتچىسىگە ئۇنىسىز ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. ئۇنداقتا مەن ۋە ماڭا ئوخشاش مىڭلىغان ياشلار قەلبىدىن، قىممىتى بار ناخشا ـ مۇزىكىلارنى

ھەقىقىي چۈشىنىپ، ياخشى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدىغان زوقلانغۇچىلارنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالغان بۇ ناخشىچى، بۇ شائىر زادى كىم؟ بۇ ناخشىلارنى ئورۇندىغۇچىمۇ، تېكىستلىرىنى يازغۇچىمۇ، مۇزىكىلىرىنى ئىجاد قىلغۇچىمۇ قوشۇل دىيارىدىن يېتىشىپ چىققان، ئۆزىنىڭ چىن مەنىلىك، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ناخشىلىرى، مۇڭلۇق، سۇزۇك، قەلبلەر تارىنى چەككۈچى سېھىرلىك ئاۋازى بىلەن مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان ياش ناخشا چولپىنى ئىسكەندەر سەمەتتۇر.

مەن زوقلىنىش تەبىئىتىم، خاراكتېرىم، تۇرمۇش، ھايات كەچۈرمىشلىرىم، ھاياجانغا باي پسىخىكام سەۋەبىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ، مەخمۇت سۇلايماننىڭ، ئىسكەندەر سەمەتنىڭ ناخشىلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. بۇلارنىڭ ناخشىلىرى ئىچىدىنمۇ يەنە مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك ناخشىلارنى، خەلق ناخشىلىرىنى ئالاھىدە بېرىلىپ ئاڭلايمەن. ئادەتتە جۇشقۇن، رىتىمى تېز ناخشىلار مېنى ئانچە تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ (مەن كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق تۇيغۇدا بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم). مۇھىمى بۇ ناخشىچىلارنىڭ سەھنە ئوبرازى، يەنى تەسىرلىك مەزمۇنغا ئورتاقلاشقان چىراي ئىمىمكىسى، ناخشىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى، ھېسسىياتى بىلەن ئېيتىدىغان قىياپىتى، ئاھاڭلار ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقان روھىي دۇنياسى مېنىڭ بۇ ناخشىچىلارغا ئىختىيارسىز ھالدا غايىۋى ھالدا ھۆرمەت بىلدۈرۈشۈمگە تۈرتكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون، مەملىكەت، ھەتتا چەت ئەللەرگىچە تونۇلغان ناخشىچىلار خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقىدەك خىسلەتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىغان، مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى، پەزىلەت، بۇرچ تۇيغۇسى چاقناپ تۇرىدىغان ناخشىچىلار كۆپ ئەمەس. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇ يەردىكى، بىر قىسىم ناخشىچىلارنىڭ تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئاۋازى ساز بولسىمۇ، ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنىڭ مەزمۇنغا قىلچە دىققەت قىلمايدۇ. بۇ خىلدىكى ناخشىلارنىڭ تېكىستىدە ئەقەللىي گرامماتىكىلىق، لوگىكىلىق، بەدىئىيلىك جەھەتتىكى تەلەپلەردىن قىلچە ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، زوقلىنىش ساۋاتى بار ھەر قانداق تاماشىبىن بۇنداق ناخشىدىن قاتتىق ئەپسۇسلۇققا چۆكىدۇ، ھەتتا ئۈيىلىپ كېتىدۇ. ۋەھالەنكى، بىر قىسىم ناخشىچىلىرىمىز رېژىسسور قانداق ئورۇنلاشتۇرغان بولسا شۇ بويىچە سەھنىگە چىقىپ، مۇشۇنداق «چاكىنا مەزمۇنلۇق» ناخشىلارنى غادىيىپ تۇرۇپ ئورۇنلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇر ناخشىچىلىقىدا خېلى ئېغىر بولۇپ، بۇ ناخشىچىلارنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ كەل-

مەكتە. خېلى تونۇلۇپ قالغان بىر قىسىم ناخشىچىلىرىمىز مۇشۇنداق بە-
مەنە مەزمۇنلۇق ناخشىلارنى ئېيتىپ قويۇپ، ياكى سەھنە ـ ئېكرانلاردا،
ئۆز ئوبرازىغا ماس كەلمەيدىغان غىلجىڭ روللارنى ئېلىپ قويۇپ، خەلقنىڭ
قەلب سەھنىسىدىن چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ. مەن دائىم شۇنچە كۆچ سەرپ
قىلىپ، ناخشا ئىجاد قىلغان، پلاستىنكا ياكى كېچىلىك تەييارلىغان ئادەم
كىچىككىنە ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، بىرەر شائىرنى، ھېچبولمىسا ئەدەبىـ
يات ساۋاتى بار كىشىنى ئىزدىسىلا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرەتتىغۇ؟
ناخشىچىلار نېمىشقىمۇ مەسىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى بولغان بۇ نۇقتىغا
سەل قارايدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ كېتىمەن. بۇ مەسىلە يەنە بىر تەرەپتىن شۇ
ناخشىچىنىڭ ساپاسى، بىلىم قۇرۇلمىسىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بو-
لۇپ، ناخشىچىلار ناخشا ئېيتىش جەھەتتە يۇقىرى ساپاغا ئىگە بولۇپلا
قالماي، ھەر خىل پەن ـ تېخنىكا، ئەدەبىيات، تارىخ، جەمئىيەت بىلىملە-
رى جەھەتتىمۇ مەلۇم ساپانى ھازىرلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا
ئۇلار ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ قايىللىقىنى قوزغىيالايدىغان «چولپان» غا
ئايلىنالايدۇ، «ئالتۇن ئۇزۇككە ياقۇت كۆز» بولغان بولىدۇ. ئەپسۇسكى،
كۆپ قىسىم ناخشىچىلار بۇ تەلەپتىن خېلىلا يىراق، ھەتتا بىر قىسىم
ناخشىچىلارنىڭ «سۆلتىنى ئات تارتالمايدۇ، ئىچىگە كىرىپ چىقسىڭىز
ھېچنېمە يوق.» ئابدۇللا ئابدۇرېھىم، ئىسكەندەر سەمەتلەر ئېيتىۋاتقان
ناخشىلاردىن ئايانكى، ئۇلار ناخشىنىڭ مەزمۇننى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھـ
مىيەت بېرىدۇ، كۆپىنچە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، قويۇق بەدىئىيلىككە تويۇنـ
غان ناخشىلارنى ئېيتىدۇ. شۇڭا، كۆپىنچە ناخشىلىرى خەلقنىڭ سۆيۈپ
ئاڭلىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن بىر قىسىم ناخشىچىلارنىڭ ناخشىسى ياخشى بول-
سىمۇ، پەزىلىتى دېگەندەك ئەمەس، بىر قىسىم ناخشىچىلارنىڭ ئۇستىدە
جەمئىيەتتە ھەر خىل سۆز ـ چۆچەكلەر ئېقىپ يۈرىدۇ. يەنە بىر قىسىمـ
لىرى تەكەببۇرلۇق ۋە باشقا ئىللەتلىرى بىلەن خەلقتىن ئايرىلىپ قالـ
دۇ. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادەتتە «سەنئەتچىنى سەھنىدىلا كۆرسە بولىدۇ،
ئادەتتىكى تۇرمۇشتا سەنئەتچى بىلەن بىرگە بولۇپ قالسا، ئۇ سەھنىدىكى
سەنئەتچىگە زادى ئوخشىماي قالىدۇ» دېيىشىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ بىر قىسىم
سەنئەتكارلارنىڭ ناچار مىجەز ـ خۇلقلىرى بىلەن ئاۋامنى ئۈمىدسىزلەنـ
دۈرۈپ قويغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆز سالاپىتىنى ساقلىغانلارنى خەلقمۇ
ھۆرمەت قىلىدۇ. ئادەمدە تالانت، شان ـ شۆھرەت بولۇشلا كۇپايە قىلمايـ
دۇ، ناخشىچىلاردا ئاۋامنى قەدىرلەش، ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن سەمىمىيـ

لىك بىلدۈرۈش تۈيغۇسى بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلار پەقەت خەلق بول-غاندىلا ئاندىن چولپان بولالايدۇ - دە! مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، مەيلى ئابدۇللا ئابدۇرېھىم بولسۇن، مەيلى ئىسكەندەر سەمەت بولسۇن باشقىلارغا سەمىمىي، دوستانە، خۇش پېئىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن، خۇش پىچىم مىجەزى، يېقىملىق سۆزلىرى بىلەن كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇ-رىدىكەن، ھەم ئۆزىنى قەدىرلەيدىكەن، ھەم باشقىلارنى قەدىرلەيدىكەن. مەيلى ئېكراندا بولسۇن، مەيلى ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئالاقىدە بولسۇن ئۆز ئوبرازىنى ساقلايدىكەن. ئەلۋەتتە، ھازىر بۇنداق ھەم تالانتلىق، ھەم پەزىلەتلىك سەنئەتكارلار كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ.

2001 - يىلى 7 - ئايدا ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە قىلىش مەقسىتىدە قۇمۇل دىيارىغا بېرىپ، مەن بىلەن بىرگە بارغان تۇرپان شەھەرلىك يال-قۇنتاغ ئادۋۇكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مەسئۇلى ئەنۋەر ئابدۇگۇلنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا ئىسكەندەر سەمەت بىلەن ئەسرارلىنىشقا مۇۋەپ-پەق بولدۇم. كەچلىكى قۇمۇل شەھىرىنىڭ راھەتباغ يېزىسىدىكى شىل-دىرلاپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىغا سۇپىلار ياسىلىپ، سېلىنچىلار سېلىن-غان، مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان بىر ئارامگاھتا قۇمۇللۇق دوستلار-نىڭ داستىخان سېلىشى بىلەن بەزمىگە چۈشۈپ كەتتۇق. گاھ ھەممىمىز ئېغىكىمىزنى يۆلەپ، ئىسكەندەر سەمەت بىزنىڭ تەلپىمىز بويىچە كەينى - كەينىدىن ئورۇنداۋاتقان «ئايرىلىش مىنۇتلىرى»، «تۇنجى مۇھەببەت»، «قار گۈلى»، «جان ئانا» قاتارلىق مۇڭلۇق ناخشىلارنىڭ كەيپىگە غەرق بولساق، گاھ شوخ قۇمۇل خەلق ناخشىلىرىغا جۆر بولۇپ، قىزغىن ئۇس-سۇللارنى ئويناپ كېتەتتۇق. مەن مۇشۇ مىنۇتلاردا ئىسكەندەر سەمەتنىڭ «مىكروفون بولمىسا ناخشا ئېيتالمايدىغان» ناخشىچىلاردىن ئەمەسلىكىگە، سەھنىدىمۇ، سەھنىدىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ كىشىگە ئوخشاشلا ياخشى تەسىر قالدۇرالايدىغان سەنئەتكار ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم. ئۇ گىتار تارلى-رىنى ئاستا چېكىپ، بوش، ئەمما سۇزۇك، مۇڭلۇق، ھېسسىيات تولۇپ تاشقان ئاۋازى بىلەن ناخشا باشلىغىنىدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، گىتار دەس-تىسىگە يۈزلىرىنى يېقىپ، ناخشىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېيتىدىكەن. ئاڭلىغۇچىلارنىمۇ چەكسىز ھاياجان دولقۇنلىرىغا غەرق قىلىدىكەن. ئۇ بۇ كۆڭۈللۈك ئاخشامدا يەنە كىم قايسى ناخشىنى تەلەپ قىلسا شۇ ناخشىنى خۇش پىچىملىق بىلەن ئورۇنداپ بەردى. سۆھبەت ئارىلىقىدا بىزنىڭ ماخ-تاشلىرىمىزغا قارىتا كىچىك پېئىللىق بىلەن باشقا بىر نەچچە ناخشىچىد-نى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتتى ۋە ئۇيغۇر ناخشىچىلىقى ھەققىدە-

كى ئۆزگىچە، يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەن ئىسكەندەر سەمەت-نىڭ كۆپلىگەن ناخشا تېكىستلىرىنى ئۆزى يازغانلىقىنى بىلەتتىم. دەرۋە-قە، ئۇ ئەدەبىيات، شېئىرىيەت جەھەتتىمۇ خېلى چوڭقۇر ساۋاتقا ئىگە ئىدە-كەن، كۆپ كىتاب كۆرىدىكەن. بۇ كۆڭۈللۈك، مەنىلىك ئاخشام ئىسكەندەر سەمەتنىڭ «ئايرىلىش مىنۇتلىرى» ناملىق ناخشىسىدىكى «قالدى رىشتە باغلانغان ماكان»دېگەن مىسرانى قەلبىمگە نەقىش قىلىپ ئويدى...

بىر قىسىم ناخشىچىلار شېئىر بىلەن ناخشا تېكىستىنى ئايرىۋېتىدۇ. بەزى تېكىستلەرنى «بۇ تېكىستتىكى سۆزلەر بەك ئوبرازلاشتۇرىۋېتىلگەن، خەلق تىلىدىن يىراقكەن، ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا قولايلىق ئەمەس. ناخشا تېكىستى ئاددىي، ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك سۆزلەردىن تەركىب تېپىشى كېرەك» دېيىشىدۇ. مەن بۇ ناخشىچىلاردىن شۇنداق سورىغۇم كېلىدۇ: ئەدەبىياتىمىزدا نەدىمۇ ناخشا تېكىستى شېئىردىن ئايرىم تۇرىدىغان ژانىر دەيدىغان گەپ بار؟ مىڭ يىللاردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان مۇقاملار-نىڭ تېكىستلىرى ئاجايىپ چوڭقۇر بەدىئىي پاساھەت بىلەن تويۇنغان، ھەتتا ھازىرقى ئاتالما بىلەن ئېيتقاندا خېلى «گۇڭگا» تۈس ئالغان شې-ئىرلارغۇ؟ ئەجەبا، بۇ شېئىرلارنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا بولىدىكەنۇ، نې-مىشقا باشقا شېئىرلار بولمايدۇ؟

پەخىرلىك ناخشىچىمىز ئابدۇللا ئابدۇرېھىم يۇقىرى سەۋىيىلىك بەدى-ئىي شېئىرلارنى، ھەتتا «گۇڭگا» شېئىرلارنى ناخشىغا ئېلىپ كىرىپ، نا-ھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ «ئەركەم»، «قارلىغاچ» قاتارلىق ناخشىلىرى بۇنىڭ تېپىك مىسالىدۇر. ياش ناخشىچى ئىسكەندەر سەمەتنىمۇ بۇ جەھەتتە ئىزدىنىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى دېيىشكە بولى-دۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ «قار گۈلى» ناملىق ناخشىسىغا قاراپ باقايلى:

چۈشمەكتە قار لەپ ـ لەپ قىلىپ،
ئەڭ ئاخىرقى دېكابىردا.
ئۇخلاپ قالدى يەر شارىمۇ،
يېشىل چۈشلەر ئاراسىدا.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلب تارىنى چەككەن، چوڭقۇر تەربىيىۋى مەز-مۇن بىلەن تويۇنغان بۇ ناخشىنى ھەقىقىي بەدىئىي شېئىر، ھەتتا قىسمەن «گۇڭگا» لىق بىلەن خاراكتېرلەنگەن شېئىر دېيىشكە بولىدىغۇ؟!

2000 ـ يىلى، تۇرپاندا يېزىلدى.

# قومۇل تەسىراتلىرى



قومۇلدىكى قىزغىن، مېھماندوست دوستلىرىمىزنىڭ رەت قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان تەكلىپلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە بىرقانچە قېتىم قومۇلغا بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئائىلەمدىكىلەر ۋە دوستلىرىم بىلەن قومۇلدا زىيارەت قىلىش، تونۇش- بىلىشلەرنىڭ ۋە بىزنى ئېلىپ بارغان دوستۇم ئەنۋەر ئابدۇگۇلنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى پەتلەش، يېزىلارنى ئارىلاش، ساياھەت، مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا قومۇل ۋە قومۇل ئۇيغۇرلىرى مەندە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىراتلارنى قالدۇردى. شۇنچە خۇش زۇۋان، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست قومۇل خەلقى قەلبىمدە ئالەمچە ھۆرمەت ھېسسىياتىنى ئويغاتتى. بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئىلھامى بىلەن قەلىمىم ئىختىيارسىز يورغىغا چۈشۈپ، قومۇل ھەققىدە تەسىرات يېزىشقا كىرىشتىم.

## خۇش زۇۋانلىقى

قومۇلغا كېلىپلا بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەندە قالدۇرغان تۇنجى تەسىرى ئۇلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مۇلايىملىقى بولدى. بۇ يەردىكى مەيلى چوڭ - كىچىكلەر بولسۇن، مەيلى ئەر - ئاياللار بولسۇن شۇنچىلىك خۇش زۇۋان، مۇلايىم ئىكەنكى، ئۇلارنىڭ بۇنداق يۇمشاق، يېقىملىق تە-

---

*سۈرەتتە: ئاپتور قومۇل ئاقتاش يايلىقىدا. ئوڭدىن: ئىسمايىل، ئالىم جىنايىت، ئابلاجان، ئىسكەندەر غوپۇر، ئاپتور، سەمەتجان، مۇھەممەتجان، ئابدۇگۇل.*

لەپپۈزى ئالدىدا تۇنجى كۆرۈشكەن كىشىلەرمۇ ئۇلارغا ئۆزىنى شۇنچىلىك يېقىن، كونا تونۇشلاردەك دوستانە ھېس قىلىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ھالدا دەسلەپكى كۆرۈشكەندىكى قورۇنۇشلار تۈگەپ، بىر خىل كۆڭۈل ئازادىلىكى شەكىللىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ سۆزلىگەن چاغدىكى ئاھاڭىمۇ بىر خىل تۈۋەن، ئەمما تەسىرلىك، ئۇرغۇلۇق بولۇپ، ھەممەيلەننىڭ تەلەپپۈزى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، خۇددى بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ، زېمىننى ياشارتقىنىدەك ئادەمنىڭ قەلبىگە بىر خىل راھەتبەخش تۇيغۇ بېغىشلايدىكەن. ئۇلارنىڭ «ئۆزلە نىم قىيتىلا»، «كىمدۇ»، «ئالسىلاكى»، «باقسىلاكى» دېگەن يۇمشاق، مېھرىلىك، ئەمما رەت قىلغۇسىز تەكلىپلىرى ئالدىدا، ھەر قانداق كىشى ئىچمەيدىغان ھاراقنىمۇ ئىچىۋېتىشكە، قورسىقى تويۇپ، يېيىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ تاماقنى يەنە يەۋېتىشكە مەجبۇر بولىدىكەن. ئۇلار مېھمانلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىپلا قالماي، ئۆزئارا پاراڭلاشقاندا، چاقچاقلاشقاندىمۇ مۇشۇ خىل سىلىق تەلەپپۈزدا، ئۆزئارا مېھماندەك كەيپىيات ئىچىدە پاراڭلىشىدىكەن. باشقىلاردەك كونا تونۇشلار كۆرۈشكەندە تىللىشىپ، ۋارقىراپ، جارقىراپ كۆرۈشىدىغان، مېھماننى كۆرۈپلا چاقچاق قىلىدىغان، قوپال، يىرىك تىللار بىلەن پاراڭلىشىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كەم ئۇچرايدىكەن.

قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر رايونىدىكى شەھەر ئىچى. ئىزىزىم مەھەللىلىرىدىكى بىر قانچە ئائىلىنى پەتىلەپ، شەھەر ئىچىدىكى يەنە بىر ئائىلىگە كىردۇق. پاكىز قېرىغان، ياشىنىپ قالغان ئەر - ئايال ساھىبخان بىزنى قىزغىنلىق ۋە سىپايىلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئالدىمىزغا ئايئاق داستىخان سېلىنغان كىچىك شىرە قويۇلغاندىن كېيىن پاختىدەك يۇمشاق ۋە ئايئاق، ئوخشىغان بىر لېگەن مانتا كەلتۈرۈلدى. كەينى - كەينىدىن بىر قانچە ئائىلىنى پەتىلىگەن بولغاچقا، قورسىقىمىز ھەددىدىن زىيادە تويۇپ، كۆزىمىزدىن چىقىپ كەتكۇدەك ھالەتكە كەلگەنىدۇق. لېكىن، ئالدىمىزدىكى بۇ تاماقنى يېمىسەك، ساھىبخانغا ھۆرمەتسىزلىك بولاتتى. مەن بىر مۇشەققەتتە بىردىن مانتا يېدۇق، مانتا ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى. لېكىن، «ئاچلىقتىن توقلۇق يامان» دېگەندەك ھەددىدىن زىيادە توقلۇقتىن قىيىنىلىپ كېتىۋاتاتتۇق. دەل شۇ چاغدا يېنىمىزدا ئولتۇرغان مويسىپىت ساھىبخاننىڭ سىپايە ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئالاسىلاكى، يەنە بىردىن ئەپ باقسىلاچۇ، سىڭىپ كېتىدۇ!

بىز قانچە ئۆزرىخاھلىق ئېيتساقمۇ، ساھىبخاننىڭ كىشىنى ئىختىيارسىز تەسىرلەندۈرىدىغان مۇلايىم ئۈندىشىگە بەرداشلىق بېرەلمىدۇق.

توقلۇقتىكى ئازابلىرىمىزنى ئۇنتۇپ، يەنە چوكىمىزنى قولىمىزغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

تۇرپاندىن بارغان بەش يىگىت قۇمۇللۇق بەش يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقتاش يايلىقىغا ساياھەتكە چىقتۇق. يايلاقنىڭ شۇنچە گۈزەل مەنزىرىسى، ساپ، سالقىن ھاۋاسى بىزنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى. ئۇن ئەزىمەت كۆپ-كۆك ئاسمان، قاتمۇ قات تاغلار، ياپيېشىل قارىغايلارنىڭ ئاستىدا، مەخ-مەلدەك چىملىقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كۆڭۈللۈك سورۇننى باشلىۋەت-تۇق. مەن ھاراقتىن پەرھىز قىلىۋاتقىلى ئىككى يىل بولغاچقا، رومكىنى رەت قىلىپ تۇرۇۋالدىم. لېكىن قۇمۇللۇق دوستلىرىم:

— بىر رومكا ئەپبەرسىلەچۇ، ئىچبەسىلەكى، — دەپ تۇرۇۋېلىپ، يۇمشاق، سىلىق - سىپايە ھۇجۇملىرى بىلەن ھاراققا قارشى قورغىنىمنى پۇتونلەي بىتچىت قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈللۈك، سە-مىمىيلىك چىقىپ تۇرغان ئىلتىجالىرىنى رەت قىلىشقا قەتئىي ئامالسىز قالدىم.

ئەلۋەتتە، «تىل كۆڭۈلنىڭ ئىزاھى» دېگەندەك قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ساپدىل، راستكوي، قىزغىن، ھەرقانداق كىشىگە خۇشاللىق بىلەن ياردەم قولىنى سۇنىدىغان خاراكتېرى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تىلىدا ئىپادىلىنىدىكەن. خۇددى ماياكوۋسكىينىڭ «يېقىملىق سۆز ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ» دەپ ئېيتقىنىدەك ئۇلار مۇشۇ خىل مۇلايىم سۆزلىرى، سىپايە تەلەپپۇزى بىلەن ھەر قانداق كىشىنى تەسىر-لەندۇرەلەيدىكەن، ھەر قانداق كىشىنىڭ قەلبىدە دوستلۇق ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرالايدىكەن.

يېتۈك تىل ئۇستىسى، شائىر نەۋائىي:

سۆزدۇركىم، نىشان بېرەر ئۆلۈككە جاندىن،
سۆزدۇركىم، بېرەر جانغا خەۋەر جاناندىن.
ئىنساننى سۆز قىلدى جۇدا ھايۋاندىن،
بىلكىم، گۆھىرى ئەزىز يوق ئۇنىڭدىن.

دەپ يازغىنىدەك شېرىن سۆز ئۆلۈككىمۇ قايتا جان ئاتا قىلالايدۇ. ئادەم قانچە بىلىملىك، يۇقىرى ساپالىق بولسىمۇ، زۇۋانى سوغۇق، ھاكاۋۇر، سۆزى يىرىك بولسا، كىشىدە بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئاددىي دېھقان بولسىمۇ، شېرىن سۆخەن، مۇلايىملىقى بىلەن ھەرقانداق كىشىدە ياخشى تەسىرات قالدۇرالايدۇ. تىلنىڭ قۇدرىتى شۇنچىلىك چەكسىزكى، بەزىدە بىر ئېغىز سۆزمۇ ئادەمنىڭ تەقدىرىنى

ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. شۇڭا تىلغا ئېتىبار بېرىش ئىنتايىن مۇھىم.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى جەمئىيەتتە، خىزمەتتە مۇلايىم، شېرىن سۆخەن بولۇپلا قالماستىن، ئائىلىدىمۇ، ئەر - ئاياللارمۇ ئۆزئارا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىدىكەن. ھەر خىل ئائىلە ئىشلىرىدىمۇ بىر - بىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قىزغىن ياردەم بېرىشىپ، بىرلىكتە قىلىپ تۈگىتىشىدىكەن. «ئۆزلەدىن كەلسۇن»، «ئۆزلە ئارام ئېلىۋالسىلا» دېيىشىپ بىر - بىرى بىلەن مېھماندەك ئۆتۈشىدىكەن.

## پاكىزلىقى

قۇمۇلغا بېرىپلا دەسلەپتە شەھەر ئىچى يېزىسىدىكى بىر تونۇشىمىزنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. ھويلىسى ئۈزۈم باراڭلىرى بىلەن پۈركەنگەن، تەكچىلەرگە تىزىلغان تەشتەكلەردە قىپقىزىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بۇ ئائىلىگە «ئەسسالام» دەپ كىرگىنىمىزدە، دىققىتىمىزنى ئەڭ بۇرۇن تارتقىنى ھويلىغا قارىغان دېرىزە بولدى. بىزنى باشلاپ بارغان دوستىمىز ئەنۋەر ئابدۇگۇل ھەيران بولۇپ: «ۋوي، دېرىزىنىڭ ئەينىكى يوققۇ» دەپ چاقچاق قىلغىنىچە ئالايىتەن بېرىپ، دېرىزە ئەينەكلىرىنى تۇتۇپ باقتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئەسلىدە ئەينەكلەر ئىنتايىن تۈجۈپىلەپ، پاكىز سۈرتۈۋېتىلىپ، قۇياش نۇرى قىلچە دەخلىسىز ھالدا ئۆيگە چۈشۈپ تۇرغاچقا، ئادەمگە دېرىزىدە ئەينەك يوقتەك تەسىرات بېرىدىكەن. بىز دېرىزە ئەينەكلىرىنىڭ بۇ قەدەر پاكىزلىقىنى كۆرۈنمىگۈدەك قىلغان ھالدا قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تازىلىق، پاكىزلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدۇق. بىز كىرگەن ئۆي يېزا تەۋەسىدىكى ئادەتتىكى خىزمەتچى ئائىلىسى بولۇپ، ئۆيدە ھەشەمەتلىك جاھازلار بولمىسىمۇ، پاكىزلىقى، رەتلىكلىكى، ئازادىلىكى بىلەن بىزدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۆينىڭ ئاستىغا خىش يېيىتىلغان بولۇپ، خىشلار يۇيۇلۇپ، قىپقىزىل پارقىرىۋېتىلگەنىكەن. ئوروْن - كۆرپىلەر، لۆڭگىلەر، ھويلا - ئارامىلار شۇنداق پاكىز، رەتلىك بولۇپ، تازىلىق بارلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلانغانىكەن.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن بىز قۇمۇل شەھىرىنىڭ ئون نەچچە كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان پالۋانتۇر يېزىسىغا چىقتۇق. بۇ يەردىمۇ دوستىمىزنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. ساھىبخان گەرچە دېھقان بولسىمۇ، ھويلا - ئارامىلارنى ناھايىتى پاكىز، رەت-

لىك تۇتقان بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا بىر ەر تالمۇ ئەخلەت ـ چاۋار، توپا ـ مالىمانىنى كۆرگىلى بولمايتتى. كەچتە بىزگە بىر چوڭ ئۆي-گە، ئۇزۇن كاڭغا ئورۇن راسلاپ بەردى. يوتقان ـ كۆرپىلەر شۇنچىلىك پا-كىز، يۇمشاق، ھەتتا كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە ئەديياللار سېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ دېھقان بولۇشىغا قارىماي، شۇنداق پاكىز ئۆي تۇتقانلىقىغا ئىخ-تىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇشتۇق.

تۇرپاندىمۇ شەھەر ئاھالىلىرى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تازىلىققا خېلى دىققەت قىلىسىمۇ، يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ تازىلىق ئادىتىدە كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئەھۋاللار بار. دېھقانلىرىمىزنىڭ ئىچىدە دېرىزىلەرنى پاكىز سۈرتۈپ تۇرىدىغانلار، يەرگە يېيىتىلغان خىشنى يۇيۇپ تازىلايدى-غانلار يوق دېيەرلىك. ئەكسىچە، بۇلغىنىپ كىر بولۇپ كەتكەن، چىۋىن ماياقلىرى قاتمۇ قات داغلارنى پەيدا قىلغان دېرىزىلەرنى، ئەخلەت ـ چاۋارلار تاشلىنىپ ياتقان ھويلىلارنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىمىز. ھەتتا بە-زى ئائىلىلەرگە مېھمان بولۇپ كىرسىڭىز قولىڭىزنى چايقىغىنىڭىزدا ساھىبخان قولىڭىزنى سۈرتۈشكە پاكىز لۆڭگە تېپىپ بېرەلمەي خىجىل بولۇپ كېتىدۇ. پاكىزلىق ساغلام ھاياتنىڭ، ساغلام ئەقىلنىڭ كاپالىتى. بولۇپمۇ دېھقانلار پاكىز بولغان تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەندىلا، ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنالايدۇ. بۇ جەھەتتە قۇمۇل ئۇي-غۇرلىرىدىن ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىكەن.

## ياخشى تۇرمۇش ئادەتلىرى

پالۋانتۇر يېزىسىدا قونۇپ، ئەتىسى سەھەردە ساھىبخاننىڭ ناشتىلىقىد-غا داخىل بولدۇق. ياشانغان، مېھرى ئىسسىق ئايال ساھىبخان كاڭنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، يايپاڭ چىنىلەرگە بىر قوشۇقتىن قايماق سالدى ـ دە، ئۈستىگە چوڭ چۆگۈندىكى قارا چاينى قۇيۇپ، ئەتكەن چاي تەييارلىدى. بۇ ئەتكەن چاي شۇنچىلىك تەملىك، شۇنچىلىك لەززەتلىك ئىكەنكى، چاينى كەينى ـ كەينىدىن بىر قانچە چىنە ئىچىپمۇ يەنە كۆزد-مىز تويماي قالدى، چاينىڭ تەمى ئۇنتۇلغۇسىز بىر تەسىرات ئىلكىدە ئاغزىمىزدىلا قالدى. «بۇ ئانىمىزنىڭ قولىدا زادى قانداق سېھرىي كارامەت باردۇ؟ بۇ چاي زادى قانداق ئۇسۇلدا دەملەنگەندۇ؟» دېيىشىپ، بۇنىڭ سى-رىنى كەينى ـ كەينىدىن چۇرقىرىشىپ سوراپ كېتىشتۇق. بۇ ئانىمىز بولسا: «نەدە باشقا سىر بولسۇن، باشقىلارغا ئوخشاشلا دەملەيمىز شۇ» دېدى

كەمتەرلىك بىلەن. «بىز شۇنچە كۆپ قايماق، شۇنچە كۆپ سۈت ئىشلە-
تىپمۇ، ئەتكەن چاينى بۇنچىلىك تەملىك قىلالمايمىز، بۇ ئانىمىز بولسا
قايماقنى پەقەت بىر قوشۇقلا سالدى، ئۈستىگە قارا چاي قۇيدى» دېگەنلەر-
نى قايتا - قايتا ئويلاپ كېتىشتۇق.

بۇ يىل يەنە ئاغىنىلەر بىلەن قۇمۇلغا بېرىپ، ئاقتاشقا چىققىنىمىزدا،
بىز چۈشكەن ئائىلە ساياھەتچىلىك نۇقتىسىدىكى ساھىبخان ئايال دەل
شۇنداق ئۇسۇلدا ئەتكەن چاي تەييارلاپ بەردى. ئۇ باداشقاننى قۇرۇپ ئول-
تۇرۇۋېلىپ، بىز ئون يىگىتنىڭ ھەممىمىزگە ئەتكەن چاي تەييارلاپ، لەز-
زەتلىك چېيى بىلەن بىزنى رازى قىلدى. قۇمۇلدا ئەتىگەنلىك ناشتىدا
سۈت، ئەتكەن چاي ئىچىش ئادىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتكەن
چېيىمۇ باشقا جاينىڭكىگە زادى ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئى-
كەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، كالا سۈتىنىڭ تەركىبىدە ئىن-
سان بەدىنى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى
مەۋجۇت بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت كالا سۈتى ئىستېمال قىلغاندا، ئادەمنىڭ
ئىممۇنىتېت كۈچى — كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆ-
تىرىدىكەن.، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىكەن. چەت ئەللىكلەر كالا سۈتىنى كۆپ
ئىچكەچكە، ئۇلار ساغلام، ئېگىز كېلىدىكەن. ياپونىيىلىكلەرنى مىسالغا
ئالساق، 1937 - يىلى ياپونلار جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندا «ياپون پاكارلى-
رى» دېيىلەتتى. لېكىن، ھازىر ياپونىيىلىكلەردە ئۆزگىرىش چوڭ، ئوخ-
شاش ياشتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ
كۆرىدىغان بولساق، يوپونىيىلىك بالىلار بېيجىڭلىق بالىلاردىن ئېشىپ
كەتتى، ئۇلار گۇاڭدۇڭ، فۇجيەنلىكلەردىن جىق ئېگىز. بۇنىڭ سەۋەبى نې-
مە؟ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيە ھۆ-
كۈمىتى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا كۈندە ھەقسىز بىر
خالتا كالا سۈتى ئىچۈرگەن. مۇشۇ سەۋەبتىن ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئەۋلادى
بۇرۇنقىلاردىن ئېگىز. شۇڭا، ياپونىيىدە «بىر خالتا كالا سۈتى بىر مىللەت-
نى گۈللەندۈردى» دەيدىغان سۆز بار.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ناھايىتى مېھماندوست بولۇپ، بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە
سىرتتىن مېھمان كەلسە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى،
قولۇم - قوشنىلىرى بۇ مېھمانلارنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆيلىرىگە چاقى-
رىۋالىدىكەن. بۇ ئائىلىنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىمۇ ئائىلىسىدىكىلەر بى-
لەن بىللە بىرەر رېستورانغا جەم بولۇپ، مېھمانلارنىڭ شەرىپىگە چاي بې-
رىدىكەن. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىزدە ئالاھىدە تەسىر قالدۇرغان يەنە

بىر تامىقى ياپما بولدى. قوي، كالا گۆشى ياكى توخۇ گۆشى بىلەن ئېتىلىدىغان ياپمىنىڭ ئېتىلىش ئۇسۇلى تۇرپاننىڭ ياپمىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن، ئۈستىگە ياپىدىغان نېنى ئوخشىمايدىكەن. قۇمۇللۇقلار ياپمىنىڭ خېمىرىنى خۇددى سۈيۈقئاش خېمىرى يايغاندەك نېپىز، قات ـ قات قىلىپ، ياپمىنىڭ ئۈستىگە ياپىدىكەن. بۇ خىل ياپما ناھايىتى يېيىشلىك، مەززىلىك بولىدىكەن.

## سەنئەتخۇمارلىقى

قۇمۇللۇقلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ـــ ناخشا ـ مۇزىكىغا ھېرىسمەنلىكى، سەنئەتخۇمارلىقى ئىكەن. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ «دولان مۇقامى»، «تۇرپان مۇقامى» قاتارلىق ۋارىيانتلىرى ئىچىدە «قۇمۇل مۇقامى» مۇ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كۆي شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك قۇمۇل خەلقى تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى، خۇشاللىق ـ ھەسرىتى، ئەگرى ـ توقاي كەچۈرمىشلىرىنى مۇقام، ناخشىلار بىلەن ئىزھار قىلىپ كەلگەن. قۇمۇل خەلق مۇقاملىرى، ناخشىلىرى ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە، خاسلىققا ئىگە بولۇپ، لەرزان، لىرىك، مۇڭلۇق، يېقىملىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باشقا يۇرتلارنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ، قۇمۇل خەلق ناخشىلىرىنى بىرلا ئاڭلىغان كىشى روشەن قۇمۇل پۇرىقىنى ھېس قىلالايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەجدادلارنىڭ كۆيخۇمارلىقىدەك خۇسۇسىيەت ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ، بۈگۈنكى قەدەر يېتىپ كەلگەن بولۇپ، قۇمۇللۇقلارنىڭ ئولتۇرۇش، چايلىرى، ھەر خىل يىغىلىشلىرى ناخشا ـ مۇزىكىسىز، مەشرەپسىز ئۆتمەيدۇ.

2000 ـ يىلى قۇمۇلغا بارغىنىمىزدا دوستلىرىمىز قۇمۇل شەھىرىنىڭ راھەتباغ يېزىسىغا جايلاشقان سالقىن ئارامگاھتا مەشرەپ ئۇيۇشتۇردى. سۇ ئامبىرىنىڭ يېنىغا جايلاشقان، ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان، گىلەملەر سېلىنغان سۇپا ئۈستىگە مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇرغان بۇ جەننەت كەبى ماكاندا قۇمۇل خەلقىنىڭ مۇقام، ناخشىلىرىدىن قانغۇچە بەھر ئالدۇق. قۇمۇلدىكى تونۇلغان خەلق سەنئەتكارى، ئەما مۇزىكانت ئىبراھىم گاڭ قۇمۇل غېجىكىنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، بۇلبۇلدەك سايراتقىنىدا، داڭلىق ناخشىچى ئىسكەندەر سەمەت شوخ قۇمۇل

خەلق ناخشىلىرىغا چېلىپ، تاپانلىرىمىزنى قىزىتىپ، بىزنى ئىختىيار-سىز مەشرەپكە باشلاپ كىرگىنىدە قۇمۇل خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ سېھرىدىن، سەنئەتخۇمار قۇمۇل پەرزەنتلىرىدىن ئىختىيارسىز سۆيۈندۇم.

2003 - يىلى 7 - ئايدا قۇمۇلغا بارغىنىمىزدا ئاقتاش يايلىقىدا قۇمۇل مۇقاملىرىدىن يەنە بىر قېتىم بەھرلىنىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇق.

مانا ئۈستى قارىغاي ياغاچلىرى بىلەن يېپىلغان، ئۆيىنىڭ يېرىمىغا سۇپا ياسالغان، ئوتتۇرىدىكى مەشتە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈپ تۇرغان كىچىكرەك ئۆيدە يىگىرمىدىن ئوشۇق ئادەم قىستىلىشىپ ئولتۇرىمىز. بۇ ۋاقىت گەرچە 7 - ئاي مەزگىلى بولسىمۇ، قاتمۇ قات تاغلار بىلەن قورشالغان ئاقتاش يايلىقىنىڭ كەچلىك ھاۋاسى ناھايىتى سوغۇق بولىدىكەن. شۇڭا، ساھىبخان بىزنى توڭۇپ قالمىسۇن دەپ، مەشكە ئوت ياقىقان بولۇپ، ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە يەنە يېقىن ئەتراپتىكى ساياھەت نۇقتىلىرىغا دەم ئېلىشقا چىققانلار، قوشنا ئاۋۇللاردىن مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كەلگەن ياش دېھقان يىگىتلەرمۇ بار ئىدى. سۇپىدا ئولتۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قۇمۇل غېجىكىنى چېلىۋاتقان يىگىرمە بىر ياشلىق ئەمەتجان، ئۇنىڭغا ماسلىشىپ داپ چېلىپ بېرىۋاتقان ئون ئالتە ياشلىق ئىنىسى ھوشۇرجاننىڭ قويۇۋالغان ئۇزۇن چاچلىرى، كىيىۋالغان بوغماق چاپىنى ئۆزلىرى ئېيتىۋاتقان قۇمۇل مۇقاملىرىغا، قولىدىكى ئەنئەنىۋى چالغۇ قۇمۇل غېجىكىگە، مۇشۇ يەردىكى قويۇق مىللىي مۇھىتقا قىلچە ماس كەلمىگەندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ قولىدا زۇۋانغا كىرگەن غېجەك بىلەن داپ، شۇنچە لىرىك، سۇزۇك ئاۋاز، ناخشىنىڭ ئادەمنى بىھوش قىلىغۇچى سېھرىي كۈچى ھەممەيلەننى تەگسىز مۇڭ، چەكسىز ھاياجان قوينىغا غەرق قىلدى.

تەكەببۇر ئەيلىدى شەيتان،
ئېگىلمەي روسىيا بولدى.
قومۇشنى كۆرمىدىڭلارمۇ،
باش قاردى، بورىيا بولدى.

ئېتىم سۇنى ئىچمەيدۇ،
لازا بارمىكىن كۆلدە.
يار تالاغا چىقمايدۇ،
ئېرى بارمىكىن ئۆيدە.

سۇ بېشىدا بىر جۇگان،
مېيىقىدا كۆلىدۇ.
تونۇمايمەن ئۇ جۇگاننى،
مېنى ئالدامدۇ، نېمىدۇ؟

چوڭ چىراغنى ياندۇرۇپ،
كىچىك چىراغنى ياندۇرۇپ.
مەن يارغا نېمە قىلغان،
قاراڭغۇدا يول ماڭدۇرۇپ.

نېرىقى ئۆيدە ياتامدۇ،
بېرىقى ئۆيدە ياتامدۇ؟
ئاشىقى يوق جۇگان باللار
يۈلتۈز ساناپ ياتامدۇ؟

بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلار بىزنى بىردە تەپەككۇر قاينىمىغا غەرق قىلسا، بىردە شېرىن مۇھەببەت تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ كىچىك تۇرۇپلا ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قومۇل خەلق ناخشىلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن بۇ ياش سەنئەتكارلار ئىختىيارسىز بىزنىڭ قايىللىقىمىزنى قوزغىدى.

بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئاقتاش يېزىسىنىڭ داڭلىق كەنتىدىكى چارۋىچى قاھار ئىبراھىمنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمەتى بىر قانچە ئەۋلادقىچە ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ يەتمىش ـ سەكسەن ئۆچكىسى بار بولۇپ، يازلىقى قارىغايلىق داڭلىقتا، قىشلىقى توشودا تۇرىدىكەن. ئەمەتجان بىكار كۈنلىرى سايا ـ ھەتچىلەرنى ئېتىغا مىندۇرۇپ، ئايلاندۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېيىغا بىر مىڭ بەش يۈز يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتىسى قاھار ئاكا ئاتا قىزىقىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، غېجەك چېلىشنى، ناخشا ئېيتىشنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگەنگەن بولۇپ، شۇ ئەتراپتا خېلى نامى بار سەنئەتكار ئىكەن. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ ئۆزى باسقان يوللارنى بېسىپ، كىچىكىدىن باشلاپ تەبىئىيلا ناخشا ـ مۇزىكا شەيداسى بولۇپ چوڭ بوپتۇ. بالىلارنىڭ ئىككىنچىسى بولغان ئەمەتجان 2000 ـ يىلى ئاقتاش يېزىسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئوقۇشتىن توختاپ قاپتۇ. ئۇ ئون نەچچە يېشىدىن باشلاپ ھەر خىل

چالغۇلارنى چېلىشنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ھازىر ئېلېكترونلۇق رويال، داپ، غېجەك چالالايدىكەن، مۇشۇ ئەتراپتىكى ھەر قايسى ئاۋۇللاردا توي - تۆكۈن، مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇلسا، مەرىكە ئىگىلىرى ئەمەتجاننى تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ، مۇزىكا چالدۇرىدىكەن. ئىنىلىرى ھوشۇرجان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا، مۇھەممەتجان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 - يىللىقىدا ئوقۇيدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىككىسىلا غېجەك، داپ، دۇتار قاتارلىق چالغۇلارنى چالالايدىكەن ۋە ناخشا ئېيتالايدىكەن.

قار يېغىپ ياز بولمايدۇ،<br>
باغداشنىڭ تاغى.<br>
دەرد كەلگەندە پايلىمايدۇ،<br>
يۈرەكنىڭ باغى.

كېلىڭ يارىم ئوينايلى،<br>
دەريا بويى بويلايلى.<br>
بېلىقلارغا ئەرز ئېيتىپ،<br>
دەردىمىزنى ئېيتايلى.

غېجەك جۇشقۇن پەدىگە ئۆزگەردى، تاپانلىرى قىزىپ تۇرغان قۇمۇللۇق دوستلار تار ئۆينىڭ ئىچىدىنمۇ ئورۇن چىقىرىپ، بىر - بىرىگە سىپايىلىك بىلەن تازىم قىلغاندىن كېيىن بېقىشىپ ئويناشقا باشلىدى، ئۇلارغا قاراپ بېقىپ بىزمۇ ئولتۇرالمىدۇق - دە، كىچىك تاپىسدا قىستىلىشىپ، قىزغىن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتۇق.

## گۈزەل تاغ مەنزىرىسى

بىز تۇرپاندىن قۇمۇلغا مەن، ئەنۋەر ئابدۇگۇل، ئەخمەت مۇھەممەت، ئەكبەر نۇرۇللا، ئەركىنجان بەشەيلەن بارغان بولۇپ، قۇمۇللۇق سەمەتجان، ئىسكەندەر، مۇھەممەتجان، ئابلاجان، ئەلقەم قاتارلىق بەش يىگىت يېمەك - ئىچمەكلەرنى تەييارلاپ، بىزگە ھەمراھ بولۇپ ئاقتاش يايلىقىغا چىقتى. بىز ئاقتاشتا مۇھەممەت ياقۇپ ئىسىملىك چارۋىچىنىڭ ئائىلە ساياھەتچىلىك نۇقتىسىغا ئورۇنلاشتۇق. بۇ يول بويىغا جايلاشقان، ئۆينىڭ كەينى ئېگىز قارىغايلىق تاغ، ئەتراپ ئۇششۇققىچە كېلىدىغان يېشىل چىملىق، غەرب تەرەپتە بىر ئېقىن سۇ ئېقىپ تۇرغان ئىنتايىن چىرايلىق جاي بولۇپ، بىز چىملىق ئۈستىگە ئەدىياللارنى سېلىشىپ، مەشرەپنى باشلىۋەت-


تۇق. قىزغىن چاقچاق ـ پاراڭلارنى، ئەدەبىيات، تارىخ ھەققىدىكى جۇشقۇن مۇلاھىزىلەرنى قىلىشىپ، دۇتار ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، دۇنيانىڭ بارلىق مەئىشىتى، خۇشاللىق، راھىتى مۇشۇ سورۇنغا مۇجەسسەملەنگەندەك پاكىز تۇيغۇلارغا چۆمۈلدۇق. بىرلىرىمىز كاۋاپداندا كاۋاپ پىشۇرۇپ، يېڭىلا نان سويۇۋېلىنغان تونۇرغا گۆش چاپلاپ، ئۆزىمىزنىڭ مېھنەت مېۋىسىدىن ھۇزۇرلانساق، بىرلىرىمىز يۇمشاق چىم ئۈستىدە ھەجۋىي ئۇسۇللارنى ئويناپ، بۇ جىمجىت ماكانغا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدۇق.

ئارىلىقتىكى ئاززاق دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر قانچەيلەن ساياھەت نۇقتىسىنىڭ كەينىدىكى قارىغايلىق تاغقا ياماشتۇق. بىر دەم ئارام ئېلىپ، بىر دەم يامىشىپ، ھېرىپ پۇتلىرىمىز ئۈزۈلەي دېگەندە، تاغنىڭ چوققىسىغا يېتىپ چىقتۇق ۋە بۇ يەردىكى سۇپىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭ ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمىزنى تاشلىدۇق. بۇ كۈنى ھاۋا ئىنتايىن سۈزۈك ۋە ئوچۇق بولۇپ، پارچە ـ پارچە ئاق بۇلۇتلار ئاسماندا ئاستا ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئىللىق قۇياش بىزگە كۈلۈمسىرىگىنىچە يۇمشاق نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن سېپەتتى.

ئاززاق ھاردۇقۇمنى ئېلىۋېلىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە! قويۇق قارىغاي ئورمانلىقى بىلەن قاپلانغان قاتمۇ قات تاغلار، ياپيېشىل دۆمبەللەر، تاغنىڭ ئاستىدىلا يېيىلىپ ياتقان گولف توپ مەيدانىغا ئوخشاش كەڭرى چىملىق مەيدان، قارىغايلارنىڭ ئاستىدىكى چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى، بۇلۇتتەك ئوتلاپ يۈرگەن مال پادىلىرى، دۇنيانىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى مۇشۇ يەرگە يىغىلىۋالغانمۇ نېمە؟ ساناقچوققا، قاراقچوققا، خېنىمچوققا دەپ ئاتىلىدىغان مۇشۇ چوققىلاردىن باتۇر بوۋىمىز غوجىنىياز ھاجى چەۋەندازلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئات چاپتۇرۇپ ئۆتكەن بولغىيمىتى؟ قول سۇنسىلا تۇتقىلى بولىدىغاندەك بېشىمىزدىلا لەيلەپ يۈرگەن ئاپئاق، كۆل رەڭ بۇلۇتلار شۇ قانلىق جەڭلەرگە شاھىت بولغان بولغىيمىتى؟

تاغ چوققىسىدا كۆپكۆك ئاسمانغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ساماۋى خىياللارغا، شېئىرىي تۇيغۇلارغا چۆمۈلدۇم. بىزنى شۇنچە گۈزەل، جەننەتتەك ماكانغا ئېلىپ چىققان قىزغىن، ساداقەتمەن قۇمۇللۇق دوستلىرىمغا ئالەمچە تەشەككۈر، بارلىق قۇمۇل خەلقىگە قىزغىن ئېھتىرام بىلدۈردۈم.

2003 ـ يىلى، تۇرپاندا يېزىلدى.



# شۇنداق ياشسام دەيمەن

شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن شىنجاڭدىكى قىرىق تۆت نەپەر ئاخبارات خىزمەتچىسى قاتارىدا 2004 - يىلى 13 - ئاپرېلدىن 4 - مايغىچە شەرقى جەنۇبىي ئاسىيادىكى مالايسىيا، سىنگاپور، تايلاند، شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق دۆلەت، رايونلارنى، دۆلىتىمىزنىڭ شېنجېن، جۇخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلىرىنى زىيارەت، ئېكسكۇرسىيە قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. زىيارەت جەريانىدا بۇ رايونلارنىڭ ئالاھىدە ئىسسىق بولغان ئۆزگىچە ھاۋا كىلىماتى، كۆز يەتكۈسىز ئورمانلار، گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلانغان گۈزەل مەنزىرىسى، زامانىۋىلىق بىلەن پاكىزلىق ئۆزئارا بىرلەشكەن شەھەر قىياپىتى، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسى، ئەتراپلىق بولغان ساياھەت مۇلازىمەت سەۋىيىسى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. مەن بۇ يەرنى «دۇنيانىڭ چىرايلىق بۇرجىكى» دەپ ئاتىدىم. گەرچە ساياھەت ۋاقتىمىز قىسقا بولغان بولسىمۇ، مەن مۇخبىرغا خاس بولغان كۆزىتىش ئىقتىدارىم، يازغۇچىغا خاس مەسئۇلىيەتچانلىقىم بىلەن ئەقىل كۆزۈمدە تەپەككۇر قىلىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلدىم، خاتىرىگە ئالدىم. بۇ جايلار بىلەن سۆيۈملۈك يۇرتۇمنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئىجتىمائىي ھايات، تۇرمۇش شەكلى، پىسخىك ساپا، ئىنسانلىق قەدىر - قىممەت، مەدەنىيەت قاتلىمى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدىم ۋە يۇقىرىقى پەرقلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇپ، مىللەت ساپاسى ھەققىدە ئورتاقلىشىش نىيىتىگە كەلدىم.

## شىنجېندىكى «شوڭقارلار»

14 ـ ئاپرېل سەھەردە ئۈرۈمچى ئايروپورتىدىن جەنۇب ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ «بوئىن 737» تىپلىق 9303 ـ قېتىملىق ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، بەش سائەت ئۇچقاندىن كېيىن شىنجېنغا يېتىپ كەلدۇق. شىنجېن شەھىرىنىڭ لوخۇ رايونىدا ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن شىنجېندىكى مەشھۇر شەرقىي قوۋۇق پىيادىلەر كوچىسىنى ئايلاندۇق. بۇ كوچىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، كوچا ئاغزىدا موتسىكلىتلىرىنى توختىتىپ، قالپاق كىيىپ قاتارلىشىپ يولۇچى كۈتۈپ تۇرغان موتسىكلىتچى يىگىتلەرگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، كۆرۈنۈشىدىنلا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر يىگىتلەر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شىنجاڭدىن يىراق شەرقىي جەنۇبتىكى تەرەققىي قىلغان، ئاۋات دېڭىز بويى شەھىرىدە ئۆز قېرىنداشلىرىمنى ئۇچرىتىپ قېلىش مېنى بىردىنلا ھەيرەتتە قالدۇردى. مەن بىر خىل ئىچكى ھاياجان ئىچىدە سەپەرداشلىرىمدىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدىم ـ دە، چوڭقۇر ئۇرغۇ بىلەن ئۇلارغا سالام قىلدىم:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتى ئۇلار موتسىكلىتلىرىدىن چۈشۈپ. مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدىم:

— ئادەم توشۇيدىغان ئوخشىمامسىلەر؟

— شۇنداق.

— ئادەتتە قانچە پۇلغا ماڭىسىلەر؟

— ئوخشىمايدۇ، يولنىڭ يىراق، يېقىنلىقىغا قاراپ بەش كوي، ئون كوي، ئون بەش كويغىچە ئالىمىز!

— موتسىكلىتچىلارغا چىقىدىغانلار خېلى كۆپمۇ؟

— خېلى كۆپ، شىنجېندا تاكسىنىڭ باھاسى قىممەت، قوزغىلىش باھاسىلا ئون ئىككى يېرىم يۈەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنا كۆپ بولغاچقا، قاتناش قىستاڭچىلىقى ئېغىر، تاكسىلار پات ـ پاتلا توسۇلۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ موتسىكلىتلىرىمىزنىڭ سۈرئىتى تېز، تارچۇق يوللاردىمۇ مېڭىۋېرىمىز، باھاسى ئەرزان. شۇڭا، يەرلىك ئاھالىلەر سىرتقا چىقسا كۆپىنچە موتسىكلىتقا ئولتۇرىدۇ.

— بۇ يەردە بۇ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلاردىن قانچىلار بار؟

— ئەللىك ـ ئاتمىشتەك بار.

شۇ ئارىدا بىر خەنزۇ قىز كىچىك سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. موتسىكلىتچى يىگىتلەر شۇنچە راۋان خەنزۇ تىلىدا قوشـقاچتەك چۇرقىرىشىپ، ئۇنى چاقىرىشقا باشلىدى. ئارىدا بىرەيلەن خەنزۇ قىز بىلەن كېلىشىپ، قىزنى موتسىكلىتىنىڭ ئارقىغا مىندۇردى ـ دە، شۇئىقاردەك پەرۋاز قىلغىنىچە، ئاپتوموبىللار توپىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ھەۋەس بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن يېنىمدا تۇرغان يىـگىتنىڭ موتسىكلىتىغا مىنىپ، شەھەرنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. مېنىڭ مەقسىتىم شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشتىن كۆرە، ئۇنىڭدىن يەنىمۇ كۆپ ئەھۋال ئىگىلىۋېلىش ئىدى.

مېنى ئېلىپ ماڭغان يىگىتنىڭ ئىسمى مۇھەممەت تۇرسۇن بولۇپ، قەشقەرنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىدىن ئىكەن. ئۇ ئون نەچچە يىل بۇرۇنلا يۇرـتىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ. كاۋاپچىلىق قاتارلىق تىجارەتـلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ جان بېقىپ كەلگەنىكەن. ئۈچ يىل بۇرۇن بىر يۇرتلۇقىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن شېنجېنغا كەپتۇ. بۇ يەردە دەسلەپتە ياتاق، ئۇزۇم سېتىپتۇ، كېيىن موتسىكلىت بىلەن ئادەم توشۇشقا باشلاپـتۇ. ھازىر تاپاۋىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ھەر كۈنلۈكى يۈز يۈەندىن ئۈچ يۈز يۈەنگىچە پۇل تاپالايدىكەن. بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىنى تۇرمۇش خىراجىتىگە ئىشلەتكەندىن سىرت، قالغىنىنى يۇرتىدىكى ئاتا ـ ئانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىۋېتىپتۇ، ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى ئىكەن.

— يۇرتتىن نېمىشقا چىقىپ كەتتىڭىز، يۇرتىڭىزنى سېغىنامسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى مەن دېمىسەممۇ سىز بىلىسىز. يىل بويى ئىشلەپمۇ باج ـ سېلىق، ھەر خىل ھەقلەرگە، ھاشارـغا بويلىيالمايمىز. نامراتلىقنىڭ دەستىدىن ئەتىنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن دەپ كۈنلەرنى ساناپ قېرىپ كېتىمىز. بۇ يەردە بولسا، تاپاۋىتىمىز ئىنتاـيىن ياخشى. ئەڭ مۇھىمى كۆڭلىمىز خاتىرجەم. چۈنكى بۇ يەردىكى خەنزۇ يولداشلار بىزنى ئاز سانلىق مىللەت، دەپ بەك ھۆرمەت قىلىدۇ. دېسەم ئىشەنمەيسىز، مەن شېنجېنغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئايالىم ۋە بالىلىـرىمنى ئەكىلىۋالغان، ھازىر ئايالىم خەنزۇ قوشنىلار بىلەن ئاچا ـ سىـڭىلدەك ئۆتىدۇ، ئالتە ياشلىق ئوغلۇممۇ ئۆلچەملىك خەنزۇ تىلىدا سۆزلەپ چوڭ بولۇۋاتىدۇ. بىر قېتىم ئايالىم ئاغرىپ قالغاندا ئۆيىمىزنىڭ يېنىدا دۇكان ئاچىدىغان خەنزۇ ئايال كۈندە ئۆيگە كىرىپ ئايالىمنى يوقلاپلا قالـ

ماي، ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي، كىر ـ قاتلارنى يۇيۇپ بەردى، ھەتتا بىر كۇنى ئوغلىمىزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، مۇنچىغا چۇشۇرۇپ پاكىز يۇيۇندۇرۇپ ئەكىرىپتۇ. بىز بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندۇق. شۇڭا خەنزۇ قوشنىلارنىڭ ھەر قانداق ئىشى بولسا، بىزمۇ پىداكارلىق بىلەن ياردەملىشىمىز.

ئۇ شۇنداق دېگەچ، موتسىكلىتنى بىر تار كوچىغا بۇرىدى ۋە:

— مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ كوچىدا، ھازىر ئوغلۇم سىرتتا ئويناۋاتىدىغۇ دەيمەن، — دېدى. دەرۋەقە، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن مەن بىر ئۇيغۇر بالىسىنىڭ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك ئويۇنچۇق ۋېلسىپىتنى مىنىپ، بىر قانچە تەڭتۇش خەنزۇ بالىلىرى بىلەن چۇرقىرىشىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردۇم، بۇ مۇھەممەت تۇرسۇننىڭ بالىسى ئىدى. بۇ مەنزىرە مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى، چۈنكى مېنىڭ كۆرۈۋاتقىنىم شېنجېننىڭ ئاۋات كوچىسى، يېڭىسارنىڭ توپىلىق يوللىرىدا يۈرگەندەك شۇنچە بەختىيار ئويناۋاتقان، قۇش بالىسىدەك چۇرقىراپ شۇنچە راۋان خەنزۇ تىلىدا سۆزلەۋاتقان بۇ بالا بولسا شىنجاڭنىڭ نامرات ناھىيىسىدىن كەلگەن ئۇيغۇر دېھقاننىڭ بالىسى ئىدى. بىر سەل مېڭىپ مۇھەممەت تۇرسۇننىڭ ئايالىنى ئۇچراتتۇق، ئۇ يول بويىدىكى گۈللۈكتە كىچىك قىزىنى كۆتۈرۈپ، بىر قانچە خەنزۇ ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ، ئايلىنىپ يۈرگەنىكەن.

— يۇرتنى سېغىنمايدىغان ئىش بولامدۇ، — دېدى مۇھەممەت تۇرسۇن موتسىكلىتنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، — ئادەمنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ماكاننى ھەر قانداق جايغا تەڭ قىلغۇسى كەلمەيدىكەن، لېكىن شۇنداق دەپ يۇرتتىن چىقماي، يەرگە باغلىنىپ يۈرگەن بولساق، ئەھۋالىمىز ياخشىلىنىشى ناتايىن ئىدى. مانا قاراڭ، مەندەك بىر شىنجاڭنىڭ يىراق سەھراسىدا ياشايدىغان دېھقاننى شېنجېندەك زامانىۋى شەھەردە «ئۇچۇپ» يۈرىدۇ دېسە، كىممۇ ئىشىنىدۇ؟ تەقدىرىمنىڭ بۇنداق بولۇشى ئۆزۈمنىڭ ئۇخلاپ چۇشۇمگىمۇ كىرمىگەن.

— بۇ يەردە ئۆي ئىجارىسى قىممەت، — دېدى مۇھەممەت تۇرسۇن قوشۇمچە قىلىپ، — بىز كىچىك ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرىمىز، ئايلىق ئىجارىسى ئالتە يۈز ئەللىك يۈەن. ئايالىم بالىلارغا قارىغاچ، تاماق ئېتىش دېگەندەك ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ. خەنزۇ قوشنىلارغا ياردەملىشىدۇ، مەن خاتىرجەم ئىشلەيمەن.

— دەسلەپتە كەلگەندە خەنزۇ تىلىدا قىينالغانسىلەر؟

— ئەلۋەتتە. بۇ يەردىكى موتسىكلىتچىلارنىڭ ئىچىدە قەشقەر، خوتەن

لىكلەر كۆپ، ھەممىسى باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋيىسىگە ئىگە دېھقان باللىرى. مەنغۇ ئۇرۇمچىدە بىر مەزگىل تۇرغان، بىر قىسىملار شىنجىڭغا يېڭى كەلگەندە بىر ئېغىزمۇ خەنزۇچە گەپ ئۇقمايتتى، شارائىت قىستىسا، ھەممىنى ئۆگىنىدىغان گەپكەن، بىر ئېغىزدىن بىر ئېغىزدىن ئۆگەندۇق. بىز بۇ يەرگە كېلىپ تىل ئۆگىنىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇق، خەنزۇچە ئۆگەنگەننىڭ پايدىسىنى كۆردۇق. ھازىر ئايالىممۇ خەنزۇچىنى ئىنتايىن ياخشى سۆزلەيدۇ، بالامدىغۇ مەسىلە يوق.

مۇھەممەت تۇرسۇن سۆزلىگەچ قىزىل، يېشىل چىراغلار كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن ئاۋات كوچىلاردا شوڭقاردەك «ئۇزۇپ»، قىستاڭ ماشىنىلارنىڭ ئارىسىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈپ، ماڭا لوخۇ رايونىدىكى قايناق بازارلارنى، ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىنى كۆرسىتىپ قويدى.

— يولۇچىلار سىلەردىن قاتتى - سوقتى قىلىشۋالارمۇ، دەپ گۇمانلانمامدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن يەنە ئۇنىڭدىن.

— ياقەي، بۇ يەردە ئۇنداق گەپ يوق، ئۇلار تېخى بىزنى ئاز سانلىق مىللەت دەپ ناھايىتى چوڭ كۆرىدۇ، كىرا قىلىپ ئاشقان پۇللىرىنى قايتۇرساق، «بولدى، سۆيۈنچە بولسۇن» دەپ بېرىۋېتىدۇ. بىزمۇ بەك ياخشى مۇلازىمەت قىلىمىز، مەنزىلگە بارغاندا، «مەن يەنە موتسىكلىت بىلەن قايتىمەن، ساقلاپ تۇر» دېسە ساقلاپ تۇرىمىز. ھەرگىز ئارتۇق پۇل ئېلىۋالىدىغان، قاتتى - سوقتى قىلىدىغان ئىشنى قىلمايمىز. موتسىكلىتنىڭ ئۈستىدە سومكىغا ئوخشاش بىر نەرسىلىرىنى ئۇنتۇپ قالسا، بىر ئاماللار قىلىپ ئىگىسىنى تېپىپ، قايتۇرۇپ ئاپىرىپ بېرىمىز. موتسىكلىتنى كېچىدە كىرا قىلىدىغان ياشلار، قىزلار جىق، چۈنكى ئۇلار بىر دېسكوخانىدىن يەنە بىر دېسكوخانىغا، ئۇ يەردىن يەنە بىر كۆڭۈل ئېچىش ئورنىغا بېرىپ، توختىماي يۆتكىلىپ ئوينايدۇ، بۇنداق ماشىنىغا تاكسى كىرا قىلسا، پۇل توشۇمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار كۆپىنچە موتسىكلىتلارغا مىنىدۇ.

— سىلەردىن باشقا موتسىكلىت بىلەن كىرا توشۇيدىغان خەنزۇلارمۇ بارمۇ؟

— بار، لېكىن ناھايىتى ئاز، ئىلگىرى كۆپ ئىدى، كېيىن قىلماس بولدى، بۇ بازارنى بىز ئۇيغۇرلار ئاستا - ئاستا ئىگىلىدۇق. چۈنكى، بىز ھەيدەۋاتقان بۇ موتسىكلىتلارنىڭ رەسمىيىتى تولۇق ئەمەس. شۇڭا، ئەرزانغىلا سېتىۋالىمىز، مەن مۇشۇ موتسىكلىتنى بىر مىڭ ئۈچ يۈز كويغا سېتىۋالغان. قاتناش ساقچىلىرى «ئاز سانلىق مىللەت، نامرات رايونىدىن

كەلگەن، ئازراق پۇل تېپىۋالسۇن» دەپ بىزگە يول قويىدۇ. بىزمۇ قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىمىز. بۇ يەرنىڭ قاتناش ساقچىلىرى ھەرگىزمۇ ھە دېسە جەرىمانە قويىدىغان، تۇتۇۋالىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. سەۋەنلىك سادىر قىلساق، چىرايلىقچە چۈشەندۇرۇپ، تەربىيە ئىشلەيدۇ. ھەتتا چوڭ تەكشۈرۈشلەرنىڭ ئالدىدا «سىلەرنىڭ رەسمىيىتىڭلار تولۇق بولمىغاندىكىن ئېھتىيات قىلىڭلار» دەپ بىزنى ئالدىن خەۋەرلەندۇرۇپ، كۈتۈلمىگەن مۈشكۈلچىلىككە ئۇچراپ قېلىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

زىيارىتىم تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانىدى. مەن مۇھەممەت تۇرسۇننىڭ شىنجىڭدىكى ئىشلىرىغا يېڭى ئۇتۇقلارنى تىلەپ خوشلاشتىم ـ دە، چوڭقۇر ئىچكى ھاياجان ئىچىدە ياتاققا قايتىپ كىردىم.

## شۈنداق ياشسام دەيمەن

15 ـ ئاپرېل تاموژنا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ، «شەرقتىكى مەرۋايىت»، «دۇنيادىكى ئۈچ گۈزەل شەھەرنىڭ بىرى»، «ھاياتلىقتىكى جەننەت» دېگەن ناملار بىلەن تەرىپلىنىدىغان شياڭگاڭ تۇپرىقىغا قەدەم قويدۇق. شياڭگاڭنىڭ دېڭىز ـ ئوكيان باغچىسى مەشھۇر بولۇپ، بۇ باغچىدا ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەن تار يولدا شۇنچە ئەركىن ـ ئازادە، خۇشال ـ خورام ئويناۋاتقان ئۈچ چەت ئەللىك بالىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بەش ـ ئالتە ياشلار چامىسىدىكى سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك بۇ بالىلار بىر ـ بىرىدىن ئوماق بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىختىيارسىز مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. بولۇپمۇ ئۇلار شۇنچە ئەركىن، بەھۇزۇر، شوخ بولۇپ، پۈتۈن دۇنيانى، ئاتا ـ ئانىسىنى، ئەتراپتىكى مۇھىتنى ئۇنتۇغانىدى. شۇ ئارىدا ئارىمىزدىكى بىر ئايال سەپەرداشىمىز ئۇلارغا مەستلىكى كېلىپ، يېنىغا چاقىردى. بۇ بالىلار قىلچە يېتىرقىماستىن، ئايالنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ـ دە، ئىنگلىزچە بىر نېمىلەرنى دەپ چۇرقىراشقىنىچە، بىز بىلەن خېلى بىر يەرلەرگىچە ماڭدى، «ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى نەدە، بالىلىرىدىن ئەنسىرىمەمدۇ؟»... بۇلارنىڭ تېگىگە يېتەلمىدۇق. شۇ ھامان مېنىڭ كۆز ئالدىمغا توپىلىق سەھرالاردا، ئەڭ ئىپتىدائىي شەكىللەردە ئويناۋاتقان، بىرەر يات ئادەمنى كۆرسە، يېتىرقاپ قېچىپ كېتىدىغان ياكى تىرنىقىنى تاتىلاپ يەرگە قاراپ تۇرىۋالىدىغان، كۆزلىرى بۆرىدىن ھۈركۈپ كەتكەن توشقانىنىڭكىدەك دائىم چۈچۈپ تۇرىدىغان، «قەھرلىك ئاتام قاياقتىن چىقىپ تىللاپ كېتەر» دەپ ئو-

يۈنى ئويۇن بولمايدىغان مەسۇم، سولغۇن بالىلىرىمىز كەلدى. ئەنە شۇلارمۇ ئالدىمىدىكى بالىلارغا ئوخشاشلا باغرىمىزنى يېرىپ چۈشكەن يۈرەك پارىلىرىمىزغۇ! تېخى بىزنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ مۇشۇنچىلىك ئويۇنلارنى ئويناش پۇرسىتىمۇ كۆپ بولمايدۇ، ئۇن ياشقا كىرە - كىرمەيلا، ئائىلىسىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ، پادا بېقىشقا، ھەر خىل ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە، ۋىجىككىنە گەۋدىسىنى يادەك ئېگىۋەتكەن كەتمەننى سۆرەپ ئېتىزلىققا مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ!

يەنە ئازراقلا مېڭىپ، چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر ئاپئاق چاچلىق مومايغا كۆزۈم چۈشتى. بىر ياش يىگىت (ئېھتىمال ئوغلى بولسا كېرەك) ئۇنى ئاسما كىرانغا چىقىرىپ، جەننەت مىسال بۇ باغچىنى ھاۋا بوشلۇقىدىن ساياھەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆچىرەتكە ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى. خىيالىم يەنە يۇرتۇمغا ئۇچۇپ كەتتى. مانا بىزنىڭ ئانىلىرىمىز: كۈن بويى ئىسلىق ئوچاققا ئېڭىشىپ، ساپلىق بىلەن يوغۇچقا ھەمراھ بولۇپ، پۈتۈن ھاياتىنى قازان بېشىدا ئۆتكۈزمەكتە! قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن ئاپئاق چاچلىرىنىڭ ئۈستىگە نىمكەش دوپپىنى چىڭ باستۇرۇپ كىيىپ، يېرىلىپ كەتكەن يالاڭئاياغ پۇتلىرىنى ئۆڭۈپ كەتكەن چىت كۆڭلىكىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ، يول بويىدىكى دەرەخ سايىسىدا تەگسىز خىياللارغا چۆمۈپ ئولتۇرماقتا. ئۈستىگە پاتمانلاپ تاش يۈكلىۋالغاندەك مۈكچىيىپ قالغان ئانىلىرىمىز تومۇز ئىسسىقتا ھاياتى باغلانغان ئېتىزلىقتا شۇر - شۇر تەرلىگىنىچە كەتمەننىڭ سېپىغا تايىنىپ. ئەتە بالىلىرىغا بازاردىن ئېلىپ بېرىدىغان گىردە ياكى بىر قاچا لەڭپۇڭ ھەققىدە ئويلانماقتا! ئەنە شۇ جاپاكەش ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە ھاياتىدا ئۈرۈمچى تۇرماق، ۋىلايەت، ناھىيە مەركەزلىرىگە بىرەر قېتىم بېرىپ باقمىغانلارمۇ كۆپ مىڭ! ئەنە شۇلارمۇ بىزنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان ئۇلۇغ ئاتا - ئانىغۇ؟ شۇ ھامان يادىمدىن مۇنداق بىر ھېكايە (ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن ئىش) كېچىپ ئۆتتى:

پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن بازىرىدا يۈز ياشلىق بىر ئۆمۈر چولپىنى ياشاپ ئۆتكەن بولۇپ، بىر كۈنى بۇ تېمەن بوۋاينى مۇخبىرلار زىيارەت قىلغىلى كېلىپ:

— بوۋا، سىز شۇنچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپسىز، مۇشۇ ياشقىچە كۆرگەن يۇرتلىرىڭىزمۇ جىقتۇ؟ — دەپ سوئال سوراپتۇ. بوۋاي ناھايىتى ھاياجانلىنىپ:

— شۇنداق بولمامدىغان بالىلىرىم، ئويلاپ باقسام ھازىرغىچە مەن

كۆرمىگەن يۇرت قالماپتۇ، بۇ يېقى ئامانشا، سىركىپكىچە، ئۇ يېقى دىغاي، چۆلتاغقىچە، ما تەرەپتە خاندوغىچە ھەممە يەرنى كۆرۈپ بولدۇم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇخبىرلار نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، تۇرۇپلا قاپتۇ. چۈنكى بۇ بوۋاينىڭ ھەممە يەرنى كۆرۈپ بولدۇم، دېگەن دائىرىسى ئەڭ يىراقى ئوتتۇز ـ قىرىق كىلومېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان ئەتراپتىكى يېزا، كەنتلەر ئىكەن.

مەن ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ كەتكەن، بىرخىل خۇرسىنىش، ئۆرتىنىشتىن خېلى ۋاقىتلارغىچە چوڭقۇر خىياللارغا چۆكۈپ كەتكەنىدىم. چەت ئەلدە بۇ ھېكايىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكە ئېلىپ تۇرۇۋاتىمەن. چۈنكى، مەن مەيلى مالايسىيادا بولسۇن ياكى سىنگاپور، تايلاندتا بولسۇن دۇنيانىڭ يىراق ـ يىراق جايلىرىدىن كېلىپ ساياھەت قىلىۋاتقان، يۇرت ئارىلاۋاتقان ئاق چاچلىق، بوۋاي، مومايلارنى، چاقلىق ئورۇندۇققا چۈشۈپ قالغان قېرى چاللارنى، نەچچىلىگەن ئۈششاق بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، ساياھەتكە چىققان ئاتا ـ ئانىلارنى، ھەتتا ھامىلىدار ئايالارنى كۆردۈم. بىزچۇ؟ دېھقانلىرىمىزنىڭ ئۈنچىلىك ئىمكانىيىتى يوق دەپ تۇرايلى، پۇل تاپقان بايلىرىمىز، ساياھەتكە چىقىشقا قۇربى يېتىدىغان كادىرلىرىمىزمۇ پۇلىنى يەپ ـ ئىچىش، كىيىم ـ كېچەككە، داغۋازلىق ـ ھەشەمەتچىلىككە سەرپ قىلىدۇ. بىزدە «شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قورق» دەيدىغان يىرىكرەك ماقال بار، بۇ نېمە مەننىنى بىلدۈرىدۇ؟ يۇرت كۆرگەننىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ، تەپەككۇرى ئۆتكۈرلىشىدۇ، دۇنيا قارىشى چوڭقۇرلىشىدۇ. دۇنيا ئەللىرى ھازىرقى دەۋردىكى ئەڭ ياخشى ئىستېمالىنىڭ ساياھەت ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدى.

## «جۇڭگولۇقلار، نېمىشقا ئۆچىرەتتە تۇرمايسىلەر؟»

بىز بۇ قېتىمقى سەپەردە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن جەم بولغان قىرىق تۆت نەپەر خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق ئاخبارات خىزمەتچىسى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ماڭغان بولۇپ، مەن سەپەر جەريانىدا بىز جۇڭگولۇقلاردا نۇرغۇن پىسخىك ئاجىزلىقلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرىدىن چەت ئەل مۇھىتىدا ئۆز ئوبرازىمىزغا تەسىر يېتىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنالمايدىغانلىقىمىزنى تونۇپ يەتتىم ۋە بۇنىڭدىن قاتتىق خىجىللىق ھېس قىلدىم. بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئاجىزلىقى ھەممە ئىشقا ئالدىراش، ئۆچىرەتنى ياقتۇرماسلىق

ئىكەن. ئايروپورتلاردا تاموژنا رەسمىيىتىنى بېجىرىش، بىلەت تەكشۈرتۈش ئۈچۈن ئۆزۈندىن ئۆزۈن ئۆچىرەت ساقلاشقا توغرا كېلىدىكەن. بۇنداق ۋاقىتلاردا جۇڭگولۇق يولۇچىلار بىتاقەت بولۇپ، ھەدەپ بويىنىنى سوزۇپ ئالدىغا ئىنتىلىدىكەن، ئالدىدىكىلەرنى ئىتتىرىدىكەن. بىر ئامال بولسا، ئۆچىرەتنى بۇزۇپ، ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشقا ئۇرۇنىدىكەن. بىرەر ئامال بىلەن ئالدىغا ئۆتۈۋالسا، خۇددى شەھەر ئالغاندەك خۇش بولۇپ كېتىدىكەن...

ئەمەلىيەتتە، قانچە ئالدىرىغان بىلەنمۇ ئۆمەك تەركىبىدىكى ھەممە يولۇچىلار تاموژنىدىن ئۆتۈپ بولغاندىلا ئاندىن يولغا چىققىلى بولىدىغانلىقى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى. مەيلى ئايروپىلانغا، پاراخوتقا، ئاپتوبۇسقا چىقىشتا ھەم چۈشۈشتە بولسۇن جۇڭگودىن كەلگەن يولۇچىلار ھامان ئالدىرايتتى، ئالدىدىكىلەرنى قىستايتتى. بىر ئادەمگە بىردىن ئورۇن بارلىقنى ھەممەيلەن ئېنىق بىلسىمۇ، نېمىشقىكىن، يەنىلا بۇ ئىشتىن ساقلىنالمايتتى. ئايروپىلان پەسلەپ ئايروپورتقا قونا - قونمايلا، جۇڭگولۇق يولۇچىلار ئالدىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، يۈك ساندۇقلىرىدىن سومكىلىرىنى ئېلىشقا باشلايتتى (خۇددى بىر كىم سومكىلىرىنى ئوغرىلىۋالىدىغاندەك، تېز چۈشۈۋالمىسا، ئايروپىلان باشقا ياققا ئېلىپ قاچىدىغاندەك). ئايروپىلان پەسلەۋاتقاندا بۇنداق قىلىش ئىنتايىن خاتا بولۇپ، بۇنداق ۋاقىتتا يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىك بەلبېغىنى تاقاپ، ئورنىدا جىم ئولتۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئايروپىلان مۇلازىمەتچىلىرى قايتا - قايتا چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، بۇ گەپلەر جۇڭگولۇق يولۇچىلارنىڭ ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتەتتى. يەنە بىرى، جۇڭگولۇق يولۇچىلار ئايروپىلاندا زادى جىم ئولتۇرمايتتى: باشقا يولۇچىلارنى بىزار قىلىپ، ھەدەپ ئۆز يېقىنلىرىنىڭ يېنىغا ئورۇن ئالماشتۇراتتى. ئايروپىلان بولمىسىدە، ئورۇندۇقلارنىڭ ئارىسىدىكى تار يولدا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ يۈرەتتى، ياكى غۇژمەك بولۇۋېلىپ پاراڭغا چۈشەتتى، سۈرەتكە، سىنئالغۇغا چۈشەتتى. چەت ئەللىك يولۇچىلار بولسا، كىتاب كۆرۈپ تىنچقىنا ئولتۇراتتى ياكى كۆزىنى يۇمۇپ ئارام ئالاتتى.

چەت ئەلدە كۆپىنچە ھالدا ئۆزى خالىغانچە ئېلىپ يەيدىغان تاللا تاماق يېيىلەتتى. بۇ ھەقتە ساياھەت يېتەكچىلىرى تالا تاماق ئالغاندا ئۆچىرەت بويىچە ئېلىش، تويغۇدەك ئېلىش، ئاشۇرۇپ قويماسلىق ھەققىدە قايتا - قايتا چۈشەنچە بەرگەن بولسىمۇ، بەزىلەرگە بۇ تەربىيىلەر كار قىلمىدى. مالايسىيانىڭ گېنتىڭ تاغلىق شەھەرچىسىگە چىقىپ، ئەتىگەنلىك تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىردۇق. مېھمانلاردىن ئون نەچچەيلەن تەڭلا يو-

پۇرۇلۇپ، بىر قانچە خىل ياخشى قورۇما قاچىلانغان جاۋۇرنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. قورۇمىلارنى كىچىك ساپلىق بىلەن ئۈزۈپ - چۈزۈپ قاراپ، ھەممەيلەننى بىزار قىلدى. ئەسلىدە ئۆچىرەت بويىچە ئاستا چەمبەرسىمان ئايلىنىپ ئالغان بولسا، سۈرئەت ئىتتىك بولاتتى، ئۇلار تەڭلا قىستىلىشىۋالغاچقا، ھېچقايسىسى ياخشى ئالالماي ۋاقىت ئىخىمۇ سوزۇلۇپ كەتتى، بۇ چاغدا مالايسىيالىق ساياھەت يېتەكچىسى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: «ھەي جۇڭگولۇقلار، سىلەر نېمىشقىمۇ ئۆچىرەتنى ياقتۇرمايدىغانسىلەر؟» دەپ قايناپ كەتتى. بەزىلەر «قورسىقى تويسىمۇ، كۆزى تويماي» تاماقنى جىق ئېلىۋېلىپ، يەپ بولالماي ئاشۇرۇپ قويىدى (چەت ئەللىكلەر تاماقنى ئاشۇرۇپ قويسا، ناھايىتى ئېغىر ئالىدىكەن). خالىغانچە ئىچىشكە بولىدىغان قەھۋە قايناتقۇچ بار بولۇپ، بىر ئىستاكان قەھۋەگە بىر خالتىدىن سېلىش ئۈچۈن كىچىك خالتىلاردا سۈت، شېكەر تەييارلانغانىكەن، سەپەرداشلىرىم سۈت بىلەن شېكەر تۆگەپ كېتىدىغاندەك قىستىلىشىپ كېلىپ، ھەر بىرى ئۈچ - تۆت خالتىدىن شېكەر ئېلىۋېلىپ، قەھۋەلىرىگە ئالدىراپ قويۇپ، ئەتراپىنى تۆكۈلگەن شېكەر ئۇۋاقلىرى، سۈت يۇقىلىرىغا تولدۇرۇۋەتتى. ھەتتا بەزىلەر ئاشخانىدىن چىقىپ كەتكىچە قول سۈرتۇش قەغىزىدىن نەچچە بولاقنى يانچۇقىغا سېلىپ چىقىپ كەتتى، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى نومۇس ھېس قىلدىم. يەنە بىرى، جۇڭگولۇقلار كىرگەنلا ئاشخانىنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلاتتى، ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئەتراپىنى بىر ئالاتتى. تاماق يەپ بولا - بولمايلا يوغان چاي قۇتىلىرىنى كۆتۈرۈپ ھەقسىز قايناقسۇ ئېلىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەقسىز نەرسىگە ئامراقلىقىمىزدىن ئۆرگىلەي! ئايروپىلاننىڭ چىقىش ئېغىزىدا يولۇچىلارنىڭ ئايروپىلاندا كۆرۈشى ئۈچۈن گېزىت تەقلەپ قويۇلىدىكەن (ئەلۋەتتە، ھەقسىز). ھەر بىر ئادەمگە بىردىن كەڭتاشا يېتىدىغان مۇشۇ گېزىتنىمۇ بىزنىڭ ئادەملەرنىڭ تالىشىپ، قىزغىنىشىپ، بۇلىغاندەك ئېلىشلىرىدىن ياقامنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئايروپىلاندا ھەقسىز تارقىتىلىدىغان ھەرخىل ئىچىملىكلەرنىمۇ بىر ئىستاكانغا تويماي، كەينى - كەينىدىن سوراپ بىر قانچە ئىستاكان ئىچىۋېتىپمۇ توختىمىغان يولۇچىلارنى كۆرۈپ خورسىنىش ئىچىدە بېشىمنى چايقىدىم.

بىز جۇڭگولۇقلار كىچىككىنە يوچۇقلاردىن پايدىلىنىشقا ئىنتايىن ماھىركەنمىز! ساياھەت يېتەكچىلىرى: «ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۆكۈرمەڭلار، ئەخلەت تاشلىماڭلار، تاماكا چەكمەڭلار، خالاپلىق قىلىشاڭلار ئادەم چۆچۈگىدەك زور سومىدا جەرىمانە ئالىدۇ»، «مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرى سوم-

كاڭلارنى كۆتۈرۈشۈپ بەرسە، چوقۇم سۆيۈنچە بىرىشىڭلار كېرەك»، «يا-تاقلارغا قويۇلغان توڭلاتقۇلاردىكى ئىچىملىكلەرنى ئىچسەڭلار يۇقىرى با-هادا هەق تۆلەيسىلەر» دەپ قايتا ـ قايتا تاپىلاپ تۇرغاچقا بىز پۇل كې-تىشتىن قورقۇپ، تازىلىققا قاتتىق رىئايە قىلدۇق. قانچە ھېرىپ كەت-سەكمۇ، سومكىلارنى مېھمانخانىنىڭ ئون قانچىنچى قەۋەتلىرىگە ئۆزىمىز ئېلىپ چىقتۇق(لىفت بار تۇرسا، باشقىلارغا كۆتەرتىپ نېمە قىلىمىز؟)، ياتاقتا قانچە ئۇسساپ كەتسەكمۇ توڭلاتقۇدىكى قىممەت باھالىق ئىچىمـ-لىكلەرنى ئىچمىدۇق. مانا بۇ بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ «دانالىقى» ئىدى.

ئەپسۇسكى، «ھەقسىز»لا بولسا، ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ ئې-لىشقا، كۆپ ئېلىۋېلىشقا تىرىشتۇق. ئۇنچە ـ مەرۋايىت، قىممەت باھالىق بۇيۇملار دۇكانلىرىدا پۇكەيلەرنى ئارىلىغاچ، ھەقسىز بېرىلىدىغان چاي، قەھۋەلەرنى ئىچىپ تويمىدۇق، ھەقسىز تېتىپ بېقىپ، يېمەكلىك سېتىـ-ۋېلىش ئورۇنلىرىدا، مال سېتىۋالمىدۇقيۇ، ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن توختىماي تېتىپ باقتۇق. مېھمانخانىلاردا ھەقسىز تارقىتىلىدىغان شەھەر خەرىتـ-سى، مۇلازىمەت كارتىلىرىنى بىرنەمىز ئىككىدىن، ئۈچتىن ئېلىۋالدۇق (بىر ئاز مېڭىپلا، بۇ نەرسىلەر ئېغىر كېلىپ يەنە تاشلىۋەتتۇق). مانا بۇ بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ «دانالىقى» ئىدى.

## خەلقىم، خىسلەتلىرىڭدىن ئۆرگىلەي!

بىز چەت ئەلگە چىقىش ئالدىدا مەخسۇس بىر كۈن تەربىيىلەنگەن بو-لۇپ، بىزنى تەشكىللىگۈچى تارماقلار، ساياھەت يېتەكچىلىرى چەت ئەل-نىڭ مۇھىتىنىڭ ئىنتايىن گۈزەل، پاكىزلىقىنى، ئادەملىرىنىڭ مەدەنىي، يۇقىرى ساپالىق ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۇرۇپ، تازىلىققا، ئىج-تىمائىي ئەخلاققا، قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلىش ھەققىدە ئېيتىپ ئە-چۈرۈپ، قۇلىقىمىزغا قۇيۇۋەتكەنىدى. دەرۋەقە، بىز بارغان دۆلەتلەر ئىنتا-يىن چىرايلىق، پاكىز، تەرەققىي قىلغانىكەن، بىراق...

16 ـ ئاپرېل شياڭگاڭدىن تايلاندنىڭ پايتەختى باڭكوكقا ئۇچۇش ئۈچۈن شياڭگاڭ خەلقئارا ئايروپورتىغا كىردۇق. مەن زالدا كېتىۋېتىپ، بىر قانـ-چە چەت ئەللىكنىڭ (تۇرقىدىن ياۋروپالىقلار بولسا كېرەك) ئەتراپىدىكى مىغىلداپ ئۆتۈشۈۋاتقان يولۇچىلار بىلەن كارى يوق، ئورۇندۇقلارنى ئە-گىلەپ سۇنايلىنىپ يېتىۋالغانلىقىنى، كالدىرلىشىپ ئولتۇرۇپ، ماچىلـ-دىتىپ بىر نەرسە يەۋاتقانلىقىنى، كىچىك شىرەنىڭ ئۈستىنى ھەر خىل

شۆپۈك، سۈلياۋ خالتىلارغا توشقۇزۇۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تايلاندنىڭ دېڭىز بويىدىكى «كىچە بولماس شەھەر» دەپ نام ئالغان مەشھۇر كۆڭۈل ئېچىش شەھىرى پاتايادا ياۋروپالىق ساياھەتچىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، رەڭگا رەڭ چىراغلارنىڭ نۇرىدىن قىزغۇچ يورۇپ تۇرغان كوچىلارغا چىرايلىق زىننەتلەنگەن، ئۈستى ئوچۇق بولغان رەت ـ رەت قاۋاقخانىلار جايلاشقانىكەن. بۇ يەردە مەن ئۈستىگە كۆڭلەك كىيمەي يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان، تۇكلۇك مەيدىسىنى سىلاپ، يوغان قورسىقىنى ساڭگىلىتىپ، قىزلار بىلەن قىلىقسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتقان بومبا ساقال چەت ئەللىكلەرنى، بەدىنىنى ئارانلا يېپىپ تۇرغان كىيىملەرنى كىيىۋالغان قىزلارنىڭ دىسكو مۇزىكىسىغا ئەسەبىيلەرچە سەكرەپ، تىنماي پىۋا ئىچىشىپ، چەت ئەللىك ئەرلەر بىلەن ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆپ ئۇچراتتىم. ئەلۋەتتە، بۇ پاتايادا كۆرگەنلىرىمىزنىڭ ئاز بىر قىسمى ئىدى. كېچىلىك كۇلۇبلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈش جەريانىدا تاماشىبىنلارنىڭ قاتارىدا ئولتۇرغان چەت ئەللىك ساھاياھەتچىلەرنىڭ نەچچە مىڭ تاماشىبىننىڭ ئالدىدا سەھنىگە چىقىپ، ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان قىلىقسىز ھەرىكەتلەرنى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئىختىيارسىز نەپرەت ئوقۇدۇم. يەنىلا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىڭ بىزنىڭ ئېسىل ئەنگۈشتەرىمىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. تايلاند كاپىتالىستىك دۆلەت بولغاچقا، بۇ ئىشلارغا چەك قويۇلمايدىكەن ھەم بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ غورۇرى دەپسەندە قىلىنسىمۇ، ئىنساننىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاق مىزانلىرى بۇزغۇنچىلىقىقا ئۇچرىسىمۇ ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىكەن. بولۇپمۇ دۇنياغا مەشھۇر كۆڭۈل ئېچىش شەھىرى بولغان پاتايادا بۇ خىل ئىشلارنى ئۇچرىتىش ئادەتتىكى ئىش ئىكەن، «كۆرمىسەڭ بىلمەيسەن» دېگەندەك بىز بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندىن كېيىنلا ئاندىن كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، قانۇن ۋە ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان دۆلىتىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇپ يەتتۇق. شۇ ھامان كۆز ئالدىمدا ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ھاياتلىق تۈۋرۈكى دەپ بىلىدىغان ئۇلۇغ خەلقىمىز، شەرم ـ ھايالىق، لاتاپەتلىك قىزلىرىمىز (مىڭ ئەپسۇسكى، بىر قىسىم قىزلىرىمىزنىڭ غەربنىڭ مۇشۇنداق چاكىنا تۇرمۇش شەكىللىرىگە مەپتۇن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا چوڭقۇر ئېچىنىمەن)، ئېسىل ئەنئەنىلەر بىلەن مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولۇپ تۇرىدىغان مۇقەددەس يۇرتىمىز كېلىپ، ئۆزىمىزدىن

پەخىرلىنىپ، سۆيۈنۈپ كەتتىم.

ساياھەت يېتەكچىلىرىنىڭ قايتا ـ قايتا تاپىلىشى بىلەن چەت ئەللەر-نىڭ جەمئىيەت تەرتىپىگە ئىنتايىن دىققەت قىلدۇق: كوچىلارغا بىر ەر تالمۇ ئەخلەت تاشلىمىدۇق، دىققەتسىزلىكتىن تۈكۈرۈپ سالمىدۇق. لې-كىن، تايلاندلىق ساياھەت يېتەكچىسى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىلا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرۈپ، ئەخلەت تاشلاپ مېڭىۋەردى. بىز كوچىلاردا ھەر-گىزمۇ تاماكا چېكىپ سالمىدۇق، لېكىن، پۇرقىرىتىپ تاماكا چەككىنىچە ئالدىراش كېتىۋاتقان يەرلىك ئاھالىلەرنى خېلى كۆپ ئۇچراتتۇق. بىز قىزىل چىراغقا يولۇقساق، خۇددى بىر كىم كوماندا بەرگەندەك دەرھال توختىدۇق. لېكىن، بىر قىسىم يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ماشىنا بولمىسىلا، قىزىل چىراغ يېنىق بولسىمۇ، يولنى كېسىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق.

شياڭگاڭلىق ساياھەت يېتەكچىسى ئۆزىنىڭ سۆزمەنلىكى، خۇشخۇيلۇقى بىلەن بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغاچقا، ئۇنىڭغا بىئىختىيار ھۆرمىتى-مىز قوزغالغانىدى. ئۇ ئاپتوبۇستا بىزنى ئايروپىلانغا ئۇزىتىپ كېتىۋې-تىپ، ھەر بىرىمىزگە بىر يۈرۈشتىن شياڭگاڭنىڭ خاتىرە بۇيۇمىنى تار-قاتتى. بىز بۇلارنى ساياھەت يېتەكچىسى دوستىمىز ئۇچ كۆڭلۈك دوستلۇ-قىمىزنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتى-مىز، نەدىكىنى! ئۇ خاتىرە بۇيۇملارنى بىرەر قۇر چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەر بىرىمىزنىڭ بۇ بۇيۇملار ئۈچۈن يۈز يۈەندىن خەلق پۇلى تاپ-شۇرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. بىز بۇنى ئاڭلاپ «لەسسىدە» بولۇپ قالدۇق، تىرناق ئالغۇچ، ئاچقۇچ ئاسقۇچ قاتارلىق مۇشۇ نەرسىلەر يۈز يۈەنگە يارام-دۇ، دەپ غۇلغۇلا قىلىشتۇق. ئارىمىزدىكى بىرەيلەن ساياھەت يېتەكچىسى-گە:

ــ سەن شىنجاڭغا بارساڭ، بىز سېنى نەچچە كۈن ھەقسىز ئويناتىپ، قولۇڭغا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى تۇتقۇزۇپ يولغا سالىمىز، مۇشۇ نەرسىلىرىڭنىمۇ بىزگە ساتامسەن؟ ــ دەپمۇ باقتى. لېكىن، يېتەكچى يە-نىلا شۇ ئىللىق كۈلكىسى بىلەن پۇل ئېلىشتا چىڭ تۇردى، ئۇلارنىڭ پۇل قورغىنى ئاسان يىمىرىلمەيدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ نەرسىلەرنى ئالمىساقمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش ئىدى، لېكىن جۈڭگولۇقلا خاس پىسخىكا بويىچە ئالمايمىز، دېيىشكە يۈزىمىز چىدىمىدى.

بۇ يەردە ھەممە نەرسە پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىكەن، ئاتا ـ بالا، ئاكا ـ ئۇكا، دوست ـ يارەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت دېگەن ئۇقۇملار ناھايە-تى ئاز تىلغا ئېلىنىدىكەن، كىشىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ

كەتمەيدىكەن. ھەممە مۇناسىۋەتلەر ئىقتىسادىي ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ بې-
رىلىدىكەن. باللار ئون سەككىز ياشقا كىرىشى بىلەنلا، ئۆيدىن ئايرىلىپ،
مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، باللار ياشانغان ئاتا ـ ئانىلارنى بېقىش
مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئۈستىگە ئالمايدىكەن، ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشى ئىجتى-
مائىي كاپالەت، سۇغۇرتا ئورۇنلىرى تەرىپىدىن كاپالەتلەندۈرۈلىدىكەن. ئا-
دەمگەرچىلىكتىن ئىبارەت بۇ خىل ھېسسىيات پەقەت بىزنىڭ ئۇلۇغ يۇر-
تىمىزدىلا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىكەن.

تايلاندتا تۇرغان ئالتە كۈن جەريانىدا بىز دائىم، پورتماللىمىزدىن يە-
گىرمە باخت (تايلاندنىڭ پۇل بىرلىكى، خەلق پۇلىدا بەش يۈەنگە تەڭ) چى-
قىرىشقا تەييار بولۇپ تۇردۇق. بىرەر پاراخوتقا چىقساق، دەرھال ئالدىمىز-
غا تايلاندلىق بىرەيلەن كېلىپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ تەزىم قىلىدىكەن
ــ دە، بويىنىمىزغا چەمبىرەكتەك ياساپ قويغان گۈلدىن ئېسىپ قويىدى-
كەن، بۇنىڭغا يىگىرمە باخت بېرىشكە توغرا كېلىدىكەن. مۇلازىمەتچى
سىزگە ئازراقلا ياردەملەشسە، ئۇنىڭغا يىگىرمە باخت سۆيۈنچە بېرىدىكەن-
سىز. پىلغا بىرلا مىنىپ قويسىڭىز، يىگىرمە باخت تۆلەيدىكەنسىز، سايا-
ھەت نۇقتىلىرىدا بىر قۇتا مىنېرال سۇنىڭ باھاسىمۇ يىگىرمە باخت ئې-
كەن، بۇ يەردە كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان، ئىچىدە تاتلىق سۈيى بار كوكوس
مېۋىسىنىڭ تۇمشۇقىنى كېسىپلا، ئىچىگە بىر نەيچىنى تىقىپ، يىگىرمە
باختقا ساتىدىكەن. دېمەك، بۇ يەردە ھەممە ئىش پۇل بىلەن ئايلىنىدىكەن.

مالايسىيا، سىنگاپور، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت، رايونلارنىڭ تەرەققى-
ياتى ناھايىتى يۇقىرى، تۇرمۇش رىتىمى تېز بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۈندى-
لىك مەشغۇلات ۋاقتى ئىنتايىن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. شۇڭا، ئۇلار-
نىڭ بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ، مېھرىبانلىق يەتكۈزگۈدەك، ئۆز ئارا ئادەم-
گەرچىلىك قىلغۇدەك ۋاقتى يوق ئىكەن، ئۇلاردا ئۇنداق ئادەتمۇ شەكىل-
لەنمىگەنىكەن.

مانا خەلقىمىزگە قاراپ باقايلى: مېھماندوستلۇق، ئادەمگەرچىلىكتە
دۇنيادا بىزگە يېتىدىغان يەنە بىر مىللەت يوق، بىرەر مېھمان كېلىپ
قالسا، ئۇ گەرچە يېڭىلا تونۇشقان كىشى بولسىمۇ، بېشىمىزغا ئېلىپ كۆ-
تۈرۈپ، ئىلكىمىزدە بار ئەڭ ياخشى نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن ئۇچ ـ تۆت
كۈنلەپ مېھمان قىلىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويىمىز.
«مېھمان كىرمىگەن ئۆيدىن پەرىشتە قاچىدۇ» دېگەن ئۇدۇم بويىچە ناتو-
نۇش بىرى ئۆيىمىزگە يېڭىلىپ كىرىپ قالسىمۇ، ئۇنىڭغا يەتكۈچە مېھ-
ماندوستلۇقىمىزنى بىلدۈرىمىز. بۇ جەرياندا بولۇۋاتقان ئىقتىسادىي چى-

قىملار ھەرگىز كاللىمىزغا كىرىپ چىقمايدۇ، بۇ ئىشلارنى پۇل بىلەن ئۆلچەشنى نومۇس ھېسابلايمىز. ئادەمگەرچىلىكنى ئېيتساق، بىز ئۆزدىمىزدىن كۆرە باشقىلارغا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشكە ئەڭ كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىمىز. شۇڭا بىزدە توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلار ھەممەيلەننىڭ قولمۇ قول ياردەملىشىشى بىلەن قىزىپ كېتىدۇ، بۇنداق مەرىكىلەر قويۇق مېھرىبانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. دېمەك، «تاغدەك تۇرمۇش غېمى ئاستىدىمۇ پادىشاھتەك مەئىشەت سۈرەلەيدىغان، ئەزىيەتلەرگە ئېزىلمەيدىغان، تالاپەتتىن تۈگىشىپ كەتمەيدىغان، ھەر ۋاقىت ھاياتقا قىزغىن مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، مېھماندارچىلىقلارنى قىلىپ تۇرىدىغان مۇنداق ھاياتى قۇۋۋەتى چەكسىز مىللەتتىن يەنە بىرى بارمىدۇ؟» (ئادىل تۇنىياز «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر»).

توغرا، ۋاقىتنى قەدىرلەش ئىنتايىن مۇھىم، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك كەسكىن رىقابەت دەۋرىدە تېخىمۇ شۇنداق. بىز ئۇيغۇرلار دەل بىزگە «كەڭتاشا بېرىلگەن ۋاقىت» نىڭ قەدرىگە يېتەلمىگەچكە، تەرەققىيات جەھەتتە باشقا مىللەتلەرگە يېتىشەلمەيۋاتىمىز. لېكىن، ئادەم دېگەن كۈن بويى پالاقلاپ ۋاقىتنى قوغلىشىپ يۈگۈرۈپ ئۆتسە، ھەممە نەرسىنى پۇل بىلەن ئۆلچەپ ئىنچىكە ھېساب ـ كىتاب قىلىپ ياشىسا ئۇ چاغدا ھاياتنىڭ نېمە لەززىتى بولىدۇ؟ ئادەمنىڭ بەزىدە ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇپ، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن گۇڭ ـ مۇڭ پاراڭلاشقۇسى، ۋاقىتنى خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئارام ئالغۇسى ياكى كۆڭۈل ئاچقۇسى كېلىپ كېتىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ھاياتتىكى قىممەتقۇ، تۇرمۇشتىكى لەززەتقۇ! شۇنىڭغا قارىغاندا يەنىلا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتىدىكەن!

## ۋەتەن، سەن ھامان قەلبىمدە

شياڭگاڭ، سىنگاپور، مالايسىيا قاتارلىق دۆلەت، رايونلارنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى، گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس قالدىم: تۆت پەسىلدە ئىزچىل ياز بولىدىغان بۇ دۆلەتلەردە ھەممە يەر قويۇق ئورمان، رەڭگا رەڭ گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن ئورالغان، كۆپكۆك دېڭىز سۈيى شەھەرلەرنى قورشاپ تۇرغان، شۇنچە ھەيۋەتلىك، ئېگىز بىنالار، پاكىز كوچىلار ئادەمگە ئاجايىپ رومانتىك تۇيغۇ بېغىشلاۋاتقان... سۇ بىلەن ئورمان بىرىكىپ كەتكەن جەننەتكە تىمسال بۇ ماكان بىزدەك يىراق قۇرغاق رايوندىن كەلگەن كىشىلەرنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. دېڭىز ـ ئوكيانلاردا ھارماي ئۈز-

دۇق، يېشىل كوچىلارنى قانماي ئايلاندۇق. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يەرنىڭ ئادەمنى بىئارام قىلغۇچى ئىسسىقى بىزنى قىيناشقا باشلىدى. ھەممە يەر ياپيېشىل، ئورمان، سۇ بىلەن قاپلانغانۇ، ئازراقمۇ سالقىنلىقتىن، شامالدىن ئەسەر يوق. يىل بويى «كىيىم يەڭگۈشلىيەلمەيدىغان» (يوپۇرماق تاشلىمايدىغان) بىچارە دەرەخلەر خۇددى سىزما رەسىمدەك، جانسىز جەسەتتەك قىمىر قىلماي تۇرغىنى تۇرغان! ھۆپۆلدەپ تۇرغان تىنجىق ئىسسىق، سىرتقا چىقسىلا يۈزگە ئۇرۇلىدىغان ئوتتەك ھاۋا ئادەمنى مىچىلدىتىپ، بىئارام قىلىۋاتقان. «تووۋا خۇدايىم» دەپ كەتتىم ئىچىمدە، «بىز دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىسسىق جايدىن كەلگەن تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا بۇلارنىڭ ئىسسىقىغا چىدىيالمايدىغاندىمىز؟»

تۆت پەسىلنىڭ پەرقى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ مىجەزىمۇ بىر خىللا: يا قاقاھلاپ ئېچىلىپ كۈلگىنىنى ياكى چىك ۋارقىراپ سۆزلىگىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. دائىم مىسىلداپ مېڭىپ، ئۆزى ئاڭلىغۇدەكلا ئاۋازدا سۆزلەپ، قايسىدۇر بىر ئىشلارغا ئالدىراپ يۈرگىنى يۈرگەن. پۈتكۈل تۇرقىدىن بىر خىل خىيابانلىق، روھسىزلىق چىقىپ تۇرىدۇ. بىزچۇ: دائىم، كۆكسىمىزنى كېرىپ، جۇشقۇن، مەردانە ياشايمىز. يىللىرىمىزنىڭ قىشىمۇ، يازىمۇ بار بولغىنىغا ئوخشاش قەھرىمىزمۇ، زەھرىمىزمۇ بار! بىپايان قۇملۇقلىرىمىزدىن كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ بولۇشنى، ئاق قار بىلەن قاپلانغان ھەيۋەتلىك تاغلىرىمىزدىن بەردەملىك، مەغرۇرلۇقنى، زۇمرەت سۇلۇق دەريا ـ كۆللىرىمىزدىن مۇلايىملىقنى، باشقىلارغا مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈشنى، يۇلغۇن قىزارغان چۆللۈكلىرىمىزدىن ھاياتقا بولغان قىزغىن تەلپۈنۈشنى ئۆگىنىمىز، مانا بۇلار بىزنىڭ بەختىمىز ئەمەسمۇ؟

مالايسىيانىڭ گېنتىڭ تاغلىق شەھەرچىسىگە چىقىپ، غايەت يوغان بىر ئەينەك زالنى كۆرۈپ قالدىم: زالنىڭ ئىچىگە سۈنئىي قار ياغدۇرۇلغان بولۇپ، مۇزدىن ھەيكەللەر، مەنزىرىلەر ياسالغانىدى، قىشلىق كىيىم كىيىۋالغان نەچچە ئونلىغان ياشلار زالنىڭ ئىچىدا خۇشال ـ خۇرام كۈلۈشۈپ قار ئېتىشىپ ئويناۋاتاتتى. ئاللا كارامەت، بىر يۇرتنىڭ قىشى بولماسلىقىنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەختسىزلىككەن جۇمۇ! بۇ بىچارىلەر قىش قانداق بولىدىغاندۇ، دەپ سېغىنىپ، قىشنىڭ لەززىتىنى تېتىغۇسى كېلىپ، سۈنئىي قىش ياسىغانىكەن ـ دە! مانا بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ھەممە پەسىل، ھەممە مەنزىرە، ھەممە رەڭ، ھەممە شەكىل تېپىلىدۇ! ياپيېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان يېشىل تاغلارمۇ، گرانىتتەك پارقىراپ، يالقۇندەك لاۋۇلداپ تۇر-

غان گىياھ ئۈنمەيدىغان تاقىر تاغلارمۇ بار. بىپايان قۇملۇقلار بىلەن ئېـ-
كىنزار بوستانلار گىرەلىشىپ كەتكەن! تاتلىق سۇلۇق كۆل ـ دەريالار بىـ-
لەن تاشلىق سايلار چىلىق قۇچاقلاشقان! ئادەملىرى بۇ يەرنىڭ كىشلىـرى-
دەك «مەدەنىي» بولمىسىمۇ، شۇنچە قىزغىن، مېھماندوست، مـېهـرىـبان!
كوچىلىرى بۇ يەرنىڭكىدەك پاكىز، چىرايلىق بولمىسىمۇ، شۇنچە مېھرى
ئىسسىق، يېقىشلىق، تارتىملىق! «ئاھ، ئانا يۇرتۇم، يازدا يامغۇر، قىشتا
قار ـ مۇزلىرى بار، كۇزدە سالقىن باغلىرى، ئەتىيازدا كۆڭۈلنى سۆيۈنـ-
دۈرگىدەك يېشىل دەل ـ دەرەخلىرى بار بېھىش مەسىللىك ماكان» (ئادىل
تۇنىياز «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر»).

ئادەم پەقەت يۇرتىدىن ئايرىلغاندىلا، يىراق ئەللەردە سەرسان بولغاندىلا،
«ۋەتەن» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەقىقىي ۋەزنىنى ھېس قىلالايدىكەن. ئاتىلار
دەۋاتقان «كىندىك قېنى تۆكۈلگەن» دېگەن مۇقەددەس سۆزنىڭ ئالەمگە تەڭ
كەلگۈدەك چوڭقۇر مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلەيدىكەن! ئانا يۇرت-
نىڭ ھەر ئوچۇم توپىسىنى، ھەربىر تال تاش، چالمىسىنى كۆزنىگە سۈرت-
كىدەك بولىدىكەن! يىراق سەھرالاردىكى ئۇيغۇر پۇراپ تۇرغان ۋەيرانە كە-
پىلەر، توپا ئۆرلەپ تۇرغان بازارلار ئادەمگە ئەڭ مېھرىلىك تۇيۇلىدىكەن!
«ئۇيغۇردەك ئۆز يۇرتىغا رىشتى چىڭ، ياتلارغا كەڭ قورساق، ئادىمىي
مېھرىبان، بەرداشلىق بىر قوۋم دۇنيانىڭ ھېچ يېرىدىن تېپىلمايدىكەن،
كۈلسە ئۆز يۇرتىدا كۈلىدىكەنكى، دۇنيانىڭ باشقا ھېچ قانداق يېرىدە ئۆ-
زىنى يېتىمدەك ھېس قىلىدىكەن» (ئادىل تۇنىياز «پەيغەمبەر دىيارىدا كې-
چىلەر»).

## قېنى تۇتىيا تاماقلار؟

ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپلا گاڭپەن (گۈرۈچ تامىقى) يېيىشكە باشلىدۇق،
يېگەنلىمۇ نەق ئون ئالتە كۈن، ھەر كۈنى ئىككى ۋاقتىن گاڭپەن يېدۇق.
بۇ جەرياندا مەززىلىك ئۇيغۇر تاماقلىرىنى شۇنچىلىك سېغىنىدىكى، لەغ-
مەن بىلەن يېغلاپ كۆرۈشكىدەك ھالەتكە يەتتىم. ھەر قېتىم تاماق يېگەندە
بىر ئۇستەلدە ئولتۇرغان ئۇيغۇر سەپەرداشلىرىمغا چاقچاق قىلىپ: «مەن
ئەسلىدىمۇ گاڭپەننى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيتتىم، تەقدىر مەن بىلەن قې-
رىشقاندەك ئون ئالتە كۈندىن بېرى مېنى گاڭپەنگە باغلاپ قويدى، يېمەي
دېسەم ئاچ قالىمەن، شۇڭا يىغلاپ تۇرۇپ يەۋاتىمەن! بىر كاپام ئاغزىمغا
سالسام، ئىككى كاپام كەينىگە يانىدۇ! خەپ، يۇرتۇمغا قايتىۋالىدىغان بول-

سام گاڭپەن دېگەننى مەڭگۈ ئۆيگە يولاتمايمەن!» دېدىم. بىز بۇ يەردىكى ئاشخانىلارنىڭ قورۇملىرىنى، تاماقلىرىنى كۆرۈپ، «بۇ خەق تاماق ئېتىشنى، تاماقنىڭ لەززىتىنى تېتىشنى زادى بىلمەيدىكەن» دەپ ئويلاپ قېلىشتۇق. چۈنكى، ئۇلار قاتكۆكتىن قورۇما تەييارلىماقچى بولسا، باشقا ھېچقانداق كۆكتاتنى ئارىلاشتۇرماي، ئاپئاق قاتكۆك سەينى ئېلىپ چىقىدىكەن، تەرخەمەكنى قورۇسا، ھېچقانداق كۆكتات ئارىلاشتۇرۇلمىغان كۆپكۆك تەرخەمەكنى ئېلىپ چىقىدىكەن! ۋاي خۇدايىم، قورۇمىلىرىنىڭ تەمسىزلىكى، رەڭگىنىڭ سەتلىكى! قورۇمىلارغا نېمىشقا شوخلا، مۇچ ئارىلاشتۇرۇشنى بىلمەيدىغاندۇ، دەپ ئىچىمىز پۇشۇپ كەتتى. خەنزۇ سەپەرداشلىرىمىزمۇ شىنجاڭ تائاملىرىنىڭ ئىسسىقلىقى، لەغمەننى سېغىنغانلىقى ھەققىدە بەس - بەستە سۆزلەپ كېتىشتى. مۇشۇنداق شارائىتتا بىز پەقەت ئۆزىمىزگە تونۇشلۇق بولغان تۇخۇم، بېلىقنىلا يېيىشكە مەجبۇر بولدۇق. بۇ يېيىشىمىزنىڭمۇ پەقەت قورساقنى ئازراق ئەستەرلەشكىلا پايدىسى بولدى، ئەمەلىيەتتە كۈن بويى يېرىم ئاچ ھالەتتە يۈردۇق. خۇددى شائىر ئادىل تۇنىياز «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر» ناملىق كىتابىدا: «... تۇرۇپلا پىننە سالغان مەززىلىك ئۇگرە ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى، ئارقىدىن لەڭمەن، پولۇ، چۆچۈرە، مانتىلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئاھ، بۇ يەرلەردىكى قاشتېشى شىرەلەرگە تولۇپ تۇرىدىغان تايىنى يوق غەربچە تائاملار، خرۇستال قاچىلاردىكى، كۈمۈش تەخسىلەردىكى ئىسسىق باسمايدىغان قۇرۇق سۆلەت ھەررەڭ - سەررەڭ بىر نېمىلەر. دۇنيادا ئۇيغۇردەك قولى تەملىك. داستىخىنى شېرىن مىللەتتىن يەنە بىرى بارمىدۇ؟ ... ئاشخانىلاردا مەن ئىزدىگەن، مەن تونۇيدىغان ھېچ نەرسە يوق ئىدى. مەن ھەممىسىدىن ئاچ قورساق چىقىپ كەتتىم، مەن گويا كۆك بېدە يەپ كۆنۈپ قېلىپ، قۇرۇق سامان ئاغزىغا تېتىماي قالغان ئاتتەك چىپىلداپ تەرلەپ ئاچ قورساق كوچىلارنى كەزدىم، ئاخىر بولماي، ئۆلۈپ قالماسلىق ئۈچۈن مەن تونۇيدىغان تۇخۇم بىلەن قورساقنى ئەستەرلىدىم. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممىسىنى بىرەر قېتىمدىن تېتىپمۇ باقتىم، بىراق ھالۋا يەپ كۆنگەن ئېغىزغا زاڭ تېتىمىدى. نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ، ئاجايىپ تېتىملىق تائاملارنىڭ ئىگىسى بولغان نازۇك ئېغىز خەلقىمنى، خۇشخۇلق ئادەملىرىمنى، ئۇيغۇرنى ۋە ئۇيغۇر تائاملىرىنى سېغىندىم. ئۇلارسىز يېگىنىم چىرايىمغا چىقمىغۇدەك. ئۇلارسىز راھىتىممۇ ئازاب بولغۇدەك، چۈنكى مېنىڭ پېشانەمگە ئۇيغۇر بولۇش پۈتۈلگەنىكەن!» دەپ يازغىنىنىڭ دەل ئۆزى بولدى.

يۇرتىمىزدىكى بىر تەخسە قورۇما مەززىلىك جان ئوزۇقى بولۇپلا قال-ماستىن، يەنە ئۇنى چىرايلىق سەنئەت بۇيۇمى، دېيىشكە بولىدۇ. تەخسە ئۈستىدە يېشىل، قىزىل، كۆك، سارغۇچ رەڭلەر جۇلالىنىپ تۇرغان، بىر كۆرگەن كىشىنىڭ ئىختىيارسىز ئىشتىھاسىنى قوزغايدۇ. تاماق، قورۇما تۈرلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، تەملىكلىكى، مەززىلىكلىكىنى نېمە دەي! خەلقىمىزنىڭ ئادىتىدە ھەر خىل مىزاجلىق، ھەر خىل تەبىئەتلىك كى-شىلەرگە ماس كېلىدىغان تاماقلارمۇ ھەرخىل بولۇپ، تاماقلار پەقەت قور-ساق تويغۇزۇش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، روھنى ئۇرغۇتۇش، كېسەل داۋالاش، چىراينى گۈزەللەشتۈرۈش رولىنىمۇ ئويناي-دۇ. سۈت، قېتىق، قايماققا ئوخشاش ھەر خىل ئىچىملىكلەر، تۈرى سا-ناقسىز بولغان ھۆل - قۇرۇق مېۋىلەر تاماقلارنىڭ شىپالىق رولىنى يەنە-مۇ كۈچەيتىدۇ.

بىر تەخسە لەڭمەنگە، بىر پىيالە سۈتكە زار بولۇۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا بىردىنلا مۇشۇ تۇتىيا تاماقلىرىمىزنى خارلاۋاتقان، ئىسراپ قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، يۈرىكىمنى ئوت ئېلىپ كەتتى. «ھەر قانداق نەرسىنىڭ قەدرى ئايرىلغاندا بىلىنىدۇ» دېگەندەك مانا ئەمدى رېس-تورانلاردا يەپ بولالماي، تۆكۈلۈۋاتقان تاماقلارنىڭ قەدرى ئۆتۈلمەكتە، قىساسى تۇتماقتا ئىدى. مەن چەت ئەلدە تۇرۇپ ئەمدىلا قورسىقى تويۇشقا باشلىغان بىزگە ئوخشاش خەلقتە ھەشەمەتچىلىكنىڭ، ئىسراپخورلۇقنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. چەت ئەللەردە تاماق يېيىش ئۈچۈن بۇنچىلىك كۆپ ئىقتىساد، ۋاقىت سەرپ قىلىنمايدىكەن، ئۇلار نا-ھايىتى ئاددىي، تېجەشلىك تاماقلىنىدىكەن، تاماقنى كۆپ يەۋېلىش سالا-مەتلىككە زىيانلىق ھەم مەدەنىيەتسىزلىك، دەپ قارايدىكەن. شۇڭا ئاز تاماق يەيدىكەن، ئاساسەن زىلۋا، ساغلام بەدەن كېلىدىكەن. تاماقنى ئاشۇرۇپ قو-يۇش، ئىسراپ قىلىشنى ئىنتايىن ئېغىر كۆرىدىكەن. بىراق، بىزچۇ؟ رېستورانلاردا ئۈستەللەر قاتمۇ قات قورۇما تەخسىلىرىگە توشۇپ كەتكەن، ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن نەچچە ئون خىلدىن تاماق بۇيرۇتۇلغان، تاماق يېيىش ئۈچۈن سائەتلەپ، كۈنلەپ ۋاقىت، كۆپ قىسىم نامرات قېرىنداشلىرىمىز ئېھتىياجلىق بولغان پاتمانلاپ پۇل سەرپ قىلىنىۋاتقان! ئاخىرىدىكى ئىسراپچىلىقنى دېيىشكە ئادەمنىڭ ئېغىزى كۆيىدۇ! تۈزۈك يېيىلمىگەن ئېسىل تاماقلار ئەخلەت تۆڭلىرىگە تۆكۈلۈپ، «چوشقىلارغا بايرام» بولۇۋاتقان! ھەتتا بەزىلىرىمىز ساختا شۆھرەتپەرەسلىك بىلەن تېخى چوكا تەگ-مىگەن تاماقلارنىمۇ ئوراپ ئېلىپ كېتىشتىن «نومۇس» قىلىپ، ئۇلارنىمۇ

چوشقىلارغا سۈڭگۈتۈۋاتقان! مانا مۇشۇنداق زىيادە يەپ ـ ئىچىلگەن تا ـ ماقلارنىڭ كۆچىدىن ياش تۇرۇپلا سەمرىپ، بادالڭ قورساقلىرىمىز ساڭ ـ گىلاپ، ئۆز تېنىمىز ئۆزىمىزگىمۇ ئېغىر كېلىۋاتقان! باشقىلارنىڭ سۆر ـ ئىتى تېزلىشىۋاتقان مۇشۇ دەۋردە بىزنىڭ كېلەڭسىزلىكىمىز تۈپەيلىدىن قەدىمىمىز بارغانچە ئاستىلاپ كېتىۋاتقان!... ياق، تەڭرى بىزگە ئاتا قىل ـ غان، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بىزگە ساغلام تەن، پاكىز ئەقىل، جۇش ـ قۇن روھ بېغىشلاپ كېلىۋاتقان تۇتىيا تاماقلىرىمىزنىڭ قەدرىگە يېتەيلى! دېهقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مىڭ بىر مۇشەققەتتى بەدىلىگە كەلگەن، لې ـ كىن ئۇلار ئۆزلىرىمۇ تېتىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان ئېسىل تائاملىرى ـ مىزنى ئىسراپ قىلمايلى!

## بىز نېمىشقا قىلالمايمىز!

شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، شياڭگاڭ، سىنگاپور، مالايسىيا قا ـ تارلىق رايون، دۆلەتلەرنىڭ مۇهىتى گۈزەل بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئىنت ـ تايىن پاكىز ئىكەن. ئاز ساندىكى كىشىلەرنى هېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەر ـ دىكى ئاهالىلەرنىڭ مۇهىت تازىلىقى ئېڭى ناهايىتى يۇقىرى ئىكەن، كو ـ چىلاردىن بىرەر تال ئەخلەت تېپىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. تازىلىق ئىشچىلىرى هەر دائىم كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، پاكىزلىققا كاپالەتلىك قىلىدىكەن. بۇ دۆلەتلەردە ئاممىۋى سورۇنلاردا (هاجەتخانىلارمۇ بۇنىڭ ئىـ چىدە) تاماكا چېكىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدىكەن، پەقەت مەخسۇس تەسىس قىلىنغان تاماكا چېكىش ئۆيلىرىدىلا تاماكا چېكىشكە بولىدىكەن. كو ـ چىلاردىمۇ مەلۇم ئارىلىققا بىردىن يوغان كۇلدانلار قويۇلغان بولۇپ، مۇشۇ كۇلدانلارنىڭ ئەتراپىدىلا تاماكا چېكىشكە يول قويۇلىدىكەن.

ئاهالىلىرىنىڭ مەدەنىيلىك ئېڭى ئىنتايىن يۇقىرى، ئەدەپ ـ قائىدى ـ لىك بولۇپ، ئەڭ مۇهىمى ئۆز شەهىرىنى، ئۆز ئۆبرازىنى ئورتاق قوغداش ئېڭى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ناهايىتى كۈچلۈك ئىكەن. جامائەت ئەسلىهە ـ لىرىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىكەن، باشقىلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدىكەن. هەرگىز بىزگە ئوخشاش: «بەرىبىر مېنىڭ بولمىغاندى ـ كىن، نېمە بولسا بولمامدۇ! مەن پايدىلىنىۋالسام بولدى، باشقىلار بىلەن نېمە كارىم! خەق بىلەن نېمە ئىشىم!» دېگەن قاراشتا بولمايدىكەن. دەل مۇشۇنداق پاكىزلىك، گۈزەللىك، مەدەنىيلىك، يۇقىرى ساياهەت مۇلازىمەت ئېڭىدىن ئىبارەت «يۇمشاق دېتال» مۇهىتى بۇ دۆلەتلەرنىڭ ساياهەتچىلى ـ

كىنىڭ مىسلىسىز تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ساياھەتچىلىكتىكى «قاتتىق دېتال» قۇرۇلۇشى بولسا، ئاساسلىقى نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان سۈنئىي كۆڭۈل ئېچىش نۇقتىلىرى، ئېگىز مۇنارلار، چىرايلىق باغچىلار، خاتىرە سارايلار، ھەر خىل ھەيكەللەر، سىمۋوللۇق مەنزىرىلەر بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ مول ساياھەت بايلىقلىرىمىزنىڭ «قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيدىكەن!».

بىزدە بولسا ساماۋى قۇملۇقلار، ئوت پۈركۈپ تۇرىدىغان تاغلار، قويۇق ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلىنى ساقلىغان سەھرالار، ھەر خىل مەرىكە، بايراملار، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا، تەسۋىرلىگۈسىز يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە قەدىمكى شەھەرلەر، مىڭ ئۆيلەرگە ئوخشاش يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور بولغان ساياھەت بايلىقلىرى، تەبىئىي گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا بىزنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىيات قەدىمىمىز ئۇلارنىڭكىدىن ئاستا؟ چۈنكى بىز يۇقىرىدا قەيت قىلغان «يۇمشاق دېتال قۇرۇلۇشى»غا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمىگەن!

مەن بۇ يەرلەردىكى ساياھەتچىلىك مۇلازىمىتىنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلىنىڭ «كۈلۈمسىرەش» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. سىز بۇ يەردە ھەممىلا جايدا سىزگە بېشىنى سەل ئېگىپ، كۈلۈمسىرەپ ، سىزگە ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرغان كىشىلەرنى ئۇچرىتىدىكەنسىز. ئۇلارنىڭ كۈلۈمسىرىشى شۇنچىلىك ئۆزگىچە، ئىللىق بولۇپ، مەن كۈلۈمسىرەشنىڭ بۇ قەدەر يېقىملىق، بۇ قەدەر جەزبىدار بولىدىغانلىقىنى ئەمدىلا ھېس قىلغاندەك بولدۇم! مېھمانسارايلاردا، ئاشخانىلاردا، ماگىزىنلاردا مۇلازىمەتچىلەر ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ سىزنى كۈلۈمسىرەپ كۈتۈۋالىدىكەن، چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىپ، بېشىنى سەل ئېگىپ، سىزنى كۈلۈمسىرەپ ئۇزىتىپ قويىدىكەن. ساياھەت ئاپتوبۇسىدا ئولتۇرسىڭىز سىز ھەر قېتىم ماشىنىغا چىقىپ، چۈشكەندە شوپۇر ئىشىك تۈۋىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، سىزنى يۆلەپ چۈشۈرۈپ، چىقىرىپ قويىدىكەن. يۈك ـ تاقلىرىڭىزنى ھەرگىزمۇ سىزنى كۆتۈرگىلى قويمايدىكەن، قانچە ئېغىر ھەم كۆپ بولسىمۇ، شوپۇر ئۆزى كۆتۈرۈپ، ئاپتوبۇسنىڭ يۈك ساندۇقىغا چىرايلىق تىزىپ، جايلاشتۇرىدىكەن. بىراق، بىزدىچۇ؟

ئاۋمېن چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ جۇخەي شەھىرىگە كىرىشىمىز بىلەنلا، مۇلازىمەتتە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى: بىز چىققان ساياھەت ئاپتوبۇسىنىڭ شوپۇرى يۈك ـ تاق ساندۇقىنى ئېچىپ قويۇپ، بىزنىڭ شۇنچە ئېغىر سومكىلارنى ئىنجىقلاپ ساندۇققا پاتقۇزالمايۋاتقانلىقىدا-

مىز بىلەن كارى بولماي، بىر چەتتە تاماكا چېكىپ قاراپ تۇردى. جۇخەيگە كىرنىشىمىز بىلەنلا، زورلاپ سائەت، مارجان ساتقۇچى رودۇپايلار، ياتاق، ماشىنا تونۇشتۇرغۇچى دەللاللار، تىلەمچىلەر ئەتراپىمىزنى ئورىۋېلىپ، خېلى بىر يەرلەرگىچە ئەگىشىپ ماڭدى. مۇشۇنداق تۇرسا، بىزنىڭ سايا - ھەتچىلىكىمىز قانداق تەرەققىي قىلىدۇ؟

چەت ئەلدە زىيارەت قىلىش بىلەن تونۇشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىشنى زىچ بىرگە گەۋدىگە ئايلاندۇرغانىكەن. سىز مەيلى ھەر قانداق ساياھەت نۇقتىسىغا، مال سېتىۋېلىش ئورنىغا بېرىڭ، ئالدى بىلەن سىزنى بىر كىچىك زالغا باشلاپ، تېلېۋىزور ياكى سايە چۈشۈرۈش ئاپپاراتى ئارقىلىق شۇ ئورۇننىڭ ياكى تاۋارنىڭ تارىخى، قىممىتى، ئەھمىيىتى، رولى ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىپ، ئاندىن سىزنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىرىدىكەن. بۇنداق ئورۇنلاردا مېھمانلار چاي ياكى قەھۋە بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىدىكەن. يەنە بۇ دۆلەتلەر سىمۋول خاراكتېرگە ئىگە ساياھەت نۇقتىلىرى، قىممەتلىك ھايۋانلىرى، دەل - دەرەخلىرى، ئۆزگىچە ئىمارەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەر خىل خاتىرە بۇيۇملار، سائەت، ئويۇنچۇقلارنى ياساپ سېتىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن، ساياھەتچىلەرنى شۇ يەرنىڭ يەرلىك ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى سېتىۋېلىپ كىيىشكە دەۋەت قىلىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل شەكىلمۇ شۇ دۆلەتنى تەشۋىق قىلىشنىڭ ياخشى ۋاسىتىسى ئىكەن. قىسقىسى، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى ئەڭ كىچىك ئەۋزەللىكنى ئەڭ زور بايلىققا ئايلاندۇرالايدىكەن. بىزمۇ چەت ئەللەردىن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ، تۇرپاندىكى سۇلايمان غوجا مۇنارىنىڭ، ئاقسۇدىكى قىزىل مىڭئۆينىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە بۇيۇملارنى ياساپ ساتساق بولىدىغۇ؟ ھەر خىل شەكىلدىكى دوپپىلىرىمىز، كانۋا، ئەتلەس كۆڭلەكلىرىمىز چەت ئەللىكلەرگىمۇ يارىشىدىغۇ؟

تايلاندنىڭ پاتايا شەھىرىدە بىز بىر ئويۇنغا كىردۇق، بۇ ئويۇن ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان درامىسى بولۇپ، بىر قانچە قاراقچى بىر بانكىنى بۇلايدىكەن، ئاخىرى ساقچىلار قاراقچىلارنى قولغا چۈشۈرىدىكەن. درامىنىڭ ئالاھىدىلىكى پەقەت ئورۇندىلىش ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە زامانىۋىلىقتا بولۇپ، راست كۆيۈۋاتقان ئوتلار، پارتلاۋاتقان باكلار، بومبىلار، قاتتىق ئاۋازدا ئېتىلغان تاپانچىلار ئادەمدە بىر خىل ۋەھىمە، چىنلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىكەن. ئەگەر ئۇيغۇر درامىلىرىنىمۇ ساياھەت بازىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدىغان بولساق، چەت ئەلنىڭ يۇقىرىقى درامىلىرىدىن نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بولاتتۇق. چۈن-

كى، درامىلىرىمىزدا تەسۋىرلىنىدىغان ئۇۋچىلىق، قىلىچۋازلىق، جانبازلىق كۆرۈنۈشلىرى، پالۋان يىگىتلەر، نازىنىن قىزلار، يارىشىملىق مىللىي كىيىملەر بىزدىن باشقا ھەر قانداق مىللەتتە يوق بولۇپ، بۇ درامىلار چوقۇم چەت ئەللىكلەرنىمۇ مەھلىيا قىلالايدۇ!

پاتايانىڭ دېڭىز ساھىلىدا تايلاندلىق بىر قانچە ئايالنىڭ قىز ساياھەتچىلەرنىڭ چېچىنى ئۇششاق نەچچە ئون ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ قويۇپ، يىگىرمە باختى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. چاچنى ئون بىر ئۆرۈم، قىرىق ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈش بىزنىڭ ئەنئەنىمىزغۇ؟ بىزنىڭ ھەر قانداق قولى گۈل قىز ـ چوكانلىرىمىز چاچ ئۆرۈشتە ۋايىغا يەتكۈزۈۋېتىدىغۇ؟ بىزمۇ نېمىشقا يۇرتىمىزغا كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ چېچىنى ئۆرۈپ قويۇپ، قېشىغا ئوسما، قولىغا خېنە يېقىپ قويۇپ پۇل تاپمايمىز!؟

ئەڭ مۇھىمى چەت ئەلدە يۇقىرى گرادۇسلۇق ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالىدىغان، كوچىلاردا دەلدەڭشىپ، قالايمىقان ۋارقىراپ يۈرىدىغان ياكى يېتىپ قالىدىغان ئىشلار ئەسلا يوق ئىكەن. دۇكانلىرىدىن ئاق ھاراقنىمۇ تاپقىلى بولمايدىكەن، ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرگە چەك قويۇش يۈزىسىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر پىۋىغا ئوخشاش مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنىڭ باھاسىمۇ ناھايىتى قىممەت ئىكەن! قارىغاندا توپلىشىپ ئولتۇرۇپ، قىرلىق ئىستاكاندا بەسلىشىپ ئىچىپ، مەردلىكىمىزنى كۆرسىتىدىغان، مەستلىكتىكى قىلىقلىرىمىزدىن ھۇزۇرلىنىدىغان ئىش پەقەت بىزدىلا بار ئوخشايدۇ. بىز پاتتايانىڭ سۇ چېچىش بايرىمى كۈنىگە ئۇدۇل كېلىپ قالغاچقا، پاتايا ئاھالىلىرى بىلەن بىللە بىر كۈن بايرامغا قاتناشتۇق ھەم بۇ دوستانە، بەختىيار بايرامدىن چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمۈلدۇق. تايلاندلىقلارنىڭ ئەڭ چوڭ بايرىمى بولغان بۇ كۈنلەردە پۈتۈن شەھەر، پۈتۈن كوچىلار بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىشىۋاتقان (ئۇلار سۇ چېچىش ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە بەخت تىلىشىدىكەن) كىشىلەرگە تولغان بولۇپ، ئۇلار كەچ كىرگۈچە سۇ چېچىشقاچ، پىۋىغا ئوخشاش ئىچىملىكلەرنى ئىچىشىپ، كوچىلاردا دىسكو مۇزىكىلىرىغا توختىماي ئۇسسۇل ئوينايدىكەن. مەن بۇ جەرياندا، شۇنچە قىزغىن ئالامان ئىچىدە مەست بولۇپ قالغان، قىلىقسىز ھەرىكەتلەرنى قىلغان بىرەرمۇ كىشىنى ئۇچراتمىدىم. ئەگەر بىزنىڭ بايراملىرىمىز بولغان بولسا، سەھەردىلا مەست بولۇۋالغان بىر قانچەيلەن ئاللىقاچان كوچىلاردا «ھەقسىز ئويۇن» قويۇشقا باشلىغان، چۈشكىچە «قانلىق ئۇرۇش» لار باشلىنىپ، بىر قانچەيلەن سولاقخانىلارغا كىرىپ بولغان. كەچ كىرمەيلا پۈتۈن كوچىنى مەستلەر قاپلاپ كەتكەن بولاتتى! مانا بۇلار دەل

بىزدىكى «ساپا» بولۇپ، مۇشۇ ھالىمىز بىلەن قانداقمۇ چەت ئەللىك سايا-ھەتچىلەرنى ياخشى كۈتۈۋالالايمىز؟ قانداقمۇ ساياھەت «يۇمشاق دېتال مۇ-ھىتى» نى ياخشىلىيالايمىز؟

چەت ئەلدە بىر تەرەپتىن كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن ھوزۇرلاندىم. بىر تە-رەپتىن ئويلىنىپ، بىر تەرەپتىن خاتىرىگە ئالدىم، تىنماي تەپەككۇر قى-لىپ، ئاچچىق خىياللارغا چۆمۈلدۈم. ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنىمۇ، كەمچى-لىكلىرىمىزنىمۇ دەڭسەپ باقتىم. ئاخىرى «دوست يىغلىتىپ ئېيتار»، «ئۆزىنى تونۇمىغان مىللەت ئەڭ بىچارە مىللەتتۇر» دېگەن ئاتىلار سۆزلى-رىنىڭ ئىلھامى بىلەن بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. دەرۋەقە، يازغانلىرىم ئويلىنىشىمىزغا، ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزغا ئازراق بولسىمۇ «يېشىل چىراغ» يېقىپ بەرسە ئەجرىمدىن سۆيۈنگەن، خەلقىم ئالدىدىكى بۇرچۇمنى ئادا قىلغان بولاتتىم.

2004 ـ يىلى ماي، تۇرپاندا يېزىلدى.



ئاپتور قۇمۇلدا ئەخمەت رازاق (ئوڭدا)، ئەنۋەر ئابدۇگول، ئادىلجان (ئوتتۇ-رىدا) قاتارلىق دوستلار بىلەن بىللە.




## پويىزدىكى خىياللار

30 ـ ئاۋغۇست، دۈشەنبە. ھاۋا ئوچۇق. ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا قاراپ ماڭغان پويىز.

ئىككى ۋاگون ئارىسىدىكى بوشلۇقتا پويىز ئەينىكىگە پېشانەمنى تىرەپ، سىرتتىكى كېچە قاراڭغۇلۇقىدا لىپىلداپ ئۆتۈۋاتقان مەنزىرىلەرگە تىكىلگىنىمچە، جىمجىت ئۆرە تۇرماقتىمەن. كۆز ياشلىرىم توختايدىغاندەك ئەمەس. ئانا يۇرتىمىزنىڭ چېگرىسىدىن ئاستا ـ ئاستا چىقىپ كېتىۋاتقان پويىزنىڭ ھەر بىر تاقىلدىشى گويا ھىجران بولقىسىغا ئوخشاش قەلبىمگە تەكرار ـ تەكرار ئۇرۇلماقتا. پويىز مۇشۇ مېڭىشىدا مېنى ئەزىز تۇپرىقىمدىن، قەدىردان قېرىنداشلىرىمدىن، ئىللىق ئائىلەمدىن، مېھرىبان ئايالىمدىن ئايرىپ، يىراق ـ يىراقلارغا ئېلىپ ماڭماقتا. گويا يۈرىكىمنىڭ بېغىشى تارتىشىپ كەينىمدە قېلىۋاتقاندەك ئاچچىق ئازابلانماقتىمەن. بۇ قېتىم زادى نېمە بولغاندىمەن؟ ئۆيدىن ئايرىلىشىم بىرىنچى قېتىم ئەمەستىغۇ؟ ياق، بۇ قېتىم ئوخشىمايدۇ، بۇ قېتىم مەن ئوقۇشقا، يۈزلىگەن ئۇمىدلىك قەلبلەرنىڭ تىلەكلىرىنى زىممەمگە ئېلىپ، ئىلىمنىڭ ئالدىنقى سېپىگە، جەڭگاھقا ئېغىر مەسئۇلىيەت بىلەن كېتىۋاتىمەن.

---

*سۈرەتتە: ئاپتور بېيجىڭدا بىر قىسىم ئەدىب دوستلىرى بىلەن بىللە. ئالدى رەت ئوڭدىن: ئابدۇللا موللا، ھاجى ئەنۋەر مۇھەممەت، جۇرئەت مۇتەللىپ. ئارقا رەت ئوڭدىن: ئاپتور، چېن جىاڭ (ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەۋەسكارى)، تۆمۈر (سىبىرىق ئۇيغۇر يازغۇچىسى)، دىلمۇرات تەلئەت. ئابدۇربېشىت جېلىل قارلۇق، ياسىنجان سادىق چوغلان، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇربېھىم.*

مانا ھېلىلا خوشلاشقان ۋاقىتتىكى ئازابلىق كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدا
گەۋدىلەنمەكتە: ئايالىم ۋە ئىككى ئوماق قىزىم، قېرىنداشلىرىم ، يەتتە -
سەككىز ئاغىنەم مېنى داخېيەن (يوغانتېرەك) پويىز ئىستانسىسىغا ئۇزى -
تىپ چىقتى. پويىزنىڭ مېڭىش ۋاقتىغا يەنە ئىككى سائەت بار بولغاچقا،
ئاغىنىلىرىم ئۇنىمىغىنىمغا قويماي، ئاشخانىدا بىر سورۇن تۈزۈپ مېنى
ئۇزاتماقچى بولدى. قورۇملار تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ھاراق كەلتۈرۈ -
لۈپ، قىرلىق ئىستاكانلارغا تولدۇرۇپ قويۇلدى.

— مۇشۇنداق ئىچسەكلا بىزنى ئۇنتۇپ قالمايسەن، مەڭگۈ ئەسلىگۈدەك
ئەستىلىك قالىدۇ.

— سەندىن شۇنچە ئۇزۇن ئايرىلغىلى ۋاتىمىز، بۈگۈن نېمىلا بولۇپ
كەتسەڭ مەيلى، ئىچمىسەڭ بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئىچىشىمىز دې -
سەڭمۇ بىز يوق، ساڭا زورلايدىغان ئادەممۇ يوق!

ھاراق سورۇنىدىكى بىر - بىرىدىن دەبدەبىلىك گەپلەر، پاكىت - ئا -
ساسلىرى تولۇق بولغان زورلاشلار مېنى تەسلىم قىلدى. يېرىم بوتۇلكا
ھاراق لىقلا توشقۇزۇلغان قىرلىق ئىستاكاننى كۆزۈمنى يۇمۇپلا كۆتۈرۈ -
ۋەتتىم. قىزغىن كۆڭۈل چۈشەندۈرۈشلەر بىلەن ئىككى سائەت ۋاقىت
ھەش - پەش دېگۈچىلا توشۇپ قالدى. ۋاقىتنىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ،
غالدا - غۇلدۇڭ دەسسەپ ۋوگزالغا قاراپ يۈگۈردۇق. بېلەت تەكشۈرۈش
ئىشىكىگە كەلگەندە ھەممەيلەن بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ
خوشلاشتىم. دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى ياشلانغان بولۇپ،
ھەر بىر قەدىردان ۋۇجۇدنى قۇچاقلىغىنىمدا بىر خىل مۇقەددەس سېزىم -
دىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جۇغۇلداپ كەتتى. مانا سۇرۇلۇپ ئايالىمنىڭ ئالدىغا
كەلدىم. ئايالىمنىڭ ئوماق يۈزلىرى ھۆللەنگەن، قاپقارا كۆزلىرى يىغىدىن
ئاللىقاچان قىزىرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى ئەمدىلا سەككىز ئايلىق
بولغان كىچىك قىزىم ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز «ئاتا، ئاتا» دەپ گۈڭۈراپ
بۇدرۇق قوللىرىنى ماڭا سوزماقتا ئىدى، ئايالىمنىڭ يېنىدا تۇرغان سەك -
كىز ياشلىق چوڭ قىزىم نۇزۇگۇم بولسا ئۈنسىز يىغلاشقا باشلىغانىدى.
بىردىنلا بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ كەلگەن يىغىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدىم، بۇ -
قۇلداپ يىغلىغىنىمچە ئايالىمنى ۋە ئىككى قىزىمنى چىڭ قۇچاقلىدىم.
ھىجران ئازابى ۋە ھاراقنىڭ تەسىرىدىن قانلىرىم شىددەت بىلەن ئۆركەش -
لىمەكتە ئىدى. پويىزنىڭ ئەنسىز گۈدۈكىدىن ئۇلاردىن ئايرىلىشقا مەج -
بۇر بولدۇم، پويىزغا چىقىپ ئورنۇمغا قانداق جايلاشتىم، پويىزنىڭ ئار -
قىسىدىن ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا پويىزنىڭ دې -

رىنىسىدىن تەلمۈرۈپ قاراپ، قانداق ئۇزاپ كەتتىم، تازا ئېسىمدە يوق. كۆز ياشلىرىمنى باشقا يولۇچىلاردىن يوشۇرۇپ، دەم ئېلىش ئورنىغا چى-
قىۋالغىلى نەچچە سائەت بولدى. كۆز ئالدىمدا ئايالىمنىڭ ياشتا ھۆللەنگەن ئوماق يۈزلىرى، كىچىك قىزىمنىڭ يۈزلىرىمنى سىلىغان بۇدرۇق قوللى-
رى، غەرەزسىز پىلدىرلاپ تۇرغان مونچاقتەك قارا كۆزلىرى... بۇ كۆرۈ-
نۈش بېيجىڭدىكى نەچچە ئايلىق خاتىرەمدىمۇ ئىزچىل ساقلىنىپ كەلدى. خوش، قايسى قىسمەت مېنى شۇنچە پاراكەندى قىلدى؟

بۇ يىل (2004 - يىلى) 4 - ئايدا مەن شىنجاڭ مۇخبىرلار جەمئىيە-
تىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن شىنجاڭدىكى قىرىق تۆت مۇنەۋۋەر مۇخبىرنىڭ تەركىبىدە شەرقى جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەش دۆلەت، رايوننى زىيارەت ۋە ساياھەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مەن بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى تەرەققىيات مەنزىرىسىنى، خەلقلىرىنىڭ ئۈستۈن مەنىۋى ساپا-
سىنى كۆرۈپ چوڭقۇر ئويغا چۆكتۈم. بولۇپمۇ مالايسىيا، سىنگاپور، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلارنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئادەم ئىشەنگۈسىز دە-
رىجىدە تېز بولۇپ، يۇرتىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان - زېمىن پەرق بار ئىدى. بۇ دۆلەتلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىنگلىز تىلى قوللىنىدىغان بولغاچقا، بىز ئۇ جايلاردىكى ئالاقىدە كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ قالدۇق. ئىنگلىز تىلى تۇرماق خەنزۇ تىلىنىمۇ پىششىق بىلەلمىسەك، بىزگە تە-
رەققىياتتىن سۆز ئېچىشقا نېمە كەپتۇ؟ مۇشۇ سوئال مېنى ئىزچىل تۇردە ھەرە چاققاندەك بىئارام قىلىپ كەلدى.

مانا ئازراق نەتىجىمىزدىن كۆرەڭلەپ، مەدھىيە، ئالقىش سادالىرىدىن تېرىمىزگە سىغماي، «دۇنيادا مەن بىر» دەپ يۈرۈپتىمىز، لېكىن دۇنيا نە-
دە، بىز نەدە؟ مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا تۇيۇقسىزلا ئىچىمگە بىر قورقۇنچ چۈشتى، خۇددى ھازىرلا ئوقۇۋالمىسام، ئۆگىنىۋالمىسام، بىر شەكىلسىز مەخلۇق تەرىپىدىن دەسسەپ چەيلىۋېتىلىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم.

ئەلۋەتتە، مەنمۇ باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاشلا، جەمئىيەتنىڭ ئې-
قىنىغا ماسلىشىپ ياشاۋەرگەن بولسام، كۈنۈم يەنىلا ياخشى ئۆتەتتى. ئى-
جادىي مېھنەتلىرىم، نەشر قىلىنغان كىتابلىرىم بەدىلىگە خەلق ماڭا شان - شەرەپ ئاتا قىلغان، مۇناسىپ ئىمتىيازغا، ھۆرمەت، ئورۇنغا ئىگە بولغانىدىم. مۇشۇ دەسمايەمنى مەبلەغ سېلىپ، ئانا تىلدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەنە ئۇزۇن مەزگىلگىچە ياخشى ياشاۋەرگەنمۇ بولات-
تىم. لېكىن، بۇ دۆلەتلەرگە چىققاندىن كېيىن قارىشىم بىردىنلا ئۆزگەر-
دى: ئەمدى پەشتاختىغا، تەخسىگە چىقىپ قالدىم. تەخسىدە ئىززىتىم بى-

لەن تۇرۇش ئۇچۇن ئۆزۈمگە يەنىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇشۇم، خەلقىمنىڭ كۈتكىنىدىن ئارتۇقراق جاۋاب قايتۇرۇشۇم كېرەك. ھەقىقىي ۋىجدانىم بىلەن يۈرىكىمنى تۇتۇپ باقسام، يەنىلا خەلقىمگە، قېرىنداشلىرىمنىڭ ئۇممىدىگە يۈز كېلەلمەيدىغان تەرەپلىرىم كۆپ ئىكەن.

شۇ خىياللار بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ بىر يىل ئوقۇش قارارىغا كەلدىم. لېكىن، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىممۇ كۆپ ئىدى. كىچىك قىزىم ئەمدىلا سەككىز ئايلىق بولغان بولۇپ، ئوقۇشقا مېڭىپ قالسام، پۈتۈن ئېغىرچىلىقنى ئايالىمنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىغا توغرا كېلەتتى. ئايالىمنىڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىپ ئەمدىلا ساقايغان بولۇپ، كۆپ يول ماڭسا، سوغۇققا ئۇچرىسا پۇتى يەنىلا ئاغرىيتتى. ئوقۇشقا ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ بارىدىغان بولغاچقا، ئېنىقكى، ئۆز خىراجىتىم بىلەن ئوقۇشتىن باشقا يول يوق ئىدى. بۇنىڭدا ئىقتىساد ئۆتكىلى غايەت زور تاغ بولۇپ، يولۇمغا خېلى كۆپ مۈشكۈلچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلەتتى، بىر مۇنچە قەرزدار بولمىسام، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمايتتىم. ياش ئوتتۇز بەشكە يېقىنلاپ قالغاندا ئىللىق ئائىلىدىن ئايرىلىپ، يىراق يۇرتتا ئوقۇشمۇ ئادەم ئۈچۈن زور سىناق ئىدى. «ئوقۇماقچى بولغان پۇلغا بىرەر كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىپ، تىنچ مۇخبىرلىقىمنى قىلسام، بوش ۋاقىتلىرىمدا يېزىقچىلىقىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، كىتابچىلىق بىلەن مەشغۇل بولسام، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ يۈكسىلەلەيمەن، خەلققە يەنىلا ئاز - تولا ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن، ھەم ئائىلەمدىكىلەرنىمۇ رازى قىلالايمەنغۇ؟» كاللامدا كەسكىن كۈرەش باشلاندى. «ياق، يەنىلا ئوقۇشقا باراي!» مەن ئەتراپىمدىكىلەرنى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇرۇپ، ئوقۇشقا مېڭىشقا تەييارلاندىم.

دېمەك، تاغ كەبى ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە يۈكلەپ، شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى ئېلىپ، پۈتۈن جاپا - مۇشەققەت، ئېغىرچىلىقنى ئايالىمغا قالدۇرۇپ، تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ كېتىۋاتىمەن. شۇ يىراق تۇپراقتا، مەن ئىلىم ئارزۇسىدا كېتىۋاتقان ئاستانىدە مېنى قانداق قىسمەتلەر كۈتۈۋاتقاندۇ؟ ئۇلۇغ تەڭرىم، ماڭا مەدەت بەرگەيسەن!

## ئاستانە تۇپرىقىدا

6 - سېنتەبىر، دۈشەنبە، ھاۋا ئوچۇق، كېيىن يامغۇرلۇق.

مانا پايتەخت تۇپرىقىغا قەدەم باسقىلى ھەش - پەش دېگۈچە بىر ھەپتە

بولۇپ قالدى. ھازىرچە تۇرپاندىن كېلىپ، بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقان دوستۇم غالىپنىڭ ياتىقىدا تۇرۇۋاتىمەن. غالىپ ماڭا كۆپ ياردەم بەردى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەتئىي ئۆگىنىش ئىرادىسى، ھايات ھەققىدىكى ئۆزگىچە قاراشلىرى، پاكىز ئېتىقادى مېنى قايىل قىلدى. ئۇمۇ تۇرپان ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچىلىرى تارماق ئەترىتىدىكى ئەۋزەل خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىدىن ۋاقتىنچە ۋاز كېچىپ، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەلگەن بولۇپ، بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك ئۆگىنىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ھوجرىسىغا، ئاشخانا، ھاجەتخانىسىنىڭ تاملىرىغا، قىسقىسى، كۆزگە چۈشىدىغانلا جايلارغا، ئىنگلىزچە سۆزلۈكلەر، جۈملىلەر يېزىلغان ۋەرەقچىلەر چاپلانغان بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈش ئۆينى ئاجايىپ بىر تۈسكە كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. ئۇ مەيلى نېمىلا ئىش قىلسۇن كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان ۋەرەقچىلەرگە قاراپ، ئىنگلىزچە يادلايدىكەن.

بېيجىڭدا خىزمەت قىلىدىغان دوكتور ئابدۇرېشىت جېلىل قارلۇق، يازغۇچى ئەنۋەر مۇھەممەت، دىكتور ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم، ئابدۇللا موللا قاتارلىقلار بىر ئاخشام چاي بەردى، سورۇندا ھاراق ئىچىلمىدى. مېھىرلىك ئەدەبىياتنىڭ قۇدرىتى مېنى يىراق بېيجىڭدىمۇ يېڭى دوستلارغا ئىگە قىلدى. ئويغاق تەپەككۇردىكى بۇ ئېتىقادلىق دوستلىرىمغا قىزغىن ئېھتىرامىمنى بىلدۇردۇم.

مانا، كوچىمۇ كوچا ئارىلاپ ياتاق ئىزدەۋاتقىنىمغا ئۈچ كۈن بولدى، بىر قانچە ياتاقلارنى كۆردۇق، يارىمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باھا بەك قىممەت. بېيجىڭلىقلارنىڭ سودا كۆز قارىشىغا ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەتراپىغا بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەر مەركەزلەشكەن بولغاچقا، بۇ يەردە ئۆي ئىجارە ئالىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ ئىكەن، شۇنىڭغا يارىشا ئۆي ئىجارىسىمۇ بەك قىممەت ئىكەن. شۇ ئەتراپتىكى ئولتۇراق بىنالىرىنىڭ يەر ئاستى ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى ئىجارىگە بېرىلىدىغان ياتاق، مېھمانسارايى قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر ئۆيگە تۆتتىن سەككىزگىچە كارىۋات قويۇلىدىكەن، ھەربىر كارىۋاتنىڭ ئايلىق ئىجارىسى ئۈچ يۈز يۈەندىن تۆت يۈز يۈەنگىچە ئىكەن. يەر ئۈستىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىجارىسى ئۇنىڭدىنمۇ قىممەت ئىكەن. بۇ يەردىكى كۆپلىگەن بېيجىڭلىقلار بىنالاردىكى تۇرالغۇ ئۆيلىرىگە سەككىز ـ ئوندىن كارىۋاتنى جايلاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىجارىگە بېرىدى-

رىدىكەن. ھەتتا بەزى بېيجىڭلىقلار بەشىنچى، ئالتىنچى قەۋەتلەردىكى ئۆيلىرىدىمۇ ئۆزلىرى كىچىك بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ، مېھمانخانىسىغا بەش - ئالتە كارىۋاتنى توختىتىپ ئىجارىگە بېرىدىكەن.

بېيجىڭدا ۋېلىسىپىت ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئىشقا ماڭغان، ئىشتىن چۈشكەن مەزگىللەردە بېيجىڭ كوچىلىرى ۋېلىسىپىت دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بېيجىڭدا قاتناش قىستاڭچىلىقى ئېغىر بولغاچقا، ۋېلىسىپىت ئىنتايىن قۇلايلىق ئىكەن. ۋېلىسىپىتنىڭ باھاسىمۇ ئەرزان بولۇپ، يېڭىلىرىنى بىر يۈز ئەللىك يۈەن ئەتراپىدا، ئازراق ئىشلەتكەن ۋېلىسىپىتلەرنى ئاتمىش - يەتمىش يۈەن ئەتراپىدا سېتىۋالغىلى بولىدىكەن.

مانا پايتەخت كوچىلىرىدا ۋېلىسىپىتىمنى ئېغىر تۇيغۇ ئىچىدە مىنىپ، سەرسان بولۇپ يۈرمەكتىمەن. نەگىلا بارسام مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەر، يات تاۋۇش، يات پۇراق، يات نەزەرلەر... پۇت تىققۇدەكمۇ ئورۇن يوق. مۇۋاپىق ياتاق تېپىلمىدى. ئوقۇش تېخى باشلانمىدى، تۇرمۇشۇم ھېچ تەرتىپكە چۈشمەيۋاتىدۇ. مۇۋاپىق ياتاق تېپىلسا، ئوقۇشۇم باشلىنىپ كەتسە، قانچە جاپا تارتساممۇ مەيلىتى! ئادەمنىڭ قەدرىنىڭ ئۆز تۇپرىقىدىلا شۇنچىلىك يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بارغانچە ھېس قىلماقتىمەن...

## يېڭى ياتاقتا

14 - سېنتەبىر، سەيشەنبە ھاۋا تۇتۇق، يامغۇرلۇق.

ئاغىنەم غالىپنىڭ ياتىقىدىن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كەينى كوچىسىدىكى بىر ئاھالىلەر رايونىغا كۆچۈپ كەلگىلى ئۈچ - تۆت كۈن بولدى. بۇ بىنا ئەسلىدە «شەرق قىزاردى» تىل تەربىيىلەش مەكتىپىنىڭ ياتاقلىرى قىلىنغانىكەن، بۇ مەكتەپ يېڭى بىناغا كۆچكەندىن كېيىن سىرتتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئىجارىگە بېرىپتۇ. ئىككىنچى قەۋەتتىكى كارىدوردىن كىرگەندە ئىككى تەرەپكە ئالتە ياتاق جايلاشقان، بىزنىڭ ياتاقتا ئالتە كارىۋات بار، ھەممەيلەن بىر سۇخانا، بىر ھاجەتخانىنى ئىشلىتىمىز، بۇ يەردە تېلېفون يوق. ياتاق شارائىتى ھەر ھالدا يامان ئەمەس، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بىر كارىۋاتنىڭ ئايلىق ئىجارىسى تۆت يۈز ئەللىك يۈەن. ياتاقتىكى كارىۋاتلارنىڭ تۆتىسىدە ئادەم بار، ياتاقداشلىرىمنىڭ بىرى خەنزۇ، بىرى موڭغۇل، بىرى چاۋشيەن مىللىتىدىن، ئۇلار بېيجىڭغا ئىنگلىز، نېمىس تىلى ئۆگەنگىلى كەلگەنلەر ئىكەن. تۇرپان ۋىلايەتلىك

خەلق دوختۇرخانىسىدىن بېيجىڭ «تۇڭرېن» دوختۇرخانىسىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن دوستۇم جۇرئەت مېنى يوقلاپ كېلىپ: «ياتاق شارائىتىڭ بەك ناچاركەن» دەپ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ كەتتى. لېكىن، مەن ئۇنداق قارىمىدىم. مەن بۇ يەرگە ئوقۇغىلى كەلگەن ئوقۇغۇچى، شۇڭا ئوقۇغۇچىدەك ياشىشىم، مۇشۇنداق تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ بېقىشىم كېرەك. مەن بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ ھار ئالمايمەن، بەلكى بۇنى بىر چېنىقىش پۇرسىتى دەپ قارايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ مەقسىتىم خەنزۇلار (ياكى خەنزۇ تىللىق مىللەتلەر) بىلەن بىللە يېتىپ، ئېغىز تىلىمنى ياخشىلاش بولغاچقا، بۇ ياتاقتا كىرگىنىمدىن خېلى قانائەت ھاسىل قىلدىم.

مەن ئوقۇشقا كەلگەن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى قوش تىل سىنىپى رەسمىي ئوقۇش باشلىدى. ھازىر ئون تۆت ساۋاقدىشىم كەلگەن، ھەممىيلەن شىنجاڭدىن تىل ئۆگىنىشكە كەلگەن ھەر خىل ياش، ھەر خىل كەسىپ، ھەر خىل مىجەزدىكى ساۋاقداشلار. ئۇلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ، جىددىي ئۆگىنىش مۇھىتىغا چۆكۈپ كەتتىم. بىزگە «كۆۋرۈك ــ ئوتتۇرا دەرىجىلىك خەنزۇ تىلى»، «خەنزۇچە سۆزلىشىش»، «ئىنگلىز تىلى»، «خەنزۇ تىلى يېزىقچىلىقى»، «تەرجىمە نەزەرىيىسى» قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلۈۋاتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلىرىمىز مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە پېشقەدەم خەنزۇ پروفېسسورلار بولۇپ، ئىنتايىن ئەستايىدىل ۋە كۆيۈمچان.

مەن بىلەن قوشنا ياتاقتا خەنزۇلار بىلەن بىللە يېتىۋاتقان بىر قانچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بار. ئۇلار كەچلىكلىرى باشقىلار ياتاقتا ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا ياكى ئارام ئېلىۋاتقاندا قويۇق قەشقەر تەلەپپۇزىدا توختىماي پاراڭلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ چىڭقىلىپ سۆزلىگەن ئاۋازى بىزنىڭ ياتاقىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىپ، بىزنىڭ دىققىتىمىزنىمۇ چاچىدۇ. بۇ چاغدا ياتاقداشلىرىم: «يۇرتلۇقلىرىڭنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟» دېگەندەك ماڭا پات ـ پات قاراپ قويىدۇ. چۈنكى باشقا مىللەتلەر، جۈملىدىن خەنزۇلارنىڭ بۇنداق جايلاردا ئۈنلۈك پاراڭلاشقىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تىنچلىقىغا تېخىمۇ دىققەت قىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا مەن ئۆزۈم بىرەر مەدەنىيەتسىز قىلمىشنى سادىر قىلىپ قويغاندەك خىجىل بولۇپ كېتىمەن ۋە تامنى قاتتىق ـ قاتتىق مۇشتلاپ قويىمەن، قوشنا ياتاقتىكى باللار ئىشارىتىمنى بىلىپ، جىم بولىشىدۇ.

بىر كۈنى موڭغۇل ساۋاقدىشىم قولى بىلەن دۇئا قىلغان ھالەتنى كۆرسىتىپ: «قوشنا ياتاقتىكى يۇرتداشلىرىڭ مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ، بۇ نېمە

قىلغىنى؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا بىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇم ۋە موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى سورىدىم. ئۇ: «بىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز ئاساسەن پېشقەدەملەردە، يېزا - قىشلاق، يايلاقلاردا ساقلىنىپ قالدى، شەھەرلەردە بولسا ئاساسەن زامانىۋى مەدەنىيەت ئومۇملىشىپ بولدى. بىز هازىر خەنزۇلار بىلەن تويلىشىۋېرىمىز، بالىلار ئاساسەن خەنزۇ مەكتەپلەردە ئوقۇپ چوڭ بولىدۇ» دېدى. مەن هەيران بولۇپ: «ئۇنداق قىلساڭلار ئۆرپ - ئادىتىڭلار، مىللىي مەدەنىيىتىڭلار يوقىلىپ كەتمەمدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ: «ئۆرپ - ئادەت، مىللىي مەدەنىيەت دېگەنلەرگە ئېسىلىۋېلىشنىڭ نېمە هاجىتى؟ ئەمەلىيەتتە كىم كۆپ تىللىق بولسا، كىم تەرەققىي قىلسا، كىم قۇدرەتلىك بولسا شۇنىڭ دېگىنى هېساب» دېدى.

مەن ئۇنىڭ جاۋابىدىن ياقامنى چىشلەپ قالدىم، لېكىن ئۇنىڭغا قايىل قىلغۇدەك جاۋاب بېرەلمىدىم، بۇ قاراشقا قانداق رەددىيە بەرسەم بولار؟

سائەت تۆتلەر بىلەن شارىلداپ يېغىۋاتقان قاتتىق يامغۇردا ۋېلىسىپىتىمنى ئاستا مىنىپ ياتاققا قايتىپ كەلدىم، كىيىملىرىم چۆپ - چۆپ هۆل بولۇپ كەتتى. يامغۇردا يوللار پاك - پاكىز بولۇپ قالغاندەك، ئادەملەرمۇ ئازىيىپ، كوچىلار كېڭىيىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. ياتاققا كىرسەم هەمراھلىرىم ئۇخلاۋېتىپتۇ، كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ، ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كەلدىم. مانا جىمجىت ئولتۇرۇپ خاتىرە يېزىۋاتىمەن. سىرتتا يامغۇرنىڭ رىتىملىق شارىلدىشى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بېيجىڭدا ئۆزۈم ئارزۇ قىلغاندەك ئوقۇش مۇهىتىغا ئېرىشەلمىگەندەك هېس قىلىۋاتىمەن. دەرس ئوقۇش شەكلى مۇنتىزىم ئەمەس، ياتىقىمدىمۇ مەن ئويلىغاندەك قىزغىن سۆزلىشىش مۇهىتى يارىتىلمىدى.

## ياتاق كۆچتۇم

21 - سېنتەبىر، سەيشەنبە، هاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىغا كۆچۈپ كەلدىم. ياتىقىمىز ئورۇنلاشقان ئىككىنچى قەۋەتكە ئاساسەن تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلىرى جايلاشقان بولۇپ، بىزنىڭ ياتاقتا بەشەيلەن بار. تۆتەيلەن بىر سىنىپتا، بىرەيلەن ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىسى. نېمە ئۈچۈن ئىلگىرىكى ياتىقىمدىن كۆچۈپ كەتتىم؟

راستىنى ئېيتسام، ياتاقداشلىرىمنىڭ ئۆرپ ــ ئادەتلىرىگە كۆنەلمىدىم. ياتاقتىكى قولايسىز مۇھىتتىن ئىچىم بەك سىقىلىپ كەتتى. مەن خەنزۇ ياكى خەنزۇ تىللىق ئوقۇغۇچىلارنى كۆزىتىش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلـ ـدىم، ئۇلار قويۇق مىللىي ئەنئەنە، ئۆرپ ــ ئادەت، ئەدەپ ــ ئەخلاق مۇھىـ ـتىدا چوڭ بولغان بىز ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن روشەن پەرقلىنىدىكەن. ئۇلار ئادەتتە ياتىقىغا ياكى تۇرۇۋاتقان ئۆيىگە بىرەر كىشى (مېھمان) كىرسە، ھېچبىر كارى يوق ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدىكەن. بىزگە ئوخشاش تەۋەززۇ بىلەن سالام ــ سەھەت قىلىدىغان، ئەھۋال سورايدىغان ئادىتى يوق ئىكەن. كارىۋىتىغا چىملىدىقنى تارتىۋېلىپ، پەقەت شۇ كىچىك دۇنياسىـ ـدىلا ياشايدىكەن، ئۆزىنى، كارىۋىتىنى پاكىز تۇتىدىكەن، كۆندە پۇت يۇ ـ يۇپ، چىش چوتكىلايدىكەنيۇ، ياتاقنىڭ، ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تازىلىقى بىلەن كارى يوق ئىكەن. پۇتۇن ئەخلەت ــ چاۋار، مېۋە شۆپۈكى، كېرەكـ ـسىز قەغەزلەرنى ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا ياكى ئىشىكنىڭ كەينىگىلا تاشلايدىكەن. مەن تولا ياتاق تازىلاپ ھېرىپ كەتتىمكى، ئۇلار بىرەر قېتىم تازىلىق قىلىپ قويمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەم بار ــ يوقلۇقىغا قارىـ ـماي، يەل قويۇۋېتىدىغان، بۇرنىنى قەغەز تۇتۇپلا تاشلايدىغان ئىشلىرى ئا ـ دەتتىكىلا ئىش ئىكەن. ئەتراپتىكىلەر بىلەن كارى يوق، خالىغان ۋاقىتتا شالاپشىتىپ تاماقنى يەۋېرىدىكەن. پەقەت ئۆزى بىلەنلا بولۇپ، باشقىلار بىلەن، ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن كارى يوق ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا، مېنىڭ «قىزغىن سۆزلىشىپ، ئېغىز تىلىمنى ياخشىلاش» ئارزۇيۇم كۆ ـ پۈككە ئايلاندى. ئۇلار بىلەن پەقەت «ياخشىمۇ سىز؟»، «دەرس بارمۇ؟»، «تا ـ ماق يېدىڭىزمۇ؟» دېگەن سۆزلەرنى دېيىشىشكىلا پۇرسەت بولدى. دەم ئال ـ غان ۋاقىتتا ئۇلار سائەتلەپ ئولتۇرۇپ، تېلېفونلىرىدا قىسقا ئۇچۇر يوللاش ياكى قولىقىغا تىڭشىغۇچنى تىقىۋېلىپ ناخشا ئاڭلاش ياكى تىل ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولدى. شۇڭا، مەنمۇ ئۆزۈمگە تايىنىشقا مەجبۇر بولدۇم. يەنە بىر تەرەپتىن، ياتاق ئىجارىسىنىڭ قىممەتلىكىمۇ مېنى بۇ يا ـ تاقتىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

خەلقىمىزنىڭ قانداقلا ئادەم كىرسە ئالدىغا چىقىپ سالام بېرىدىغان، سەھەر تۇرۇپ بىر ــ بىرىدىن تىنچلىق سورايدىغان، ناتونۇش بولسىمۇ بىر جايدا تۇرۇۋاتقاندا بىر ــ بىرىگە قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغان، جامائەت ئەخلاقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەتلىرىنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەت ـ لىك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

مانا يېڭى ياتىقىمدا بىر ــ بىرىمىزگە شۇنچە ئىجىل ــ ئىناق، كۆڭۈل ـ

لۇك چاقچاق، قىزغىن ئۆگىنىش مۇھىتى ئىچىدە كۆڭۈلدە مەڭگۈلۈك ئۆتـ-
مەكتە.

ئۇرۇمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن ئابلىمىت ئارىمىزدا ھەممىدىن چوڭ، ئىككىمىز خىزمەت ئورنىدىن ئوقۇشقا كەلگەن، جەمئىـ-يەتتە ئۇزۇن ياشىغان بولغاچقا، بۇ قېتىمقى ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى نا-ھايىتى چوڭقۇر چۈشىنىمىز. باشقا ياتاقداشلىرىمىز بىزنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدۇ. قەشقەرلىك مۇھەممەت تۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھا-نىغا نومۇرى كەملەپ قېلىپ، بۇ يەرگە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن تىرىشچان. خوتەنلىك ئۆمەرجان ئەسلىدە بوكسچى، ۋاسكېتبولچى بولۇپ، تەنھەرىكەت مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن بۇ يەرگە خەنزۇ تىلى ئۆگەنگىلى كەلگەن. ئۇ ئارىمىزدا ئەڭ كىچىك، ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بويى 1.90 مېتىر كېلىدۇ. ئاسپىرانت ئابدۇمىجىت ئىنگلىز تىلىغا ئىنتايىن پۇختا بولۇپ، ھەم دەرس ئوقۇپ، ھەم ئىنگلىز تىلى كۇرسى ئېچىپ كۆڭۈلىرى ناھايىتى ئالدىراشلىق ئىچىـ-دە ئۆتىدۇ.

## ئۆكام، قېرىنداشلىق بىلەن ئۇرۇشامسەن؟

26 ـ ئۆكتەبىر، سەيشەنبە، ھاۋا تۇتۇق.

چۈشتىن كېيىن دەرستىن قايتىپ ياتاقتا دەم ئېلىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز كارىدوردا ئاڭلانغان ئۇپۇر ـ توپۇردىن سىرتقا چىقتىم. كارىدور ئوقۇغۇ-چىلار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئۇدۇلىمىزدىكى ياتاقتىكى ئىككى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بىر ـ بىرىنىڭ چاچ، ياقىلىرىغا ئېسىلىشقىنىچە مۇشتلىشىۋا-تاتتى. باشقىلار ئۇلارنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ تاماشا كۆرۈۋاتاتتى. مەن دەرھال توپقا قىستىلىپ كىرىپ، ئۇلارنى ئاجراتماقچى بولدۇم (بۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەنمۇ ئالللىقاچان تونۇشۇپ بولغانىدىم).

— ھاي، ھاي، ئۆكىلىرىم، بىر قېرىنداش تۇرۇپمۇ ئۇرۇشامسىلەر؟ ھەر قانداق گەپ بولسا چىرايلىقچە دېيىشسەڭلار بولىدىغۇ؟ — دېدىم مەن ئۇرۇشۇۋاتقانلارنى بىر ـ بىرىدىن ئاجراتماقچى بولۇپ.

ئەتراپتىكى بالىلار:

— ئاكا، بۇ ئىشقا سىز ئارىلاشماڭ! — دېدى ـ دە، مېنى قىستاپ سىرتقا چىقىرىپ قويدى. شۇ ئارىدا بالىلار بەكرەك ئۇرۇۋالغىنىنى ئاجرد-تىپ، بىر ياتاقنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، ياتاقنى تاقىۋالدى. تاياق يەپ

كارىدوردا قالغان، يۈز ـ كۆزلىرى قان بولۇپ كەتكەن بىرى قەپەستىكى يولۋاستەك ھۆركىرەپ، يۇلقۇنۇپ تۇرۇشىغا، پەلەمپەيدىن ئۇلارنىڭ بۇ مەكتەپتىكى «لاۋدا» (خوجايىن) سى چىقىپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن ھېلىقى مەغلۇبىيەتچى باشقىلاردىن تاياق يەپ كىمگە ئېيتىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا ئاتىسىنى كۆرۈپ قالغان كىچىك بالىدەك «پاڭ» بىدە ئېتىلىپ كەتتى ـ دە، يىغلاپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ناھەق تاياق يېگەنلىكى ھەققىدە دادلاپ بەردى. كۆزلىرىگە قان تولغان «لاۋدا» ھېلىقى ئۇرۇۋالغۇچى كىرىپ كەتكەن ياتاقنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۇچىنى تېپىپ، ئىشىك قانىتىنى بۇزۇپلا، ياتاقتا باستۇرۇپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇچ ـ تۆتەيلەن بىرلىشىپ، ھېلىقى يەڭگۈچىنى پۇرلاپلا ئاستىغا باستى ـ دە، چەيلەپ خېمىر قىلىۋەتتى. كۆز ئالدىمدىلا يۈز بەرگەن بۇ قاباھەتتىن ھەيرانۇ ھەس قالدىم. دەۋر 21 ـ ئەسىردە تۇرۇۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا، پايتەخت بېيجىڭدىكى بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىدا كۈپكۈندۈزدە قانلىق ئۇرۇش يۈز بەرسە ـ ھە! ئىچىم پىچاق تىلغاندەك ئېچىشىپ كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقتىم. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇلار ئىككىسىلا ئۇيغۇر، قېرىنداش، ياتاقداش، ساۋاقداش! ئۇلارنىڭ جېدىلىنىڭ پىلتىسى ئەرزىمەس بىر سەۋەب! ئىككى قېرىنداش قانلىق مۇشتلىشىۋاتقاندا كارىدوردىكى باشقا ئوتتۇز نەچچە مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلار ھەيرانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ تاماشاسىنى كۆردى! ھەي ئۇيغۇر، نەگىلا بارسا ئۇيغۇرلىقنى قىلىدۇ! مەكتەپتە كېچىلەپ ھاراق ئىچىدىغانلار، مۇشتلىشىپ جېدەل تېرىيدىغانلار يەنە ئۇيغۇرلار!

خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەر بىزنىڭ مۇشۇ ھالىمىزنى كۆرسە قانداقمۇ ئويلاپ قالار؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ! ئۇلار شۇنىڭغا ھەقلىق!

## ئۇكام سەن ئوقۇغىلى كەلگەنغۇ؟

28 ـ ئۆكتەبىر، پەيشەنبە، ھاۋا ئوچۇق.

بېيجىڭنىڭ ھاۋاسى بارغانسېرى مۇزلاپ كېتىۋاتىدۇ، ئەتراپىمىدىكى بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ بېقىپ، تۇيغۇلىرىمۇ ھاۋا بىلەن تەڭلا مۇزلاپ كېتىۋاتىدۇ. ھازىرقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش مۇھىتىنىڭ بىز ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىكىگە قارىغاندا قىلچە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مانا ھەر بىر ياتاقتا تېلېفون، كۆپ قىسىم ياتاقلاردا تېلېۋىزور،

ئۈنئالغۇ، CD ، VCD ئاپپاراتى، ئېلېكترونلۇق رويال قاتارلىقلار بار. ھەر كۈنى يېرىم كېچىدىن ئاشقۇچە ياتاقلاردىن ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەيدۇ. كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانفون، MP3 لىرى بار بولۇپ، ئۇلار شۇنچە پۇزۇر كىيىنىدۇ، ئالىي دەرىجىلىك يۈز يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، ئەتىر، يۈز مايلارنى ئىشلىتىدۇ.

ھازىرقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېلېفونخۇمارلىقىغا ھەيران قالدىم. ياتاقتا ئازادە سۆزلىشىشتىن خىجىل بولۇپ، تېلېفوننى كۆتۈرۈپ (سىمى ئۇزۇن بولغاچقا) كارىدورغا ئاچىقىۋالىدۇ ـ دە، ئاستىغا بىر پارچە گېزىتنى سېلىۋېلىپ، يەردە ئولتۇرۇپلا تېلېفوننى قۇچاقلىغىنىچە سائەتلەپ سۆزلىشىدۇ. ھەر ئاخشىمى كارىدوردا مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ يېرىم كېچىلەرگىچە تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان باللارنى كۆرىمەن. بەزىلىرى تامغا يۆلىنىۋېلىپ، يانفوندا سۆزلىشىدۇ. كارىدوردىن «پالانچى، ساڭا تېلېفون كەلدى!» دەپ قاتتىق توۋلاپ، سۇخانىدىن ئادەم چاقىرىۋاتقان ئاۋازلار پات ـ پات ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار سائەتلەپ سۆزلەشكىدەك زادى قانداق مۇھىم ئىشى باردۇ؟ كىم بىلەن سۆزلىشىدىغاندۇ؟ ئېنىقكى، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرى بىلەن بۇنچە ئۇزۇن سۆزلەشمەيدۇ! ئۇلارنىڭ كېچىلەپ قۇرۇق پاراڭ سېلىشىۋاتقانلىرى يىراقتىكى ئاشىقلىرى!

بىر قىسىم باللار كېچىچە تېلېفونلىشىپ، ئىچىشىپ ئۇخلىمايدۇ، ئەتىگەندە دەرسكە چىقماي ئۇخلايدۇ. مەن مەكتەپتە بۇنداق ئەھۋالنىڭ خېلى ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرى شۇنچە رەتسىز، قالايمىقان بولۇپ، ئەخلەتلەر ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلانغان، ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل نەرسىلەر تولۇپ كەتكەن، كىرگەن ئادەم مۇشۇمۇ ئادەم ياتىدىغان جايمۇ دەپ قالىدۇ!

بۇ كارىدورغا يېڭى كۆچۈپ كەلگەن بىر ئاخشىمى سۇخانىغا كىرسەم، بىر ئۇزۇن چاچلىق موڭغۇل ئوقۇغۇچى قىپيالىڭاچ بولۇۋېلىپ، ئالتاغىل توۋلاپ، جاۋۇر بىلەن ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ يۇيۇنغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا باشقىلار بىلەن كارى يوق، ھايۋاندەك بولۇۋېلىپ يۇيۇنۇشى ئوغامنى قاتتىق قايناتتى. ئۇ كۆزۈمگە شۇنچە بەتبەشرە كۆرۈنۈپ كەتتىكى، ئىچىمدە مىڭنى تىللاپ سۇخانىدىن قايتىپ چىقتىم ۋە دەرھال خاتىرەمگە:

سۇخانىدا،
ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىدا،
جاۋۇرنى مۇنچا قىلىپ،

قىپىالڭاچ يۇيۇنۇۋاتقان،
بەتبەشرە موڭغۇل،
غەزىپىمنى ئۆرلەتتى!
دەپ يېزىپ قويدۇم. ئەپسۇس، كۆرىدىغان كۇنۇم تېخى ئالدىمدىكەن! بۇنداق ئەھۋاللار موڭغۇل ۋە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن ئادەتتىكىلا ئىش بولۇپ، كېيىن بۇ هايۋانلارچە يۇيۇنۇشنى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆگەندى. چۈپۈر بېسىپ كەتكەن نەرسىلىرىنى ساڭگىلىتىپ، سۇخانىدا يۇيۇنۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرۈپ قاتتىق سەسكىنىپ كەتتىم، مەكتەپنىڭ شۇنچە زامانىۋى مۇنچىسى تۇرسا، ئازراق يول مېڭىشتىن ئېرىنىپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى قارا!

## مۇنداق ئىشلارمۇ بار

5 ـ نويابىر، شەنبە، هاۋا ئوچۇق.
بۇگۇن ۋاققىچە ياتتىم، چۈشلەر بىلەن مەكتەپ هويلىسىغا، كېيىن دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ هويلىسىغا بېرىپ ئىنگلىز تىلى ئۆگەندىم. كۇتۇپخانىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، يول بويىدىكى تىلەمچى مومايغا يەنە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بېيجىڭدىكى ماڭا غەلىتە تۇيۇلغان بىر قىسىم ئىشلار هەققىدە ئويلىنىپ قالدىم.
بېيجىڭغا كېلىپلا كۆزۈمگە چېلىققان بىر قانچە ئىش ماڭا يېڭىلىق تۇيۇلدى. بېيجىڭدا كۆپىنچە مەكتەپلەر، ئۇنىۋېرسال بىنالارنىڭ لىفتلىرىدە مەخسۇس بىر لىفت باشقۇرغۇچى بولىدىكەن. بۇ بىر قىسىم كىشىلەرگە «ئىشقا ئورۇنلىشىش» پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشىمىدۇ ياكى «مەدەنىيەتسىز كىشىلەر لىفتنى بۇزۇپ قويىدۇ» دەپ ئويلىغانلىقتىنمىدۇ؟
يۇرتىمىزدا ئاساسەن بېلەتچىسى يوق كوچا ئاپتوبۇسلىرى قاتنايدۇ، لېكىن بېيجىڭدا هەر بىر ئاپتوبۇستا چوقۇم بىردىن ئۆلچەملىك فورما كىيگەن، هەر بىر بېكەتتە يەرگە چۈشۈپ توختىماي خېرىدار چاقىرىدىغان بېلەتچى بولىدىكەن.
مېنى قاتتىق ئويغا سالغان يەنە بىر ئىش، مەن كوچىلاردا جۇل ـ جۇل كىيىملىك تىلەمچى بوۋاي، مومايلارنى كۆپ ئۇچراتتىم. تىلەمچىلەرنىڭ ئىچىدە باللار، ياشلار زادى يوق ئىكەن. مەن بۇ قېرىلارغا قاراپ بېقىپ، ئۇلارنى ئىگە ـ چاقىسىز ياكى پەرزەنتلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇلار كىـ-

چىك قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ كۆن بويى تىلەمچىلىك قىلىسىمۇ، تەڭگە پۇل-دىن باشقا پۇل چۈشەيدىكەن. بۇ يەردىكى كىشىلەر تىلەمچىلەرگە ئاسان پۇل بەرمەيدىكەن.

مەن مەكتەپنىڭ يېنىدىكى كۆۋرۈكتىن ھەر قېتىم ئۆتكىنىمدە، كۆۋ-رۈك بېشىدىكى يەر سىپاپ ياتقان ئاپئاق چاچلىق، جۇل - جۇل كىيىملىك تىلەمچى موماينى كۆرگىنىمدە ئىختىيارسىز ئىچىم ئاغرىپ، ئۇنىڭ ئال-دىغا پارچە پۇل تاشلاپ قويىمەن. تىلەمچى بىلەن پەرۋاسىز، ھەتتا ئۇنىڭ-دىن سەسكىنىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىمدە، ئۇلار نېمانچە تاش يۈرەكتۇ، بۇ تىلەمچىمۇ ئوخشاشلا بىر ئانىغۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن.

كېيىن تەھلىل قىلىپ باقسام، بۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. بىزدە ئەزەلدىن مېھرى-بانلىق، باشقىلارغا خەير خاھلىق قىلىش تەكىتلىنىدىغان بولغاچقا ھەم «سەدىقە بالانى يەر» دەيدىغان ئۇدۇم بار بولغاچقا، تىلەمچىلەر ئاسان بېيىپ كېتىدىكەن.

بېيجىڭدا كۆرگەن يەنە بىر ئىش مېنى قاتتىق ئېچىندۇردى. كوچا ئاپ-تobۇسلىرى، يەر ئاستى پويىزلىرىدا يولۇچىلار ئىشىكتىن يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، خۇددى پۇتمەس بايلىققا ئېرىشىدىغاندەك قىزغىنىشىپ، بوش ئو-رۇننى تالىشىدىكەن. قېرى - چۆرە، بالىلىق ئاياللارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىغان ئىشلار ئىنتايىن ئاز ئىكەن. يېنىدىكى قېرى - چۆرىلەرنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ياكى قولىدىكى گېزىت - ژۇرنالغا تىكىلىپ ئولتۇرۇۋالىدىكەن. پەقەت بىلەتچى ئىسمىنى ئاتاپ مۇراجىئەت قىلغاندىلا ئامالسىز ئورۇن بېرىدىكەن. يۇرتىمىزدىچۇ؟ بىرەر مويسىپىت كىشى، بالىلىق ئايال ئاپتوبۇسقا چىقىپ بولغۇچە، بەش - ئال-تەيلەن ئورۇندىن تۇرۇپ، ئورۇن بوشىتىپ تەييار بولىدۇ.

## «شىنجاڭلىق» ئەمەس، ئۇيغۇر

17 - نويابىر، چارشەنبە، ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ياتاقداشلار بىلەن بىرگە «گەنجياكۇ» دىكى «شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنى» غا بېرىپ تاماق يەپ كەلدۇق. ئاپتوبۇستا كېتىۋاتساق بىر قانچەيلەن بىزگە قاراپ «شىنجاڭ رېن» دەپ كۇسۇرلاشقى-لى تۇردى. ئىچىم ئاچچىققا تولدى.

مەن بۇ يەردىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى «شىنجاڭلىق»،

«كاۋاپچى» دەپلا ئاتايدىغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنى «يانچۇقچى، ئەسكى» دەپ قارايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. شۇڭا بەزى ۋاقىتلاردا كوچا ئاپتو-بۇسلىرى، يەر ئاستى پويىزلىرىغا ئۇيغۇرلار چىقسا، خەنزۇ يولۇچىلار ئۇلاردىن قورقۇپ، دەرھال ئۇلارنىڭ يېنىدىن كېتىدىكەن، ئۇيغۇرلارغا خەۋپسىرەپ قارايدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشنىڭ يىلتىزىنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭدا ھەر خىل ئەسكى-لىكلەرنى قىلىپ، جاھانغا پاتمىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئىچكىرى ئۆل-كىلەرگە كىرىپ پاناھلىنىدۇ، بۇ يەردىمۇ يامان ئىشتىن قول ئۈزمەيدۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئاق چېكىدۇ، ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىق قىلىدۇ، ئا-دەم بوزەك قىلىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنداق ئەمەس ـ تە!

بۇ مەسىلىدە بىر خەنزۇ ئوقۇغۇچى بىلەن تالىشىپ قالدىم. «مانا بېي-جىڭدا يانچۇقچىلىق قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بالىلىرى، باشقا مىللەتلەردىن بىرىمۇ يوق!» دېدى ئۇ گېپىگە پاكىت كەلتۈرۈپ.

— دېگەنلىرىڭ توغرا، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، — لې-كىن، شۇ بىر قىسىم كىشىلەرنى كۆرۈپلا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىسەڭ توغرا بولامدۇ؟ مانا كۆز ئالدىڭدا شۇنچە تىرىشىپ ئو-قۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى، ئاسپىرانتلىقتا، دوكتورلۇقتا، چەت ئەل-لەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى، دۆلەتنىڭ مۇھىم تارماقلىرىدا خىزمەت قى-لىپ، ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇۋاتقانلارنى، ھەتتا دۆلەت رەھبىرى بولۇپ ئۆسۈپ چىققان ئۇيغۇرلارنى كۆرۈۋاتىسەن، ئۇلارنى نېمە دەيسەن؟ ھەتتا سەنمۇ مۇشۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىغا پات ـ پات كىرىپ، ئۇيغۇر تائاملى-رىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىسەن. ھالال تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شۇ ئۇيغۇرلارنى نېمە دەيسەن! ھەر قانداق مىللەت ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە ياخشىلارمۇ، يامانلارمۇ، ساپالىق كىشىلەرمۇ، ساپاسىزلارمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سىلەرنىڭ مىللەتتىمۇ شۇنداق! سەن بىزنىڭ مىللەتتە ئەسكى كىشىلەر يوق دېيەلەمسەن!

ئۇ ئاخىرى گېپىمگە قايىل بولدى.

مەن ئۇنى قايىل قىلىپ خۇش بولدۇمىيۇ، ئىچىمنىڭ بىر يېرى ئاچچىققا تولدى. مانا ھەر كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى-نىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن «ۋېيگۇڭسۈن» غا تاماق يېگىلى چىقسام، ئۈچ ـ تۆت ئۇيغۇر يانچۇقچى بالا ئالدىمغا ئۇچرايدۇ. بۇ بالىلارنىڭ چوڭى ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشتا، كىچىكى يەتتە ـ سەككىز ياشتا. ئۈستىگە پادىچىلار كىيىملىرىنى كىيىۋالغان، چاچلىرى پاخپىيىپ

كەتكەن بۇ باللار ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ كوچا بويلىرىدا، كۆرۈكلەرنىڭ ئۈستىلىرىدە لاغايلاپ يۈرۈپ «ئۇلجا» ئىزدەيدۇ. كۈپكۈندۈزدە كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىغا، سومكىلىرىغا قول سالىدۇ. چىن مەندىن ئېتىراپ قىلغاندا، بۇ يەردە مەن ئۇيغۇرلاردىن باشقا يانچۇقچىلىق قىلىدىغانلارنى ئۇچراتمىدىم. شۇڭا، خەنزۇلار ناھايىتى بىغەم، خاتىرجەم بولۇپ، بېيجىڭدىكى ھەممەيلەننىڭ ئۇيغۇر يانچۇقچىلارنى بىلىپ كېتىشى مۇمكىن بولمىغاچقا، يانچۇقچىلار ئوچۇق - ئاشكارا سومكىسىغا قول سالسىمۇ تۇيمايدۇ. يانچۇقچىلارنىڭ ماھارىتىمۇ يۇقىرى بولۇپ، ئادەمگە سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتكىچىلا، پورتمالنى سوقۇپ بولىدۇ.

بىلىشىمچە، بۇ بالا يانچۇقچىلار مەلۇم شايكىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلارنى شىنجاڭدىن ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ كەلگەن خوجايىنلار ئۇلارغا كۈندىلىك «پۇل تېپىش ۋەزىپىسى» چۈشۈرۈپ كوچىغا قويۇپ بېرىدۇ. كەينىدىن مەخپىي نازارەت قىلىدۇ. ۋەزىپىنى توشقۇزالمىسا، ھەر خىل قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن قىيىن - قىستاققا ئالىدۇ، قىينايدۇ. ئۇلار ئەرزان پۇللۇق ياتاقلاردا يېتىپ، كىچىك تۇرۇپلا ئىچىش، چېكىش، شەھۋەتپەرەسلىك، ئەدەپسىزلىك قاتارلىق يامان ئىللەرنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. بولۇپمۇ بۇ بالا يانچۇقچىلارنىڭ ئىچىدە قىزلارمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلار خوجايىنلىرى ياكى ھەمراھلىرى تەرىپىدىن خورلىنىپ، ئاياق - ئاستى قىلىنىدۇ.

مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلىنغاندەك ئازابلىنىپ، نومۇسسىز ئادەم بېدىكلىرىگە غەزەپ - نەپرىتىم قايناپ تاشتى.

بېيجىڭ شەھىرىنىڭ «خەيدىيەن» رايونلۇق ج خ ئىدارىسى بىلەن تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار بولغاچقا، دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا پايتەختنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن «خەيدىيەن» ج خ ئىدارىسى تۇرپان شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىكى ئون نەچچە ساقچىنى بېيجىڭغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار يىگىرمە كۈنگە يېقىن جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، يۈزدىن ئارتۇق بالا ئوغرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى مەخسۇس پويىزغا ئولتۇرغۇزۇپ، شىنجاڭغا ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن «خەيدىيەن» رايونىدىكى بالا ئوغرىلارنىڭ سايىسى بىر مەزگىل يىتكەن بولدى. لېكىن، بايرام ئاخىرلىشىپ كۆپ ئۆتمەيلا، بالا ئوغرىلار يەنە پەيدا بولدى.

## خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار

23 ـ نويابىر، سەيشەنبە، هاۋا تۇتۇق.

بېيجىڭنىڭ سوغۇق شاماللىق كۈنلىرى باشلاندى. ھەممە يەرنى ھەريان ئۇچۇپ يۈرگەن سارغايغان خازانلار قاپلىدى. ئوقۇشۇم بىر ئىزدا كېتىۋا ـ تىدۇ. ئەتراپىمدىكى ئوقۇش مۇھىتىغا دىققەت قىلغانچە، ئۇيغۇر ئوقۇغۇ ـ چىلار بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى سېلىشتۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇلار ـ نىڭ پەرقى، ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكلىرى، ئۆگىنىدىغان تەرەپلىرىنى ئۆزۈمچە يەكۈنلەپ چىقتىم.

خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار كىچىكىدىن باشلاپ مۇنتىزىم، سىستېمىلىق، ئەتراپلىق، قاتتىق سۈڭەكلىك بىلەن ئۆگىنىش ئادىتىنى، قاتتىق تۈزۈم ئىچىدە ياشاش ئىرادىسىنى يېتىلدۈرگەن. كۆپ قىسىملىرى ئائىلە ئوقۇت ـ قۇچىسى، دەرستىن سىرتقى كۇرس، كۈچەيتمە تەكرار سىنىپلىرى، كومپيۇتېر قاتارلىق ۋاسىتىلەرنىڭ ئىمكانىيىتىدە پۇختا ئۆگىنىش ئا ـ ساسىغا ئىگە بولغاچقا، دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشى ياخشى، تەبىئىي پەن ئاساسى پۇختا كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز ئانا تىلى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئالىي مەكتەپتىمۇ ئانچە قىينىلىپ كەتمەيلا دەرس ـ لەرنى ئېلىپ كېتىدىكەن.

خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن ئىرادىلىك، ۋاقىت قارىشى كۈچلۈك بولۇپ، قىلچە بوشىشىپ قالماي، كېچە ـ كۈندۈز ئۆگىنىدىكەن. ئەتە ـ گەن سائەت بەشتىن تارتىپ، كېچە سائەت بىرلەرگىچە مەكتەپلەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە جىددىي ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرگىلى بولىدىكەن. مەيلى تاماق يەۋاتقاندا بولسۇن، ئاپتوبۇستا كېتىۋاتقاندا بولسۇن قولىدىن كىتاب، ماتېرىيال چۈشمەيدىكەن، ۋاقىتنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىكەن.

خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ئاڭلىق، ئىنتىزامچان بولۇپ، مەدەنىي ـ لىككە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىكەن. مەكتەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە، جامائەت ئەخلاقىغا، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە قاتتىق رىئايە قىلىدىكەن. ھاراق ـ شاراب ئىچىدىغان، ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغان، جېدەل چىقىرى ـ دىغان ئىشلارنى ئاساسەن سادىر قىلمايدىكەن. جىمجىت ھالدا ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشمايدىكەن.

نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىم قۇرۇلمىسى پۇختا، ئەتراپلىق ئىكەن. ئۇلار گېزىت ـ ژۇرنال، ئىنتېرنېت تورى، ھەر خىل ئەھمىيەتلىك پائا ـ

لىيەتلەرگە داۋاملىق قاتنىشىپ تۇرغاچقا، ئىجتىمائىي بىلىمى، جەمئىيەت بىلىمى بىر قەدەر ئەتراپلىق ئىكەن. دۇنيا ۋەزىيىتى، دۆلەت ئەھۋالى، ھەر خىل ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىكەن، ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزەلەيدىكەن.

مەن ئۇلاردا مۇنداق كەمچىلىكلەرنى ھېس قىلدىم: ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يالغۇز پەرزەنت، ئائىلىدە ئەتىۋارلىنىپ چوڭ بولغان بولغاچقا، جاپاغا چىداش ئىرادىسى، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئاجىز، ئەركە، ئۆزۈمچىل، شەخسىيەتچى، ھەققانىيەت تۇيغۇسى كەمچىل كېلىدىكەن. ئۇلار ئۆزىگىلا پۇختا ئىكەنكى، كوللېكتىپنىڭ، ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىغا ئانچە پەرۋا قىلمايدىكەن. يېنىدا ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇۋاتسا، پەرۋاسىز تۇرۇپ تاماشا كۆرىدىكەن. بىر ئادەم ھادىسىگە، قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا «ئۆزۈمگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋالماي» دەپ كۆرمەسكە سالىدىكەن.

خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردا يۇرت، قېرىنداشلىق مۇھەببىتى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق قارىشى قاتارلىقلار ناھايىتى سۇس ئىكەن. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچى خەنزۇ ساۋاقداشلىرى ھەققىدە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: «ماڭا ئاتا ـ ئانامدىن، ئائىلەمدىن تېلېفون كەلسە، ئىنتايىن خۇش بولۇپ، ئۇلار بىلەن قانماي مۇڭدىشىپ كېتىمەن. خەنزۇ ساۋاقداشلىرىم بولسا، ئائىلىسىدىكىلەردىن تېلېفون كەلسە، سوغۇقلا مۇئامىلە قىلىدۇ. ‹پۇل ئەۋەتمىدىڭلار› دەپ دوق قىلىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى ‹ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ تېلېفون ئۇرۇۋېرىدىكەنسىلەر› دەپ ئاچچىقلىنىدۇ. بىر كۈنى بىر ياتاقدىشىم تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولۇپلا، مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئائىلىسىدە بىرەر ئىش بولغان ئوخشايدۇ دەپ سورىسام، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئامراق مۈشۈكى ئۆلۈپ قاپتۇ. ئەسلىدە شۇنىڭغا يىغلىغانىكەن! ئادەمنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى ئۇلار ئوغۇل دوستلىرىنى قىلچە ھېيىقماستىن ياتاققا ئېلىپ كىرىپ، بىللە قونىۋېرىدۇ. كۆپىنچە قىز ئوقۇغۇچىلار تاماكا چېكىدۇ، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئوغۇل دوستى بار.»

مەن يەنە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەلگە پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئىنتىلىدىغانلىقىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چەت ئەلگە چىقىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىلىم ئىگىلەشنى مەقسەت قىلىسىمۇ، بىر قىسمىلىرى شۇ يەردە قېلىپ ياخشى شارائىتتا ئېرىشىشنى ئويلايدىكەن.

خوش، ئەمدى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارچۇ؟ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇ-
غۇچىلار ئەقىللىق، زېھنى ئۆتكۈر، كاللىسى ئوچۇق، چېچەنلىكى بىلەن
خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ-
تۇ. ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئانا تىلدا ئوقۇغان بولسىمۇ، خەنزۇ ئوقۇ-
غۇچىلار بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى دەرسلەرنى تەڭ ئۆزلەشتۈرۈپ ماڭىدى-
كەن، ھەتتا بەزىلىرى سىنىپتا ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ
قالىدىكەن، ئىنگلىز تىلىنىمۇ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۆگىنىپ بولىدى-
كەن. بۇ تەرىپىگە خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارمۇ قايىل ئىكەن.

ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ شارائىتقا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ئاك-
تىپ، جۇشقۇن، كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ ئىكەن. خېلى ئېغىر قىيىنچى-
لىقلارنى، ئىقتىسادىي بېسىملارنى ۋايىسماي يېڭىپ كېتىدىكەن. ھەر خىل
پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدىكەن. سودا، مۇستەقىل ئىگىلىك تىك-
لەش ئېڭى گەۋدىلىك بولۇپ، ئازراق تىل ئۆگىنىۋالسىلا ھەر خىل
كۇرسلارنى ئېچىپ ياكى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئاشخانىلارغا ياردەم-
لىشىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىپ ئىقتىسادىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدى-
كەن.

بىر - بىرىگە مېھرىبان، ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بولۇپ، باش-
قىلار قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىدىكەن.
يۇرت، قېرىنداشلىق مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىكەن.

ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدىكى تەبىئىي تالانتى بى-
لەن ئۆزلىرىنى تونۇتۇشقا ماھىر ئىكەن.

خوش، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى ھاراق ئىچىپ
جېدەل چىقىرىدىغان، ھورۇن، يېرىم يولدا بەل قويۇۋېتىدىغان، شارائىت-
تىن چوڭ ئۈمىد كۈتىدىغان تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدىكەن. بىر قىسىم ئو-
قۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپكە يېڭى كەلگەندە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن
ئۆگىنىدىكەنيۇ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا يېتىشەلمەي قالسىلا، «بولدىلا، مەن
بەرىبىر ئۇلار بىلەن تەڭ بولالمايدىكەنمەن» دەپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىكەن.
ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارغا تەقدىم قىلغىنى بىلەن ھېسابلاشمايدىكەنيۇ، ھە
دەپ ھۆكۈمەتنىڭ، مەكتەپنىڭ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە بەرمىگىنى-
دىن نارازى بولىدىكەن. بار ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىشنىڭ ئورنىغا،
يوق نەرسىلەرنى تەمە قىلىدىكەن. «مەكتەپ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، مۇئەللىمنىڭ
كارى يوق، دەرس بەك ئېغىر، تۈزۈملەر بەك بوش» دېگەندەك يوقىلاڭ باھا-
نىغا يۆلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى مەلۇم ئاساسقا ئىگە قىلماقچى

بولىدىكەن. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن ھورۇن بولۇپ، چوشكىچە دەرسكە چىقماي ئۇخلايدىكەن، دەرس ئۆگىنىش تېخى خوشياقمايدىكەن. كېچىلەپ ھاراق ئىچىپ ياتمايدىكەن.

ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر خىل قائىدە - يوسۇن، ئارتۇق ئىشلىرى تولا بولۇپ، يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقتىنى سەرپ قىلىۋېتىدىكەن.

ئۆگىنىش جەھەتتە ئىجتىمائىي پەنلەردە ياخشى، تەبىئىي پەن ئاساسى ئاجىز، ئىنچىل تۇردە بېسىپ ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش ئادىتى يېتىلمىگەن. كىتابىي بىلىمى مول، جەمئىيەت بىلىمى ئاجىز ئىكەن.

## «سىلەر ئۆز مەدەنىيىتىڭلار بىلەن ھۆرمەتلىك»

14 - ئۆكتەبىر، چارشەنبە، ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مەكتىپىمىزنىڭ ئوتتۇرا مەركىزىي بىناسى بىرىنچى يىغىن زالىدا «جۇڭگو مىللەتلەر قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقات جەمئىيىتى» نىڭ 7 - نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا جۇڭگونىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى مەشھۇر ئالىملار، پروفېسسورلاردىن ئوتتۇزغا يېقىن كىشى قاتناشتى. بۇ يىغىندا ماڭا ئەڭ زور تەسىر قىلغىنى ئىككى ئىش بولدى. بىرى، شۇنچە مەشھۇر خەنزۇ ۋە موڭغۇل ئالىملار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى، يەنى بىزنىڭ ئانا تىلىمىزنى تەتقىق قىلىدىكەن! ئاپئاق چاچلىق پروفېسسورلارنىڭ بىزنىڭ ئانا تىلىمىزنى ئۇرغۇلۇق تەلەپپۇز قىلىپ، بۇ ھەقتە قىزغىن بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، بۇ تىلنىڭ ھەقدا - ۋارىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن پايتەختتە، مەشھۇر ئالىملار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتقان بۇ مۇھاكىمىدىن ئالەمچە سۆيۈنۈشكە تولسام، يەنە شۇ ھەقدا - ۋارىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆز ئانا تىلىمىنىڭ تارىخىنى، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش جەريانىنى شۇلارچىلىك تىرەنلىكتە، كەڭلىكتە چۈشەنمەيدىغانلىقىمدىن خىجىل بولدۇم. يەنە بىرى، بۇ يىغىننىڭ ئېچىلىش شەكلى، مۇھاكىمە ئۇسۇلى مېنى ھەيران قالدۇردى. ھەر بىر ئالىم ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆرە تۇرغىنىچە، پەقەت يىگىرمە مىنۇتلا سۆزلەيتتى. كۆلەڭگە چۈشۈرۈش ئاپپاراتى، ھەر خىل سۈرەت، قەدىمكى يېزىقلارنىڭ بەلگىلىرى قاتارلىق كۆرسەتمىلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز قارىشىنى قىسقا، مېغىزلىق، پاكىتلىق ئوتتۇرىغا قويياتتى. نۆۋەندە ئولتۇرغان ئالىملار بۇ قاراشلار ھەققىدە دەرھال بەس - مۇنازىرە

قىلىپ، بۇ ھەقتە تېزلا ئىلمىي خۇلاسە چىقىراتتى. پۈچەك سۆزلەرنى قىلىپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدىغان، باشقىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز سادىر قىلمايتتى.

مەن يىغىندىن چىققاندىن كېيىنمۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە ھاياجانلىنىپ يۈردۈم. چۈنكى، بىزنىڭ تارىخىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى، تىلىمىزنى ھەقىقىي، ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىدىغان خەنزۇ ئالىملار بۇ يەردە كۆپ ئىكەن. دەل شۇلارنىڭ ۋەكىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دۇنياغا مەشھۇر تۈركشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس ئالىم گېڭ شىمىن ئىكەن. گېڭ شىمىن پروفېسسور ھازىر يەتمىش سەككىز ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ناھايىتى تېتىك، روھلۇق يۈرىدىكەن. گەۋدىلىك كەلگەن، چوڭ گىرۋەكلىك كۆزئەينەك تاقايدىغان بۇ كىشى ھازىرمۇ كىچىك ۋېلسىپىتىنى مىنىپ ئىشقا كېلىدىكەن. دوكتور ئاسپىرانتلىرىنى يېتەكلەيدىكەن، تولۇق كۇرستىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا «ئۇيغۇر قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى» دەرسى بېرىدىكەن. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا خەنزۇ، ئىنگلىز، نېمىس تىلىدا نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى ئىككى يۈز پارچىغا يېتىدىكەن. بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز پەقەت ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر تارىخىي ئېپوسى «ئوغۇزنامە» نى نەشرگە تەييارلىغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر قەدىمكى دراممىسى «مايتىرى سىمىت» ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن ماقالە ئېلان قىلغانلىقى ئىكەن.

8 - نويابىر مەن ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تولۇق كۇرستىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپىغا كىرىپ، گېڭ شىمىن پروفېسسور ئۆتكەن «ئۇيغۇر قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى» دەرسىنى بىر سائەت ئاڭلىدىم. گېڭ شىمىن مۇئەللىمنىڭ ئاز كەم سەكسەن يىللىق ھاياتىدا ئۆگەنگەن بىلىملىرى، تىللىرى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، دەرسنى ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك سۆزلەيتتى. دوسكىغا گاھىدا ئىنگلىز تىلىدا، گاھىدا رۇس تىلىدا، گاھىدا نېمىس تىلىدا، گاھىدا تۈرك تىلىدا ئاتالغۇلارنى يازاتتى، گاھىدا خەنزۇچە، گاھىدا ئۇيغۇرچە سۆزلەيتتى. بولۇپمۇ ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنى ناھايىتى ئىپتىخار، پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئالاتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل روھىنى 13 - نويابىر مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى» نىڭ قۇرۇلۇش مۇرا-

سىمىدا يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدىم.

بۇ كۈنكى پائالىيەت ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مۇراسىمغا تۆمۈر داۋامەت، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى، بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلار، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار بولۇپ توققۇز يۈزگە يېقىن كىشى قاتناشتى. يىغىننىڭ دەسلىپىدىلا، پروفېسسور گېڭ شىمىن سۆزگە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە تەنتەنىلىك نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇنىڭ نۇتقىدىن پۈتۈن يىغىن ئەھلى قاتتىق ھاياجانلىنىپ، ئۇزۇنغىچە گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىتى. مەن بىر خەنزۇ ئالىمنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە باغلىغان بۇ قەدەر چوڭقۇر مۇھەببىتى، ئېتىقادىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم.

«سىلەر ئۆز مەدەنىيىتىڭلار بىلەن قەدىرلىك!» دېدى ئوقۇتقۇچۇم خېيى مۇئەللىم بىر كۈنى ماڭا، «ھازىر كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى قاتارلىقلارنى ئاستا ـ ئاستا يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى، جەلپكارلىقىنىمۇ يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. سىلەر ئۇيغۇر، زاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەر يەنىلا روشەن مىللىي خاراكتېرنى ساقلاپ كېلىۋاتىسىلەر، شۇڭا دۇنيادىكى تەتقىقاتچىلار، سەيياھلار، زىيارەتچىلەر سىلەرنى شۇنچە قەدىرلەيدۇ، ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ!»

## قىزغىن ئۆگىنىش ئىنقىلابى، يۇقىرى ساپا

14 ـ ئۆكتەبىر، چارشەنبە، ھاۋا ئوچۇق.

مەن بېيجىڭغا كېلىپلا ھېس قىلغان تۇنجى تۇيغۇ ـــ ئۇچقاندەك تەرەققىيات ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتقان مۇھىت، قىزغىن ئۆگىنىش ئىنقىلابى، بېيجىڭ كىشىلىرىنىڭ يۇقىرى مەنىۋى ساپاسى، ھەممە ياقنى قاپلىغان قويۇق مەدەنىيەت ھاۋاسى بولدى.

مەكتەپنىڭ ھەممىلا يېرىدە، شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە جىددىي دەرس تەكرارلاۋاتقان، تىل ئۆگىنىۋاتقان، كىتاب ـ ماتېرىيال كۆرۈۋاتقان كىشىلەرنى كۆرىمەن. مەكتىپىمىزنىڭ ئون ئۈچ قەۋەتلىك كۇتۇپخانا بىناسىغا، دۇنياغا مەشھۇر، شۇنچە چوڭ كۆلەمدىكى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ

ھەر قايسى بۆلۈملىرىگە قاچانلا كىرسەم لىق توشۇپ ئولتۇرغان، تەقەززالىق بىلەن ئۇرۇن ئىزدەۋاتقان، جىمجىت ئولتۇرۇپ ماتېرىيال كۆرۈۋاتقان كىتابخانلارنى ئۇچرىتىمەن. بېيجىڭ چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى، چەتئەل تىللىرى 2 - ئۇنىۋېرسىتېتى، «يېڭى شەرق»، «شەرق قىزاردى» قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە خۇسۇسىي مەكتەپلەرگە تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن تۈركۈم - تۈركۈملەپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچرىتىمەن. بېيجىڭلىقلار شۇنچە قىزغىنلىق، شۇنچە جىددىيلىك بىلەن ئۆگىنىدۇكى، ئاپتوبۇس، مېترودا، كوچىدا كېتىۋاتسىمۇ قولىدىن گېزىت - ژۇرنال چۈشمەيدۇ، تاماق يەۋاتسىمۇ، كۆزى كىتابتىن ئۈزۈلمەيدۇ. ۋېلسىپىت بىلەن كېتىۋاتسىمۇ قۇلىقىدىن تىل ئۆگىتىۋاتقان تىڭشىغۇچ ئاجرىمايدۇ. ئۇرۇن ئىگىلەش ئۈچۈن شۇنچە سەھەر تۇرساممۇ، مەكتەپ ھويلىسىدىكى ياخشى جايلارنىڭ ئۈنلۈك ئىنگلىز تىلى يادلاۋاتقان خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئىگىلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرىمەن. كەچ سائەت ئون بىر بولغاندا ئۇيقۇم كېلىپ سىنىپ بىناسىدىن قايتقىنىمدا، سىنىپلاردا خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنە بىر خىلدا تەكرار قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. ئۇلاردا بىزدەك كۈنلەپ قۇرۇق پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان، چۈشكىچە ئۇخلايدىغان، قارتا، ماجاڭ بىلەن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدىغان ناچار خاھىشلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

پايتەختتىكى بىر - بىرىدىن ھەشەمەتلىك، كۆركەم، زامانىۋى قۇرۇلۇشلار، كۆزنى چاقنىتىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەر، قاتمۇقات ستېرېئولۇق كۆۋرۈكلەر، يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللارنى دېمەيلا قويايلى، پەن - تېخنىكا جەھەتتە ھەر كۈنى، ھەر سائەتتە مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭىلىقلاردىن ئادەمنىڭ كۆزى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتىدىكەن. «دۇنيا پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت» دەپ ئاتىلىۋاتقان «جۇڭگۇەنسۈن» يۇقىرى پەن - تېخنىكا رايونى بىزنىڭ مەكتەپنىڭ تۆتلا بېكەت شىمال تەرىپىدە بولۇپ، بۇ يەردە پەن - تېخنىكا، ئېلېكترون، سفېرلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئەڭ يېڭىسى، ئەڭ ئىلغارلىرى ھەر مىنۇتتا بازارغا سېلىنىپ تۇرىدىكەن. نەچچە يۈزلىگەن بىنالار توپىدىن تەشكىل تاپقان بۇ چوڭ رايوندا ھەر خىل تۈر، ھەر خىل تىپتىكى ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى خېرىدارلارنى ئۈزلۈكسىز جەلپ قىلىپ تۇرىدىكەن.

بېيجىڭلىقلارنىڭ يۇقىرى مەنىۋى ساپاسىمۇ مېنى ئىختىيارسىز قايىل قىلدى. بولۇپمۇ مۇلازىمەت كەسپىدىكى ھەر قانداق كىشى سىز يېنىغا كېلەر - كەلمەيلا، دەرھال ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، سىزگە سەل ئېگىلىپ

قانداق ياردەم كېرەكلىكىنى سوراپ تۇرىدۇ. سىز ئەڭ يولسىز تەلەپنى قويغان تەقدىردىمۇ، قىلچە ئاچچىقلانماستىن سىزگە ئەھۋالنى چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلىدۇ. سىز خەنزۇچىنى ياخشى تەلەپپۇز قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار سىزنى قىلچە مەسخىرە قىلماستىن، ئەستايىدىللىق، سەمىمىيلىك بىلەن سىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ، مەقسىتىڭىزنى چۈشىنىدۇ ۋە لايىقىدا جاۋاب بېرىدۇ. بېيجىڭلىقلارنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، شۇنچە مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىل، بىر ئىشلاردا ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە پۇختا. ھەرگىزمۇ بەزى ئىشلارنى مۇنداق دەپ قويىدىغان، ئەتىسى ئۇنتۇپ قالىدىغان، ئاخىرىغا ئىگە بولمايدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. جۈملىدىن بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ شۇنداق. بىزگە شۇ قەدەر مېھرىبانلىق بىلەن كۆڭۈل بۆلىدۇكى، قاتتىقراق چۈشكۈرۈپ قالساقمۇ، دەرھال يېنىمىزغا كېلىپ، زۆكام بولۇپ قالغان ـ قالمىغانلىقىمىزنى سورايدۇ. ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي دورا ئەكىلىپ بېرىدۇ، نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى تاپىلايدۇ.

تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدىن بېيجىڭ مۇزېيىغا ئۆگىنىشكە بارغان زۇلپىيە بىلەن مەريەمگۈل ۋاقتى توشۇپ قالغانلىقتىن قايتىشقا تەرەددۇتلاندى. بىز غالىپ بىلەن ئىككىيلەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن باردۇق. ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كىرسەك بېيجىڭ مۇزېيىدىكى بىرگە ئىشلىگەن بەش ـ ئالتە خەنزۇ ئايال ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بېرىۋاتقان ئىكەن. ئۇلار زۇلپىيە بىلەن مەريەمگۈلنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي نورغۇن سوۋغا ـ سالام يوللۇق تۇتتى. يولدا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى، بېرىپلا تېلېفون قىلىشى لازىملىقى ھەققىدە قايتا ـ قايتا تاپىلىدى. ئۇلارنى ئۇزىتىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغىچە ئەگىشىپ چىقتى، ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالماي يىغلاپ كېتىشتى. مەن بەش ئاي جەريانىدا ئورنىتىلغان شۇنچە چوڭقۇر مېھرىدىن، ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى بۇ تەسىرلىك دوستلۇقتىن ئىختىيارسىز ھاياجانلاندىم.

## سېغىنىش تۇيغۇلىرى

16 ـ ئۆكتەبىر، شەنبە، ھاۋا ئوچۇق.

بۇك ـ باراقسان يېشىللىق بىلەن ئورالغان بامبۇك باغچىسى. ئەتراپ جىمجىت، ئاندا ـ ساندا جۈپ ـ جۈپ بولۇپ ئايلىنىۋاتقان ئاشىق ـ مە-

شۇقلارنىڭ سايىسى بوستانلار ئىچىدە غىل ـ پال كۆرۈنۈپ ئۆتىدۇ. نەم-خۇش ئۆستەڭ بويىدا، ياساپ قويغاندەك چىرايلىق، نازۇك بامبۇكلارنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ جىددىي دەرس تەكرارلاۋاتىمەن. سىغىزخانلارنىڭ ئەنسىز شاراقلىشى جىملىقنى بۇزۇپ تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ هاياتلىقىنى بىلدۇرۇپ، ئارانلا قىمىرلاپ تۇرغان ئالدىمدىكى ئۆستەڭگە ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلىشنى خالىمىغان ياپراقلار ئازاب ئىلكىدە پىلدىرلاپ چۈشۈپ تۇرىدۇ. سۇغا ئېگىلىپ، سۇنى سۆيۈپ تۇرغان مەجنۇنتاللار، بامبۇكلار مەيىن شامالدا سۇس قىمىرلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاداققى يۈرەك تىنىقىنى ئىزهار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سۇدىكى قىمىرلاۋاتقان سايىسى ئادەمگە تىنىمسىز تولغىنىۋاتقان نازۇك بەدەن قىزلارنى ئەسلىتىدۇ. قىستاپ كېلىۋاتقان كۈز مەنزىرىسى، ياپراقلارنى سارغايتىشقا باشلىغان، ھەممە تەرەپتىن ئۆرۈلۈۋاتقان سوغۇق هاۋا بەدەننى شۈركەندۈرىدۇ.

بامبۇكلارنىڭ ئارىسىغا، ئورمانلارنىڭ قېتىغا سىغىنىش، جۇدالىق ئىلكىدە تەلمۈرۈپ قارايمەن. تۇيۇقسىزلا كۆلۈمسىرەپ چىقىپ كەلسەڭ يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمۇ؟ مۇشۇ رومانتىك باغچا ئىچىدە قولتۇقلىشىپ مېڭىش بىزگىمۇ نېسىپ بولارمۇ؟ نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆيىمىزدە توگمەس ئۆي ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇۋاتقىنىڭدا ئاق ئاتلىق شاهزادەڭنىڭ يات تاۋۇشلار ئىچىدە، سىغىزخاننىڭ ئەنسىز شاراقلىشى ئاستىدا سېنى مىسكىن سېغىنىپ ئولتۇرغانلىقى خىيالىڭدىن كېچەمدىغاندۇ؟ ئالدىمدىكى ئۆستەڭ يا ئاقالمايدۇ، يا تاشالمايدۇ، خۇددى مېنىڭ دەردلىك قەلبىمدەك! تىنىمسىز لۇغۇلدايدۇ، چايقىلىدۇ، قەپەسكە سولانغان يىلاندەك!

مۇشۇ مىنۇتلاردا نېمىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانسەن جېنىم؟ بەلكىم ئوماق قىزىمىز تۇغلۇقۇمنى ئۇخلىتىشقا تۇتۇنۇۋاتقانسەن ياكى نازاكەتلىك قىزىمىز نۇزۇگۇمنىڭ تاپشۇرۇقىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانسەن ۋە ياكى ئەتىكى دەرسلىرىڭىزنى تەييارلاۋاتقانسەن؟ مەن سېنىڭدىن بەكمۇ يىراق، نەچچە مىڭ كىلومېتىرلاپ يىراق شەھەردە، قەدىمكى ئاستانە بېيجىڭنىڭ كونا پاسوندىكى بىر بىناسىدا، سەككىز كارىۋاتلىق ئوقۇغۇچىلار ياتىقىدا خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تاۋۇشلارغا چىرمىلىپ، ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى ئۆتكۈزمەكتىمەن. تىنچسىز كارىدوردىكى رىتىمسىز ئاۋازلار خىياللىرىمغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. مىسكىن قەلبىم، سېغىنىش، جۇدالىقتىن چاك ـ چاك يېرىلغان يۈرىكىم شۇ هارارەتلىك يۇرتۇمغا، مېهرىبان قېرىنداشلىرىم، ئېتىقادلىق دوستلىرىم نەپەس ئېلىۋاتقان شۇ تۇپراققا، يۈرىكىمنىڭ


پارسى بولغان ئۈچ تال گۈلۈم نازۇك خۇشپۇراق چېچەپ تۇرغان بەشىنچى قەۋەتتىكى شۇ ئىللىق ئائىلەمگە تەلپۈنمەكتە.

رىقابەتلىك دەۋرنىڭ تەخىرسىز شامالللىرى مېنى يۈرەك بېغىشىم بولغان ئانا يۇرتۇمدىن ئايرىپ، بۇ ھەشەمەتلىك زامانىۋى شەھەرگە تاشلىدى. مانا، دېھقان ئائىلىسىدە، چەت توپىلىق سەھرادا چوڭ بولغان مەندەك بىر ئاددىي ئادەمنىڭ دۆلەتنىڭ يۈرىكى بولغان پايتەختتە توختاۋسىز ئايلىنىۋاتقان مۇشۇ زامانىۋى چىشلىق چاقنىڭ بىر ۋىنتىسىغا ئايلىنىپ، كەسكىن ئېلېكترون سىگناللىرى ئىچىدە ياشاپ قېلىشىنى كىممۇ تەسەۋۋۇر قىلغان دەيسىز؟ مەن ئۇلار بىلەن بىللە ئوخشاش مۇھىتتا ياشاپ، ئوخشاش ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، ئوخشاش بىر ستېرېئولۇق كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئوخشاش مېترودا ئولتۇرۇپ، ئوخشاش لىفتتا چىقىۋاتقان، كۆز نۇرلىرىمىز كۈندە نەچچە قېتىم سوقۇشۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار ماڭا نىسبەتەن شۇنچە يات ۋە ناتونۇش، شۇنچە سوغۇق ۋە بىگانە! كۆككە تاقاشقان ئاسمان ـ پەلەك بىنالارنى كۆرگىنىمدە دەرھال كۆز ئالدىمغا ئاددىي كېسەكتىن سېلىنغان، ئۈستىگە شاخ ـ شۇمبىلار دۆۋىلەپ قويۇلغان، بالىلىقتىكى مەسۇم تىنىقلىرىم بىلەن بېزەلگەن ئاددىي ئۆيلەر كېلىدۇ. چىرايلىق مەنزىرە دەرەخلىرى بىلەن ئورالغان ئەينەكتەك تۈز ۋە كەڭرى يوللاردا ماڭغىنىمدا ئىككى قاسىنىقىدا قويۇق ئۈجمە ۋە تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان، ئىككى يېقىغا قىغ ۋە ياغاچ ـ تاشلار دۆۋىلەپ قويۇلغان ئانا سۈپەت يوللار ئېسىمگە كېلىدۇ.

2004 ـ يىلى دېكابىر، بېيجىڭدا يېزىلدى.



ئاپتور ئايالى مېھرىگۈل بىلەن بىللە خۇنەن چاڭشادىكى يۆلۇ بىلىم يۇرتىدا.



# تويغا تەييارلىنىپ، ئۆلۈم ئۇزاتتۇق

كۆز ئالدىمىزدا ھەش ـ پەش دېگۈچە يۈز بەرگەن پاجىئەگە زادى ئىشىنـ
ـەلمەي قالدۇق. مېھرىبان ئاچىمىزدىن تۇيۇقسىز ئايرىلىپ، يۈرىكىمىز
لەختە ـ لەختە قان بولدى. چەكسىز نادامەت تۇيغۇسى ئىچىدە قولۇمغا قەـ
لەم ئالدىم. مۇسىبەتنامە، ئەسلىمە، ماتەمنامە دېگەنلەر پەقەت مەشھۇر كىـ
شىلەر ئۈچۈنلا يېزىلىشى كېرەكمىكەن! مەتبۇئاتلار پەقەت نامدار كىشىلەر
ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنىلا ئېلان قىلىپ، ئاددىي كىشىلەرگە بېـ
غىشلانغان كۆڭۈل ئىزھارىغا ئورۇن بەرمەسمۇ؟ ياق، مەن بۇنىڭغا ئىشەنـ
مەيمەن، بىر ئاددىي ئادەمگە بېغىشلانغان ئەڭ ئاددىي كۆڭۈل ئىزھارىمۇ
چىن ھېسسىياتقا، بەدىئىي تۇيغۇغا تويۇنسا، چوقۇم ئەڭ تەسىرلىك ئەسەر
بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. توغرا، مېنىڭ يازماقچى بولغىنىم بىر ئاددىي ئاـ
دەم، لېكىن ئۇ قېرىنداشلىرى ئۈچۈن پۈتكۈل مۇھەببىتىنى بېغىشلىغان،
پەزىلەتلىك، توغرا خۇلقلۇق، مېھرىبان پەرىشتە. بۇ خىل خىسلەتلىرى،
ئىدارىسىدىكى تۆھپىلىك خىزمەتلىرى بىلەن جەمئىيەتتە ھۆرمەتكە نائىل
بولغان مېھنەتلىك ئىنسان. ئائىلە، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىلمىي پەرۋىشى مۇـ
ساپىسىدە ئۆزىنى قۇربان قىلىۋاتقان مېھرىبان ئانا. ئۇ مۇشۇ سۈپەتلىرى
بىلەن يېزىلىشقا، خاتىرىلىنىشكە ئەرزىمەمدىكەن؟

ئەگەر ئۇنى ئاخبارات قىممىتى جەھەتتە تونۇشتۇرۇشقا توغرا كەلگەنـ
دىمۇ، ئۇ ھەقىقىي خەلقنىڭ چاكىرى ئىدى. ئۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى
ئېلىش پونكىتىدا خىزمەت قىلىۋاتقان يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇـ
يان ئايلاپ يېزىلاردا تۇرۇپ، ئەستايىدىللىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن

ئىشلەپ خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى قوغداش يولىدا مىننەتسىز تۆھپە-لەرنى قوشقانىدى. ئىدارىدىكى خەنزۇ، خۇيزۇ خىزمەتداشلىرى بىلەنمۇ بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ئۆتۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىسى-نى ياراتقانىدى. ئۇنى بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز ئېلىپ كەتكەن رەھىمسىز كېسەل — ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىمۇ ئۇنىڭغا دەل مۇشۇ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا يۇقۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، مېنىڭ بۇ يەردە يازماقچى بولغىنىم ئۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى ئەمەس، بەلكى مېھرىبان ئاچىمىزغا، كۆپلىگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر ئادەمنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمگە بولغان ئەڭ سەمىمىي، مۇسىبەتلىك ھېسسىياتىمدىن ئىبارەت، خالاس.

كىشىنى ئەڭ ئېچىندۇرىدىغىنى، ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، مەرھۇم ئاچىمىز سەھىيە سىستېمىسىدا خىزمەت قىلاتتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، دوختۇر ئىدى. يولدىشىمۇ شەھەردە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن تاشقى كېسەل-لىكلەر دوختۇرى ئىدى. مۇشۇنداق بىر ئائىلىدىن كىشىلەر ئانچە كۆزگە ئى-لىپ كەتمەيدىغان ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى بىر جاننى تۇيۇقسىز ئېلىپ كەتتى. بۇ پاجىئە ھەر قانداق كېسەلگە سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقى، بىر پۈتۈن جاننىڭ كىچىككىنىلا بىر جايدا ئىكەنلىكى، بىر دەقىقىدىلا ئا-دەمنىڭ ھاياتىغا چېكىت قويۇلىدىغانلىقى ھەققىدە بىزگە جىددىي سىگنال بەردى. ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئەڭ ئۆرتەيدىغىنى، شۇ قاباھەتلىك كېچىنىڭ ئە-تىسى بۇ ئائىلىدىكى ئىككىنچى پەرزەنت، يەتتە ياشقا كىرگەن ئوماق ئوغۇل-نىڭ خەتنە توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى تويغا چىللىنىپ، باغاقلار تارقىتىلىپ بولغان، دوختۇر ئاكىمىزنىڭ ئاپىسى ئو-ماق نەۋرىسىنىڭ تويى ئۈچۈن تۇغقانلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئۇنچە دوپپا تىككەنىدى. مانا تويغا دەپ تىككەن چىرايلىق دوپپىلارنى ئۆلۈمگە كىيىپ، بېلىمىزگە ئاق باغلاپ، كۆزلىرىمىزدىن دەريا - دەريا ياشلارنى ئاققۇزۇپ، پەتىگە كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالماقتىمىز. بۇ نېمىدېگەن ئاچچىق قىسمەت - ھە!

ئاچىمىز كېچە سائەت ئون بىردە قاتتىق بىر يۆتىلىپ كېتىپلا، ئاغزى - بۇرنىدىن قان كېتىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. «ئۆپ-كە تېشىلىپ، تېشىلگەن جايدىكى قان تومۇرى يېرىلىپ كەتكەن. ئۆپكىگە قان تولۇپ، نەپەس يولىنى توسۇۋالغان» — يەكۈن شۇ. مۇشۇنداق ئاددىيلا يەكۈن بىلەن بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە خۇلاسە چىقىرىلسا - ھە! ئۇ ئەمدىلا ئوتتۇز توققۇز ياشقا كىرگەن، ھاياتىنىڭ ئەڭ نۇۋۇر ۋاقىتلىرىدا يا-شاۋاتقانىدى. ۋاپادار، جەمئىيەتتە يۈز - ئابرويلۇق يولدىشى، ئون ئۈچ ياشقا

كىرگەن قىزى، يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلى بار ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، بۈگۈن دەل شۇ ئوغۇلنىڭ خەتنە تويى بولماقچى ئىدى. ھېچبولمىسا بىر كۈن ئۆتكەن بولسا، مەرھۇم ئارزۇ قىلغان ئوغلىنىڭ خەتنى تويىنى كۆرۈۋالغان بولسا قانداق بولار بولغىيتتى، خەتنە توي كەينىگە كېچىكتۈرۈلگەن بولسا قانداق بولار بولغىيتتى! ھەر خىل پەرەزلەر قىلىندى. مويسىپىت تۇغقانلار ئېغىر قايغۇ ئىچىدە ساقاللىرىنى تۇتاملاپ: «پېشانىگە پۈتۈلگىنى شۇ، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئامال يوق، ياخشى ئادەملەرنى بالدۇر ئېلىپ كېتىدۇ» دېيىشتى. توي باغىقى تاپشۇرۇۋالغان مېھمانلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئۆلۈم پەتىسىگە كېلىشتى. ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، يىغىدىن ھېچكىم ئۆزىنى توختىتالمايتتى. ئاچىمىزنىڭ خەنزۇ خىزمەتداشلىرى، خۇيزۇ دوستلىرى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئېسىلىپ قاتتىق يىغلاشتى. ھەممىنىڭ ئاغزىدا بىرلا گەپ: «بەك ئېسىل ئايال ئىدى».

مانا خەتنە تويى ئۈچۈن تەييارلانغان ئۇنچە دوپپىنىڭ ئۈستىگە ئەپچىل سەللە ئورىۋالغان ئوماق ئوغلىمىز ئاتىسىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، غەمكىن كۆزلىرى بىلەن ھەممەيلەنگە ھەيرانلىق نەزىرىدە تىكىلمەكتە. «ئاتا، ئاپامغا نېمە بولدى، ئۇ نېمىشقا ئويغانمايدۇ، مېنىڭ تويۇمنى قاچان ئۆتكۈزىمىز؟» دەپ دەممۇ دەم سوئال سوراپ، باغرىمىزنى لەختە ـ لەختە قان قىلماقتا. نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان ئاتا ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئوغلىنى بەزلىمەكتە. تۇرۇپلا مۇسىبەتلىك مۇھىتنى يادىدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئويۇنغا مەشغۇل بولۇۋاتقان ئوغۇل ھەممە ئادەمنىڭ ئېچىنغان ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، مېھرىبانلىق بىلەن باش ـ كۆزلىرىنى سىلاپ كېتىۋاتقىنىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلماقتا. ئون ئۈچ ياشلىق قىزىمىز بولسا، بىر نۇقتىغا قادالغىنىچە ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە. ھەممىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدىكى بىرلا ئوي: «باللار كىچىكلا ئاپىسىز قالدى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار قانداقمۇ قىلار؟». «يەنە ئون يىل ياشاپ بەرگەن بولسا...» دېدى بىر ئايال ئاھ ئۇرۇپ. «ئون يىل ئەمەس، بىر كۈن ئارتۇق ياشىغان بولسىچۇ، بالىسىنىڭ خەتنە تويىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ خاتىرجەم كۆز يۇمماسمىدى؟ مانا ئەمدى كۆزى كەينىدە كەتتىغۇ...» ناخشىلىرىمىزدىكى «باللار يېتىم قالدى دادەي، مەن يىغلىماي، كىم يىغلىسۇن» دېگىنى دەل مۇشۇمىدۇ؟

ئويلىسام، ئويلىسام ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. مېھرىبان ئاچىمىز تۇيۇقسىزلا كۆلۈمسىرەپ كېلىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلىمەن. شۇنچە مېھرىبان، شۇنچە ساخاۋەتلىك، شۇنچە پەزىلەتلىك ئايال شۇنچە ياش، شۇنچە تۇ-

يۇقسىزلا بۇ ئالەمدىن كېتەمدۇ؟ چوڭلارنىڭ «ياخشىلار بۇ دۇنيادىن بالدۇر كېتىدۇ» دېگىنى شۇمىدۇ؟ بۇ نېمىدېگەن تەڭسىزلىك!

تاۋۇتنى ماشىنىغا سېلىپ، يەرلىككە قويۇشقا ئېلىپ ماڭدۇق. كوچىنى قاپلاپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سەپ بولۇپ كېلىۋاتقان ماشىنىلار قوشۇنى مەرھۇمنىڭ ھۆرمىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ھەيرانمەنكى، بىز چوڭقۇر ماتەمدە، مۇسىبەتلىك مۇشۇ مىنۇتلاردا ئالەم بىز ئۈچۈن قاپقاراڭغۇ. لېكىن، قۇياش زېمىنغا يەنىلا ئاپئاق نۇرىنى چېچىپ، ھايات ئۆز ئوقىدا داۋام قىلماقتا. بىز بىلەن پەرۋايى پەلەك يەنە نۇرغۇن كىشىلەر كۈلكە ـ چاقچاق ۋە ھەر خىل ھېسسىياتلار بىلەن ئۆز يولىغا راۋان بولماقتا. ۋادەرىخا. «ئۆلدى، كەتتى» دېگىنى شۇمىدۇ؟

مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ، يەرلىكنىڭ ئاغزى بىر كېسەك ـ بىر كېسەكتىن ئېتىلىشقا باشلىدى. بارغانچە كىچىكلەپ كېتىۋاتقان يەرلىكنىڭ ئاغزىغا تىكىلگىنىمچە ئويلاپ قالدىم: «بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقى نېمىدېگەن يېقىن ـ ھە! ئۆلۈم خەۋىرى كېلىشتىن تۆت سائەتلا بۇرۇن ئاچام بىلەن كۆرۈشكەن، ئەتە بولىدىغان خەتنە تويىنىڭ تەييارلىقى ئۈستىدە پاراڭلاشقان ئىدىمغۇ! مانا ئەمدى ئۇ يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ، مەن ئۇنى ئۇزىتىپ قېلىۋاتىمەن! ئاھ، ھاياتنىڭ تىنىقى نېمىدېگەن قىسقا ـ ھە! باشقىلار ئۈچۈن سوقۇپ تۇرغان يۈرەك بىردىنلا توختاپ قالدى، دائىم مېھىر تۆكۈپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆز تۇيۇقسىز يۇمۇلدى. ئائىلە، پەرزەنتلىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ ھامىيسى بولغان ھارارەتلىك بەدەن شۇنچە تېزلا سوۋۇپ كەتتى. ھايات دېگەن مۇشۇنچىلىكلا ئىكەنغۇ ئاخىر! ئاخىرقى كېسەك قويۇلۇپ، يەرلىكنىڭ ئاغزى ئېتىلدى. مۇشۇ بىر كېسەك ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ چېگرىسى بولسا ـ ھە! «يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى» دېگەن گەپ قايتىپ كەلمەيدۇ دېگەن گەپ! قايتا كۈلمەيدۇ، قايتا سۆزلىمەيدۇ، بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك غايىپ بولدى دېگەن گەپ! بۇ قاباھەتلىك رېئاللىققا قاچانمۇ ئىشەنگىلى بولار!

2005 ـ يىلى ماي، تۇرپاندا يېزىلدى.



# يېڭى يىلغا كىرىش

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ھەممەيلەننىڭ يېشىغا بىر ياش قوشۇلۇپ، ئۆمرىدىن بىر يىل قىسقاردى. ئالەمنىڭ ئىشلىرى قىزىقكى، تېزرەك چوڭ بولۇشنى ئويلايدىغان بالىلار، ياشلار بىر ياش چوڭلىغانلىقىدىن ئالەمچە شادلىققا چۆمسە، يېشىنىڭ توختاپ قېلىشىنى ئىستەيدىغان قېرانلار، ياشانغانلار ئاخىرقى مەنزىلگە يېقىنلاپ قېلىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى يېرىملىققا تولدى. ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئوتتۇرىچە ئاتمىش ياش ھېسابلىغاندا، «ئاتمىش» نىڭ «بىرى» شاللىنىپ كەتتى، دېگەن گەپ. مۇشۇنى ئويلىغىنىمىزدا ھەممىمىزنىڭ قەلبىنى بىر خىل بىئاراملىق، ئەنسىزلىك چۇلغايدۇ. «ئاتمىش» نېمىدېگەن ئاز سان ـ ھە! ئۇ «ئالتە يۈز ئەللىك» ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇپ قالغان بولسا، ئادەملەر قانچە خاتىرجەم، قانچە بەختىيار بولغان بولاتتى ـ ھە! تەڭرىگە مىڭ شۈكرىكى، بىر قىسىم كىشىلەر ئاتمىش بەشنىڭ بىرى بولغان بىر يىل ۋاقىت ئىچىدىمۇ بىر ئالەمنى ئۆزگەرتكىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلالايدۇ، نامى مەڭگۈ ئۆلمىگۈدەك ئۇزۇن ياشيالايدۇ!

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. 365 كۈن، 8760 سائەت، 525 مىڭ 600 مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. ئالەم ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان، دەۋر رىتىمى كۈنسېرى، مىنۇتسېرى يېڭىلىنىۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتتە 525 مىڭ 600 مىنۇت نېمىدېگەن كۆپ سان ـ ھە! مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە نېمىلەرنى قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ؟ مىڭ ئەپسۇسكى، بىر قىسىم كىشىلەر مۇشۇنچىۋالا ئۇزۇن ۋاقىتنىمۇ ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن مە-

نىسىز ئۆتكۈزۈۋېتىمدۇ، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ!

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرقى كېچىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە 5 ـ قەۋەتتىكى ئۆيۈمدە بىپايان زېمىنغا، قايناق شەھەرگە نەزەر تاشلىدىم. ھەممە نەرسە ئوخشاش، ھەممە شەيئى كېچىلىك پائالىيىتىنى نورمال داۋاملاشتۇرماقتا. پەقەت لەپىلدەپ يېغىۋاتقان، ئىدىقۇت ۋادىسىدا تۇتىيا ـ دەك قىممەتلىك بولغان ئاپئاق قار ئاسماندىن توختىماي ئۇچۇپ چۈشۈپ، پۈتكۈل ۋادىنى ئاق لىباسقا ئورىماقتا. قەيەرلەردىندۇر پوجاڭزا ئاۋازى، ناخشا ـ مۇزىكا، كۈلكە ـ چاقچاقلارنىڭ ساداسى ياڭرىماقتا. قەلبىم يەنە قەيەرلەردىندۇر كېلىۋاتقان داۋالغۇۋاتقان يۈرەكلەرنىڭ ئېغىر تىنىشىنى، ئۆكۈنۈشلۈك خىتابلارنى، پۇشايمانلىق ئەسلىمىلەرنى ھېس قىلماقتا. توغرا، ئۆتكەن بىر يىل ئېتىقادلىق، مېھنەتكەش، مەسئۇلىيەتچان كىشى ـ لەر ئۈچۈن ئىنتايىن تېز ۋە ئەھمىيەتلىك ئۆتۈپ كەتتى. مەنە ۋە غالىبى ـ يەتكە تولغان بىر يىل بولدى، بۇنىڭغا تەنتەنە قىلىش كېرەك! لايغەزەل، بىپەرۋا، كۈن ئۆتكۈزۈش يولىغا كىرىۋالغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن بولسا، ئىنتايىن ئاستا، مەنىسىز ئۆتتى. ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، ئا ـ دەتتىكىدەك بىر يىل بولدى. بۇنىڭغا ئۆكۈنۈش كېرەك! چۈنكى يىللاردا، ۋاقىتتا نېمە گۇناھ. گۇناھ ئادەمنىڭ ئۆزىدە ئەمەسمۇ؟

بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىر يىلنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىنى ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە ئوخشاش رېستوران، داغدۇغىلىق يىغىلىشلاردا دەبدەبىلىك نۇتۇقلارنى سۆزلەپ، رەڭدار رومكىلارنى ئۇرۇشتۇرۇپ، خۇشال كۈلكىلەر ـ گە جۆر بولۇپ ئەمەس، بەلكى پىنھان خانىمدە ئوماق ئىككى قىزىمغا ھەمراھ بولۇپ داغدۇغىسىز ئۆتكۈزدۈم. ئەلۋەتتە، يېڭى يىلنى ھەر خىل ئۆتكۈزۈشنىڭ ھەر خىل ئەھمىيىتى بولىدۇ. بىز دوستلارنىڭ ھەر يىلى يېڭى يىل كېچىسىدە ئائىلە بويىچە جەم بولۇپ، بىر يىللىق مۇساپىمىزدىن خۇلاسە چىقىرىپ، ئاغىنىلەرگە دوكلات بېرىدىغان، كېيىنكى يىللىق پىلانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان، كەمچىلىك، سەۋەنلىكلىرىمىزنى دوستانە كۆرسىتىپ بېرىدىغان ياخشى ئادىتىمىز بار ئىدى. ئەپسۇس، بۇ يىل نېسىپ بولمىدى، مەنمۇ «كىتاب بىلەن ئۆتكۈزۈش» تىن ئىبارەت باشقا بىر خىل ئۇسۇلنى تاللىۋالدىم. ئۆتكەن يىلى دەل مۇشۇ دەقىقىلەردە پايتەخت بېيجىڭدا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان، «كۇەنجې» كوچىسىدىكى بىر كىچىك مۇسۇلمانچە ئاشخانىدا تورپاندىن بارغان خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە خەنزۇ، موڭغۇل، چاۋشيەن، يۇگۇر سەنئەتكارلىرى بىلەن بىللە ھايا ـ تىمدا ئۇنتۇلغۇسىز دەرىجىدىكى ھاياجانلىق مىنۇتلارنى ئۆتكۈزگەنىدىم...

مانا سائەت ئون ئىككىگە داڭ ئۇرۇشقا، ۋاقىت 2006 ـ يىلىغا سەكرەشكە بىر قانچە مىنۇتلا قالدى. قولۇمدا ناپولېئون خېئولىنىڭ «تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى» ناملىق كىتابى، تېخى ھازىرلا «بۈگۈننى يەر شارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈنۈم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ» دېگەن بۆلىكىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. توغرا، ھەممىدىن قىممەتلىكى بۈگۈن، ھەممىدىن مۇھىمى ھازىر!


مانا، يېڭى بىر يىل كىردى. ئېغىر ھېسسىيات ئىچىدە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپەمگە نەزەر تاشلىدىم. ئىزلىرىمغا قارىسام بۇ بىر يىل مەن ئۈچۈن ناھايىتى رەڭگارەڭ، مول مەزمۇنلۇق بىر يىل بوپتۇ. پايتەخت بېيجىڭدىكى ئوقۇش؛ ۋاقىتنى قەدىرلەپ ئۆگىنىش؛ مەسئۇلىيەتچانلىقى ئېغىر، ئەمما كۆڭۈللۈك، ئەلگە ياقىدىغان خىزمەت؛ مۇقەددەس تۇيغۇلار ئىچىدىكى ئىجادىيەت؛ قىزغىن كەيپىياتلار بىلەن تويۇنغان ئىجتىمائىي پائالىيەت... مانا مۇشۇنداق مەزمۇنلار بىلەن رەڭلەنگەن رەڭدار گۈللەر باسقان يولۇمنى چىرايلىق بېزەپ قويۇپتۇ. لېكىن، مەن زەڭ سېلىپ قاراپ، باشقىلار زادىلا بايقىۋالالمايدىغان، گۈللەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇشقا تىرىشىۋاتقان تاقىر يەرلەردىكى ئازغان تىكەنلەرنىمۇ كۆرۈپ قالدىم. بۇ ئازغانلاردا بوشاڭلىق، ئىرادىسىزلىك، بوتۇلكىلاپ ھاراقلار، بوش ئۆتۈۋاتقان كۆڭۈلچەك ۋاقىتلار، ئىرادىگە خىلاپلىق قىلىنغان تۇيغۇلار قاتارلىق تىكەنلەر باراقسانلاپ كېتىپتۇ. بۇلارنى كۆرۈپ ھازىرلا بەخت تۇيغۇسىدىن مەست بولغان قەلبىم نومۇس كۈچىدىن ئۆرتەندى. ئەلۋەتتە، مېنىڭ مۇساپەم بىر قىسىم قۇرداشلىرىمنىڭكىگە قارىغاندا قويۇق گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركەنگەن بولسىمۇ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان مەسئۇلىيەتچان ئادەم ئۈچۈن بۇ يەنىلا ئازلىق قىلاتتى. مۇرەككەپ تۇيغۇلار داۋالغۇپ تۇرغان قەلبىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ «مەرھابا يېڭى يىل!» دەپ پىچىرلىدىم.

يېڭى بىر يىل كىردى. تەبىئەت ئىدىقۇت ۋادىسىغا يېڭى بىر يىلدا يېڭى ئاسايىشلىقنى ئاتا قىلماقچى بولغاندەك، پۈتۈن ۋادىنى يېپيېڭى ئاپئاق لىباس بىلەن پۈركىگەن. ھاۋا ئوچۇق ۋە ئىللىق، قەلبىممۇ ھاۋادەكلا ئوچۇق ۋە تازا. ئالدىمدا بىر تالمۇ خەت يېزىلمىغان، خەت يېزىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئاپئاق قەغەزدەك ئاپئاق قارلىق دالا يېيىلىپ يېتىپتۇ. مېنىڭ تۇنجى قەدىمىم بۇ «قەغەز» گە يېزىلغان تۇنجى خەت بولىدۇ. ھاياجان ئىلكىدە تۇنجى قەدەمنى باستىم، كەينىمدە ئاياق ئىزىم ئۈزۈلمەس زەنجىردەك داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قەلبىمدە شۇ ئەھدە: «بۇ ‹ئىزىم› كۆپ ئۆتمەيلا ئۆچۈپ كېتىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ بىر يىلدا مەڭگۈ ئۆچمىگۈدەك مەنىۋى ئىز قالدۇرمىسام بولمايدۇ.»

يېڭى بىر يىل كىردى. يېڭى بىر ھاياتلىق، يېڭى بىر قەدەم باشلاندى. ئەلۋەتتە، مۇشۇ دەقىقىلەردە، دۇنيا سېكۇنتسېرى ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان مۇشۇ پەيتلەردە ھەر بىر ئادەم بېسىپ ئۆتكەن بىر يىللىق مۇساپىسىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن خۇلاسە چىقىرىپ، ئالدىدا يېپىلىپ ياتقان يېڭى بىر يىلى ئۈچۈن ئىنچىكە پىلان تۈزۈشى كېرەك. بۇ دېھقان ئۈچۈنمۇ، كادىر ئۈچۈنمۇ، تىجارەتچى ئۈچۈنمۇ، ئىشسىز ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. چۈنكى، بىزدە «يىل بېشى ئىشنىڭ بېشى»، «پىلانسىز ئىش، قېلىپسىز خىش»، «پىلانلىق ئىش بۇزۇلماس» دېگەن ئۇدۇملار بار. ئۆتكەن بىر يىلدىكى سەۋەنلىك، ئەپسۇسلۇقلارنى، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئاغرىققا چىداپ ئوپېراتسىيە قىلالىساقلا، سەمىمىيلىك بىلەن يەكۈنلىيەلىسەكلا، يېڭى بىر يىلغا ئۈمىد بىلەن قەدەم باسالايمىز. بىزدە جەمئىيەتكە، ئائىلىمىزگە، ئۆزىمىزگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بولسىلا، ھەر قانداق ئىشتا ئۇتۇق قازىنالايمىز. ئىنتايىن كەسكىن رىقابەت دەۋرىدە، تىنىمسىز ئۆگىنىش، ئۈزلۈكسىز بىلىم يېڭىلاش مۇھىتىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلالىساقلا، دەۋر ئالقىشلايدىغان ئىلغار ئادەم بولالايمىز. ۋەتەن، خەلقىنىڭ ھىممىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ زۆرۈر مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىسەكلا، ئەلنىڭ ياخشى پەرزەنتى بولالايمىز... قىسقىسى، يېڭى يىلنىڭ خاسىيىتى، يېڭى يىل بېغىشلايدىغان تەسەۋۋۇر، خىياللار نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە! قېنى قۇرداشلىرىم، ئەمدى مۇشۇ تەسەۋۋۇر، پىلانلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشەنچ ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن قول تۇتۇشۇپ، يېڭى يىلغا قەدەم باسايلى!

2005 ـ يىلى، دېكابىر، تۇرپاندا يېزىلدى.

# يۈزى قېلىن ئېلانلارغا لەنەت



ئېلان ـــ كارخانا ۋە ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ سېتىشنى ئىلگىرى سۈ-رۈشنى مەقسەت قىلغان بىر خىل تەشۋىقات پائالىيىتى بولۇپ، ھازىر ئېلان ۋاستىلىرى ئىچىدە تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىت، تور ئېلانچىلىقى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىمۇ يەنە تېلېۋىزور ئومۇملىشىش نىسبىتى جەھەتتىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئېلانچى-لىق ئىشلىرىدىكى سەركەردە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ھازىرقى تەرەق-قىي قىلغان ئۇچۇر دەۋرىدە ئېلان بولمىسا بولمايدۇ. چۈنكى ئېلان ئاددىي ھالدىكى مەھسۇلات ئۇچۇرىلا بولماستىن، ئۆزىدە نۇرغۇن بىلىملەرنى، مول مەزمۇنلارنى مۇجەسسەملىگەن، بەدىئىي ۋە ئېستېتىك زوق بىلەن تويۇنغان سەنئەت ئەسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە كۆرۈرمەنلەرنى قىممەتلىك ئۇچۇرلار ۋە مەنىۋى ھوزۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ رەڭدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. بىراق، بۇ يەردىكى ئالدىنقى شەرت شۇكى، ئېلان-نىڭ مەزمۇنى چوقۇم ئوبيېكتىپ، ئىلمىي، ھەقىقىي، ساغلام، ئەمەلىيەت-كە، ئۆرپ - ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئېلان ۋاقتى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. ئېلانلىرىمىز، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلىۋاتقان ئېلانلىرىمىز ئۆزىدە يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىيالىدىمۇ؟ مېنىڭچە، «ياق»، ھازىرقى ئېلانلار يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلىمىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەسەبىيلە-شىپ، يۈزى قېلىنلىشىپ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل ئېلانلارغا بولغان كۈچلۈك ئىنكاسى بىر ئومۇمىي ساداغا ئايلاندى.

ھازىر بىزنىڭ ئېلانلىرىمىزدا ئەڭ ئەجەللىك ئۈچ كەمچىلىك ساقلى-نىۋاتىدۇ. بىرىنچى، ئېلان مەزمۇنى ئوبيېكتىپ، ئەمەلىي ئەمەس، كۆپتۈر-

مچىلىك، يالغانچىلىق ئىنتايىن ئېغىر. ئىككىنچى، ئۆرپ - ئادەتتىمىز - گە، مىللىي پسىخىكىمىزغا، تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزغا يات بولغان، مەزمۇنى يالىڭاچ، ساغلام بولمىغان ئېلانلار بەك كۆپ. ئۈچىنچى، ئېلانلارنىڭ خالىغانچە ۋاقىت ئىگىلىۋېلىش ئەھۋالى بەك ئېغىر.

هازىر رادىئو، تېلېۋىزورلاردا بېرىلىۋاتقان ئېلانلارنىڭ بىر - بىرىدىن چىڭ ۋەدىسىگە، ھەشەم، داغدۇغىسىغا قاراپ ھەيرانۇ ھەس قالىسىز. دۇنيادا ساقايتقىلى بولمايدىغان ھېچقانداق كېسەل قالمىغاندەك، قىلغىلى بولمايدىغان ھېچقانداق ئىش مەۋجۇت ئەمەستەك ھېس قىلىسىز. ئەمەلىيەتتىچۇ؟ كېسەللىكلەرنىڭ تۈرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ساقايتىش تەس بولغان يېڭىدىن يېڭى كېسەللەر پەيدا بولماقتا. «بىر باسقۇچ ئىچسىڭىزلا ئۇنۇمىنى كۆرەلەيسىز»، «بىر كۇرۇپكا ئىچسىڭىزلا يۇرەك قان تومۇرى قېتىشىش كېسىلىڭىز ياخشىلىنىپ كېتىدۇ»، «تۇغماسلىق كېسىلىڭىز شىپا تېپىپ، پەرزەنتلىك بولۇش چۈشىڭىز ئەمەلگە ئاشىدۇ»، «ئون كۈندە بەش كىلوگرام ئورۇقلايسىز»، «چىرايىڭىزدىكى داغ، سەپكۈنلەر يوقىلىپ، ئايدەك گۈزەل ھالەتكە كېلىسىز»... رادىئو، تېلېۋىزىيىلەردە بېرىلىۋاتقان تەلەپپۇزى شۇنچە ئىشەنچلىك، گۇۋاھچى، ئىسپاتچىلىرى بىر - بىرىدىن داڭلىق بولغان بۇ ئېلانلار نۇرغۇن ئىستېمالچىنى قايمۇقتۇرماقتا، زىيانغا ئۇچراتماقتا، ھەتتا ئېغىر پاجىئەلەرگە دۇچار قىلماقتا. ئېلاننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ھۆسن تۈزىتىپ، چىرايىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈسىز دەرىجىدە بۇزۇۋالغان، ساختا دورا ئېلانلىرىغا ئىشىنىپ، ئورۇقلايمەن، كۆكسىنى يوغىنىتىمەن، ئۆڭشىلىپ كېتىمەن دەپ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر كۈنسېرى كۆپەيمەكتە. ھازىرمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ساختا ئېلانلارغا ئىشىنىپ، دورا، ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرىنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ سېتىۋالماقتا، ئىقتىسادى، تەن سالامەتلىكىنى ئېغىر ئىسراپ قىلماقتا.

مەلۇم ماتېرىيالدىن كۆرۈشۈمچە، بىر چەت ئەللىك ساياھەتچى جۇڭگوغا كېلىپ، گېزىت، رادىئو - تېلېۋىزىيىلەردىكى شۇنچە كۆپ دورا ئېلانلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان. جۇڭگونىڭ مېدىتسىنا ئىشلىرى مىسلىسىز تەرەققىي قىپتۇ، ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەللەر ئاساسەن قالماپتۇ، دەپ قاتتىق ھاياجان ئىچىدە ئېلاندا داڭلانغان بىر قانچە خىل دورىنى سېتىۋېلىپ، تۇتىيادەك ئاۋايلاپ دۆلىتىگە قايتقان. ئۇ قايتقاندىن كېيىن شۇ خىل ئاغرىقلارغا بۇ دورىلارنى ئىشلىتىپ، قىلچە ئۇنۇمى بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن... دېمەك،

هازىر دورا، ساغلاملىق ئېلانلىرىدا يالغانچىلىق، كۆپتۈرۈۋېتىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر، ھەتتا رادىئو - تېلېۋىزىيىلەردە بېرىلىۋاتقان بىر قىسىم دورا، ساغلاملىق ئېلانلىرىدا قىلچە نومۇس قىلماستىن، «بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى كۈچەيتىدۇ، جىنسىي ئىقتىدارنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، مۇسكۇلنى چىڭىتىدۇ، كەيپىياتنى ياخشىلايدۇ، چىرايىنى نۇرلاندۇرىدۇ، ئادەمنى ياشارتىدۇ» دېگەندەك بارلىق مەدھىيە سۆزلىرىنى ئىشلىتىپ، ئېلان قىلىۋاتقان دورىسىنى ئادەمگە قايتا ھاياتلىق بەرگۈچى تۇتىيادەك ئورۇنغا قويۇۋالىدۇ. كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، يۈزى قېلىنلارچە ماختاۋاتقان بۇ دورىلىرىدا يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرى بولسا، ئېنىقكى، ئۇلار «ئۆتمەس ماتا، زورلاپ ساتا» بۇ مېلىنى ھەممە يەردە ۋالاقلاپ ماختاپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كىرىۋالمىغان بولاتتى.

ھەر شەنبە كەچتە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ كوزىر پروگراممىلىرىدىن بىرى بولغان «مەشرەپ» پروگراممىسى قويۇلىدۇ. تېلېۋىزوردا «مەشرەپ» نىڭ كۆرسىتىلىش ۋاقتى ئېلان قىلىنىپ، بىر ئائىلە ئەزالىرى يىغىلىپ تېلېۋىزورغا تىكىلىپ تەق بولۇپ تۇرغاندا، مەشرەپ ئەمەس، ئېلان باشلىنىپ كېتىدۇ. ئېلاننىڭ ۋاقتى شۇنچىلىك ئۇزۇن، مەزمۇنى شۇنچىلىك تەكراركى، ئون بەش مىنۇتقىچە ئېلان تۈگىمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بايىقى مەشرەپ كۆرۈش ھارپىسىدىكى ھاياجانلار، ھېسسىياتلار قاياققىدۇر ئۇچۇپ كېتىپ، كۆرۈرمەنلەر قانال يۆتكەشكە ياكى غەزەپ بىلەن تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال «مەشرەپ» پروگراممىسىدىلا ئەمەس، باشقا ھەممە قاناللاردا، پروگراممىلاردا، كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دائىم ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ كوزىر پروگراممىلارنىڭ ئەڭ ھالقىلىق بۆلەكلىرىدە، كىنو، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنىڭ زىددىيەت - توقۇنۇش ئەڭ كەسكىنلەشكەن مىنۇتلىرىدا تۇيۇقسىزلا فىلىم ئۈزۈۋېتىلىپ ئېلان بېرىلىدۇ. بۇ كۆرۈرمەنلەرنىڭ ھېسسىياتىغا قاتتىق ھاقارەت قىلغانلىق بولۇپ، تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بىر فىلىمدە بىر قېتىم ئەمەس، بىر قانچە قېتىم تەكرار - تەكرار يۈز بېرىدۇ. ئېلاننىڭ ۋاقتى ئۇزۇن، زېرىكەرلىك بولغاننىڭ ئۈستىگە، بىر ئېلان قايتا - قايتا، تەكرار كۆرسىتىلىپ، ئادەمدە بىزارلىق، غەزەپ تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېلاننىڭ ئۈنۈمىگە زور دەرىجىدە تەسىر يېتىپ، ئەكسىچە مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىشىغا پايدىسىز ئامىل شەكىللىنىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇرچە رادىئو - تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئەڭ

گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىرى، ئېلانلارنىڭ يالغاچ، تېتىقسىزلىقى، مىللىي پسىخىكىمىزغا، ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگە يات تەركىب، مەزمۇنلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپلۈكىدىن ئىبارەت. ھازىر بىر قىسىم ئېلانلارنى ئۇ-رۇق ـ تۇغقان، ئاتا ـ بالا بىللە ئولتۇرۇپ كۆرگىلى بولمايدۇ. ئېلان مەز-مۇنى، كۆرۈنۈشلىرى شۇنچە تېتىقسىز، شەھۋانىي تۈس ئالغانكى، قانۇن-لۇق ئاخبارات ۋاستىلىرىدا مۇشۇنداق نەرسىلەرنىڭ بېرىلىشۋاتقانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بولۇپمۇ، بۆرەك ئاجىزلىقى، تۇغماسلىق، مەزى بېزى ياللۇغى، ئورۇقلىتىش، كۆكرەك ئوپېراتسىيىسى، ھۆسن تۈ-زەش، مۇسكۇل چىڭىتىش، ھەيز ئاغرىتىپ كېلىش، بالياتقۇ بوينى ياللۇ-غى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ دورا، ساغلاملىق بۇيۇملىرى ئېلانلىرىدىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ يېقىنچىلىق كۆرۈنۈشلىرى، يېرىم يالىڭاچ بەدەنلەر، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىشلىتىلىشۋاتقان تېتىقسىز سۆز ـ ئىبارىلەر ۋە ھەر خىل ھاراق ئېلانلىرى ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگە ئېغىر ھاقارەت كەلتۈرىدۇ. بۇ جەھەتتە يەنە رادىئودىكى دورا ئېلانلىرى، شەكلى ئۆزگەرگەن ئېلان، قىزىق لىنىيىلىك سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ غالجىرانە ۋە شەھۋانىي بولۇپ، تەپتارتماستىن كىشىلەرنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىغا ئائىت سۆز ـ ئىبارىلەر، ئاتالغۇلار ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىشلىتىلىدۇ. ئالاھىدە تەكىتلەپ قىلىنغان، پۇل ئۇچۇن ھەر قانداق سۆزنى دېيىشتىن يانمايدىغان مۇتە-خەسسىس دوختۇرلار نەچچە مىليون ئۇيغۇرغا قىلچە ھېيىقماستىن بىز قاتتىق پەدشەپ ساقلايدىغان، بىر كىمگە دېيىشتىنمۇ نومۇس قىلىدىغان مەخپىيەتلىكلەر ھەققىدە ئېزىپ چۈشەنچە بېرىدۇ، ھەتتا ئەرلەرنىڭ جىن-سىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان دورىلار ھەققىدە ئايال دوختۇرلار مەسلىھەت بېرىپ، ئادەمنى قاتتىق خورلۇق ۋە ئەپسۇسلۇق خىياللارغا ئە-سىر قىلىدۇ. ئۇلار دورىلىرىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ، بىمارلارنى ھازىرلا يە-گىرمە ياشلىق ساغلام، بەقۇۋۋەت يىگىتكە ياكى ئەتىسلا خوتۇنىنى ھا-مىلدار قىلالايدىغان يارامىلىق ئاتىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ كىشى «ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئاجىزلىشىپ، ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى تۇغماسلىققا قاراپ يۈزلىنىۋاتامدۇ، نېمە؟» دېگەن ئويغا كېلىپ قالىدۇ. مۇشۇنداق كۆرۈشنى خالىمىسىڭىزمۇ كۆزىڭىزگە كىرىۋالىدىغان، ئاڭلاش-نى خالىمىسىڭىزمۇ كانايدا توختىماي ياڭراۋېرىدىغان ئۇزۇندىن ئۇزۇن تېتىقسىز ئېلانلار قايتا ـ قايتا قويۇلۇۋەرسە، «دۆلەتنىڭ تەشۋىقات ۋاسى-تىسىغۇ» دەپ رادىئو ـ تېلېۋىزورلارغا ئاسان ئىشىنىپ قالىدىغان سادىدا، ئاق كۆڭۈل ئاھالىلەر، دېھقانلارغا قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ؟ ھەممە

نەرسىگە قىزىقىش ئىچىدە قاراپ، قوبۇل قىلىش مەيدانىدا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياشلار ـ ئۆسمۈرلەردە قانداق تەسىر پەيدا قىلىدۇ؟ تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ساغلاملىق دورىلىرىنى ئەڭ كۆپ سېتىۋالىدىغانلار دېھقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پىسخىك تەسەللى سەۋەبىدىن دورىنىڭ ئۈنۈمى باركەن دەپ قارايدىغانلىرى، قىسقا مەزگىللىك ياخشىلىنىشنى ساقىيىپ كەتتىم دەپ ھېس قىلىدىغانلىرى، دورىنى ئىشلىتىپ ئۈنۈمىنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى زىياندىن دەردىنى نەگە ئېيتىشنى بىلمەي ئىچ پۇشۇقى ئىچىدە يۈرىدىغانلىرى كۆپ ئىكەن. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدىكى كىچىك تۈرۈپلا پەرداز قىلىشقا بېرىلىدىغان، تەن سالامەتلىكىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارى يوق، ئەسەبىيلەرچە ئورۇقلاشنى، زىلۋالىشىشنى ئويلايدىغان، قوزغاتقۇچى دورىلارنى ئىشلىتىدىغان، شەھۋانىي كۆرۈنۈشلەردىن ھېيىقمايدىغان ئىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئېلاننىڭ «جىنايەتكار قولى» يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ خاربىن 2 ـ دورا زاۋۇتى مەملىكەت ئىچىدە داڭلىق دورا زاۋۇتى بولۇپ، يىللاردىن بېرى بۇ زاۋۇتنىڭ ئۈنۈملۈك دورىلىرى ھەققىدە رادىئو ـ تېلېۋىزىيىلەردە قايتا ـ قايتا ئېلان بېرىلگەن، نۇرغۇن ئاغرىقلار بۇ زاۋۇتنىڭ دورىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئىستېمال قىلغان. مانا يېقىندا بۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىلغان بىر قىسىم دورىلارنى ئىشلەتكەن بىر قانچە ئاغرىقنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشى، يەنە بىر قانچەيلەننىڭ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى بىلەن دۆلەتنى زىلزىلىگە سالغان سەتچىلىك ـــ خاربىن 2 ـ دورا زاۋۇتىنىڭ ساختا دورا ئىشلەپچىقارغانلىقىدەك دېلو پاش بولدى. نەتىجىدە، بۇ دېلوغا چېتىشلىق بىر قانچە جاۋابكارلار جىنايى جازاغا تارتىلدى. خوش، ئۇنداقتا ئاغرىقلارنىڭ بۇ زاۋۇتنىڭ دورىلىرىنى سېتىۋېلىشىدا ئېلاننىڭ تۈرتكىسى بارمۇ، يوق؟ بۇ ساختا دورىنىڭ ئېلانىنى بەرگەن تەشۋىقات ۋاستىسىنىڭ جاۋابكارلىقىچۇ؟

ئۇنداقتا، بۇ قەدەر يۈزى قېلىن ئېلانلارنىڭ ئەدەپ كېتىشىدىكى سەۋەب نەدە؟ بۇ ئەھۋالنى باشقۇرىدىغان تارماق بارمۇ، يوق؟ ئېلانلارنىڭ ئەدەپ كېتىشىدىكى تۈپكى ھەم بىردىنبىر سەۋەب يۇقىرى ئېلان ھەققىدە، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قىزىقتۇرۇۋاتقان، باي قىلىۋاتقان ئېلان كىرىمىدە. ئەمەلىيەتتە، تەرتىپ بويىچە دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئېلانلىرىنى يېمەكلىك، دورا مەھسۇلاتلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى؛ دېھقانچىلىق، ھايۋانات دورىلىرى ئېلانلىرىنى يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى؛ جۇڭگوچە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئېلانلىرىنى سەھىيە مە-

نىستىرلىكى تەستىقلايدۇ؛ غەربچە دورا، داۋالاش ئېلانلىرىنى تەستىقلاش كەتمەيدۇ. ئېلانلارنى بېسىش، تارقىتىشقا ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ئاساس-لىق باشقۇرغۇچى تارماق مەسئۇل بولىدۇ. دۆلەت رادىئو - تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى بىلەن سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 2006 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، كۆكرەك يوغىنىتىدىغان، ئورۇقلىتىدىغان بويۇم ئېلانلى-رىنى تېلېۋىزوردا تارقىتىشنى ۋاقىتلىق توختاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. لېكىن، بۇيرۇق ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، كۆپ قىسىم تېلېۋىزىيە ئىس-تانسىلىرى تەپتارتماستىن يۇقىرىقى ئېلانلارنى كۆرسىتىۋەرمەكتە.

ئېلاننىڭ مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرۇش، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەقىقەتەن ئۈنۈمى زور بولىدۇ. لېكىن، سۈپەتلىك، ئىشەنچلىك مەھ-سۇلاتلار قايتا - قايتا ئېلان بېرىلىپ تەشۋىق قىلىنمىسىمۇ، يەنىلا خې-رىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ ياخشى سېتىلىۋېرىدۇ. مەسىلەن، شىن-جاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانا، ئاپتونوم رايونلۇق 2 - دوختۇرخانىلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ئېلان بەر-گەنلىكىنى ھېچ يەردە كۆرگىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ داۋالاش سۈ-پىتى ياخشى، ئىشەنچلىك بولغاچقا، يەنىلا ئاغرىقلار بۇ دوختۇرخانىلارنى ئەڭ كۆپ تاللايدۇ. كىچىك چاغلىرىمدا خالتىلىق ئۇن بازارغا سېلىنغاندىن باشلاپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان «سانجى ئۇنى» (ھازىرقى «تەڭرىتاغ ئۇنى») نىڭ ئېلانىنى ھېچ يەردىن كۆرمىدۇق (بەلكىم، بولسىمۇ ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك)، لېكىن ھازىرمۇ كۆپ سانلىق ئائىلىلەر قىلچە ئىككىلەن-مەستىن مۇشۇ ئۇننى ئىشلىتىدۇ. دېمەك، مەھسۇلات ئىشەنچلىك، ئۈنۈم-لۈك، ھەقىقىي بولسا، ئۇنچە كۆپ ئېلان بېرىشنىڭ، «ئالساڭمۇ ئالىسەن، ئالمىساڭمۇ ئالىسەن» دېگەندەك خەقنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىشنىڭ، قۇلاق تۈۋىدە قايتا - قايتا ۋارقىراپ، كىشىنى بىزار قىلىشنىڭ ئورنى يوق. بۇ خۇددى «بېشەم بەك ۋارقىرايدۇ»، «بەك ۋارقىرىغاننىڭ ئىشتىنى يوق» دې-گەندەك بىر ئىش.

ھازىر مىللىي كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى ئېلان بازىرىدا قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرە شەكىللەنمەكتە. بىر - بىرىدىن قەدىمىي، بىر - بىرىدىن ئەنئە-نىۋى، بىر - بىرىدىن بەدىئىي ھەم بىر - بىرىدىن ئەپسانىۋى ئېلانلار كەينى - كەينىدىن مەيدانغا كېلىپ، كۆرۈرمەنلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالد-چەكمەن قىلىۋەتمەكتە. بۇ ئېلانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى مەزمۇنىدىن كۆرۈ-

نۇشلىرىگىچە مىللىي ئەنئەنىمىزگە، ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگە، تۇرمۇش ئۇ-سۇلىمىزغا ئۇيغۇن، قويۇق بەدىئىيلىككە، سەنئەتلىك ۋە ئېستېتىك خۇ-سۇسىيەتكە تويۇنغان. بىر كۆرگەن كىشىدە بىر خىل سۆيۈنۈش، يېقىنلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. لېكىن، كەمچىلىكى، ئۇنۇمى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۇرۇۋېتىلگەن، مۇشۇ مەھسۇلات بىلەن ھەر قانداق كېسەلنى داۋالىغىلى بولىدىغاندەك، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغاندەك، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىغىلى بولمايدىغاندەك كەيپىيات سىڭدۇرۇلگەن. ساغلاملىق، ئوزۇقلۇق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ، «سېنىڭدىن مەن قالىمەنمۇ» دېگەندەك بىر ـ بىرىدىن ھەيۋەتلىك، بىر ـ بىرىدىن دەبدەبىلىك، بىر ـ بىرىدىن تەنتەنىلىك ئېلانلارنى بەس ـ بەس بىلەن مەيدانغا چىقىرىپ، مەھسۇلاتنى بارغانچە غايىۋى ئورۇنغا چىقىرىۋالماقتا. خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىكى داڭلىق چولپانلارنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ تەكلىپ قىلىپ، كىشىلەرنى قايىمۇقتۇرماقتا ۋە ئۇمىدسىزلەندۇرمەكتە. ئەلۋەتتە، چولپانلارنىڭ ئېلانلارغا چىقىشى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. ۋەھالەنكى، پۇلنىڭ ۋەسۋەسىسى ئالدىدا ئەخلاقنىڭ چەكلەش ئىقتىدارىمۇ ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي مەنپەئەت مەسىلىسىدە بىزنىڭ ئۇلارغا بىر نەرسە دېيىشكە ھوقۇقىمىز يوق. بەلكىم، ئۇلار بۇ پۇلغا ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق بولۇشى، ھەتتا بۇ پۇلنى ساۋابلىق، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلارنى مۇشۇ چولپانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزغان، بېشىدە كۆتۈرۈپ ھۆرمىتىنى قىلغانلار يەنىلا خەلق. شۇڭا، چولپانلار خەلقنىڭ ھېسسىياتىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئۆز ئوبرازىغا ماس كەلمەيدىغان ھەر خىل ئىچىملىك، يېمەكلىك ئېلانلىرىغا چىقىش، ئۇنۇمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىقسىز بولغان مەھسۇلات ئېلانلىرىدا غادىيىپ تۇرۇپ قولىدىكى مالنى شاتۇتىدەك ماختاش، قانداقلا ئېلاندا بولسۇن، ھە دېسە ئوتتۇرىغا چىقىۋېلىپ، كۆرۈرمەنلەرنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىش قاتارلىق ئىشلار ئۇلارنىڭ ئوبرازىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. مۇشۇ چولپانلار خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالسا، بولۇپمۇ ئۆز ئۇنۇمىدىن ئارتۇق ماختاپ، كۆپتۇرۇلگەن مەھسۇلاتلار بىلەن خەلقنى قايىمۇقتۇرسا، نەتىجىدە خەلقنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىشەنچى نەپرەتكە ئايلىنىدۇ. نۇرغۇن ئىستېمالچىلارنىڭ مەلۇم مەھسۇلاتنى سېتىۋېلىشى زاۋۇتلارنىڭ سېتىش يوللىرى ۋە تەشۋىقاتىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى ئېلانغا چىققان

داڭلىق شەخسكە چوقۇنغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇزلىرى ئىشـ-
ىندىغان ئاشۇ داڭلىق شەخسلەر ئۇلارنى ئالداپ قويۇۋاتىدۇ. چۈنكى بۇ شەخسلەر ئۆزى ئېلانغا چىققان مەھسۇلاتنى ئىشلىتىپمۇ باقمىغان، ھەتتا ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمى يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئىستېمالچىلارنى سېتىۋېلىشقا قايمۇقتۇرغان. دۆلىتىمىزنىڭ «ئېلان قانۇنى» نىڭ 14 ــ ماددىسىدا، دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئېلانلىرىدا ئىلمىي ئاساسى يوق ئۈنۈمدارلىقىنى بىلدۈرىدىغان يەكۈن، كاپالەتنامىلەرنى ئىشـ-
لىتىشكە، مۇتەخەسسىس، دوختۇر ياكى ئاغرىقلار نامىدا ئىسپات بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ھالبۇكى، بىزنىڭ تېلېۋىزورلاردا كۆرۈۋاتقىـ-
نىمىز دەل بۇنىڭغا زىت ئەھۋال. سودا ــ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، تېلېۋىزورلاردا كۆرسىتىلگەن دورا ئېلانلىرىنىڭ 62% ى قانۇنسىز ئىكەن. «ئېلان قانۇ-
نى» نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، قانۇنسىز ئېلان تارقىتىلسا، ئېلان بەرگۈچى، ئېلان تىجارەتچىسى ۋە ئېلان تارقاتقۇچىلار ئېلاننى توخـ-
تىتىشقا بۇيرۇلىدۇ ھەم ئېلان ھەققى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئېلان ھەققىـ-
نىڭ بىر ھەسسىسىدىن بەش ھەسسىسىدىن تۆۋەن جەرىمانە قو-
يۇلىدۇ. لېكىن، ئېلاندىن ئېرىشكەن پايدا بۇ جەرىمانىنىڭ نەچچە ھەسسى-
سىگە، ھەتتا نەچچە ئون ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، جەرىمانە ئۇ-
نىڭغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەكشۈرۈپ باي-
قالغان قانۇنسىز ئېلانلار ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ئېلاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلانغىلى بو-
لىدۇ؟ بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ـــ ئىستېمالچىلاردا. پسىخىكا نۇق-
تىسىدىن ئېيتقاندا، «يالغان سۆزنى يۈز قېتىم دېسە راستقا ئايلىنىدۇ» دېگەندەك، بىر خىل ئېلاننىڭ قايتا ــ قايتا تەكرارلىنىشىغا ئەگىشىپ ئىستېمالچىلاردا ئىختىيارسىز ھالدا بۇ خىل مەھسۇلاتقا مايىللىق، قىزىـ-
قىش ھېسسىياتى پەيدا بولۇپ، ئۆزى بىلىپ ــ بىلمەي، مۇشۇ خىل مەھـ-
سۇلاتنى سېتىۋالىدىغان ئەھۋال ئېغىر. ساختا ئېلانلارنى تارقىتىشنى چەكلەش تامامەن مۇمكىن، لېكىن تەس بولغىنى قارىغۇلارچە ئەگىشىش. قارىغۇلارچە ئەگىشىش ــ ئەگەشمەسلىكنى ئادەمنىڭ ساپاسى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، ئادەمنىڭ ئىلمىي تەربىيىلىنىشى ياخشى بولسا، ئۇ داڭلىق شەخسـ-
لەرنى، ئىلمىي ئاتالغۇلارنى نىقاب قىلىۋېلىپ ئادەم ئالدايدىغان ئېلان نەيـ-
رەڭلىرىگە قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدۇ. بىر مەھسۇلاتنى ساختا تەشۋىق قىـ-
لىش ئەمەلىيەتتە خاراكتېر جەھەتتىن ساختا مەھسۇلات ساتقانغا ئوخـ-

شاش. شۇڭا، ئۇلارنى قاتتىق جازالاش لازىم. ھالبۇكى، نۇرغۇن ئادەم سودا سارايلىرىدىن مال سېتىۋالغاندا ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن تاللايدۇيۇ، نېمىشقا تېلېۋىزوردا نېمە دېسە شۇنىڭغا ئىشىنىۋېرىدۇ؟

رادىئو ـ تېلېۋىزىيە دۆلەت ئىلكىدىكى ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىسى بولسىمۇ، بىراق، ئېلاندىكى پايدا ـ مەنپەئەت توقۇنۇشى سەۋەبىدىن نۇرغۇن ۋاقىتلاردا كۆپتۈرمىچىلىكتىن ساقلىنالمايدۇ. ئاخبارات ۋاستىسى دۆلەت ئىلكىدە بولغان بىلەن تېلېۋىزىيىدىكى ئېلان خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى باشقا ئىش. ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئېلان بۆلۈم، شىركەتلىرىنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار، ئېلان خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئېلان ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ ھەسسىلەپ پايدا ئېلىش مەقسىتىدە، ئۆز مىللىتىنىڭ پسىخىكىسى، خەلقنىڭ رايى، ئەڭ ئەقەللىي ئېتىقاداا، ئۆز ۋىجدانى بىلەن ھېسابلاشماي، كۆزنى يۇمۇۋېلىپ، قارىغۇلارچە پۈۋلەپ ئۇچۇرىدىغان، يۈزى قېلىنلارچە ماختاپ كۆپتۈرىدىغان، غىلاپىنىڭ ئىچىدىكى ئۇياتلىق سۆزلەرنىمۇ ھېيىقماي ۋارقىرايدىغان ئىللەتلەرنى سادىر قىلىۋاتىدۇ. تېلېۋىزىيە، رادىئو ئېلانلىرى مەھسۇلات تونۇشتۇرۇشتا ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغاچقا، تېلېۋىزور ئېكرانى ۋە رادىئو دولقۇنى ئېلاندىن خالىي بولالمايدۇ. پايدا ئۇچۇن باشقىلارنى ئالداش بىلەن ئالدامچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بىر چەكلەش بۇيرۇقى ئارقىلىقلا ئېلانلارنى ساپلاشتۇرۇشتىن ئۈمىد كۈتمەي، قارىغۇلارچە ئەگىشىشتىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم.

2006 ـ يىلى، تۇرپاندا يېزىلدى.





# مەنۋىيىتىمىزدىكى يېڭى يۈكسىلىشلەر

يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەتبۇئات، نەشر ئەپكارلىرىدا، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا مىللەت ئوپېراتسىيىسى ئاساسىي مەزمۇن، مىللەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مۇددىئا قىلىنغان بەس - مۇنازىرىلەر قىزىپ كەتتى. تونۇلغان يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يۇرتقا سالام» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسىنىڭ زىلزىلىسىدىن باشلانغان بۇ خىل ئېقىم ئاخىرى غايەت زور دولقۇن ھاسىل قىلىپ، پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت، تەشۋىقات، مەدەنىيەت ساھەسىنى ئۆز تەسىرى ئىچىگە ئالدى. بۇ جەرياندا مىللىتىمىزنىڭ تارىختىن بۇيان بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى قايتا باھالىنىپ، كەچمىشلىرىمىزدە ساقلانغان ۋە ھازىر مەۋجۇت بولۇۋاتقان بارلىق سەۋەنلىك - كەمچىلىكلەر، يەنى نادانلىق، قاششاقلىق، خۇراپاتلىق، ئىلىمسىزلىك، غۇرۇرسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، ھاراقكەشلىك قاتارلىق ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئىللەتلەر، ھەتتا قىسمەن شارائىتتا مۇنداقلا زاھىر بولۇپ قالغان سەۋەنلىكلەرمۇ قاتتىق تەنقىد قامچىسى ئاستىغا ئېلىندى. بۇ جەرياندا كاللىمىز قىزىپ كېتىپ، قارىقويۇق بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، قۇرۇق گەپ ئوينىتىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان، كىم بەك تىللاپ بەرسە شۇنىڭ دېگىنى توغرا بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ سادىر بولدى. ھەتتا بىر نەچچە مىڭ يىللىق زاراتگاھلىقلىرىمىزنى چوقۇپ ئېچىپ، قۇرۇق مۇردىغا ئايلانغان جەسەتلەرنى سازايى قىلىپ، ئەجدادلىرىمىزغىچە تىل تەگكۈزىدىغان ئىشلارمۇ

ئاز ـ تولا زاھىر بولدى. لېكىن، نېمىلا بولسۇن «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆ ـ لۈم ئاشكارا» دېگەندەك مۇشۇنداق قاتتىق، رەھىمسىز ئوپېراتسىيە بولمى ـ سا، پۈتكۈل مىللەتنى چىرماپ كەتكەن ئىللەتلەرنى تۈگىتىش ئاسان ئە ـ مەس ئىدى. «دوستلارنىڭ يىغلىتىپ ئېيتىشى»، يۇقىرىقىدەك كۈچلۈك مەنىۋى يۇكسىلىشنىڭ تۈرتكىسىدە ئەمدى قاراپ باقساق مەنىۋىيىتىمىزدە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. بۇ ئىنتايىن ياخ ـ شى ئەھۋال. ئەلۋەتتە، بۇنى نوقۇل ھالدىكى «مەنىۋى يۈكسىلىش» نىڭ غە ـ لىبىسى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرى ـ دۇ. دۇنيا توختاۋسىز تەرەققىي قىلىدۇ، تارىخنىڭ تەرەققىيات قەدىمى مۇ ـ قەررەر بېسىشقا تېگىشلىك مۇساپىنى بېسىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تەبى ـ ئىي ھالدا ھەل قىلىدۇ.

تارىخ مۇساپىسىگە نەزەر سالساق، ياۋروپا، ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن دۆلەت ـ لەردىمۇ تەرەققىيات قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى، مەدەنىيەتنىڭ تېز ئالمىشى ـ شىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەر ئاشكارىلانغان. 1940 ـ يىللاردىن 1960 ـ يىللارغىچە بۇ دۆلەتلەردە مەدەنىيەت جەھەتتە ياتلىشىش، ئۆز ـ لۈكتىن چەتنەش، تېگىرقاش، گاڭگىراش، ياشلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى، ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىكلىشىش قاتارلىق ئىللەتلەر يامراپ كەتكەن. 1960 ـ يىللاردىن 1980 ـ يىللارغىچە بۇ خىل ھالەت جۇڭگو تۇپرىقىدا، يەنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئەۋج ئالغان، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەر ـ دە بولسا، ئەھۋال ياخشىلىنىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىنى تونۇش كەيپى ـ ياتى ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىگەن. مانا ئەمدى 1980 ـ يىللاردىن كېيىن، بۇ خىل كەيپىيات ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زاھىر بولۇپ، يىگىرمە يىلغا يېقىن گاڭگىراش، تېگىرقاش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردۇق. بۇ مەزگىلدە بولسا ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا، كىشىلىرىنىڭ مەدەنىي ـ لىك ساپاسىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. دېمەك، ھەر قانداق دۆلەت، مىل ـ لەتنىڭ تەرەققىياتى نوقۇل ھالدا تۈز سىزىق پېتى ئۆرلەش جەريانىلا بول ـ ماستىن، چېكىنىش، تاللاش، تېگىرقاش باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرى ـ دۇ. خەلقىمىزمۇ مۇشۇنداق تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ھازىر مەنىۋى كەيپىياتى، مەدەنىيەت قاتلىمى جەھەتلەردە زور ئۆلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇق ـ تىلاردا ئىپادىلەندى.

**بىرىنچى، ئىلىم كەيپىياتى قويۇقلاشتى**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقىمىز ئارىسىدا ئىلىم مۇھىتى قو ـ

يۇقلاشتى. بۇنىڭغا ھەر خىل ئامىللاردىن باشقا مۇنۇ بىر قانچە ئىش گەۋ-
دىلىك تەسىر كۆرسەتتى. بىرىنچى، تەرەققىيات تەسىر كۆرسەتتى. يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان، كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كومپيۇ-
تېر تورىنىڭ خەلقىمىزنى دۇنيا بىلەن ئۇچراشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، خەل-
قىمىز تەرەققىياتنىڭ تەخىرسىزلىكىنى، ئىلىمنىڭ قۇدرىتىنى بارغانسې-
رى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، رادىئو - تېلېۋىزىيە،
گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق ھەر خىل مېدىيىلەر توختاۋسىز ئۆزگىرىپ
تۇرۇۋاتقان رەڭگارەڭ دۇنيانى ئۇزلۇكسىز يەتكۈزۈپ تۇردى. يېڭىدىن يېڭى
ئىلىم - پەن ئۇچۇرلىرى ۋە نەتىجىلىرى، ئىلغار تېخنىكىلار كۆپ خىل
يوللار بىلەن رايونىمىزغا كىرىپ، خەلقىمىزنىڭ پسىخىكىسىغا زور تەسىر
كۆرسەتتى. سودا، تىجارەت، ئوقۇش، ساياھەت يوللىرىنىڭ راۋانلىشىشى،
دۆلەت، رايونلار ئارا ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپىيىشىمۇ بۇ خىل كەي-
پىياتنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ئىككىنچى، ئىلىم
ئەھلىلىرى تەسىر كۆرسەتتى. تېخى بىر قانچە يىل ئىلگىرىلا خەلقىمىزدە
دوكتورلار ساناقلىقلا ئىدى. «پالانچى دوكتورلۇقتا چەت ئەلدە ئوقۇۋېتىپ-
تۇ، پۇستانچى ئىچكىرى ئۆلكىدىكى مەلۇم تەتقىقات ئورنىدا دوكتور ئاش-
تى بولۇپ خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ» دېگەن ئۇچۇرلارنى ئاڭلاپ قالساق،
ھەيرانۇھەس بولۇشۇپ، بۇ ھەقتە ھەۋەس بىلەن سۆزلىشىپ كېتەتتۇق. ما-
نا ئەمدى يېقىنقى بىر - ئىككى يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چەت ئەل-
لەردە، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئوقۇغان، خىزمەت قىلىۋاتقان دوكتورلار،
ماگىستىرلار شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، ئۇ ئىشلارغا ئانچە ھەيران قالماي-
دىغان بولدۇق. ھەيران قالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىمىز ھەرگىزمۇ ئۇلار-
نى ھۆرمەت قىلمىغانلىقىمىزدىن ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ تەرەققىياتنىڭ مۇ-
قەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. يۇرت كۆرگەن، ئۇستاز
كۆرگەن، يېڭى ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھەر خىل
ۋاستىلەرنىڭ تۇرتكىسىدە خەلقىمىزنىڭ قەلبىگە خۇددى جىمجىت سۇغا
چۈشكەن تاشتەك قاتلاممۇ قاتلام تەسىر كۆرستىشى نەتىجىسىدە، جەمئى-
يىتىمىزدە ئىلىمگە بولغان ئىشتىياق، ئىلىم ئەھلىلىرىگە بولغان ھۆرمەت
كەيپىياتى يەنىمۇ قويۇقلاشتى. ئۈچىنچى، كەسكىن رىقابەت تەسىر كۆر-
سەتتى. جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارغا بولغان تەلىپىنىڭ كۈن-
سېرى ئېشىشى، ئىش ئورنى رىقابىتىنىڭ كەسكىنلىشىشى، ئۇچۇر، تېخ-
نىكىلىق ساھەلەرنىڭ كۆپىيىشى جەمئىيىتىمىزدە كەسكىن تەخىرسىز-
لىك تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، كىشىلەردە ئىلىم بىلەن قوراللىنىشنىڭ زۆ-

رۇرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. «پەن – تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچى-
قىرىش كۈچى» دېگەن كونا، ئەمما ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ھەقىقەت
خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى.

مانا ھازىر جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەرنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش، ھۈ-
نەر، تېخنىكا ئۆگىنىش، ئىجادىيەت، كەشپىيات بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن
ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. ئىلگىرىكى يىللاردا
كىتابخانا، كۇتۇپخانىلاردا ئادەم ئاز، رېستوران، بازارلاردا ئادەم كۆپ ئى-
كەنلىكىدىن ئەپسۇسلىناتتۇق. ھازىر بولسا كىتابخانا، كۇتۇپخانىلارغا قا-
چانلا كىرسىڭىز مىغىلداپ تۇرغان كىتابخانلارنى كۆرىسىز. ئىلگىرى ھەر
قايسى نەشرىياتلار يىلىغا ئارانلا نەچچە يۈز پارچىلاپ كىتاب چىقارسىمۇ
يەنە سېتىلىشى ئاستا بولاتتى. ھازىر نەشرىياتلار يىلىغا نەچچە مىڭ، ھەت-
تا نەچچە ئون مىڭ پارچىلاپ كىتاب چىقىرىۋاتقان بولسىمۇ، بازار ئېھتى-
ياجىنى، كىتابخانلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. بۇرۇن ئاپتو-
نوم رايونىمىزدا بىر قانچىلىغان ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىن
باشقا خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر، تەربىيىلەش مەركەزلىرى يوق دې-
يەرلىك ئىدى. مانا ھازىر يېڭىدىن يۈزلىگەن مەكتەپلەر، تىل، تېخنىكا
تەربىيىلەش مەركەزلىرى، كۇرسلىرى ئېچىلدى ۋە ئېچىلىۋاتىدۇ. مۇنە-
تىزىم مەكتەپلەرمۇ ھەر خىل كۇرسلارنى ئۈزلۈكسىز ئېچىۋاتىدۇ. مەكتەپ-
لەر مۇشۇنداق كۆپەيگەن شارائىتتىمۇ، ئوقۇغۇچى مەنبەسى توختاۋسىز
ئېشىۋاتىدۇ. ئىلگىرى پەن – تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، يېڭى
ئىجادىيەت، كەشپىياتلار ساناقلىقلا ئىدى، مانا ھازىر پەن – تېخنىكا خا-
دىملىرىنىڭ سانى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، ھەر كۈنى دېگۈدەك يارىتى-
لىۋاتقان يېڭى كەشپىياتلار ۋەتىنىمىزنىڭ ئىلىم – پەن خەزىنىسىنى بې-
يىتىۋاتىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى پاكىتلاردىن جەمئىيىتىمىزدە ئىلىم كەي-
پىياتىنىڭ قويۇقلىشىۋاتقانلىقىنى، خەلقىمىزنىڭ ئويغاق تەپەككۇر بىلەن
رىقابەتكە يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**ئىككىنچى، ھاراق سەۋداسى سۇسلاشتى**

ھاراق نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئەشەددىي خەتەرلىك ۋاباغا ئوخشاش
رايونىمىزنىڭ بۇلۇڭ – پۇچقاقلىرىغىچە، جەمئىيەت ئەزالىرىمىزنىڭ تې-
رەن قەلب چوڭقۇرلۇقىغىچە سىڭىپ كىرىپ، خەلقىمىزنى قارا تىرنىقى
ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ھاراقنىڭ خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىغا
ئېلىپ كەلگەن زىيىنى تارىختىكى ھەر قانداق ساۋاق، سەۋەنلىكلەردىن
ئېشىپ كەتتى. بولۇپمۇ، ھاراقنىڭ تەپەككۇر ۋە تەرەققىياتىمىزغا ئېلىپ

كەلگەن پاجىئەسى مۆلچەرلىگۈسىز بولدى. بۇ جەھەتتە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، هاراقنىڭ زىيىنى توختاۋسىز تەنقىد قىلىندى. مانا ئەمدى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقىمىزنىڭ، هاراقنىڭ زىيىنىنى ئاستا ـ ئاستا تونۇپ يېتىۋاتقانلىقىنى، هاراقتىن ئىبارەت بۇ ۋابادىن ئۆزىنى ئاستا ـ ئاستا تارتىۋاتقانلىقىنى هېس قىلماقتىمىز. بۇ جەھەتتە، نۆۋەتتە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن، كەسكىن پوزىتسىيە بىلدۈرەلىگەن بولساقمۇ، يەنىلا ئەھۋال بۇرۇنقىدىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. هازىر ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان نۇرغۇن شەھەر، بازارلاردا هاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش چەكلەنگەن ئاشخانا ـ رېستورانلار مەيدانغا كەلدى، هەتتا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى. هاراق ئىچمەيدىغان توي ـ تۆكۈن، مەرىكىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپ ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى. جەمئىيىتىمىزنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى ئاق ياقىلىقلار، بولۇپمۇ ئالىم، زىيالىيلار، ئىلىم ئەھلىلىرى هاراقنىڭ زىيىنىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى ۋە ئۆزىنى تارتتى. ئىلگىرىكى هەر خىل يىغىلىش، ئەنجۈمەنلەردە، سورۇن، مەرىكىلەردە پاراڭنىڭ تېمىسى هاراقنى مەركەز قىلىپ چۆرگىلەيدىغان، هاراقنىڭ قانچىلىك ئىچىلگەنلىكى، هاراقكەشلىكتىن قانداق قىزىقچىلىقلارنىڭ روي بەرگەنلىكى هەققىدە توختىلىدىغان، ئاخشىمى ئىچكەنلەر ئەتىسى ماختىنىدىغان هالەت ئەۋج ئالغان بولسا، مانا ئەمدى بۇنداق يىغىلىشلار ئىلىم، ئىجادىيەتلەر هەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلەر بىلەن قىزىيدىغان، هاراق ـ شارابسىزمۇ ئىنتايىن ئەهمىيەتلىك ئەنجۈمەنلەر ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان، ئامالسىز هاراق ئىچىلگەن بولسىمۇ، مۇۋاپىق، ئاز ئىچىدىغان، باشقىلاردىن يوشۇرىدىغان، هاراق ئىچىشنى نومۇس هېس قىلىدىغان ياخشى كەيپىيات ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنىمۇ دەپ قويماي بولمايدۇكى، ئوتتۇرا، تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە هازىرمۇ هاراقتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقان، دۇنيانىڭ نەدە كېتىۋاتقانلىقى بىلەن بىر كارى يوق هاراققا چىلىنىپ، هاراقتىن خۇشاللىق ئىزدەپ يۈرۈۋاتقان كىشىلەر خېلى كۆپ. هەتتا خېلى ئاڭ سەۋىيىلىك بىر قىسىم كىشىلىرىمىزمۇ هازىرغىچىلا بۇ قابىمەدىن ئۆزىنى تارتىۋالالمايۋاتىدۇ. بىر قىسىم يېزا، كەنت كادىرلىرى ۋە دېھقان ياشلىرى ئارىسىدىكى هاراق ئىچىش دولقۇنى پەسەيگىنى يوق. بۇ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال، بۇ جەھەتتە يەنە خېلى ئۇزۇن مەزگىللىك نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، هەر قانداق ئىللەتنىڭ تۈزۈلۈشى ئۇچۇن مەلۇم جەريان، ۋاقىت كېتىدۇ. زىيالىيلارنىڭ ئويغانغاندى-

لىقى بىر توپ ئىچىدىكى سەركىنىنىڭ ئويغانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، سەركە قاياققا باشلىسا توپ شۇ ياققا ماڭىدۇ. شۇڭا، زىيالىيلارنىڭ ئويغىنىشى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۈلگە بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم.

## ئۈچىنچى، مىللىي مەدەنىيىتىمىز ھاياتىي كۈچكە تولدى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ جاراھەتلىرى يېڭىلا ساقىيىشقا باشلىغان 1980 ـ، 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» قاتارلىق بۈيۈك مەدەنىي مىراسلىرىمىز ئۆز ئانا تىلىمىزدا، يېپيېڭى قىياپەت بىلەن يورۇقلۇققا چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يېڭى باھارنى كۈتۈۋالغان بولسا، نۆۋەتتە بۇ «باھار» ئەلۋەك «ياز» پەسلىگە كىرىپ، بارچە «مېۋە» لەر مەي باغلاپ پىشقان، ھەممە ياقنى «مول ھوسۇل شادلىقى» قاپلىغان قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرە شەكىللەندى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مىسلىسىز گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. تارىختا كۆمۈلۈپ قالغان نۇرغۇن كلاسسىك ئەسەرلەر قايتا يورۇققا چىقتى. ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە يېڭى دەرس، تەتقىقات تېمىلىرى تەسىس قىلىنىپ، بۇ ساھەدە نۇرغۇن تەتقىقاتچى، ئالىملار، ئىزباسار، شاگىرتلار يېتىشىپ چىقتى. كلاسسىك ئەسەرلىرىمىز، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز، فولكلور بايلىقلىرىمىز ھەققىدە دۇنيا ۋە مەملىكەت مىقياسىدا كۆپ قېتىم تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، يىغىن، مۇھاكىمىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەر نەشر قىلىندى، زور ئىلمىي نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمىمىز، ئۆزاق يىللار تاشلىنىپ قالغان مۇقام، مەشرەپلىرىمىز قايتىدىن سەھنە، مەيدانلاردىن، قەلب، ئېكرانلاردىن ئورۇن ئېلىپ، ھاياتىي كۈچى كۈنسېرى ئۇرغۇشقا باشلىدى. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» بىر قانچە قېتىم كەڭ كۆلەمدە سۈرەتكە، سىنغا ئېلىنىپ، ياپون، ئىنگلىز، نېمىس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا خەلقىگە تونۇشتۇرۇلدى ۋە ئالاھىدە سېھرىي كۈچى بىلەن ب د ت نىڭ قوغدىلىدىغان جىسمسىز مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ب د ت نىڭ قوغدىشىغا ئېرىشىشى پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش دولقۇنىنى قوزغىدى. ئۈرۈمچىدىن تارتىپ ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرگىچە جىسمسىز مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئىشخانىلىرى قۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، فولك-

لىور تۇرگە ياتىدىغان بارلىق مىراسلار قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. يەرلىك مەشرەپ، مۇقاملار قايتا سۇ-رەتكە ئېلىنىدى، نەشر قىلىنىدى. رايونىمىزنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقاق-لىرىغىچە يۇلتۇزدەك تارىلىپ، شىنجاڭنىڭ سېھرىي كۆچىنى بالداقمۇ بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈۋاتقان قەدىمكى تارىخىي ئىزلار، مەدەنىيەت يادىكار-لىقلىرى ھەر دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ئارقى-سىدا يېپيېڭى قىياپەت، جەلپكار ھۆسنى بىلەن قايتا نامايان بولۇپ، دۇنيا خەلقىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك جەلپ قىلىشقا باشلىدى ۋە ئىقتىساد، مەدە-نىيەتنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ھەر قايسى جايلار «مەدە-نىيەت ئارقىلىق ئۆز جايىنى تونۇشتۇرۇش، مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىقتى-سادنى يۇكسەلدۈرۈش» تەپەككۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەدەنىيەتكە بولغان سېلىنمىنى يىلمۇ يىل ئاشۇردى. ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەردە، يېزا - قىشلاقلاردا كىتابخانا، كۇتۇپخانا، سەنئەت ئۆمىكى، كىنوخانا، مەدەنىيەت پونكىتى قاتارلىق مەدەنىي پائالىيەت مەركەزلىرى كەينى - كەينىدىن قۇ-رۇلۇپ، كىشلەرنى مەدەنىيەت ئارقىلىق تەربىيىلەش نىشانى يورگۈزۈل-دى. ھەر قايسى رايونلار ئۆز ئەۋزەللىكى، تارىخىي ئالاھىدىلىكىگە ئاسا-سەن، كۆمۈلۈپ قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - تېخ-نىكىلارنى قايتا قېزىپ چىقىپ ۋە ساياھەتچىلىك بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا قايتا ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، ئۇنى تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخكە ئايلاندۇردى.

**تۆتىنچى، ۋاقىت قارىشى كۈچەيدى**

دۇنيادا ۋاقىتتىن قىممەتلىك بايلىق يوق، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ئې-لېكترون، ئۇچۇر دەۋرىدە ۋاقىتنىڭ قىممىتى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ۋاقىتنىڭ بۇ قەدەر ئىستېلالىق ۋەزىيىتى جەمئىيە-تىمىزگىمۇ تەبىئىي ھالدا تەسىر كۆرسەتتى. بىر قانچە يىللار ئىلگىرى ئورگان كادىرلىرى، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بىكارچىلىقتىن ۋايسايدىغانلىقىنى ئاڭلايتتۇق. كۈنلىرىنى قۇرۇق پاراڭ سېلىش، قارتا ئويناش، قايناقسۇ ئىچىپ گېزىت كۆرۈش ياكى پوپايكا تو-قۇش بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى كۆرەتتۇق. كوچا - كويلاردا توپلىشىۋې-لىپ قۇرۇق پاراڭ سېلىشىدىغانلار، بېلىيارت ئوينايدىغانلار، بىكارچىلىق-تىن كوچا چېڭداپ لاغايلاپ يۈرىدىغانلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى. يې-تىپ ئاشقۇچە ۋاقىتىمىز بار بولغاچقا، سائەتلەپ، كۈنلەپ، ھەپتىلەپ ۋاقىتىمىزنى سورۇن، ئولتۇرۇشلاردا ئىسراپ قىلىۋېتەتتۇق. يەنە بىرى،

ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، ۋاقىتنى قەدىرلەش ئېقىمىز تۆۋەن بولغاچقا، چاقىرغان مەرىكە، سورۇنلارغا، دىيىشكەن سۆھبەت، ئولتۇرۇشلارغا سا-ئەت ـ سائەتلەپ كېچىكىپ باراتتۇق. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يىغىنلىرىدىمۇ رەھبەرلەرنىڭ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ كېچىكىشى نورمال ئىشقا ئايلىنىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە مۇشۇنداق تەتۈر ئېقىم ئەۋج ئېلىپ كەتكەندى. بىكارچىلىق، زېرىكىشلىكتىن ۋاقىتنى توشقۇزالماي-دىغان، كۈننى كەچ قىلالمايدىغان كىشىلەر خېلى كۆپ ئىدى. مانا ئەمدى بۇ خىل ھالەتتە زور ئۆزگىرىش بولدى. ھازىر نەگىلا قارىساق، نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتقان، جىددىيلىك ئىچىدە موكىدەك قاتناۋاتقان كىشىلەر توپىنى كۆرىمىز. كىمدىنلا ئەھۋال سورىساق «ھەي ئالدىراش، بەك ئالدىراش» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ھازىر رېستورانلاردا ئەمەس، دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس-لىشىپ ئېچىلغان تېز تاماقخانىلاردا ئاددىي بىر ۋاق تاماق يەپ ئولتۇ-رۇپلا، نۇرغۇن مەسلىھەتلەرنى پىشۇرىمىز. «كەچتە پالانى رېستوراندا ئول-تۇرساق» دېيىشنىڭ ئورنىغا «چۈشتە پۈستانى تېز تاماقخانىدا تاماقنى بىرگە يېسەك» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدىغان بولدۇق. مەيلى قايسىلا تارماق بولسۇن بىكار قالغان كىشىلەر كۆزگە چېلىقمايدىغان بولدى. ۋاقىتقا رى-ئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەرىكە، سورۇنلارغا كېچىكىدىغان ئەھۋاللار ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈشلىشقا قاراپ يۈزلەندى. رەس-مىي ھۆكۈمەت يىغىنلىرىدا بولسا بۇنداق ئىشلار ئاساسەن تۈگىتىلدى. دېمەك، ئۈيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ ۋاقىت ئۆز قىممىتىنى ھەقىقىي مەنىدە تېپىپ، تەرەققىياتنىڭ پىشاڭلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. كىملا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «ئالدىراش» ئىكەن، ئۇنىڭ مەلۇم ئىش بى-لەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى، مەلۇم ئىش بىلەن مەشغۇل بولغان ئىكەن مەلۇم قىممەت يارىتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، مۇشۇنداق قىممەت-لەر تاما ـ تاما ئاخىرى زور ئېقىننى ھاسىل قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت-نىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**بەشىنچى، ئېسىل ئەنئەنىلەر نۇرلاندى**

ئىلگىرىكى يىللاردا خەلقىمىزدە، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا ئۆزلۈكتىن ياتلىشىش، ئەنئەنىلەردىن ۋاز كېچىش، چەت ئەللەرنىڭ ئەبجەش نەرسىلى-رىگە ئەسەبىيلەرچە چوقۇنۇش كەيپىياتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەندى. بۇ خىل كەيپىيات كىيىنىش، ياسىنىش، يۈرۈش ـ تۇرۇش، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇ-يۇملىرىنى ئىشلىتىش، ناخشا ـ مۇزىكا، كۆڭۈل ئېچىش، ئۆزئارا ئالاقە، مۇناسىۋەت قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. يې-

قىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالدى بىلەن سىياسەتنىڭ ئەۋزەللىكى، ئاندىن
قالسا مەسئۇلىيەتچان باشلامچىلارنىڭ ئۈلگە تىكلىشى نەتىجىسىدە، ئېسىل
ئەنئەنىلىرىمىز ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قايتا نامايان قىلىپ، جەم-
ئىيەت ئىدېئولوگىيىسىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئالدى بىلەن ئەجداد-
لىرىمىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان رىئايە قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى
ئەخلاق مىزانلىرى، تاماقلىنىش، ساقلىقنى ساقلاش رېتسېپلىرى، ئې-
سىل ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەر خىل ئۇسۇل، شەكىللەردە تەتقىق ۋە
مۇلاھىزە قىلىنىپ، چوڭقۇر ئىلمىي ئاساسلىرى ئىسپاتلاپ چىقىلدى.
بۇ ھەقتە كەڭ كۆلەمدە ئىزدىنىشلەر، تەشەببۇسلار ئېلىپ بېرىلىپ، تەش-
ۋىقات، مۇنازىرىلەر قىزىپ كەتتى. نەتىجىدە، ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىز بۇ-
لۇتنى يېرىپ چىققان قۇياشقا ئوخشاش بىردىنلا ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى.
بۇ ئالدى بىلەن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئېسىل ئەنئەنىلەرنى تەشەب-
بۇس قىلىش، ھەر خىل كىتابلارنى نەشر قىلىش، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى
ئۇيۇشتۇرۇش، كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلەشتە ئىپادىلەندى.
بۇرۇنقى ئەجنەبىيچە دىسكوخانىلارمۇ بارا - بارا ئازىيىپ، دەۋرگە ماسلاش-
قان مىللىيچە بەزمىخانىلار مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنئەنىۋى
يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇقلۇق مەھسۇلاتلىرى بازىرى قىزىپ كەتتى. يوشۇ-
رۇن كۈچى غايەت زور بولغان بۇ بايلىقىمىز يانار تاغدەك بىردىنلا پارتلاپ،
رايونىمىزدا تېزلا زور كۆلەم ھاسىل قىلىش بىلەن بىللە، ئىچكىرى ئۆل-
كە بازارلىرىغىمۇ سىڭىپ كىردى. ھازىر نەگىلا قارىساق، ئەنئەنىۋى ئۇس-
لۇبتا، ھەشەمەتلىك، كۆركەم بېزەلگەن، ئەنئەنىۋى تاماقلار ئېتىلىدىغان،
مىللىي ناخشا - مۇزىكىلار قويۇپ بېرىلىدىغان ئاشخانا، تېز تاماقخانىلار
قىزىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەنئەنىۋى رېتسېپ بىلەن، ئەنئەنىۋى
ـوزۇقلۇقلاردا ئىشلەنگەن قۇۋۋەت تولۇقلاش، ساقلىقنى ساقلاش مەھسۇلات-
لىرىنىڭغۇ سانىنى ئېلىپ بولغىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ سانى، مەھسۇلات
تۈرى كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە، سۈپىتىمۇ تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈ-
رۈلۈپ، دۆلەتنىڭ يۇقىرى ئۆلچەمدىكى تۈرلۈك تەكشۈرۈشلىرىدىن ئۆتۈپ،
ئىچكىرى ئۆلكە بازارلىرىدىن ھالقىپ، دۇنيا بازارلىرىغا يۈرۈش قىلىدى.
بۇ تەبىئىي ھالدا خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ئىپتىخارلىق ھېسسىيا-
تى بىلەن تولدۇردى. بۇنىڭغا ماسلىشىپلا يەنە يەرلىك، ئەنئەنىۋى ماتېرى-
يالاردىن ئىشلەنگەن ھەر خىل تۇرمۇش، گىرىم بۇيۇملىرى، كىيىم -
كېچەكلەرمۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر بازىرىنى قاپلىدى. غايەت زور تەرەققىيات
ئىستىقبالىغا ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكىمىز ئۆزىنىڭ ئەمەلىي

قىممىتى بىلەن تېزلا بۇ دولقۇنىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقتى. بۇ خىل «ئۇيغۇرچە» مەھسۇلاتلارنىڭ سۇپىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇشۇنداق قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىنىڭ بولۇشى يەنىلا ئىنتايىن ياخشى ئىش. چۈنكى بولمىغىنىدىن بولغىنى ياخشى. بولغان ئىكەن بازار ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە، ناچىرىنى شاللاپ، ياخشىلىرىنى ئىلغىۋالىدۇ. كۆپ بولغانچە رىقابەت كەسكىن بولىدۇ، سۈپەت يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. يۇقىرىدىكى كەيپىياتلارنىڭ تەسىرىدە، جەمئىيىتىمىزدە مىللىي ئەخلاق مىزانلىرىغا رىئايە قىلىدىغان، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ياشلار بارا ـ بارا كۆپەيدى. ئەقەللىي بىر مىسالنى ئالساق، ئىلگىرى كىشىلەر ئارىسىدا ئەسلىي ئادىتىمىز بويىچە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالاملىشىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز ئىدى، ھەتتا بەزىلەر ئۆزلىرىچە مەدەنىيلىشىپ، «ياخشىمۇ سىز» دەپ سالاملىشاتتى. ھازىر قاراپ باقساق، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەيدىغان سالاملىشىش ئادىتىنىڭ ناھايىتى ئومۇملاشقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

**ئالتىنچى، رىقابەت ئېڭى كۈچەيدى**

يۇقىرىقىدەك ئىجابىي كەيپىياتلارنىڭ ئەۋج ئېلىشى خەلقىمىزنىڭ رىقابەت ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولدى. رىقابەت ئېڭى بولسا بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، شۇڭا بۇ خىل ئاڭنى يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. خەلقىمىز ئالدى بىلەن تىلنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشتىكى قورال ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ئالدى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن خەلقنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىدىغانلار تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى. تىلدىن ئىبارەت بۇ كەلگۈسىنىڭ يول خېتىگە ئېرىشكەن بىر قىسىم ياشلار دۇنياغا، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۈرۈش قىلىپ، ھەر كەسىپ، ھەر ساھەلەردە ئىشلەپ، رايونىمىزدىكى قېرىنداشلىرىغا ئۈلگە بولدى. يەنە كومپيۇتېرنىڭ زامانىۋى رىقابەتتىكى مۇھىم رولىنى تونۇپ يەتكەن نۇرغۇن ياشلار زور ئېقىن ھاسىل قىلىپ، بۇ ساھەگە قەدەم تاشلاپ، كومپيۇتېر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەھمىيەتلىك ھايات مۇساپىسىنى يېزىشقا باشلىدى. ھەتتا، يۇمشاق، قاتتىق دېتال تەتقىقاتىدا دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكەن ياشلارمۇ بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، زور بىر تۈركۈم كىشىلەر، ھەتتا دېھقان ياشلىرىمۇ ھۈنەر، تېخنىكىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، كەسپىي تېخنىكا تەربىيىلەش مەركەزلىرىدە ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىنىدىغانلارنىڭ سانى يىلمۇ يىل ئېشىپ باردى. رىقابەت تۇي-

غۇسى ھەر ساھە، ھەر كەسپتىكىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن يېڭى ئىختىرا ـ كەشپىياتلار، ئىجا ـ دىيەت ـ مەھسۇلاتلار، كىتاب ـ نەشر بۇيۇملىرى مەيدانغا كېلىپ، تە ـ رەققىياتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە زور تۈرتكە بولدى. بۇ خىل ئەھۋال تەبى ـ ئىي ھالدا سودا ساھەسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان قاينام ـ تاشقىنلىق بازار مۇھىتىنى شە ـ كىللەندۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا زور قۇلايلىق ياراتتى.

**يەتتىنچى، ئاۋامنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قاتناش ئىشلىرى مىسلىسىز تېز تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت ناھىيە، بازارلىرىغىچە يۇقىرى سۈرئەتلىك، يۇقىرى دەرىجىلىك يوللار، تۇپتۇز ئاسفالت يوللار ئېلىنىپ، تاشيول قات ـ نىشىنىڭ تورلىشىش دەرىجىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تاش ـ يول قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىلغارلىق دەرىجىسىمۇ بارغانسېرى ئۆستى. ھاۋا قاتنىشى، تۆمۈريول قاتنىشىمۇ بارا ـ بارا ئومۇملىشىپ، سۈرئىتى يىلمۇ يىل تېزلەشتى. ئىلگىرىكى يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت نا ـ ھىيىلىرىدىن مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە ئىككى ـ ئۈچ ئايدا، كېيىن بەش ـ ئون كۈندە بارىدىغان ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلىپ، تاشيول، تۆمۈريول قاتنىشىدا يىگىرمە نەچچە سائەتتە، ھاۋا قاتنىشىدا بىر قانچە سائەتتىلا ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. كەنتلەردىن يېزىلارغا، يېزىلاردىن ناھىيە، شەھەرلەرگە ۋە يەنە ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون مەركىزىگە قاتلامۇ قاتلام قاتناش تورى شەكىللىنىپ، قاتناش ئىشلىرىدا مىسلىسىز قۇلايلىق يارىتىلدى. بۇ تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ بېرىش ـ كېلىشىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، «بوسۇغا ئاتلاش» دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدى. ئىلگىرىكى يىللاردا چەت يېزا، قىشلاقلاردا قاتناشنىڭ قۇلايسىزلىقى سەۋەبىدىن ئۆ ـ مۈر بويى ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ باقمايدىغان، شەھەرگە كىرىپ باقمىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھازىر دېھقانلارنىڭ ئىچىدىمۇ «تەۋەككۇل» دەپ ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلغان رايونلاردا تىرىكچىلىك قىلىدى ـ غانلار تېز كۆپەيدى. «كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلۇر، كۆرمىگەن نېمىنى قى ـ لۇر» دېگەندەك بۇ تەبىئىي ھالدا دېھقانلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، ئىدىيىسى ـ نىڭ يېڭىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن، تارقىتىش ۋاسىتىلىرى، ئۇچۇر، ئالاقە ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى،

دىيارىمىزنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تورلىنىشى، خەلقىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىدە غايەت زور رول ئوينىدى. يېقىنقى ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيان، رادىئو - تېلېۋىزىيە، خەۋەرلىشىش تورى رايونىمىزنىڭ ئەڭ چەت يېزا - قىشلاقلىرىغىچە ئومۇملاشتى. ھازىر ئەڭ چەت رايونلاردىكى دېھقانلارمۇ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، رادىئو - تېلېۋىزوردىن دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىدىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولالايدىغان، دۆلەتنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىدىن ئۆز ۋاقتىدا ۋاقىپ بولالايدىغان، تېلېفوننى قولىغا ئېلىپلا يەر شارىنىڭ باشقا نۇقتىسىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان، پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ھەتتا كومپيۇتېرمۇ خېلى دەرىجىدە ئومۇملىشىپ، يېزا - كەنت، ئائىلىلەرگىچە كىرىشكە باشلىدى. ھازىر كۆن بويى ئېتىزدىن كەلمەيدىغان دېھقانلار يانچۇقىدىن يانفوننى چىقىرىپلا، خالىغان ۋاقىتتا خالىغان ئادەمى بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ. كومپيۇتېر، كىتاب - ژۇرناللارنى، رادىئو - تېلېۋىزورنى ئېچىپلا يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىگىلىيەلەيدۇ. يۇقىرىقىلار تەبىئىي ھالدا ئاۋامنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىدە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئىلگىرىكى يىللاردا دېھقانلارنىڭ پاراڭ تېمىسى يەر، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان، نەزەر دائىرىسى تار بولغان بولسا، ھازىر ئۇلار خەلقئارا ۋەزىيەت، ئېقىم مەسىلىلىرى، دۆلەت ئىچى ئەھۋالى قاتارلىق تېمىلاردا ئەركىن مۇنازىرىلىشەلەيدىغان، ھەتتا بەزى تەرەپلەردە دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە قارىغاندىمۇ ئەتراپلىق تەھلىل، ھۆكۈم قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. بىلىش دائىرىسى كېڭىيىپ، مەنىۋى ساپاسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

**سەككىزىنچى، ساغلاملىق ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى**

ساغلاملىق — ھاياتلىقتىكى مەڭگۈلۈك تېما. ساغلام بەدەن بولغاندىلا ساغلام ھايات بولىدۇ، ساغلام ھايات بولغاندىلا ساغلام دۇنيا، ساغلام جەمئىيەت يارىتىلىدۇ. ساغلاملىق ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان، مەنىۋىيىتى يۇكسەلگەن جەمئىيەتتىلا ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ. ئىلگىرىكى يىللاردا خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى دېگەندەك ياخشى بولمىغاچقا، ئاساسەن قورساق تويغۇزۇش سەۋىيىسىدىلا تۇرۇپ كەلگەن، يېمەك - ئىچمەكنىڭ سۈپىتى جەھەتتە ئىزدىنىشكە قۇربى يەتمىگەنىدى. بىر ئولتۇرۇشتا بەش - ئالتىلەپ ناننى، ئون - يىگىرمىلەپ ھور ناننى ياكى مانتىنى يەۋېتىدىغان كىشىلەر، لېگەندە لەغمەن يەيدىغان، پەتنۇسلاپ پولۇ يەيدىغان ئەھۋاللار خېلى كۆپ ئىدى. تاماقنىڭ سۈپىتى، مەنپەئەت

قىلىش ـ قىلماسلىقى ئەمەس، قورساق تويغۇزۇشلا نىشان قىلىناتتى. ئە-
مەلىيەتتە، «كۆپ يېيىش ھايۋاننىڭ ئىشى» دېگەندەك، تاماقنىڭ ئوزۇقلۇق
تەركىبى بىلەن ھېسابلاشماي، ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېيىش ئەقلىنى كې-
سىپ، تەپەككۇرنى گاللاشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز «ھۆرمەت تىلى-
سەڭ ئاز دە، سەھەت (ساقلىق) تىلىسەڭ ئاز يە» دېگەن ھېكمەتنى يەكۈن-
لىگەن. مانا ھازىر قاراپ باقساق، ئىقتىسادىي شارائىتىمىزنىڭ ياخشىلى-
نىشى، مەنىۋى ساپايىمىزنىڭ تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە،
كىشىلەر يېمەك ـ ئىچمەك سۈپىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، تەن
ساقلىققا ھەر دائىم كۆڭۈل بۆلىدىغان، بولۇپمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلام-
لىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇ خىل
ئېھتىياج تەبىئىي ھالدا تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، مىللىي كارخانىلارنىڭ
يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك بەس ـ بەستە كۆكلەپ، مېۋە
بېرىشىگە مۇنبەت زېمىن ھازىرلىدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ساغلاملىق
مەھسۇلاتلىرى ئاۋامنىڭ بەدەن ساپاسىنى ياخشىلايدىغان، بۇ خىل ئېھتى-
ياج مىللىي سودىنى گۈللەندۈرىدىغان ئايلانما شەكىلدىكى مۇۋازىنەتنى
شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە، يېڭىدىن يېڭى تاماقخانىلار مەيدانغا كېلىپ،
تاماقلىنىش ئادەتتىكى ھالدىكى تويۇنۇشتىن، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، ساغلام-
لىقنى ئاشۇرۇش، ھوزۇرلىنىش، ئارام ئېلىش، ئۆزئارا پىكىرلىشىش پائا-
لىيىتىگە ئايلاندى. ئاز، ساز يېيىش ئومۇملىشىشقا يۈزلەندى. ئاۋامنىڭ بۇ
خىل ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان ھالدا ھەر خىل مىزاجلارغا ماس كې-
لىدىغان، ئوزۇقلۇق ۋە پايدىلىق تەركىبلەر يۇقىرى ئەنئەنىۋى تائاملار
قايتىدىن ئۆز سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقى-
دىكى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا ئوزۇق-
لۇق تولۇقلايدىغان، ساغلاملىقنى ئاشۇرىدىغان كۆپلىگەن ساغلاملىق مەھ-
سۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىمۇ بۇ
خىل ئېھتىياجغا ماس ھالدا گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى كۈتۈۋالدى. ئەڭ مۇ-
ھىمى، ساغلام ئائىلە، ساغلام تۇرمۇش، ساغلام ھايات ھەققىدە نۇرغۇن ما-
قالە، كىتابلار يېزىلىپ، كىنو ـ فىلىملەر ئىشلىنىپ، تەشۋىقات ـ تەر-
بىيە خىزمىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ بۇ جەھەتتىكى
ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلدى. ساغلاملىق ھەققىدىكى كۆپلىگەن ئىلمىي قانۇ-
نىيەتلەر، پايدىلىق تەجرىبە ـ ئۆرنەكلەر يەكۈنلەندى. دېمەك، ھازىر ئۇي-
غۇر جەمئىيىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك ساغلاملىق جېڭى شەكىللىنىپ، ئومۇم
خەلقنىڭ ساغلاملىق ساپاسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھازىر

كىشىلەر يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىستېمالىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، تۇجۇپىلەپ تاللايدىغان، تۇرمۇش، يېمەك ـ ئىچمەكىنى تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرىدىغان، ئوزۇقلۇق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغاندا ئەڭ ئالدى بىلەن بۇ خىل مەھسۇلاتنىڭ جىسمانىي ساپا ۋە ئەقلىي ساپاغا قانچىلىك مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىشىدىغان بولدى.

دېمەك، يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە، مەدەنىيەت قاتلىمىدا يۇقىرىقىدەك يۈكسىلىشلەر مەيدانغا كەلدى. ۋەھالەنكى، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، تەرەققىيات يەنە بىر قىسىم يېڭى زىددىيەتلەرنى، يېڭى ئىللەتلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى، يەنە بىر قىسىم ئەسلىدىنلا مەنىۋىيىتىمىزدە بار بولغان ئىللەتلەر تەرەققىيات داۋامىدىكى بەزىبىر خاھىشلار بىلەن ئوغۇتلىنىپ، تېخىمۇ كۆكلەپ باراقسانلاش مۇھىتىغا ئىگە بولۇۋالدى. رايونىمىزدا زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ، ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساتقۇچىلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. يېڭى ـ يېڭى جىنايەت تۈرلىرى پەيدا بولۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا زور تەھدىت شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىتتىپاقسىزلىق، ياسالمىلىق، لەۋزىدە تۇرماسلىق، پەزىلەتسىزلىك، سودىدىكى ئالدامچىلىق، قويمىچىلىق، كۆز بويامچىلىق، قاقتى ـ سوقتى قىلىش، تۇرمۇشتىكى ھاياسىزلىق، شەپقەتسىزلىك، ئىسراپچىلىق ئىللەتلىرى باش كۆتۈرۈپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كېتىپ، مەنىۋى ئىستىھكامىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. لېكىن، جەمئىيەت ھامان زىددىيەت ئىچىدە ئىلگىرىلەيدۇ، كەمچىلىك، نۇقسانسىز مىللەتمۇ بولمايدۇ. بىز گۈزەل، ئاسايىشلىق ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقان، نۇتۇق، ماقالىلىرىمىزغا مىسال ئېلىۋاتقان ياۋروپا، ئامېرىكىغا ئوخشاش دۆلەت، رايونلاردىمۇ جەمئىيەت تەرتىپى، مىللەتنىڭ مەنىۋى ھالىتى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئىللەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ يېتىۋاتىمىز. دېمەك، ھەر قانداق جەمئىيەت، مىللەتتە ئوخشىمىغان دەرىجىدە كەمچىلىك، ئىللەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. گەپ جەمئىيەت ئەزالىرىدا بۇ خىل ئىللەتلەرنى تۈزىتىش ئاڭلىقلىقى ۋە ئىرادىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىدا، بۇ خىل ئاڭلىقلىقنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىش ـ ئايلىنالماسلىقىدا. خەلقىمىزدە بۇ خىل كەيپىيات ئومۇمىي ئاڭلىقلىققا ئايلىنىپ، مەنىۋى جەھەتتىن نۇرغۇن يۈكسىلىشلەرنى ھاسىل قىلدى. بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش

زۆرۇر. دۇنيادا ماختاش، ئىلھام بېرىشتىنمۇ ئارتۇق ئۇنۇملۇك قوزغاتقۇچ يوق. شۇڭا، ئاپتورلىرىمىز، مەتبۇئاتلىرىمىز ھەدەپ پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش تۇسىدىكى مەزمۇنلارغىلا يېپىشىۋالماي، نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ئېقىمنى كۆرۈپ يېتىپ، خەلقىمىزگە كۆپرەك ئىلھام بېرىشى، مەدەت بېرىشى زۆرۇر.

2007 ـ يىلى، تۇرپاندا يېزىلدى.





# يەنە ۋاقىت توغرىسىدا سۆزلەيمەن

كۆز كىرىپ قىشنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، رېستورانلاردا توي - مەرىكىلەر ئالاھىدە قىزىپ كەتتى. قايسىلا رېستورانغا بارسا نىكاھ تويى، خەتنە تويى، بۆشۈك تويى... بۇ تويلارنىڭ ھەممىسىدە يەنە شۇ بىرلا خىل ھالەت: سائەتلەپ مېھمان ساقلاۋاتقان، ۋاقىت كېرەكسىز ئەخلەتتەك ئىسراپ بولۇۋاتقان... بىر تىت - تىتلىق ئىچىدە ئادەم ساقلاۋاتقان، قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك قاتتىق مۇزىكا، شاۋقۇن ساداسى ئىچىدە شالاپلىتىپ تاماق يەۋاتقان. قىرلىق ئىستاكانلاردا ھاراق ئىچىۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا بىزنىڭ ئېڭىمىزنىڭ، تەپەككۇرىمىزنىڭ سىرتىدا قالغان ۋاقىت نۇرغۇن قىممەتلىك بايلىقلىرىمىزنى — يېڭىلىق، تۆھپە يارىتىش پۇرسىتىمىزنى، بېيىش، ئىگىلىك تىكلەش ئىمكانىيىتىمىزنى، تەن ساقلىقىمىزنى، گۈلدەك ئۆمرىمىزنى تۈيدۈرماستىن ئېلىپ كېتىۋاتقان... يەنە شۇ بىز قەدىرسىز خەستەك كۆرۈۋاتقان ۋاقىت ئىچىدە باشقا مىللەتلەر ئادەم ئىشەنگۈسىز ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرىنى يارىتىۋاتقان، ئاجايىپ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىۋاتقان، ھەر بىر مىنۇت ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشنى دەھشەتلىك پاجىئە بىلىپ، تەخىرسىز رىقابەت تۇيغۇسى ئىچىدە ۋاقىت بىلەن بەيگىگە چۈشۈۋاتقان... ۋادەرىخا، مۇشۇلارنى ئويلىغاندا ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنىدۇ، قورققۇسى كېلىدۇ! ئادەمنىڭ ئۆمرى ئاققان سۇغا، ئاتقان ئوققا ئوخشايدىغۇ ئاخىر؟ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قېرىلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويساق، ئاشۇ پاسىلغا يېقىنلاپ قالساق، ئىسراپ قىلىۋەتكەنلىرىمىز ئۈچۈن بېشىمىزنى تاشقا ئۇرۇپ پۇشايمان قىلساقمۇ ئورنىغا

كەلمەيدۇ. ئادەمگە ھاياتنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە قوروق قول بېرىشتىنمۇ ئارتۇق ئېغىر قىسمەت بولمىسا كېرەك. خەلقىمىز ئىسراپچىلىقنى ئىنتا-يىن يامان كۆرىدۇ، ئىسراپچىلىق قىلغان ئادەم ھامان جازاسىنى تارتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ۋاقىت ئىسراپچىلىقىمۇ دەل مۇشۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە.

ھەممىمىز مەرىكىلەرگە مېھمانلارنىڭ كېچىكىپ بارىدىغانلىقىنى بىلـ-گەچكە، ۋاقىتنى ئالدىغا سۈرۈپ باغاقىقا «سائەت بەشتە» دەپ يېزىپ قويىـ-مىز. ھەتتا، ھېچقانداق رولى بولمايۋاتقان «ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت» دې-گەن ئىبارىنى ئەسكەرتىپ قويىمىز. مېھمانلارمۇ باغاقتىكى ۋاقىتنىڭ «ئىچكى سىرى»نى بىلگەچكە، بالدۇر بارغان بىر - ئىككىيلەن سائەت ئال-تىدە، كۆپىنچىمىز سائەت يەتتە - سەككىزلەردە مەرىكىگە بارىمىز. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر - بىرىمىز بىلىشىدىغان ئالدامچىلىقتا ھەر بىرى-مىزنىڭ ئىككى - ئۈچ سائەت ۋاقتى ئىسراپ بولىدۇ. بىر مەرىكىدە ئوت-تۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئادەمنىڭ ئۈچ سائەتتىن ۋاقتى ئىسراپ بولسا، مەرىكىگە بەش يۈز ئادەم قاتناشقان بولسا، بىر مەرىكىدە جەمئىي بىر مىڭ بەش يۈز سائەت ئىسراپ بولدى، دېگەنلىك بولىدۇ. يىگىرمە تۆت سائەت دېگىنىمىز بىر ئادەمنىڭ بىر كېچە - كۈندۈزلۈك ئۆمرى دېگەن گەپ. ئە-مەلىيەتتە، تىرىشچان بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىدا يى-گىرمە تۆت سائەت دېگەن قانچىلىك ئۇزۇن ھەم قىممەتلىك ۋاقىت - ھە! ئەپسۇسكى، بىز بۇ ۋاقىتنى ھەر كۈنى ئورۇنسىز ئىسراپ قىلىۋاتىمىز.

بىر كۈنى ئىدارىدىكى بىر ياش خىزمەتدىشىمىزنىڭ توي مەرىكىسىگە باردۇق. باغاقتا «سائەت بەشتە» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بىز بىر ئىدارىدا بولغاچقا بالدۇرراق بارايلى، دېيىشىپ، خەنزۇ، خۇيزۇ خىزمەتداشلار بىلەن بىرگە دەل ۋاقتىدا رېستورانغا يېتىپ باردۇق. بىز بارساق رېستوراندا يې-گىت بىلەن قىزدىن باشقا ھېچكىم يوق بولۇپ، مېھمانلارنىڭ ئالدى - ئا-خىرى كېلىپ بولغۇچە بىر يېرىم سائەت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن تا-ماق تارتىلمىدى. بىز بۇ ئەھۋالغا كۆنۈك بولغاچقا، قورساق ئاچلىقنى چاي بىلەن بېسىپ ئولتۇرۇۋەردۇق. لېكىن، خەنزۇ يولداشلار چىدىمىدى، ئۇلارغا قورساق ئاچلىقىدىن كۆرە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، ئورۇنسىز ساقلاش، ۋەدىسىزلىك قاتتىق ئېغىر كەلگەندى. ئۇلارنىڭ ئوچۇق - ئاش-كارا نارازىلىق بىلدۈرۈشىدىن نومۇس قىلىپ، يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولدۇم. بىزنىڭ بىر يېرىمىز ئېچىلىپ قېلىۋاتقاندەك، ئۇلار بىزنى مەس-خىرە قىلىۋاتقاندەك، «مۇشۇنداقلىغىڭلاردىن بولۇشۇڭلار شۇ» دەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. راست ئەمەسمۇ؟ كۆپىنچىمىزنىڭ باشقا مىللەتلەرنى

ياراتقۇمىز كەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ كىچىككىنە كەمچىلىكلىرىنى كۆپتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىمىز، ئۆزىمىزنى «ئۇنداق مەدەنىي، بۇنداق پارلاق تارىخ ياراتقان» دەپ ماختىنىمىز. مىڭ ئەپسۇسكى، باشقا مىللەتلەر بىز تىلغا ئېلىۋاتقان كەمچىلىكلىرىنى ئاللىقاچان تۈزىتىپ بولدى، بىراق، بىزچۇ؟ دۇنيادا ھېچقانداق بىر مىللەت ۋاقىتنى بىزدەك ئىسراپ قىلمايدۇ، ھېچقانداق بىر مىللەت ھاراقنى بىزدەك كۆپ ۋە ئورۇنسىز ئىچمەيدۇ، ھېچقانداق بىر مىللەت بىزدەك ئانا مەدەنىيىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئەجنەبىي مەدەنىيەتكە ئەسەبىيلەرچە مەپتۇن بولمايدۇ... مانا ھازىر بىز تۈزىتىش ئەڭ زۆرۈر ھەم تەخىرسىز بولغان، ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايمۇ تۈزىتىپ كېتەلەيدىغان، ئەڭ ئادەتتىكى، ئەمما ماھىيەتلىك بىر كەمچىلىكنى، يەنى ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئەجەللىك يېتەرسىزلىكنىمۇ تۈزىتىپ كېتەلمەي، ھەممىمىز بىلىپ تۇرۇپ شۇ قاينامغا ئەگىشىپ كېتىۋاتىمىز.

ھازىر ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنىڭ گېپىنى قىلساقلا بەزىلەر «بىزنىڭ بۇنداق نادانلىقىمىز ئۆزگەرمەيدۇ، شۇڭا بىز تەرەققىي قىلالمايمىز» دېيىشىپ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن بېشىنى چايقايدۇ. كونىلاردا «ئۈمىدسىز شەيتان» دېگەن گەپ بار، بۇ مەسىلىدە ئۈمىدسىزلىنىشكە، بەل قويۇۋېتىشكە، كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسىدە بولۇشقا بولمايدۇ. دۇنيادا ئۆزگەرمەيدىغان شەيئى يوق. بۇ خىل ھالەتنى كۆپىنچە مىللەتلەر باشتىن كەچۈرگەن، ئۇلارمۇ بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇشۇنداق ئەگرى ـ توقاي يوللارنى تاماملاپ، تەرەققىيات داۋامىدا ئىللەتلىرىنى تۈزىتىپ ھازىرقى ھالەتكە كەلگەن. بىزدىمۇ بۇ جەھەتتە ئۆيغىنىشلار بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، ھازىر زېمىنىمىزدا ھاراق ئىچىش قىزغىنلىقى ئومۇميۈزلۈك پەسكويغا چۈشتى، ھېچبولمىسا ئىلگىرىكىدىن خېلى پەسەيدى، دېيىشكە بولىدۇ. بۇرۇنقىدەك ھاراق ئىچىشتە بەسلىشىدىغان، كۆپ ھاراق ئىچىشنى شۆھرەت دەپ بىلىدىغان، سورۇنلاردا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ ھاراق ئىچىدىغان ئىشلار ئازىيىپ كەتتى. ئورۇمچىدە ھاراق ئىچىش چەكلىنىدىغان، جىمجىت، پاكىز ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان كۆپلىگەن ئاشخانىلار مەيدانغا كەلدى. توي ـ تۆكۈنلەرنىمۇ ھاراقسىز ئۆتكۈزىدىغان كەيپىيات خېلى ئەۋج ئېلىپ قالدى. قاراڭ، بۇ ئىللەتلىرىمىزنىڭ تۈزۈلۈۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئەمەسمۇ؟ ۋاقىت ئىسراپچىلىقى جەھەتتىمۇ، ھازىر ھەممە ئادەم بۇ ھەقتە بەس ـ مۇنازىرە قىلىدىغان، توي ـ تۆكۈنلەردە تىت ـ تىتلىق ئىچىدە مۇشۇ ھەقتە سۆزلىشىدىغان ھالەت شەكىللەندى. خوش، ھازىر كۆپىنچىمىز مە-

رىكىلەردە ۋاقىتنىڭ بىھۇدە ئىسراپ بولۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىپتىمىز،
ئۇنداقتا بۇ خىل ئىللەتنى نېمىشقا كەسكىن تۈزەتكىلى بولمايدۇ؟ بۇ يە-
نىلا مىللىتىمىزدىكى قائىدە - يوسۇنغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، كۆڭۈلچەك-
لىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان، دوست - يارەن، قېرىنداشلىقنى ئىن-
تايىن قەدىرلەيدىغان، باشقىلارنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايدىغان گۈزەل
ئادەتلىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نىسبەتەن ئىلغار بولغان بۇ خىل ئې-
سىل پىسخىك خاراكتېر بۇ يەردە سەلبىي رول ئويناپ قالغان. ساھىبخان
«مېھمانلارنى سائەت بەشكە ئېيتتىم، ئۆلگۈرۈپ كېلەلمىسە ئۆزىنىڭ شو-
رى، تاماقنى تارتىپ، سورۇننى باشلاۋېرەيلى» دېيەلمەيدۇ. چۈنكى ئەتىسىلا
جەمئىيەتتە سۆز - چۆچەككە قېلىشتىن، قېرىنداش، دوست - بۇرادەرلە-
رىنىڭ تاپا - تەنىسىدىن، «تويى قىزىماپتۇ» دېگەن سۆزنىڭ چىقىشىدىن
قورقىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مېھمانلار داستىخان قىلىپ ئەكىلىدىغان
ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىنمۇ ئەنسىرەيدۇ. بالدۇر كەل-
گەن مېھمانلارمۇ «ساھىبخان ۋاقىتقا رىئايە قىلمىدى، تاماقنى ۋاقتىدا
تارتمىدى، شۇڭا قايتىپ كېتەيلى» دەپ سورۇننى تاشلاپ كېتەلمەيدۇ.
چۈنكى ئۇلارمۇ قېرىنداش، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ تاپا - تەنىسىدىن،
ساھىبخانىنىڭ ئۆزىدىن رەنجىشىدىن قورقىدۇ. مۇشۇنداق زەنجىرسىمان
كۆڭۈل ئىزدەشلەر بىزنى بۇ پاتقاققا چوڭقۇر سۆرەيدۇ. بۇ ئىشنىڭ خاتا
بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىمىزيۇ، ئۆزىمىز خالار - خالىماي، مۇشۇ قاي-
نامغا كىرىپ كېتىمىز.

خوش، ئۇنداقتا ھەممىمىز بىلىپ تۇرۇپ سادىر قىلىۋاتقان، تۈزىتىش
ئىنتايىن زۆرۈر بولغان، مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازىغا، تەقدىرىگە بې-
رىپ تاقىلىدىغان بۇ خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ چارىسى بارمۇ، يوق؟ مېنىڭ-
چە، مەرىكىلەردىكى ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى تۈزىتىش ئۈچۈن بىر قانچە
خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ: بىرىنچى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار،
ئاممىۋى تەشكىلاتلار باش بولۇپ، تۈزۈم، تەرتىپلەرنى ئورنىتىپ، مەرىكى-
لەردىكى ۋاقىتنى، مېھمان سانىنى، تاماق چىقىمىنى تىزگىنلەشكە بولى-
دۇ. مەسىلەن، ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشى، قاتتىق تۇتۇ-
شى نەتىجىسىدە، نەزىر - چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي - ساددا، تېجەشلىك
ئۆتكۈزۈش ئاساسەن ئومۇملاشتى. شۇنىڭغا ئوخشاش، مەرىكە ئۆتكۈزىدىغان
پارتىيە ئەزالىرى، دۆلەت كادىرلىرىنى باشلامچى قىلىپ، ئۇلارغا قاتتىق
تەلەپ قويۇپ، رېستورانلارغىمۇ تۈزۈم بېكىتىپ، مەخسۇس نازارەتچى،
تەكشۈرگۈچىلەر ئارقىلىق ھەيدەكچىلىك قىلىپ، بۇ ئىشنى تەرتىپ، ئىن-

زىغا سېلىشقا بولىدۇ. ئىككىنچى، تەشۋىقات، تەرغىبات خىزمىتىنى يەنىمۇ جىددىي ئىشلەپ، كوللېكتىپ ئىمزا قويۇش، ئەھدىنامە يېزىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئىلغارلار ئارقىلىق يېتەكلەپ، بۇ ئىشنىڭ ئۇنۇمىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئەڭ مۇھىم تەدبىر شۇكى، بۇ ئىشنى ھەممەيلەن ئۆزىمىزدىن باشلىشىمىزغا، ۋىجدانىي تۇيغۇدا تۇرۇپ ۋاقىتقا مەسئۇل بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشتا دەسلەپتە قۇربان بەرگۈچىلەر مەنىۋى جەھەتتىن قىسقا مەزگىل بېسىمغا ئۇچرىشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيان تارتىشى مۇمكىن. لېكىن، «مەرىكىلەردىكى ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى تۈگىتىش» تىن ئىبارەت بۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەنىۋى قۇرۇلۇشنى ھامان بىر قانچە پىداكار ئەزىمەتنىڭ باشلاپ بېرىشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەزىمەتلەر كۆز ئالدىدا زىيان تارتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جامائەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە، خەلقىمىزنىڭ يۇقىرى باھاسىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئەزىز قېرىنداشلار، بىزدىكى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ھەرگىزمۇ مۇنداقلا دەپ قويغان ئاددىي ئىش ئەمەس. ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە، ۋاقىت دېمەك جان دېمەك، ھاياتلىق دېمەك، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىرى دېمەكتۇر. ۋاقىت ئىسراپچىلىقى كەلگۈسىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئاپەتتۇر. بۇ ئىشنىڭ تەخىرسىزلىكى ۋە جىددىيلىكىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ھەر بىر ئادەم مەسئۇلىيەتچان مەيداندا، مىللەتكە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، بۇ سەپنىڭ پىداكارلىرىدىن بولۇش شەرىپىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

# ستۇدېنتلارنىڭ يانفونى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپلا دىققىتىمنى تارتقان بىرىنچى ئىش — ئوقۇغۇچىلاردا كەڭ ئومۇملاشقان يانفون ئىشلىتىش ئادىتى بولدى. بۇ يەردە بەش ئاي بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يانفون ئىشلىتىش، يانفوننى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسى زادى كاللامدىن چىقمىدى. بىز ئەينى يىللاردىكى ئۇچۇرسىز مۇھىتتا، يەنى تېلېفونسىز، تورسىز، ھەتتا تېلېۋىزورمۇ ئەمدىلا ئومۇملىشىشقا باشلىغان مۇھىتتا ئوقۇغان بولغاچقىمۇ، بۇ ئىش مېنى تەئەججۇپلۇك خىياللارغا ئەسىر قىلدى. بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانفونغا سەرپ قىلىۋاتقان پۇلى، ۋاقتى، زېھنىنىڭ غايەت زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى مېنى چۆچۈتتى. ئەلۋەتتە، مەن بۇ ئىشنى ئۆز كۆز قارىشىم، كۆرگەن، ئويلىغانلىرىم بويىچە خاتا دەپ ھېسابلىسام، تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ رايىغا قارشى گەپ قىلغان بولاتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يانفون (يانفون، كىچىك زېرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى» نى تۈزۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردىكى نەچچە يۈز ئوقۇغۇچىغا تارقىتىپ، يىغىۋېلىپ مۇلاھىزە قىلدىم. نەتىجە مېنى ھەيران قالدۇردىكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچى «يانفون بولمىسا بولمايدۇ، يانفون مېنىڭ ھاياتىمدىكى زۆرۈر قورال» دەپ قارايدىكەن. دېمەك، كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار يانفوندىن ئايرىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. بۇ يەردە سۆزنىڭ ئورامىغا دىققەت قىلىش كېرەككى، «يانفون ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمراھىغا ئايلانغان» بولماستىن، «ئوقۇغۇچىلار يانفوندىن ئايرىلالمايدى-

غان» بولۇپ قالغان، يەنى ئوقۇغۇچىلار يانفوننى باشقۇرماستىن، يانفون ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرىدىغان، ئوقۇغۇچىلار يانفوننىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدىغان، يانفوننىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن.

يىغىۋالغان جەدۋەللىرىمنى تەپسىلىي مۇلاھىزە قىلىش، بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى، جەمئىيەت ئەربابلىرىنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق مەلۇم چۈشەنچىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ مەسىلە ھەققىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم. چۈنكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى غايەت زور ئىجتىمائىي توپ، ئۇلار ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى. ئۇلارنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى كەلگۈسى تەرەققىياتقا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى توغرا كەيپىياتقا، توغرا ئىدىيىگە يېتەكلەشتە جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئىلەمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى بار. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوت يۈرەك، قىزغىن، جۇشقۇن، تىرىشچان، كۆپ ساندىكىلىرى غايىلىك، ئۈمىدۋار بولسىمۇ، كۆپىنچە ھاللاردا ئاسان تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەك، قاراشلىرى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بولغاچقا، بەزى مەسىلىلەرگە مۇستەقىل ھۆكۈم قىلالمايدۇ، ھېسسىياتچان، رومانتىك كېلىدۇ، پسىخىك تۇرمۇش مەسىلىلىرىدە بەزىدە ئۆزىنى كونترول قىلالماي قالىدۇ. مەلۇم يېتەكلەشكە، ئىلھاملاندۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يانفون ئىشلىتىش ھادىسىسىمۇ دەل يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەر سەۋەبىدىن توغرا كەيپىيات يارىتىشقا موھتاج بولىدۇ.

**ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېلېفونغا سەرپ قىلىۋاتقان ۋاقتى**

ئۈنىۋېرسىتېتنىڭ ھەممە يېرىدە — يوللاردا، كۇتۇپخانا، سىنىپلارنىڭ كارىدورلىرىدا، ياتاق بىناسىدا، دەرۋازا ئالدىدا توختىماي يانفوندا سۆزلىشىۋاتقان، سائەت - سائەتلەپ پاراڭلىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇچرىتىمەن. يەنە يوللاردا، كارىدورلاردا، ھەتتا دەرس ئۆتۈلۈۋاتقان سىنىپتا، يىغىن ئېچىلىۋاتقان زالدا يانفونغا مەستانىلەرچە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇ- چۇر يوللىشىۋاتقان، ئۇچۇر ئارقىلىق پاراڭلىشىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرىمەن. ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بىردىن يانفوننى كۆتۈرۈۋېلىپ، يانفوندا سۈرەت تارتىۋاتقانلىقىنى، ناخشا ئاڭلاۋاتقانلىقىنى، ئويۇنچۇق ئويناۋاتقانلىقىنى يولۇقتۇرىمەن.

مېنىڭ شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتىدىكى بەش ئايلىق ۋاقتىم ناھايىتى ئالدىراش، قاينام - تاشقىنلىق مۇھىت ئىچىدە ئۆتتى. بىر تەرەپتىن،

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئاخبارات - نەشرىيات سىستېمىسى-
دىن كەلگەن يىگىرمە بەش ساۋاقداشىم بىللە ئۆزىمىزنىڭ كەسپى
بولغان ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق بويىچە ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرنى ئاڭ-
لىسام، يەنە بىر تەرەپتىن، فىلولوگىيە، ئاخبارات تارقىتىش ئىنستىتۇ-
تىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە ئىختىيارىي ھالدا بىر قىسىم دەرسلەر-
نى ئاڭلىدىم. بىر قىسىم سىنىپلارغا كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ھەر خىل
تېمىلاردا نۇتۇق، لېكسىيە سۆزلىدىم، ئوقۇغۇچىلار بىلەن پىكىرلەشتىم.
بۇ جەرياندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانفون ئىشلىتىش مەسىلىسى ئىزچىل ھالدا
دىققەت مەركىزىمدە تۇرۇپ كەلدى.

كۆپلىگەن سىنىپلاردا ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈۋاتقاندا 70% كە يېقىن
(ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق) ئوقۇغۇچى يانفوندا ئۇچۇر يوللىشىپ ئولتۇرى-
دىكەن، ھەتتا بىر قىسىم يۈرەكلىكرەكلىرى بىرلەشمە سىنىپلاردا دەرس
ۋاقتىدا ئاستىلا سىنىپتىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، كارىدوردا يانفوندا سۆز-
لىشىدىكەن. ئەلۋەتتە، دەرس ئۆتۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا
قاراپ، يانفون بىلەن ھەپىلىشىدىغانلارنىڭ نىسبىتى ئوخشىمايدىكەن. مۇ-
شۇنداق يانفونغا بەند بولۇپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا ئوقۇت-
قۇچى سۆزلىگەن دەرسنىڭ قانچىلىكى كىرىدۇ؟ يەنە قانچىلىكى كاللىسىغا
ئۆزلىشىدۇ؟ بۇنى ھەر قانداق بىر ئادەم مۇنداقلا پەرەز قىلىپ بىلەلەيدۇ.
ئوقۇغۇچىلارنىڭ يوللىشىدىغىنى قانداق ئۇچۇرلار؟ مەن تەكشۈرۈش جەريا-
نىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئاساسەن مەززىسىز قۇرۇق پاراڭلار، ئىشق -
مۇھەببەت ئۇچۇرلىرى، ئەھمىيەتسىز يۇمۇر - لەتىپىلەر، سۆز ئويۇنلىرى-
دىن ئىبارەت ئىكەن. بۇنىڭ سورىقىنى ئوقۇغۇچىلاردىن ئالماقچى بولساق،
ئۇلار مۇرىسىنى قىسىپ، گۇناھنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتو-
دىغا دۆڭگەيدىكەن. «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسى بىزگە خۇشياقمايدۇ، كىتابتا
نېمە بولسا شۇنى ئوقۇپ بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنى قوزغى-
تىشقا، ئىلھاملاندۇرۇشقا ماھىر ئەمەس، دەرسنى ھەم چوڭقۇر، تەسىرلىك،
ھەم قىزىقارلىق، جەلپكار ئۆتۈش ھەققىدە ئىزدەنمەيدۇ، دەرس ئۆتۈش ئۇ-
سۇلى بىر خىل، ئۆلۈك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقى، كەيپىياتى
بىلەن كارى بولمايدۇ» دەپ قارايدىكەن. كۆزىتىشىمچە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ
بۇ خىل قارىشى ئۆزلىرىنى ئاقلاش، دەرس ۋاقتىدىكى يانفونغا مەلىكە بو-
لۇش قىلمىشىنى پەردازلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن. ئاز ساندىكى
ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ھالەتتە بولسىمۇ، شۇنى
كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، بۇ خىل دەرس يەنىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھ-

مىيەتسىز ئۇچۇرلىرىدىن مىڭ ھەسسە ياخشى. مەيلى نېمە بولسۇن، دەرس ۋاقتىدا قېتىرقىنىپ دەرس ئاڭلاشتىن باشقا ھەرقانداق ھەرىكەتنىڭ ئۆزى ئەخلاقسىزلىق، قائىدىسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، ئوقۇغۇ-چىلار دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن تېلېفونلىرىنى پۈتۈنلەي ئېتىۋېتىشى كېرەك. بۇ ئوقۇغۇچىغا قويۇلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانفون ئىشلىتىش مەسىلىسىدىكى يەنە بىر قورقۇنچ-لۇق ۋابا — تېلېفوندا دوستلىشىش شاملى ئىكەن. ھازىر خەۋەرلىشىش شىركەتلىرىنىڭ خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن رىقابەتلىشىپ، ھەر خىل ۋاستە، تەدبىرلەرنى قوللىنىشى ئارقىسىدا تې-لېفوندا دوستلىشىش، كەچ سائەت سەككىزدىن كېيىن ھەقسىز سۆزلى-شىش قاتارلىق ئالاقە شەكىللىرى مەيدانغا چىققان بولۇپ، بۇ خىل شە-كىللەر بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى مەستانىلەرچە جەلپ قىلىۋالغان. نە-تىجىدە، بۇ خىل ئالاقە ئۇسۇللىرى ئوقۇغۇچىلارغا سەلبىي تەسىر كۆر-سىتىپ، ئۇلارنى تۇيۇق يولغا باشلاپ كەتكەن. تېلېفوندا دوستلىشىش شەكلى خۇددى كومپيۇتېر تورىغا ئوخشاش قارشى تەرەپنى كۆرمەي، تونۇ-ماي تۇرۇپ، خالىغان بىر نومۇردىكى تېلېفوننىڭ ئىگىسى بىلەن سۆزلى-شىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر - بىرىنى ئەخمەق قىلىش، ھېسسىياتىنى ئىسراپ قىلىش، تۇيغۇسىنى ئالداش، ۋاقتىنى غازاڭدەك سورۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن. لېكىن، ئوقۇ-غۇچىلار مۇشۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ، خىيالىدىكى غايىۋى سۆيگۈنى ياكى دوستىنى ئىزدەپ، قارشى تەرەپكە يالغان سالاھىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ (قارشى تەرەپمۇ شۇنداق)، ئۆزئارا گەپ يورغىلىتىپ، سائەت - سائەتلەپ يانفوندا سۆزلىشىدىكەن. بولۇپمۇ كەچتە سۆزلىشىش ھەققى ھەقسىز بول-غاچقا، مەيلى تونۇش بولسۇن، مەيلى ناتونۇش بولسۇن يانفون، ياتاق تېلې-فونىدا پاراڭلىشىدىغانلار كۆپ بولۇپ، كارىدورغا چىقىۋېلىپ، تامغا يۆلى-نىپ، تاڭ ئاتقۇچە سۆزلىشىدىغانلارمۇ بار ئىكەن. ھەتتا قىسمەن ئوقۇغۇ-چىلار ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئۆزىنى كونترول قىلالماي، كۈن بويى يانفون-دىكى مەۋھۇم، خىيالىي ئوبرازلارنىڭ ئىچىدە ياشايدىغان، روھىي ھالىتى-دە بىنورماللىق كۆرۈلۈپ، زېھنى چېكىنىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆ-رۈلىدىكەن. كېچىچە تېلېفوندا پاراڭلاشقان كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلاردا ئە-تىسى ئورنىدىن تۇرالمايدىغان، دەرسكە قاتنىشالمايدىغان ياكى بىر كۈن خامۇش، روھسىز يۈرىدىغان، تېلېفوندىكى پىكىرلەر ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ، شۇ خىل دۇنيا ئىچىدە ياشايدىغان ئەھۋاللار شەكىللىنىدى-

كەن.

خوش، ئۇنداقتا ئوقۇغۇچىلار بىر كۈندە يانفوندا سۆزلىشىش (تېلېفون ئۇرۇش، قوبۇل قىلىش) ۋە ئۇچۇر ئالاقىسى (قىسقا ئۇچۇر يوللاش ۋە قوبۇل قىلىش) ئۇچۇن قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ؟ تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىكى «كۈندىلىك ئوتتۇرىچە تېلېفون ئۇرغان ۋە قوبۇل قىلغان قېتىم سانىڭىز» دېگەن ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھەر بىر ئوقۇغۇچى ھەر كۈنى تەخمىنەن (ئوتتۇرىچە) يىگىرمە قېتىم ئەتراپىدا يانفوندا سۆزلىشىدىكەن. ئون بەش قېتىم ئەتراپىدا قىسقا ئۇچۇر ئالماشتۇرىدىكەن. ھەرقېتىملىق تېلېفون ئالاقىسىنى تەخمىنەن (ئوتتۇرىچە) بەش مىنۇت ھېسابلىغاندا، ئۇچۇر ئالاقىسىنى تەخمىنەن (ئوتتۇرىچە) بەش مىنۇت ھېسابلىغاندا ھەر بىر ئوقۇغۇچى بىر كۈندە سۆزلىشىش ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشقا ئۈچ سائەت ئەتراپىدا ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ دېگەن گەپ. بىر ئالىي مەكتەپتە ئون مىڭ ئوقۇغۇچى بولسا، بىر كۈندە ئوتتۇز مىڭ سائەت ۋاقىت سەرپ بولىدى دېگەن گەپ. تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىكى «بىر سوتكا ئىچىدە تېلېفون – ئۇچۇر ئالاقىسى قىلغان ۋاقىت» دېگەن سوئالغا كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ «بىر – ئىككى سائەت ئەتراپىدا» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى بۇ قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. («ئىككى سائەتتىن يۇقىرى» دەپ جاۋاب بەرگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن.)

ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر ئېلىش جەريانىدا ئەسكەرتكىنىدەك، تېلېفون ۋاستىلىك ھالدا پەيدا قىلغان ۋاقىت ئىسراپچىلىقى تېخىمۇ زور. ئەلۋەتتە، بۇنى ستاتىستىكىلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. بىر ئوقۇغۇچى بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان: «تېلېفون بولسا ئىزدەيدىغان ئادەم كۆپ، بىر ئوبدان تۈزۈپ قويغان پىلانلار بىرلا تېلېفون بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، بىرەر جىددىي ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقاندا بىرەر تېلېفون كېلىپ قالسا، بىر مۇنچە ۋاقىتىمىز بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. تېلېفوننىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزىمىز خالىمىغان كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە، خالىمىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز، تېلېفوننى قوبۇل قىلمايلى دېسەك، باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن قورقىمىز. شۇڭا ‹ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ›دېگەندەك بەزىدە تېلېفون ئىشلەتمىگەنمۇ ياخشىكەن.»

**ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېلېفونغا سەرپ قىلىۋاتقان زېھنى**

تارقىتىلغان جەدۋەلدىكى «يانفون ئىشلىتىشنىڭ سەلبىي تەرىپى» دېگەن سوئالغا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار: «دەرس ۋاقتىدا ياكى جىددىي

ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا دىققىتىمنى بۇرنۇۋېتىدۇ، زېھنىمنى چېچىۋېتىدۇ، ئۆگىنىش مۇھىتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ، كىشىنى بىكارچى قىلىۋېتىدۇ، ۋاقتنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسى ئۆگىنىشىۋ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەڭ چوڭ دۈشمىنى يانفون بولۇپ قالغان.

جەدۋەلدىكى «دەرس ۋاقتىدا يانفونىڭىز داۋاملىق ئوچۇق تۇرامدۇ؟» دېگەن سوئالغا كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار «داۋاملىق ئوچۇق تۇرىدۇ» دەپ، ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلار «بەزىدە ئوچۇق قالىدۇ» دەپ، «دەرس ۋاقتىدا ئۇچۇر يوللامسىز؟» دېگەن سوئالغا كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار «يوللايمەن» دەپ، ئازساندىكى ئوقۇغۇچىلار «بەزىدە يوللاپ قويىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك، بىر كۈندە ئالتە سائەتتىن سەككىز سائەتكىچە مۇنتىزىم دەرس ئوقۇيدىغان، تۆت - بەش سائەتكىچە سىنىپ، كۇتۇپخانىلاردا ئۆگىنىش قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانفونى داۋاملىق ئوچۇق تۇرسا، كۈندە يىگىرمە قېتىم ئەتراپىدا يانفوندا، ئون بەش قېتىم ئەتراپىدا قىسقا ئۇچۇردا سۆزلەشسە ئۇلارنىڭ دىققىتى قانچىلىك چېچىلىدۇ؟ زېھنى قانچىلىك زىيانغا ئۇچرايدۇ؟ ئۆگەنگەنلىرى قانچىلىك ئۆزلىشىدۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە يانفوننىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىگە كەلتۈرۈۋاتقان بىۋاستە زىيىنى، خالاس. ۋاستىلىك زىيىنچۇ؟ تېلېفوننىڭ ۋاستىسى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسى بىئختىيار هالدا كېڭىيىپ، ئارىلىشىدىغان ئەهمىيەتسىز ئىشلار (بۇ يەردە ئەهمىيەتلىك، مەنىلىك پائالىيەتلەردىن باشقىلىرى كۆزدە تۇتىلىدۇ) كۆپىيىپ كېتىدۇ. تېلېفون ئارقىلىق قوبۇل قىلىغان هەر خىل تۇيغۇلار كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، غايەت زور زېهىن ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا ئوقۇغۇچىلار شۇنچە كۆپ زېھنىنى، ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، كىملەر بىلەن ئالاقىلىشىدۇ؟ نېمە مەزمۇنلاردا سۆزلىشىدۇ؟ تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «تېلېفوندا كۆپرەك ئالاقىلىشىدىغان ئادەملەر» دېگەن سوئالغا كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار «قىز (ئوغۇل)دوستلىرىم» دەپ، «تېلېفون ئالاقە مەزمۇنى؟» دېگەن سوئالغا (بۇ سوئالدا «ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار»، «دوستلۇق، مۇھەببەت مەزمۇنى»، «خالىغان تېمىدا مۇڭدىشىش» قاتارلىق ئۈچ خىل تاللاش بېرىلگەن) «خالىغان تېمىدا مۇڭدىشىش» دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك، ئالاقىلىشىدىغان ئادەملىرىنىڭ ئىچىدە ئاتا - ئانىلار مۇھىم سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، ئالاقىلىشىش مەزمۇنى، ۋاقتى جەهەتتە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىمەيدۇ، ئوقۇشقا

مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بولسا ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئېنىقكى، يانفوننى قولىقىغا چاپلىۋېلىپ، سائەت ـ سائەتلەپ پاراڭلىشىدىغان ئوبيېكتلار ھەرگىزمۇ ئاتا ـ ئانىلار ئەمەس، ساۋاقداش، دوستلارمۇ ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغىنى قىز ـ ئوغۇل دوستلار، ئاشىق ـ مەشۇقلار، سەۋدايى مەجنۇنلار، ناتونۇش دوستلاشقۇچىلاردىن ئىبارەت. مۇشۇ پاراڭلارنىڭ ئىچىدە زادى قانچىلىكىنىڭ قىممىتى باردۇ؟ بۇنى مۆلچەرلەش تەس ئەمەسكى، بۇ خىل پاراڭلارنىڭ ئاساسەن قىممىتى يوق. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقتىنى، زېھنىنى ئىسراپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

### ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېلېفونغا سەرپ قىلىۋاتقان ئىقتىسادى

ئوقۇغۇچىلىق دەۋر ئاتا ـ ئانىنىڭ ھامىيلىقىدا، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدە، پۇتونلەي چوڭلارغا تايىنىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدىغان دەۋر ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئىگىلىشىمچە، بىر ئوقۇغۇچىنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش، ياتاق، تاماق ۋە باشقا خىراجەتلىرىگە تەخمىنەن ئون بەش مىڭ يۈەن كېتىدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ چىقىمنى پۇتونلەي (ناھايىتى ئاز ساندىكى بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ ئوقۇش چىقىمىنى قامدايدىغان ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا) ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ ئادەتتىكى بىر دۆلەت كادىرىغا نىسبەتەن، بىر ئادەمنىڭ بىر يىللىق مائاشى (كىرىمى)، بىر ئوتتۇرا ھال دېھقان ئائىلىسىگە نىسبەتەن بىر ئائىلىنىڭ يىللىق ساپ كىرىمىدىن ئىبارەت. دېمەك، جاپاكەش ئاتا ـ ئانىلار بارلىق مېھنىتىنى دوغا تىكىپ، تايقان ـ تەرگىنىنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشىغا سەرپ قىلىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش چىقىمى كۆپلىگەن ئائىلىلەرگە غايەت زور ئىقتىسادىي بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، كۆپلىگەن دېھقان ئائىلىلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش چىقىمىنىڭ بېسىمىدا ئۇزلۇكسىز نامراتلىشىپ كېتىدىكەن. دېمەك، ئائىلىلەردىكى مۇشۇنداق ئىقتىسادىي بېسىمنىڭ سەۋەبچىسى بولغان ئوقۇغۇچىلار ئاتا ـ ئانىسىغا نىسبەتەن بىر خىل قەرزدارلىق، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا بولۇشى، ياخشى ئوقۇپ، كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە، ئاتا ـ ئانىسىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئىستىكىدە بولۇشى، ئىمكان بار ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. ۋەھالەنكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان سۆيۈملۈك ھەمراھى، ۋاپادارى يانفون شۇبھىسىز ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا زور ئىقتىسا-

دې بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ. خوش، ئەمدى بۇ ھەقتىكى ستاتىستىكىغا قاراپ باقايلى: تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئوقۇغۇچىلار كۆپرەك ئالىي مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدىن باشلاپ يانفون ئىشلىتىشكە باشلايدىكەن. ئىشلىتىۋاتقان يانفوننىڭ باھاسى تەخمىنەن (تۆۋەندىكىلەر ـ نىڭ ھەممىسى ئومۇمىي ستاتىستىكىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى بويىچە ئېلىنى ـ دى) سەككىز يۈز يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، ئوقۇش ھاياتىدا تەخمىنەن ئىككى قېتىم يانفون ئالماشتۇرىدىكەن. ئايلىق سۆزلىشىش ھەققى تەخمىنەن سەكسەن يۈەن ئەتراپىدا بولىدىكەن. مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا، ھەر بىر ئو ـ قۇغۇچى يانفوندا سۆزلىشىش، تېلېفون سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر يىلدا تەخمىنەن بىر مىڭ تۆت يۈز يۈەن ئەتراپىدا ئىقتىساد سەرپ قىلىدىكەن، پۈتۈن ئوقۇش ھاياتىدا يانفون سېتىۋېلىش، سۆزلىشىش ئۈچۈن بەش مىڭ ئالتە يۈز يۈەن ئەتراپىدا پۇل سەرپ قىلىدىكەن. بىر ئالىي مەكتەپتە ئون مىڭ ئوقۇغۇچى بار دەپ پەرەز قىلىنسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر يىللىق يان ـ فون ئىشلىتىشى ئۈچۈنلا تەخمىنەن ئون تۆت مىليون يۈەن پۇل سەرپ قىلىنىدىكەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قىرىق مىڭ ئوقۇغۇچى بولۇپ، مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار بىر يىلدا ئەللىك ئالتە مىليون يۈەن پۇلنى تېلېفون ئۈچۈن سەرپ قىلىدىكەن. بۇ نېمىدې ـ گەن كۆپ سان ـ ھە؟ بۇ پۇل بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلىۋېتىش، «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىدىن قانچىنى قۇرۇۋېتىش مۇمكىن؟ خوش، ئوقۇغۇ ـ چىلار سەرپ قىلغان مۇشۇ پۇلغا يارىشا ئىجتىمائىي (ئەلۋەتتە، ئوقۇغۇ ـ چىلارغا نىسبەتەن ئىقتىسادىي قىممەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ)، مەنىۋى قىممەت، ئۆگىنىش ئۇنۇمى يارىتالىدىمۇ، يوق؟ بۇ پۇلنىڭ زادى قانچىلىك قىسمى ھەقىقىي، ئەمەلىي ئىشلار، پايدىلىق ئۇچۇرلار ئۈچۈن ئىشلىتىل ـ دى؟ ئوقۇغۇچىلار تېلېفون ئۈچۈن سەرپ قىلغان مۇشۇ پۇلغا ھەقىقىي يۈز كېلەلەمدۇ؟ بۇ پۇل ئائىلىلەرگە زادى قانچىلىك ئىقتىسادىي بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ سوئاللار ھەققىدە ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ۋىجدانەن ئويلىنىپ بېقىشىغا توغرا كېلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانفون ئىشلىتىش مەسىلىسىنى مەن پەقەت سىرتتىن كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە تەھلىل قىلدىم. ھازىرقى ئۇچۇر ـ ئالاقە دەۋرىدە، بىلىم ئىگىلىكى ئۇچقاندەك يېڭىلىنىۋاتقان رىقابەت مۇھىتىدا يانفون مۇ ـ ھىم ئۇچۇر ـ ئالاقە ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. يانفوننىڭ نۇرغۇن ئەھمى ـ يەتلىك، پايدىلىق تەرەپلىرى بار. تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىن مەلۇم بولۇشى ـ چە، ئوقۇغۇچىلار بۇ تەرەپلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلى ـ

غان:
1. ئاتا - ئانام، ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىم، دوست - بۇرادەرلىرىم بىلەن ۋاقتىدا ئالاقىلىشەلەيمەن، زېرىكىش، سېغىنىش ھېسلىرىغا زور دەرىجىدە مەلھەم بولىدۇ. يۇرتۇمنىڭ ئەھۋالىدىن، قېرىنداشلىرىمنىڭ ئىشلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرالايمەن، ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بولغان مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، تېلېفوننىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۇلاردىن ئىلھام ئالىمەن.
2. ۋاقىت ۋە ئارىلىقنى زور دەرىجىدە قىسقارتىدۇ، ئادەم ساقلاش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ساۋاقداش، دوستلار بىلەن دەل ۋاقتىدا ئۇچراشقىلى بولىدۇ.
3. تېلېفون ئالاقىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئالاقىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، جەمئىيەتنى چۈشەنگىلى، نەزەر دائىرىنى كېڭەيتكىلى، دەرستىن سىرتقى بىلىملەرنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.
4. پايدىلىق، مۇھىم ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.
5. مەكتەپ ئىچىدىكى ئومۇمىي ئاممىۋى پائالىيەتلەردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرغىلى بولىدۇ.
6. سائەت ئورنىدا ئىشلەتكىلى، زېرىككەندە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئوينىغىلى، ناخشا ئاڭلىغىلى، چارچىغاندا كۆڭۈل ئاچقىلى بولىدۇ.
7. سىنىپ ھەيئىتى بولغاچقا ھەم ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدا ۋەزىپىمىز بولغاچقا، نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى تېلېفون ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز تېلېفونىمىزنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىنى قوللىمايدۇ.
8. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا شىركەتلەردە، ئىدارە - ئورۇنلاردا ئىشلەپ ئوقۇش پۇلۇمنى قامدايمەن، قاچان تېلېفون ئۇرسا (دەرس يوق ۋاقىتلاردا) شۇ چاغدا بېرىشىمغا توغرا كېلىدۇ، بۇ جەھەتتە يانفون ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.
9. ھازىر تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىپ كەتتى، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ تەتقىقات، چەت ئەللەردە ئوقۇش، بىلىم ئاشۇرۇش، ھەر خىل يىغىن، پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلار بىلەن ئالدىراش. شۇڭا، ئۇلار ھەر قانداق ئىشنى ئالدى بىلەن تېلېفون ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ھەتتا بىزنىڭ يانفون ئىشلىتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.
يۇقىرىقىلاردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆرسەتكەن ئاساسلىرىنىڭ خېلى ئو-

رونلۇق ئىكەنلىكىنى، پايدىلىق، ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلسە يانفوننىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدى‐غانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىراق، بىز ئوقۇغۇچىلارغا «يانفوندا ئاتا ـ ئانا، قېرىنداش، دوستلىرىڭ بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقتىڭ قانچىلىك؟ ئەرزىمەس ئىشلار ھەققىدە سۆز‐لەشكەن ۋاقتىڭ قانچىلىك؟ يانفون ئارقىلىق ئېرىشكەن ئەھمىيەتلىك ئۇچۇرلىرىڭ قانچىلىك؟ ئەخلەت ئۇچۇرلىرىڭ قانچىلىك؟ يانفون ئارقىلىق سىنىپ، مەكتەپ، شىركەتلەرگە قىلغان خىزمىتىڭنىڭ سالمىقى قانچە‐لىك؟ ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن ئىشلەتكەن سالمىقىڭ قانچىلىك؟ قىسقىسى، يانفوننىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىشتىكى ئىجابىي رولى قانچىلىك، سەلبىي رولى قانچىلىك؛ يانفون سېنىڭ زوروۇر قورالىڭغا ئايلاندىمۇ ياكى سەن يانفوننىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالدىڭمۇ؟ يانفوننىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالدىڭمۇ؟» دېگەن سوئاللارنى قويساقلا، بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى ئايدىڭ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە يانفوننىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى ھەقىقەتەن كۆپ. لېكىن، بىز ئۇنىڭ پايدىلىق تەرىپىدىن كۆرە، زىيانلىق تەرىپىدىن كۆپرەك پايدىلىنىمىز، ئەھمىيەتلىك ئىشلاردىن كۆرە، ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا كۆپرەك ئىشلىتىمىز. خۇددى قايسى بىر پەيلاسوپ: «ئۇيغۇرلار سىرتنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتۈر تەرەپتىن قوبۇل قىلىدۇ» دەپ ئېيتقىنىدەك.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار راستچىللىق بىلەن «يانفون دىققە‐تىمنى چېچىۋېتىدۇ، ئۆگىنىشىمگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، زېھنىمنى خورى‐تىدۇ، ئىقتىسادىي بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ يازغان. ۋەھالەنكى، يانفون زىيانغا ئۇچرىتىۋاتقان يوقىرىقى ئىشلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىدۇر.

**ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ**

بىر ئوقۇغۇچى مۇنداق دەيدۇ: راستىنى ئېيتسام يانفوننىڭ تۇرمۇشۇم‐دىكى رولى خېلى چوڭ، لېكىن ئۆگىنىشىمدىكى رولىنى ھېس قىلىپ باقمىدىم. قىسمەن قولايلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يانفوننىڭ ئوقۇغۇ‐چىلارنىڭ ھاياتىدىكى رولى چوڭ ئەمەس. مېنىڭچە، ئوقۇغۇچىلار يانفون ئىشلەتمىسىمۇ بولىدۇ. بىر ماگىستىر ئاسپىرانت مۇنداق دەيدۇ: تېلېفون قىز ـ ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېز يېقىنلاشتۇرۇۋەتتى. تۇنجى مۇھەببەتتىكى قەدەم باسقۇچلارنى، نازۇك تۇيغۇلارنى ۋەيران قىلدى، ھېسسىياتلىق، مەنىۋى ئادەملەرنى سوغۇق، ماددىي ئادەملەرگە ئايلان‐

دۇرۇپ قويدى. قىز ـ يىگىتلەر ھازىر تېلېفوندىلا تەلەپ قويۇپ، مۇھەببەتلىشىپ، تەييارلىق جەريانلىرىنى تامامىلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆزئارا كۆرۈشۈپلا قوچاقلىشىدىغان، سۆيۈشىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇرلاپ كېتىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇدىر مۇخبىرى، تونۇلغان ئاخباراتچى ئابدۇشۇكۇر ئابدۇكېرىم مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭچە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانفون ئىشلىتىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. ھازىر ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىدا بىردىن مۇقىم تېلېفون بار تۇرسا، يەنە يانفون ئىشلىتىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ ئوقۇغۇچىلىق دەۋر جىددىي، زۆرۈر ئىشلارنى بېجىرىدىغان، خىزمەت، سودا، ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىدىغان دەۋر بولماستىن، بەلكى تىنچ ئولتۇرۇپ ئۆگىنىدىغان، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىدىغان دەۋر. بەزىلەر «ئائىلىدە ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى بولسا، جىددىي ئەھۋاللار يۈز بەرسە دەرھال تاپقىلى بولىدۇ» دەپ ئىزاھلايدىكەن. جىددىي ئىشلار دېگەن داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرامتى؟ ھەر كۈنى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ بىرىمۇ ھايات قالمىغان بولاتتىغۇ؟ ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىددىي ئىشلىرىغا ياتاقتىكى مۇقىم تېلېفونمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. بىز ئوقۇغان دەۋرلەردە ھېچقانداق تېلېفون ئالاقىسى يوق شارائىتتىمۇ، خەت، تېلېگراممىا، مەكتەپنىڭ تېلېفونلىرى ئارقىلىق ھەر قانداق جىددىي ئىشقا ئۇلگۇرۇپ بارالايتتۇق. شۇڭا، يۇقىرىقى باھانىلەر يانفون ئىشلىتىشكە سەۋەب بولالمايدۇ. قىسقىسى، ھازىرقى ئادەملەر ھورۇن، ئېرىنچەك بولۇپ كەتتى، بىرەر ئىشنى قارشى تەرەپنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يۈز تۇرا خەۋەر قىلىشنى ئاۋارىچىلىك دەپ بىلىدۇ، ھەممە ئىشنى تېلېفوندا پۈتتۈرۈشكە ئالدىرايدۇ. نەتىجىدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتمۇ سۇسلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. يەنە بىر ئېچىنىشلىق ئىش شۇكى، تېلېفون ئالاقىسىنىڭ پەيدا بولۇشى خەت ئالاقىسىغا ئېغىر زەربە بولدى، ئۆزئارا سالام خەت يېزىشىش ھازىر تارىخقا ئايلاندى. ۋەھالەنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى شۇ خەت يېزىشىشلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئېچىلىشىدا، پىكرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا، قەلەم قۇۋۋىتىنىڭ كۈچىيىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانىدى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى. ھازىرچۇ، خەت ئالاقىسىنىڭ يوقىلىشى، تېلېفون ئالاقىسىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرى ئاددىيلىشىپ كەتتى، پىكرى تېيىز، قەلىمى گال بولۇپ قالدى. تېلېفوندا ئۇدۇل، ئاددىي سۆزلىشىپ ئۆگىنىپ قالغان

ئوقۇغۇچىلار ئىلگىرىكى ئوقۇغۇچىلار خەت يازغاندەك چوڭقۇر، تەسىرلىك پىكىرلەرنى قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. قىسقىسى، ئوقۇغۇچىلار خۇددى يانفون قىسقا ئۇچۇرلىرىدەك ھەم ئاددىي، ھەم قىسقا، ھەم يالىڭاچ پىكىر قىلىشقا يۈزلىنىپ كېتىۋاتىدۇ.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ـ تارقىتىش ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى ئىلھام كېۋىر مۇنداق دېدى: مەن ياپونىيىدە بىر مەزگىل بىلىم ئاشۇردۇم، ياپونىيىدىكى ھەر قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدىمۇ يانفون شۇ قەدەر ئومۇملاشقان ئىكەن، ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە. لېكىن ئوقۇغۇچىلار دەرسكە، جىددىي ئۆگىنىش مۇھىتىغا كىرىش ئالدىدا يانفونلىرىنى ئېتىۋېتىدىكەن ياكى ئاۋازسىز قىلىپ، سومكىسىغا سېلىپ قويۇپ كىرىدىكەن. دەرس، ئۆگىنىش ۋاقىتلىرىدا يانفون قوبۇل قىلىش، قىسقا ئۇچۇر يوللاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ساپاسىغا، يانفون ئىشلىتىش ئەخلاقىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈۋاتسا، تۆۋەندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانفوندا ئۇچۇر يوللاپ ئولتۇرۇشى ئوقۇتقۇچىغا قىلىنغان ئوچوق ـ ئاشكار ھۆرمەتسىزلىك، ئوقۇغۇچىنىڭ ئەخلاق ساپاسىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە. مەيلى ئوقۇتقۇچىنىڭ مېتودى ھەر قانچە ناچار بولغان شارائىتتىمۇ مەسىلىنى بۇنىڭغا دۆڭگەپ، دەرس ۋاقتىدا يانفون ئىشلىتىشنى پەردازلاپ كۆرسىتىشنىڭ ئۆزى توغرا ئەمەس. ئەلۋەتتە، يانفون ھازىر جەمئىيەتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشىگە ئايلاندى. ئەمدىكى گەپ ئوقۇغۇچىلارنى ساغلام يانفون ئىشلىتىشكە يېتەكلەشتىن ئىبارەت. يەنە بىر يامان سۈپەتلىك يۈزلىنىش — ھازىر يانفون ئىشلىتىش ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ يۈزلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ ساددا، ھېسسىياتچان، قىزىقىقان بولغاچقا، ئاسانلا يانفونغا مەپتۇن بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بىر قەدەر ئېغىر بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ رايىغا ياكى مودىنىڭ يۈزلىنىشىگە بېقىپلا، پەرزەنتلىرىنىڭ ھەر قانداق تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرىدىغان ئىشتىن ساقلىنىشى، بۇ قىلغىنىمىنىڭ بالامنىڭ ئۆگىنىشىگە زادى قانچىلىك پايدىسى بار، دېگەننى ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىشى زۆرۈر.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى بارىجان زەپەر مۇنداق دېدى: كۆزىتىپ باقسام، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى

دورىشىپ، ئۆزئارا مودا قوغلىشىپ، شۆھرەت ئۈچۈن يانفون ئىشلىتىدىغانلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئىقتىسادى ناچار، ئوقۇش، ئۆگىنىشتىن باشقا ھېچقانداق قوشۇمچە پائالىيىتى بولمىسىمۇ، زورلاپ يۈرۈپ يانفون ئىشلىتىدىكەن. بۇ خىل ئوقۇغۇچىلاردا يانفونى بولمىسا، ساۋاقداشلىرى ئۆزىنى نامرات ھېس قىلىدىغاندەك، كەمسىتىدىغاندەك، دەۋرگە ماسلىشالمىغاندەك تۇيغۇ بار ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل قاراش توغرا ئەمەس. ئوقۇغۇچىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، يۈزىنى يورۇق قىلىدىغان ئامىل يانفون بولماستىن، بەلكى ئۆگىنىش نەتىجىسى، ئىقتىدار ـ ساپاسى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىدىن ئىبارەت. مودا قوغلىشىپ يانفون ئىشلىتىش شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىگىمۇ، ئائىلىسىگىمۇ زور بېسىم ئېلىپ كېلىدۇ.

تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىكى «ئوقۇتقۇچىڭىز دەرس ۋاقتىدا تېلېفون قوبۇل قىلامدۇ؟» دېگەن سوئالغا كۆپ قىسىم ئوقۇغۇچىلار «بەزىدە قوبۇل قىلىدۇ» دەپ، ئاز بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار «قوبۇل قىلمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ دەرس ئۆتۈۋېتىپ، تېلېفون قوبۇل قىلىدىغانلىرىمۇ بار. بۇ ئوقۇتۇش مېتودىغا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئېغىر خىلاپ بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانفون ئىشلىتىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

تېخنىكىلىق دەلىللەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يانفون رادىئاتسىيىسىنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان زىيىنى ئىنتايىن چوڭ. جىق سۆزلەشسە نېرۋىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، باش ئاغرىيدۇ. بولۇپمۇ كېچىلەپ يانفوندا سۆزلەشكەندىن كېيىنكى روھىي چارچاش، ھارغىنلىق، يانفوندا سۆزلەشكەن چاغدىكى پىكىرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش قاتارلىق ئامىللار تەن ساغلاملىققا ئىنتايىن زىيانلىق، بولۇپمۇ ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بۇ مەسىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى زۆرۈر.

كۆزىتىش جەريانىدا يەنە شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئوقۇغۇچىلاردا يانفون ئىشلىتىش ئەخلاقى يېتىلمىگەن. دەرس، ئۆگىنىش، يىغىن ۋاقىتلىرىدا يانفوننى ئېتىۋېتىش مەسىلىسىنى تىلغا ئالمىغاندىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانفوندا سۆزلىشىش ئەخلاقى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىسى، ئۆزى ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلىرى بىلەن ئىختىيارىي پاراڭلىشىۋاتقان، ساۋاقداشلىرى بىلەن تاماق يەۋاتقان ۋاقىتلاردىمۇ تېلېفون كەلسە خالىغانچە قوبۇل قىلىۋېرىدىكەن، شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىۋېرىدىكەن، كوچا ئاپتوبۇسى، كارىدور،

دۇكان قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردا تەپتارتماستىن نازۇك، يالىڭاچ سۆز-لەرنىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىۋېرىدىكەن. ھەتتا بۇ خىل ئەھۋال كىشىگە خۇددى ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقاندەك، بۇ ئىشىدىن پەخىرلىنىۋاتقاندەك تەسىر بېرىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل قىلمىش بىر ساپالىق ئادەمگە، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئېغىر ئەخلاقسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يانفون چەت سەھرالاردىكى ئېتىز - قىرلارغىچە، تىلەمچى - ئابداللارغىچە ئومۇملىشىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، يانفون بىلەن ماختىنىش ئىنتايىن ئەخمىقانىلىق، بىچارىلىك ھېسابلىنىدۇ، مەدەنىي ئادەملەرگە نىسبەتەن ئاممىۋى سورۇنلاردا تېلېفوندا سۆزلىشىش، بولۇپمۇ يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلىشىش باشقىلارغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك، ئۆزىنىڭ ساپاسىغا قىلىنغان ھاقارەت ھېسابلىنىدۇ. بەك مۇھىم تېلېفون بولسا، باشقىلاردىن ئەپۇ سوراپ، سورۇندىن ئايرىلىپ ياكى تۆۋەن ئاۋازدا تېلېفون قوبۇل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك.


يانفون ھازىر جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ئايلاندى، يانفوننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. يانفون ئادەتتىكى ئالاقە قورالى بولۇشتىن ھالقىپ، ئەڭ مۇھىم ئۇچۇر ۋاستىسى، پەن - تېخنىكا قورالى بولۇشقا يۈزلەنمەكتە. يانفون گېزىتى، يانفوندا تورغا چىقىش، يانفوننىڭ MP4، MP 3 ئىقتىدارى، بارماق دېسكا ئىقتىدارى، لۇغەت ئىقتىدارى، سۈرەت تارتىش، ئاۋازغا ئېلىش، ناخشا ئاڭلاش، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناش قاتارلىق ئىقتىدارلىرى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا بارغانسېرى قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. بۇ ئەلۋەتتە ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئورتاق ئەھۋال. شۇڭا ئەمدىكى گەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى، ئىجتىمائىي ئەدەپ ئېڭىنى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئىلمىي، توغرا، ئۈنۈملۈك بولغان يانفون ئىشلىتىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، يانفون ئەخلاقىنى تەكىتلەش ھەممىدىن مۇھىم. يەنە بىر جەھەتتىن، ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار ئىلگىرىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشىمايدۇ. ئىلگىرىكى تېلېۋىزورسىز، تېلېفونسىز، تورسىز، ئۇچۇرسىز مۇھىتتا ياشىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇيغۇسى پاك، تەپەككۇرى چوڭقۇر، پىكرى ئۆتكۈر، قەلىمى ئويناق بولسىمۇ، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئۇنىۋېرسال بىلىمىنىڭ يۇقىرىلىقى، بىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۆپ قىرلىقلىقى، جەمئىيەت چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى جەھەتلەردىن ھازىرقى ئوقۇغۇچىلارغا يەتمەيدۇ. ھازىرقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە، ئىنگلىزچە تىللاردا راۋان پىكىر ئالماشتۇرۇشى، توردىن پايدىلىنىپ دۇن-

يانىڭ خالىغان يېرىدىكى بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن شىركەت، كارخانىلاردا خىزمەت قىلىشى، تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتنىشىشى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، هازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا، تېخىمۇ كۆپ ئالاقىگە، ئۇچۇرلارغا ئېهتىياجلىق بولىدۇ. لېكىن، ئوقۇغۇچىلار شۇنى ئېسىدە تۇتۇشى كېرەككى، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يانفون ئىشلىتىش، يانفوننى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئوقۇغۇچىلار جەمئىيەتتىن قىسمەن ئايرىلغان هالدا ئوقۇش، ئۆگىنىشنى تۈپكى مەقسەت قىلغان دەۋردە ياشايدۇ. مەيلى قايسىلا دەۋردە بولسۇن، ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش، ئۆگىنىشتىن ئىبارەت تۈپكى ۋەزىپىسى، خاراكتېرى ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يانفوننى ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىك مەسىلىسى، قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ئويلىنىشى، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. هەرگىزمۇ ئۆزىنى كونترول قىلالماي، يانفونغا مەستانىلەرچە بېرىلىپ كېتىدىغان، يانفوننىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدىغان، يانفوننىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدىغان، تەكشۈرۈش جەدۋىلىدە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئېيتقاندەك «يانفون بولمىسا مۇهىم بىر نەرسىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك بىئارام بولىدىغان، ئىچى تىتىلدايدىغان»، يەنى يانفونغا خۇمار بولۇپ قالىدىغان ئەهۋاللاردىن ساقلىنىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە زۆرۈر بولمىسا يانفون ئىشلەتمىسىڭىزمۇ، يانفوننى ئېتىۋەتسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز تېخىمۇ ئازادە بولۇپ قېلىشىڭىز، ئۆگىنىشتە يەنىمۇ زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشىشىڭىز، ئىشلىرىڭىزنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلىشىڭىز مۇمكىن.

شۇڭا، شېرىن - شېكەر سۆزلەرگە بىئىختىيار مەپتۇن بولۇپ، يانفوننى قۇلىقىڭىزغا يېقىپ، سائەتلەپ سۆزلىشىۋاتقان ۋاقىتلىرىڭىزدا، رومانتىك ئۇچۇرلارغا مەهلىيا بولۇپ، يانفوننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكۈدەك هالدا قىزغىنلىق بىلەن كۇنۇپكىلارنى بېسىۋاتقان چاغلىرىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ئاگاهلاندۇرۇشنى، هېسسىيات تىزگىنىنى تارتىۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. مۇشۇ ئىشلىرىم ۋاقتىمنى، زېهنىمنى، ئىقتىسادىمنى قانچىلىك خورىتىۋاتىدۇ، دېگەننى ئويلاپ بېقىڭ. دەرسخانىغا، ئىلمىي مۇهاكىمە ئورۇنلىرىغا، كۇتۇپخانىغا، جىددىي ئۆگىنىش مۇهىتىغا كىرىشتىن ئاۋۋال يانفونىڭىزنى دادىل ئېتىۋېتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ. چۈنكى سىزنىڭ ئاساسىي

ۋەزىپىڭىز ئوقۇش. يانفوننى ئىشلەتمىگەن، ئېتىۋەتكەن شۇ دەقىقىلەردە نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىدىغاندەك، سىزنى كۆپلىگەن كىشىلەر ئىزدەپ كېتىدىغاندەك، ئائىلىڭىزدە بىرەر ۋەقە چىقىدىغاندەك، مۇھىم ئىشلىرىڭىزغا تەسىر يېتىدىغاندەك تۇيغۇلاردا بولىسىز. شۇ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز بىر ئاددىي ئوقۇغۇچى، سىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىڭىز يەنىلا ئوقۇش. شۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ، يەر شارى يەنە ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋېرىدۇ، تۇرمۇش ئۆز ئىزىدا داۋاملىشىۋېرىدۇ. پەقەت تىنچ مۇھىت ئىچىدە ئۆگىنىشىڭىز نەتىجىلىك، ئوقۇشىڭىز ئۇتۇقلۇق بولىدۇ. سىزنى ئىزدىگەن، سىزگە كۆڭۈل بۆلگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمۇ شۇ.

2008 ـ يىلى نويابىر، ئۈرۈمچىدە يېزىلدى.





# بىزگە قانداق دوستلار كېرەك؟

دوستسىز ئۆتمەك ۋەتەندە،
مىسلى مۇردا كېپەندە.

— سەئىدى شىرازىي

دوستلۇق — كونا تېما، لېكىن تۇرمۇش رىتىمى جىددىي تېزلىشىۋاتقان، مېھرى - مۇھەببەت سۇسلىشىۋاتقان، ئۇچۇر ئالاقىسى مىسلىسىز كۈچەيگەن، رىقابەت ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن ھازىرقى دەۋرگە نىسبەتەن دوستلۇق يېڭى تېما. ھازىر گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزورلاردا مىللەتنىڭ ھالىتىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تېمىلاردا بەس - مۇنازىرە، مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. لېكىن ھەم يېڭى، ھەم كونا بولغان دوستلۇق تېمىسى مۇھاكىمىمىزنىڭ سىرتىدا قېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئالاھىدە تارىخىي دەۋردە دوستلۇق زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ قانداق دوستلۇق ھەقىقىي قىممىتىنى تاپقان بولىدۇ؟ بىزگە قانداق دوستلار كېرەك؟ بۇ مەسىلىلەرنى ھەر بىر كىشى ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

ھازىر رېستوران، ئارامگاھ، ئاشخانا، ئائىلىلەردە توگىمەس ئولتۇرۇشلار بولۇپ تۇرىدىغان، كۈنلەپ داۋاملىشىدىغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بۇ خىل ھالەت بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى، خەلقىمىزنىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىكى ئالاھىدە پائالىيىتى بولۇپ قالدى. قۇرداشلار، ساۋاقداشلار، خىزمەتداشلار، كەسىپداشلار، تونۇشلار، سىرتتىن كەلگەن مېھمانلارنى ئاساس قىلىپ ئويۇشتۇرۇلىدىغان بۇ سورۇنلاردا ئەڭ كۆپ تەكىتلىنىدىغان، ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان تېما دوستلۇق بولىدۇ. شاراب كەيپىدىن مەستخۇش بولغان، كەيپىياتى

ئۆرلىگەن، قانلىرى قىزىغان سورۇنداشلار چەكسىز ھاياجان، مىسلىسىز قىزغىنلىق ئىچىدە بىر - بىرىگە دوستلۇق ۋەدىلىرىنى بېرىشىدۇ. دوستلىرى ئۈچۈن ئوتقا دېسە ئوتقا، سۇغا دېسە سۇغا كىرىدىغانلىقىنى، جان پىدا قىلىش ئۈچۈن تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىشىدۇ. بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭ قىسىشىپ تۇرۇپ، بىر - بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ كۆڭۈل چۈشەندۈرىشىدۇ، پۈتكۈل روھىي دۇنياسىنى، يۈرىكىنى ئالدىدىكى «دوستى» غا تاپشۇرىشىدۇ. ياندا تۇرغان ئادەم بۇ خىل قىزغىنلىقتىن چەكسىز ھاياجانغا چۆمىدۇ، «ئۇلار ھەقىقىي قەدىناس دوستلاركەن» دەپ قايىل بولىشىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ راستىنلا ھەقىقىي دوستلۇقمۇ؟ ئۇلار راستىنلا چىن دوستلارمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، سورۇنلاردىكى دوستلۇق شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدىلا، ھاراق رومكىسىنىڭ سايىسىدىلا قېلىۋاتىدۇ. سورۇنلاردا مۇشۇنداق كۆڭۈل بېرىشكەن دوستلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر - بىرىدىن كۆڭۈل سوراش، ھالىغا يېتىش، ئېغىر كۈنلەردە ھەمدەمدە بولۇش، قىيىنچىلىقتا ئۈچرىغاندا ياردەم بېرىش قاتارلىق ئەقەللىي تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ھەتتا بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر - بىرىنى ئۇنتۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ دوستلۇقىمىز رەڭۋاز ئولتۇرۇشلاردىكى دوستلۇق، ھاراق سورۇنلىرىدىكى دوستلۇق، ئويۇن - تاماشا جەريانىدىكى دوستلۇق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈككە، بۇلۇت ئاستىدىكى تۇمانغا ئوخشاش بىر شامال چىقسا سورۇلۇپ كېتىدىغان دوستلۇق بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە شائىر خوسراۋ دېھلىۋى ناھايىتى مەنىلىك قىلىپ: «يۈز دوست تېپىلار ئاش بولسا تەييار، ئىش جانغا يەتكەندە قايسى بىرسى بار؟»، «دوستلىرىڭ كۆپىيەر پاراۋانلىقتا، ئۇلارنى ساناپ باق ناتىۋانلىقتا» دەپ يازغان.

ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان دوستلۇق ئابىدىلىرى تىكلەنگەن. دوستلۇق ھەققىدە ئاجايىپ تەسىرلىك ھېكايىلەر تارقالغان. ئاتلار كىشنەپ، قىلىچ - نەيزىلەر جاراڭلاپ تۇرغان جەڭ مەيدانلىرىدا دوستىغا چېپىلغان قىلىچنى گەۋدىسى بىلەن توساپ، دوستى ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىدىغان، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ئۆلۈم ئاغزىدىن دوستىنى قۇتقۇزۇۋالىدىغان، ئىس - تۈتەك قاپلىغان ئۇرۇش مەزگىللىرىدە دوستى ئۈچۈن مىلتىق ستۇۋلىغا كۆكرىكىنى تۇتۇپ بېرىدىغان، ھاياتى بەدىلىگە دوستىنى سۆيىقەست، تۆھمەتلەردىن ساقلاپ قالىدىغان پىداكارلىقلار تىللاردا داستان بولغانىدى. ئەلۋەتتە، ھازىر دوستلۇقنى ئاشۇنداق ھايات - ماماتلىق ئىپادە بىلەن سىنايدىغان ئۇنداق

ئۇرۇش، جەڭ مەيدانلىرى يوق. ھازىر دوستلۇق سورۇنلىرىدا، ھاراق ئىچىشلەردە، ئويۇن ـ تاماشىدا سىنىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى سەممىي، ئالىيجاناب، پىداكار، شەخسىيەتسىز، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولىدىغان دوستلۇقنىڭ ئورنىنى ئالدىراش تۇرمۇش رىتىمى مۇھىتىدىكى ئالدىراش دوستلۇق، تېلېفوندا، توردا، بىر ۋاق تاماق ئارىلىقىدا، سورۇنلاردا بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئەھۋال سورايدىغان دوستلۇق ئىگىلىدى. ھەتتا داغدۇغا، ھەشەم ئىچىدە ئارىلىشىۋاتقان بىر قىسىم دوستلارنىڭ دىلى باشقا، تىلى باشقا بولىدىغان، «ئاغزىدا كۆلكە ـ چاقچاق، قوينىدا پالتا ـ پىچاق» ئوينايدىغان، ئالدىدا ماختاپ كەينىدە غەيۋەت قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاغزىدا تەبرىكلەپ، ئىچىدە ھەسەت قىلىدىغان، مەغلۇبىيىتىگە ئاغزىدا تەسەللى بېرىپ، ئىچىدە خۇشال بولىدىغان. دوست دەپ يۈرسىمۇ بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر ـ بىرىدىن سىر ساقلايدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ ئالدىدا ياسالمىلىق قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ جەمئىيەتتە خېلى كۆپىيىپ قالدى. ئۇنداقتا ھازىرقى دەۋردە دوستلۇق قانداق بولۇشى كېرەك؟ بىزگە قانداق دوستلار كېرەك؟

بىرىنچى، دوستلۇق ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزئارا ئىشەنچ، چۈشىنىش ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. دوستلۇقنىڭ بىرىنچى شەرتى — ئىشەنچ. ھەقىقىي دوست بولۇش ئۈچۈن ئادەم بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشى، بىر ـ بىرىگە ئىشىنىشى كېرەك. «دوستۇم قالسۇن دېسەڭ مەڭگۈ دوست بولۇپ، سۆزلىگىن مىجەز، ئادىتىنى ئۇقۇپ» (ئەبۇمەجىد سەنايى). جەمئىيەتتىكى ھەرخىل ئىرق، ھەر خىل كەسىپ، ھەر خىل مىجەزدىكى ئادەملەر ئىستىخىيىلىك ھالدا ئۆزئارا يېقىنلىشىپ، مەلۇم بىر دوستلۇق توپىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، دۇنيادا ئۆزئارا ئوپئوخشاش ئىككى تال يوپۇرماقنى تاپقىلى بولمىغىنىدەك، مىجەز ـ خاراكتېرى ئوخشاش بولغان ئىككى ئادەمنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىر دوستلۇق توپىدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس قىسمەت كۆچۈرمىشى، قىممەت قارىشى، ئارتۇقچىلىقى، كەمچىلىكى، ئۆزگىچە خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، خاتالىق ـ سەۋەنلىكلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بىر ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى يەنە بىر ئادەمگە كەمچىلىك بولۇپ كۆرۈنۈشى، بىر ئادەمنىڭ كەمچىلىكى يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئارتۇقچىلىق بولۇپ ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. ھەقىقىي دوستلار بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پەخىرلىنىش بىلەن بىللە، كەمچىلىك ـ سەۋەنلىكلىرىنىمۇ قوبۇل قىلالايدىغان، سىغدۇرالايدىغان، ئەپۇ قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئارتۇقچىلىقىدىن

خۇشاللىنىپ، كەمچىلىكىنى قوبۇل قىلالمايدىغان، نارازى بولىدىغان، ئارقىدىن غەيۋەت قىلىدىغان ئەھۋال دوستلۇققا ئىنتايىن تەسىر يەتكۈزىدۇ. چۈنكى «گۇمان باشلانغان جايدا دوستلۇق تۈگەيدۇ، كىمكى نۇقسانسىز دوست ئىزدەيدىكەن، دوستسىز قالىدۇ». شۇڭا دوستىنىڭ كەمچىلىك، سەۋەنلىكى بولسا، چوقۇم سەممىيلىك بىلەن يۈز تۇرا ئېيتىشى، دوستىنىڭ تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. دوستلۇق قانچە چوڭقۇرلاشقانچە مۇناسىۋەت شۇنچە نازۇكلىشىپ، دوستىدىن ئاسان رەنجىپ قالىدىغان، كۆڭلى ئىنچىكە بولۇپ كېتىدىغان، «يېقىن دوستۇم تۇرۇپ، شۇنداق گەپ قىلامدۇ» دەپ ئاسان خاپا بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. دانالار «بىر - بىرىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرەلىگەن كىشىلەرلا ھەقىقىي دوستلۇق يىپلىرى بىلەن باغلىنالايدۇ» دەپ ئېيتقىنىدەك كىچىك سەۋەنلىك، يېتەرسىزلىكلەرنى، مىجەز - خاراكتېردىكى ئوخشىماسلىقلارنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىۋېتىش، چوڭراق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ھەرگىزمۇ كەينىدىن غەيۋەت قىلماي، ھەمەيلەن مەسلىھەتلىشىپ، سەممىيلىك بىلەن يۈز تۇرا ئېيتىش كېرەك. بۇ دوستلۇقتىكى ئىنتايىن مۇھىم ئامىل. بۇ ھەقتە سەئىدى شىرازىي:

«ياخشى دوست ئەيىبىڭنى مىسالى ئەينەك،
يۈزمۇ يۈز ئۆزۈڭگە ئوچۇق ئېيتىدۇ.
يامىنى تارغاقتەك مىڭ تىلى بىلەن،
چاچتىن چاچقا ئىغۋا تىزىپ ئۆتىدۇ. » دەپ يازغان.

ئىككىنچى، ئېغىر كۈنلەرگە دۇچار بولغاندا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان بولۇشى كېرەك.

«دىل، ئەگەر ناۋادا غەمگە يولۇقساڭ،
غەمخور دوستۇڭ بولسا، ئۇ غەم ئەمەستۇر.
قارا كۈنۈڭ ئۈچۈن دوستلىرىڭ كېرەك،
راھەت كۈندە دوستلار ھېچ كەم ئەمەستۇر.» (ئابدۇراخمان جامىي)

گەرچە ھازىر دوستلار ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىدىغان ئۇرۇش مەزگىللىرى بولمىسىمۇ، يەنىلا ھەرقانداق ئادەم ھاياتىدا ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇقىدۇ. ئېغىر كېسەل، كۈتۈلمىگەن ۋەقە، ئىقتىسادىي كرىزىس، سىياسىي سۇيىقەست، كەسىپتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش، تۆھمەت، جىنايەتنىڭ قۇربانى بولۇپ قېلىش، ئائىلە، مۇھەببەت پاجىئەسى، ئاتا - ئانا، يېقىن قېرىنداشلىرىدىن مەھرۇم بولۇش قاتارلىق پاجىئەلەر ئادەمنىڭ ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىشى، ھەتتا شۇ ئادەمنى

ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتتا ئادەم ياردەمگە، قوتقۇزۇشقا، تەسەللىگە، مېھىر ـ مۇھەببەتكە مۇھتاج بولىدۇ. مۇشۇنداق پەيتلەردە دوستلار كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەن دوستىغا ھەمدەم بولالايدىغان، ئۆزىنى شەخسىيەتسىز بېغىشلىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. دوستلارنىڭ ياردىمى بىلەن تەقدىر ئاچلىدا گاڭگىراپ قالغان كىشى يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشىشى مۇمكىن. بىراق، بىزنىڭ ھازىرقى دوستلىرىمىزنىڭ ئىچىدە پەقەت سورۇندىلا دوستلۇققا يارايدىغان، بېشىغا كۈن كەلگەندە ئەسقاتمايدىغان، ھەتتا قارىسىنى كۆرسەتمەي، بەختسىزلىككە ئۇچرىغان دوستىدىن قاچىدىغان، «پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق» دېگەن تەمسىلدىكىدەك دوستلار كۆپ.

ئۈچىنچى، دوستلۇق سەمىمىي ـ ساداقەت، چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت، شەخسىيەتسىز بېغىشلاش روھى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك.

«دوست ھىجرىدىن ئاشىق كۆتەر ئادالەت،
يا ۋەسلى ئىشكىدە تۇرار بىر ھالەت.
دوستلۇقتىن باشقا بىر مەقسىتى بولسا،
ئالەمدە بارمۇ ھېچ بۇنداق رەزالەت؟» (ئابدۇراخمان جامىي)

سەئىدى شىرازىي «ئېلىشقا بىرمۇ بىر دوستۇڭ كۆڭلىنى، ساتساڭمۇ ئەرزىيدۇ ئاتاڭ بېغىنى» دەپ ئېيتقىنىدەك سەمىمىي ـ ساداقەت — دوستلۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مۇددىئا ئارىلاشقان، تەمە گېرەلەشكەن، غەرەز يوشۇرۇنغان دوستلۇق ھەقىقىي دوستلۇق بولالمايدۇ. دوستىنىڭ قايغۇسى ئۆچۈن ھەقىقىي چىن يۈرىكىدىن قايغۇرالايدىغان، دوستىنىڭ بەختى ئۈچۈن چىن يۈرىكىدىن خۇشاللىنالايدىغان دوستلۇقنىلا ھەقىقىي دوستلۇق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بىزدە بىرگە ئىشلەۋاتقان يېقىن ئىككى خىزمەتداشنىڭ بىرى مۇكاپاتلانسا، دەرىجىسى ئۆستۈرۈلسە يەنە بىرى ھەسەت قىلىدىغان، كۆرەلمەيدىغان، ئىچى زەردابقا تولىدىغان؛ ئىككى دوستنىڭ بىرى كەسپتە ئۇتۇق قازانسا، ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، داغق چىقارسا، يەنە بىرى قايىل بولمايدىغان، چوڭ بىلمەيدىغان، ئىچى ئاچچىق بولىدىغان، سىرتىدا بىلدۈرمەي يۈرگەن بىلەن ھېچبولمىسا ئىچىدە غۇم ساقلايدىغان، تازا ئەركىن ـ ئازادە بولالمايدىغان، تەن بەرگۈسى كەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆپ. ئەلۋەتتە، ئىنسان تەبىئىتى نۇقتىسىدىن بۇ خىل ھېسسىياتنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىراق، بۇنداق كەيپىيات روي بەرسە، بۇ دوستلارنىڭ ئارىسىدا يەنىلا مەلۇم ئارىلىق بارلىقىنى، دوستلۇق ھېسسىياتىنىڭ يەنىلا

تازا چوڭقۇر، سەمىمىي ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى «ھەقىقىي دوستلۇق ھەسەتنى بىلمەيدۇ». دوستىنىڭ غەلىبىسىنى ھەقىقىي چىن قايىللىق بىلەن تەبرىكلىيەلەيدىغان، دوستىنىڭ نوپۇزىدىن ھەقىقىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن پەخىرلىنەلەيدىغان، دوستىنىڭ ئىشلىرىغا خۇددى ئاشۇ دوستىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش چىن ئېتىقاد بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ھەمدەمدە بولالايدىغان دوستلارلا ھەقىقىي دوست ھېسابلىنىدۇ. دانىشمەنلەرمۇ بۇ ھەقتە: «دوستىڭىز مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنى يۈرەك ياشلىرى بىلەن تەبرىكلەيدۇ، دۈشمىنىڭىز شېرىن سۆز ۋە خۇشامەت كۈلكىسىدە» دەپ ئېيتقان.

تۆتىنچى، دوستلۇق مەلۇم غايە، ئېتىقاد، نىشان ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. «ئىككى دوست تۇرۇشسا ھەمدەم، يانمۇ يان، تاغلارنىمۇ ئاسان قىلىدۇ تالقان» (ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىي). ھېچقانداق نىشان، پىلان بولمىغان دوستلۇق مەنىسىز، قۇرۇق دوستلۇق بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق دوستلۇقنىڭ ئۆلى ئاجىز، ۋاقتى قىسقا بولۇپ قالىدۇ. دائىم ئولتۇرۇش، سورۇنلاردا، سەيلە ـ ساياھەت، باراۋەتلەردە بىرگە بولۇشنىڭ ئۆزىلا دوستلۇق ھېسابلانمايدۇ. بىر تويتىكى دوستلاردا چوقۇم مەلۇم نىشان بولۇشى، ئايلىق، يىللىق پىلانلار بولۇشى، بىر ـ بىرىنىڭ خىزمەت، كەسپىگە، ئائىلە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق تەدبىرلەر، بىر ـ بىرىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان، بىر ـ بىرىگە يۇقىرىقى جەھەتلەردە ياردەم بېرىدىغان ئامال ـ چارىلەر ھەققىدە ئىزدىنىشى، بىر ـ بىرىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى ئۈچۈن ئىلھام، مەدەت، ياردەم بېرىشى كېرەك.

بەشىنچى، دوستلۇق چوقۇم ئىزدىنىش، مېھنەت داۋامىدا مۇستەھكەملىنىشى كېرەك. «بۇ بوستاندا دوستلار بولمىسا يۆلەك، نېسىپ بولماس مەقسەت گۈلىنى تەرمەك» (سەئىدى شىرازىي). ھازىرقى دەۋر بىلىم، رىقابەت دەۋرى، ئۇچۇر، پەن ـ تېخنىكا دەۋرى. شۇڭا، ھەر قانداق بىر تويتىكى دوستلاردا ئۆزئارا رىقابەت، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بولۇشى، بىر ـ بىرىنى يېتەكلەپ، ئىلھام بېرىپ، توختاۋسىز ھالدا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان، كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا تىنىمسىز تىرىشىدىغان روھ بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق دوستلۇقلا ھەقىقىي چىن مەنىسىنى تاپقان، تىللاردا داستان بولىدىغان، جەمئىيەت تەرەققىياتىغىمۇ مەلۇم تەسىر كۆرسىتىدىغان دوستلۇق بولىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، دوستلۇق بىزنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقىمىز

بولۇپ قالدى. ھەر قانداق قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلسەك، ئەڭ ئالدى بىلەن دوستلاردىن ياردەم سورايمىز، ھەر قانداق ئىشنى دوستلار ئارقىلىق، دوستلىرىمىزنىڭ دوستلىرى ئارقىلىق بېجىرىمىز. ھەر قانداق يەردە تونۇش-بىلىشلەر ئارقىلىق ... سالغۇغا ئۇچرىساق، دەرھال بىرەر دوست، مۇناسىۋەتچى ئىزدەيمىز. ھەر قانداق دىلخەستىلىك، دەردىمىزنى دوستلار ئارقىلىق ئورتاقلىشىمىز، دوستلاردىن تەسەللى تاپىمىز. مەيلى زېمىنىمىزنىڭ قەيىرىگە بارايلى، ئىزدەيدىغىنىمىز ساۋاقداش، كەسىپداش، قەلەمداش قاتارلىق ھەر خىل قالپاقلار كىيدۈرۈلگەن دوستلىرىمىز بولىدۇ. مەيلى قەيەرگىلا سەپەر قىلايلى، بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقىپ ئىسسىق بىر پىيالە چاي قۇيىدىغان، بىزگە ئىللىق مېھىر يەتكۈزىدىغانلار يەنە شۇ دوستلىرىمىز بولىدۇ. شۇ دوستلىرىمىز بولغاچقىلا بىز دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدا بويۇن قىسىپ، غېرىبسىنىپ قالمايمىز. مەيلى ھاياتىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ ئىشلار بولسۇن، مەيلى دەرھال بېجىرىشكە تېگىشلىك كىچىك ئىشلار بولسۇن، تۇنجى بولۇپ يادىمىزغا ئالىدىغىنىمىز ئىرماش-چىرماش ئۆز-مۇچۈك تورىدەك مۇناسىۋەت چەمبىرىكى ئىچىدىكى بىرەر دوست بولىدۇ. چۈنكى، شۇ دوستلىرىمىزلا بىز بىلەن ئوخشاش تىلغا، ئوخشاش قىسمەتكە ئىگە. پەقەت شۇلارلا بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى، دەردىمىزنى چۈشىنىدۇ، پەقەت دوستلىرىمىزنىڭ ئالدىدىلا ئەركىن-ئازادە، ئوچۇق ئاشكارا بولالايمىز. بۇ خۇددى خۇسراۋ دېھلىۋىنىڭ «بۇ كەڭ ئالەم دوستۇ يارەن بىلەن خۇش، باغۇ بوستان، گۈلى-رەيھان بىلەن خۇش»، «بىرى سۇ، كۆكتاتتىن ئالار خۇش نەپەس، بىزگە دوست دىدارى نېسىپ بولسا، بەس» دەپ يازغىنىغا بەكمۇ ماس كېلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن ئېيتقاندا، خەلقىمىزگە نىسبەتەن دوستلۇقتىن ئىبارەت بۇ مەۋھۇم ئۇقۇم خۇددى بىر بىمالال ئىش بېجىرەلەيدىغان بىر فۇنكسىيىلىك تارماققا ئوخشاپ قالغان. دوستلۇق خەلقىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدىكى مۇشۇنداق مۇھىم بىر ساھە ئۈستىدە ھەر بىر كىشى ئەتراپلىق، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئويلىنىشى زۆرۈر.

دوستلۇق ئىنتايىن قىممەتلىك بايلىق، پەقەت ئىنسانلارغىلا خاس بولغان بىر ئۇلۇغ ھېسسىيات، ياخشى دوست — تۈگىمەس خەزىنە. دانىشمەنلەر «دۇنيادا دوستلۇقتىن ئەۋزەلرەك ۋە يېقىملىقراق ھېچ نەرسە يوق؛ ئۆمۈر دەپتىرىدىن دوستلۇقنى ئۆچۈرۈۋېتىش — دۇنيانى قۇياش نۇرىدىن مەھرۇم قىلىش بىلەن باراۋەر»، «دانالىقتىن كېيىن ئادەملەرگە بېرىلگەن ئەڭ كاتتا ئىنئام دوستلۇقتۇر» دەپ ئېيتقان. دوستلۇق بىر ئادەمنىڭ ھا-

ياتىغا، بىر توپ ئادەمنىڭ تەقدىرىگە، بىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. دوستلۇق پىشاكى ئارقىلىق نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. دۇنيادا نۇرغۇن ئۆزگىرىش، يېڭىلىقلار يۈز بېرىدۇ. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ دوستلۇقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى جەمئىيەت ئىدېئولوگىيىسىگە، ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ھەققىدىكى مىساللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، يېتۈك تىل ئۇستىسى، بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (مىلادىيە 1441 — 1501 - يىللار) ئۆز ھاياتىدا سەييىد ھەسەن ئەردەشىر، مۇھەممەت پالۋان، ھۈسەيىن بايقارالار بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورناتقان. «سەييىد ھەسەن بىلەن ئەلىشىرنىڭ دۇنيا قاراشلىرى، شېئىرىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاساسەن بىردەك بولۇپ چىقتى. گەرچە ئۇلارنىڭ يېشىدا مەلۇم پەرق بولسىمۇ، لېكىن مۇشائىرەلىرى ئوخشاش ئىدى. بۇ ئىككى سىرداشنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئىنتىلىشى تەبىئىي ئىدى. چىن دوستلۇق، بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئۇستاز ۋە شاگىرتلىق مۇناسىۋەت ئۇلارنى چەمبەرچاس باغلىغانىدى. ئۇلار پات - پات ئۇچرىشىپ ئۆزئارا سۆھبەتلىشىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ سۆھبەتلەردە ئۇلار شېئىر، ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ تەبىئەتتىكى بارچە مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ ئالىيسى ئىكەنلىكى، شائىرلار ۋە شېئىر ئەھلىنىڭ بۇرچى قاتارلىقلار توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. ئىككى ئۇلۇغ زات ئوتتۇرىسىدىكى بۇ دوستلۇق سەييىد ھەسەن ئەردەشىر ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە، يەنى ئوتتۇز ئۈچ يىل داۋام قىلدى». بۇ خىل دوستلۇق نەۋائىينىڭ ئىجادىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن، «ھالەتى سەييىد ھەسەن ئەردەشىر» ناملىق ئەسىرىنى ھەسەن ئەردەشىرگە، «ھىلالىيە» ناملىق ئەسىرىنى ھۈسەيىن بايقاراغا بېغىشلاپ يازغان. 1469 - يىلى ھۈسەيىن بايقارا خۇراساننىڭ سۇلتانلىق تەختىگە چىقىپ، ناۋائىينى مۆھۈردارلىق، ئەمىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن، بۇنىڭ بىلەن شائىرغا تېخىمۇ ياخشى ئىجادىيەت مۇھىتى يارىتىلغان. «1501 - يىلى 3 - يانۋار كۈنى بۈيۈك شائىر، شۆھرەتلىك ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىي دۇنيادىن مەڭگۈلۈك كەتتى، ھۈسەيىن بايقارا ناۋائىينىڭ دەپنە مۇراسىمىغا ئۆزى باش بولدى ۋە ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە نەۋائىينىڭ ئۆيىدە ھازا تۇتۇپ ئولتۇردى». شەرقنىڭ بۈيۈك دانىشمىنى، شائىر، مۇتەپەككۇر جالالىدىن رۇمىي (مىلادىيە 1207 — 1273 - يىللار) مىلادىيە 1244 - يىلى كونيادا شەمسىددىن تەبرىزى بى-

لەن ئۆچرىشىپ، دوستلاشقاندىن كېيىن شائىرنىڭ ئىدىيىسىدە زور بۇرۇ- لۇش بولغان. «ئىككى ئىنسان ئۇچرىشىپ، بىرى ئىككىنچىسىدە ئۆزىنى كۆرۈپ، بىر - بىرىنى چۈشىنىپ، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشسە، بۇ ھەممىشەم ئالامەت ھادىسە، ئېھتىمالكى، دۇنيادىكى ئەڭ ئاجايىپ مۆجىز- لەردىن بىرى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىدىغان كۈنى پەقەت شۇلارنىڭلا شەخسىي قىسمىتىدە ئۇلۇغ كۈن بولۇپلا قالىدۇ. بۇنىڭدىن يەتتە يۈز يىل- دىن كۆپرەك بۇرۇن كونيا شەھىرىدە ئۇچراشقان ئىككىيلەن بىرى ئىك- كىنچىسىدە يالغۇز ئۆزىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىر بۈيۈك ھادىسىنى — ئىنسانىيەت ئۇچۇن ئىنسانىنى كەشىپ قىلدى. ئەنە شۇ ئۇچرىشىش بولمى- غان بولسا، شىمالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ جەنۇبتا ئەرەبىستانغىچە، شەرقتە ھىندونېزىيىدىن تارتىپ غەربتە تاكى شىمالىي ئافرىقىغىچە بول- غان مەيداندا ياشىغۇچى ئادەملەر ئۆزلىرىنى باشقىچە ھېس قىلىپ، باشقى- چە تەپەككۇر قىلىشاتتى. ئۇ كۈن «مەدەنىيەتلىك» ئاتىلىدىغان ئىنسانىنىڭ ئىككىنچى تەبىئىتى ئۇچۇن سوقرات ۋە ئەپلاتون، گيوتې ۋە شىللىرنىڭ ئۇچرىشىش كۈنلىرىدەك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر كۈن بولدى. جالالىدىن رۇ- مىي بىلەن شەمسىددىن تەبرىزى ئۇچراشقان جاي ئىنسانلارنىڭ قوتلۇق خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالدى. بۇ جاينى ئادەملەر ‹ئىككى دېڭىزنىڭ قو- شۇلۇشى› دەپ ئاتاشتى. بۇ ۋەقە 1244 - يىلى 26 - نويابىردا يۈز بەرگە- نىدى». مىلادىيە 1900 - يىللارنىڭ بېشىدا ئىدىقۇت ۋادىسىدا ياشاپ ئۆت- كەن مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر تارىخىي شەخسلەردىن مەخسۇت مۇھىتى، تا- ھىربەگ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. ئەي- نى دەۋردىكى جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق قاپلىغان دەۋردە، مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۇستىدە جىددىي ئويلىنىپ، ئۆزئارا زىچ ھەمكارلىشىپ، نۇرغۇن قۇربانلار بەدىلىگە ئىدىقۇت ۋادىسىدا يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى ئاچقان، ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى تەسىس قىلغان. ھەر خىل پائالىيەتلەرنى تەش- كىللەپ، خەلقنى نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇشقا چاقىرىق قىلغان. بۇ خىل دوستلۇقنىڭ تەسىرى بىلەن ئىدىقۇت ۋادىسىدا مەرىپەت يالقۇنى يالقۇنجاپ، يېڭىچە ئىدىيىدىكى ياشلار بارلىققا كېلىشكە، تەرەققىياتقا ئىن- تىلىدىغان سادالار كۆچىيىشكە، يېڭىچە كەيپىيات ئۇلغىيىشقا باشلىغان. دېمەك، يۇقىرىقى دوستلۇقلار ئاددىي ئىككى ئادەمنىڭ دوستلۇقىدىن ھال- قىپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ تەقدىرىگە، ئىدېئولوگىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۇلۇغ دوستلۇققا ئايلانغان.

دوستلۇق ھەققىدە گەپ بولغاندا، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئۆزۈمدىن

چىقىپ سۆزلەپ بېقىشنى لايىق تاپتىم. بۇ ھازىرقى بىر قىسىم ياش دوستلارغا ئۆرنەك بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. بىز 1992 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇرپاندا ئالىي مەكتەپنى يېڭىلا پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چۈشكەن ئۈچ ياش ئۆزئارا قول بېرىشىپ، دوستلۇق توپىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدۇق. كېيىن قايتا ـ قايتا شاللاش، تاللاش، قاتتىق تەدبىرلەر ئارقىلىق سىناپ، مۇزاكىرە قىلىپ، ئۆزگىچە شەكىللەردە «ئىمتىھان ئېلىش» ئارقىلىق ئاـ خىرى توققۇز ئاغىنە بىر توپ بولۇپ ئۇيۇشتۇق. «توققۇز» بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خاسىيەتلىك سان، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزمۇ «توققۇز ئوغۇز»، «توققۇز قەبىلە» بولۇپ ئۇيۇشقانىكەن. بۇ سان بىزگە چوقۇم بەخت، قۇت، ئەزگۈلۈك ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىدۇق. دەرۋەقە، مۇخبىر، ئادۋوكات، دوختۇر، ساقچى، دۆلەت مەمۇرى، يېزا كادىرىدىن ئىبارەت توققۇز ئاغىنىـ دىن تەركىب تاپقان بۇ توپ ساغلام تەرەققىي قىلىپ، جەمئىيەتكە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكۈدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ھازىر بۇ توققۇز ئاـ دەمنىڭ ئىچىدىكى ئالتىسى سىياسىي جەھەتتە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئورنىغا ئىگە بولدى. كەسپىي جەھەتتە ئۈچەيلەن تۇرپان ۋىلايىتى، تۇرپان شەھىرى بويىچە «ئون مۇنەۋۋەر ياش»، بىرەيلەن «ئىختىساسلىق خادىم» بولۇپ باھالاندى. ئۈچەيلەننىڭ بىر پارچىدىن يەتتە پارچىغىچە كىتابى نەشر قىلىندى. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى بولدى، ئەسەرـ لىرى ئاپتونوم رايون بويىچە بىر قانچە قېتىم مۇكاپاتلاندى. بىرەيلەن مەملىكەت بويىچە ئىلغار شەخس، ئاپتونوم رايونلۇق ئادۋوكاتلار جەمئىيىـ تىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالتەيلەن خۇسۇسىي ماشىنا سېتىۋالدى، ئۈچەيلەن ئىدارە ئاجرىتىپ بەرگەن مەخسۇس ماشىـ نىدا ئولتۇرىدىغان ھالەتكە يەتتى. ھەممەيلەن بىر قانچە يەردىن ئۆي ـ زېمىن سېتىۋالدى. مۇھىمى، بىز كۆپلىگەن مەدەنىيەت ـ سەنئەت، خەير ـ ساخاۋەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ، جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسەتتۇق. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئاخبارات ـ تەشۋىـ قات تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىككىيلەننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىلـ مىي مۇھاكىمە يىغىنىنى، بىرەيلەننىڭ ناخشا كېچىلىكىنى، بىرەيلەننىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئۈچ قېتىم نورۇز بەزمىسىنى، مەشرەپ سەنئەت كېـ چىلىكىنى ئۆتكۈزدۇق. قەرەللىك ھالدا ئىئانە يىغىپ، قىيىنچىلىقتا قالـ غان ئوقۇغۇچىلارغا، نامراتلارغا، مائارىپقا ياردەم بەردۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان تەۋەسىدە ۋە ئۈرۈمچى، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن نورـ

غۇن ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىيەت، مۇھاكىمە، دوستلار يىغىلىشى، يې-
ڭى يىل، ساياھەت، ياشانغانلارنى يوقلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىل-
لىدۇق ياكى تەشكىللەشكە قاتناشتۇق، باش رول ئوينىدۇق. ئۆز نۆۋىتىدە
يەنە ئائىنىلىرىمىزنىڭ باشقىلار بىلەنمۇ دوستلىشىشىغا يول قويدۇق.
توققۇز دوستنىڭ يەنە باشقا ئارىلىشىدىغان دوستلىرى، كىچىك «توپ»
لىرى بولۇشنى، دوستلىرىمىزنىڭ دوستلىرى بىلەنمۇ ياخشى ئۆتۈشنى
تەشەببۇس قىلدۇق. بۇ تەبىئىي ھالدا مۇناسىۋەت دائىرىمىزنى تېخىمۇ
كېڭەيتتى. ئەلۋەتتە، بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىزگە نۇرغۇن
جەريان كەتتى. بىز 1992 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇھەببەتنىڭ رىيازىتى ۋە
ھالاۋىتىنى تەڭ تېتىپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ مەرىكىلىرىگە باش، قولداش
بولۇپ بىر ـ بىرلەپ توي قىلدۇق. دۇنياغا كۆز ئاچقان پەرزەنتلىرىمىز-
نىڭ خەتنە توي ۋە بۆشۈك تويلىرىنى بىر ـ بىرىمىزگە باش، قولداش بو-
لۇپ چىرايلىق ئۆتكۈزدۇق. يەنە پەدەر ئاتىلىرىمىزدىن، غەمگۈزار ئانىلى-
رىمىزدىن بىر ـ بىرلەپ ئايرىلغىنىمىزدا، مۇسىبەت كەلگەن دوستىمىز-
غا ئوخشاش ماتەم تۇتۇپ، بېلىمىزغا ئاق باغلاپ، تاۋۇتنىڭ بىر بېشىنى
كۆتۈردۇق. ئېغىر، كېسەل، ئىقتىسادىي كىرىزىسقا دۇچار بولغان دوستلى-
رىمىزغا دەرھال شەپقەت قولىمىزنى سۇنۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشتا
دەرقەمدە تۇردۇق. بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىزدە توپىمىزدا
مۇنتىزىم تەرتىپ، بەلگىلىمە، نىشان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. توپتا بىر
توپ بېشى، بىر مۇئاۋىن توپ بېشى، بىر كاسسىر بولۇش، ھەر قانداق
ئىشنى كېڭىشىپ، دېموكراتىك بىر تەرەپ قىلىش، باشنىڭ ئورۇنلاشتۇ-
رۇشىغا سۆزسىز بويسۇنۇش، ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈن قاتارلىق چوڭ
ئىشلاردا دەرھال نەق مەيداندا ھازىر بولۇش، ۋاقتىدا رىئايە قىلىش، ھەر
خىل پائالىيەت ـ مەرىكىلەردە ئاكتىپ بولۇش، ئىزچىل تۈردە ئۆزئارا
چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بىر ـ بىرىمىزگە پىكىر ـ تەكلىپ بول-
سا چوقۇم يۈز تۇرا ئولتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇش قاتارلىق تەرتىپلەرنى ئە-
مەلىيلەشتۈردۇق. بىز ئون نەچچە يىلدىن بېرى بىر ئۇدۇمنى ئىزچىل
داۋاملاشتۇرۇپ كەلدۇق: ھەر يىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى يەنى 31 ـ دېكا-
بىر كۈنى مەيلى دۇنيانىڭ قەيرىدە بولايلى چوقۇم قايتىپ كېلىپ، توق-
قۇز ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە بىر يەرگە جەم بو-
لۇپ، كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى بىر يىلنى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆت-
كۈزىمىز. بۇ مۇراسىمنىڭ ئەڭ ئۆزگىچە يېرى ھەر بىرىمىز (ئەر ـ ئايال
ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا) نۆۋىتىمىز كەلگەندە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئۆزد-

مىزنىڭ بىر يىللىق ئىشلىرىدىن تەپسىلىي خۇلاسە چىقىرىمىز، نەتىجە - ئۇتۇقلىرىمىزنى، كەمچىلىك - نۇقسانلىرىمىزنى سەممىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويىمىز. بۇ خۇلاسىنى «بىرىنچى، جەمئىيەتكە، خەلققە قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلىدىڭ؟ ئىككىنچى، ئاتا - ئاناڭ، قېرىنداش، تۇغقانلىرىڭغا قانچىلىك ۋاپادارلىق يەتكۈزدۈڭ؟ ئۈچىنچى، ئائىلەڭگە قانچىلىك مۇھەببەت ئاتا قىلدىڭ؟» قاتارلىق ئۈچ ئۆلچەم بويىچە ئەلگەككە سالىمىز. ھەممەيلەن سۆزلەپ بولغاندا توپ بېشى ھەر بىر ئادەم ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ، مەيلى ئۇتۇق، مەيلى سەۋەنلىك تەرەپتىن كەم قالغان تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ، خۇلاسە چىقىرىدۇ. بۇ توپتىكى ھەر بىر دوست ئۈچۈن ئىنتايىن قاتتىق سىناق، ئېغىر ئىمتىھان بولۇپ، يىل ئاخىرىدا دوستلىرىمىزغا ياخشى جاۋاب بېرىش، يەرگە قاراپ قالماسلىق، توپ بېشىنىڭ تەنقىدىگە قالماسلىق ئۈچۈن بولسىمۇ، بىر يىل تىرىشىپ ئىشلەيمىز. دېمەك، بۇ توققۇز قېرىنداش ئىدىيە، كەسىپ، روھىي كەيپىيات، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى جەھەتتە بىر - بىرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر - بىرىمىزدىن ئىپتىخارلىنىپ ۋە ئىلھام ئېلىپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا باستۇق. ئالغا باسقانچە يوللىرىمىز ئېچىلىپ، بىر - بىرىمىزگە ياردەم بېرىدىغان شارائىتىمىز كۆپەيدى. ئەلۋەتتە، بىر توپتا شەخسىيەتسىز خىزمەت قىلىدىغان، مەسئۇلىيەتچان، تەشكىللاتچان، قابىل، ئۇنىۋېرسال يېتىشكەن، باشقىلارغا يامان بولۇشتىن قورقمايدىغان، دوستلىرى ئۈچۈن قۇربان بېرەلەيدىغان، ئادىل، باراۋەر مەيداندا تۇرىدىغان، كۆپ قىسىم ۋاقتى، زېھنى، ھەتتا ئىقتىسادىنى دوستلىرىغا سەرپ قىلىشتىن ئايانمايدىغان بىر توپ بېشى بولۇشى كېرەك. بۇ ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق ئامىل بولۇپ، شۇ توپتىكى دوستلارنىڭ قانداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى، كىشىلىك پەزىلەت جەھەتتە قانداق ساپانى ھازىرلىشى، قانداق روھىي كەيپىياتتا بولۇشى قاتارلىقلارغا توپ بېشى ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھازىر بىز توققۇز قېرىنداش بىر - بىرىمىزدىن شۇ قەدەر ئىپتىخارلىنىمىز، «ھەر قانداق ئىشقا يولۇقسام توققۇز قېرىندىشىم بارغۇ» دەپ ھەر دائىم كۆڭلىمىز پۈتۈن، روھىمىز كۆتۈرەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ خىل دوستلۇقنى ھاياتىمىزدىكى ھەر قانداق نەرسىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىمىز، ئەڭ زور بايلىقىمىز دەپ بىلىمىز.

ئۇنداقتا، ھازىرقى تىنچلىق دەۋرىدە بىز دوستلىرىمىزنى قانداق سىنايمىز؟ قانداق تەلەپ قويىمىز؟ دوستلاردىن بەك چوڭ ئۈمىد كۈتۈپ كېتىش، قۇربان بېرىشنى، ئۆزىنى بېغىشلاشنى تەلەپ قىلىش، دوستلارنىڭ

كۆچىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلەش، دوستلارغا تەلەپنى بەك قاتتىق قويۇش-
مۇ دوستلۇقنى تويۇق يولغا باشلاپ قويىدۇ. دوستلار ئارىسىدا ئىشەنچ-
سىزلىك، ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلىدۇ. بىز ئالدى بىلەن هازىرقى دەۋر-
دىكى كىشىلەر هاياتىدا بىر قەدەر زور ئىش هېسابلىنىدىغان ئۆلۈم - يې-
تىم، نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈن، مەرىكىلىرىمىزدە قېرىنداش
دوستلار ئۆز ۋاقتىدا نەق مەيدانغا هازىر بولۇپ، باشتىن - ئاخىر بەجان-
دىل خىزمەت قىلىمىز. ئارىمىزدىكى بىرەرىمىز ئەهمىيەتلىك بىرەر پائا-
لىيەتنى تەشكىللىمەكچى بولساق، بۇ ئىشنىڭ كۈنتەرتىپ، جەريانلىرىنى
مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن هەممە ئاغىنىلەر ئۆز كۈچ-
مىزنى، مۇناسىۋەت يوللىرىمىزنى ئىشقا سېلىپ، شۇ ئاغىنىمىز ئۈچۈن
هەمدەمدە بولىمىز، بەجاندىل خىزمەت قىلىمىز. غەيرىي رەسمىي سو-
رۇنلاردا بىرەر دوستىمىز ئۈستىدە باشقىلار تەرىپىدىن غەيۋەت - شىكايەت-
لەر بولۇنۇپ قالسا، شۇ كىشىگە دەرهال رەددىيە بېرىمىز، دوستىمىزنىڭ
ياخشى تەرىپىنى چۈشەندۈرىمىز. ئۆزىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە پىكرى
چىقىپ قالسا، بەزى ۋاقىتلاردا كۆڭۈل قېلىشلار بولۇپ قالسا، بۇنداق
كەيپىياتلارنىڭ باشقا سورۇنلاردا ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قەتئىي ساق-
لىنىمىز. دەرهال جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ،
هېسسىيات توقۇنۇشلىرىنى دەرهال هەل قىلىمىز. كۆڭۈلدىكى تۈگۈنلەر-
نى شۇ هامان يېشىۋېتىمىز. ئىمكانقەدەر بىر - بىرىمىزگە كەڭ قورساق،
ئەپۇچان بولىمىز. ئارىمىزدىكى بىرەرىمىز بىرەر پېشكەللىككە، كېلىش-
مەسلىككە ئۇچرىسا، قالغان سەككىزەيلەن دەرهال ئىتتىپاقلىشىپ، مە-
سىلىنى هەل قىلىمىز، هەر ۋاقىت دوستىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭمۇ
دۈشمىنىمىز، دوستى بىزنىڭمۇ دوستىمىز بولىدۇ. ئىقتىسادىي جەهەتتە
ياردەمگە موهتاج بولسا دەرهال ياردەم قىلىمىز. بىر - بىرىمىزگە هەر
دائىم روهىي ئىلهام، مەنىۋى مەدەت، پىسخىك تەسەللىي بېرىپ تۇرىمىز.
هەر خىل سەيلە - ساياهەت، كۆڭۈل ئېچىش، خەير - ساخاۋەت پائالىيەت-
لىرىنى تەشكىللەپ، كۈنلىرىمىزنى قىزغىن، خۇشال - خورام ئۆتكۈزى-
مىز. مۇشۇنداق جەريانلار داۋامىدا چۈشىنىشىمىز يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىپ،
دوستلۇقىمىز تېخىمۇ چىڭىيدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ ئەهمىيەتلىك هەم ئەمە-
لىي، مەنىلىك، هەم هەقىقىي، ئاددىي - ساددا هەم چوڭقۇر دوستلۇق تەج-
رىبىمىزدىن ئىبارەت.

قىسقىسى، **هازىرقى** دەۋردە بىزگە ئۆزئارا ساداقەتمەن، ۋىجدانلىق، **ئى-
شەنچلىك**، سەمىمىي، تىلى بىلەن دىلى بىر، بىر - بىرىنى **چوڭقۇر چۈ-**

شىنىدىغان ۋە ئېتىراپ قىلىدىغان، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، قوغداي-دىغان، ماختاشتىن كېرىلىپ، تەنقىدتىن يېرىلىپ كەتمەيدىغان، غەرەز-سىز، تەمەسىز مۇئامىلە قىلىدىغان، خۇشاللىق، قايغۇدا بىرگە بولالايدى-غان، بېشىمىزغا كۈن كەلگەندە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان دوستلار كېرەك.

ئاخىرىدا ماقالەمنى خوسراۋ دېھلىۋىنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتى بىلەن ئا-خىرلاشتۇرىمەن:

بۇ دۇنيادا ئۆمرۈڭ بەش كۈنگە ئاۋات،
ياخشىسى بول دائىم دوستلار بىلەن شاد.

2009 - يىلى فېۋرال، تۇرپاندا يېزىلدى.



ئاپتور ساۋاقدىشى ئەنۋەر غوپۇر (ئوتتۇردا) ۋە ئەخمەت ئابلىم بىلەن بىللە.



# ئوت يۇرتىدىكى ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەر

تۇرپان ــ سېھرىي كارامەتلەرگە تولغان باغرى ئوتلۇق ماكان. بۇ يەرنىڭ تاغلىرىمۇ ئوت، باغلىرىمۇ ئوت، ئادەملىرىنىڭ قەلبىمۇ ئوت. مەن مېھرى ئوتلۇق بۇ زېمىننى، بولۇپمۇ بۇ زېمىندىكى ئوت يۈرەك، قىزغىن، سەممىي، دىلكەش، قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئوتتەك مېھرىنى ئايىمايدىغان، ئاق كۆڭۈل، ھەمسال، مەردانە كىشىلەرنى ياخشى كۆرىمەن.

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن بۇ زېمىندا، كۆپ يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم ساخاۋەتلىك قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىللە، كۆپلىگەن مەدەنىيەت-سەنئەت، ھەر خىل مۇكاپاتلىق مۇسابىقە، ئەدەبىيات يىغىلىشلىرى، نورۇز، پېشقەدەملەرگە تون يېپىش، تەنتەربىيە، سەنئەت، ئاجىز، يېتىم-يېسىرلارغا ياردەم قىلىشتەك ھەرخىل ئەھمىيەتلىك، ساخاۋەتلىك پائالىيەتلەرنى تەشكىللىدۇق. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ساخاۋەتلىك دوستلىرىمىز كەڭ قوللۇق بىلەن ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىنى نامايان قىلدى. ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە جاپا تارتىپ، قان-تەر ئاققۇزۇپ ئىگىلىك تىكلەپ، بىر تىيىن-بىر تىيىندىن يىغقان پۇللىرىنى، خەلق خىزمىتى ئۈچۈن، ئەدەبىيات-سەنئەت، مەدەنىيەت ئىشلىرىمىز ئۈچۈن خالىسانە ياردەم قىلدى. «پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە بولسا، بىر ئۇچى يۈرەكتە بولىدۇ»، پۇل ئاسان يەردىن چىقمايدۇ، چۈنكى پۇل تېپىش ئۈچۈن ھېسابسىز بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلە-

*سۈرەتتە: ئاپتور 2009-يىلى نورۇزدا ساخاۋەتچى دوستلىرى بىلەن تۇرپان شەھىرىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسىدىكى مېيىپ ئاچا-سىڭىللارنى يوقلىماقتا. ئوڭدىن: خالىقجان سىيىتنىياز، ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت، ئەلقەم مۇھەممەت، قادىرجان غىياسىدىن.*

دۇ. كېچىلىرى ئۇخلىماي شۇنچە جاپا چېكىپ مېھنەت، تەرى بەدىلىگە تاپ-قان، باج، باشقۇرۇش، ئىجارە، سۇ، توك پۇلى، خادىملارنىڭ ئىش ھەققى، ماتېرىيال پۇلى، مەبلەغ قاتارلىق ئۆتكەملەردىن ئۆتۈپ، قېپقالغان قىم-مەتلىك پۇلىنى باشقىلارغا خالىسانە ياردەم قىلىشقا ئاجايىپ جاسارەت، مەرد ـ مەردانىلىك، ئالىيجاناب روھ بولمىسا بولمايدۇ. بۇ خىل روھنى ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە، مەدھىيىلەشكە، ئۇلۇغلاشقا ئەرزىيدۇ. شۇڭا، مۇ-شۇنداق ئالىيجاناب روھتا ياشاۋاتقان بىر قانچە دوستۇم ھەققىدە بىرەر ما-قالە يېزىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. بۇ دوستلىرىم تۇرپاندا «تۆتىنىڭ ئال-دى» بولۇپ كېتىۋاتقان، جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئىجتىمائىي تەسىرگە، ئۆ-زىگە يارىشا نوپۇزغا ئىگە بولغان، كۆڭلىرىنى ئەھمىيەتلىك، مەردانە ئۆت-كۈزۈۋاتقان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىغىمۇ ئالەمچە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

## مېھرىبان ئاتا ــ مۆمىن ئابلىز

**قىسقا ئارخىپ:** 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۇرپان شەھە-رىدە تۇغۇلغان. 1961 ـ يىلى تېخى بالا ۋاقتىدىلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ، دۆ-لەت ئىگىلىكىدىكى قاتناش ـ ترانسپورت شىركىتىگە كىرىپ ئىشلەپ، دەسلەپتە هارۋا، كېيىن ماشىنا ھەيدىگەن. 1979 ـ يىلى ۋىلايەتلىك چار-ۋىچىلىق ئىدارىسىغا يۆتكىلىپ شوپۇر بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 ـ يىلى پېنسىيىگە چىقىپ، كونىشەھەر بازىرىنىڭ كەينىدە بىر مىلىچمال دۇكىنى ئاچقان. 1994 ـ يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ كونىشەھەر يولىغا جايلاشقان سودا ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدىكى «شەرق شامىلى» مېھمانسارىيىنى كۆتۈرە ئېلىپ، سودا شەھىرىگە ئۆزگەرتكەن. ھازىرغا قەدەر بۇ يەرگە ئۈچ مىليون ئالتە يۈز مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ، يەتتە مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى ئورۇندا ئىككى يۈزگە يېقىن سودا ئورنى بەرپا قىلىپ، بۇ يەر-نى تۇرپان شەھىرىدىكى ئەڭ ئاۋات بازارغا ئايلاندۇرغان، بۇ يەرگە يەنە يۈزگە يېقىن كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. 2003 ـ يىلى سودا شەھە-رىنى بەش مىليون ئىككى يۈز مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغان. سودا شەھىرىگە «مۆمىن سودا شەھىرى» دەپ نام قويۇلغان. ئۇ يەنە 1999 ـ يىلى بەش مىليون بەش يۈز مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تۇرپاندا «سىرلىق بۇلاق» ساپ سۈت مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتىنى قۇرغان. تۇرپان شەھىرى يار يېزىسىنىڭ ياربېشى كەنتىدىكى يىگىرمە مو جايدا كالا فېرمىسى، سۈت زاۋۇتى بىر-

گەۋدىلەشتۈرۈلگەن سۈتچىلىك بازىسى بەرپا قىلىنغان. (ھازىر بۇ زاۋۇت
ۋاقتىنچە ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلدى). مۆمىن ئابلىز ئىلگىرى -
كېيىن تۇرپان شەھەرلىك 6 -، 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائى-
مىي ئەزاسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ
ئەزاسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايون-
لۇق، تۇرپان ۋىلايەتلىك مېيىپلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىر قانچە قېتىملىق
ئەزاسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمى-
سىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ۋە ئۆتەۋاتىدۇ.
ئاپتونوم رايون بويىچە بىر قانچە قېتىم «مېيىپلارغا ياردەم بېرىشتىكى
ئىلغار شەخس»، «مېيىپلارغا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش ئەلچىسى»، «ئاپتو-
نوم رايونىمىزنىڭ ئون بەش يىللىق مېيىپلار پىلانىنى ئىجرا قىلىشتىكى
ئىلغار شەخس»، تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە «مېيىپلارغا ياردەم بېرىشتىكى
ئىلغار شەخس»، تۇرپان شەھىرى بويىچە «مۇنەۋۋەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋە-
كىلى» قاتارلىق شان - شەرەپلەرگە ئېرىشكەن.

※ ※ ※

تۇرپان شەھىرىنىڭ كونىشەھەر بازىرىغا جايلاشقان سودا شەھىرى تۇر-
پاندىكى ئەڭ ئاۋات بازارلارنىڭ بىرى، بۇ بازارنىڭ يەنە «مۆمىن سودا شە-
ھەرچىسى» دېگەن نامى بار. بۇ شەھەرچىنىڭ تەقدىرى بىلەن مۆمىن ئاب-
لىزنىڭ تەقدىرى چەمبەرچاس باغلانغان، مۆمىن ئابلىز بۇ شەھەرچىنى
قۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئون بەش يىلدىن بېرى ئاز بولمىغان جا-
پالارنى چەكتى، پۈتكۈل زېھنىي قۇۋۋىتىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى بېغىش-
لىدى. ھەتتا شەھەرچىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى جەھەتتە تالاش - تارتىش،
دەۋا - دەستۇرغا قېلىپ،نۇرغۇن خورلۇق تارتتى. بىراق، ئۇ مۈشكۈلاتلار
ئالدىدا گاڭگىراپ قالماي، بەل قويۇۋەتمەي، توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلى-
دى. مانا ھازىر مۆمىن سودا شەھەرچىسى تۇرپان شەھىرىنىڭ مەركىزىدە
تىجارەت دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئۇنىۋېرساللىقى، سودىسىنىڭ ئاۋاتلى-
قى، خېرىدارلىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن داڭق قازىنىپ، ھەر يىلى دۆلەت
ئىچى - سىرتىدىن كېلىدىغان نۇرغۇن ساياھەتچىنى كۈتۈۋالماقتا، ھەيۋەت
بىلەن قەد كۆتۈرۈپ، ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

مۆمىن ئابلىز قەددى - قامىتى كېلىشكەن، خۇشچاقچاق، ئوچۇق - يو-
رۇق، مەردانە كىشى. كىشىدە ناھايىتى ياش، قىزغىن تەسىرات قالدۇرىدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمۇ ياشلاردەك رەتلىك، جۇشقۇن كىيىنىپ يۈرىدىغان
بولغاچقا، ئارتىسلارغا ئوخشاش تۇيغۇ بېرىدۇ. توغرا، قولىدىن خېلى

ئىشلار كېلىدىغان مۆمىن ئاكىنىڭ ئاكتىيورلىقتىنمۇ خەۋىرى بار. پەرىجە، يەكتەكنى كىيىپ، ساقالنى قاداپ سەھنىگە چىقىدىغان بولسا، سىپى ئۆزىدىن سالاپەتلىك بوۋايغا ئايلىنىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئوبرازى بىلەن «تۇرپانغا مۇھەببەت»، «موللا زەيدىن»، «تۇرپان قېيىت مەشرىپى» قاتارلىق بەدىئىي سەنئەت فىلىمى ۋە كىنو - فىلىملەردە رول ئېلىپ، قۇرداشلىرىنى ھەيران قالدۇرغان.

مۆمىن ئابلىز ئالدى بىلەن بىر مېھرىبان، مەسئۇلىيەتچان ئاتا. ئۇ پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئاندىن كېيىن جەمئىيەتتىكى ئاتىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مېيىپلار، ئاجىز، يېتىم - يېسىرلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم قىلدى. ئۇ 1996 - يىلىدىن باشلاپ، مېيىپلىك سەۋەبىدىن ئائىلە ئىقتىسادى ناچارلىشىپ كەتكەن ئون ئۈچ ئوقۇغۇچىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ بارلىق ئوقۇش چىقىمىنى زىممىسىگە ئالدى. ئۇلارغا ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئوخشاش كۆيۈنۈپ، تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇلاردىن بەشەيلەن مەكتەپ پۈتكۈزۈپ كەتكەندىن كېيىن، قالغان يەتتە بالىنىڭ تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگىچە بولغان چىقىمىنى داۋاملىق ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ بالىلارنى ئاخىرىغىچە ئوقۇتتى. ھازىرغا قەدەر مۆمىن ئابلىزنىڭ مېيىپلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە مېيىپلار ئىشلىرىغا قىلغان ياردىمى ئۈچ يۈز مىڭ يۈەنگە يەتتى. مارالبېشى ۋە شىنجاڭدىكى باشقا بىر قىسىم جايلاردا يەر تەۋرىگەندە بەش مىڭ يۈەن، سىچۈەن ۋېنچۈەندە يەر تەۋرىگەندە ئون مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى.

مەن مۆمىن ئابلىز بىلەن 1992 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كېلىپلا تونۇشقان، ئۇ مېنىڭ ئاكا ئاغىنەم. مۆمىن ئاكامنىڭ جەڭگىۋار، مەردانە، ئوچۇق - يورۇق، باشقىلارغا چىن يۈرىكىدىن ياردەم بېرىدىغان، توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان خاراكتېرىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ گەرچە مۇقىم مائاشلىق، پېنسىيىگە چىققان دۆلەت كادىرى بولسىمۇ، بىكار يەپ يېتىشنى خالىمىدى. تېنى ساغلام، زېھنى - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ كىشى ئاتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنە ئۆزىنىڭ ئىگىلىكى ۋە بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن توختاۋسىز ئىزدەندى. مانا مۇشۇ ئاددىي ئادەم ھازىر مۆمىن سودا شەھىرىدىكى يەتتە يۈزگە يېقىن كىشىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنى بۇ كىشىلەرنىڭ مېھرىبان ئاتىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ئىش ئورنىدىن قالغان، ئائىلىسى

ئېغىر ئىقتىسادىي كرىزىسقا پېتىپ قالغان بۇ كىشىلەرگە قايتا نىجاتلىق ئاتا قىلدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئائىلە ئىشلىرىغىچە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر قانداق قىيىنچىلىقى بولسا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە يەنە مېيىپلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر مۆمىن سودا شەھىرى تۇرپان شەھىرى، ۋىلايەت، ھەتتا ئاپتونوم رايونىدىكى ئىش ئورنىدىن قالغانلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىسى قىلىنىپ بېكىتىلىپ، زور شۆھرەت قازاندى. سودا شەھىرىدە «ئىخلاس» تاللا بازىرى، «ئابىدە» يانفون شەھەرچىسى، «فېيلۇڭ» ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى سودا سارىيى قاتارلىق داڭلىق بازارلار قۇرۇلۇپ، شەھەرنىڭ شۆھرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مۆمىن ئابلىزنىڭ نامىمۇ چىقىپ، ئۇ ھەر قايسى ساھەلەردە بىر قانچە قېتىم ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى، ئىلغارلار تەركىبىدە ئۈمەكلەرگە قاتنىشىپ، تەيۋەن، مالايسىيا، تايلاند، سىنگاپور، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ھەر قايسى شەھەرلەردە ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەتلەردە بولدى.

## ئادۋوكات ۋە ناخشىچى — ئەنۋەر ئابدۇگۇل

**قىسقا ئارخىپ:** 1972 - يىلى 9 - ئاپرېل تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1991 - يىلى شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، تۇرپان شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسى قارمىقىدىكى «يالقۇنتاغ» ئادۋوكاتلىق ئورنىدا ئىشلىگەن. كېيىن بۇ ئورۇننىڭ مۇدىرى بولغان. «يالقۇنتاغ» ئادۋوكاتلىق ئورنى شېرىكچىلىكتىكى ئادۋوكاتلىق ئورنى بولۇپ، ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ چىققاندا ئۇ يەنە بۇ ئورۇننىڭ مۇدىرى بولغان. 2008 - يىلى 10 - ئايدا، تۇرپان شەھىرىنىڭ «ئۈزۈمبۇلاق» كۆلى بويىدا شىنجاڭدىكى مىللىي ئادۋوكاتلار ئىچىدە تۇنجى بولۇپ خۇسۇسىي ئادۋوكاتلىق ئورنى — ئەنۋەر ئابدۇگۇل ئادۋوكاتلىق ئورنىنى قۇرغان. غەربىي شىمال سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرۇپ، تولۇق كۇرس دىپلومىنى ئالغان. مەملىكەت، ئاپتونوم رايون بويىچە «قانۇن ياردىمى بېرىشتىكى ئىلغار شەخس»، ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر ئادۋوكات»، «جامائەت پاراۋانلىقىغا تۆھپە قوشقۇچى» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشكەن.

ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق، شۇنداقلا تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاد-
ۋوكاتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك 6 -، 7 - نۆۋەت-
لىك ئادۋوكاتلار قۇرۇلتىيىنىڭ بىردىنبىر ئۇيغۇر ۋەكىلى. ئەنۋەر ئابدۇ-
گۇل يەنە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ناخشىچى بولۇپ، 2003 - يىلى 10 - ئايدا
تۇرپان شەھىرىنىڭ ساياھەت - مەدەنىيەت مەيدانىدا ناخشىچى سەمى ئوس-
مان بىلەن بىرگە «ئىدىقۇت قەسىدىسى» ناملىق سەنئەت كېچىلىكى
ئۆتكۈزدى ۋە «ئۇزۇمزار سۆيگۈسى» ناملىق VCD پلاستىنكىسىنى ئىشلى-
دى. 2009 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا «ئەنۋەر
ئابدۇگۇل مەشرىپى» نى ئۆتكۈزدى. ئەنۋەر 1994 - يىلى توي قىلغان، ئا-
يالى دىلنۇر تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدلىيە ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ، ئىككى ئوغ-
لى بار.

※ ※ ※

ئەنۋەر ئابدۇگۇلنىڭ ئىسمىنى تۇرپاندا كۆپ كىشىلەر بىلىدۇ. سەھنە،
ئېكران، تېلېۋىزىيىلەردە، ئەنۋەر بىر ياقتىن ئادۋوكات سۈپىتىدە ئوتتۇ-
رىغا چىقسا، بىر ياقتىن ناخشىچى سۈپىتىدە پات - پات كۆزگە چېلىقىدۇ.
بۇلا ئەمەس، بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر ئەنۋەر يەنە قىزىقچى، پاراڭچى،
ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، ياش جەمئىيەت ئەربابى. ئەنۋەرنىڭ ئەڭ چوڭ
ئالاھىدىلىكى ھېسسىياتچان، قىزغىن، شۇنداقلا مەردانە، تەۋەككۈلچى.
مەن ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئەگەر جەڭ مەيدانلىرى بولغىنىدا
ئۇنى ئات چاپتۇرۇپ، ئەڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتىدىغان قەھرىمان بولاتتى-
كەن، دەپ قالىمەن. شىركەيپ ھالدىكى ھېسسىياتچان، رومانتىكىلىقىغا
قاراپ، ئەسلىي شائىر بولۇشقا مۇناسىپ ئادەمكەن، دەپ ئويلاپ كېتىمەن.
ئەنۋەر ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا
مەشرەپ ئۆتكۈزۈش، خۇسۇسىي ئادۋوكاتلىق ئورنى قۇرۇش قاتارلىق چوڭ
ئىشلىرىنى تۇيۇقسىز بىزگە مەسلىھەت سالغىنىدا، بىز سەل تەۋەككۈلچى-
لىك بولۇپ كەتتىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ ئىككىلەنگەن ئىدۇق. «كۆز قورق-
قاق، قول باتۇر» دېگەندەك دادىللىق بىلەن مەشغۇلاتقا كىرىشىۋىدۇق، بۇ
ئىشلار بىز ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە ناھايىتى داغدۇغىلىق، مۇۋەپپەقىيەت-
لىك، ھاياجانلىق ھالدا ئاخىرلاشتى. يۇقىرىقى نەتىجىلەرنى كۆرگىنىمىز-
دە، ئەنۋەرگە ئىختىيارسىز قايىللىقىمىز ئاشتى. ئەنۋەر بەزى كىچىك
ئىشلاردىمۇ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن تۇيۇقسىز قارار چىقىرىپ، بىزنى گاڭ-
گىرىتىپ قويىدۇ ۋە ئاخىرىدا بىز ئويلاپمۇ باقمىغان ياخشى نەتىجىگە ئې-
رىشىدۇ. مۇشۇنىڭغا قاراپ ھازىرقى دەۋردە پىسخىكىمىزدا بارغانسېرى يو-

قىلىپ كېتىۋاتقان تەۋەككۈلچىلىك روھىنىڭ ناھايىتى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىمەن. ھازىر بىز بارغانسېرى ئېھتىياتچان، قورقۇنچاق بولۇپ، كىچىككىنە ئىشلارنىمۇ كۆنلەپ ئويلىنىپ، «ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەپ ئوتتۇز قېتىم ئىككىلىنىپ، نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ قويۇۋاتىمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تەۋەككۈلچىلىك روھىنى يەنىلا تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

مەن ئەنۋەر بىلەن بىر يېزىدا، يەنى تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ياپپېشىل، گۈزەل يېزا سىڭگىمدە تۇغۇلغان، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان. مەن 1992 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن بۇيان باشقا قېرىنداشلار قاتارىدا ئەنۋەر بىلەن بىرگە ياشاپ كېلىۋاتىمەن. بىز ئون نەچچە يىلدىن بېرى نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلاردا بىرگە بولدۇق. كىشىلەر بىزنى ئايرىلماس بىر جۈپلەر دەپ ئاتىشىدۇ، مەن ئەنۋەردىن پەخىرلىنىمەن، ئۇمۇ مەندىن ئىپتىخارلىنىدۇ. ئۇ ئېيتقان كۆپلىگەن ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىنى مەن يازغان، ئۇنىڭ ناخشا كېچىلىكى، مەشرىپى، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش ئىشلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مەن بارلىق ئىقتىدارىمنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم بەردىم. مېنىڭ كىتابلىرىمنىڭ نەشر قىلىنىش، تارقىتىلىش، مېنىڭ ۋە يېقىنلىرىمنىڭ قانۇنىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئىشلىرىغا ئۇمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەمدەمدە بولدى. بىز ئۆزلۈكسىز تۈردە بىر ـ بىرىمىزنى تولۇقلاپ، بىر ـ بىرىمىزگە ياردەم بېرىپ، مېھنەت خامىنىدا نۇرغۇن چەشلەرنى دۆۋىلىدۇق. ئەنۋەرنىڭ ئاتىسى ئابدۇگۇل ھۇگەيدا ئىلگىرى ـ كېيىن سىڭگىم يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقلىق، تۇرپان شەھەرلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى، قاتناش ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن، خەلق خىزمىتىنى بىر ئۆمۈر بەجاندىللىق بىلەن ئىشلەپ، ئەلنىڭ يۇقىرى ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، ئاپىسى مەريەمخانىمۇ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، ئۇلارنىڭ ئەنۋەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور.

ئەنۋەرنى ئۈرۈمچى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىدىغان سەنئەتكارلار ۋە قانۇن ساھەسىدىكىلەرنىڭ تۇرپاندىكى ئىش بېجىرىش ئورنى دېيىشكە بولىدۇ. ئەنۋەرنى تۇرپانغا كەلگەن سەنئەت ساھەسىدىكىلەر، قانۇن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىزدەيدۇ. چۈنكى ئەنۋەر ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن ھەر قانداق ئادەمنى ئىنتايىن قىزغىن، غەرەزسىز كەيپىياتتا كۈتۈۋالىدۇ. مېھمان ئۈچۈن بار ـ يوقىنى تۆكۈۋېتىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا رولى بار ـ يوقلۇقى بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمەي.

دۇ. بۇ مېھمانلارنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ساۋاقداش، دوست ـ بۇرادەر، تونۇش ـ بىلىشلىرى، ۋاكالەتچىلىككە تەكلىپ قىلغۇچىلار قوشۇلۇپ غايەت زور مېھمانلار توپىنى شەكىللەندۇرگەن بولغاچقا، ئەنۋەر رېستوران، ئارامگاھلاردىن بىرى كېلەلمەيدۇ.

لېكىن، ئۇ شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئادۋوكاتلىق كەسپىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنى تونۇتقانمۇ، نان بېرىۋاتقىنىمۇ ئادۋوكاتلىق كەسپى. ئۇ كەسپىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان. ئەتىسى ئۇ ۋاكالەتچىلىك قىلىدىغان سوت بولسا، ھەر قانداق مۇھىم سورۇن بولسىمۇ، «غىپپىدە» سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، خىلۋەت جايدا دېلو ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ، ئەتىسىدىكى سوتقا ئەستايىدىل، پۇختا تەييارلىق قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ سوتتىكى روھىي ھالىتى ناھايىتى جۇشقۇن، جەڭگىۋار، نۇتۇقلىرى راۋان، ھېسسىياتلىق بولۇپ، سوت قاتناشقۇچىلىرىنى ئىختىيارسىز قايىل قىلىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەنۋەر تۇرپاندىكى داڭلىق ئادۋوكات بولۇپلا قالماي، شىنجاڭدىمۇ خېلى تەسىرگە ئىگە نوپۇزلۇق ئادۋوكات. بۇ نەتىجە ئۇنىڭ كەسپتە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىشى، تىرىشىشى، تەجرىبە توپلىشىدىن كەلگەن. ئۇ يەنە ۋاقتىتىن ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنالايدۇ. ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىرىدا ماشىنىنىڭ VCD سىدىن پايدىلىنىپ، تىنماي ناخشا مەشق قىلىپ، ناخشا ئورۇنداش ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ھەر خىل سەنئەت كېچىلىكلىرىدە ئورۇندىغان «دەستە گۈل»، «ساخاۋەت»، «قۇياشىمسەن»، «ئامان قال» قاتارلىق ناخشىلىرى تاماشىبىنلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۆزى ئۇيۇشتۇرغان «ئەنۋەر ئابدۇگۈل مەشرىپى» دە ئورۇندىغان «ئانا، مېنى تۇغقان كۆڭگە مۇبارەك» ناملىق ناخشىسى مۇڭلۇق مېلودىيىسى بىلەن نۇرغۇن تاماشىبىنلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتتى. بولۇپمۇ ئەنۋەرنىڭ شىنجاڭدىكى مىللىي ئادۋوكاتلارنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ، خوسۇسىي ئادۋوكاتلىق ئورنى قۇرۇشى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ، تۇنجى بولۇپ خوسۇسىي نامدا مەشرەپ ئۆتكۈزۈشى رايونىمىزدا زور زىلزىلە قوزغىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بىر كېچىلىك مەشرەپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قانچىلىك ئىقتىساد، ۋاقىت، زېھنىي كۈچ، غەيرەت ـ شىجائەت كېتىدىغانلىقىنى ئانچە كۆپ كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ. ئەنۋەر بۇ كېچىلىكنى نوقۇل ئۆزىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، تۇرپاننىڭ ئوبرازىنى يەنىمۇ نۇرلاندۇرۇش، ھۈزۈر بەخش سەنئەت نومۇرلىرى بىلەن ئاممىغا

بەدىئىي زوق بېغىشلاش، ئۆزىنىڭ سەنئەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزدى. دېمەك، يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئەنۋەر دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە يۈز مىڭ يۈەنگە يېقىن ئىقتىساد ئاجرىتىپ ساخاۋەت قىلىپ، خەلققە نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى تەقدىم قىلدى. ئەجرىگە يارىشا مەشرەپتە نومۇرلار سەرخىل، تېخنىكا يۇقىرى بولغاچقا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا، كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئەنۋەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئوچۇق ـ يورۇق، خۇش چاقچاق، مەرد، سېخىي. ئۇ ئىچىدە گەپ يوشۇرۇپ، سامانىنىڭ ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ يۈرمەيدۇ، ھەر قانداق سورۇندا ئوچۇق ـ يورۇق مىجەزى، ھەزىل ـ چاقچاقلىرى بىلەن سورۇندىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى بىئىختىيار ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن سورۇنلاردا دوستلار ئەنۋەرنى سېغىنىدۇ، ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىشىدۇ، ئەنۋەر بولمىغان سورۇن كىشىدە خۇددى تۇزى يېتىمىغاندەك تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يۇمشاق بولغاچقا، دەۋاگەرلەردىن بىرەرسى دەردىنى ئېيتسا، ئىچى ئاغرىپ كېتىپ، دەۋا ھەققىنى ياكى بىر قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىدۇ. قىيىنچىلىقتا قالغانلار ئۇچرىسا، يانچۇقىدا بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى ياردەم قىلىپ بېرىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۇ مەملىكەت، ئاپتونوم رايون بويىچە «قانۇن ياردىمى بېرىشتىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالانغان. ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىمۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرگەچكە، زور سوممىدا ئىقتىساد ئاجرىتىپ، «تۇرپان گېزىتى» ئەدەبىي بېتىدە 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە ئۆزىنىڭ نامىدا بىر يىللىق «ئىدىقۇت قەسىدىسى مۇكاپاتلىق بەدىئىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى» ئۇيۇشتۇردى. بىر يىل جەريانىدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى نۇرغۇن ئاپتورلار بۇ مۇسابىقىگە ئەسەر ئەۋەتىپ، ئەنۋەر ئابدۇگۇلگە بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى بىلدۈرۈشتى. ئەنۋەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ پائالىيەت تۇرپاننىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

## پۇتبول غەمگۈزارى ـــ ئەلقەم مۇھەممەت

**قىسقا ئارخىپ:** 1967 ـ يىلى 3 ـ ئاپرېل تۇرپان شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1988 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، تۇرپان ئاز سانلىق

مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىگە شوپۇر بولۇپ خىزمەت-كە ئورۇنلاشقان. كېيىن «تۆمۈر تاۋاق» تىن ۋاز كېچىپ، كەچلىك بازاردا يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 2000 - يىلى تۇرپان سودا شەھىرىدە «ئەلقەم پىششىق گۆش مەززىلىك تائاملار ئاشخانىسى» نى ئاچقان. 2004 - يىلى تۇرپان شەھىرىنىڭ بېزەكلىك يولىدا سەككىز يۈز كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى «ئەلقەم مەززىلىك تائاملار تېز تاماقخانىسى» نى ئاچقان، 2006 - يىلى دۆلەت دەرىجىلىك داڭلىق مەنزىرىگاھ — بۇيى-لۇقتا بەش مودىن ئارتۇق كۆلەمدىكى بىر ئارامگاھنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، «ئەلقەم يېشىل ئارال ئارامگاھى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ تىجارەت باش-لىغان. 2007 - يىلى كونىشەھەر شەرقىي قوۋۇقتا مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى «ئەلقەم رېستورانى» نى ئىشقا كىرىشتۈرگەن. ھازىر ئەلقەمنىڭ تۆت ئورۇندا ئاشخانا، ئارامگاھ ۋە رېستورانى بار، بۇ ئورۇنلاردا بىر يۈز قىرىقتىن ئارتۇق ياش ئىشلەيدۇ، خىزمەتچىلەرگە يىلدا بېرىدىغان ئىش ھەققى بىر مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. ئۇ تۇرپان ۋىلايەتلىك، تۇرپان شەھەر-لىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئىلغار بولۇپ تەقدىرلەنگەن، 2007 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان، تۇرپان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. ئۇ 1989 - يىلى توي قىلغان بولۇپ، ئا-يالى نۇسرەتگۈل تۇرپان شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە خىزمەت قى-لىدۇ، ئىككى ئوغۇل، بىر قىزى بار.

※ ※ ※

تۇرپاندا «ئەلقەم» دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا دەرھال «ئەلقەمنىڭ گۆشى» دېگەن ئۇقۇم پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، ئەلقەمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماركىسى، شۇنداقلا داڭلىق ماركىسى — سۇدا پىشۇرۇلغان پىششىق گۆش. ئەلقەم تۇرپان شەھىرىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسىدىكى باقمى-چىلىق بازىسىدا ماللارنى تەبىئىي مۇھىتتا بورداپ، مەخسۇس بېقىلغان پاقلان گۆشىنى ئىشلىتىدۇ. ئەلقەم نامىدىكى زەنجىرسىمان ئاشخانىلارنىڭ سۇدا پىشۇرۇلغان پىششىق گۆشى ئىنتايىن تەملىك ۋە مەززىلىك. شۇڭا «ئەلقەمنىڭ گۆشى» دېگەن نام يىراق - يېقىنغا پۇر كەتكەن. ئۈرۈمچى قا-تارلىق شەھەرلەردىن مەخسۇس «ئەلقەمنىڭ گۆشى» نى يېگىلى كېلىدى-غانلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئەلقەم نامىدىكى زەنجىر-سىمان ئاشخانىلارنىڭ باشقا تاماقلىرىمۇ ئىنتايىن تەملىك ۋە قۇۋۋەتلىك. تۇرپان شەھىرىدىكى ئەڭ ئاۋات، بازىرى ئىتتىك، سودىسى ياخشى ئاشخا-

نىنى «ئەلقەم تېز تاماقخانىسى» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە كىشىلەر نۆۋەت ساقلاپ ئۆچىرەت تۇرۇپ تاماق يەيدۇ. ئەلقەم ئارامگاھ، ئاشخانا، رېستورانلىرىنى پات - پات ئارىلاپ، ھەر جاي - ھەر جايدىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈپ، ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، كۆڭلىرىنى خاتىرجەم، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزىدۇ. ھەر قايسى تىجارەت نۇقتىلىرىدىكى باشقۇرغۇچىلار ئەلقەمگە ۋاكالىتەن خېرىدارلارغا قىزغىن مۇلازىمەت قىلىپ، سودىنى يۇرۇشتۇرۇپ كېتىۋېرىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ، ئەلقەم ئەجەپ راھەت، خاتىرجەم ياشايدىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى «ئەلقەم» دىن ئىبارەت مۇشۇ داڭلىق ماركىنى يارىتىش ئۈچۈن، ھېسابسىز جاپا - مۇشەققەتلەرنى چەكتى، ئاز بولمىغان بەدەللەرنى تۆلىدى.

ئەلقەمنىڭ ئەڭ چوڭ قىزىقىشلىرىنىڭ بىرى پۇتبول. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىن باشلاپ، پۇتبولغا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، تۇرپان پۇتبول كوماندىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ھەتتا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇسابىقىلەرگىچە قاتناشقان. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، پۇتبول ھازىر بىر مىللەتنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ نوپۇزىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. تەنھەرىكەتنى ياخشى كۆرىدىغان، پۇتبولغا ئىچ - ئىچىدىن كۆيىدىغان ئەلقەم بىر قانچە يىللاردىن بۇيان تۇرپاننىڭ پۇتبولچىلىق ئىشلىرىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر پۇتبولچىلىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ كەلدى. ھەتتا تۇرپان پۇتبولچىلىقىنى ئاجىزلىقتىن كۈچەيتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئەلقەمنىڭ رولى ناھايىتى زور دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ 2005 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىل ئۆز يېنىدىن ئوتتۇز مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، تۇرپان شەھەرلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ، «ئەلقەم لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ، ئىقتىساد ئاجرىتىپ، ئۆز نامىدا پۇتبول كوماندىسى تەشكىللەپ، ھەر قايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن پۇتبول مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەلقەم يەنە تۇرپاننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئاز بولمىغان ياردەملەرنى قىلدى. 2008 - يىلى يىگىرمە مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، «ئەلقەم رېستورانى» دا داغدۇغىلىق نورۇز ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى، 2009 - يىلى 2 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئەنۋەر ئابدۇگۇل مەشرىپى» گىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلدى.

يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇقكى، ئەلقەم ناھايىتى سېخىي ھەم مەردانە. ئومۇمەن، قىيىنچىلىقتا قالغان، ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى ئىزدەپ

كەلگەن كىشىلەرنى قورۇق قول قايتۇرمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ناھايىتى كۆڭۈلچەك بولۇپ، باشقىلار قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسا قاراپ تۇرالمايدۇ. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ياخشى ئوقۇۋاتقان، ئەمما ئائىلە ئىقتىسادىي قىيىن-چىلىقى ئېغىر بىر قانچە ئوقۇغۇچىنىڭ پۈتۈن ئوقۇش راسخوتىنى زىم-مىسىگە ئالغاندىن سىرت، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر يىلى ئون مىڭ يۈەن ئەتراپىدىكى ئوقۇش چىقىمىنىمۇ ئۈز ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ 2000 - يىلىدىن بۇيان ئۆگىنىشى ياخشى، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا قىلغان ياردىمى يۈز مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. شۇڭا، كۆپىنچە كىشىلەر ئەل-قەمنى «ئەلقەم دورۇس ئىش قىلىپ پۇل تاپتى، تاپقىنىنى جايىغا ئىشلە-تىپ ھۆرمەت تاپتى» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

ئەلقەم ئادەتتە ئېغىر - بېسىق، سالماق بولۇپ، كىشىدە ناھايىتى مەدە-نىي، ئەدەپلىك تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىجارەتتىكى دەستۇرى ئاشپەز ۋە مۇلازىملارغا قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىش ۋە ئىشىنىش، تاماق تۈرلىرىنى كۆپەيتىش ئاساسىدا سۈپەتكە، تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇ تەملىك تاماقلىرى، ئەلا مۇلازى-مىتى، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان بىر قاتار ساخاۋەتلىك ئىشلىرى بى-لەن تۇرپاندا يۈز تاپتى. ئەلقەم گەرچە ئالىي مەكتەپلەرگىچە ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، پۈتۈن بىلىم، ساپا، ماھارەت، تەجرىبىنى جەمئىيەتتىن، ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئۆگەنگەن. باشقىلار دۆلەت كادىرى بولالماي ئاۋارە بولۇۋاتقان بولسا، ئۇ «تۆمۈر تاۋاق» تىن كەسكىن ۋاز كېچىپ ھەم شۇنىڭغا يارىشا ئىگىلىك تىكلەپ، ھەممەيلەننى قايىل قىلدى.

ئەلقەمنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت جېلىل تۇرپاندىكى پېشقەدەم مائارىپچى، ئاپىسى ھەمراخان ئايىت تۇرپاننىڭ تۇنجى ئەۋلاد دىكتورلىرىنىڭ بىرى. ئۇلار ئالتە پەرزەنتىنى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلىگەن. باشقا پەرزەنتلەر دۆلەت كادىرى بولۇپ ياخشى خىزمەت قىلىۋاتقان بولسا، ئەلقەممۇ تاپقان پۇلىنى جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىپ، بۇ ئائىلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە نوپۇزىغا يەنە بىر يېڭى مەزمون قوشتى.

## شائىر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتچى — ئەكبەر داۋۇت

**قىسقا ئارخىپ:** 1970 - يىلى 25 - فېۋرال پىچان ناھىيىسىنىڭ دالانكارىز يېزىسى يوغانقىر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1988 - يىلى تۇرپان

دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، دالانكارىز يېزىلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1991 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان. 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كەلـ. گەن. 1995 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 2004 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى، تۇرپان ۋىلايەتلىك ياز ـ غۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 2005 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. ھا ـ زىرغا قەدەر ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 700 پارچىغا يېقىن شېئىر، نەسىر، ئوبزور ۋە پوبلىستىك ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. بىر قىسىم ئەسەرلىـ. رى «يۈرەكسىز سۆيگۈ»، «قەشقەردىكى يەر شارى»، «مېھنەت چېچەكلىرى» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن، 50 پارچىغا يېقىن شېئىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان. 2007 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك رىسا ـ لىسى ــ كەشتىچىلىك» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان. ئەسەرلىرى كۆپ قېتىم «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «تۇرپان ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئېـ. غىز ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونـ. لۇق ئەدەبىي ئاخبارات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

ئەكبەر داۋۇت 1992 ـ يىلى توي قىلغان، ئايالى رىزۋانگۇل تۇرپان شەھىرى يار يېزا گوبى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئىككى قىزى بار.

※ ※ ※

مەن ئەكبەر داۋۇت بىلەن 1992 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، «تۇرپان گېزىتى» ئىدارىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندا تونۇشقان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەدەبىيات بىزنى تونۇشتۇرغان، رىشتىمىزنى باغلىغان. مانا ئون نەچچە يىلدىن بېرى مۇقەددەس ئەدەبىياتنىڭ ئوتى بىلەن قەلەم قېـ. رىنداش، كۆڭۈل قېرىنداش بولۇپ يېقىن ئۆتۈپ كېلىۋاتىمىز.

ئەينى يىللاردا تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىـ. سىدە ئىشلەۋاتقان ئەكبەر داۋۇت تەنها ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى زىلزىلىگە سالغان «كۆڭگا شېئىر» ئېقىمىنىڭ تۇرپاندىكى بايراقدارلىرىنىڭ بىرى

ئىدى. ئۇنىڭ شېئىر، نەسرلىرى پىكرى چوڭقۇر، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى
ئۆزگىچە، تەپەككۇرى يېڭى، ئۇسلۇبى رەڭگارەڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلە-
رى بىلەن ئەدەبىيات يىغىلىشلىرىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزنىڭ باش تېمىسى
بولاتتى. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەر-
لىرى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا خېلى زور تەسىر قوزغىغانىدى. كېيىنچە
«گۇڭگا شېئىر» ھادىسىسى پەسكويغا چۈشتى. ئەكبەر داۋۇت ئەدەبىيات-
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە تۇرپان ۋىلايەتلىك ياز-
غۇچىلار جەمئىيىتى، ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى، خەتتاتلار جەمئىيىتى قا-
تارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى ۋە ھەر
خىل شەكىللەر بىلەن ئىقتىساد ھەل قىلىپ، بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ پائالى-
يەتلىرىنىڭ جانلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. كېيىن ئەكبەر داۋۇت «تۇرپان»
ژۇرنىلىنى ئىشلەشكە مەسئۇل بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ژۇرنالنىڭ ئىش-
لىرىغا بېغىشلىدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدا ئەكبەردەك
بىجانىدىل، جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان، بارلىقىنى ژۇنال ئۈچۈن دوغا
تىكىدىغان ژۇنالىستلار ناھايىتى ئاز ئۇچرىسا كېرەك.

تىنىمسىز ئىزدىنىدىغان، تىرىشىدىغان، بارلىق يېڭى شەيئىلەرنى بى-
لىۋېلىش قىزغىنلىقىدا ئوت بولۇپ يانىدىغان ئەكبەر ئارانلا دارىلمۇئەل-
لىمىن مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن بولسىمۇ، باشقا بارلىق بىلىملەرنى توخ-
تاۋسىز ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، كۆپ ئىقتىدارلىق بولۇپ يېتىشىپ چىق-
قانىدى. ئۇ خەنزۇ تىلىدا ئالاقە قىلىش، كومپيۇتېر مەشغۇلاتى، سۈرەتكە
تارتىش، سىنئالغۇغا ئېلىش، ئەسەر تەھرىرلەش، گۈزەل سەنئەت لايىھە-
سى، باسمىچىلىق، سودا، ئىجتىمائىي ئالاقە، ھەتتا ماشىنا ھەيدەشكىچە
بىر - بىرلەپ ئۆگىنىپ، پۇختا ئىگىلەپ ماڭدى ۋە بۇ ماھارەتلىرىنىڭ
ھەممىسىنى ژۇرنال ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ
مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە پۈتكۈل مېھىر - مۇھەب-
بىتىنى، بارلىقىنى ژۇرنالچىلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. ئۇرۇمچىدە بىر
قانچە قېتىم «تۇرپان» ژۇرنىلى ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ،
پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر، ژۇرنالىستلار، ياش شائىر، يازغۇچى، ئەدىبلەر-
دىن ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ھەققىدە پىكىر ئالدى؛ «تۇرپان»
ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش، تىراژىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئەسەر مەنبەسىنى
تولۇقلاش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرنى
ئىككى قېتىم تولۇق ئايلىنىپ، نەچچە يۈزلىگەن ئاپتورلار، ئەدىبلەر بىلەن
كۆرۈشۈپ، ژۇرنالنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى. باغمۇ باغ، تاغمۇ تاغ يۈرۈپ

ئاپتورلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئەسەر تەشكىللىدى. ئۇ شىركەت ۋە ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئېلان، تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئۇقۇشاتتى. كۈنلەپ ئولتۇرۇپ ئەسەر تەھرىرلەيتتى، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا كېچىلەپ ئولتۇرۇپ، بەت لايىھىسىنى ياسايتتى. ژۇرنال ئۈچۈن تۈنلەرنى تاڭلارغا ئۇلاپ ئىشلەيدىغان ۋاقىتلار ئەكبەر ئۈچۈن نورمال ئىش ئىدى. ژۇرنالنىڭ نۇسخىسى چىققاندىن كېيىن يەنە ئورۇمچىدىكى زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆزى چىقىپ باستۇراتتى. ژۇرنال بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن ئۆزى ماشىنا بىلەن يېزىمۇ يېزا يۈرۈپ تارقىتاتتى. قاراڭ، بىر ژۇرنالنىڭ بارلىق مەشغۇلات تەرتىپلىرىنى ئۆزى ئورۇندايدىغان بۇنداق مۆھەررىرنى سىز كۆرگەنمۇ؟ شۇ يىللاردا ئەكبەر داۋۇت ئەجرىگە يارىشا «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ تارىخىدا يېپيېڭى بىر سەھىپە ئاچتى. «تۇرپان» ژۇرنىلى يەرلىك ژۇرنال بولۇشقا قارىماي، سۈپىتى، تىراژى يىلمۇ يىل ئېشىپ، شىنجاڭدىكى قەلەمكەشلەر بولسۇن، ئوقۇرمەنلەر بولسۇن ئەڭ بۇرۇن تاللايدىغان نوپۇزلۇق ژۇرنال بولۇپ قالدى.

كېيىن ئەكبەر داۋۇت خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا يۆتكەلدى. ئۇ بۇ يەردە خىزمەت ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىش بىلەن بىللە، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئىش كۈتۈپ تۇرغان ئىنىلىرى ۋە بىر قىسىم ياشلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ بىرەر شىركەت قۇرۇشنى، تۇرپاننىڭ مەدەنىيەت، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ئۈچۈرلىرى ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. 2005 - يىلى 5 - ئايدا ئۈرۈمچى «ئىزچىلار» شىركىتىنىڭ قوللىشى بىلەن تۇرپاندا «ئىزچىلار» كىتابخانىسىنى قۇردى. كىتابخانا تىجارىتىگە كومپيۇتېر سېتىش، ئېلان لايىھىلەش، باسما ئىشلىرى مۇلازىمىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈردى. 2007 - يىلى 2 - ئايدا پىچان ناھىيىسىگە كومپيۇتېر ئۇنىۋېرسال مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارماق نۇقتا قۇردى. يەنە شۇ يىلى 7 - ئايدا تۇرپاندىكى دۇكاننى ئىككىگە كۆپەيتىپ، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى تىجارىتى بىلەن كومپيۇتېرچىلىقنى مەخسۇسلاشتۇردى. خەلقئارادىكى داڭلىق ماركىلاردىن «دېل»، «خۇيپۇ»، «كانون»، «توشىبا»، «چىڭخۋا زىگۇاڭ» قاتارلىق كومپيۇتېر، پرىنتېر، نۇسخالغۇلارنىڭ تۇرپاندىكى باش ۋاكالەتچىلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. تۇرپان ۋىلايىتى ۋە تۇرپان شەھىرىنىڭ «ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن مال سېتىۋېلىش نۇقتىسى» سالاھىيىتىنى ھازىرلىدى. مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئالقىشىغا ئې-

رىشتى. ئەڭ مۇھىمى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى يې-
نىكلىتىپ، ھازىرغا قەدەر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن 30 غا يېقىن ياش-
نى تەربىيىلەپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا چىقىش يولى كۆرسىتىپ
بەردى. شىركەتتىكى ھەربىر خادىمنىڭ ئائىلە، تۇرمۇش ئىشلىرىغىچە
كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا ئەڭ زور دەرىجىدە مېھىر - شەپقەت يەتكۈزدى. مانا
ئەمدى بۇ تىجارەت نۇقتىلىرى ۋە تۈرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، «مەرىپەتكە
ئىنتىلگۈچىلەرنى ئىلىم يولىغا يېتەكلەش، زامانىۋى پەن - تېخنىكا ئار-
قىلىق ئىگىلىك تىكلەش» نى تىجارەت قىبلىنامىسى قىلغان، دۇكانلىرى
ئازادە، باشقۇرۇلۇشى ئۆلچەملىك، ماللىرى خىل بولغان، «كۆكتاڭ ئې-
لېكترون چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى» نى قۇرۇپ چىقتى. شىركەتكە
نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردى، مۇھەببىتىنى بېغىشلىدى. شىركەتنى تۇرپان-
دىكى ئۇيغۇر كومپيۇتېر بازىرى ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق مۇلازىمەت بازى-
سىغا ئايلاندۇردى.

ئەكبەرنىڭ جان كۆيدۈرۈشى، خادىملارنىڭ ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىقى
بىلەن بۇ شىركەت 2007 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى
تەرىپىدىن «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىگىلىك تىكلىگۈچى 100 يۇلتۇز» نىڭ
بىرى؛ 2007 - يىللىق زىڭگۇاڭ كومپيۇتېرى بېيجىڭ باش شىركىتىنىڭ
مەملىكەت بويىچە سېتىش ۋە مۇلازىمەتتە «ئالاھىدە شەرەپ مۇكاپاتى» نىڭ
شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر ساھىبى؛ يەنە شۇ يىللىق شىنجاڭ تارماق باش
شىركىتىنىڭ «ئۈلگىلىك سېتىش نۇقتىسى» بولۇپ باھالاندى. بۇ شەرەپ-
لەر مەزكۇر شىركەتنى 2007 - يىلىدىن باشلاپ تۇرپان ۋىلايەتلىك ۋە
پىچان ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «ياشلار ئىگىلىك تىك-
لەش بازىسى» سالاھىيىتىگە ئېرىشتۈردى.

ئەكبەر داۋۇت قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىنمۇ، ئە-
دەبىيات ساھىبى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كە-
سىپ — ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى ئىزچىل قوللاپ كەلدى. «ئىز-
چىلار» كىتابخانىسى نامىدا ئىقتىساد ئاجرىتىپ، 2006 - يىلى 8 - ئاي-
دىن 2007 - يىلى 8 - ئايغىچە «تۇرپان گېزىتى» دە بىر يىللىق «ئىز-
چىلار نامىدىكى مۇكاپاتلىق بەدىئىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى» نى ئۇيۇش-
تۇردى؛ تۇرپان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «ئىدىقۇت غۇنچىلىرى»
پروگراممىسىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى.

ئەكبەرنىڭ ئاتىسى داۋۇت ئابدۇل پىچان ناھىيىسىنىڭ دالانكارىز يې-
زىسىدا ئۇزۇن يىل رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، ئەمەلىي ئىشلەپ

خەلقنى نەپكە ئېرىشتۈرگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ بىرى. ئەكبەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، تۈز نىيەت، كۆڭۈلچەك. ئەكبەردە ھەقىقىي شائىرغا خاس پىداكار روھ، قايناق ھېسسىيات بار، دوستلىرىنىڭ ئىشى ئۈچۈن ھەر قانداق نەرسىسىدىن ۋاز كېچىپ ياردەم قىلىدۇ. ئۇ ھازىر گەرچە مەتبۇئاتلاردا كۆپ ئەسەر ئېلان قىلالمايۋاتقان، ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا يېزىقچىلىقنى تاشلاپ قويمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە مۇقەددەس ئەدەبىيات ئوتى ھازىرمۇ گۈلخان بولۇپ لاۋۇلداپ تۇرىدۇ. ھەر خىل ئەدەبىيات يىغىلىشلىرىدا، قەلەمكەش دوستلار ئۆزئارا يىغىلىپ ئولتۇرغان كۆڭۈللۈك سورۇنلاردا، رومانتىكىغا بۆلەنگەن ئەھمىيەتلىك سەپەرلەردە ئەكبەر بىلەن بىللە بولغىنىمىزدا ئۇنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىك مۇلاھىزىلىرىدىن، تاتلىق لىرىك شېئىرلىرىدىن، ھاياجانلىق نۇتۇقلىرىدىن، شىركەيىپ ھالەتتىكى ھىجران تۇيغۇلىرىدىن، تەنھا ئولتۇرۇپ خاتىرىسىگە توختىماي يېزىۋاتقان مىسرا، كۇپلېتلاردىن بۇ ئوتنىڭ ئاخىرى يالقۇنجاپ تۇرغان گۈلخانغا ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## ئەدەبىيات ئاشناسى — خالىق سىيىتنىياز

**قىسقا ئارخىپ:** 1975 - يىلى 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۈزۈمچىلىك يېزا تاشتوغان كەنتىدە تۇغۇلغان. 1994 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1996 - يىلى مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كېلىپ، تۇرپان شەھەرلىك ئۈزۈمچىلىك پونكىتىغا ئىشقا چۈشكەن. قانۇن كەسپىدە ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، تولۇق كۇرس دىپلومىنى ئالغان. 2003 - يىلى خىزمەتتىن ۋاقىتلىق چېكىنىپ، ئاتىسى سىيىتنىياز شەمشى، ئاكىسى تۇرسۇنجانلار بىلەن بىللە، تۇرپان شەھىرىنىڭ بېزەكلىك يولىدا توققۇز يۈز كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى «خۇشناۋا» رېستورانىنى ئاچقان. 2006 - يىلى 5 - ئايدا تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىدىقۇت يولىدا ئون مو كۆلەمدىكى ئۈزۈم بارىڭلىق «خۇشناۋا» ئارامگاھىنى قۇرغان. 1999 - يىلى توي قىلغان بولۇپ، ئايالى ھۆرىيەتگۈل ساياھەت شىركىتىدە خىزمەت قىلىدۇ، ئىككى ئوغلى بار.

※ ※ ※

تۇرپاندا «خۇشناۋا» رېستورانى، «خۇشناۋا» ئارامگاھىنىڭ خېلى داڭقى بار. چۈنكى، بۇ رېستوران، ئارامگاھلارنىڭ تاماقلىرى تەملىك، باھاسى

مۇۋاپىق، سەنئەت نومۇرلىرى سەرخىل، مۇلازىمەت سۈپىتى يۇقىرى،
مۇلازىمەت ئوبيېكتى ئادەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئاساس قىلغان.
بولۇپمۇ «خۇشناۋا» ئارامگاھى قويۇق ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا جايلاشقان،
ھاۋاسى ساپ، سالقىن، مەنزىرىسى گۈزەل، لايىھىلىنىشى ئۆزگىچە بولۇش-
تەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تۇرپاننىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى دېيىشكە
بولىدۇ. ئۇ تۇرپان شەھىرى ئىچىدىكى شارائىتى ئەڭ ياخشى ئارامگاھلار-
نىڭ بىرى. ئارامگاھقا مۇنداقلا كىرگەن كىشى بۇ يەرنىڭ بېزىلىشىدىكى
قويۇق مەدەنىيەت، ساياھەت مۇھىتىنى كۆرۈپ، ئارامگاھ باشقۇرغۇچىلى-
رىغا ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ. بۇ يەرنىڭ دىرېكتورلىرى
بولغان سىيىتنىياز شەمشى ۋە تۇرسۇنجان، خالىقجان ئاتا - بالىلار ئەزەل-
دىن تۇرپاننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى قوللاپ كەلگەن. خالىق-
جاننىڭ ئاتىسى سىيىتنىياز شەمشى 1980 - يىللاردىن باشلاپ تۇرپان
بۇيلۇقتىكى ئەڭ دەسلەپكى ھەم داڭلىق ئارامگاھ — بۇيلۇق مېھمان كۈ-
تۈش ئورنىنىڭ دىرېكتورى بولغان، مول تىجارەت تەجرىبىسىگە، ئىجتىما-
ئىي مۇناسىۋەت تورىغا ئىگە. «خۇشناۋا» رېستورانى، ئارامگاھىنىڭ نامى
كۆپ يىللاردىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت يىغىلىشلىرى، ھەر خىل ئىج-
تىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن زىچ باغلانغان، شۇڭا بۇ ئورۇنلارنىڭ نامىنى
تۇرپاندىكى يازغۇچى، قەلەمكەشلەر سۆيۈنۈش ئىچىدە تىلغا ئالىدۇ، بۇ ئى-
سىملاردىن بىر خىل ئەدەبىيات - سەنئەت ھىدى «پۇراپ» تۇرىدۇ.

خالىقجان سىيىتنىياز رېستوران ۋە ئارامگاھنىڭ دىرېكتورى، يېمەك -
ئىچمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كارخانىچى بولسىمۇ، كىتاب-
تىن، گېزىت - ژۇرنالدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمايدۇ. ئالدىراشلىق ئىچىدىن
ۋاقىت چىقىرىپ، كۈندىلىك گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرۈپ، دۇنيانىڭ يې-
ڭىلىقلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇ يىراقنى كۆرەر، تەدبىر-
لىك، پىكرى ئۆتكۈر. بەزى مۇلاھىزىلىرى خېلى - خېلى كىشىلەرنى بې-
سىپ چۈشىدۇ، شاراب كەيپىدىن ئانچە - مۇنچە قىزىغاندا، شائىرلاردەك
ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. رومانتىك تۇيغۇلاردا ساياھەت قىلىشنى ياخشى
كۆرىدۇ. ئەدىبلەرنى، سەنئەتكارلارنى، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ناھايىتى ھۆر-
مەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ قىلچە كىبىرى يوق، رېستوران، ئارامگاھتىكى مۇلا-
زىمەتچىلەرگىمۇ قېرىنداش ئىنى - سىڭىللىرىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ.
شۇڭا، ھەممەيلەن ئۇنىڭ كىشىلىك پەزىلىتىگە قايىل بولۇشىدۇ. ئۇ خۇش
پېئىل، مىجەزى ئوچۇق، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئايايدى-
غان خاراكتېرى بىلەن ئاسانلا باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا، ھۆرمىتىگە

سازاۋەر بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرەر ئىشتىن ۋايساپ، قاقشىغىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، دائىم نورمال كەيپىياتىنى ساقلاپ، روھىي ھالىتىنى تەڭشەپ تۇرۇشنى بىلىدۇ. ئۇ ئۇزلۇكسىز يېڭىلىق يارىتىش ئۇستىدە ئىزدىنىپ، رېستوران، ئارامگاھىنىڭ مۇھىتىنى توختاۋسىز يېڭىلاپ، مېھمانلارغا دائىم يېپيېڭى مۇھىت ئاتا قىلىدۇ. ئۇ ۋە ئاتىسى سىيىتنىياز شەمشى، ئاكىسى تۇرسۇنجانلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى، مائارىپ، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم بېرىشتە ناھايىتى مەرد ۋە سېخىي. خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ھەر يىلى ئون مىڭ يۇەندىن ئارتۇق ئىقتىساد ئاجرىتىدۇ. ئۇلار خېلى سالماقتا ئىقتىساد ئاجرىتىپ، 2007 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە «تۇرپان گېزىتى» نىڭ ئەدەبىي بېتىدە «خۇشناۋا نا- مىدىكى مۇكاپاتلىق بەدىئىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسى» ئۇيۇشتۇردى. مۇسا- بىقە ئاخىرلاشقاندا «خۇشناۋا» ئارامگاھىدا نەچچە يۈز شائىر، يازغۇچى، قە- لەمكەش قاتناشقان داغدۇغىلىق مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلىپ، مۇسابىقە خۇلاسىلەندى. قەلەمكەشلەر «خۇشناۋا» نىڭ ساخاۋىتىگە مىڭلارچە تەشەك- كۇر بىلدۈرۈشتى. 2008 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «خۇشناۋا»ئارامگاھىدا يەنە تۇرپان ياشلار نورۇز مەشرىپى ئۆتكۈزۈلدى. 2009 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يەنە شۇ «خۇشناۋا» ئارامگاھىدا تۇرپان شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، تۇرپان شەھەرلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن چوڭ كۆلەملىك «تۇرپاندا نورۇز» مەشرىپى ئۆتكۈ- زۈلدى. «خۇشناۋا»لىقلار يەنە ئاتمىشقا يېقىن ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر قانداق قىيىنچىلىقىنى بە- جانىدىللىق بىلەن ھەل قىلىپ بېرىدۇ.

## پىداكار پەرىشتە ــ ئابلىمىت غوپۇر

**قىسقا ئارخىپ:** 1968 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ئىلانلىق يېزا ئىتتىپاق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1986 ـ يىلى ئىلانلىق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، قەشقەر تېببىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان. 1990 ـ يىلى مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن توق- سۇن ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. 2002 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇرپانغا كېلىپ، «ئابلىمىت غوپۇر بوۋاسىر كېسەل- لىكلىرى ئامبۇلاتورىيىسى» نى قۇرغان. 1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدا توي قىلغان، ئايالى پاتىگۈل تۇرپان ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسىدا

خىزمەت قىلىدۇ، ئىككى ئوغلى بار.

※ ※ ※

تۇرپان شەھىرىنىڭ بوستان يولىغا جايلاشقان تۇرپان دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئۇدۇلىدىكى «ئابلىمىت غوپۇر بوۋاسىر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى» نى تۇرپاندا كۆپ كىشىلەر بىلىدۇ. چۈنكى، تۇرپاندا مۇشۇنداق كەسپىي كېسەللىك بويىچە ئېچىلغان ئامبۇلاتورىيە پەقەت بىرلا، يەنە بىر تەرەپتىن ئامبۇلاتورىيىنىڭ داۋالاش، مۇلازىمەت سۈپىتى يۇقىرى. ئابلىمىت غوپۇرنىڭ بوۋاسىر كېسەللىكلىرى ساھەسىدىكى نوپۇزى خېلى ئۈستۈن. ئىككى يۈز كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بۇ ئامبۇلاتورىيىدە يىگىرمە كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، ئۇ بۇ ئامبۇلاتورىيىدە ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياشتىن بەشنى ئىشلىتىدۇ، ھەر يىلى تۆت يۈز قېتىمغا يېقىن ئوپېراتسىيە ئىشلەپ، بوۋاسىر بىمارلىرىنى كېسەل ئازابىدىن خالاس قىلىدۇ. ئابلىمىت غوپۇر بىر قانچە يىلدىن بۇيان مۇشۇ كىچىككىنە ئامبۇلاتورىيىدە نۇرغۇن ساخاۋەت، مېھرىبانلىق داستانلىرىنى يېزىپ چىقتى.

ئابلىمىت غوپۇر ئادەتتە ناھايىتى مەغرۇر، ئوچۇق ـ يورۇق، مەردانە ياشايدۇ، «لىدىن چىقما، خاندىن قورقما» دېگەندەك، ئۆزى قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، باشقىلار قائىدىگە خىلاپلىق قىلسا، ناھەق ئىش قىلسا قەتئىي چىداپ تۇرالمايدۇ، دەرھال كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ دەككىسىنى بېرىدۇ. «توغرا گەپ بولسا ئاتاڭدىن يانما» دېگەندەك، قىلىشقا تېگىشلىك، ئورۇنلۇق گەپ بولسا، مەيلى قانداق جاي بولۇشى، ئالدىدىكى مەيلى قانداق نوپۇزلۇق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەيدىغاننى مەردانىلەرچە دەۋېتىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ھەق ـ ناھەق قارىشى روشەن، قورقۇمسىز خاراكتېرى ھەممىمىزنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇ يەنە ئىنتايىن پاراڭچى، ئۇ ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىل، بېرىلىپ ئاڭلايدۇ، شەيئىلەرنى ئىنچىكە كۆزىتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى، جەمئىيەت بىلىمى كۆپ. ھاياجانلىنىپ بىر سۆزلىسە، ھەممە كىشىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ. ئادەتتە خىزمەت قىلىش بىلەن دەم ئېلىشنى ئۆزئارا ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى قانداق كۈتۈشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالايدۇ. دوست تۇتۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. نام ـ ئاتىقى ياخشى، دۇرۇس ياشايدىغان كىشىلەر بىلەن كۆپ ئارىلىشىدۇ. دۇرۇس، ۋىجدانىغا يۈز كېلىپ ياشاشنى ئۆزىنىڭ ھايات مىزانى قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ تۇرپاندا خېلى تەسىرگە ئىگە شەخسلەرنىڭ بىرى.

ئابلىمىت غوپۇر بىمارلىرىغا ئىنتايىن مېھرىبان، مەسئۇلىيەتچان. بى-

مارلىرنى جىسمانىي جەھەتتىنلا ئەمەس، روھىي جەھەتتىن داۋالاشقىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىگە كېلىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلار بولغاچقا، ئابلىمىت غوپۇر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بارلارغا قاراپ تۇرمايدۇ. داۋالاش ھەققىنى تۆۋەنلىتىپ بېرىدۇ ياكى بىر قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىدۇ. كېسەللەرنى ماشىنا بىلەن ئەكىلىپ - ئاپىرىپ قويىدۇ. روزا ھېيت، قۇربان ھېيت مەزگىللىرىدە ئۆيىگە قايتالمىغان كېسەللەرگە ۋە قارىغۇچىلىرىغا مەخسۇس قوي ئۆلتۈرۈپ، ھېيت ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئامبۇلاتورىيىدە ئۇلار بىلەن ھېيتلىشىپ، ئۇلارغا قىلچە مۇساپىرلىق ئازابىنى بىلدۈرمەيدۇ، بار - يوقىنى داستىخانغا تۆكۈپ، ھېيتنىڭ ھەقىقىي ساخاۋىتىنى، ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئامبۇلاتورىيىدە يەنە ئاشخانا ئەسلىھەلىرىنى تەييار قىلىپ بەرگەن بولۇپ، كېسەللەر ۋە قارىغۇچىلىرىغا ئىنتايىن قۇلايلىق يارىتىلغان، بۇ كېسەللەرنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنىمۇ زور دەرىجىدە يېنىكلىتىدۇ. ئاشخانىدا ئىشلىتىدىغان سۇ، توك، گاز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئابلىمىت دوختۇر ھەقسىز تەمىنلەپ بېرىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئۇن، ماي، گۈرۈچ قاتارلىقلارنىمۇ ئەكىرىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئابلىمىت غوپۇر ھەر يىلى نامرات، كېسەل، ئاجىز - مېيىپلارغا بەش مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلىدۇ.

ئابلىمىت غوپۇر بىمارلارنى ئۆز دوستىدەك، قېرىندىشىدەك كۆرۈپ، قىزغىن، دوستانە، يۇمۇرلۇق مۇئامىلە قىلىدۇ. داۋاملىق بىمارلار بىلەن مۇڭدىشىپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۇلارنىڭ جىسمانىي، روھىي ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ. ئۆزى ۋە ئادەملىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەسپىي ئەخلاققا ئىنتايىن رىئايە قىلىدۇ. كېسەللەرنىڭ بىر نەرسىلىرىنى تۇتۇش، ئېلىش، يېيىشكە قەتئىي يول قويمايدۇ.

ئابلىمىت غوپۇر قېتىم يۇرتى ئىلانلىق يېزىسىغا بارغىنىدا، مېھرىبان ئاپىسىدىن مەھەللىدە كىملەرنىڭ كېسەل، كىملەرنىڭ ساقىسىز ئىكەنلىكىنى سوراپ ۋالغاندىن كېيىن، دوختۇرلۇق سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، شۇ ئائىلىلەرنى ئېرىنمەي يوقلاپ چىقىدۇ. ھەر بىر ئائىلىگە كىرگەندىن كېيىن بىمارنىڭ يۈرەك، قان بېسىملىرىنى ئۆلچەپ، يەيدىغان دورىلىرى ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپ، ئۇلارغا ئەھمىيەتلىك، يۇمۇرلۇق گەپلەر بىلەن ئىلھام بېرىدۇ. كېسەللەر بۇنىڭدىن ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمۈپ، گويا ساقىيىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ، ئابلىمىت دوختۇرغا چىن يۈرىكىدىن ھەشقاللا ئېيتىشىدۇ. ئابلىمىت دوختۇرمۇ باشقىلارغا خالىس ياردەم قىلا-

لىغىنىدىن خۇشاللىق تاپىدۇ. ئابلىمىت دوختۇر يەنە توختاۋسىز ئىزدى-نىپ، ئۆگىنىپ تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ھەر يىلى ئۇرۇمچى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى داڭلىق دوختۇرخانىلارغا بېرىپ، ئىلغار تېخنى-كىلارنى ئۆگىنىپ كېلىدۇ.

ئابلىمىت دوختۇر مۇنداق دەيدۇ: «مەن توققۇز ياشقا كىرگەندە ئاتام قازا قىلغان، ئاپام نەزىپىخان گەرچە دېھقان ئايال بولسىمۇ، بىز پەرزەنتلەر-گە بارلىقىنى بېغىشلاپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ھەممەيلەننى ئوقۇتۇپ، ھا-زىرقىدەك ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈردى. شۇڭا، ئاپامغا بولغان ھۆرمەت - ئېھتىرامىمنى قانچە سۆزلىسەممۇ تۈگىمەيدۇ. توقسىنى ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا يېڭى تەقسىم قىلىنغان ۋاقىتلىرىمدا، كەسىپكە پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى بېغىشلىغان، ئىنتايىن جاپالىق ئىشلىگەنىدىم. ئويلاپ باقسام شۇ خىل مۇھىت مېنىڭ چېنىقىش، تاۋلىنىش جەريانىم بوپتۇ. مانا ھازىر شۇ تاۋلىنىشلارنىڭ كۈچىنى كۆرۈۋاتىمەن. لېكىن، كەسپىمنى دەپ ھا-زىرمۇ ئائىلەمدىكىلەرگە كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالمايۋاتىمەن. ئائىلەمدىكىلەر كەسپىم ئۈچۈن ئۇن - تىنسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ كېلىۋاتىدۇ، قەلبىمدە ئۇلارغا بولغان تەشەككۈرۈم كۆپ».

## كۆيۈمچان قېرىنداش — ئەنۋەر رەجەپ

**قىسقا ئارخىپ:** 1970 - يىلى 9 - ئىيۇن تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم يېزىسى پەيزىۋات كەنتىدە ساقچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1989 - يىلى تۇرپان شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن. 1991 - يىلى ھەر-بىي سەپكە قاتنىشىپ، قوراللىق ساقچى قىسىم قەشقەر زەربىدار ئەترىتى-دە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن. قىسىمدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1995 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ تۇرپان ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ پىچان تارماق بانكىسىغا ئىشقا چۈشۈپ، ئىشخانا، تىجارەت بۆلۈمى، لەم-جىن تارماق بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. 2001 - يىلى، تۇر-پان ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش بانكىسىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. كۆپ قېتىم ۋىلا-يەتلىك قۇرۇلۇش بانكىسى سىستېمىسىدا ئامانەت يىغىشتىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان. 2004 - يىلى 8 - ئايدا، بانكا ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپى بويىچە خىزمەتتىن چېكىنىپ، تۇرپان ۋىلايەتلىك «ئامانلىق» سۇ-غۇرتا شىركىتىگە سۇغۇرتا كەسپىي خادىمى بولۇپ كىرگەن. 2005 - يى-لى، مەملىكەتلىك سۇغۇرتا كەسپىي ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، سۇغۇرتا

كەسپىي خادىمى سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن. شۇ يىلدىن باشلاپ سۇغۇرتا يىغىش يىللىق ۋەزىپىسىنى ۋىلايەت بويىچە 1 ـ بولۇپ ئورۇنداپ كەلگەن. 2006 ـ يىلى، شىنجاڭ بويىچە «ئامانلىق» سۇغۇرتا كەسپىدىكى ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان ئون خادىمنىڭ ئىچىگە كىرىپ، كورىيىگە ئون بەش كۈنلۈك ساياھەتكە بارغان. 2006 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، مەملىكەت بويىچە چوڭچىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئامانلىق» سۇغۇرتىسىنىڭ يىللىق يىغىنىغا شىنجاڭدىكى ئون ۋەكىلنىڭ بىرى بولۇپ قاتناشقان. 2008 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، «خەلق» سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك «ئامانلىق» سۇغۇرتىسى ساھەسىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا شىنجاڭدىكى ئون ۋەكىلنىڭ بىرى بولۇپ قاتناشقان. 2009 ـ يىلى، «ئامانلىق» سۇغۇرتا سىستېمىسىدا ۋەزىپىلەرنى يەنە ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن ئىلغار خىزمەتچىلەر قاتارىدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق رايونلارغا ساياھەتكە بارغان. ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك «ئامانلىق» سۇغۇرتا شىركىتى مىللىي بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ 1998 ـ يىلى توي قىلغان، ئايالى ھەلىمە تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ، بىر ئوغۇل، بىر قىزى بار.

※ ※ ※

ئەنۋەر رەجەپنىڭ تىرىشچان، تىنىمسىز ئىزدىنىدىغان، ئايىغى يېنىك، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، ئېرىنمەيدىغان روھىي ھالىتىگە كۆپ كىشىلەر قايىل بولۇشىدۇ. ئەينى يىلى باشقا يۈز نەچچە ئادەم قاتارىدا باندىكىدىكى خىزمىتىدىن چېكىنگەندە، يۈز نەچچە مىڭ يۈەن ستاژ پۇلى ئالغان قىسمەن خادىملار بۇ پۇلنى بىكار يېتىپ خەجلىگەن بولسا، بەزىلەر خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن ئاھ ئۇرۇپ، تۈزۈك بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتماي ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەنۋەر رەجەپ بولسا قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەي، دەرھال «ئامانلىق» سۇغۇرتىسىدا ئۆز ئورنىنى تېپىپ، بانكىدا ئىشلىگەن چاغدىكى خىزمەت تەجرىبىسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىغا تايىنىپ، تېزلا كۆزگە كۆرۈندى. بولۇپمۇ ئۇ سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇشتا خېرىدارلارغا ئەستايىدىل، سەمىمىي مۇئامىلە قىلدى، ئۆزىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى، مېھرىبانلىقى بىلەن باشقىلارنى تەسىرلەندۈردى. ئابونچىلار بىلەن كۆپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، پات ـ پات يوقلاپ، ئائىلە ئەھۋالىغىچە كۆڭۈل بۆلدى. ئەخلاق، كىشىلىك ساپا جەھەتتە ئۆزى ئالدى بىلەن ئۈلگە بولۇپ، قول ئاستىدىكى خادىملارغىمۇ شۇ بويىچە تەلەپ قويىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا 80 گە يېقىن خادىم بولۇپ، خادىملارنىڭ ھەر قانداق قىيىنچىلىقى

بولسا، ئۆز قېرىنداشلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، بەجانىدىللىق بىلەن يار -
دەم قىلدى. بولۇپمۇ ئۇ سوغۇرتا يىغىش ئۈچۈن تىنىم تاپماي چاپتى، زې-
رىكمەي چۈشەندۈردى، توختاۋسىز ئىزدەندى. تونۇش - بىلىشلىرى، دوست
- بۇرادەرلىرى، تۇغقان - قېرىنداشلىرى ئارقىلىق مۇناسىۋەت تورىنى
كېڭەيتىپ، مېھماندوست، ھەمسال، بەجانىدىل، قىزغىن، ھەر قانداق
ئىشتا باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان خىسلىتى بىلەن ئەتراپىدىكىلەرنىڭ
ئىشەنچىسىگە، ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ئۆز يولىنى بارا - بارا كېڭەيتتى.
سوغۇرتىغا قاتنىشىش ھەققىدىكى كىچىككىنە ئۈچۈر، يېپ ئۇچىغا ئېرد-
شىپ قالسا، مەيلى قەھرىتان سوغۇق، مەيلى تومۇز ئىسسىق بولسۇن ۋە
ياكى كەچ، دەم ئېلىش ۋاقتى بولسۇن قانچە يىراق، چەت يېزا بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر ئېرىنمەي بېرىپ، ئۆز كەسپىنى قارشى تەرەپكە ئەستايىدىل
چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلدى، خېرىدارلار بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورنى-
تىپ، ئۇلار بىلەن ئىزچىل تۈردە قېرىنداشتەك مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەل-
دى، باشتىن - ئاخىر ئەلا مۇلازىمەت قىلدى.
ئەنۋەرنىڭ ئايىغى يېنىك، چاققان، يېتىشلىك بولۇپ، ھەممە ئىشقا يې-
تىشىدۇ، ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويمايدۇ، تەڭتۇش دوستلىرىنىڭ
ئاتا - ئانىلىرىغىچە دائىم يوقلاپ، ئۇلار بىلەن سىردىشىپ، چوڭلارنىڭمۇ
رەھمەت - ھەشقاللىسىغا، دۇئاسىغا ئېرىشىدۇ. دوستلىرىنىڭ ئاتا - ئانا،
ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالسا، ماشىنىسى بىلەن
دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىش، ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، پەيشەنبە
كۈنلىرى تۇپراق بېشىغا ئېلىپ چىقىش، نەزىر - چىراغ، مەسچىتلەرگە
ئاپىرىش قاتارلىق ئىشلار ئەنۋەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس
قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بولۇپمۇ نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈنلەردە
ئەنۋەر رەجەپ بولسا، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ
ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۆز ئىشىنى ئۆزى تېپىپ بەجانىدىللىق بىلەن
ئىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنۋەرنىڭ قولى ئەپلىك بو-
لۇپ، پولو ئېتىش، جامائەتلەرنى ئۇزىتىش، مەرىكىلەرنىڭ ھەرخىل قائى-
دە - يوسۇنلىرى، ماشىنا بىلەن مېھمانلارنى توشۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ
ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ بىر قى-
سىم دوستلاردەك مەرىكە ئىگىسىگە، يەنى دوستىغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۇ-
چۈن، قولىنىڭ ئۇچىدا، مەجبۇرىيەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى چىن نىيىتى
بىلەن دوستى ئۈچۈن، ساخاۋەت، ساۋابلىق تۇيغۇسى بىلەن ئىشلەيدۇ. ئۇ-
زىنى كۆرسەتمەي، مەرىكە ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز، باشتىن - ئاخىر خىز-

مەت قىلىدۇ. شۇڭا، ھەممەيلەن ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى، ئىخلاسمەن، ئېتىقادلىق خاراكتېرىنى، ئاق كۆڭۈل، پاكىنىيەت مىجەزىنى ياخشى كۆرىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىشلارنى بېجىرىشتىكى چىۋەرلىكى، ئەستايىدىللىقى جەھەتتە ھېچكىم ئەنۋەرگە يېتەلمەيدۇ، كۆپىنچە دوستلار تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، دەرھال ئەنۋەرنى ئەسكە ئېلىشىدۇ.

ئەنۋەر يەنە ناھايىتى سېخىي ۋە ھىممەتلىك. ئۇ ھەر يىلى نەچچە مىڭ يۈەن پۇل بىلەن يېتىم ـ يېسىرلار، ئاجىز ـ ئورۇقلارنى يوقلاپ تۇرىدۇ. دوستلارنىڭ ھەر قانداق ئىشى بولسا، مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى روھىي جەھەتتىن بولسۇن دەرھال ياردەم قولىنى سونىدۇ.

## خاتىمە

«تامچە سۇدىنمۇ قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ»، يۇقىرىقى ئەزىمەتلەرنىڭ قىسقا تەرجىمىھالى ۋە ئۇلار ھەققىدىكى تەسىراتلاردىن ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب روھىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆز ـ ئۆزىنى، ئائىلىسىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش بىلەن بىللە، جەمئىيەتنىڭمۇ مەلۇم يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەرگە ئىللىقلىق ۋە ھارارەت ئاتا قىلغان. بۇ ئەزىمەتلەردىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك ــ ئۇلار ئەسلىي دۆلەت كادىرى بولسىمۇ، خىزمىتىدىن دادىل چېكىنىپ ياكى خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، تىنىمسىز ئىزدىنىپ، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىگەن. ئىش ئورنىدىن قالغان، ئىش كۈتۈپ تۇرغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى يېنىكلىتىش جەھەتتىمۇ زور رول ئوينىغان. ئۇلار تىجارەت بىلەن ساخاۋەتنى تەڭ تۇتقاچقا، ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، سودىسى روناق تاپقان، شۇنداقلا خەلقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. ئۇلار ھازىرمۇ خۇددى تۇرپاندىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشاش، ئۆز ئەتراپىنى يورۇتۇپ ۋە ئىللىقلىق ئاتا قىلىپ، مەردانىلەرچە ياشاپ كەلمەكتە.

2009 ـ يىلى 7 ـ ئاي تۇرپاندا يېزىلدى.

كىتاب ئىسمى: بەرگەن ۋەدىمىز ۋەدە
ئاپتورى: ئۆمەرجان سىدىق
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: بارىجان زەپەر
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان
مۇقاۋا ۋە ئىچ بەتلەرنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر داۋۇت
سۈرەتلەرنى تارتقۇچىلار: ئابلىز غوجامنىياز، ئابدۇشۈكۈر ئىسمايىل، ئەكبەر داۋۇت، ئۆمەرجان سىدىق
رەسىملەرنى سىزغۇچىلار: مەخمۇتجان تۇردىنىياز، ئوسمانجان ئابلىز، ئەرشىدىن نۇر
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 24
قىستۇرما بېتى: 12
نەشرى: 2009 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2010 - يىل 2 - ئاي 1 - قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 1 — 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 0599 - 0
باھاسى: 48.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

مۇقاۋا ۋە رەڭلىك بەتلەرنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر داۋۇت



ISBN 978-7-5469-0599-0

（民文）定价：48.00元